مۆيدىن سايىت بوستان

# كروراندىكى ئىزچىلار

(2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت



ISBN 978-7-228-11347-7
9 787228 113477 >
定价(上,下):88.00元

مۆيدىن سايىت بوستان

# كروراندىكى ئىزچىلار

(ئىككى قىسىملىق تارىخىي رومان)

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

楼兰足迹(上下)/莫依丁·萨依提著。
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.1（2009.5 重印）
ISBN 978—7—228—11347—7

Ⅰ.楼… Ⅱ.莫… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 001244 号

| | |
|---|---|
| **作　　者** | 莫依丁·萨依提 |
| **责任编辑** | 帕提古丽·米吉提 |
| **责任校对** | 赛娜瓦尔·依布拉音，再米拉·菲达 |
| **封面设计** | 买买提·诺拜提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **邮政编码** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆金版印务有限公司 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 41.375 |
| **版　　次** | 2008 年 1 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2009 年 5 月第 2 次印刷 |
| **印　　数** | 5001—8000 册 |
| **定　　价** | 88.00 元 |

# كرورانىدىكى ئىزچىلار

(ئىككى قىسىملىق تارىخىي رومان)


**ئاپتورى:** مۆيدىن سايىت بوستان
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** پاتىگۈل مىجىت
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم، زەمىرە پىدائىي
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991—2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 41.375
**نەشرى:** 2008 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 5001—8000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978—7—228—11347—7
**باھاسى:** 88.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب چىلبۆرىلەر چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ······ 1
ئىككىنچى باب لوپ كۆلىگە ۋە ئالتۇنتاغقا سەپەر ··· 70
ئۈچىنچى باب ئەجەب چىچىلىپ ياشاپتۇق ·········· 150
تۆتىنچى باب يۇرت ئاتىسىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ······ 213
بەشىنچى باب قۇملۇقتا ئىز قىدىرىش ············· 283
ئالتىنچى باب ھالاكەتلىك قۇملۇقتىكى سەپەر ······ 358
يەتتىنچى باب بۈيۈك بايقاشلار ····················· 432
سەككىزىنچى باب مۆجىزىلىك بايقىلىش············· 493
توققۇزىنچى باب بۇنداق قىلماڭلار ·················· 560

## بىرىنچى باب

# چىلبۆرىلەر چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش

*«بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمنى سىز بېسىپ ، ئەنە شۇ ئەپسانىلەر ئىنتايىن كۆپ بولغان دىيارغا بارغان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى . بۇ دىيارغا ياۋروپادىن بىرەر ئادەم قەدەم باسقىنى يوق . ئۇيغۇرلار ماكانى شەرقشۇناسلىقتا ئەپسانىۋى بىر دۇنيادۇر» .*

— پ .پ .سىمىنوفنىڭ چوقان ۋەلى-خانوفقا يازغان خېتىدىن .

### 1

— ت . تاغا

— ھە ، نېمە ؟

— پرژىۋالىسكىمۇ ھەربىي ئىكەن - ھە ؟

— ھەئە . ھە ، نېمە دېمەكچىسەن ؟

— دەيمىنا... ئەمدى...

— بىر گېپىڭ باردەك قىلىدۇ ، ئىچىڭگە تارتىۋالماي قېنى دېگىنە ، نېمە دېمەكچىدىڭ ؟

— ئىلگىرى ئۇ تەرەپتىن كەلگەن چوقان ۋەلىخانوفمۇ ھەربىي ئىكەندۇق - ھە ؟

— هە ، نېمە دېمەكچىلىكىڭنى بىلدىم ، يارايسەن ، مەسىلىنى مانا مۇشۇنداق قوۋزىقىغا قاراپ ئەمەس ، ئىچ ـ باغرىنى يېرىپ تۇرۇپ چۈشىنىش كېرەك . راست ، سەن ئېيتقاندەك چوقان ۋەلىخانوفمۇ ھەربىي ئىدى ، پرژىۋالىسكىيمۇ ھەربىي .

— نېمىشقا ھەربىيلەرنىلا ئەۋەتىدۇ ؟

— نېمىشقا دەمسەن ، بۇ چارپادىشاھ كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئېھتىياجىدىن بولىمامدۇ . ئۆزىنى «كۆن پاتماس» دەپ تەرىپلەيدىغان قېرى جاھانگىر ئەنگلىيە ھىندىستاننى بازا قىلىپ تۇرۇپ بىر تەرەپتىن شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسىياغا كېڭىيىشنىڭ كويىدا بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، شىزاڭ بىلەن شىنجاڭغا ، ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە ئاياغ بېسىشنىڭ شېرىن چۈشىنى كۆرۈپ كەلمەكتە ئىدى . يېقىندىن باش كۆتۈرگەن چارپادىشاھ جاھانگىرلىكى كېڭەيمىچىلىكتە چاققان چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيانى ناھايىتى تېزلىكتە ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىۋالدى . بۇنىڭدىن ئەنگلىيە ئەلەم يۇتۇپ ، جىددىيلىشىپ قالدى . ئەمما ، يېقى ، تەلۋە چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى بىلەن يۈزمۇيۈز دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ ، شىنجاڭنى ئارىلىق ، ئافغانىستاننى پاسىل قىلىپ ، شىنجاڭغا كۆز تىككىنىچە تۇگۈلۈپ تۇرۇپ قالدى ، ئازراق پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت بولسىلا بۇ زېمىنغا ئېتىلىشقا تەييار ئىدى . ئەنگلىيىنىڭ بۇ نىيىتى چارپادىشاھقىمۇ ئايان ئىدى . شىنجاڭغا دەرھال ئەسكەر چىقىراي دېسە ، يېقىندا ئىشغال قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى گوبېرناتورلۇق[1] مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتى تېخى مۇستەھكەملىنىپ كەتمىگەنىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ توغرۇلۇق ئەتراپلىق ، ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى . بۇنداق ئەھۋالدا ئاياغ باسسا پاتقاققا پېتىپ قېلىشتىن ياكى بىرەر مىخقا ئۇسۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ قالدى .

— ھە ، شۇڭا بىزنى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن ھېلىقى ، نېمىتا ، ھە ، ھېلىقى جۇغراپىيىچىنى ئەۋەتىپ بېقىپتىكەن ـ دە ؟

---

[1] گوبېرناتور - ھەربىي ، مەمۇرىي ھوقۇقلۇق باش ۋالىي .

— دېگىنىڭ توغرا، لېكىن ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، خانتەڭرى چوققىسىغا چىقىشنىلا نىشانلىغاچقا، ئۇنىڭ چەكلىك دائىرىدىكى مەلۇماتلىرى چاررۇسىيىنىڭ ھەربىي دائىرىلىرىنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. ئارىدىن ئىككى يىلمۇ ئۆتمىگەن ۋاقىتتا سىمىنوفنىڭ[1] دالالىتى ۋە تەشەببۇسى بىلەن رۇسىيىلىك قازاق ئوفىتسېر چوقان ۋەلىخانوف ئالاھىدە تاپشۇرمىلارنى ئېلىپ قوقانلىق سودىگەر نامىدا نىقابلىنىپ شىنجاڭغا كىردى. جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەردىن ھەيران قالدى، چۆچۈدى. چىرىك مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، زۇلمى يەتمىگەندەك، ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر پۇشتى»، «سەئىد»، «پىر - ئەۋلىيا»، «خوجا - ئىشان» ئاتىۋالغان قوقان، بۇخارا، بەدەخشانلىق جاھالەتچى خوجا - ئىشانلارنىڭ بۇ دىيار خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭ مۆلچەرىدىكىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. خەلقنىڭ نادانلىقى ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ خوجا - ئىشانلار ئۇلار ئارىسىغا جاھالەتچىلىك، يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، ئەسەبىي خۇراپىيلىق، قۇلچىلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ، بۇ خوجا - ئىشانلار ھەرقانچە گۇناھلىق ئىش قىلسىمۇ، قانخورلۇق، زىناخورلۇق قىلسىمۇ، ئۇلارنى گويا ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتقان «پىر - ئەۋلىيالار» دەپ چوقۇنىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

چوقان ۋەلىخانوف مۇنداق بىر ئەھۋالنى چېلىقتۇرۇپ قالدى:

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاۋات بىر شەھەر، بازار كۈنى ئىدى. كوچىدا ئادەملەر مىغ - مىغ بولۇپ، يېنىك شامالدا چايقىلىپ ئېقىۋاتقان سۇدەك ئادەم ئېقىنىنى ھاسىل قىلغانىدى. يالاڭ ئاياغ،

[1] پ.پ.سىمىنوف — مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى. ئۇ 1857 - يىلى تەڭرىتېغىغا جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشكە كېلىپ خانتەڭرى چوققىسىغا چىققان، شۇ تەكشۈرۈشتە «تەڭرىتاغقا ساياھەت» ناملىق كىتاب يازغان. شۇ تۆھپىسى ئۈچۈن چارپادىشاھ ئۇنىڭغا: «تيانشانىسكىي» دېگەن نامنى بەرگەن ھەم رۇسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان. بۇ جەمئىيەت نوپۇزلۇق جەمئىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، رۇسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ھەم قوشنا دۆلەت - رايونلارغا جۇغراپىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش خادىملىرىنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. چاررۇسىيە ھەربىي دائىرىلىرىنى مۇھىم مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى.

جۇل ـ جۇل ياماق كىيىم، تەر ۋە باشنىڭ يېغىدا مايلىشىپ ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان، قېتىپ كەتكەن شاپاق دوپپا، بادام دوپپا، پىژغىرىم تومۇزدىمۇ شاپاق دوپپىغا چىقىنالماي ئۆڭ تېرە تۇماق كىيىشۋالغان بۇ كىشىلەرنىڭ توپا باسقان چىرايىدىن سولغۇن ـ مىسكىنلىك، غەم ـ ئەندىشە، نامراتلىق يېغىپ تۇراتتى. بۇ ئادەم ئېقىنىدا ئارىلاپ قاما ـ كەمچەت تۇماق، ئېسىل تون ـ يەكتەك كىيگەن، ياسىداق ئات، قېچىر مىنگەن كىشىلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. بازارچىلار ئارىسىدا ئاندا ـ ساندا خوتۇن ـ قىزلارمۇ بار ئىدى. ھەممىسىنىڭ يۈزى چۈمبەل، پەرەنجىلەر بىلەن يېپىقلىق بولۇپ، قايسىسى ياش، قايسىسى قېرى، قايسىسى سەت، قايسىسى چىرايلىق، قايسىسى ئورۇق، قايسىسى سېمىز، پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، پەقەت ياڭغىداقلىرىنىڭ پۇتىغا قاراپ ياش ـ قېرىلىقىنى، ئورۇق ـ سېمىزلىكىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى.

كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككىدىن تۆت مۇھتەسىپ[1] دەررىسىنى تۇتقىنىچە جازالاشقا تەييار ھالەتتە كىشىلەرنى ئارىلاپ يۈرەتتى. بىردىنلا كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى بېسىپ: «ۋاي ئاللا!»، «ۋايجان!»، «ۋاي ئانا!» دەپ ئۈزۈلدۈرمەي ۋارقىرىغان نازۇك، زىل بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. كىشىلەر شۇ تەرەپكە بويۇنىشىپ قاراشتى. تۆت مۇھتەسىپمۇ تەڭلا ئادەم ئېقىنىنى يېرىشىپ ئاۋاز چىققان يەرگە يېتىپ كېلىشتى.

ئادەتتىكىدەك ئېگەرلەنگەن قېچىر مىنگەن، پۇتىغا مەسە ـ كالاچ، ئۇچىسىغا كونىراپ كەتكەن چەكمەن پەشمەت، بېشىغا سۇپى ـ ئىشانلارنىڭ تۆپىلىكى ئېگىز، ئۇچلۇقراق، تۆت قىرلىق، ئالا ـ چىپار گۈللۈك تەقىيىسىنى كىيگەن، چاشقان بۇرۇت، ئوتتۇرا ياش بىلەن قىران ياش ئوتتۇرىسىدىكى بىرەيلەن قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن بىر ئايالنىڭ پەرەنجىسىنى قايرىپ ئېچىۋەتكەنىدى.

---

① مۇھتەسىپ — شەرىئەت قانۇنى بويىچە كىشىلەرنى يامان، ناشايان ئىشلاردىن توسىدىغان نازارەتچى.



www.uyghurkitap.com

بۇلاقتەك ئويناق بىر جۈپ شەھلا كۆز، ئورغاقتەك، ياق، ھىلال ئايدەك ئىنچىكە، ئەگمە قاپقارا قاش، تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان تالا - تالا ئۇزۇن كىرپىكلەر... جىمى گۈزەللىك چىرايىغا جەملەنگەن بۇ ساھىبجامال، بىر قارىغان كىشىنىڭ كۆزىنى لال، يۈرىكىنى كاۋاپ قىلاتتى، بۇ ساھىبجامال ئەمدىلا بالىلىق مۇساپىسىنى تۈگىتىپ، رەسىدىلىك كۆۋرۈكىدە تۇرۇۋاتقان مەسۇم قىز ئىدى. قىز يۈزىنى ياپماق بولاتتى، چاشقان بۇرۇتلۇق بولسا قامچىنىڭ دەستىسى بىلەن قايرىۋېلىپ ياپىقلىق قويمايتتى، ياپسا ئېچىۋېتەتتى.

دەررىسىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە دىۋەيلىشىپ كەلگەن تۆت مۇھتەسىپ كۆپكۈندۈزدە خوتۇن - قىزلارغا نامەھرەملىك قىلغان بۇ نائەھلىنى قېچىردىن تارتىپ چۈشۈرۈپ دەررىگە باسماقچى بولدى. ئۇلار چاشقان بۇرۇتنىڭ يۈزىگە قارىدىيۇ، كۆتۈرۈلگەن دەررىسى كۆتۈرۈلگىنىچە بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى.

— ۋاي، خوجام پاشا، سىلىمىتىلە، بىز... بىز... — مۇھتەسىپلەر تىلى ئىكەشىپ قالغاندەك ئاران شۇنى دېيىشتى - دە، كىشىلەر ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

نائەھلىنى ئۇرغىلى دەۋرەپ كېلىشكەن «ئىمانى كۈچلۈك»، «ئەركەك تۈكى بار» بىر توپ كىشىلەرمۇ «خوجام پاشا» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ، بەزىلىرى كېلىۋاتقان جايىدىلا توختاپ قېلىشتى، كۆپلىرى سالپىيىشىپ كەينىگە داجىشتى.

«خوجام پاشا» دېيىلگەن بۇ ناكەس، ئادەم كاللىسىدىن مۇنار ياسىغان، جاللاتلىقتا ئالەمدە بىر، قارا تاغلىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ۋەلىخان تۆرىنىڭ مۇشۇ يۇرتتا تېپىشىپ قالغان قۇدىسىنىڭ ئۈكىسىنىڭ ھارامدىن تېپىلىپ قالغان ئاسراندى نەۋرىسى خوجابەردى ئىدى. خوجابەردى بالا چېغىدىلا خوجا - ئىشانلارغا قول بېرىپ سوپىلىق يولىغا كىرگەچكە، «بالا ئىشان» دېيىلىپ، ئەتىۋارلىنىپ ئەركە، ئالىقانات چوڭ بولغانىدى، كېيىن مەخسۇس ۋەلىخان تۆرىگە مۇخلىس بولۇپ ئۇنىڭ يېقىن مەھرەملىرىدىن بولۇپ قال-

دى . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ خوجابەردى ، «بالا ئىشان» دېگەن ئىسىم ـ ئاتاقلىرى قېلىپ قېلىپ «خوجا پاشا» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى . بۇرنىنىڭ ئاستى قارىداشقا باشلىغان چاغدىلا ئالىقانات قىلىقلىرى تېخىمۇ قاناتلىنىپ ، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ، ئەسكىلىك ، زومبۇلۇق ، بۇزۇقچىلىقتا ھېچكىمدىن ، ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەيدىغان سېپى ئۆزىدىن لۈكچەك بولدى . مازار ، خانىقالاردىكى داشقازان ئۇمىچىغا تەلمۈرۈپ يۈرىدىغان بىر قىسىم ياش سوپىلار : «بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچتى» دېگەندەك ، ئۇنىڭ ئەتىراپىغا چۈشىدەك ئولىشىپ ، يېقىن ھەمتاۋۇقىغا ، ئىشارە قىلىپ قويسا ھەرقانداق ئەسكىلىكتىن يانمايدىغان قولچوماقلىرىغا ئايلىنىشقانىدى .

«خوجا پاشا» ئىككى يېنىدىكى قولچوماقلىرىغا كۆزى بىلەن ئۆزلىرى بىلىشىدىغان ئىشارە قىلىپ قويۇپ ، قېچىرىنى قامچىلاپ كېتىپ قالدى . تەمبەل بىر چوماقچى قىزنى دەس كۆتۈرۈپ مۇرىسىگە ئېلىپ ماڭدى . قىز تېپىچەكلەيتتى ، يۇلقۇناتتى ، يۇلقۇنۇپ تېپىچەكلىگەچ : «ۋايجان !» ، «ئانا !» دەپ تۇۋلايتتى ، ۋارقىرايتتى ، نالە قىلاتتى . شۇنچە مىغ ـ مىغ ئادەم دېڭىزى ئىچىدىن ئارىغا چۈشۈپ قىزنى ئايرىۋالىدىغان بىر ئەركەك چىقمىدى . «خوجا پاشا»نىڭ بۇ زورلۇق ـ زومبۇلۇقى ، بۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خۇددى شاھ مەشرەپ مەسچىت پەشتىقىدا تۇرۇپ ئىمام ـ موللىلارنىڭ كاللا ـ بېشىغا ، سەللە ـ دەستارلىرىغا سىيگەندەك ، قارىماققا ئەسكى ئىشتەك ، ئەمما ئەۋلىيالىق قىيامىدا تۇرۇپ قىلىنغان ساۋابلىق ، خەيرلىك ئىش ئىدى...

چوقان ۋەلىخانوف سودىگەرلەر سارىيىدىكى ھۇجرىسىدا كىچىك شىرە ئۈستىگە سېپتا خوتەن قەغىزىدىن ئۆزى تۈپلىۋالغان قېلىن دەپتەرنى ئېچىپ قويۇپ ، قومۇش قەلىمىنى تۇتقىنىچە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرماقتا . ئۇنىڭ خىيال قۇشى بايا بازاردا كۆرگەن ئەھۋال ئۈستىدە ئەمەس ، يىراق ئۆتمۈشنىڭ يۈكسەك ئېگىزلىكلىرىدە پەرۋاز قىلماقتا ئىدى...

بۇ جاھان ، مۇشۇ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى دەۋر ـ مەزگىللىرىدە ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن تالڭ شەپىقىدەك چاقناپ تۇرىدىغان ئاجايىپ مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان ؛ ئالەمنى بېشىغا كىيگەن ماكادونىيىلىك ئىسكەندەرنى پەم ـ پاراسىتى ۋە جەڭگىۋارلىقى بىلەن ھەيران قالدۇرۇپ كەشىنى توغرىلاتقان ؛ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يۈرىكىنى دىر ـ دىر تىترىتىپ ، ياۋروپا ئىمپېراتورلىرىنىڭ بېشىدا قامچا ئوينانقان ئاتىللادەك باتۇر ئەزىمەتلىرى ؛ تۇران زېمىنىنى ، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرىنى ، قىممىتىنى قوغداش يولىدا ئۇرۇشخۇمار ، كۈرەڭ ئىران شاھى كەيخىسراۋغا قارشى ئات سالغان ، جەڭ ماھارىتى بىلەن رەقىبىنى يېڭىپ ، كاللىسىنى ئۇنىڭ ئۆزى خۇمار ئادەم قېنىغا چىلاپ قان تۆككەنگە تويدۇرغان تۇمارىستەك شىر يۈرەك خوتۇن ـ قىزلىرى بار ، ئوغۇزخاندەك خانلىرى ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ، مەھمۇد كاشغەرىيدەك يېتۈك ئەللىمالىرى بار ، شەرقتە ، ھېچ دېمىگەندىمۇ تۈركىي قوۋملارغا ئۈلگە بولارلىق شان ـ شۆھرىتى ، سەلتەنىتى بولغان شۇنداق بۈيۈك خەلق ئەۋلادلىرىنىڭ جاھالەتچى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ كاساپىتىدىن چۈشۈپ قالغان ھازىرقى بىچارە ھالىغا ئېچىنماقتا ، ئويلانماقتا ، خىيال سۈرمەكتە… ئۇ مۇقاۋىسىغا «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» دەپ نام قويغان دەپتەرگە ئالدىنقى كۈنلىرى پۈتكەن مىسرالارغا ئارىلاپ كۆز يۈگۈرتتى .

*«… قەشقەرلىكلەر چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنى يەكلىمەي ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىدۇ . جاھاندا ئۆز ئىززىتىنى بىلمەي قالىدىغان شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى ، سەن ئۇلارغا يول قويۇپ ، ئىززىتىنى قىلساڭ ، ئۇ سېنى ئاجىز چاغلاپ ، جاھاندىكى جىمى ئەسكىلىكنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ ، بېشىڭغا چىقىۋالىدۇ . ئۇنداق كىشىلەرگە يول قويۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس . قوقانلىقلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر جۇملىسىگە كىرىدۇ… »*

*«… ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار (جۇملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇي-*

www.uyghurkitap.com

*غۇرلىرى — ئا ) خوجىلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قەتئىي توغرا دەپ ئىشىنىدۇ . خوجىلار زىناخورلۇق قىلسا ، ھاراق ئىچسە ، كوچىلار-دا ئاياللارنى تۇتۇۋېلىپ چۇمبىلىنى ئېچىۋەتسە ، كىشىلەرگە ئۇلارنى ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ . ھېچكىم ئۇلارنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . بولۇپمۇ ، قەشقەرلىكلەر خوجىلارنى كاتولىك مۇخلىسلىرى پاپانى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيدۇ . ئۇلار خوجى-لارنى بارلىق ئىنسانلاردىن پاك ئىنسان دەپ قارايدۇ… »*

ئۇ يەنە بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئويلانغاندىن كېيىن ، قومۇش قەلىمىنى قەغەزگە تىركىدى :

«… بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس - تۈگىمەس قۇللۇق ئاسارىتى ، زورلۇق - زومبۇلۇق ۋە ئادالەتسىزلىكلەر ، ئەنە شۇنداق بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك ، ھۇرۇنلۇق ، يالغانچىلىق ، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇ-ۋاتىدۇ . لېكىن ، بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى ، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولسىلا ، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان بولاتتى… »

— چوقان ۋەلىخانوفنى بىزئاز چۈشىنىۋاتىمەن . ئۇ بىزگە ھېسداشلىق قىپتۇ ، ھە ، ت .تاغا…

— ھە ، نىمە ؟ بولدى ، ئەمدى ئۇلار توغرىسىدىكى گەپنى قويۇپ ، پارىژىمىزنى كىچىك يولتۇز تېغى داۋىنىدا كورلىغا كې-لىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان پرژىۋالسكىيلارغا يۆتكەيلى .

## 2

— قايتىپ كېتەي دەمسەن ؟

— قايتىپ كېتەي . ئاڭلىسام سەن بارماقچى بولغان جاي

قىپچاق دالىسىدىمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن .

— شۇنداقمۇ ؟ — پرژېۋالىسكىي گەپنى ئۇزارتىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكۈسى كەلمەي ، شويكوۋىسكىيدىن تەنلىك قىلىپ شۇنچىلىكلا سورىدى .

ساياھەتچىلىك ، ئېكسپېدىتسىيىگە دائىر كىتابلارنى ئانچە - مۇنچە ئوقۇپلا بۇ ساھەگە قىزىقىپ قالغان شويكوۋىسكىي پرژېۋالىسكىينىڭ تەكلىماكانغا ئېكسپېدىتسىيىگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىغا قوشۇلغانىدى . يۇقىرى قاتلام ئائىلىدە قاتتىق - يىرىك كۆرمەي ، ئىسسىق - سوغۇققا چېلىقماي ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك چوڭ بولغان بۇ ئېسىلزادە خام پىشماق ، تەڭرىتېغىنىڭ تارمىقى كىچىك يۇلتۇز داۋىنىغا يامىشىۋاتقاندىلا ۋايساشقا باشلىغانىدى . «ھېلىتىن بۇنداق قاقشىسا ، تەكلىماكان قۇملۇقىغا بارغاندا ئۆلۈپ بېرەمدۇ نېمە ، گۇرۇپپىغا قوشۇۋالمىسام بوپتىكەن . ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ » دەپ بېشى قېتىپ تۇرغاندا ، شويكوۋىسكىي قايتىپ كېتىش تەلىپىنى قويۇۋىدى ، پرژېۋالىسكىيغا موك خۇشياقتى . تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ ، قولىغا يېتەرلىك يول راسخوتى بېرىپ ، ئارا يولدا ئېلىۋالغان بىر ياللانما خادىمنى قوشۇپ غۇلجىغا يولغا سېلىۋەتتى .

1860 - يىللاردا ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چىرىكىن مانجۇ - چىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلمىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ ، كۇچا راشىدىن خوجا ھاكىمىيىتى ، خوتەن ھەبىبۇللا ھاجى ھاكىمىيىتى ، قەشقەر سىدىق بەگ ھاكىمىيىتى ، شىمالدا ئىلى سۇلتانلىقى تىكلەندى . جەنۇبىي شىنجاڭدىكىلىرى قوقانلىق ياقۇپبەگنىڭ «تەقۋادار ئىسلام مۇخلىسى» نىقابىدىكى ھىيلە - نەيرەڭلىرىدە ۋەيران بولدى . ئىلى سۇلتانلىقى بولسا ، ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرى ماناس دەرياسى بويلىرىغىچە يوپۇرۇلۇپ بارغاندا ، مانجۇ ھاكىمىيىتى بىلەن پىچىرلىشىۋالغان چارروسىيە جاھانگىرلىكى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىندى . شۇڭا شويكوۋىسكىينىڭ يۇرتىغا كاشىلىسىز كېتەلىشىدە گەپ يوق ئىدى .

پرژېۋالىسكىينىڭ ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسىدا تەرجىمان ئابدۇللا يۇسۇپ قوشۇلۇپ يەتتە كىشى بار ئىدى. ئۇلجىغا كەلگەندە ئىككىسىگە بەزگەك تېگىپ، شۇ يەردىلا قايتۇرۇۋېتىلگەنىدى. ئەمدى گۇرۇپپىدا تۆت ئادەم قالدى. «بۇمۇ ياخشى بولدى» دېدى پرژېۋالىسكىي ئۆزىگە ئۆزى. چۈنكى ئۇ لوپ كۆلىگە دەريادا كېمە بىلەن بېرىشنى نىشانلىغانىدى. بۇنىڭدا ئادەمنىڭ كۆپ بولغىنىدىن ئازراق بولغىنى ياخشى ئىدى. بۇنداق قىلغاندا دەريا ۋە دەريا ۋادىسىنى جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈۋالغىلى بولىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن خەۋپ - خەتەرمۇ ئاز بولىدۇ.

ئۇلار داۋانغىمۇ چىقىپ بولدى. بۇ داۋان يولى ئادەملەر ئىنتايىن ئاز ماڭىدىغان خەتەرلىك يول ئىدى. داۋاننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قازاق چارۋىچىلار بىلەن بۇ تەرىپىدىكى موڭغۇل چارۋىچىلار ئۇ تەرەپتىن - بۇ تەرەپكە ئۆتمەكچى بولسا، ئارىلىقنى يېقىن دەپ مۇشۇ چىغىر يولدا ماڭاتتى. پرژېۋالىسكىيلارنى غۇلجىدىن كورلىغىچە باشلاپ بېرىشقا ياللانغان توختى ئىلگىرى موڭغۇللار ئارىسىدا بىر مەزگىل تۇرغاچقا، بۇ داۋاندىن ئۇدۇل كورلىنىڭ چەرچى مەھەللىسىگە چۈشۈپ كېتىدىغان يولنى بىلەتتى. پرژېۋالىسكىي خەتەرلىك بولسىمۇ، ئارىلىقنىڭ قىسقىلىقىدىن مۇشۇنداق مېڭىشنى تاللىۋالغانىدى.

پرژېۋالىسكىي گۇرۇپپىدىكى خادىملارنى قايتىدىن رەتلەپ، مەسئۇلىيەتلىرىنى بەلگىلەپ، نەرسە - كېرەكلەرنى ئىدىتلاپ، تۆت كىشىلىك، ئون بەش ئاتلىق گۇرۇپپىنى باشلاپ داۋاندىن چۈشۈۋاتقاندا، شاۋرۇن پەشمەت، جىگەر رەڭ چەكمەن شالۋۇر، ئۆتۈك كىيىپ، بېلىگە ئۇزۇن غىلاپلىق خەنجەر ئاسقان، ئادەتتىكىچە توقۇلغان ئات مىنگەن ئىككى كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يورغىلاپ مېڭىۋاتقان ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ شىپپىدە توختىدى. پرژېۋالىسكىيلارمۇ توختاپ ئۇلارغا ھەيرانلىقتا قاراشتى. توختىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردىكى ئوت - چۆپلىرى 8 - ئاينىڭ ئوتلىرىدىن كېيىن جاندارلارنىڭ ئاغزىغا چىققۇدەك

بولىدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ يەردە چارۋىچىلار بولماي-
دىكەن. «بۇ ئادەمسىز يايلاقتا بۆلار نېمىش قىلىدىغاندۇ، سەپەر-
چىلەرگىمۇ ئوخشىمايدۇ، تاغ قاراقچىلىرىمۇيا» پرژىۋالىسكىي شۇ-
لارنى ئويلىدى. قاراقچى بولسا، بۇنىڭ كارى چاغلىق. ئۇلار
خەنجىرىنى چىقىرىپ بولغۇچە، پرژىۋالىسكىي ئۇۋلىغۇدەك بىرەر
تاغ جاندارى ئۇچراپ قالسا دەپ ئوقلاپ ئالدىغا توغرا قويۇۋالغان
بەشئاتار مىلتىقىنى بەتلەپ بولىدۇ.

كەلگەنلەرنىڭ بىرى بۆلارغا بىرقۇر سەپسىلىپ قارىۋەتكەندىن
كېيىن، ئالدىدىراق تۇرغان توختىدىن:

— سىلەر پورژىۋالىسكىينىڭ ئادەملىرىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پورژىۋالىسكىي ئەمەس، پرژىۋالىسكىي، — توختى ئالدى
بىلەن ئۇنىڭ سۆزىگە تۈزىتىش بەردى، — هە، بىز شۇ، مۇنۇ
كىشى، — توختى پرژىۋالىسكىينى كۆرسەتتى، — پرژىۋالىسكىي
بولىدۇ.

توختىدىن گەپ سورىغان ئاتلىق كىشى:

— بىز ئاتلىق غازى ياقۇپبەگنىڭ چاپارمىنى، — دېدى-
دە، ئىچ تۆش يانچۇقىدىن تۆت چاسا قاتلانغان قەغەزنى ئېلىپ
پرژىۋالىسكىيغا بەردى.

پرژىۋالىسكىي قەغەزنى ئېلىپ ئېچىپ قارىدى. قەغەزدە ئۈچ
قۇرلا خەت بار ئىدى. پرژىۋالىسكىي خەتنى تەرجىمان ئابدۇللا
يۈسۈپكە بەردى.

ئابدۇللا خەتكە كۆز يۈگۈرتتى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

*«نىكولاي مېخايلوۋىچ پرژىۋالىسكىيغا:*

*جانابلىرىنىڭ بىز تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلىشۋاتقىنىڭىزدىن
ۋاقىپ بولغاچ، ئالدىڭىزغا چاپار ماڭدۇردۇق. مەكتۇپىمىزنى
كۆرگەن هامان كورلىدىكى دارۇل سەلتەنەتىمىزگە قاراپ ئات-
لانغايسىز.*

*تەلەپ دىدار ياقۇپبەگدىن (مۆهۈر)*

*ھىجرىيە مىڭ ئىككى يۈز توقسان ئۈچ ماھى رەجەپ ئون ئۈچ چاھار شەنبە»*
*(مىلادىيە 1876 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى).*

ئابدۇللا خەتنىڭ مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى .

— بىزمۇ ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشەلىسەك ياخشى بولاتتى ، دەپ ئويلاپ يۈرەتتۇق ، — پرژىۋالىسكىي تەرجىمانى ئارقىلىق چاپارمەنگە دېدى ، — خەتنى ئېلىپ كەلگىنىڭلار ياخشى بولدى . سىلەر سالتاڭ ئىكەنسىلەر ، بىز يۈكلۈك ، تېز ماڭالمايمىز . بىز بىلەن بىللە ماڭساڭلار ئىچىڭلار پۇشۇپ قالىدۇ . سىلەر ئالدىمىزدا بېرىپ ، بەگكە بىزنىڭ كېلىۋاتقىنىمىزنى خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار ، بىز ئارقاڭلاردىنلا يېتىپ بارىمىز .

ئىككى چاپار «قانداق قىلىمىز» دېگەندەك بىر ـ بىرىگە قاراشتى . ياقۇپبەگ بۇلارغا خەتنى ئاپىرىپ بېرىشنىلا ئېيتقان ، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشنى ئاغزىغا ئالمىغان . «ياقۇپبەگنىڭ ئۆز قولىدا خەت يېزىپ ئەۋەتكىنىدىن قارىغاندا ، بۇلارمۇ ئاددىي ئادەملەر ئەمەس . ياق ، بىز سىلەر بىلەن بىللە ماڭىمىز دېسەك ، ‹ يالاپ ماڭىمىز › دېگەندەك بولۇپ قالىدۇ . بوپتۇ ، مۇشۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ ، كورلىغا يېقىن يەردە ساقلاپ تۇرساق بولىدۇغۇ » دەپ ئويلىدى . خەتنى بەرگەن چاپارمەن ، ئويلىغىنىنى ھەمراھىغا دېۋىدى ، يەنە بىر چاپارمەن :

— شۇنداق قىلايلى ، ئالدىدا مېڭىپ تۇرايلى ، — دېدى .

— شۇنداق بولسۇن ئەمىسە ، بىز ئاتلىق غازى بېگىمىزگە ئۇلار كېلىۋاتىدۇ ، دەپ خەۋىرىڭلارنى يەتكۈزەيلى ، — دېدى باش چاپارمەن .

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ، ھايالشىماي بارارسىلەر ، دەپ قوشۇپ قويماقچىدى ، پەرمان قىلغاندەك تۇيۇلۇپ قېلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويماي دەپ ئويلىدى ـ دە ، تىلىنى ئىچىگە تارتىۋالدى .

ئۇلار تۇلۇمەدەك سېمىز ئاتلىرىنى ئويناقلىتىپ چېپىپ

كەتتى .
پرژېۋالسكىي ياقۇپبەگنىڭ خېتىدىكى : «كۆرگەن هامان» ، «ئاتلانغايسىز» دېگەن سۆز بىلەن «تەلەپ دىدار» دېگەن سۆزلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى . ئالدىنقى ئىككى سۆز كۆرەڭ ھۆكۈمدار-نىڭ تەلەپپۇزى بولسا ، كېيىنكىسى ئىلاجسىزلىقتا قالغان كىشى-نىڭ ئۆز رەقىبىگە دوستلۇق قولىنى سوزۇشقا مەجبۇر بولغىنىنى كۆرسىتەتتى .
— ھەي ، بۇ قاقۋاش كورلىدا ئىكەن ئەمەسمۇ ، سەپىرىمىز كاشىلىغا ئۇچراپ قالارمۇ ؟ — دېدى ئىۋان كوزمىچ .
— ياق ، ئۇنداق بولمايدۇ ، ھەرقانچە توسالغۇغا ئۇچرىساقمۇ ، لوپ كۆلىگە بارىمىز ، ئۇ بىزنى ئۇزۇن تۇتۇپ تۇرالماي-دۇ ، — دېدى پرژېۋالسكىي .
ياقۇپبەگنىڭ ھازىر كورلىدا ئىكەنلىكى بىلەن ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىن بېكىتكەن مېڭىش يولىنى ئۆزگەرتمەيدۇ . ئۇ ئىشنىڭ بۇ تەرىپىنىمۇ ئويلىغان ھەم ياقۇپبەگنىڭ ئالدىدىن لوپ كۆلى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . ئۇ ئوفىتسېرغا خاس نەزىرى بىلەن ۋەزىيەتنى ھەر تەرەپتىن كۆزىتىپ ، ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىسىدە ئۆزىدە مۇشۇنداق ئىشەنچنى تۇرغۇزغانىدى .
ئەتراپنى قارا بۇلۇتتەك قاپساپ ، داۋانچىڭغىچە قىستاپ كېلى-ۋاتقان مانجۇ قوشۇنلىرى ئالدىدا ياقۇپبەگ گاڭگىراپلا قالغانىدى . ئەنگلىيە چاررۇسىيىنىڭ قاش - قاپىقىغا قاراپ ، ئۇنىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان قورال - ياراغ ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلەرنى تېخىچە بەرمىگەنىدى . بۇنداق ئەھۋالدا ، ئۇنىڭ رۇسىيىگە ياخشىچاق بو-لۇپ ، ئۇنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىدا بولماقتىن باشقا ئامالى قالمىغانىدى .
پرژېۋالسكىي گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ دېلىغۇل بولۇپ ئىشەن-چىنى يوقىتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن ، نۆۋەتتە ياقۇپبەگ قوشۇنلىرى بىلەن مانجۇ قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان ئۇرۇش ئەھۋال-نى ، ئاقىۋىتىنى ، ھەتتا چاررۇسىيە ھاكىمىيىتى بىلەن مانجۇ

هاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان ۋەدە ـ پۈتۈملەرگىچە بىرقۇر سۆزلەپ بەردى .

## 3

يۇكلۈك ئاتلارغا قارىغاچ توپىنىڭ ئارقىسىدا توختى بىلەن بىللە كېلىۋاتقان ئابدۇللا ئىتتىنىڭ مېڭىشىنى سەل تېزلىتىپ پرژىۋا- لىسكىيغا يېقىنلاپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دېدى . پرژىۋالىسكىي ھەيران قالغاندەك بولۇپ ، بېشىنى كەينىگە بۇراپ توختىغا تەئەججۈپلۈك قارىدى ۋە ئۇنى كەل دەپ ئىشارە قىلدى . توختى بىر خىل ئوڭايسىزلانغان ھالەتتە يېقىن كەلدى .

— سەنمۇ قايتىپ كېتەي دەمسەن ، نېمىشقا ؟ — پرژىۋالىس- كىي سورىدى .

توختى جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئابدۇللاغا قارىدى .

— ماڭا قارىغۇچە ، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئېيتمامسەن ، — دېدى ئابدۇللا .

— مەن ياقۇپبەگكە ئەسكەر بولغان ، كېيىن ئۇنىڭ ئائىلە روزغارلىرىنى قوغداپ ماڭىدىغان يېقىن سەرۋازلىرىدىن بولدۇم . بۇلتۇر كۇچادىكى چېغىمىزدا ، بىرنەچچىمىز مەسلىھەتلىشىپ ، بىر كېچىسى بوران چىققان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ، مىنىپ يۈرگەن ئاتلىرىمىزغا يەنە بىردىن ئاتنى يانداپ ئوغرىلاپ قېچىپ غۇلجىغا ئۆتۈپ كەتتۇق ، — توختى گېپىنى ئاغزىدىن چۈشۈپ قالىدى- غاندەك ئاران ـ ئاران دەپ بولۇپ توختىدى .

— نېمىشقا قاچقانتىڭلار ؟ — پرژىۋالىسكىي ئۇنىڭ قاچقىنىغا قىزىقىۋاتقاندەك سورىدى .

بۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئابدۇللا ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ بېرىد- ۋاتاتتى .

— مەن ياقۇپبەگنى تاپىنىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان تەقۋادار ئادەم ئىكەن دەپ ئۇنىڭغا ئەسكەر بولغان ، — ئەمدى توختى ئانچە ئوڭاي-

سىزلانماي، تېز ـ تېز ھەم ئاۋازىنى كۆتۈرۈپرەك سۆزلەشكە باشلىدى، — بەزىلەردىن ئۇنىڭ خوتەننىڭ ھاكىمبېگى ھەبىبۇللا ھاجىنى، كۇچادىكى راشىدىن خوجىنى مېھمانغا دەپ تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكىنىنى، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلەرنىمۇ باشقا بىر بەتنام ـ گۇناھ ئارتىپ جىممىدە يوقىتىۋەتكىنىنى ئاڭلىدىم. ئارىمىزدىن بەزىلەر تۇرۇپلا يوقاپ كېتىدۇ. بەزىلەردىن بۇلارنى ياقۇپبەگنىڭ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكىنىنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. بۇنداق قورقۇشتا يۈرگەنلەر مەنلا ئەمەسكەنمەن.

ھىيلە ـ نەيرەڭلىك، قارا نىيەتلىك، ئىنسان پەزىلىتىدىكى ئەڭ يىرگىنچلىك نەرسە. نەيرەڭۋاز، قارا نىيەت ئادەم ياخشى كۆرۈنۈشلۈك نىقابى بىلەن بىر مەھەل كىشىلەرنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە، ھىمايىسىگە ئېرىشىۋالغىنى بىلەن، قارا نىيىتى ئاشكارىلانغان ھامان، توزغىقى توزۇپ ياغىچىلا قالغان يېكەندەك يالغۇز قالىدۇ، ھامان بىر كۈنى قارا نىيىتى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ.

توختىدىن يەنە ئاسماقچىلاپ سوراۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. پرژېۋالىسكىي ئويلاپ قالدى. توختى كورلىغا بارسا، ياقۇپبەگنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ناتايىن. چۈنكى، ئۇ ئوتتۇردا يۈرمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن بىرەرسى چېلىقتۇرۇپ قېلىپ چېقىپ قويسىلا، ئارىغا چۈشكىلىمۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭ كاللىسى كېسىلىدۇ، ئۇ ھالدا پرژېۋالىسكىي ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالىدۇ. بۇنىڭغۇ كارى چاغلىق، بىلمىگەنگە سېلىپ ئېرەنشىمەي يۈرۈۋەرسە بولىۋېرىدۇ. يامىنى شۇكى، بىر ئادەمنى باشلاپ ئەكېلىپ ياقۇپبەگكە تۇتۇپ بەرگەندەك بولىدۇ.

— غۇلجىغا قايتىپ كېتەمسەن ياكى باشقا يەرگە كېتەمسەن؟

— باشقا نەگە بارىمەن، ھەممە يەردە ياقۇپبەگنىڭ ئادەملىرى بار. غۇلجا تەرەپكە كېتىمەن.

— ئالدىمىزدا بىر مەھەللە باردەك قىلىدۇ، سەن شۇ يەردە

www.uyghurkitap.com

قال ، غۇلجا تەرەپكە ماڭغانلار بولۇپ قالسا بىللە كېتەرسەن ، — دېدى پرژىۋالىسكىي .

— ياق ، مۇشۇ يەردىنلا قايتاي . مەھەللىدە ياقۇپبەگنىڭ يول توسارلىرى بولۇپ قالسا چاتاق بولىدۇ ، — دېدى توختى .

توختى پرژىۋالىسكىيغا ئېتى بىلەن ياللانغان بولۇپ ، كۈنگە ئىككى كىشىلىك ھەق بېرىدىغانغا كېلىشكەنىدى . پۈتۈم بويىچە ئىۋان كوزمىچ ھېسابلاپ توختىغا تېگىشلىك ھەقنى بەردى . ئىۋان كوزمىچ گۇرۇپپىنىڭ مالىيە ، مەشغۇلاتلىرىنى باشقۇراتتى . پرژىۋالىسكىينىڭ تاپىلىشى بىلەن ، داۋاننىڭ نېرىسىدىكى ئادەم بار يەرگە يېتىۋالغۇچە يەتكۈدەك يېمەكلىكلەردىن بەردى . توختى تەڭگىلەرنى يانچۇقىغا سالدى ، خۇرجۇننىڭ ئىككى بېشىدىكى نەرسىلىرىنى بىر تەرىپىگە جايلاشتۇرۇپ ، پىششىق گۆش ، نان ، بولكىلارنى خۇرجۇننىڭ بىر تەرىپىگە سېلىپ ، ئېگەرنىڭ كەينىگە قويۇپ ، تۇجۇپىلەپ تېڭىپ قالدى . پرژىۋالىسكىيلار يولىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى .

بۇلار بىر دوقمۇشتىن ئەگىپ ، مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا ، مەھەللىدىن ئون نەچچە ئاتلىق كىشى ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە كېلىپ ، بۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ توختىدى .

— سىلەر كىملەر ؟ نەدىن كېلىپ ، نەگە كېتىۋاتىسىلەر ؟ — ئۆز توپىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، قامچىسىنىڭ جەرەن مۈڭگۈز دەستىسىنى ئېگەر بېشىغا تىرەپ تۇرغان ، شاۋرۇندىن قايرىما ياقىلىق پەشمەت كىيىپ ، بېلىگە كەڭ كەمەر باغلاپ ، غىلاپلىق ئۇزۇن خەنجەر ئېسىۋالغان ، ئوتتۇز ياش ئەتراپىدىكى بىر سەرۋاز گۇرۇپپىدىكىلەرگە قاراپ سورىدى ۋە ئابدۇللانى كۆرۈپ ، — سەن بۇ پەرەڭ[1] سىبىرقىلار ئارىسىدا نېمىش قىلىسەن ؟ — دەپ قوشۇپ قويدى .

ئابدۇللا گەپ قىلغۇچىغا قاراپ قويۇپ ، پرژىۋالىسكىيغا :

— بۇنىڭغا ھېلىقى خەتنى كۆرسىتىپ قويايلى ، — دېدى

(1) پەرەڭ -- ياۋروپالىقلارنى يەرلىك خەلق «پەرەڭ»لەر دەپ ئاتايتتى .

رۇسچە .

پرژېۋالسكىي يېنىدىن ياقۇپبەگنىڭ ھېلىقى مەكتۇپىنى چىقاردى . ئابدۇللا ھېلىقىدىن :

— سەن خەت تونۇمسەن ؟ — دەپ سورىدى .

ئۇ ياق ، دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقىدى .

— قايسىڭلار خەت تونۇيسىلەر ؟ — ئابدۇللا توپقا قاراپ سورىدى .

— مەن تونۇيمەن ، — گەپ قىلغاچ توپ ئىچىدىن بىرسى ئالدىغا چىقتى .

ئابدۇللا خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ :

— بۇرادەرلىرىڭگە ئۇنلۇك ئوقۇپ بەر ، — دېدى .

بايىقى ئاتلىق ھەجىلەپ يۈرۈپ خەتنى ئاران ئوقۇپ بەردى .

— بۇلار ياقۇپبەگنىڭ مۇشۇ خېتى بويىچە كورلىغا كېتىۋاتقان مېھمانلار ، — دېدى ئابدۇللا .

ياقۇپبەگنىڭ خېتىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلىنىپ ، كەلگەن ئاتلىقلارنىڭ بايىقى سۈر - ھەيۋىسى بوشىدى .

— بىز يول چارلىغۇچى چەۋەندازلار ، — دېدى باشتا گەپ قىلغىنى ، — سىلەر يولۇڭلارنى مېڭىۋېرىڭلار ، بىز ئەتراپنى چارلاپ كېلەيلى ، — ئۇ توپىدىكىلەرنى مېڭىشقا بۇيرۇدى .

ئابدۇللا ئۇنىڭدىن كورلىغا بارغۇچە بولغان يولنى تەپسىلىي سورىۋالدى . چۈنكى ، توختى ئارىلىقتىكى بەزى يوللارنى ئوبدان بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى...

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندە كورلىنىڭ قارىسى كۆرۈندى . كىچىك بىر مەھەللىگە كەلگەندە ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا مەكتۇپ ئېلىپ بارغان ھېلىقى ئىككى چاپار كەلدى .

— بىز سىلەرنى ساقلاپ تۇرغان ، سىلەرنى ھازىرلا ئاتلىق غازىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارايلىمۇ ياكى ئەتىگەنلىككە بارامسىلەر ؟ — دەپ سورىدى باش چاپارمەن .

بۇ چاغدا قاش قارىيىپ قالغانىدى . پرژېۋالسكىي بىرنېمىنى

ئويلىغان چېغى :
— ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا ئەتىگەنلىككە بارايلى، — دېدى .
ئىككى چاپارمەن :
— بىز سىلەرنىڭ كورلىغا يېتىپ كەلگىنىڭلارنى ئاتلىق غازىغا خەۋەر قىلايلى ، — دېدى ـ دە ، ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ يۈرۈپ كەتتى .
— قاراڭلار ، ماۋۇ ئىككى كاززاپنى ، نەچچە كۈندىن خالىغان يېرىدە لاغايلاپ يۈرۈشۈپ ، ئەمدىزە خوجايىنىغا بىزنى باشلاپ كەلگەن بولۇپ كۆرۈنمەك بولۇشۇۋاتىدۇ ـ ھە ، — دېدى پرژېۋالىسكىي .
— «مال ئىگىسىنى دورىمىسا ، ھارام» دېگەننىڭ دەل ئۆزى مۇشۇ ، — دېدى ئىۋان كوزمىچ .
ئۇنىڭ گېپىگە ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى .
ئىۋان كوزمىچ پرژېۋالىسكىيدىن يەتتە ياش كىچىك بولسىمۇ ، تۇرمۇشتا كۆرگەن ـ بىلگىنى جىق ئىدى ، جاپاغا چىدامىلىق ، خېلى ـ خېلى جاپا ـ مۇشەققەت ، رىيازەت چەكسىمۇ ، ۋايساپ كەتمەيتتى ، بەلكى شۇنداق چاغلاردىمۇ خۇشخۇي يۈرەتتى ، لېكىن ـ زە ، سەل سەۋرسىز ، ئالدىراڭغۇ ئىدى . گۇرۇپپىدىكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ، چۇچۇك ، يۇمۇرلۇق ، خۇش چاقچاق پاراڭلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ ، دەماللىققا بولـ ـسىمۇ غەم ـ ئەندىشە ، خاپىلىقنى ئۇنتۇلدۇراتتى .
ئۇلار يولىنى داۋام ئەتمەكتە .

## 4

ئېكسپېدىتسىيىچىلەر لەڭگەر ، غوگراتتىن ئۆتۈپ قارىدۆڭگە ئاز قالغاندا ، ئالدى تەرەپتە قويۇق توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلدى . ھايال ـ شىماي توپا ـ چاڭ ئاستىدا بۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىق كۆرۈندى . ئۆلۈك توپا سۈدەك ئاقىدىغان يولدا ، ئۇلار

ئاتلىرىنى يورغىغا سېلىپ ماڭغاچقا، توياقلار ئاستىدىن ئۆرلىگەن
توپا ئۇندەك توزۇيتتى.

— قايسىڭلار پرژۋالىسكىي؟ — ئۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقانلار
ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، ئالدىدا تۇرغان
بىرى سورىدى.

ئابدۇللا بۇ قېتىم ئۇنىڭ سۆزىگە تۇزىتىش بېرىپ يۇرمەي،
ئۇنىڭ دېگىنىنى پرژىۋالىسكىيغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. پرژىۋا-
لىسكىي ئابدۇللاغا:

— مېنىڭ پرژىۋالىسكىي ئىكەنلىكىمنى دەپ قوي، — دېدى.

ئابدۇللا پرژىۋالىسكىينى كۆرسىتىپ تونۇشتۇرۇۋىدى، پرژى-
ۋالىسكىينى سورىغان بايىقى ئاتلىق دەرھال ئېتىدىن چۈشتى.
ئارقىسىدا تۇرغان ئاتلىقلارمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى.

— مەن بايانبەگ پانسات[1]، ھازىر ئاتلىق غازىمىزنىڭ پەرما-
نى بىلەن رۇس ساياھەتچىلەرنىڭ[2] ئامانلىقىغا مەسئۇلمەن. سىلەر-
نى قوغداپ ماڭغىلى كەلدۇق، — دېدى پرژىۋالىسكىيغا قاراپ.

بايانبەگ ئېگىز بوي، تەمبەل، قىسقا بۇرۇت، كەكە ساقال،
قاڭشارلىق، قاش - كۆزى جايىدا، كۆزى ئولجا ئىزدەۋاتقان قۇش
كۆزىدەك بەزىدە چەكچىيىپ، بەزىدە تېز - تېز ئۇيان - بۇيان
قاراپ قالىدىغان، قارىشىدىن سەزگۈرلۈك بىلەن ئەنسىزلىك تەڭ
ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئادەم. ئۇ باشقا ئادەملىرىگە قارىغاندا ئالا-
ھىدىرەك كۆرۈنەتتى. باشقىلارنىڭ پەشمىتى سۇس جىگەر رەڭدە،
ئۇنىڭ قېنىق رەڭدە ئىدى. باشقىلار قىلىچلا ئېسىۋالغان، ئۇ بولسا
ئوڭ يېنىغا قىلىچ، سول يېنىغا ئۇزۇن خەنجەر ئاسقانىدى.

پرژىۋالىسكىيلارمۇ ئاتتىن چۈشتى، ئۇلار ئۆزئارا كۆرۈشۈش-
تى. پرژىۋالىسكىي سەپەرداشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ماڭا ۋە بۇلارغا دەيدىغان قانداق گېپىڭلار بولسا، —
ئابدۇللانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ كىشىگە ئېيتساڭلارمۇ بولى-

---

① پانسات — بەش يۈز كىشىلىك قوشۇن بېشى.
② «ئېكسپېدىتسىيىچى» دېگەن سۆزنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماي «ساياھەتچى» دەپ ئاتىغان.

www.uyghurkitap.com

دۇ ، بىزگە تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ . ئىسمى — فامىلىسى ئابدۇللا يۇسۇپ ، — دېدى .

— تونۇشۇۋالدۇق ، قېنى ، ئاتلىرىمىزغا مىنىپ يولىمىزغا ماڭايلى ، ئاتلىق غازى يولۇقلارغا قاراپ قالدى ، — دېدى بايانبەگ ۋە گېپىنى تۈگىتىپلا ئېتىغا مىندى .

ئاتلىقلار قارىدۆڭ كەنتىدىن ئۆتۈپ بوستان مەھەللىسىگە كەلدى . بىر - بىرىگە يانداش زىچ سېلىنغان ئۆيلەر ، ئالدىراپ - ئالدىرىماي پىيادە ، ئات - ئېشەكلىك ، هارۋىلىق ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەردىن شەھەر - بازارغا يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى . ئۇلار چوڭ كوچىغا چىقىپ سولغا — ساي يولى تەرەپكە بۇرۇلدى . چوڭ كوچىدا ئادەملەر بەك ئاز ئىدى . بازارچى يۇقىرالاردىن ئاتلىق ، پىيادە چارلىغۇچىلار كۆپ ئىدى .

— بۇ يۇرت ئەجەب سۆرۈن ، سۇرلۇك كۆرۈنىدۇغۇ ، — دېدى ئىۋان كوزمىچ پەس ئاۋازدا پرژىۋالىسكىيغا .

— ئۇرۇش چۇقانلىرى بوسۇغىسىدىلا بولۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ .

— بىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويماس - ھە ؟

پرژىۋالىسكىي ئىۋان كوزمىچقا قاراپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ دېدى :

— سەن ھەربىي ئەمەسسەن - دە . شۇڭا كۆزىتىشىڭ مۇشۇنچىلىك . ئويلاپ كۆر ، هازىر بۇلار تەس كۈنگە قالدى . بۇلار مۇشۇ كۈندە بىر ھىمايىچىگە ، ياردەمچىگە موھتاج . مەن بۇلارنىڭ خوجايىنى بىزنى ئۆزىگە قالقان قىلىپ يېنىدا ئۇزاقراق تۇتۇۋالارمۇ ، دېگەن ئەندىشىدە .

— ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز ؟

— هازىر مەن دەل مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىمەن .

بۇلار ئانچە ئۇزاق ماڭماي ئېگىز ، ھەيۋەتلىك ، تۆت چاسا قورغاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى . قورغاننىڭ قوۋۇقى ئالدى تەرەپتە بولۇپ ، قوش قاناتلىق يوغان ، ئېگىز قوۋۇق پۈتۈن يۇرتنى

بىر ھاپ بىلەن يۇتۇۋېتىدىغاندەك كونا بازار تەرەپكە سۈرلۈك قاراپ تۇراتتى . ھېلىمۇ ياخشى قوۋۇق يېپىق ئىدى ، بولمىسا قورغاننىڭ ئىچى تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنۈپ كېتەتتى . ئالدىدا باشلاپ ماڭغان بايانبەگ قورغان دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ قويۇپ ئالدىغا قاراپ ئۇدۇل مېڭىۋەردى . «بىزنى مۇشۇ قورغان ئىچىگە ئەكىرىۋالىدىغان ئوخشايدۇ» دېيىشىپ دەككە - دۈككىگە چۈشكەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ ، ھەممىسى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ كېتىشتى . دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بەشتىن ئون جېسەكچى مىلتىق ، قىلىچ تۇتۇشۇپ ، بۇلارغا قاراپ بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى . قورغاننىڭ ئۈستىدە ، قوختالىرىدىمۇ جېسەكچىلەر پەسكە قاراپ تۇراتتى .

پرژېۋالسكىي تەرجىمان ئارقىلىق بايانبەگدىن سورىدى :

— بىزنى نەگە ئاپىرىسىلەر ؟

كېتىۋاتقان بايانبەگ بېشىنى كەينىگە بۇراپ تۇرۇپ :

— ئاتلىق غازىمىزنىڭ سەلتەنەت بارگاھىغا ، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى . ئۇنىڭ چىرايى ئىپادىسىز ئىدى ، ھېچ نەرسىنى قىياس قىلغىلى بولمايتتى .

قورغاندىن ئۆتۈپ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ، ئۇلار يولنىڭ بىر تەرىپى بۈك باغلىق ، يەنە بىر تەرىپى توپ - توپ تېرەكلىك بىر جايغا كېلىپ توختاشتى . باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ يوغان ئاق چېدىر ئۆي تۇراتتى . چېدىرنىڭ ئەتراپىدا ، باغ تېمىنىڭ ئىچى - تېشىدىمۇ مىلتىقلىق ، قىلىچلىق كۆزەتچىلەر بۇلارغا قارىغاچ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى .

پرژېۋالسكىي : «ياقۇپبەگ ئاشۇ ئاق چېدىر ئىچىدە بولسا كېرەك» دەپ پەرەز قىلدى .

ئۇ توغرا پەرەز قىلغانىدى . ياقۇپبەگ كورلىغا ھەر قېتىم كەلگەندە ، يۇرت ئىچىدىمۇ ، قورغاندىمۇ تۇرماي ، باشئەگىم يولى ئېغىزىغا يېقىن مۇشۇ باغدا تۇراتتى . باغ شىرمەتباي دەپ ئاتىلىدىغان قوقانلىق بىر سودىگەرنىڭ بېغى ئىدى . باغ ئورنى ئەسلىدە

www.uyghurkitap.com

بوك چىغلىق ئىدى . سودىگەرچىلىك بىلەن كېلىپ قالغان شىرمەت-
باينىڭ كۆزى توپرىقى ياخشى ئىگىسىز چىغلىقتا چوشۇپ ، ئادەم
ياللاپ چىغلارنى قومۇرغۇزدى . يولغا قارىتىپ ئىشىك قويۇپ ، تۆت
تەرىپىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى ئوخشاش قىلىپ چاسىلاپ ئادەم
بويى ئېگىزلىكتە ئەنجان تېمى سالدۇرۇپ ، ئۇستىگە ئېگىز ئۆس-
كەن ئاقتىكەن قويدۇردى ، ئىچىگە ئىت ، مۇشۇكمۇ كىرەلمەيدىغان
دەرىجىدە قوشاملىدى . بۇ كۈز ئايلىرى ئىدى . قوشام ئىچىنى كۈز
ئۇسسىغا قاندۇرۇۋېتىپ ، قەشقەرگە كەتتى . ئارىدىن يىگىرمە
كۈندەك ۋاقىت ئۆتكەندە ، لىق بىر هارۋا هەر خىل مېۋە دەرەخ
كۆچەتلىرى ، ئۇرۇق ـ ئۇرۇقچىلارنى ئېلىپ كەلدى . سالدىغان
ئۆي ـ ساراي ، بەزمە ـ باراۋەت قىلىدىغان جاي ئورنىنى ئوبدان
پىلانلاپ ، مېۋە كۆچەتلىرىنى تۈر ـ خىلى بويىچە رەتلىك قويدۇر-
دى . كۆچىتى بولمايدىغان مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقچىلىرىنى كەچ كۈزدە
تېرىۋەتتى . مۇنبەت تۇپراقتا قىشىچە ئۆزلىشىۋالغان كۆچەتلەر كې-
يىنكى يىلى هەممىسى دېگۈدەك كۆكلىدى . باغنىڭ يول تەرەپ بىر
چېتىگە چىرايلىق ئۆي ـ ساراي سېلىندى . شىرمەتباي قوقاندىن
ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ ئەكەلدۇردى . بۇ ۋەلىخان تۆرە قەشقەرنى
قانغا بويىغانىنىڭ ئالدىدىكى ئىش ئىدى . ئۈچ يىلدىن كېيىن كۆ-
چەتلەرنىڭ مېۋىگە كىرگىنى مېۋە كۆرسەتتى ، مېۋىگە كىرمىگەنلى-
رى يالغان چېچەك كۆرسەتتى . «شىرمەتباي بېغى» دېسە ، هەممە
ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ، كورلا بويىچە داڭلىق باغقا ،
يۇرت كاتتىلىرى دائىم بەزمە ـ باراۋەت ئوينايدىغان «هۇزۇرخانا»
غا ئايلاندى . باغنىڭ قارشى تەرىپىگە — يولنىڭ ئۇ قاسنىقىغا ئاق
تېرەك ، كۆك تېرەكلەرنى ، ئېرىق بويلىرىغا سۆگەت ، تاللارنى
تىكتۈردى . تېرەكلەر تۈرى بويىچە توپ ـ توپ تىكىلگەن بولغاچقا ،
ئۇ تەرەپ «توپتېرەك» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى .

1867 ـ يىلى ياقۇپبەگ ئۇرۇمچى تەرەپكە قوشۇن تارتىپ
كورلىنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى دارۇل سەلتەنىتى قىلىپ كەلگەندە ،
شىرمەتباي ئۆزىنىڭ بۇ قوقانلىق بېگىگە بېغىنى هەدىيە قىلىپ

تۇتقاندى. شۇنىڭدىن تارتىپ ياقۇپبەگ كورلىغا كەلسىلا، بۇ باغ ئۇنىڭ بارگاھ تۇرالغۇسى بولاتتى، باغ ئەتراپى ئاۋات بازارغا ئايلىناتتى.

ھازىر بۇ يەر سۈكۈتكە چۆمگەندەك بەكلا جىم ئىدى. باغ ئىچىدىكى چوڭ ئاق چېدىر بولسا، غەم ـ قايغۇ ئىچىدە قالغاندەك تېخىمۇ جىم ئىدى. ئەتراپنى كۆزىتىپ يۈرگەن ئەسكەرلەر بۇ جىمىلىققا سۈرلۈكلۈك قوشۇپ، بۇ يەرنى تۇتقۇنلار لاگېرىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

ئىچى سىقىلىپ تۇرغان پرژېۋالسكىي بولالماي ئېغىز ئاچتى:

— بىزنى ياقۇپبەگ قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، ئازراق ئارام ئېلىۋالغاچ ئۆزىمىزنى تۈزەشتۈرۈۋالساق بولاتتى.

— شۇنداق، شۇنداق، سىلەر ئارام ئېلىۋالمىساڭلار بولمايدۇ، ھە، مانا كەلدۇق، — بايانبەگنىڭ گەپ ـ سۆزى دۇدۇقلىغاندەك ئېگىز ـ پەس ئىدى. ئۇ پرژېۋالسكىيلارنى تېرەكلەر ئارىسىدىكى ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى ئاق ـ قارا ئالىماچ بىر چېدىر ئالدىغا باشلاپ كەلدى، — ھازىرچە مۇشۇ چېدىردا ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار. مەن سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارنى ئاتلىق غازىغا مەلۇم قىلىۋېتەي، — دېدى ـ دە، بىر نۆكىرىنى يانغا تارتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ قويۇپ باغ تەرەپكە كەتتى.

## 5

«ھازىرچە ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار» دەپ چېدىرنى كۆرسىتىپ قويغىنى بار، مانا ئۈچ كۈن بولدى، تەكلىپ قىلىپ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتكەن ياقۇپبەگمۇ ئەسلى، بۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئامانلىقىغا مەسئۇل بايانبەگمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمىدى.

ئېكسپېدىتسىيىچىلەر چېدىردىن چىقسا، بۇلار ئۈچۈن بورا، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن توسۇپ ياساپ قويغان ھاجەتخانىغىلا

بارالايتتى ياكى چېدىر ئالدىدا تۇرۇپ ئەتراپقا ئانچە - مۇنچە قارىيالايتتى . ئۇزاقراق تۇرۇپ ، ئەتراپقا بەكرەك ۋە ياكى تىكىلىپرەك قاراپ قالسىمۇ ، نۆكەر يىراقتا تۇرۇپلا قولى بىلەن چېدىرغا كىرىپ كېتىشنى ئىشارە قىلاتتى . قارىماققا بۇلارنى نازارەت قىلىمىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن يىراقتا ، تېرەكلەر ئارىسىدا ياكى ئۆي - چېدىر ، تاملارنىڭ يانلىرىدا باشقا ھەرىكەتلەر بىلەن بولغان بولۇپ ، بۇلارغا كۆز - قۇلاق بولۇشاتتى . بۇ ئەتراپتا ئاھالىلەر مەھەللىسى بولمىغاچقا ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياقۇپبەگنىڭ ئادەملىرى ئىدى .

ئادەملەر «ئوردا چېدىر»دىن تېرەكلىككە ، يەنە نەدۇر بىر يەرلەرگە ، ئۇ يەردىن «ئوردا چېدىر»غا ئالدىراش ياكى ئالدىرىماي يۈرۈشۈپ تۇراتتى ، بىر - بىرىگە قاراشلىرىمۇ سۈرلۈك ، سىرلىقتەك ئىدى . سۆرەن - چۇقان تۇگۇل ئادەتتىكى پاراڭلىشىشلارمۇ يوقتەك ئىدى ، گويا بۇ يەردىكى ئادەملەرنى زۇۋاندىن تىلسىملىۋەتكەندەك .

— بۇلار بىزنى بورداپ - سەمرىتىپ قۇربانلىق قىلامدۇ نىمە ، — دېدى ئىۋان كوزمىچ بۇرۇقتۇرمىلىقتىن ئىچى تىت - تىت بولۇپ .

— بۇ نىمە قىلغىنى ياقۇپبەگنىڭ ، — دېدى ئات باقار پاۋىل كوسىمىنوف .

پرژېۋالىسكىي بىر ۋاقىتقا تىكىلىپ قالغاندەك چوڭقۇر خىيالغا چۆككەندى . شۇڭا ئۇ ئىۋاننىڭ گېپىگە ھېچقانداق ئىپادىدە بولمىدى ، ھەتتا ئۇنىڭ گېپى قۇلىقىغا كىرمىگەندەك ئىدى . ئۇ ئۆزلىرى كەلگەن مۇشۇ ئون ئۈچ كۈندىن بۇيان كۆرگەن ، ئاڭلىغانلىرى بىلەن ھېس قىلغانلىرىنى كىرىشتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلاتتى ، شۇ ئارقىلىق ياقۇپبەگنىڭ پوستىغا كىرىپ باقماق بولاتتى .

بۇلار كەلگەن كۈندىكى چۈشلۈكتە ئەكىرىلگەن تاماق تۈرىنىڭ موللۇقىغا ، سۈپىتىنىڭ يۇقىرى ، تېتىملىقلىقىغا قاراپ : «يول ئازابى چەكتى ، چارچىدى ، ياخشى غىزالىنىپ ، ئوبدان ئارام

ئېلىشۋالسۇن ، دەپ بىزنى ئالاھىدە كۈتۈۋالغىنى ئۇخشايدۇ » دېيىشكەندى . كەچلىك تامىقى ئۈنىڭدىنمۇ ياخشى بولدى . كېيىنكى كۈنلۈك تامىقىمۇ بىر - بىرىدىن سەرخىل ، لەززەتلىك ئىدى ، بەزى تاماقلار بىر قېتىملا ئەكىرىلدى ، تەكرارلانمىدى . كەلگەن كۈنى چۈشلۈككە سېرىق بىلەن قىزىل ئارىلىقىدىكى رەڭدە پىشۇرۇلغان سېمىز پاقلاننىڭ تونۇر كاۋىپى ، پېتىر مانتا ، ئاخىرىدا تىرناق چوڭلۇقىدا ئۈزۈپ تاشلاپ ئەتكەن قىيمىلىق سۇيۇقئاش ، كەچلىككە سان گۆش بېسىلغان ئۇخشىغان پولۇ ، قېتىق ، قېنىق چاي ، ئاخىرىدا قۇشقاچ تىلىدەك ئۈششاق كېسىپ ئەتكەن سۇيۇقئاش ؛ ئەتىسى ئەتىگەنلىككە چەلگىتىپ ئېتىلگەن قويۇق قايماقلىق چاي ، يېغى ، قەن - شېكىرى تەڭشىلىپ قىيامىغا يەتكۈچە سارغايتىپ ئېتىلگەن ھالۋا ، ئېغىزدا ئېرىپ تۈرىدىغان ياغلىق توقاچ ، چۈشلۈككە ئىچىگە خېمىر سۇيىگە ياغ ، تۇخۇم قوشۇپ بىرلىگەن ئۆپكە ؛ گۆش ، جىگەر ، نوقۇت ، گۈرۈچتە ئېتىلگەن ھېسىپ ، گۆشنان… سامسا ، پەرمۇدە ، گۆشگىردە ، تونۇردىن يېڭى سويۇلغان گىردە ، بىجاق نان…

ئەگەر تەرجىمانلىققا ياللىۋالغان ئابدۇللا بولمىغان بولسا ، ئۇلار بۇ تاماقلارنى قانداق يېيىشنى بىلمەيتتى . ئۇلار بۇ تاماقلارنى ئىلگىرى يەپ بېقىش تۇگۇل ، جاھاندا بۇنداق تاماقلارنىڭ بارلىقىدىنمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدى .

— بۇ قەيەرچە ، قانداق تاماق ، قانداق يېيىلىدۇ ؟ — ھەر قېتىم تاماق كەلتۈرۈلگەندە پرژىۋالىسكىي ئابدۇللادىن تاماقنىڭ ئىسمىغىچە سورايتتى .

— ئاشپەز قوقان ياكى ئەنجانلىق ئۇخشىمامدۇ ؟

— قوقانلىقلار بۇنداق تاماقلارنى ئېتىشنى بىلەمدۇ - بىلمەمدۇ ، بىلمەيمەن . بابا دېدىمغۇ ، نەچچە كۈندىن يېگەنلىرىمىز پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە تاماقلار . ئاشپەز قەشقەرلىك ئىكەن .

— قانداق بىلدىڭ ؟

— تاماق ئەكىرىدىغان مۇلازىمدىن سورىدىم .

پرژىۋالىسكىي ئابدۇللانىڭ دېگەنلىرىگە گۇمانسىز ئىشەندى . چۈنكى ، ئۇ قوقاندا تۈرلۈك تاماقلارنى يەپ بېقىپ ھەيران قالغان . بەزى تاماق شەكىللىرى بۇ يەردە يېگەن تاماقلارغا ئوخشاپ كەتسىمۇ ، تەمى ، لەززىتى ، ئادەمگە بېرىدىغان ھۇزۇرى ۋە سىڭىشچانلىقىمۇ ئوخشىمايتتى ، پەرق چوڭ ئىدى . قوقاندا ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلماي يۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ، بۇ دىياردىمۇ ئۆزىنى مەن دەپ يۈرگەن بۇ قوقانلىقنىڭ ئۆزگە ئاشپەزلىككە ئۇيغۇرنى تاللىۋالغىنىدىن ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تائاملىرىغا مەپتۇن ، قايىللىقىنى بىلگىلى بولاتتى .

پرژىۋالىسكىي ئىۋان كوزمىچنىڭ بايىقى سوئالىنى ئېسىگە ئالدى .

— ئۇنىڭ بىزنى بۇنداق ياخشى تائاملار بىلەن كۈتۈشى ، مېنىڭچە ھەرگىز يامانلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس . ئۇنداقتا بۇنىڭ سىرى نېمىدە ، بىلەمسىلەر ؟ — پرژىۋالىسكىي ھەمراھلىرىغا قارىدى .

ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولسا ، يامانلىقتىن بولمىسا ، ياخشىلىقتىنمۇ ، قانداقسىگە ؟ دېيىشكەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى .

ياقۇپبەگنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭ نىيەت ، مەقسىتى پرژىۋالىسكىيغا ئايان ئىدى . ئۇنىڭ ئۆزى رۇسلارغا ئۆچ ، رۇسلارمۇ ئۇنىڭغا ئۆچ ، رۇسلار ئۆزىنىڭ جەنۇبىي پاسىلىنىڭ بۇ تەرىپىدە ياقۇپبەگدەك مۇنداق بىر ھەربىي كۈچنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ . مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ بولغۇچە رۇسىيىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئىلى سۇلتانلىقىنى ئىشغال قىلىپ ، شىمالىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىۋاتقان ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشى ، ئاشۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى .

— «پۈتۈن مۇلكى تۈركىستاننى ئۆز تەسەررۇپىمىزغا ئېلىش — بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇيىمىزدۇر» . مانا بۇ ، ياقۇپبەگنىڭ نىيەت ، مەقسىتىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئىپادىلىنىشى . ئۇ مۇشۇ نىيەت ، مەقسىتى ئۈچۈن يول ۋە شوتا ئىزدىدى . قوقان

خانلىرىدىن خۇدايارخان ، مەللىخان ، ئالىمقۇللارنىڭ قايسىسىنىڭ خان بولۇپ ، قايسىسىنىڭ يىقىلىشى ئۇنىڭغا بەرىبىر ئىدى . ئۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا سادىقلىق بىلدۈرۈپ باققان ئەمەس ، پەقەت ئۇلارنى يۇقىرى ئۆرلىشىدىكى شوتىسى قىلماق بولغان . ئاق مەس- چىتتىكى ئۇرۇش ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىۋالىدىغان ياخشى پۇر- سەت ۋە جەڭ مەيدانى ئىدى . ئەپسۇس ، ئۇنىڭ تەلىيى كاج كې- لىپ ، ئۇرۇش ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن نەتىجىلەندى . ئۇ قوقان خانى ئالىمقۇلنىڭ نەزىرىدىن قېلىپ ، بۇزرۇكخانغا قوشۇپ قەش- قەرگە ئەۋەتىۋېتىلدى .

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ، «مېنىڭ قوقانغا خان بولۇشۇمنى رۇسلار يوققا چىقاردى» دەپ رۇسىيىگە ئۆچلۈك قىلىپ ، ئەنگلى- يىگە كۆچۈكلەندى ، ئەمما ئەنگلىيە ئۇنىڭ كۆتكىنىدەك قىزغىن بولمىدى ، رۇسىيىنىڭ قاش - قاپىقىغا قاراپ ئېھتىيات بىلەن ئىش تۇتتى ، خۇددى مېۋىسىز چېچەكتەك جىلمىيىپ چىراي ئې- چىپ قويدىيۇ ، بەرگەن مېۋىسىنىڭ تايىنى بولمىدى ، بەرگىنى ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمىدى ، كۆتكەن يېرىدىن چىقماي ، جېنىغا ئەس- قاتمىدى . ھازىر ئۇ ياردەمگە ، يېڭىدىن بىر ياردەمچىگە موھتاج ئىدى . بىرلا يول ، ئۆچلۈكنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ ، رۇسىيىگە ياخشىچاق بولۇپ ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىدى .

پرژېۋالىسكىي ھەمراھلىرىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى مۇلاھىزىسى بىلەن ھۆكمىنى بىلدۈرۈپ قويدى .

— ھە ، بۇ ، بىزنىڭ : «بىر بالاسى بولمىسا ، قۇيرۇق ياتامدۇ تاشتا» دېگەن ماقالىمىزدىكىدەك ئىشكەن - دە ، — دېدى ئابدۇللا ۋە بۇ ماقالىنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانىنىمۇ سۆزلەپ بەردى .

— ۋاھ ! — دەۋەتتى پرژېۋالىسكىي ، — بۇ قوقانلىقنىڭ بىزنى بۇنچىۋالا كۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بۇ ماقالىدە نەقەدەر ئوبرازلىق ، ئىنچام ئىپادىلەنگەن - ھە ، ئابدۇللا ، — ئۇ ئابدۇللاغا قارىدى ، — مۇشۇنداق ماقالىدىن يەنە بولسا دېگىنە .

پرژىۋالىسكىينىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى . چىدىرنىڭ ئىشىكى قايرىلىپ بايانبەگ كىرىپ كەلدى . ئۇن ئۈچ كۈندىن بۇيان دىدارىنى كۆرسەتمىگەن بايانبەگنىڭ كىرىپ كېلىشى پرژىۋالىسكىيلارنى تەئەججۈپلەندۈردى . بۇلار ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ تەڭلا قارىدى.

— بىر كىشى پرژىۋالىسكىي بىلەن كۆرۈشمەكچى ، قېنى، كەينىمدىن••• — بايانبەگ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرمەيلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى .

«مەن بىلەن كۆرۈشىدىغان كىمدۇ ، بۇ چوقۇم ياقۇپبەگ ئەمەس . ئەگەر شۇ بولىدىغان بولسا ، ‹ئاتىلىق غازى › دەپ ئاغزىغا بىر ئالىدىغان خوجىسىنى بىر كىشى دىمەيتتى » . بايانبەگ ئىشىكتىن چىقىپ بولغۇچە پرژىۋالىسكىي شۇلارنى ئويلاپ ئۈلگۈردى . ئۇ :

— مەن چىقىپ كىرەي ، — دىدى ـ دە ، بايانبەگنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى . بۇنداق چاغدا ئۇ تەرجىمانى ئابدۇللانى بىللە ئېلىپ ماڭاتتى .

— ئۇ كىشى رۇسچىنى بىلىدۇ ، تىلماچ بارمىسىمۇ بولىدۇ ، — دىدى بايانبەگ پرژىۋالىسكىينىڭ كەينىدىن چىققان ئابدۇللانى كۆرۈپ .

— بولىدۇ . سەن كىرىپ كەت ، — دىدى پرژىۋالىسكىي ئابدۇللاغا .

بايانبەگ پرژىۋالىسكىينى ئۇدۇل باغ تەرەپكە باشلاپ ماڭدى . پرژىۋالىسكىي ئۆزى بىلەن كىمنىڭ نىمە مەزمۇندا سۆزلىشىشى ئۈستىدە ئويلاپ كېتىۋاتاتتى . بايانبەگ ئۇنى باغنىڭ ئوڭ تەرەپ چېتىدىكى كاناپ ئۈستىدىن ئېسىل يىپەك رەختتە تاشلىغان چېدىر ئالدىغا باشلاپ كەلدى ، ئاندىن پەس ئاۋازدا ئىككىنى يۆتىلىپ قويدى . بىرپەستىن كېيىن چېدىر ئىچىدىنمۇ يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . بايانبەگ چېدىر ئىشىكىنى قايرىپ تۇرۇپ :

— قېنى كىر ، — دىدى .

پرژېۋالسكىي كىرىۋېتىپ چېدىر ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى .

گۈل ، رەڭلىرى ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان يىپپېڭى گىلەم سېلىنىپ ، قات - قات سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە مامۇق تەكىيە ، ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ، سۇپىدا بىر كىشى باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى . بېشىغا سوپىچە تۇماق ئۈستىدىن تۇجۇپىلەپ يوغان سەللە ئورىغان ، ئەنجان بەقەسەم تون ، پۇتىغا مەسە كىيگەن بۇ كىشى يارىشىملىق قويۇق چارساقىلى ، ئۆسكىلەڭ قېشى ، ئاق سۇزۇك چىرايى بىلەن خېلى سۆلەتلىك كۆرۈنەتتى .

ئۇ پرژېۋالسكىينى كۆرۈپ ، قوزغالمىسىمۇ ، ئورنىدىلا قىمىدىنىپ قويدى .

— كېلىڭ ، ئولتۇرۇڭ ، — ھېلىقى كىشى ئالدىدىكى ھەشەمەتلىك ئورۇندۇققا پرژېۋالسكىينى تۇزۇت بىلەن تەكلىپ قىلدى .

ئۇنىڭ ئۆلچەملىك رۇس تەلەپپۇزىدا سۆزلىگىنىگە پرژېۋالسكىي ھەيران قالدى .

— بۇ زاتنىڭ مۇبارەك ئىسمى شەرىپى ئەھرارخان تۆرە ، ئاتىلىق غازىمىزنىڭ يېقىن بۇرادىرى ھەم باش مىرزىسى ، — دېدى بايانبەگ سۇپىدا ئولتۇرغان كىشىنى تونۇشتۇرۇپ ۋە پرژېۋالسكىيغا قاراپ ، — سىزنىڭ ئىسمىڭىز ، — پرژېۋالسكىينى خوجايىنى «سىز»لىگەچكە ، ئۇمۇ «سىز»گە ئۆتتى ، — بۇ زاتى مۇبارەكىمىزگە ئايان بولغاچ تونۇشتۇرمىسامىمۇ بولار . قېنى ، سۆزلىشىۋېرىڭلار ، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

— خوش ، پرژېۋالسكىي ، ئەسلىدە سىز بىلەن ياقۇپبەگ ئۆزى سۆزلەشمەكچىدى . سىلەر كېلىشتىن ئىككى كۈن ئالدىدا تۇمۇداپ قېلىپ ، سىز بىلەن سۆھبەتلەشكۈدەك ماجالى يوق ، شۇڭا ئۆزىگە ۋاكالىتەن سۆزلىشىشكە مېنى بەلگىلىدى . مەن گەپنى ئۇچۇق دەۋېرەي ، — ئەھرارخان ئالدىدىكى كىچىك شىرە ئۈستىدە تۇرغان رەسى[1] چەينىكىنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنىڭ ، پرژېۋالسكىي-

① رەسى — رۇس ، رۇسىيە ، خەلق ئاغزىدا «رەسى»مۇ دېيىلىدۇ .

نىڭ ئالدىدىكى پىيالىلەرگە چايمىكىن دېسە چايدىن قىنىق ، پۇراق-لىق بىرنېمىنى قۇيۇپ ، — قېنى ، ئىچكەچ پاراڭلىشايلى . بۇ ئانار سۈيى . بەدەنگە قۇۋۋەت بولىدۇ ، — دېدى - دە ، ئانار سۈيىدىن بىر ئوتلىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى . پرژېۋالىسكىيمۇ شەربەت-تىن بىر ئوتلىدى . ئۇنىڭ ئۆتكۈر ئاچچىق - چۈچۈك تەمىدىن سەل سىلكىنىپ قويدى ، — رۇسلار بىلەن بىز تۈركىستانلىقلار بىر ئىقلىمنىڭ ئادەملىرى ئىدۇق ، قوقان خانلىرى ئارىنى بۇزدى ، ئۆچلۈك ئۇرۇقىنى چېچىپ بىزنى يىراقلاشتۇرۇپ قويدى . بولدىلا ، ئۇلارنى ئېغىزغا ئېلىپ نېمە قىلىمىز - ھە . ئۇ قايسى چاغ ، ھازىر قايسى چاغ ، ھازىر ھەممىمىز يارىشىپ دوست ئۆتۈش-نى خالايمىز . شۇنداق ئەمەسمۇ ، پرژېۋالىسكىي ، — ئەھرارخان گېپىدىن توختاپ پرژېۋالىسكىيغا قارىدى .

مۇشۇ كۈندە پرژېۋالىسكىي قانداق قىلىپ بۇلارنىڭ نەزەرىبەند-تىدىن قۇتۇلۇپ لوپ كۆلى تەرەپكە مېڭىۋېلىشنىڭ غېمىدە ئىدى . شۇڭا «كالىلىمۇ يېمەيدىغان ، چىشمۇ چاقمايدىغان» قىلىپ ، ئارىغا ئىمكان قالدۇرۇپ گەپ قىلماق بولدى .

— يارىشىپ دوست ئۆتۈشنى ھەممە ئادەم خالايدۇ ، ئىككى-مىزمۇ شۇنداققۇ دەيمەن ، — پرژېۋالىسكىي گېپىدىن توختاپ ئەھرارخانغا قارىدى .

ئەھرارخان پرژېۋالىسكىيدىن باشقىچىرەك گەپ كۈتكەنىدى ، ئەمما پرژېۋالىسكىي يارىشىپ دوست ئۆتۈشنى شەخسلەر ئارا بولى-دىغان مۇناسىۋەت دائىرىسى بىلەنلا بولدى قىلدى . ئەھرارخان پرژېۋالىسكىيغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى ، ئالدىدىكى پىيالىنى قولىغا ئالدىيۇ ، يەنە ئاستا ئورنىغا قويۇپ قويدى .

— ھېلى ئېيتتىم ، قوقان خانلىرى دوستلۇقىمىزنى بۇزۇۋەت-تى . بىز يېقىن قوشنىلار . «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوش-نا ياخشى» دەيدىغان گەپ بار . تۈركىستان گوبېرناتورى بىزگە قانداق قارايدىكىن ، بىز بىلەن دوستلىشىشنى خالامدىكىن؟



www.uyghurkitap.com

پرژىۋالىسكىي ئەھرارخاننىڭ گەپنى بۇنداق چوڭ يەردىن ئې-
چىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. ھېلىقىدەك گەپتىنغۇ ئەپلەپ -
سەپلەپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ، ئەمما ھازىرقى گەپكە ئېغىزىنىڭ
ئۇچىدا جاۋاب بەرگەن بىلەن بولمايدۇ، گەپكە ئىگە بولۇش كې-
رەك. پرژىۋالىسكىي جىددىي پىكىر قىلدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا
ئۆزى ئوقۇغان كىتابلارنىڭ بىرىدىكى بىر دىپلوماتنىڭ بىر قىيىن
سۆھبەتتىن ئۇستىلىق بىلەن قۇتۇلغانلىق ھەققىدىكى يازغىنى ئې-
سىگە كېلىپ قېلىپ، ئىچىدە كۈلۈپ قويدى.

— مەن رۇسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەستىقى
بىلەن يولغا چىققان بولغاچقا، تۈركىستان گوبىرناتورىغا يولۇقماي
ئۇدۇل كېلىۋېرىپتىمەن. ھەمراھلىرىم ئىچىدە گوبىرناتورنىڭ بۇ
ھەقتىكى كۆزقارشىدىن خەۋىرى بارلار بارمىكىن، سوراپ
باقاي، — دېدى پرژىۋالىسكىي ۋە بۇ سۆھبەتتىن ھازىرچە بولسىمۇ
قۇتۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئامالىنى تېپىۋالغىنىدىن ئۆزىچە خۇش بولدى.

ئەھرارخانغا ئەمدى پرژىۋالىسكىيدىن ئاسماقچىلاپ يەنە گەپ
سوراۋېرىشىنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. ئۇ سۆھبەتنى توختىتىشقا
مەجبۇر بولدى.

— بولىدۇ ئەمىسە، — دېدى ئەھرارخان جايىدا قىمىدىنىپ
قويۇپ، — بۇرادەرلىرىڭىزدىن سوراپ كۆرۈڭ. كۆڭلىمىزدىكى-
دەك جاۋابقا ئېرىشسەك دەيمىز، — ئەھرارخان گېپىدىن توختاپ
يۆتىلىپ قويدى.

شۇئان چېدىرنىڭ لاتا ئىشىكى قايرىلىپ بايانبەگ كىردى.
پرژىۋالىسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ ئەھرارخانغا بېشىنى لىڭشىتىپ
قويۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— ھە، كىم سۆزلەشتى، چاتاق يوقتۇ، قاچان ماڭىدى-
كەنمىز؟ — پرژىۋالىسكىي چېدىرغا كىرىشىگە ئىۋان كوزمىچ
ئالدىراپ سورىدى.

— ئەھرارخان دېگەن بىرى سۆزلەشتى، — پرژىۋالىسكىي

جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ جاۋاب بەردى، — ياقۇپبەگنىڭ تاۋى يوق بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

— ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشكۈسى كەلمىگەندۇ ھەقىچان، ئۇ بەچچىنىڭ؟

— بىزنى قاچان يولغا سالىدىكەن؟

— مېنىڭچە، ئەتە چوقۇم يەنە سۆھبەتكە چاقىرىدۇ. بىزنى قاچان ماڭدۇرىدىغانلىقى شۇ چاغدا مەلۇم بولار. بولدى، ئەمدى باشقا گېپىمىزنى قىلىشايلى...

پرژېۋالىسكىيلار ئۆز گەپلىرىنى قىلىشىۋاتقاندا، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ئوردا چېدىر»دا جىددىي سۆھبەت بولۇۋاتاتتى.

— ئۇ شۇ گەپ بىلەن بولدى قىلدىما؟

— مەن ئۇنى ئادەتتىكى ساياھەتچى ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر دېسەم، ئۆزلىرىدەك پىشقان دىپلومات بىرىنىكەن.

— بەلكى ئۇ گوبېرناتور بىلەن كۆرۈشمىگەندۇ. قانداق بولمىسۇن، رۇسلارنىڭ بىزگە بولغان قارشىنى بىلسەك بولاتتى.

— ئەتە يەنە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقامدىم؟

— ياق، ئەتە يەنە سۆزلەشمىز دېسەك، ئالدىراپ قاپتۇ، دەپ بىزنى ئاجىز چاغلاپ قالىدۇ.

— ئۇ ئۆزى ئېغىز ئاچقۇچە كۈتۈپ تۇرىمىزما؟

— بىرنەچچە كۈن كۈتۈپ باقايلى. بىز ئۆزىمىزگە ياققۇدەك گەپ ئاڭلىساق دېيىمىز، ئۇلار يولىمىزغا تىزرەك كېتىۋالساق دەيدۇ. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئالدىرايمىز.

— ئەلپازىدىن ئۇ بىزگە پايدىلىق ئېنىق بىر نەرسە دېيەلىگىدەك قىلمايدۇ.

— نېمىلا دېيلى، بىز بۇلارنى ئۆزىمىز تەكلىپ قىلىپ، كېلىشكە ئالدىراتتۇق. بىزگە پايدىلىق گەپ قىلسۇن ـ قىلمىسۇن، چىشىمىزنى چىشلەپ تۇرماي ئىلاجىمىز يوق. بىزنى مۇشۇ كۈنگە قويغان ئاشۇ يارىماس ئىنگلىزلار. بىز ئۇلارغا قانداق ئىشەن-



www.uyghurkitap.com

دۇق ـ ھە ، ھالا بوگونگە كەلگەندە بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالدى . بەرگەن شۇنچە ۋەدىلىرى قېنى؟ تۈزۈلگەن كېلىشىملەرمۇ قەغەز يۈزىدىلا قالدى . تۈركىستاندا فون .كائۇفمان[1] ، غۇلجىدا كولپاكوۋىسكىيلار[2] بىزگە تىكىلىپلا تۇردۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە «رۇسىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى»[3] نى تۈزدۇق دەپ ، ئۆزىمىزنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەۋالغانىكەنمىز . سۆھبەتنى باھانە قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇپ باقمايمىزمۇ ، بىر گەپ بولار .

يۇقىرىقىلار ئەھرارخان پرژىۋالىسكىي بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن ، «ئوردا چېدىر»دا ياقۇپبەگنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان مەخپىي پارىڭى .

ئىۋان كوزمىچ توغرا مۆلچەرلىگەنىدى . ئۇنىڭ مەكتۇپ يېزىپ بولارنى چاقىرتقانلىقى ، ئاتتىن چۈشكەنلىكى ئىدى ، لېكىن يەنىلا ئۆزەڭگىدىن چۈشكۈسى كەلمەيۋاتاتتى . «زاكىسىدا تەگكەن كېسەل ئۆلگۈچە چىقماس» دېگەن ماقال ياقۇپبەگنىڭ تەبىئىتىگە بەكمۇ ماس كېلىدۇ . ئۇ بالا چېغىدىنلا كاج ، مەنمەنچى ، جېدەلخور ، تەلۋە چوڭ بولغانىدى . ئۇ شۇ مەنمەنچىلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ ئورنى ، مەرتىۋىسىگە نىسبەتەن پرژىۋالىسكىينى ئادەتتىكى ساياھەتچى دەپ قاراپ ، ئۆزەڭگىدىن پۇتىنى ئېلىپ يەرگە دەسسىگۈسى كەلمەيۋاتاتتى . ئۆزىنى ھېلىمۇ مۇئەللەقتە تۇتۇپ ، رېئاللىق زېمىنىگە پۇت قويغۇسى يوق ئىدى . ئۇ شۇڭا ساق تۇرۇپ ئاغرىق بولۇۋالدى . رېئاللىقتا يۈزلىنىشنى خالىمايدىغان بونداق جاھىل ، تەلۋە ئادەملەر ئۆز يولىنى چىتلاپ مېڭىپ ، كېيىن ئالدىغىمۇ ماڭالمايدىغان ، كەينىگىمۇ چېكىنەلمەيدىغان ھالاكەتلىك ئاقىۋەتكە قالىدۇ .

---

① فون .كائۇفمان ، ـ تۈركىستان باش ۋالىيسى (گوبېرناتور) .

② كولپاكوۋىسكىي ـ 1871 ـ يىلى ئىلىمىزنىڭ ئىلى رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن رۇسىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانى .

③ 1872 ـ يىلى تۈزۈلگەن بەش پاراگرافلىق بۇ شەرتنامىنىڭ 5 ـ پاراگرافىدا : «رۇسىيە سودىگەرلىرى ۋە سودا كارۋانلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بىخەتەرلىكى تولۇق تەمىن ئېتىلىدۇ . ئۇلار يەتتە شەھەر زېمىنى ئارقىلىق يەتتە شەھەر بىلەن چېگرىداش مەملىكەتلەرگە ئىختىيارىي بېرىپ كېلەلەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . بۇ شەرتنامىگە ياقۇپبەگ ئۆز مۆھرىنى باسقان .

— مەن ئەتە يەنە بىر سۆزلىشىپ كۆرەيمىكىن ، بىرگە پايدىلىق گەپ چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، — ئەھرارخان ئۆز پىكرىنى يەنە تەكرارلىدى .

— ھېلىلا سۆزلىشىپ چىقتىڭىزغۇ . ياق ، ئۆزىمىزنى ئالدىراپ قالغاندەك كۆرسىتىپ قويمايلى . ئۇلارنى شۇنچىلىك بىقۇۋاتقىنىمىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ . ئۇلار بۇنى نىمىدەپ ئويلاۋاتىدۇ تېخى .

ياقۇپبەگ ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ ئەھرارخانغا : «گەپ تۈگىدى ، چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ» دېگىنى ئىدى . ئەھرارخان ئۇنىڭ قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ ، ياقۇپبەگكە خوشلىشىش سالىمىنى قىلىپ چىقىپ كەتتى .

ئەھرارخان بۇزرۇكخاننىڭ كەينىدىنلا كەلگەن مۇخلىسلارنىڭ بىرى بولۇپ ، كېيىن ياقۇپبەگنىڭ قولىغا قالغان قوقانلىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىرى ئىدى . ھەمدەمبەگ باتۇر ، مىربابا دادخاھ[1]لار ھەق تەكلىپ بېرىمىز دەپ ياقۇپبەگنىڭ كېپىنى يىرىپ قويغىنى ئۈچۈنلا ، ئۇلارنىڭ شۇنچە ساداقەتمەنلىكى ، كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىلىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەي ، شۇ كېچىسىلا ئۈن - تىنسىز ھاياتلىق دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلگىنىنى ئەھرارخان كېيىن بىلىپ قالغانىدى . ئۇ چېدىرىغا كېتىۋېتىپ ئىچىدە : «مەنمەنچى تەلۋە» دېدىيۇ ، يەنە ئىچىمدىكىنى بىرەر «قۇلاق» بىلىپ قالمىغاندۇ ، دەپ قورقۇپ ئەتراپىغا قاراپ قويدى .

يەنە بەش كۈن ئۆتتى . كۈندە نەچچە قېتىم غودۇڭشىپ كېتىدىغان مىجەزى چۇسراق ئىۋان كوزمىچ ئىچى تىت - تىت بولۇپ تۇرالمايلا قالدى .

— بىز ھايۋانمىدۇق بۇنداق سولاپ قويۇپ باقىدىغانغا . يا بىزنى بورداپ سويامدىكىن . بىزنى يا يولىمىزغا سالسا ياكى ئوچۇق گېپىنى قىلسا بولمامدۇ··· ؟

پرژېۋالىسكىي بىگىز بارمىقى بىلەن ئاغزىنى بېسىپ ، ئاغزىڭ-

① دادخاھ — ئۆزى تورۇشلۇق جاينىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارى .

نى يوم ، دېگەندەك ئىمالىدى .
خوددى ئىۋان كوزمىچنىڭ غودۇڭشىشىنىڭ جاۋابىدەك چېـ
دىرنىڭ ئىشىكى قايرىلىپ بايانبەگ كۆرۈندى . ئۇ سىرتتا تۇرۇپلا :
— ئەھرارخان تۆرە پورۋالىسكىي بىلەن سۆزلەشمەكچى ، —
دېدى .
— تېخىچە پرژىۋالىسكىي دېيەلمىگەن بۇ گاچا ، — دېدى
ئىۋان كوزمىچ ، پرژىۋالىسكىي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن .
بۇ قېتىم پرژىۋالىسكىينى باغنىڭ سىرتىدىكى بىر تام ئۆيگە
باشلاپ كىردى . ئۆي ياسىداق ئىدى . قىبلە تامغا گىلەم تارتىلغان
بولۇپ ، ئاياغ ، كالاچ سالىدىغانغا ئىشىك يېنىدىن ئازراق پەگاھ
قالدۇرۇلۇپ ، ئۆينىڭ قالغان يېرىگە يەردىن بىر غېرىچتەك كۆتۈ-
رۈپ سۇپا قىلىنغان ، سۇپا ئۈستى پۈتۈنلەي گىلەم بىلەن يېپىلغا-
نىدى . پرژىۋالىسكىي ئىشىكتىن كىرىشىگە ئەھرارخان ئورنىدىن
تۇرۇپ :
— كېلىڭ ، پرژىۋالىسكىي ، كېلىڭ ، — دېدى .
پرژىۋالىسكىي ئەھرارخاننىڭ سۇپىدا كالىچىنى سېلىۋېتىپ
ئولتۇرغىنىنى ھەم سۇپىدىكى يېڭى گىلەملەرگە قاراپ ، سۇپىنىڭ
لېۋىدە ئولتۇردى - دە ، پۇتىدىكى ساياھەتچىلەر كىيىدىغان قېلىن
چەملىك ئۆتۈكىنى سېلىشقا تەمشەلدى .
— بولدى ، بولدى سالماڭ ، مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ پاراڭلىشى-
ۋېرەيلى ، — ئەھرارخان گەپ قىلغاچ كىچىك شىرە ئۈستىدىكى
چىنە ، چەينەكنى پەسكە ئېلىپ قويۇپ ، شىرەنى سۇپىنىڭ لېۋىگە
سۈرۈپ ئەكېلىپ ، چىنە ، چەينەكنى قايتىدىن شىرە ئۈستىگە
قويدى ، — ئانار شەربىتى قانداقكەن ، ئىچكەچ پاراڭلىشايلى ، —
دېدى - دە ، ئالدى بىلەن پرژىۋالىسكىينىڭ ئالدىدىكى ، ئاندىن
ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە لىق تولدۇرۇپ شەربەت قۇيدى ، —
قېنى ، ئىچىڭ ، — دەپ پرژىۋالىسكىينى تەكلىپ قىلىپ بولۇپ
ئالدىدىكى پىيالىنى قولىغا ئالدى ، پرژىۋالىسكىينى ئىچىڭ دېگەن-
دەك ئېڭەكىنى سەل كۆتۈرۈپ ئىمالاپ قويۇپ ، شەربەتتىن ئىككى

يۇتۇم ئىچتى . پرژىۋالىسكىي بىر يۇتۇم ئىچىپ چىنىنى قويۇپ قويدى .

— قانداق ، پرژىۋالىسكىي ، بۇرادەرلىرىڭىز ئىچىدە تۈركىستان گوبېرناتورىنىڭ بىز بىلەن قانداق ئۆتۈش توغرىسىدا ئېيتقانلىرىدىن خەۋىرى بارلار بارمىكەن ؟ — ئەھرارخان پرژىۋالىسكىيغا ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپ سورىدى .

— ھەمراھلىرىمدىن سورىدىم ، — پرژىۋالىسكىيمۇ ئەھرارخانغا ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپ ، — ئۇلار مېنىڭدىنمۇ ئاددىي كىشىلەر بولغاچقا ، «سەن خەۋەر تاپمىغان گەپلەرنى بىز نەدە يۇرۇپ ئاڭلايمىز» دېيىشتى ، — دېدى .

ئەھرارخان بۇ قېتىم خېلى ئۇمىدلىكتەك كۆرۈنگەنىدى . پرژىۋالىسكىينىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ، چىرايىدىكى بايىقى كەيپىياتتىن ئەسەر قالمىدى ، دەسلەپ قوشۇمىسى تۈرۈلدى ، ئاندىن ئىپادىسىز بىر كەيپىياتتا ئۇدۇلىدىكى تامغا قاراپ خۇددى جاۋابنى ئۇنىڭدىن ئاڭلايدىغاندەك ئۈنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇ ئىچىدە ئازابلىق ، ئاقىۋەتى قورقۇنچلۇق خىيال دەشتىنى كەزمەكتە ئىدى . ئۇ بۈگۈن بامدات نامىزىدىن كېيىنلا ياقۇپبەگنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىرىپ :

— مەن بۇ كېچە خەيرلىك بىر چۈش كۆردۈم . ئىنشائالل‍ا ، ئۇ ساياھەتچىدىن كۈتكىنىڭىزدەك خەۋەر ئاڭلايدىغانغا ئىشىنىۋاتىمەن . ئۇنىڭ بىلەن بۈگۈنلا سۆزلەشسەڭ دەيمەن ، — دېدى .

— مەن بۇ ساياھەتچىدىن ئۇنداق ئۈمىدتە ئەمەسمەن . گېپىدىنلا رۇس ئوفىتسېرلىرىدا بولىدىغان ھاكاۋۇرلۇق پۇراپ تۇرىدۇ ، ھېلىمۇ ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇيۈز سۆزلەشمەيتىمەن . سىز يەتكۈزگەن گەپتىنلا ئۇ پۇراقنى سەزدىم .

— ياق ، چۈشۈمگە ئىشىنىمەن ، بۇ قېتىم چوقۇم ئۇنىڭدىن ياخشى خەۋەر ئاڭلايمىز . ئىجازەت بەرسىڭىز ، بۈگۈنلا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەي .

ياقۇپبەگ لەپپىدە ئەھرارخانغا قارىدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئەھرارخاننىڭ ۋۇجۇدى شۈركۈنگەندەك بولدى . ياقۇپبەگ بىرەر-



www.uyghurkitap.com

سىدىن شۈبھىلەنسە، گۇمانسىراپ قالسا، ئەنە شۇنداق قارايتتى.

— قېنى، سۆزلىشىپ بېقىڭ. چۈشىنىشكە بولىدىغان سىزدىكىدەك بولغاي.

ئەھرارخان تامغا قاراپ ئولتۇرۇشىدا، ئۆزىنىڭ ياقۇپبەگ بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ قارىشىغا يوشۇرۇنغان دەھشەتلىك ۋەھىمىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە. بولۇپمۇ ئاخىرقى جۈملىنى ئېيتقاندىكى تەئەددى، كىنايىلىك تەلەپپۇز ئۇنى قور-قۇنچقا سېلىپ قويغانىدى. ياقۇپبەگنىڭ كىشى بىلمەس جاللاتلىرى ئالدىدا ئۇنىڭ تۆرىلىكى ھېچنېمە ئەمەس ئىدى.

— ئۇنىڭدىن باشقا كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىغۇدەك گەپ يوقمۇ؟ — ئەھرارخان تامدىن كۆزىنى ئېلىپ پرژېۋالىسكىيغا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايى قانسىرىغانىدى.

پرژېۋالىسكىي ئۇنىڭ تەلەتىدىن بىر خىل سۆرۈنلۈكنى، ئۇ-مىدسىزلىكنى سەزگەندەك بولدى.

— مېنىڭ ھەرقايسىڭلارنى ئۈمىدسىز قويغۇم يوق. كەلگەن-دىن بۇيان بىزنى ئىنتايىن ياخشى كۈتتۈڭلار، مۇشۇنىڭغا لايىق بولسىمۇ جاۋاب بەرسەك بولاتتى. بىراق، مەن رۇسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن لوپ كۆلىنىلا تەكشۈرگىلى چىق-قاچقا، — پرژېۋالىسكىي ئالدىنقى قېتىمدىكى گېپىنى يەنە تەكرار-لىدى، — ھەربىي ئىشلارغا دائىر چوڭ خەۋەرنى ئاڭلىمىدىم، — دېدى.

ئەھرارخان پرژېۋالىسكىيغا قاراپ قويۇپ قاتتىق يۆتىلىپ قويدى.

ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بايانبەگ كۆرۈندى. پرژېۋالىس-كىي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۆيدىن چىقىپ بەش قەدەم مېڭىشىغا، ئىشىكنىڭ قاتتىق يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى...

ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەت بولغان كۈنى چۈشتىن باشلاپلا بۇلارنىڭ تامىقى خۇددى باشلىمى ئېتىۋېتىلگەن ئېرىق سۈيى لەپپىد-دە پەسلەپ كەتكەندەك، بىراقلا ناچارلاپ كەتكەنىدى. بۈگۈنكى سۆھبەتتىن كېيىن، قۇرۇق چاي بىلەن نانغىلا قالدى. نـان

www.uyghurkitap.com

غاجىلاپ يەنە بەش كۈن ئۆتتى .

— تاماقىڭغۇ كارى چاغلىق ، ئالدىنقى كۈنلەردە يېگەنلىرىمىزنى كۆشىسەكمۇ خېلى كۈنگە چىدايمىز ، ئەمما بىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويارمىكىن ، دەپ ئەنسىرەيمەن ، — دېدى ئىۋان كوزمىچ .

— بىزنىڭ لوپ كۆلىگە بېرىشتا كورلىدىن ئۆتىدىغانلىقىمىزنى ، مۇشۇ چاغدا ياقۇپبەگنىڭ كورلىدا ئىكەنلىكىنى گوبېرناتور فون .كائوفمانمۇ ، غۇلجا گارنىزونىنىڭ قوماندانى گېنېرال كولپاكوۋسكىيمۇ بىلىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا بۇلار بىزگە زىيانكەشلىك قىلىشقا پېتىنالمايدۇ ، — دېدى پرژېۋالىسكىي .

— بۇ ئەھۋاللارنى بۇلار بىلمەمدىغاندۇ ؟ — ئىۋان كوزمىچ سورىدى .

— مېنىڭچە بىلىدۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇ كۈنى مەن ئۆيدىن چىقىدىغاندا ، بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئاتايتەن پۇرىتىپ قويدۇم .

يەنە ئون كۈن ئۆتتى . ياقۇپبەگنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى پاسونىدا كىيىنگەن ، ئېگىز بوي ، قىسقا بۇرۇت قويۇپ ، ساقىلىنى پاكىز قىردۇرغان ، كېلىشكەن بىر ئادەم چېدىرغا كىرىپ كەلدى .

— ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي . ئىسمىم زامانخان ، — دېدى ھېلىقى كىشى ئوچۇق چىراي ئېچىپ ، — قەشقەردىن ئەتىگەن كېلىپ سىلەرنىڭ بارلىقىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم . بەزى مۇھىم ئىشلار بىلەن بولۇپ ئەمدى كىرىشىم . ئەتە سەھەر لوپقا قاراپ يولغا چىقىسىلەر ، تەييارلىقىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار ، — دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى .

## 6

رۇسىيىنىڭ چوڭ بىر ھەربىي ئەلچىلەر ئۆمىكى تۈركىستان ئارقىلىق قەشقەرگە كەلمەكچىكەن ، دېگەن خەۋەر ، مانجۇ قوشۇنلىرى قۇمۇلدىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە قىستاپ كېلىۋاتقان چاغدىن باش-

لاپلا چىرايى تۇتۇلۇپ ، ھەدېسىلا ئانچىكى ئىشتىمۇ يېقىنلىرىغا
شالىنى چاچىدىغان بولۇپ قالغان ياقۇپبەگنىڭ ئۇمىدسىز مۇز
چىرايىدا سۇس بولسىمۇ ئۈمىد شولىسى پەيدا قىلدى . ئەلچىلەر
كېلىشتىن بۇرۇن ئىچكى قىسىمدىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋې-
لىش مۇھىم ئىدى . قەشقەرگە مەسئۇل بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوتتۇ-
رانچى ئوغلى بەگقۇلبەگنىڭ بۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن
چىقالىشىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى . ئۇنىڭدىكى سەۋرسىزلىك ، يېنىك-
لىك ياقۇپبەگنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپلا تۇراتتى . شۇڭا بۇ ئىشقا
يارامىلىق بىر ئادەمنى ئەۋەتمىسە بولمايتتى . ئۇنىڭغا ھازىر ئىشنى
بۇزۇپ قويىدىغان ئەمەس ، بۇزۇلغاننى تۈزەيدىغان ، يىراقنى يېقىن-
لاشتۇرالايدىغان ئادەم كېرەك . ئۇ يېقىنلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆز
ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ ، تاسقاپ - دەڭسەپ بېقىپ
ئاخىرى يەنىلا زامانخاننى لايىق تاپتى .
زامانخان كافكازلىق بولۇپ ، رۇسىيىدە ئوقۇغان ، تۈركىيە-
گىمۇ بارغان ، شەھەر كۆرگەن ، جىق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈز-
گەن ، نەزەر دائىرىسى كەڭ ، بىلىملىك ئادەم ئىدى . ئىنگلىزلار
بىلەن ئانچە خۇشى يوق ، رۇسلارغا مايىلراق ئىدى .
— ئىنگلىز تۆگىلەر[1] دىن بىرگە كەلگىنى ھېلىقىدەك . «يى-
راقتىكى تۇغقاننىڭ كۆلگىنىدىن ، يېقىندىكى قوشنىنىڭ قاراپ
قويغىنى ئەلا » دەيدىغان گەپ بار ئىكەن . بارغاندىن كېيىن ئىش-
لارنى ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇپ تېزرەك قايتىپ كې-
لەرسىز ، — دېدى ياقۇپبەگ ، زامانخاننى قوبۇلخانىسىغا ئايرىم
چاقىرتقۇزۇپ ، ئاندىن ئىككىسىلا بىلىدىغان بەزى ئىشلارنىمۇ ئالا-
ھىدە تاپىلىدى .
زامانخان تۇنۇگۇن كەچ كورلىغا قايتىپ كېلىپ ئەھرارخاندىن
پرژېۋالىسكىيلار توغرۇلۇق گەپلەرنى ئاڭلاپ ، «ھىم » دەپ لېۋىنى
چىشلىدى ، بۇ ئىشنى دەرھال تۈزەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس

[1] بۇ يەردە ياقۇپبەگ ئىنگلىزلارنى بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرمىدى ، قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالدى ، دەپ كەينىگە سىيىدىغان تۆگىگە ئوخشاتقان .

قىلدى . قانداق تۈزتىش ئۈستىدە ئەھرارخان بىلەن مەسلىھەتلەش-
كەن بىكار ئىدى . بۇ ئادەمنىڭ ھە دېسىلا تۆرىلىكىنى پەش قىلىدى-
غانلىقى ، «پۈتۈن جەمەتىمىزنىڭ تۆرىلىك ئورنىنى رۇسلار يوق
قىلىۋەتتى» ، دەپ ۋايساپلا يۈرۈيدىغانلىقى زامانخانغىمۇ ئايان
ئىدى .

ئۇ بۈگۈن بامداتتىن يېنىپلا ياقۇپبەگنىڭ خاس قوبۇلخانىسىغا
كىردى . بۇ قوبۇلخانىمۇ ئۆنىڭ «ئوردا چېدىرى»دەك ھەشەمەتلىك
ئىدى . ياقۇپبەگ بارغان - تۇرغانلا يېرىدە بامدات نامىزىدىن كېيىن
ئەتىگەنلىك تاماقىچە تۈنۈگۈنكى ، ئالدىنقى كۈنلەردىكى ئىشلاردىن
ۋاقىپلىنىپ ، ئەتىكى ، كېيىنكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئا-
دەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى . بۇ ئادەتنى ئۆنىڭغا ئۆزى كۆتكىنىدىنىمۇ
ئارتۇق ئۆنۈم بەرگەنىدى . سوپى - ئىشان ، خەلىپەملەر ،
ئاخۇن - مولللار ياقۇپبەگنى «تەقۋادار مۇسۇلمان»لىقتا بەس -
بەستە ماختىشىپ ، جىمى مۇسۇلمان پۇقرالارنىڭ ئۆنىڭغا بولغان
ئىخلاسمەنلىكىنى ئاشۇرغانىدى .

— قەشقەردىكى ھەم كورلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئورۇن-
لارنىڭمۇ ئىشلىرى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ ، — دېدى ياقۇپبەگ
زامانخاننىڭ مەلۇمات بايانىنى ئاڭلاپ .

— مەن بىر ئىشتىن سەل خاتىرجەمسىزلىنىۋاتىمەن .

— قايسى ئىشتىن ؟ ! — ياقۇپبەگ ئىتتىك زامانخانغا
قارىدى .

— پرژىۋالىسكىيلار توغرىلۇق ئاخشام ئەھرارخاندىن ئاڭلى-
دىم . ئۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر بولسىمۇ ، يەنىلا رۇسىيە
ھەربىيسى ، رۇسىيە ئوفىتسېرى . بىز ئاز كۆندە كۆتۈۋالىدىغان
رۇسىيە ھەربىي ئەلچىلەر ئۆمىكى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قالسا ،
ياكى سورۇشتۇرۇپ قالسا ، قانداق بولار . بىز رۇسىيە تەرەپكە
قويىدىغان تەلەپلىرىمىزنى ھەربىي ئەلچىلەر ئۆمىكىگە دېسەك بولى-
دۇ . مېنىڭچە ، بۇلارنى ئەتىلا ئۆز يولىغا سىلىقۋېتەيلىمىكىن ، —
دېدى زامانخان .

ياقۇپبەگ يېتىم بارمىقىغا سېلىنغان تاۋۇز ئۇرۇقچىلىك مۆھرىنى يەنە بىر قولىنىڭ بارمىقى بىلەن چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىرەر ئىش ئۈستىدە قارار چىقىرالماي بېشى قاتقاندا شۇنداق قىلاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ يېنىدا ئولتۇرۇ-ۋېلىشقا بولمايتتى، يالغۇز قېلىشنى خالايتتى. زامانخان ئاستا چىقىپ كەتتى. ياقۇپبەگ ئۆزى ئېغىز ئاچمىغۇچە، «قانداق بول-دى» ياكى «قانداق قىلىمىز» دەپ سوراشقا بولمايتتى، بۇنداق قىلغاننى بەك ئېغىر ئالاتتى.

چۈشتىن كېيىن بايانبەگ كېلىپ زامانخانغا ياقۇپبەگنىڭ ئۇنى ئۆزىنىڭ چېدىرىغا چاقىرتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

— دانىشمەن دېگەن دانىشمەن-دە، ھېلىمۇ ياخشى ۋاقتىدا كېپسىز. ئەھرارنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇلارنى: «نەدىن كەلگەن بولساڭ، شۇ يەرگە كېتىش» دەپ ئارقىسىغا قايتۇرۇۋەتكىلى تاس قاپتىمەن، — زامانخان چېدىرغا كىرىشىگە ياقۇپبەگ چوڭ بىر بالا-قازادىن قۇتۇلۇپ قالغاندەك كەيپى چاغ ھالەتتە سۆزلەپ كەتتى، — سىزنىڭچە بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟

— ئۇلار بۇگۈن يول تەييارلىقىنى قىلىۋالسۇن، ئەتە ئەتىگەن-لىك تاماقتىن كېيىنلا يولغا ماڭدۇرۇۋېتەيلى.

— بولىدۇ. بۇ ئىشنى ئۆزىڭىز ئورۇنلاشتۇرۇڭ. بولسا ئۇ-لارنى لوپ-كۆنچىگە ئۆزىڭىز بىر تۇركۇم ئادەملەر بىلەن ئاپىرىپ قويسىڭىز قانداق بولار؟

— جانابىڭىزنىڭ دېگىنىدەك قىلاي، — زامانخان ئىچىدە: «ئەمدى ئۇلارنىڭ ئامانلىقىغا تولۇق مەسئۇل بولغان قىياپەتكە كىرىۋالغىنىنى» دەپ كۈلدى.

— مېنى تېخىچە زۇكامدىن ياخشى بولالماپتۇ دەپ قويار-سىز، — دېدى سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا ياقۇپبەگ.

پىرژېۋالسكىيلار ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ كېتىشتى. بۇگۈن ئۇلار خۇشال، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئەتىگەنلىك تاماقتىچە ھەممە تەييارلىقلىرىنى تەق قىلىپ قويۇشتى. ئەتىگەنلىك تامىقى

خۇددى تۇنجى كۈنى چۈشلۈكىگە بەرگەن زىياپەت تامىقىدەك مول ، يەمسەن ، ياق بولدى .

— بۇلار بىزنى تۇرۇپلا چوڭ بىلىپ قالدىغۇ ، «بىر بالاسى بولمىسا ، قۇيرۇق ياتامدۇ تاشتا» دېگەندەك بىر ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە ، — دېدى ئۇۋان كوزمىچ .

باشقىلار كۈلۈشۈپ تۇرغاندا ، چېدىرغا زامانخان كىردى .

— قېنى ، تەييار بولدۇڭلارمۇ ، ئاتلىنايلى .

پرژېۋالسكىي تەئەججۈپ بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ دېدى :

— نەگە ئاتلىنىمىز ؟ !

زامانخان ھەجىيىپ تۇرۇپ ، پرژېۋالسكىيدىن :

— سىلەر نەگە بارماقچىدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى .

— لوپقا ، لوپ كۆلىگە .

— مەنمۇ شۇ يەرگە ئاتلىنىشنى دەۋاتىمەن . مەن سىلەرنى لوپ - كۆنچىگىچە قوغداپ ئاپىرىپ قويۇپ يانىمەن .

— بىز چوڭ يول بىلەن ئەمەس ، كۆنچى دەرياسىنى ياقىلاپ ماڭساقمىكىن ، دەپ ئويلاشقان .

— بولىدۇ . سىلەر دېگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ، ماڭىدىغان يولۇڭلارنى ئۆزۈڭلار تاللىۋالساڭلار بولىدۇ ، بۇنىڭغا بىز ئارىلاشمايمىز .

زامانخاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پرژېۋالسكىيلارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى . ھەرقايسىسى قول قولىغا تەگمەي ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى . زامانخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىرنەچچە ئادەم كېلىپ ئۇلارنىڭ يۈك يىغىشتۇرۇش ، ئاتقا ئارتىشلىرىغا ياردەملەشتى . پرژېۋالسكىيلار زامانخاننىڭ نەچچە ئون كىشىلىك مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوغدىلىپ ، توپتېرەك مەھەللىسىدىن كورلىنىڭ كونا شەھەر تەرەپكە كۆنچى دەرياسىنى ياقىلاپ ماڭغىلى يۈرۈپ كەتتى .

توپتېرەكلىكنىڭ نېرىقى چېتىدە ، يالغۇز بىر توپ قارا تېرەكنىڭ تۈۋىدە ، ئەھرارخان چۈشىن يەۋالغاندەك چىرايى ئۈمسە ، تاتار-

غان ھالەتتە زامانخان باشلىق بىر توپ نۆكەر ئوتتۇرىسىدا دەبدەبە بىلەن كېتىۋاتقان پرژېۋالىسكىيلارغا ئەلەملىك قاراپ تۇراتتى .

كورلىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان كۆنچى دەرياسى ئەللىك مېتىرچە كەڭلىكتە بولۇپ، سۇ ئۇلۇغ، ئىتتىك ئاقاتتى . ئۇلار تار، ئاددىي ياغاچ كۆۋرۈكتىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشتى . كونا شەھەر ئىچى ئايلاندۇرۇپ سېپىل بىلەن مۇداپىئەگە ئېلىنغان بولۇپ، تۆت تەرىپىدە تۆت قوۋۇق بار ئىدى . كۆۋرۈكنىڭ دەل ئۇدۇلىدىكى قوۋۇق شىمالغا — توپتېرەككە بارىدىغان يولدىكى قورغانغا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . لوپ — كۆنچىگە سېپىلنىڭ تۆۋەن دەرۋازىسىدىن چىقىپ مېڭىلاتتى . پرژېۋالىسكىيلار دەريا بىلەن سېپىل ئارىلىقىدىكى تار يول بىلەن غەربكە — قوشئېرىق تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

## 7

پرژېۋالىسكىي كۆنچى دەرياسىنىڭ تارىم دەرياسى بىلەن پاراللېل بولۇپ ئاققۇچە بولغان يۇقىرى ئېقىن ئەھۋالىنى، كېسىپ ياكى يانداپ ئۆتىدىغان يېزا - مەھەللە، ۋادىلارنى تەپسىلىي بولمىسىمۇ بىرقۇر ئىگىلەپ ماڭماق بولغانىدى . شۇڭا زامانخاننىڭ ئادەملىرى ئىچىدىكى بۇ ئەتراپىنى بىلىدىغان بىرىنى ئۆزىگە ياندىۋېلىپ، پات - پات بىرنېمىلەرنى سوراپ ماڭاتتى ۋە ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قاتتىق تاشلىق چوڭ بىر دەپتەرگە ئۆزى بىلىدىغان شەرتلىك بەلگىلەرنى قوياتتى، سىزاتتى، يازاتتى . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۆز ئىشىغا قانچىلىك بېرىلىدىغان ئەستايىدىللىقىنى قىياس قىلىشقا بولاتتى .

نىكولاي مىخايلوۋىچ پرژېۋالىسكىي ئۆسمۈر چېغىدا تاغىسىنىڭ تەسىرىدە ئوۋچىلىققا قىزىقىپ قالغانىدى . بۇ ئۇنىڭ كېيىن سىبىرىيە ۋە ئاندىن موڭغۇلىيىگە قىلغان تەكشۈرۈش، ئېكسپېدىت-

سىيدە قۇشلارنى ، ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ئەۋرىشكە يىغىشىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانىدى .

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا تارىخ ، جۇغراپىيىگە قىزىقىپ قالىدۇ . ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىمۇ ھەربىي ئىشلار بىلىملىرىگە قىزىقماي ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تارىخ ، جۇغراپىيىگە بېرىلىپ ، شۇنىڭغا دائىر كىتابلارنىلا ئوقۇيدۇ . سىمىنوف ۋە باشقا ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيىگە دائىر كىتاب ـ خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ ، بۇ ساھەگە ئىشتىياق باغلاپ قالىدۇ . كېيىنچە چوقان ۋەلىخانوفنىڭ «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن لوپ كۆلى ، تەكلىماكان توغرۇلۇق ئانچە ـ مۇنچە ئۇچۇرغا ئىگە بولىدۇ ـ دە ، رىۋايەتتە تەرىپلىنىدىغانىدەك بۇ سىرلىق ماكانغا قىزىقىپلا قالىدۇ . مۇشۇ ماكانغا دائىر قەدىمكى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ كىتابلىرىنى يىغىدۇ ، ئوقۇيدۇ . ئۇ ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسىنىڭ تەكلىماكان تەسۋىرلەنگەن قىسمىنى نەچچە قېتىم ئوقۇغىنىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەس .

پىرژېۋالىسكىي بىر كۈنى بازار ئارىلاپ يۈرۈپ ، كونا بۇيۇملارنى ساتىدىغان بىر يايمىچى ئالدىدا مۇقاۋىسىغا چوڭ قىلىپ «جۇغراپىيە» دەپ يېزىلغان بىر كونا كىتابنى كۆرۈپ قالىدۇ ـ دە ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە دېيىلگىنىنى سوراپمۇ تۇرماي «جۇغراپىيە» دېيىلگەنىگىلا قىزىقىپ ، كىتابنى باھا تالاشماي يايمىچىنىڭ دېگىنىنى بېرىپ سېتىۋالىدۇ . بۇ ، قەدىمكى يۇنان ئالىمى پىتولمىنىڭ مەشھۇر كىتابى ئىدى . ئۇ ياتىقىغا كېلىدۇ ـ دە ، كىتابنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ . كىتاب ئىچىدە ئۇنىڭغا «ئويغارداس دەرياسى» ، «ئويغارلار» دېگەن ئىسىم ئۇچرايدۇ . دۇنيانىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىنى ئېچىپ قارايدۇ ، ئەمما خەرىتىدىن «ئويغارداس» دەپ ئاتىلىدىغان دەريانى زادى ئۇچراتمايدۇ . «ئويغارداس دەرياسى نەدىكى ، قانداق دەريا ؟» پىرژېۋالىسكىي ئۆزىدىن سورايدۇ .

ئۇ ئۆزىنىڭ سوئالىغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن يەنە كىتابلارغا

مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇ بىر خاتىرىدىن ئەنگلىيە ئالىمى ھېنرى ژيولىنىڭ «ئويغارداس دەرياسى تارىم دەرياسىنى، بۇ دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمكى خەلق ئويغارلار بولسا، دەل ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن ئۇزۇندىسىنى كۆرۈپ قالىدۇ. پرژىۋالىسكىي گۆھەر تېپىۋالغاندەك ئۆزىدىگە ئۆزى پىچىرلاپ دەيدۇ: «ئويغارداس دەرياسى — تارىم دەرياسى، ئويغارلار — ئۇيغۇرلار!»

ئۇ يەنە يەر شارىنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىگە قايتا - قايتا سىنچىلاپ قاراپ شۇنى سەزدىكى، يەر شارىنىڭ كۆپ جايلىرى تەكشۈرۈلۈپ خەرىتىسى سىزىلغان بولسىمۇ، يەنە بەزى، ئايرىم جايلارنىڭ، ئالايلۇق شىنجاڭنىڭ تەكلىماكان قىسمى، تارىم دەرياسى بىلەن لوپ كۆلىنىڭ ئورنى ھەرقايسى جايلارنىڭ خەرىتىلىرىدە ھەر خىل كۆرسىتىلگەنىدى. جۇڭگو خەرىتىلىرى بىلەن باشقا دۆلەتلەر باسقان خەرىتىلەردە پەرق خېلى بار ئىدى.

ئۇ ئويغارداس دەرياسىنى، ئويغارلار ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتىنى، بولۇپمۇ لوپ كۆلىنى تەكشۈرۈپ، دۇنيا جۇغراپىيىسىدىكى بۇ ئېنىقسىز رايوننى جۇغراپىيە نۇقتىسىدىن ئېنىقلاپ دەلىللەپ چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

بۈگۈن كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ قىلغان بۇ سەپىرى، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى بولۇپ، تارىم — تەكلىماكانغا قىلىۋاتقان تۇنجى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

پرژىۋالىسكىي شەھەر سېپىلىدىن ئازراق ئۇزىغاندىن كېيىنلا، بۇلۇتلۇق ئاسماندەك ئېچىلماي كېلىۋاتقان كۆڭلى ئاپتاپلىق كۈندەك پاللىدە ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزلىرىنى چېلبۆرىلەرنىڭ قورشاۋ - بەندىدىن قۇتۇلغىنىغا، راستىنلا تەكلىماكانغا كېتىۋاتقىنىغا ھەقىقىي ئىشەنگەنىدى. زامانخانىنىڭ پرژىۋالىسكىيغا ياندىشىپ كېتىۋاتقان ھەمراھى ئوبۇل ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، ھەربىر مەھەللە، دەريانىڭ ھەربىر دوقمۇشلىرىغىچە تەپسى-

لمي تونۇشتۇرۇپ مېڭىۋاتاتتى . پرورژېۋالىسكىي ئۇنىڭ ئاغزىدىن : «باشئەگىم دەرياسى» ، «كۆنچى مەھەللىسى» ، «ئاپاق خوجام مازىرى» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ ، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە قىزىقىپ قالدى .

سېپىلنىڭ جەنۇبقا بۇرالغان توقسان گرادۇسلۇق دوقمۇشىدىكى نۇقتىسىدىن ئۆتۈپلا كۆن ، چەم پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كاسىپلار مەھەللىسىگە كەلگەندە ، ئوبۇلدىن مەھەللىنىڭ «كۆنچى مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئېكسپېدىتسىيەچىلىك كەسپىي نۇقتىسىدىن بۇ ئىسمىغا قىزىقىپ قالدى . ئوبۇلنىڭ ئېيتىشىچە ، دەريا باشئەگىم جىلغىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىدىكى توپىتېرەك ئەتراپىغا كەلگۈچە باشئەگىم دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن . ئۇنىڭ تۆۋىنىدىن باشلاپ «كۆنچى دەرياسى» دەپ ئاتالسا ، ئۇنداقتا دەريا نامى مەھەللىگە سىڭگەنمۇ ياكى مەھەللە نامى دەرياغا ئۆتكەنمۇ ؟ پرژېۋالىسكىي ئاتتىن چۈشۈپ ، تاشلىۋېتىلگەن ئىسلاش ئوچاقلىرىنى ، بەزى كونا ئۆيلەرنىڭ ياغاچ ، كېسەكلىرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ ، ئۇزاق يىل ئىشلىتىلىپ ئىسقا تويۇنۇپ ۋە پىشىپ چويۇندەك قاتتىق بولۇپ كەتكەن ئىسلاش ئوچاقلىرىنىڭ مورىسىغا قاراپ ، بۇ مەھەللىنىڭ خېلى ئۇزاق تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى . بىرەر جاي ، بىرەر نەرسىنىڭ نامى مۇنداقلا قويۇلۇپ قالمايدۇ . ئۇنىڭ مەلۇم سەۋەب ، ئاساسى بولىدۇ . «ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق» دېگەن مۇشۇ . مەھەللىگە مەخسۇس شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن مەھەللە كەسىپ نامى بىلەن «كۆنچى مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىپتۇ . دەرياچۇ ؟ پرژېۋالىسكىي ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى : دەريا مۇشۇ مەھەللىنى ياناپ ئاققاچقا ، مەھەللە نامى دەرياغا سىڭىپ «كۆنچى دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان . پرژېۋالىسكىي ئۆز خۇلاسىسىدىن سۆيۈنۈپ خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازدى : كۆنچى دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى كۆنچى مەھەللىسى ، ئۇنىڭ

يۇقىرىسى باشئەگىم دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ . مەن كۆنچى دەرياسىنى تەكشۈرۈشۈمنى تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ ، دەل ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىن ، دولان تۇغدىن[1] باشلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم .

— «ئاپاق خوجا مازىرى» دېگەن نام قانداق پەيدا بولۇپ قالغان ؟ — پرژېۋالىسكىي ئوبۇلدىن سورىدى . ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ قەشقەردە ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلەتتى .

ئوبۇل كورلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولغاچقا ، كورلىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە بىلەتتى . ئۇۋچى ئاتىسىغا ئەگىشىپ كۆپ يەرلەرگە بارغان ، ئاتىسىدىن ھەم باشقىلاردىنمۇ ھېكايە - چۆچەك ، رىۋايەتلەرنى جىق ئاڭلىغان . تولا ئاڭلاپ قۇلىقى ، ئۆزىمۇ ئېيتىپ ئاغزى گەپكە پىشىپ كەتكەنىدى . شۇڭا كىشىلەر ئۇنى : «ئوبۇل گەپچى »مۇ دەيتتى .

— ئاتىلىق غازى سوپى - ئىشانلارغا بەك ئىخلاسمەن بولغاچقا ، ھەر قېتىم كورلىغا كەلگەندە ئۆزى بىلەن بىللە يۈزدەك سوپى - ئىشانىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ ئىستىقامەت قىلىشىغا بىر مازار ياسىتىپ ، ئۇنىڭغا «ئاپاق خوجام مازىرى» دەپ نام قويۇپ بەرگەنىدى ، — دېدى ئوبۇل .

— كورلا دېگەن نامچۇ ؟ بۇ سۆز يەككە تۇرغاندا ، مەنىسى باشقىچە ئىكەن ، بۇ نام قانداق قويۇلۇپ قالغان بولغىيدى ؟

— كورلا دېگەن سۆزمۇ ؟ — ئوبۇل باشقىچە بىر ئىپادىدە كۈلۈپ قويدى ، — بۇ نامنىڭ قويۇلۇپ قېلىشىمۇ ئاپاق خوجا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن ، — ئۇ گېپىگە رىۋايەت تۈسى بېرىپ بايان قىلىشقا باشلىدى ، — چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە ، يۇرتىمىزنىڭ ئىسمى ئەسلىي «كويلا» دەپ ئاتىلاتتىكەن . باشئەگىم دەرياسى تاغ

---

[1] مانجۇ ھاكىمىيىتى 1750 - يىللاردا خوجىلار يىغىلىقىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن ، كورلىغا جەنۇبىي شىنجاڭدىن بىر تۈركۈم دولانلىقلارنى كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ قوشئېرىق تەرەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۇلارغا كۆنچى مەھەللىسىنىڭ سەل تۆۋىنىدىن ، دەريادىن باشلاپ ئېلىپ تۇغ باغلىغان . ئۆستەڭ قوشئېرىق ئۆستىڭى ، دولان ئۆستىڭى دەپمۇ ئاتالغان . ئۆستەڭگە سۇ ئالغان تۇغ «دولان تۇغ» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان .

ئېغىزىدىن چىققاندا ، پەسكە خۇددى سۇ تۈگمەننىڭ نوسىدىن ئاقئاـ
دەك شىددەت بىلەن ئىنتايىن تېز ئاقىدۇ . مۇشۇنىڭغا قاراپ كويىـ
لا[1] دەپ ئاتاپتىكەن . ئاپاق خوجا كورلىغا كەلگەندە ، ئۆزىنى «مەن
سەئىد ئەۋلادى ئەۋلىيا خوجا[2] »دەپ تولا ماختىنىپتۇ . كورلىنىڭ
ئىشان ـ خوجا ، سوپىلارغا ئانچە ۋاي دەپ كەتمەيدىغان
موللا ـ مۇتەۋەللىلىرى ئۇنىڭ ئەۋلىيالىقىدىن گۇمانلىنىپ سىناپ
كۆرمەك بولۇشۇپتۇ . بىر كۈنى ئۇنى مېھمانغا چاقىرىپ
ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ ، ئالدىغا چوڭ ـ
چوڭ بىرنەچچە پارچە گۆش بېسىلغان پولۇ ئەكىلىپ ، ئۇنى ئاشقا
قول سوزۇپ بىرىشكە تەكلىپ قىپتۇ . ئاپاق خوجا گۆشكە قاراپ
خىيال باسقاندەك ئولتۇرۇپ كېتىپ : «يا خۇدانىڭ جانىۋارى ! »
دەپ ئاش ئۈستىدىكى گۆشنى شۇنداق بىر سىلاپتىكەن ، بىر پارچە
گۆش شۇئان مۈشۈككە ئايلىنىپ ، مىياۋلىغىنىچە يۈگۈرۈپ ئۆيدىن
چىقىپ كېتىپتۇ . ئاپاق خوجا : «مەندەك بىر سەئىد ئەۋلادى
پىر ـ ئەۋلىيانى تونۇشمىدىڭ ، شەك كەلتۈرۈشتۈڭ ، كۆزلىرىڭ
كور ئىكەن ، يۇرتۇڭ كويلا ئەمەس ، يۇرتۇڭمۇ ، ئۆزلىرىڭمۇ كورلا
ئىكەنسىلەر » دەپتۇ ـ دە ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ . شۇنىڭدىن
كېيىن بۇ يۇرتنىڭ ئىسمى كورلا بولۇپ قالغانىكەن ، — ئوبول
گېپىنى تۈگىتىپ خىجىل بولۇۋاتقان سىياقتا پىرژىۋالىسكىيغا
قارى .

پىرژىۋالىسكىي بېشىنى ئىرغىتىپ كۈلۈپ كېتىپ :
— قىزىق گەپ ئىكەن . مەن سىزنىڭ گېپىڭىزدىكى ئاپاق خوجىـ
نىڭ ئەۋلىيالىق قىلىپ گۆشنى مۈشۈككە ئايلاندۇرۇۋەتكىنىگە

[1] كويلا — تۈگمەننىڭ نوسىدىن سۇ چۈشىدىغان چاقپەلەك ئاستىدىكى يەر «كويلا » دېيىلىدۇ .
[2] ئاپاق خوجا (ئىسمى ھىدايىتۇللا ) مەختۇم ئەزەم (ئەسلى ئىسمى خوجا ئەھمەد بىننى سەئىد جالالىدىن كاسانى )نىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەت ئىمىننىڭ نەۋرىسى ، يەنى خوجا يۈسۈپنىڭ بالىسى ، 1624 ـ يىلى تۇغۇلغان . ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمايىل خاننى ئاغدۇرۇۋېتىپ ئورنىغا ئۆزى «خان خوجا » بولۇش مەقسىتىدە ، 1677 ـ يىلى تىبەت لىخاسادىكى ئاۋاڭ لوساڭ جاسۇ ئىسىملىك 5 ـ دالاي لامانىڭ ئالدىغا ياردەم سوراپ بارغان . دالاي لاما تەخىرسىزلىك بىلەن جۇڭغارىيە خانى غالدانغا ئېلىپ بار ، دەپ قولىغا خەت تۇتقۇزغان . غالدان مەكتۇپنى كۆرۈپلا ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي سەئىدىيە خانلىقىغا ئەسكەر تارتىپ ، بۇ خانلىقنى مۇنقەرز قىلغان . ئاپاق خوجا قەشقەر ـ يەركەننىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان .

ئەمەس ، ئۇنىڭ ئەۋلىيالىقىغا گۇمانىي قاراپ سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلغان يۇرتلۇقلىرىڭغا قايىل بولۇپ قىزىقىۋاتىمەن . يارايسىلەر ، «مەن ئەۋلىيا» دەپ قويسا ، قارىقويۇق ئىشىنىپ ، ئەگىشىۋەرمەي ، سىناپ بېقىش كېرەك ، — دېدى .

— ئەگەر ئۇنىڭ قولىدىن گۆشنى تىرىك جانغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان كارامەت كېلىدىغان بولسا ، ئۆز تائىپىسىنى يوقىتىپ بېرىشكە باشقىلاردىن مەدەت تىلەپ يۈرمەستى ، — دېدى ئىۋان كوزمىچ .

ئوبۇل چۆچۈگەندەك ئىتتىك ئىۋانغا ، ئاندىن ئالاقزادە بولۇپ ئەتراپقا ، زامانخانغا قارىدى . ئۇ قورقۇپ جىددىيلىشىپ قالغانىدى .

زامانخان سەل نېرىدا مەھرەملىرى ئارىسىدا ئۆز پارىڭى بىلەن ئىدى . ئوزايىدىن ئىۋانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانىدى .

پرژىۋالىسكىي ئىۋان كوزمىچقا ئاچچىق ئالايدى ۋە جىددىي قىلىپ :

— ئاغزىمغا كەلدى دەپ كاپشۇۋەرمە ، ئۆزۈڭ نەدە تۇرۇۋاتىسەن ، — دېدى .

ئىۋان «ئاپلا» دېگەننى قىلىپ ، ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن ئەتتى…

دەريا تۆۋەن قوشئېرىقىچە ئۇدۇل غەربكە قاراپ ئېقىپ ، ئاندىن توقسان گرادۇس سولغا بۇرۇلۇپ جەنۇبقا قاراپ ئاقاتتى . دەريا بىردىنلا بەزىدە يېيىلىپ ، بەزىدە يىغىلىپ ئېقىن ھاسىل قىلاتتى . خېلى يىراقتا پارچە - پارچە كىچىك كۆللەر قۇياش نۇرىدا يالتىراپ كۆرۈنەتتى .

— بۇ يەرنى بوتاكۆل دەيدۇ ، — دېدى باياتىن زۇۋان سۈرمەي ، خىيالچان ئادەمدەك شۈكلەپ قالغان ئوبۇل ، پرژىۋالىسكىي ياندۇرمىلاپ سورىغاندەك كېيىن زورىغا ئېغىز ئېچىپ ، — بۇ كۆللەر ئارىسىدىكى بىر كۆلنىڭ شەكلى تۆگىگىلا ئوخشايدۇ . ئۇ ھەممىدىن كىچىك بولغاچقا ، تۆگىنىڭ بوتىلىقىغا ئوخشىتىپ ، كىشىلەر ئۇنى بوتاكۆل دەپ ئاتاشقان . كېيىنچە بوتاكۆل مۇشۇ

ئەتراپىنىڭ نامى بولۇپ قالغان .
بوتاكۆلدىن ئۆتۈپ پۇخۇيغا كەلگەندە ، دەريا شەرققە بۇرۇلۇپ
ئاقاتتى . مۇشۇ بۇرۇلۇشتىن باشلاپ دەريا بىرنەچچە تارامغا بۆلۈ-
نۈش بىلەن يەنە بۇ تاراملار ئۆزئارا كېسىشىپ ـ كىرىشىپ ئاقىقا-
نىدەك ئەگرى ـ بۈگرى ئەگىلىپ ئاجايىپ مۇرەككەپ ئېقىن ھالىتى-
نى شەكىللەندۈرگەنىدى .
پرژېۋالىسكىي ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىپ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ
بىر كۆزلۈك دۇربۇن بىلەن قاراپ :
— پاھ ، قايسى ئەگىم ـ دوقمۇش قايسى تارماق ئېقىننىڭ ،
بىلگىلى بولمايدىغانلا ئاجايىپ مۇرەككەپ ئېقىن مەنزىرىسىغۇ
بۇ ، — دېدى ۋە دەپتىرىگە بىرنېمىلەرنى يازدى ، سىز-
دى ، — ئوبول ، — ئۇ دۆڭدىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ سورى-
دى ، — بۇ يەرنىڭ نامىنىڭمۇ قويۇلۇپ قېلىش جەريانى باردۇ؟
ئوبول ئۆزىنىڭ پاراڭچىلىقىدىن ، ئىۋاننىڭ گېپىدىن چۆچۈپ
ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالغىنىنى ، قورقىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك
ھېكايە سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇ پرژېۋالىسكىينىڭ مۇشۇنداق سۆز-
لەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى .
— بۇرۇن بۇ يەردە ، — ئوبول گېپىنى باشلىدى ، — ئۇششاق
كۆل ، سازلىقلار كۆپ بولۇپ ، ھەر خىل قۇشلارنىڭ ماكانى ئىكەن-
دۇق . شۇ قۇشلار ئىچىدە بۇركۇتكە ئوخشايدىغان «پۇخۇي» دەپ
ئاتىلىدىغان بىر ئالغۇر قۇش بار ئىكەن . بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىللار
ئىلگىرى ئېلى ئىسىملىك قۇش ئوۋلايدىغان بىر ئادەم پۇخۇي دېگەن
قۇشنى تۇتۇۋېلىپ ، قۇشلارنى ئېلىشقا ئۆگىتىپتۇ . كىشىلەر ئۇ
ئادەمنى ئېلى پۇخۇي دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ . كېيىن بۇ ئادەمنىڭ
ئىسمى تاشلىنىپ قېلىپ ، ھېلىقى قۇشنىڭ ئىسمى مۇشۇ يەرنىڭ
نامى بولۇپ «پۇخۇي» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ .
— سەن جىق نەرسىنى بىلىدىكەنسەن . ئەگەر لوپ دالىسىنى-
مۇ مۇشۇنداق بىلىدىغان بولساڭ ، زامانخانغا دەپ سېنى گۇرۇپپى-
مىزغا قوشۇۋالساق بوپتىكەن .



www.uyghurkitap.com

— مەن بۇ تەرەپتە قومۇشقوتان ، قارىياگاقلارغىچىلا بارغان ، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقمىدىم ، بىلمەيمەن . قارىياگاقتىن ئۆتسىلا لوپقا كىرىپ كېتىدۇ . ئاڭلىشىمچە ، دەريا لوپ تەۋەسىگە ئۆتكەندە بىر ئېقىنغا يىغىلىدىكەن . سۇ ئورنى بەك پەس ، ئىككى قېشى ھەم تىك ، ھەم ياردەك ناھايىتى ئېگىزمىش . قارىياگاق دېگەن يەردە دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋالمىسا ، كۆنچىدىنمۇ ئۆتۈپ تاكى ئاقسۇپىغا بارغۇچە ئايرىلىقتا دەريادىن ئۆتكۈدەك كېچىك يوقمىش .

— ئۇ تەرەپكە ئۆتۈۋېلىش كېرەك ، — دېدى پرژېۋالىسكىي ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك ، قولىدىكى خەرىتىگە قاراپ تۇرۇپ ،— ئۇ تەرەپكە ئۆتۈۋالمىغاندا لوپ دالىسىغا — تەكلىماكانغا ئىچكىرىلەپ كىرگىلى بولمايدۇ .

## 8

ئېكسپېدىتسىيىچىلەر كۆن پېتىشقا ئاز قالغاندا قارىياگاققا كەلدى ، ئەمدى بىر كېچىك تېپىپ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈۋېلىش كېرەك . پرژېۋالىسكىي مۇشۇنىڭغا ئالدىرايتتى . لېكىن ، بۇلارنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل بولغان زامانخان بولسا ، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك ھازىرغىچە بىرەر تەكلىپ بېرىپ باقمىدى ياكى بىرەر ئىشقا ئارىلىشىپ باقمىدى . مانا ھازىر دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتەمدۇ ، بۇ قېتىدا قونۇپ قالامدۇ ، كارى يوقتەك ئىدى .

«ئۇ بىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىۋاتامدۇ ، نازارەت قىلىپمۇ ؟ — پرژېۋالىسكىي ئويلاپ قالدى ، — مۇھاپىزەت قىلىۋاتىدۇ دېسەك ، بۇ يەرگىچە بىرەر خەتەر تۇغۇل كىچىككىنە كاشىلىغىمۇ ئۇچرىمىدۇق ، بۇنچىۋالا ئادەم بىلەن قوغداپ مېڭىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوقكەن . نازارەت قىلىۋاتامدىكىن دېسە... » ئوبۇل پرژېۋالىسكىينىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى .

— ماۋۇ كېچىكتىن ئۆتسە بولىدىغاندەك قىلىدۇ. پرژىۋالىسكىي بىلەن ئۇۋان كوزمىچ ئوبۇل كۆرسەتكەن جايغا كەلدى. ئېقىننىڭ قىنى ئانچە كەڭ بولمىسىمۇ، ئېقىنغىچە بولغان ئازراق ئارىلىق يېكەن ئارىلاش پىچانلىق، سازلىق ئىدى.

— پېتىپ قالىدىغان ئىش بولماس - ھە، — دېدى ئۇۋان كوزمىچ.

— بىزغۇ تۆتلا ئادەم، مېنى دېسەڭلار، مەن سىبىرىيەنىڭ ھەر - ھەر سازلىقلىرىدىن ئۆتكەن، بۇ يەردىنمۇ ئۆتۈپ كېتەرمىز. ئەمما زامانخاننىڭ قىرىققا يېقىن ئادىمى قانداق قىلىدىكىن، — پرژىۋالىسكىي شۇنداق دەپلا زامانخاننىڭ يېنىغا كەتتى.

—… بىز ياقۇپبەگنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىمىز. بىز بۇلارتاكى لوپ كۆلى تەرەپكە كەتكۈچە بىللە ماڭىمىز، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭلار… — زامانخاننىڭ بۇ گەپلىرىنى پرژىۋالىسكىي ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئۇ تەرەپكە قاراپ گەپ قىلىۋاتقان بولغاچقا، پرژىۋالىسكىينىڭ يېقىنلاپ قالغىنىنى كۆرمىگەنىدى. بىر مەھرەم ئۇنىڭغا:

— ھېلىقى ئورۇس… — دەپ بېشى بىلەن ئىشارە قىلدى. ئۇ ئۆز تىلىدا ئۇيغۇرچە گەپ قىلغاچقا، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى پرژىۋالىسكىي بىلمىدى. زامانخان كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— ھە، بىرەر ئىش بولدىما؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا خۇدۇكسىرىگەندەك بىر خىل ئالامەت ئىپادىلەنگەندەك قىلاتتى.

— بۇ يەردە بىر سازلىق كېچىك بار ئىكەن. بىز مۇشۇ يەردىن ئۇ قاتقا ئۆتۈپ كەتمەك بولۇۋاتىمىز. سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟ — پرژىۋالىسكىي ھېچ گەپ ئاڭلىمىغاندەك قىياپەتتە زامانخاندىن سورىدى.

— ئۇ قاتقا ئۆتەمسىلەر؟

— كۆن ياتقۇچىلىك ئۆتۈپ كېتەيلى دەۋاتىمىز. بۇنىڭ تۆۋىنىگە قالساق سۇ ئورنى پەس، دەريا چوڭقۇر، ئىككى قاش تىك

ئىگىز ، ئۆتكىلى بولمىغۇدەك .
— بوپتۇ ، ئۆتسەك ئۆتەيلى .
زامانخاننىڭ سازلىقنى كۆرمەي تۇرۇپ بۇنداق ئۇزۇپ جاۋاب بەرگىنىدىن پرژىۋالىسكىي ئەجەبلىنىپ قالدى . «بۇ نېمە قىلماقچىدۇ ؟ »
پرژىۋالىسكىي سازلىقتىن ئۆتۈشتە تەجرىبىلىك ئىدى . ئادەملىرىگە بىرەر غۇلاچ ياغاچ ئېلىۋېلىپ ، ئاتلىرىنى يېتىلەپ ، ياغاچنى سازلىققا سانجىپ بېقىپ ، سەللا بوش بولسا ماڭماي ، باشقا يەردە مېڭىشنى تاپىلىدى . بۇ يەردە ئاتلىق ئادەمدىنمۇ ئېگىز يۇلغۇنلار جىق ئىدى .
پرژىۋالىسكىيلار ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان ئاتلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قاتارلىشىپ ماڭدى . زامانخاننىڭ ئادەملىرى بولسا ئېتىدىنمۇ چۈشمەي ئۇدۇل كەلگەن يەر بىلەن كالا پادىسىدەك مېڭىشتى . بۇلارنىڭ تەلىيىگە ئۇ قاتتىق سازلىققا بارغۇچە ھېچ ئىش ئۆتمىدى ، بەلكى زامانخاننىڭ ئون بەشتەك ئادىمى ئېتى بىلەن سۇنى شالاپلاتقىنىچە تېز - تېز مېڭىپ سازلىقتىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى . پرژىۋالىسكىيلار ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىشىگە ، زامانخاننىڭ ئۇ قاتتىق سازلىققا يېقىنلىشىپ قالغان بىر توپ ئادەملىرى ئارىسىدا : «ئۇنداق قىل... بۇنداق قىل... چاتاق بولدى... » دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى .
پرژىۋالىسكىي بىر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بەرگىنىنى سېزىپ ، سەن بېرىپ باق ، دېگەندەك قىلىپ ئىۋان كوزمىچقا ئىشارەت قىلدى . ئىۋان ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى پرژىۋالىسكىيغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، تۇرمەكلەپ ئېگەرگە ئارتىپ قويغان ئارغامچىنى مۈرىسىگە سالدى - دە ، ھېلىقى تەرەپكە ئىتتىك مېڭىپ كەتتى . سۇ چوڭقۇر ئەمەس ئىدى ، ئادەمنىڭ كىندىكىدىن سەل ئاشاتتى .
ئىۋان كوزمىچ كېلىپ كۆردىكى ، ئۈچ ئات پاتقاققا ئېگەرگىچە پاتقان ھالدا پۇشۇلداپ تۇراتتى . يېقىن كەلسەك بىزمۇ پېتىپ

www.uyghurkitap.com

قالىمىز دەپ قورقۇشتىمۇ ، بىر توپ ئاتلىق مەھرەملەر پىراقتا چۆرىدىشىپ تۇرۇپ ۋارقىرىشاتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زامانخانمۇ بار ئىدى .

— ئاۋۇلار ئېتىدىن چۈشسۇن ، — دېدى ئۇۋان كوزمىچ زامانخانغا ، ئېتى شۇ دەرىجىدە سازلىققا پېتىپ تۇرسىمۇ ئېتىدىن چۈشمەي تۇرغان مەھرەملەرنى كۆرسىتىپ .

زامانخان ئەمدى ئەقلىنى تاپقاندەك بولۇپ ، ھېلىقىلارغا قاراپ :

— ئاتتىن چۈشۈش ! — دەپ ۋارقىرىدى .

ھېلىقىلار ئاتلىرىدىن چۈشتى . ئاتلار ئۈستىدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر يۈكنىڭ يوقالغىنىدىن يېنىكلىك سەزگەن چې‐غى ، بايىقى ئېغىر پۇشۇلداشلىرى سەل بوشىدى .

ھېلىقى ئۈچ مەھرەم نېمە قىلارىنى بىلمەي ، باشقىلاردىن ياردەم تىلىگەندەك ئەتراپىغا قاراپ تۇراتتى .

ئىۋان كوزمىچ ئىچىدە : «نان قېپى لەقۋالار» دېدى ـ دە ، ئالدىدا تۇرغان ئاتنىڭ يېنىغا كېلىپ مەھرەمنىڭ قولىدىن چۇلۇۋۇ‐رىنى ئالدى ، ئاتنىڭ بېشىنى سىلىدى ، ساغرىسىغا ئىككىنى شاپىـ‐لاقلاپ قويۇپ يان تەرەپكە تارتتى . ئات ئىككى قېتىم يۇلقۇنۇۋىدى ، ئالدى ئىككى پۇتى پاتقاقتىن چىقتى . بىرئاز تۇرۇۋېلىپ ئاتنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ تارتقۇىدى ، ئالدى پۇتىنى پېتىقتىن چىقىرى‐ۋالغان ئات ئانچە كۈچىمەيلا ئارقا پۇتلىرىنىمۇ پېتىقتىن چىقىرىۋالدى .

ئىۋان كوزمىچ زامانخانغا قاراپ بىرنېمىلەرنى دەپ قويۇپ ، ئۆز ئادەملىرى تەرەپكە ماڭدى . بۇ چاغدا ئۇلار سازلىقتىن ئۆتۈپ قۇرۇقلۇققا چىقىپ بولغانىدى . زامانخان ئىۋان كوزمىچنىڭ گېپىـ‐نى ئۆزىنىڭ قىلىپ ، مەھرەملىرىگە :

— پاتقاققا پېتىپ قالغان ئاتنى بايىقىدەك قىلىپ چىقىرىڭلار ، قالغان ھەممىڭلارمۇ ئاتتىن چۈشۈپ ، ئۇلار ماڭغان يەر بىلەن مېڭىڭلار ! — دەپ پەرمان قىلدى...

ئۈچ ئاتىنىڭ ئازراق ئاۋارىچىلىك كەلتۈرگىنىدىن باشقا ھېچقانداق ئىش بولمىدى. ئادەم، ئاتلارنىڭ ھەممىسى ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ بولدى. بۇ چاغدا قۇياش بىر كۈنلۈك يۈرۈشىنى تاماملاپ، ئۇپۇق ئارقىسىدىكى تۆشىكىگە يانپاشلاش ئالدىدا تۇراتتى. ھەرقايسى تەرەپ ئۆزلىرى بىر توپ بولۇپ چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ ئېلىۋالغان تەييار يېمەكلىكلىرى بىلەن تاماقلىنىشقا باشلىدى. زامانخانلار لوپ-كۆنچىگە بېرىپ-كېلىشكە يەتكۈدەك توقاچ، ئازراقتىن پىششىق گۆش ۋە قۇرۇتۇلغان ئىرىمچىك ئېلىۋېلىشقانىدى. زامانخان ناۋايلارغا دەپ پىرژىۋالىسكىيلار ئۈچۈن توقاچتىن كۆپرەك تەييارلىتىپ قويغانىدى، ھەممىسى توقاچنى سۇغا چىلاپ يېيىشتى. پىرژىۋالىسكىيلار توقاچنى سوغۇق سۇغا چىلاپ يېيىشنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بولغاچقا، توقاچنى بەكرەك يۇمشىغاي دەپ سۇغا ئۇزاقراق چىلاپ تۇرۇۋىدى، ياغلىق توقاچ سۇدا «ۋىژژىدە» ئېرىپ كېتىپ، قولىدا توقاچنىڭ سۇغا چىلاشمىغان ئازراق قىسمىلا قالدى. بۇنىڭغا ئابدۇللا كۈلۈپ كېتىۋىدى، نانىمۇ ئوڭشاپ يېيەلمىگىنىدىن ئۇلار ئۆزلىرىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

مۇشۇ چاغدا نېرىدىكى يېكەنلىكتىن بەش-ئالتە توڭگۇز چىقتى. ئۇلار بۇ بىر توپ ئادەمنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئىۋان كوزمىچ دۈمبىسىدىن ئالمايدىغان مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ توڭگۇزنى ئېتىشقا تەييارلاندى، ئابدۇللا:

— ئاتما! — دېدى.

— نېمىشقا؟ — ئىۋان كوزمىچ ھەيران قالغاندەك ئابدۇللاغا قارىدى، — بۇلار ياۋا توڭگۇزلارغۇ.

— ئاۋۇلارغا قارا، — ئابدۇللا زامانخانلار تۇرغان تەرەپنى كۆرسەتتى، — ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئەسكەرلەر. مۇسۇلمانلارغا ياۋا توڭگۇزمۇ، ئەمەسمۇ بەرىبىر ئوخشاش، سەن ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ يېسەڭ، پۇرىمامدۇ، — ئابدۇللا مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇپمۇ بۇ جەھەتتىكى ئېتىقادىنى، ئۆرپ-ئادىتىنى چۈشەندۈرۈپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

— بۇلارنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ قويغىنىڭ ، بىزنىڭ بىلىپ قالغىنىمىز بەك ياخشى بولدى . بولمىسا ، تاسلا قاپتىمىز چوڭ بىر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغىلى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپىرىمىزدىمۇ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز قىيىنچىلىق ، ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈۋالغىلى ، دىققەت قىلايلى ، دىققەت قىلايلى ، — دېدى پىرژىۋالىسكىي .

ھەرقايسىسى ئاتلىرىنى چۈشەپ كەڭ يايلاققا قويۇۋەتتى .

پىرژىۋالىسكىيلار ئۇنى دېيىشىپ ، بۇنى دېيىشىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى . زامانخاننىڭ ئادەملىرىمۇ دالا تۇرمۇشىغا كۆنۈك بولغاچقا ، قورۇق ، قومساقلىغۇ بىر تۆپىلىكنى تېپىپ قارىقويۇق ، خالىغان يېرىدە يېتىشىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى . پەقەت بىر كىشى — زامانخانلا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي ، ياقۇپبەگنىڭ جېكىلەشلىرىنى خىيال قىلىپ ياتاتتى .

پىرژىۋالىسكىيلارنى يولغا سالىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ياقۇپبەگ ئۇنى خاس چېدىرىغا چاقىرىپ سۆزلەشكەنىدى .

— بۇ ھاكاۋۇر ئورۇسلىرىن ھېچقانداق گەپ ئالالمىدۇق . ئۆزىنى ساياھەتچى دەۋالغىنى بىلەن كۆڭلىدە نېمە بار ، قىپچاق دەشتىدەك تەكلىماكان جەزىرىسىدە نېمىش قىلىدۇ ، بۇنى بىلمەيمىز . شۇڭا ئۇنىڭدىن بىر ئاماللاپ گەپ ئېلىپ بېقىش كېرەك . ئاغزىدىن گەپ ئالالمىساڭلار باشقا يولىنى قىلىڭلار . مەسىلەن ، ئۇلار بۇنچىۋالا جىق ساندۇقنى نېمە قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بار . ئۆز ئىختىيارىچە كۆرسەتمىسە ، كۆرستىشكە مەجبۇر قىلىڭلار ياكى پۇرسەت تېپىپ ئۆزۈڭلار ئېچىپ كۆرۈپ بېقىڭلار ، — دەپ ياقۇپبەگ قاتتىق تاپىلىغانىدى .

«قانداق قىلىش كېرەك ، ساندۇقلاردا نېمە بار ، دەپ سورايمۇ ؟ بۇنىڭ مېنىڭ ئىختىيارىمچە بولماي ، ياقۇپبەگنىڭ تاپىلىشى ئىكەنلىكىنى بىلسىغۇ ياخشى ، ئۇنداق بولمىسا ، بىزدىن گۇمانلىنىۋېتىپتۇ ، دەپ مەندىن كۆرۈپ قالسا ، قانداق قىلغۇلۇق ؟» زامانخان ئۇنداق ئويلىدى ، بۇنداق ئويلىدى . ھېچقايسىسى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى . «… ھېلىقى مەھرەملەر بىلەن

قىلىشقان مەسلىھەت بويىچە ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندا ساندۇقتىن ئىك-
كىنى ئەكىلىپ ئىچىپ كۆرۈپ باقساقلا بولىدۇ . ئۇقتۇرماي يەنە
جايىغا ئاپىرىپ قويساق ، ئۇلار ھېچنېمىنى بىلمەي قالىدۇ… »
زامانخاننىڭ مەيلىچە بولغاندا ، زىنھار بۇنداق قىلغۇسى يوق ئىدى ،
لېكىن مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدى . ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە
ئىشەنمەيدىغان ياقۇپبەگنىڭ مەھرەملەر ئارىسىدا زامانخاننى نازارەت
قىلىدىغان كۆز - قۇلاقلىرىدىن بىرنەچچىسى بار ئىدى . بۇلاردىن
ئىككىسىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ باش «كۆزەتچى» مىرزىسى بىلەن يوشۇ-
رۇن كۆرۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى چىلىقتۇرۇپ قالغانىدى . يولدا كې-
تىۋېتىپ ئەتەي شۇلار بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە پىكىرلەشكەنىدى .
زامانخاننىڭ كاللىسىغا بىر ئىش كېچىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

## 9

تۈن تەڭ يېرىمدىن ئۆتتى . ئىككى تەرەپ ئادەملىرى ئىچىدە
ئۈچ كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئاۋۋال ئاخشامدىلا : «ھېلىمۇ خۇدا-
يىم ئارام ئېلىشقا كېچىنى يارىتىپتىكەن» دېيىشىپ شېرىن ئۇيقۇغا
غەرق بولۇشقانىدى ، پەقەت ئۈچ كىشىلا ئۇخلىماي شېرىن چۈش
كۆرۈپ ياتاتتى . چۈشىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئارزۇ - ئارمان دالىسى
بىردىنلا ھۆپپىدە گۈل - چېچەكلەرگە پۈركىلىپ ، ئۆزى چىمەنلەر
ئىچىدە سەيلە قىلىپ يۈرگەن خان - خانزادىلەر سىياقىدا كۆرۈنەت-
تى ، يەنە تۇرۇپلا كۆكۈل بوستانى جۇدۇن سوققاندەك چۆلدەرەپ
قېلىپ ، ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە قاپلاپ شۈركۈنۈپ كېتەتتى . بۇ ئۈچ
كىشىنىڭ بىرى شېرىن چۈش ئىچىدە شېرىن ئارمانلارنى قىلاتتى .
«تۈيماي قالسا ، — دەيتتى ئۇ ، — ياقۇپبەگ ئالدىدا ماڭا ياخشى ،
ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈرىدىغان ئادىمىگە ئايلىنىپ ، تېخىمۇ
ئىشەنچىگە ، نەزىرىگە ئىلىنىمەن . ناۋادا بۇلار سېزىپ قالسا ، ئۇق-
مىغان بولۇۋالىمەن ، كۆسەي كۆيىدۇ . ‹كۆسەي ئۈزۈن بولسا ،
قول كۆيمەيدۇ › دېگەن ھېكمەتنى كىم ئىجاد قىلىۋىدىكىن . بۇنىڭ-

دىمۇ ياقۇپبەگكىمۇ يامان بولمايمەن ، بۇلارمۇ مەندىن گۇمان قىلمايدۇ» . قالغان ئىككىسىنىڭ شېرىن خىياللىرى بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى ، «قولغا چىققۇدەك بىرەر دەسمايىگە ئېرىشىپ قالساق ، ماۋۇ زامانخانغىمۇ ساپاق تېپىپ بەرگەن بولاتتۇق ، چوڭ بېگىمىز ئالدىدىمۇ تۆھپە ياراتقان بولۇپ ، يۈزبېشىلىك ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ قالساق ئەجەب ئەمەس» دېگەنلەرنى خام چۈشەپ ، بۇلارغا تىكىلىپ قارىشىۋاتقاندەك جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى تىللاپ يېتىشاتتى .

8 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بۈگۈنكى كېچىسى دەسلەپتە تەلەتى بوزىرىپ ، تۇرۇلىدىغان ئەلپازدا ئىدى ، تۈن يېرىملىشاي دېگەندە ئاسمان يۈزىگە كۆلكە يۈگۈرۈپ بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى . ئاسمان پەرىسى چۆرە - كېنىزەكلىرى بىلەن كېچە سەيلىسى قىلغاچ «تۈن چاشقانلىرى»نىڭ نېمە قىلىشىدىغانلىقىنى تاماشا قىلماقچىدەك ، زېمىن يۈزىگە ، تولاراق كۆنچى دەرياسىنىڭ مۇشۇ تۈزىگە تىكىلىپ تۇراتتى .

زامانخان شېرىن خىياللار ئىچىدە ئورنىدىن تۇردى . ئۇ ئۆزىنى ئاي ، يۇلتۇزلارغا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەن سىياقتا كۆرسەتمەكچىدەك ، ئىككى قولىنى كېرىپ چىغناپ قويدى ، ئاندىن پىرژىۋالسكىيلار ياتقان يەرگە قارىدى . ئۇلار ئېگىزرەك بىر يەرنى تاللاپ ياتقانىدى . قارىغاندا ئۇلار قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى . ئۇ ئۆزىدىن سەل نېرىدا ئېگەرنى بېشىغا قويۇپ ياتقان ئىككى مەھرەمنىڭ يېنىغا باردى ، بۇلارمۇ ئۇخلاۋاتقاندەك ئىدى . ئۇلارنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تۆۋەت بىلەن مۇرىسىدىن ئاستا تۇرتتى . خۇددى بىرسىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى كۈتۈپ ياتقاندەك ، ئىككى مەھرەم شۇئان بېشىنى كۆتۈرۈپ ، زامانخاننى كۆرۈپلا ئولتۇردى . زامانخان ئورنىدىن ئۆرە بولۇپ ، ئارقامدىن مېڭىڭلار دېگەن ئىشارىنى قىلىپ قويۇپ ئورنىغا قايتىپ كەلدى .

— ئادەم جىق بولسا ئىش بۇزۇلىدۇ ،— ئىككى مەھرەم يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، زامانخان ئۇلارغا ئىش

تاپىلىدى، — مەھرەملەردىن يەنە ئىككىنى باشلاپ بېرىپ، ساندۇقتىن ئىككىنى ئېلىپ كېلىپ ئېچىپ كۆرۈپ باقايلى.

— مۇشۇنداق ئاي يورۇقىدىما؟

— ئاي قاراڭغۇسى قاچان بولىدۇ، بۇ ئىشنى مۇشۇ كېچىلا قىلىۋالمىساق، كۆندۈزى قىلغىلى بولمايدۇ. ئەتە ئۇلار لوپ كۆلى تەرەپكە كېتىدۇ، بىز قالىمىز. بۇ ئىشنى مۇشۇ كېچىلا بېجىرىۋەتمىسەك، ئاتىلىق غازىمىزغا قانداق جاۋاب بېرىمىز، ئويلاپ بېقىڭلار.

زامانخاننىڭ تەكىتلەپ ئېيتقان كېيىنكى جۈملىسى كۈچىنى كۆرسەتتى. راست، بۇ ئىشنى قىلمىغاندا، ئاتىلىق غازىغا قانداق جاۋاب قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئويلىنىش كەتمەيدۇ.

— قېنى، بېرىڭلار.

ئىككى مەھرەم يوپيورۇق ئاسمانغا، ئاي ـ يۇلتۇزلارغا، ئاندىن پرژېۋالسكىيلار ياتقان تەرەپكە قاراپ قويۇپ، چەتتىرەك ياتقان ئىككى مەھرەمنى ئويغىتىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى ـ دە، پرژېۋالسكىيلار تەرەپكە مېڭىشتى.

— ئىلاھىيا شۈكۈر، قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ، تۈيمىدى. لېكىن ساندۇقلار بەك ئېغىركەن، ئاران ئەكەلدۇق، — دېدى ئالدىدىكى ئىككى مەھرەمنىڭ بىرى زامانخاننىڭ يېنىغا كېلىپ.

— ئېچىپ كۆرۈپ بېقىڭلار، — دېدى زامانخان.

ساندۇقلارغا قولۇپ سېلىنماي، ھالقىسىغا ياغاچ ئۆتكۈزۈپ قويۇلغانىدى. ئۇۋان كوزمىچنىڭ مەسلىھىتى بىلەن مۇشۇنداق قىلىنغانىدى. «ئەگەر قۇلۇپ سېلىپ قويساق، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل گۇمانىنى قوزغاپ قويۇپ، ئۆزىمىزگە ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىۋالىمىز. كۆرۈپ باقايلى دېگۈچىلەر بولسا، ساندۇقنىلا كۆرسىتىپ قويساق، ئۆزلىرى ئېچىپ كۆرگىنى ياخشى ئەمەسمۇ» دېگەنىدى ئۇۋان كوزمىچ. ئۇنىڭ گېپىگە پرژېۋالسكىي كۆلۈپ كەتكەنىدى. دېمىسىمۇ راست، ساندۇقتىكى قۇلۇپ سېلىنۇۋالغۇدەك نەرسىلەرمۇ ئەمەس ئىدى.

تۆت مەھرەم ساندۇقنىڭ ئېغىرلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ھەر خىل پەرەز قىلىشتى. ئىچىدە قورال، ئوق بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىشىپ بولۇپ، «بۇ تۆت تونتۈك ئادەم قوراللارنى تەكلىماكانغا ئېلىپ بېرىپ نېمە قىلىدۇ» دېيىشتى-دە، بۇ پەرەزنى بولدى قىلدى. «ئىچىدىكى ئالتۇن، تىللا، گۆھەر، مەرۋايىتتەك نەرسىلەر، ھەقىچان ئۇلار بۇ بايلىقنى تۈركىستان ئۇرۇشىدا قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ، يوشۇرغۇدەك جاي تاپالماي، تەكلىماكانغا يوشۇرۇپ قويغىلى ساياھەتچى نامىدا ماڭغان گەپ». ئۇلار بىردەك مۇشۇ قىياسقا كېلىشتى.

تۆت مەھرەم چوڭ تەمە، شېرىن خىياللار بىلەن ساندۇقنى ئېچىپلا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي چەكچىيىپ قاراپلا قالدى. ساندۇقنىڭ بىردە يېرىمىغىچە چوڭ - كىچىك مىخ، ۋىنتا، كولۇچ، ئۇشكە، بولقا، ھەرە، پالتا، كەكە··· قاتارلىق نەرسىلەر. يەنە بىر دەمۇ چېدىرنىڭ پارچىلانغان جاھاز - تۈمۈرلىرى دېگەندەك نەرسىلەر. مەھرەملەر بۇ نەرسىلەرگە يەنە بىر قارىۋېتىپ زامانخاننىڭ يېنىغا ماڭدى. زامانخان، مەھرەملەر ئۇلار بۇ نېمىلەرنى نېمىگە ئىشلىتىدىغاندۇ، دېيىشىپ تۇرغاندا، پرژۋالىسكىيلارمۇ قىزىق ئويۇن كۆرگەندەكىدەك گەپ قىلىشىپ ياتاتتى.

سەگەك ئۇخلايدىغان پاۋىل كوسمىنوف «شىپ - شىپ» قىلغان ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى. سەل نېرىدا تۆت ئادەمنىڭ ئىككى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قېلىپ، بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ پرژۋالىسكىي بىلەن ئىۋان كوزمىچنى ئويغىتىپ، كۆز، قولى بىلەن تەڭ ئىشارە قىلىپ ھېلىقىلارنى كۆرسەتتى. شىۋىر - شىۋىردىن ئابدۇللامۇ ئويغىنىپ كەتتى. بۇلار پرژۋالىسكىينىڭ گېپى بىلەن باشلىرىنى سەل كۆتۈرۈشۈپ، ئۇلار ساندۇقنى ئېلىپ كېتىپ ئاچقانغا قەدەر كۆزىتىپ تۇردى.

«ئامانلىقنى مۇھاپىزەت قىلىمىز» دەپ، مىلتىق، قىلىچ، خەنجەرلەر بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەرنىڭ تۆت ئادەمنى ئارىغا ئېلىپ ماڭغىنىدىنلا پرژۋالىسكىيلار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى نازارەت



www.uyghurkitap.com

قىلىپ ماڭغىنىنى بىلىپ يەتكەن بولسىمۇ، ساندۇقلىرىنى ئوغرى-لىقچە ئېچىپ كۆرۈشنى ئويلىمىغانىدى. يەنە نېمە شۇملۇقلارنى قىلىپ، قانداق كاشىلىلارنى كەلتۈرىدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. بۇ ئىشنىڭ سادىر بولغىنىمۇ ياخشى بولدى. مۇشۇ باھانە بىلەن ئۇلار-نىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، شۇملۇق قىلىدىغان شورىسىنى چىتلىۋې-تىش كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلىدى پرژېۋالىسكىي.

— بۇ نېمە ئىش؟ — پرژېۋالىسكىي ئۇۋان كوزىسىچ بىلەن بىرىپ، زامانخانغا قاراپ دېدى، — ئادەملىرىڭىز بىزنىڭ ساندۇقلى-رىمىزنى ئوغرىلاپتۇ. ساندۇقتىكى بۇ نەرسىلەر ئېكسپېدىتسىيە-چىلەرگە كەم بولسا بولمايدىغان لازىملىقلار.

زامانخان ئۇدۇق - بۇدۇق بولۇپ:

مېنى ئويغاتتى، كېلىپ قارىسام ساندۇقۇڭلارنى ئەكېلىپ ئېچىپ قاراپ تۇرۇشۇپتۇ، — ئۇ بىلمىگەن بولۇۋېلىپ شۇنداق دېدى - دە، قامچىسىنى ئېلىپ كېيىن ئويغىتىلغان ئىككى مەھ-رەمنى ئىككىدىن قامچىلاپ، — سىلەرگە بۇنداق قىلىشنى كىم ئېيتتى؟ سىلەرنى كىم باشلىدى؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ماۋۇ ئىككىسى، — قامچىلانغان مەھرەملەر زامانخان ئىش تاپىلىغان ئىككى مەھرەمنى كۆرسەتتى، — مۇشۇلار بىزنى ئويغى-تىپ باشلاپ باردى.

زامانخان كۆڭلىدە گەپنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى كۈتكەنىدى. شۇ ھامان ھېلىقى ئىككى «باشلامچى» مەھرەمگە دېۋەيلەپ كېلىپ:

— مېھمانلارنىڭ ساندۇقلىرىنى ئوغرىلاشقىنىڭنى ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازىمىز بىلىپ قالسا، ماڭا نېمە دەيدۇ، سەنلەر نېمە بولۇشىسەن؟ -- دېگىنىچە قامچىلاپ ئۇرۇپ كەتتى.

پرژېۋالىسكىي ئارىغا چۈشۈپ ئايرىپ:

— بولدى، ساندۇقتا تۆمۈر - تەسەكتىن باشقا بۇلار ئالغۇدەك نەرسىمۇ يوق. بۇنداق ئىش ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرمىسىلا بولىدۇ، — دەپ بولۇپ، — زامانخان، سىلەرگە كۆرسىتىدىغان بىرنەرسىمىز بار ئىدى. ساندۇقلىرىمىزنى ئاپىرىپ بەرگەچ، بىز

www.uyghurkitap.com

بىلەن بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭلار ، — دېدى ـ دە ، ئۇۋان كوزىمىچ بىلەن تۇرالغۇسى تەرەپكە ماڭدى .

زامانخان : «بىزگە كۆرسىتىدىغان قانداق نەرسە بولغىيدى» دەپ قىزىقىپ ، مەھرەملەرگە :

— ساندۇقلارنى كۆتۈرۈڭلار ! — دەپ قويۇپ ، پىرژىۋالىسكىيلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى .

تۆت مەھرەممۇ ئۆز ئىچىدە : «ئۇ قانداق نەرسىدۇ ، ھازىر كۆرۈۋالىمىسام ، كېيىن كۆرەلمەي قالارمەن» دەپ ئويلىشىپ ، ساندۇقلارنى كۆتۈرۈپ ماڭدى . ئەكېلىشتە ئېغىرلىقىدىن بولارنى خېلى ئىنچىقلاتقان ساندۇق ، سەتلەشكەن يۈزلىرىنى يۈيۈش غەيرىتىگە كەلگەنلىكتىنمۇ ياكى ھېلىقى نەرسىنى كۆرۈشكە بولغان قىزىقىشتىنمۇ ، ئىشقىلىپ ھازىر ئۇنداق ئېغىر بىلىنمەيۋاتاتتى .

— ئۇ ئىككى ساندۇقنى ئېچىپ ، ئىچىدە نېمىلەر بارلىقىنى كۆردۇڭلار . بۇ يەردە يەنە سەككىز ساندۇق بار . «ئۇنىڭدىغۇ ئۇ نەرسىلەر بار ئىكەن ، قالغان ساندۇقلاردا نېمىلەر بار بولغىيدى» دەپ ئويلاۋاتقانسىلەر . مانا ، ساندۇقلار ئالدىڭلاردا تۇرىدۇ . ھەممىسىنى ئېچىپ باقامسىلەر ياكى خالىغىنىڭلارنى ئاچامسىلەر ، ئېچىپ كۆرۈپ بېقىڭلار ، — دېدى پىرژىۋالىسكىي ، ئۇلار كېلىپ بولغاندىن كېيىن .

زامانخان قۇلاقلىرىغىچە بەقەمدەك قىزىرىپ كەتتى . تۆت مەھرەم بولسا ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپلا قالدى .

زامانخان قايسى يۈزى بىلەن ساندۇقلارنى ئېچىڭلار دەيدۇ . پىرژىۋالىسكىي ئادەملىرىگە ھەممە ساندۇقلارنى ئېچىشنى ئېيتتى . تۆت ساندۇقتا قىشلىق ۋە قوم ـ بوراندىن مۇداپىئەلىنىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەر بولۇپ ، قالغان تۆت ساندۇق قۇپقۇرۇق ئىدى .

— بۇ قۇرۇق ساندۇقلارنى نېمە قىلىدىغاندۇ ، دەۋاتقانسىلەر . بىز تەكلىماكان ۋە ئالتۇنتاغدىن ھەر خىل ھايۋان ، ئۇچار قۇش ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشكىسىنى يىغىپ ، مۇشۇ ساندۇقلارغا قاچىلايمىز ، — پىرژىۋالىسكىي زامانخانغا قاراپ ، — سىلەرگە كۆرسى-

تىدىغان بۇلاردىن باشقا ئالاھىدە نەرسىمىز يوق ، پەقەت سىلەرنى كۆڭلى تىنىپ قالسۇن دېدۇق ، — دېدى .
كۆرسىتىدىغان نەرسە توگىدى ، گەپمۇ توگىدى . زامانخان تۆت ھەمراھىنى كەينىگە سېلىپ سالپىيىپ كەتتى . ئۇ پرژىۋالىسكىيلار ئالدىدا سەتلىشىپ ، يۈزى سۆرۈن بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، ئۆزىنى بىزار قىلىپ يۈرگەن ياقۇپبەگنىڭ ئىككى «كۆز ـ قۇلىقى »نى يوخادىن چىققۇچە قامچىلىۋالغىنىغا خۇشال ئىدى . ئۇ ئىككى مەھرەم بولسا ، ئۆزلىرىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ زامانخاننى نازارەت قىلىدىغان ئادىمى ئىكەنلىكىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قالمىغىنىدىن خۇشال ئىدى . «بىلسە ئۇرمايتتى ، ئۇ چاغدا بۇنى نازارەتمۇ قىلالمايتتۇق ھەم ياقۇپبەگكىمۇ مەلۇمات بېرەلمەي ، كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالىتتۇق» دەپ ئويلاشتى ئۇلار ياتقان يېرىگە كېلىپ قامچا تەگكەن يەرلىرىنى سىلاۋېتىپ .

* *

كورلىدىن باشلىنىپ چاقىلىق ، چەرچەنگە تۇتىشىدىغان يول ئۇستىدىكى پۈتۈن لوپ دالىسىنىڭ تەبىئىي مەركىزى ھېسابلىنىدىغان كۆنچى كەنتىنىڭ مەنزىرىسىگە پرژىۋالىسكىيلار ھەيران قالدى . دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا ، توغراقلار ئارىسىدا ئۇيەر ـ بۇيەردە مۆكچىيىپ قالغان بوۋايدەك تۇرغان پاكار ـ پاكار ياغاچ ئۆيلەرگە ئەجەبلىنىپ قاراپ قېلىشتى .
— بۇلار ياغاچ ئۆينى غەلىتىلا ياسايدىكەن ـ ھە ؟ شامال ، سوغۇق ئۆتمەمدىغاندۇ ، — دېدى ئىۋان كوزمىچ .
غەرب كىشىلىرى ، جۈملىدىن رۇسلار بۇنداق ئۆينى بىر خىل چوڭلۇقتىكى ياغاچتا پۇتاقلىرىنى راۋۇرۇس ، تولۇق ئېلىپ ، ياپسالاپ ، بۇلۇڭلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ، توغرىسىغا قويۇپ ياسايدۇ . قارىغاي ياغىچى ئۆيلەرنى مۇشۇنداق ياساش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ . توغراق قارىغايدەك تىك ، تۈز ئۆسمەيدۇ . ئادەم

بويىچىلىك بولار ـ بولمايلا باغجانلاپ ـ شاخلاپ ئۆسىدۇ ، شاخلى-
رى يەنە باغجانلايدۇ ، تۇز ئۆسكەنلىرنى تاپماق تەس ، تەكلىماكان-
نىڭ دەھشەتلىك قۇملۇق بورانلىرى ، قۇرغاق ، زەھەردەك ئاچچىق
سوغۇقلىرى ، تەبئەتنىڭ يەنە باشقا ئاپەتلىك يەكلەشلىرى ئىچىدە
تىركىشىپ ـ تىرمىشىپ كېلىۋاتقان لوپلۇقلار شارائىتنىڭ ھەممە
تەرەپلىرىدىن مۇمكىن بولغىنىچە پايدىلىنىپ ، ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى
ساقلاپ ، بەردەم توغراقتەك گەۋدىسىنى كېرىپ ، قەيسەرلىك بىلەن
ياشاپ كەلمەكتە . قۇملۇق دەشتىنىڭ ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇرىدىغان
شامال ـ بورانلىرى ، قارا قۇيۇنلىرى ، ياز ـ تومۇزنىڭ كۆيدۈر-
گۈچ ئاتەش ئىسسىقى ، قىش ـ زىمىستاننىڭ مۇدھىش سوغۇقى-
دىن ، ياغاچ شارائىتىدىن ئۇلار ئۆينى مانا مۇشۇنداق ياغاچنى تىك
قويۇپ ، پاكار ياساش ئادىتىنى تاللىۋالغان . سىرتىدىن قارىغاندا
ياغاچلار تۈزۈك راسلانمىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ، ياغاچنىڭ ئىچ
ۋە ئىككى يان تەرىپى ئوبدان راسلىنىدۇ . ئۆينىڭ ئىچى قىلىن
سۇۋىلىپ ، كۆپ ھاللاردا سىرتى سۇۋالمايدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ،
كۆرۈنۈشكە قىزىقماي ، جانغا ئەسقاتىدىغان قىلىدۇ .
— لوپ كۆلىگە كىمدە ئۈزۈپ بارماقچىمۇ ؟
— ھەئە .
— ئاتلار بىلەن يۈكنى قانداق قىلىسىلەر ؟
— ئادەملىرىمىزنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلىمىز ، بىر گۇرۇپپا
كېمىدە ، بىر گۇرۇپپا دەريا بويلاپ ماڭىدۇ .
— بار ـ يوقى تۆت ئادەمغۇ سىلەر ، يېتىشەمسىلەر ؟
— كېمە تاپايدىغانغا ئىككى ئادەم ياللايمىز ، ئاندىن سىلەردىن
ياردەمگە ئىككى ئادەم سورىماقچى بولۇۋاتىمىز .
زامانخان پىرژىۋالىسكىينىڭ ئۆزىدىن ئادەم سوراپ قېلىشىنى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . «ئۇ بىزنىڭ سەمىمىي ياكى سەمىد-
مىي ئەمەسلىكىمىزنى سىناپ باقماقچىمۇيا ؟ ياردەمگە ئادەم بەرسەم
قانداق بولىدۇ ، بەرمىسەمچۇ ؟» زامانخان زىددىيەتلىك ئويلىنىش
ئىچىدە قالدى . كېچىدىكى سەتلىشىپ قارا بولغان يۈزىنى يۇيۇش

ئۇچۇنمۇ ، ئۆزىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلىغاندىمۇ ، ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلسا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ، بۇ قىلغىنىنى ئىلاجسىزلىقتا قالغان ياقۇپبەگنىڭمۇ : «ئوبدان بوپتۇ » دەيدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى .

— ئىككى ئادەم ئەمەس ، بىرقانچىنى دېسەڭلارمۇ بېرىمىز ، — زامانخان تەڭلىكتە قېلىۋاتقاندەك بىرئاز تۇرۇۋېلىپ ، — بىر تەلىپىمىز بار ئىدى ، قانداق قارايسىلەركىن ، — دېدى .

پرژېۋالسكىي ئىتتىك زامانخانغا قارىدى .

— نېمە تەلەپ ئىدى ؟

— پات ئارىدا كاپىتان كوروپاتكىن ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشكىلى كورلىغا كېلىدۇ . گۇرۇپپاڭلار توغرۇلۇق ئۇنىڭغا ئازراق ئۇچۇر قالدۇرۇپ قويامسىلەركىن ، دېمەكچىمىز .

پرژېۋالسكىي زامانخاننىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندى ، ئىچىدە كۈلدى .

— بولىدۇ ، — دېدى ئۇ ، — بۇنداق قىلساق ئەلچىلەر ئۆمىكىمىز بىزنىڭ لوپ كۆلىگە كەتكەنلىكىمىزدىن خەۋەردار بولىدۇ ، كېرەك بولسا سۈرۈشتۈرۈشكىمۇ ئوڭاي بولىدۇ ، — دېدى - دە ، دەپتىرىنىڭ بىر بېتىگە خەت يېزىشقا باشلىدى . ياقۇپبەگلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ياخشى كۈتكەنلىكى ، زامانخاننىڭ نەچچە ئون مەھرەم بىلەن لوپ - كۆنچىگىچە «مۇھاپىزەت » قىلىپ ئەكېلىپ قويغانلىقى ، ھەتتا لوپ كۆلىگە بېرىپ قايتىپ كەلگەنگە قەدەر مۇلازىمىتىدە بولىدىغانلىقى ئىككى مەھرەمنى ياردەمگە قوشۇپ بەرگىنىنى ، بۇنىڭ ئۈچۈن ياقۇپبەگكە ، زامانخانغا تەشەككۈر ئېيتىدىغانلىقىنى يېزىپ ، زامانخانغا بەردى .

زامانخان خەتنى ئوقۇدى ، خۇشلۇقتىن چىرايى كەچ كۈزگە قالغان كۆك بۇينىڭ چېچەكلىرىدەك ئېچىلىپ كەتتى . خەتتىكى تۆت ئادەمنى قىرىقتەك ئادەمنىڭ قوغداپ ، ئارىغا ئېلىپ ماڭغىنىنى قانداق چۈشىنىپ قالار ، دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىدى ، بەلكى : «خەتنى ياقۇپبەگ كۆرۈپ قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر »

www.uyghurkitap.com

دەپ ئويلىدى .

ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قىلىپ ، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالغان كىشى ، ياردەم بەرگۈچىنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى ئورۇنداشقا تەييار تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ . بۇگۈنكى كۈندە ياقۇپبەگ ، زامانخانلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى ، ھاياتى ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالغانىدى . ئالدى تەرەپتە مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ لاۋا لەشكەرلىرى شىددەت بىلەن قىستاپ كېلىۋاتسا ، ئارقىسىدا چاررۇسىيىنىڭ تۈركىستاندىكى ۋاكالەتچى ھاكىمىيىتى قىلىچ ـ خەنجەرىنى قويىنىغا يوشۇرۇپ ، تۆمۈر قولىنى دوست بولايلى ، دەپ سوزۇپ ، سۆرۈن تەلەتتە جىلمىيىپ تۇراتتى . شۇ تاپتا رۇسىيەنىڭ قويىنىغا يوشۇرۇنغان قىلىچ ، خەنجىرىمۇ ، تۆمۈر قولىمۇ بۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي ، جىلمىيىپ تۇرغىنى كۆڭلىگە ئۈمىد شولىسىنى چۈشۈرۈپ تۇراتتى .

زامانخان شۇئانلا ئىككى ئادەمنى ئىچىنى ئاتاپ چاقىردى :

— مىرئەخمەت ، ئوبۇل ، بۇ يەرگە كېلىڭلار .

مىرئەخمەت ، ئوبۇللار كەلدى . ئۇلار ئاخشامقى سەتچىلىكتىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى .

— سىلەر ، — دېدى زامانخان ئۇ ئىككىسىگە قاراپ ، — بۇلار بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىدىغان بولدۇڭلار . بۇلار نەگە بارسا ، سىلەرمۇ شۇ يەرگە بارىسىلەر ، بۇ كىشى ، — پرژېۋالسكىينى كۆرسەتتى ، — سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار . مۇشۇ كىشىنىڭ گېپىدىن چىقماي ، دېگىنىنى قىلىڭلار . قايتىپ كەلگەندە ئەھۋالنى سورۇشتە قىلىپ ، ياقۇپبەگكە مەلۇملايمەن ، — دېدى .

زامانخان كېيىنكى گەپنى ئەتەي مىرئەخمەتكە قارىتىپ ئېيتتى . ئۇ ياقۇپبەگنىڭ يېقىن ئادىمى بولغاچقا ، بەزىدە زامانخانغا قىرچە قاراپ ، ئۇنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرەتتى . ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقماق بولدى . بىرى ، يېنىدىن ياقۇپبەگنىڭ بىر كۆزى ئازلايدۇ ، يەنە بىرى ، ياقۇپبەگ : «رۇسلارغا

نازارەتچىلىكىكە ئادەم قوشۇپ قويۇپ ئوبدان بوپتۇ» دەيدۇ ، مەندىن رازى بولىدۇ ، دەپ ئۆز ئەقلىدىن خۇش بولدى .

زامانخان پرژىۋالىسكىينىڭ تەلپى بويىچە كۆنچى كەنتىنىڭ ئاقساقىلىنى چاقىرتىپ ئەكەلدى . ئاقساقالنىڭ قوپال ، كېلەڭسىز كۆرۈنىدىغان بوي ـ بەستىگە ، ئۇنىڭدىكى ھەر پاچاق ـ بىلەككە ، يىرىك توقۇلغان پالاستا تىكىلگەن يوڭ كىيىمگە پرژىۋالىسكىيلارمۇ ، زامانخان ۋە ئۇنىڭ مەھرەملىرىمۇ قاراپلا قالدى . ئۇمۇ بۇ سېرىق چاچ ، يېشىل كۆز ئادەملەرگە ھەيرانلىقتا قاراپلا قالغاندى .

— بۇلار ، — دېدى زامانخان پرژىۋالىسكىيلارنى كۆرسىتىپ ، — بەدۆلەت يەنى ياقۇپبەگنىڭ ئەزىز مېھمانلىرى ، لوپ كۆلىگە كېمە بىلەن بارماقچى . شۇڭا چوڭ ، ياخشى ئىككى كېمە بىلەن ئۇستا كېمىچىدىن ئىككىنى ھازىرلا تېپىپ بېرىڭلار .

— ھەققىنى بېرىمىز ، — دېدى پرژىۋالىسكي .

ئۇنىڭ گېپىنى ئابدۇللا تەرجىمە قىلىپ بەردى .

— قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟ — ئاقساقال سورىدى .

زامانخان پرژىۋالىسكىيغا قارىدى ۋە ئاقساقالنىڭ گېپىنى ئۆرۈپ بەردى .

— لوپ كۆلىنى ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى تەكشۈرۈپ بولساقلا قايتىمىز ، قىشقا قالمايمىز ، — دېدى پرژىۋالىسكي تەرجىمان ئارقىلىق .

ئاقساقال ياقۇپبەگ تۇغۇل ئۇنىڭ چوڭراق ئەمەلدارلىرىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ ، قارا بوراندەك ھۆركىرەپ كېلىپ كالا ، قويلارنى ، كۆزىگە ياخشى كۆرۈنگەن ئاتلارنى ئېلىپ كېتىدىغان سىپاھلىقچىلىرىنى كۆرگەن . ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلىسىلا ، كەنتتىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالاتتى . پرژىۋالىسكىيلار چوڭ يول بىلەن ماڭماي ، دەريا ياقىلاپ كەلگەچكە ، ئاقساقالمۇ ، باشقىلارمۇ بىلمەي قالغاندى . «سېرىق چاچ ، يېشىل كۆز ، ئاق سېرىق غەلىتە ئادەملەر كېلىپ قاپتۇ» دېگەن

گەپ قوْلاقتىن قوْلاققا يېتىپ ، ئەر ـ ئايال ، چوڭ ـ كىچىك بىر توپ ئادەم خېلىدىن بېرى پەيدا بولۇپ ، يېقىن كەلمەي ئۇنى ئەلىتە ئادەملەرگە يىراقتىن ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇرۇشاتتى . ئاقساقال ئۇلار ئارىسىدىن ئىككى ئادەمنى چاقىرىپ ، ئىككى كېمە ئەكېلىشكە بۇيرۇدى ، يەنە ئىككى ئادەمنى ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردى .

— بۇنىڭ ئېتى باقى ، ئۇستا كېمىچى ، — دېدى ئاقسال تەمبەلرەك بىرىنى تونۇشتۇرۇپ ، — بۇنىڭ ئېتى ئامىتەك ، بۇمۇ ئۇستا كېمىچى . لېكىن ، بۇلار چۈشىنكۆلدىن[1] نېرىسىغا بارمىغان . ئابدالغا بارغاندا كۆنچىققانبەگكە دېسەڭلار ، لوپ كۆلگە باشلاپ بارىدىغان ئادەمنى تېپىپ بېرىدۇ ، — دېدى .

— كېمىدىن ئىككىنى ئەكەلدۇق ، — دەپ خەۋەر قىلدى بايا كەتكەن ئىككىسى ، شۇنداق قىلىپ كېمىمۇ ، كېمىچىمۇ ، ئىككى مۇلازىممۇ تەييار بولدى . پرژېۋالىسكىي ئادەملەرنى ئىككى كىچىك گۇرۇپپىغا بۆلدى . ئۆزى بىلەن پاۋېل كوسمىنوف ، ئابدۇللا ، ئىككى كېمىچى بىر گۇرۇپپا ، يەنە بىر گۇرۇپپا ئىۋان كوزمىچ ، زامانخاننىڭ ئىككى مەھرىمى ، بۇلار ئات بىلەن ساندۇقلارغا مەسئۇل بولۇپ دەريا ياقىلاپ ماڭىدۇ . بۇ ئۇچىلا كىشىنىڭ بۇ تەرەپكە ئاياغ بېسىشى مۇشۇ بىرىنچى قېتىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريا بويلىرىدا كىچىك ـ كىچىك كۆل ، تارماق ئېقىنلار جىق بولغاچقا ، بۇلارنى باشلاپ مېڭىشقا يەنە بىر ئادەم كېرەك بولدى . زامانخاننىڭ ئېيتىشى بىلەن بۇ ئادەممۇ ھازىر بولدى . زامانخان ئاقساقالغا ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندا ، ئۆزىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ يېنىدىلا تۇرىدىغان ، ئۇلۇغ قول ۋەزىردەك يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇمىغانىدى . بۇنداق «ئۇلۇغ قول ۋەزىر»نىڭ گېپىنى يېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ بولغان ئاقساقال ، شۇئان ئۇ ئادەمنىمۇ تەييار قىلدى . ئۇنىڭ ئىسمى ئالىقۇل[2] ئىدى .

---

① چۈشىنكۆل — پاشىلىق كۆل . لوپلۇقلار پاشىنى چۈشىن ، چۈشىننى قارا سىڭەك دەيدۇ .
② ئالىقۇل — لوپلۇقلار ئەلى ، ئېلى دېگەن سۆزنى «ئالى» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ .

پرژىۋالىسكىي ، ئابدۇللا بىر كېمىگە چىقىدىغان ، كېمىنى باقى تايايدىغان بولدى . يەنە بىر كېمىگە پاۋىل كوسمىنوف دەمال كېرەك بولۇپ قالىدىغان كىيىم ـ كېچەك ، يېمەكلىك ، بىر ساندۇقنى بېسىپ ماڭىدىغان ، بۇ كېمىنى ئامىتەك تايايدىغان بولدى . يەنە بىر گۇرۇپپىغا ئىۋان كوزمىچ مەسئۇل بولۇپ ، دەريادىن يىراقلاپ كەتمەي ماڭىدىغان ، قايسىبىر تەرەپ جىددىي بىرەر كاشىلىغا ئۇچراپ قالسا ، مىلتىق ئېتىپ بەلگە بېرىدىغان ، بۈگۈن ئاياغ ئاقسۇپىدا ئۇچرىشىپ ، كېچىنى بىللە ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ كېلىشىۋالدى . ئاتلىق گۇرۇپپا سەپىرىنى باشلىۋەتتى . پرژىۋالىسكىي كېمىگە چىقىدىغان چاغدا ، زامانخانغا :

— ئاقساقالنىڭ ئېيتىشىچە ، كۆنچىققانبەگ پۈتۈن لوپ دالىسىنىڭ بېگى ئوخشايدۇ . بىزگە ياردەمدە بولۇش ھەققىدە شۇ بەگكە خەت يېزىپ بەرگىلى بولارمۇ ؟ — دېدى .

— بولمامدىغان ، بولىدۇ ، — دېدى شۇئان زامانخان . پرژىۋالىسكىينىڭ دەپتىرىنىڭ بىر بېتىگە كۆنچىققانبەگكە قارىتىپ خەت يېزىپ ، خەتنىڭ ئاخىرىغا : «ياقۇپبەگنىڭ باش مىرزىسى زامانخان» دەپ پۈتۈپ قويدى .

پرژىۋالىسكىي زامانخان ، ھاسانباي ئاقساقاللار بىلەن خوشلىشىپ ، غارغالىتىدا باغلاقلىق تۇرغان چاپما كېمىگە چىقتى . چىقتى ـ دە ، «ئۇھ ! خۇدايا شۈكۈر ، چىلبۆرىلەر چاڭگىلىدىن ئاخىر قۇتۇلدۇق !» دېدى ئىچىدە . باقى كېمىنى يېشىۋاتقاندا ، پرژىۋالىسكىي سەپەر خاتىرىسىگە :

*«لوپ كۆلىگە قىلىدىغان ئېكسپېدىتسىيەمنىڭ تۇنجى قەدىمىنى لوپ تەۋەسىدىكى تۇنجى بېكەت — كۆنچى كەنتىدە كېمىدە باستىم .*

*مىلادىيە 1876 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى»* دەپ پۈتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

# لوپ كۆلىگە ۋە ئالتۇنتاغقا سەپەر

*«تىلەككە يېتىشكە ئەر بولسا دادىل ،*
*ھېرىپ قالماي بولۇر مەقسەتكە نائىل» .*

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

*«كۆچەتنى تىكمىگۈچە كۆكلىمەيدۇ ، كىشىدە غايە بولمى-*
*سا ، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ» .*

— مەھمۇد كاشغەرىي

## 1

پرژېۋالسكىينىڭ دەرياننىڭ ئىككى قاسنىقىنىڭ جۇغراپىيە-
لىك تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈپ خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭغۇسى بار ئى-
دى ، ئەمما ئىككى تىك قىرغاق ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى تام بولۇپ
توسۇۋېلىپ ، ئۇنىڭغا كۆزىتىش ئىمكانىيىتى بەرمەيۋاتاتتى . سۇ
يۈزى بارغانسېرى پەسلەپ ، بۇنىڭ ئەكسىچە ئىككى قاش ئېگىزلەپ
كېتىۋاتقاندەك ئىدى . قۇمساڭغۇ تىك قاش گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ ،
يىلتىزلىرى ئېچىلىپ قالغان توغراقلارنىڭ بوگۈن بولمىسا ئەتە
دەرياغا قومۇرۇلۇپ چۈشۈش قىسمىتى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپلا

تۇراتتى .

ئۇ شۇ تاپتا كۆزى ئېتىپ قويۇلغان ئادەمدەك ئىككى ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى ياردالڭ قىرغاق ، قومۇرۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان ئاشۇ ياش ـ قېرى توغراقلاردىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىگىنىگە ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتى .

— دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىنىڭمۇ ئىككى قىرغىقى مۇشۇنداق تىك ، ئېگىزمۇ ؟ — پرژىۋالىسكىي باقىدىن سورىدى .

ئۇنىڭ گېپىنى ئابدۇللا ئۆرۈپ بەردى .

— ياق ، تۆگچىكەدىن ئۆتكەندىن كېيىن قىرغاق پەسلەيدۇ ، پەقەت مۇشۇ ئەتراپىلا گۇنرەك[1] .

ئابدۇللا «گۇن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى باقى ئىزاھلاپ بەرگەندىن كېيىنلا ، ئاندىن پرژىۋالىسكىيغا تەرجىمە قىلىپ بەردى .

پرژىۋالىسكىي : «قۇرۇقلۇقتا ماڭغان بولسام ، ئەتراپنى كۆرۈپ ماڭار كەنمەن» دەپ ئويلاپ ، كېمىدە ماڭغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالغانىدى ، باقىنىڭ گېپىدىن كۆڭلى جايىغا چۈشتى .

پرژىۋالىسكىينى ھەيران قالدۇرۇۋاتقىنى ، دەريانىڭ ئاجايىپ مۇرەككەپ ئەگىملىرى ئىدى . بەزى ئەگىملەر قىرىق گرادۇس ئەگىلىپ ، كىشىگە كەينىگە قايتىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى . مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئەگرى ـ بوگرى ئېقىندا باقى كېمىنى ئۇستىلىق بىلەن تاياپ ماڭاتتى . تۇز يەردە كېمىنى شۇرۇق بىلەن تاياپ ماڭسا ، ئەگىملەردە پالاقنى ھېلى كېمىنىڭ ئوڭ يېنىغا ئالسا ، ھېلى سول يېنىغا ئېلىپ تاياتتى . تۆت غولاچتىن ئارتۇق ئۇزۇن خادىنىڭ سۇدىن چىقىپ تۇرغان قىسمىنىڭ بىر غولاچمۇ كەلمەيدىغانلىقىدىن دەريانىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى . پرژىۋالىسكىي بىر قېتىم شۇرۇق ئارقىلىق دەريانىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ، كەڭلىكىنى ئۆلچەپ سۇ مىقدارىنى تەخمىنىي

---

[1] گۇن — تېرەن ، چوڭقۇر .

بولسمۇ ھېسابلاپ ، خاتىرىسىگە يېزىۋالدى سۇنىڭ داۋالغۇماي تىپتىنچ ئېقىشى بىلەن باقىنىڭ كېمە تاياشتىكى ماھىرلىقى، ئۇ-نىڭ بىمالال خاتىرە يېزىۋېلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنىدى.

بىر دوقمۇشتىن ئەگىلىشىگە ، خۇددى دەريا قىنىنى ئىككى تەرەپتىن قىسىپ تارايتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان تىك ، ئېگىز قىر-غاقلار پەسلەپ ، پرژېۋالىسكىي كۆز ئالدىدا كەڭ كەتكەن يېشىل توغراقلىق قۇچاق ئاچماقتا ئىدى . توغراق ئاستىمۇ يايپېشىللىق ، ئوتلاق ئىدى . پرژېۋالىسكىي باشقا بىر يېشىللىق ، توغراقلىق ئالىمىگە كېلىپ قالغاندەك ، ئورنىدىن تۇرۇپ بىر كۆزلۈك دۇربۇ-نى بىلەن بۇ تەرەپ ، ئۇ تەرەپكە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ كەتتى . كۆن نۇرى كېسىپ ئۆتەلمىگۈدەك شۇنچە بۈك توغراقلىق ئاستىنىڭ يېشىل ئوتلاقلىقىغا دەسلەپ ھەيران قالدى . سىنچىلاپ قاراپ ، سۇ يۈزى بىلەن قورۇقلۇق يۈزى ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز ـ پەسلىك پەرقىنىڭ چوڭ ئەمەسلىكىنى ، ئۇ سەۋەبتىن يەر ئاستى سۈيىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ، يەر نەملىكىنىڭ ئوتلاقتا مۇۋاپىقلىقىنى بىلدى .

چۈشتىن قايرىلغان قۇياش زۇمرەتتەك زىلال سۇدا ئەكس ئېتىپ جىمىرلايتتى . بېلىقلار قۇياشنىڭ سۇدىكى شولىسى ئەتراپىـ-دا ئويىنىشىۋاتقاندەك ئۇيان ـ بۇيان ئۇزۇشۇپ ئويناۋاتاتتى .

— ئاۋۇ كۆرۈنگەن تۇڭچىكە مەھەللىسى ، — دېدى باقى دەريانىڭ شىمال قاسنىقىنى كۆرسىتىپ ، — ئاۋۇ ، — ئۇ جەنۇب قىرغاق تەرەپنى كۆرسەتتى ، — قۇربانكۆل مەھەللىسى .

پرژېۋالىسكىي كېمىدە ئۆرە تۇرۇپ دۇربۇنىنىڭ كۆزىنى ھەر ئىككى تەرەپكە يۆگۆرتۈپ بىرھازا قارىدى . ھەر ئىككى مەھەللە ئەتراپىدا ، يىراقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن كىچىك ـ كىچىك قوي توپ-نى ، بىر ـ ئىككىدىن بولۇپ ئوتلاپ يۈرگەن كالىلارنى كۆردى ، ئەمما بىرەر پارچە تېرىلغۇ ئېتىزنى كۆرمىدى .

— مەھەللىدە يەر تېرىيدىغانلارمۇ بار . بۇ ئەتراپ سەل زەي-كەش بولغاچقا ، ئېتىزلىرى نېرىراقتا ، — دېدى باقى ، پرژېۋالىس-كىينىڭ ئابدۇللا ئارقىلىق سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ .

شۇ ئـاردـدا ، سۇدىـن چىقـقـانـدەكلا دەريـادا ئون نەچـچە كىچىك ـ كىچىك كېمىلەر پەيدا بولدى . ھەربىر كېمىدە بىردىنلا ئادەم بار ئىدى . بۇلار بېلىق تۇتقىلى كەلگەن كېمىچىلەر ئىدى . بابا باقى گەپ بىلەن ، پرژېۋالىسكىي دىققەت بىلەن قۇلاق تىكىپ تۇرغاندا ، بۇ كېمىچىلەر دەريانىڭ قولتۇق ، شاخاپچىلىرىدىكى غار- غالتىغا باغلاپ قويغان كېمىلىرىنى تاياپ كېلىشكەنىدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دەرياغا كىچىك تورلارنى تاشلاش بىلەن ، بەزىلىرى تەتۈر تىللىق شاشقاقلىرىنى بېلىققا سانجىشقا تەييار ھالەتتە سۇدىن كۆزد- نى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشاتتى . ئۇلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېلىق تۇتۇشقا بەند بولۇپ تۇرغاچقا ، پرژېۋالىسكىيلارغا دىققەت قىلمىغا- نىدى . بىركەمدە بېلىقچىلاردىن بىرى پاۋىل كوسمىنوفنى كۆرۈپ قالدى ـ دە :

— قاراڭلار ، ئاۋۇ كېمىدە سېرىق چاچ ، يېشىل كۆز ، غەلىتە بىر ئادەم تۇرىدۇ ! — دەپ توۋلىدى .

دەرياغا تور يايغانلىرى تورىنى يىغدى ، بېلىققا سانجىشقا تەييار بولۇپ تۇرغانلار شاشقاقلىرىنى قويۇپ ، كېمىسىنى تايىشىپ پرژد- ۋالىسكىيلارنىڭ كېمىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ تۇرۇشتى ، لې- كىن يېقىن كېلىشمىدى . ئۇلار ئۆزئارا : «بۇ قانداق ئادەملەر ، نەدىن كېلىپ قالغاندۇ ؟ » دېگەندەك سوئاللارنى سورىشاتتى . ئۇلار كېمىدىكى باقى بىلەن ئامىتەكنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولۇشتى .

-- سەن بۇلارنىڭ كېمىسىدە نېمىش قىلىسەن ؟ -- بېلىقچىلار ئارىسىدىكى چوڭ ياشلىق بىرى باقىدىن سورىدى .

— بۇلار لوپ كۆلىگە بارماقچىكەن ، ھاسانباي ئاقساقال مېنى چۆنكۆلگىچە باشلاپ بېرىشقا مۇشۇلارغا قوشۇپ قويدى ، — دېدى باقى .

— لوپ كۆلىگە ؟ قومۇشلۇق كۆلگە بېرىپ نېمە قىلىدىغاندۇ ، بۇلارنىڭ ئۇ كۆلدە نېمىسى باردۇ ؟

— بىلمىدىم .

— سوراپ باقمىدىڭمۇ ؟

— سورىمىدىم .

— سوراپ باق ، — ھېلىقى چوڭ ياشلىق كىشى يەنە قوشۇپ دېدى ، — نەدىن كېپتۇ ، بۇنىمۇ سوراپ باق .

باقى يېنىدا ئولتۇرغان ئابدۇللاغا قاراپ :

— سەن بۇلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەنسەن ، ئۇنىڭ بايىقى گېپىنى بۇنىڭغا دەپ بەر ، — دېدى .

ئابدۇللا باياتىن دېيىلگەن سوئال - جاۋابلارغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغانىدى ، باقىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ ، چوڭ ياشلىق كىشىنىڭ سوئاللىرىنى پرژىۋالىسكىيغا تەرجىمە قىلىپ بەردى ، ئاندىن پرژىۋالىسكىينىڭ جاۋابىنى ئۆزىنىڭ گېپى شەكلىدە دەپ بەردى .

— ماۋۇ ئىككى كىشى ، — ئابدۇللا پرژىۋالىسكىي بىلەن يەنە بىر كېمىدىكى پاۋىل كوسمىنوفنى كۆرسەتتى ، — بۇ يەردىن يىراق بىر يەردىكى رۇسىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر دۆلەتنىڭ ئادەملىرى . بۇلار لوپ كۆلىنىڭ زادى قانچىلىك چوڭلۇقىنى ، ئوي - چوڭقۇرلۇقىنى ، قانچىلىك سۇ بارلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى بارىدۇ ، — دېدى كېمىدە ئۆرە تۇرۇپ .

«قانچىلىك چوڭ ، قانچىلىك سۇ بارلىقىنى ؟...» چۆرىدەپ تۇرۇشقان بېلىقچىلار ئابدۇللانىڭ دېگەنلىرىگە ھەيران قېلىشىپ بىر - بىرىدىن ئەنە شۇنداق سورىشاتتى . بۇلار پرژىۋالىسكىينىڭ ئابدۇللاغا دېگەنلىرىنى ئاڭلىغانىدى . يەنە بىر - بىرىگە : «چىراي ، تەق - تۇرقىنىڭ غەلىتە ئىكەنلىكىگە ئوخشاش ، گەپلىرىمۇ باشقىچىلا ئىكەن ، كالدىر - كۇلدۇرلاپ گەپ قىلىدىكەن» دېيىشەتتى .

ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان گەپلىرىنى ئابدۇللا پرژىۋالىسكىيغا تەرجىمە قىلىپ بېرىۋىدى ، پرژىۋالىسكىي كۈلۈپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇلار بىلەن ئازراق پاراڭلاشقۇسى كەلدى . بۇلار بىلەن پاراڭلىششتا گەپنى نىمىدىن باشلاش ئۈستىدە ئويلاۋېتىپ ، كۆڭلىگە بىر خىيال كەچتى .

— ئابدۇللا ، ئۇلارغا ئېيتقىنا ، ئاۋۇ نەيزىدە بېلىقنى قانداق تۇتىدۇ ، بىزگە كۆرسىتىپ قويسا قانداق ؟ — دېدى پرژىۋا-



www.uyghurkitap.com

لىسكىي .
— بۇ نەيزە ئەمەس ، سانجىغاق ، — دەپ ئالدى بىلەن ئابدۇل-
لانىڭ گېپىنى تۈزەتتى ياشتا چوڭراق ھېلىقى كىشى ۋە ئارىدىكى
ئىككىسىگە قاراپ ، — سىلەر ماۋۇ يېشىل كۆزگە بېلىقنى قانداق
سانجىپ تۇتىدىغاننى كۆرسىتىپ قويۇڭلار ، — دېدى .
بۇلار باياتىن گەپ قىلىۋاتقاندا ، كېمىلەرنى سۇنىڭ ئېقىشى
بويىچە مەيلىگە قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ ، پرژىۋالىسكىيلار بىلەن
بولغان ئارىلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پات - پات پالاقلىرى
بىلەن تىزگىنلەپ تۇردى .
چوڭ ياشلىق كىشىنىڭ گېپى بىلەن ئىككىسى كېمىلىرىنى
تاياپ ، بىرى دەريانىڭ بۇ قاش تەرىپىگە ، يەنە بىرى ئۇ قاش
تەرىپىگە كەتتى . قاشقا يېقىن بارغاندا ، ئۇلار پالاقلىرىنى كېمىگە
قويۇپ ، قوللىرىغا شاشقاقلىرىنى ئېلىپ سۇغا قارىدى . پرژىۋالىس-
كىي كۆڭلىدە : «ئۇ نەرسىدە بېلىقنى قانداق سانجىپ تۇتىدى-
غاندۇ ؟...» دەپ ، خىيالىنىڭ ئاخىرىنى قىلىپ بولغۇچە ، ئىككىلە-
سىلا شاشقاقنى سۇغا شۇڭغۇتۇپلا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان
ئارىلىقتا بىردىن چوڭ ئىككى بېلىقنى شاشقىقىدا تۇرغۇزۇپ ئېگىز
كۆتۈردى .
— ياھ ، — دېدى پرژىۋالىسكىي ، — بېلىق تۇتۇشتىكى
ماھىرلىقى بىر گەپ ، نېمانداق ئۆتكۈر كۆز ، بۇلاردىكى .
پرژىۋالىسكىينىڭ گېپىنى پاۋىلمۇ ئاڭلىدى ، ئۇمۇ شۇنداق
چۈشەنچىدە ئىدى .
— راست ، بۇلارنىڭ كۆزى ئاجايىپ ئۆتكۈر ئىكەن . خۇددى
بېلىقنى سۇغا باغلاپ قويغاندەك ، ئادەم قاراپ بولغۇچە ، بىردىن
سانجىپ بولغىنىنى ، — دېدى ئۇ .
پرژىۋالىسكىي شاشقاقتا قىمىرلىماي قالدى . ئابدۇللاغا :
— بۇلارغا دەپ باق ، بىزگە شاشقاقتىن ئىككىنى سېتىپ
بېرەمدىكىن ، — دېدى . باقى ئابدۇللانىڭ تەرجىمىسىنى ئاڭلاپ
مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ :

— سەلىم ئاغا ، مەن ھاسانباي ئاقساقالنىڭ گېپى بىلەنلا ئۆيدىكىلەر بىلەنمۇ كۆرۈشمەي بۇلار بىلەن مېڭىپ قالدىم. سانجى-غاقنىمۇ ئالالماي قالدىم . ماڭا سانجىغاقتىن بىرنى بەرسەڭ . ماۋۇ-لار بىزمۇ سانجىغاقتا بىلىق تۇتۇشنى ئۆگىنىۋالساق ، بىزگە سان-جىغاقتىن ئىككىنى سېتىپ بەرسە دەيدۇ ، — دەپ بولۇپ ، يەنە بايىقىدەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

سەلىم ئاغىمۇ — ھېلىقى چوڭ ياشلىق كىشى — «سېتىپ بېرەمدىكەنمىز» دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ، يېنىدىكى ئىككى كىشىدىن ئىككى شاشقاقنى ئېلىپ باقىغا تەڭلەپ تۇرۇپ :

— بۇ ئىككى سانجىغاقنى ماۋۇ سىبىرىقلارغا بەر ، ماۋۇ مېنىڭ سانجىغىقىمنى ئۆزۈڭ تۇت ، — دەپ كېمىسىدىن يۇلغۇن ساپلىق شاشقاقنى ئېلىپ باقىغا بەردى .

سەلىمنىڭ گېپىنى ئابدۇللا تەرجىمە قىلىپ بەردى .

— ساتامدىكەن ، بىكارغا بېرىۋېتەمدىكەن ، — دېدى پرژېۋا-لىسكىي .

— ئىككى - ئۈچ سانجىغاق بىزدە چوڭ نەرسە ئەمەس . سورىدۇق ، بەردى . سورىمايمۇ ئېلىپ كېتىۋېرىمىز ، ھېچكىم نې-مىشقا ئالىسەن دېمەيدۇ . ئىشلىتىپ بولۇپ ئەكېلىپ قويىد-مىز ، — دېدى باقى ئابدۇللادىن پرژېۋالىسكىينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ .

— شەخسىيەتسىز ئاجايىپ ئازادە تۇرمۇش ! — دېدى پرژېۋا-لىسكىي پاۋىل كوسمىنوفقا ۋە مۇشۇ ئۇچرىشىشنى خاتىرىسىگە تەپسىلىي پۈتۈپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى .

## 2

ئىۋان كوزمىچ جىددىيلىشىپ بىر يەردە تۇرالماي ئۇيان - بۇيانغىلا ماڭاتتى . يېنىدىكىلەردىن سوراي دېسە ، ئۇلار بۇنىڭ تىلىنى بىلمەيدۇ ، بۇ ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيدۇ . ئۇ ئىچىدە :

«نىمىشقا ھەممە ئادەم بىر تىلدىلا ، يەنى مەسىلەن ، رۇس تىلىدا سۆزلىشىدىغان ياكى ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ تىلىنى بىلىشىدىغان بولۇپ يارالمىغان بولغىيدى . پرژىۋالىسكىينىڭ مۇشۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا ئابدۇللادىن ئۇيغۇر تىلىنى ئادەتتىكى ھاجەتتىن چىققۇدەك بولسىمۇ ئۆگىنىۋالمىسام بولمايدۇ ، دېگىنى بىكاردىن ئەمەسكەن - دە » دەپ ئويلاپ قالدى . ئۇ ئالىقۇلغا قاراپ :

— كېمىدىكىلەر نېمىشقا تېخىچە كېلىپ بولالمايدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

ئالىقۇل ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەي ، كالدىرلىغان ئاغ-زىغا قاراپلا قالدى . مىرئەخمەت ئىۋان كوزمىچنىڭ گېپىنى ئۇي-غۇرچىغا ئۆرۈپ ئالىقۇلغا دەپ بەردى .

— بىز دەريا بويلاپ دۆتەلەپ ماڭغىنىمىز بىلەن ، دەريادا ئۇنداق ماڭغىلى بولمايدۇ . دەريادا ئەگىملەر بەك تولا . كېمىنى ئىتتىك تاياپ ماڭسىمۇ بۇ چاغقا كېلىپ بولغىيتتى ، ئاستا ماڭغان ئوخشايدۇ ، — دېدى ئالىقۇل .

مىرئەخمەت ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنگىنى بويىچە ئىۋان كوز-مىچقا تەرجىمە قىلىپ بەردى .

— ۋۇي ، سەن رۇسچىنى بىلەمتىڭ ، ئەجەب ھازىرغىچە بىر ئېغىزمۇ رۇسچە گەپ قىلمىدىڭغۇ ؟ ! — مىرئەخمەتنىڭ ئۆزىچىلا رۇسچە گەپ قىلىپ قالغىنىغا ئىۋان كوزمىچ ھەيران قېلىۋاتاتتى ، شۇنداقلا ئالىقۇلنىڭ گېپىدىن ئۇنىڭ ئەندىشىسى يوقاپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى .

مىرئەخمەت رۇس تىلىنى تولۇق بولمىسىمۇ ، ئادەتتىكى تىل-لارنى ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىققۇدەك دەرىجىدە قەدىر ئەھۋال بى-لەتتى . رۇس تىلىنى ئۇ قوقاندىكى چېغىدا ئۆگىنىۋالغانىدى . قىلاي دېسە ، ئىشنىڭ تايىنى يوق ، قىلغان ئىشىنىڭ بەرىكىتى يوق بولۇپ لاغايلاپ يۈرگەن كۈنلىرىدە ، قوقانىنىڭ كېيىنكى خانلىرى-دىن بولغان ئالىمقۇل خان ئەسكەرلىككە ئادەم ئالىدىغان بولغاندا ئەسكەر بولۇپ ، شۇ چاغدا قوشبېگىلىك قىلىۋاتقان ياقۇپبەگ قىس-

مىغا بۆلۈنۈپ ، ئاق مەسچىت رايونىدا تۇردى . شۇ چاغدا ئۇ ياقۇپ-
بەگنىڭ ھەم مۇلازىمەت ، ھەم مۇھاپىزەت ئەترىتىدە بولۇپ ، ياقۇپ-
بەگ بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى . كېيىنكى كۈنلەردە ئالىمقۇل بۇ
چاتاقچى ھەم قارا نىيەت ياقۇپبەگنى كۆزدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن
بۇزرۇكخاننىڭ ئارقىسىدىن شىنجاڭغا ماڭدۇرۇۋەتكەندە ، ياقۇپبەگ
مىرئەخمەتنى ئۆزىنىڭ خاس مۇھاپىزەت ئەترىتىگە قوبۇل قىلىپ
بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى . سامان تېگىدىن سۇ قويۇشقا ئۇستا ياقۇپ-
بەگ ئۆزىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ، ئۆز ئەتراپىدىكى يارەنلىرىنىڭ
ئۆزى توغرۇلۇق نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى مىرئەخمەت ئارقىلىق
بىلىش غەرىزىدە ، ئۇنى روسچە بىلمەس بولۇۋېلىشنى ئۇنىڭ قۇلى-
قىغا قۇيۇۋەتكەنىدى . ئۇ ياقۇپبەگنىڭ ئالاھىدە مەخپىي خادىمى
بولۇپ زامانخاننىڭ يېنىدا بىرنەچچە يىل تۇرغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ
ئاغزىدىن چوڭ خوجايىنىنىڭ قۇلىقىغا «ياقمايدىغان گەپ»تىن بى-
رەر ئېغىزمۇ ئاڭلاپ قالمىدى ، يالغانى توقۇشتىن قورقتى ، يا-
قۇپبەگنىڭمۇ ھېچقانداق ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلمەي ، چوڭ - كىچىك
خوجايىنلىرىدىن قورسىقى كۆپىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ھازىر ئۇ
ئىككىلى خوجايىنىدىن يىراقتا تۇرغاچقا ، چوڭ خوجايىنغا بەرگەن
ۋەدىسىدىنمۇ ، يېنىدا زامانخاننىڭ يېقىن ئادىمى ئوبۇلنىڭ بارلىقى-
نىمۇ ئۇنتۇپ ، تىلىنى بىئىختىيار روسچە زۇۋانغا قويۇۋەتكەنىدى .

— ۋاي ، مانداق كارامىتىم بار دېگىنە . نەچچە ۋاقىتتىن
بېرىم گاچا بولۇپ يۈرۈپسەن - ھە ، — دېدى ئوبۇلمۇ ، مىرئەخمەت-
نىڭ روسچە سۆزلىگىنىگە ھەيران قېلىپ .

— ئەمدى ياخشى بولدى ، ئۆز ئارا پاراڭلىشالايدىغان بول-
دۇق ، — ئىۋان كوزمىچ شۇنداق دەپ بولۇپ ئالدىقولغا
قاراپ ، — توغراقتا چىقىپ قاراپ باقە ، ئۇلار كېلىۋاتامدى-
كىن ، — دېدى .

ئۇنىڭ گېپىنى مىرئەخمەت تەرجىمە قىلىپ بەردى .

ئالىمقۇل دەريا بويىدىكى ئېگىز بىر توغراققا مايمۇندەك يامى-
شىپ چىقىپ كەتتى .

— يېقىن كەپتۇ ، ئاۋۇ ئەگىمىنىڭ نېرىسىدا كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى ـ دە ، توغراقتىن قايتىپ چۈشتى .

ئالدى بىلەن ئىۋان كوزمىچ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئابدۇللا دەريا تەرەپكە ماڭدى . بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مىرئەخمەت ، ئوبۇلـلارمۇ ماڭدى . هايالشىماي دوقمۇشتىن پرژىۋالىسكىيلار چىقىپ كەلدى . باقى بىلەن ئامىتەك كېمىلەرنى قاشقا يانداپ تاياپ كېلىپ توختاتتى .

— ۋاھ ، كېمىدە بېلىق تولۇپ كېتىپتۇ ، نېمىدە ، قانداق تۇتـتۇڭلار ؟ — دەپ سورىدى ئىۋان كوزمىچ كېمىدىكى بېلىقلارنى كۆرۈپ .

باقى بىلەن ئامىتەك كېمىلەرنىڭ باش تەرىپىنى قاشقا تىرەپ ، غوۋزەك ئۆسكەن بىر توپ قومۇشقا باغلاپ بولۇپ ، كېمىلەردىن بېلىقلارنى سىرتقا تاشلىدى ، بېلىقلار ئادەمنىڭ يوتىسىدەك بولۇپ ، ھەممىسى ئوخشاش چوڭلۇقتا ئىدى .

— ۋاھ ، بىر ئادەمگە بىردىن — توققۇز بېلىق ! — دېدى ئىۋان كوزمىچ .

— بۇگۈن مۇشۇ يەردە قونىمىزمۇ ؟ — باقى ئابدۇللادىن سورىدى .

كۈنچى كەنتىدىن يولغا چىقىدىغاندا ئاياغ ئاقسۇپىدا قونۇشقا مەسلىھەت قىلىشقانىدى ، لېكىن ھازىر كۈن تېخى بالدۇر ئىدى . شۇڭا يەنە ماڭىدىغان گەپمۇ ئەمەسمۇ ، بۇنى ئابدۇللا بەلگىلىيەلـمەيتتى . ئۇ پرژىۋالىسكىيدىن سورىدى .

پرژىۋالىسكىي بىر قەدەم بولسىمۇ ئالدىغا ماڭساق ، لوپ كۆـلىگە قانچە بالدۇر يەتسەك شۇنچە ياخشى دەپ ئويلايتتى . كۈن پاتقۇچە ماڭسا ، ئارىلىقتا قونغۇدەك يەر تاپقىلى بولىدىغان ـ بولمايـدىغانلىقىنى باقىدىن سورىدى .

— يەرغۇ جىق ، ئەمما قونغىلى بولمايدۇ .

— نېمىشقا ؟

— مۇشۇ يەردىن ئۆتسەكلا دەريا سۈيى يېيىلىپ ئاقىدۇ .

ئەتراپىتا داشى . چوڭ ـ كىچىك كۆللەر بەك جىق ، قونۇپ ئارام ئالغۇدەك جايىنى تاپماق تەس ، ساپلا زەيكەشلىك .ماكىمىز دېسەك كېمىلىكلەر بىلەن ئاتلىقلارنىڭ ئارىلىقى بەك يىراقلاپ كېتىدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، بۇگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ ئوبدان ئارام ئېلىۋېلىپ ، ئەتە سەھەر يولغا چىقايلى ، — دېدى پرژېۋالىسكىي .

باقى بىلەن ئالىقۇل ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلىپ ئېگىزرەك بىر تۆپىلىكنى چۇشكۇن قىلىشقا تاللىدى . ئەتراپ بۇلۇق ئوتلاق بولۇپ ، ئارىلاپ ئادەم بويىدىن ئېگىز ، باغجانلاپ كەتكەن يۇلغۇنلارمۇ بار ئىدى . ئۇلارنىڭ تاڭ شەپىقىدەك قىپقىزىل ئېچىلىپ كەتكەن چېچەكلىرى ، كەڭ يېشىل دالىغا ئاجايىپ بىر گۈزەللىك بەخش ئەتكەنىدى . تۆپىلىككە ھەممىدىن بۇرۇن كەلگەن ئابدۇللا قان رەڭگىدە توق قىزىل ئېچىلىپ كەتكەن يۇلغۇن چېچەكلىرىگە قاراپ بوۋىسىنىڭ مۇشۇ توغرۇلۇق دېگەنلىرى ئېسىگە كېلىپ قالدى .

«يۇلغۇن شېھىتلەرنىڭ تىمسالى ، يۇلغۇنلۇق شېھىتلىك . يۇلغۇن چېچىكىنىڭ قىپقىزىل بولۇپ ئېچىلىشى ، شېھىتلەر قېنىنىڭ بەلگىسى» دېگەنىدى بوۋىسى ئۇنىڭغا . مۇشۇ دالىمۇ شېھىتلىكمىدۇ ، ئۇنداقتا بۇلار نەدىن كېلىپ قېلىپ بۇ يەردە شېھىت بولغان ؟...

— ئوت قالاپ ، بېلىقنى كاۋاپ قىلىپ يەيلى ، — باقىنىڭ گېپى ئابدۇللانىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى . باقى ، ئامىتەك ، ئالىقۇل ، ئوبۇللار قۇرۇق يۇلغۇن شاخلىرىنى يىغىپ كەلدى ، تۆپىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوت ياقتى . ئىچ ـ قارنى كېمىدىلا ئېلىۋېتىلىپ تازىلىنىپ تەق قىلىپ قويۇلغان بېلىقلارنى ياغاچ ئۆتكۈزۈپ كېرىپ ، ئوتتۇرىدىن ئۇزۇن بىر ياغاچ ئۆتكۈزۈپ ، ھەممىسى بىردىن تۇتۇپ يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئۇيان ئۆرۈپ ـ بۇيان ئۆرۈپ قاقلاپ پىشۇرۇشتى . بېلىق كاۋىپىنى قانداق يېيىشنى ئۈچ لوپلۇق ئالدى بىلەن يەپ كۆرسىتىپ قويدى . ئوبۇل ھەرھالدا بېلىق كاۋىپى يېيىشنى ئازراق بىلىدىكەن ، ئۇلاردىن باشقىلىرى زادى بېلىق يەپ كۆرمىگەندەك ئىدى . باقى ، ئامىتەك ، ئالىقۇللار بىر بېلىقنى



www.uyghurkitap.com

پاك ـ پاكىز يەپ بولغۇچە ، ئوبۇل قولىدىكى بىلىقنىڭ يېرىمىنىمۇ يەپ بولمىغانىدى . قالغانلار بولسا تېخىچە ئۇزۇۋالغان بىر پارچە بىلىق گۆشىنىڭ قىلتىرىقىنى تېرىپ ئولتۇراتتى . ئۇلار ئۇچ لوپ-لۇقنىڭ بىلىق يېيىشىگە ئاغزىنى ئاچقىنىچە چەكچىيىپ قاراپ قېلىشتى . ئۇلار بىلىقنى بىر ياندىن يەپ ، بىر ياندىن جاۋغىيىنىڭ بىر تەرىپىدىن قىلتىرىقلارنى ئۇدۇللۇق چىقىرىپ تۇراتتى...

ئىۋان كوزمىچ بىر قولىنىڭ ئالقىنىدا كانىيىنى تۇتۇپ ، قېقىلىپ ، قىسقا ـ قىسقا يۆتەلگىلى تۇردى ، چىرايى ئېسىلىپ ، قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى .

— گېلىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قاپتۇ ، قانداق قىلىمىز ، — دېدى ئابدۇللا .

قىلتىرىق تۇرۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ پرژىۋالىسكىي بىلەن پاۋىل كوسمىنوف جىددىيلىشىپ ئىتتىك ئىۋاننىڭ يېنىغا كەلدى . ئىۋان كوزمىچ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھەدەپ بىگىز بارمىقى بىلەن گېلىنىڭ ئىچىنى كۆرسەتتى . پرژىۋالىسكىي تېخىمۇ جىددىيچى-لىككە چۈشتى . ئۇ ئابدۇللاغا قاراپ :

— ماۋۇلاردىن سوراپ باق ، بۇنىڭ بىر ئامالى بارمى-كىن ، — دېدى .

ئابدۇللا پرژىۋالىسكىينىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى . باقى ، ئامىتەك بۇلارنى زاڭلىق قىلغاندەك بېشىنى ئىرغىتىپ مى-يىقىدا كۈلۈپ قويىدى ـ دە ، باقى بېلىق تېرىسىدىن ئازراق ئېلىپ :

— بۇنى يەۋەتسۇن ، — دېدى .

ئابدۇللا بېلىق تېرىسىنى باقىنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئىۋانغا بېرىۋېتىپ ، ئۇنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى . ئىۋان كوزمىچ بىر قولىدىكى بېلىق تېرىسىغا ، بىر باقىغا قاراپ قويۇپ ، «بۇنىڭ-دىن باشقا ئىشەنچلىك ئامال يوقمىدۇ ؟» دېگەندەك قىلىپ پرژىۋا-لىسكىيغا قارىدى . ئىۋان كوزمىچ بارغانسېرى قېقىلىپ قىسقا ـ قىسقا يۆتىلىپ ، چىرايى تېخىمۇ ئېسىلىپ كېتىۋاتاتتى .

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئاران ـ ئاران تىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. «مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئوخشايدۇ، قېنى، يەپ باق» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى پرژىۋالىسكىي. ئىۋان بېلىق تېرىسىنى ئاغزىغا سېلىپ چايناشقا باشلىدى.

— بەك يۇمشاق چاينىمايلا يۇتۇۋەتسۇن، — دېدى باقى ئىۋان كوزمىچ چالا ـ بۇلا چاينالغان بېلىق تېرىسىنى كۆچەپ تۇرۇپ يۇتۇۋەتتى. شۇئان ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئېسىلىش تارقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش ئىگىلىدى. قىلتىرىق گېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

— خاروشو ـ خاروشو①، — ئىۋان كوزمىچ ئورنىدىن تۇرغىنىچە شۇنداق دەپ كېلىپ، باقىنىڭ مۈرىسىگە بىرنەچچىنى شاپىلاقلىدى.

باياتىن جىددىيلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشقان پرژىۋالىسكىي بىلەن پاۋىل كوسىنوفنىڭ چىرايىغا خاتىرجەملىك كۈلكىسى يۈگۈرۈپ، ئېچىلىپ كەتتى. «بېلىق يېگەنلىك باھانە بىلەن، بارى ـ يوق ئۈچ روسنىڭ بىرىمىز ئۆلۈپ، ئىككىمىز قالارمىزمۇ؟!» دېگەن قورقۇنچلۇق خىيال پرژىۋالىسكىينىڭمۇ، پاۋىل كوسىنوفنىڭمۇ كاللىسىغا كەلگەنىدى، ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن شۇنداق ئويلاشقان، ئۆز خىيالىنىڭ دەھشىتىدىن بەدەنلىرى شۈركۈنۈپ، قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىشكەنىدى...

قوياش ئاللىقاچان ئۆز ئورنىنى تېپىپ، كېچىنىڭ پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى. سۈزۈك ئاسماندا يۇلتۇزلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ جىمىرلاشماقتا.

— ئاتلارنى قانداق قىلىمىز؟ — پرژىۋالىسكىي ئابدۇللا ئارقىلىق ئولتۇرغانلاردىن سورىدى، — چۈشەپ قويۇپ بېرىمىزمۇ ياكى نوۋەتلىشىپ باقىمىزمۇ؟

— لوپتا جاندارلارنى بېقىپ يۈرمەيمىز، قويۇپ بېرىمىز. بۇنىڭدەك بولۇق ئوتلاقتا ئاتلار ھېچ نەگە كەتمەيدۇ، — دېدى

① خاروشو (خاراشو) ـ روسچە، ياخشى دېگەن سۆز.

باقى .
— ئاتلارنى ئوغرى ئېلىپ كەتسە قانداق قىلىمىز ؟
— لوپتا ئوغرى يوق ! — پرژېۋالسكىينىڭ گېپى باقىنىڭ كۆڭلىگە تەگدى چېغى ، شۇنداق دەپلا جىم بولدى .
— بۇلارنىڭ نېمە ئويلايدىغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ ، پەيلى ياماندەك قىلىدۇ . ئاتلىرىمىزنى ھەيدەپ كەتسە قانداق قىلىمىز ، بۇلارنى نەدىن تاپىمىز . ئۆزىمىز نۆۋەتلىشىپ كۆزەت قىلايلى . بىرەر ئەھۋال كۆرۈلسە ، ئوق چىقىرىپ بەلگە بېرەيلى ، — پرژېۋالسكىي ھەمراھلىرى بىلەن شۇنداق دېيىشتى .
پرژېۋالسكىيلار ئۆزئارا پەس ئاۋازدا گەپ قىلىشىۋاتقاندا ، باقى ، ئامەتەك ، ئالىقۇللار ئورنىدىن تۇرۇپ دەريا تەرەپكە ماڭدى .
— ئاۋۇلار كېمىسىنى ئېلىپ كېتەمدۇ نېمە ؟ — دېدى ئىۋان كوزمىچ .
— ئۇنداق قىلسا چاتاق بولىدۇغۇ ، ماڭ ئابدۇللا ، بېرىپ باقايلى ، — دېدى پرژېۋالسكىي .
بۇلار دەريا بويىغا كەلگەندە باقىلار كېمىگە چىقىپ ئولتۇرات-تى . ئابدۇللا باقىدىن :
— كېمىگە چىقىۋاپسىلەرغۇ ، ئۇخلىمامسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .
— كېمىدە ئۇخلايمىز ، — باقى قىسقىلا جاۋاب بەردى .
ئابدۇللا ئۇنىڭ گېپىنى پرژېۋالسكىيغا ئۆرۈپ بەردى . پرژې-ۋالسكىي :
— ئۇلارغا ئېيت ، بېرىپ بىز بىلەن ئۇخلىسۇن ، — دېدى .
— بىز كېمىدە ئۇخلايمىز . بىزنى كېتىپ قالارمىكىن دەۋا-تامسىلەر . ئاقساقال بىزگە سىلەرنى چۈشىنكۆلگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتقان . ئىشەنمىسەڭلار بۇلارنى ئېلىپ كېتىڭلار ، — باقى شۇن-داق دېدى - دە ، كېمىدىن ئىككى شورۇق ، ئىككى پالاقنى ئېلىپ ئابدۇللاغا تەڭلىدى . ئۇ تەرجىمە قىلىپ بەرگەن پرژېۋالسكىينىڭ گېپى ئۇلارنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ قويغانىدى . باقى گېپىنىڭ

ئاخىرىغا، — نەدە ئۇخلاش ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئابدۇللا ئۇنىڭ گېپىنى پرژېۋالسكىيغا تەرجىمە قىلىپ بەردى، ئەمدى گەپ قىلىۋېرىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. پرژېۋالسكىي، ئابدۇللالار ئورنىغا قايتىپ كەلدى. باقىلارنىڭ قايتىپ كېتىش - كەتمەسلىكىدە پرژېۋالسكىي يەنىلا گۇماندا ئىدى، لېكىن شۇرۇق بىلەن پالاقنى ئالمىدى. قانداق ئالىدۇ؟ ئالسىلا، باقىلار كەتمەي قالسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپەردە ئارىدا ئىشەنچ قالمايدۇ.

## 3

ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. دىلپارغا بارىدىغان سەپەرنىڭ يېرىمى تۈگىدى. ئەتىگەن يولغا چىققاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە باقىمۇ، ئامىتەكمۇ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ باقمىدى. ئۇلار سورالغان گەپلەرگە خۇشياقمىغاندەك كەيپىياتتا قىسقا جاۋاب بېرىپ جىم بولۇۋالاتتى، نەچچە كۈندىكىدەك ئەتراپنى تونۇشتۇرۇپ ماڭىدىغان قىزغىنلىق زادىلا يوق ئىدى. ئاتلىقلارنى باشلاپ ماڭغان ئالىقۇلمۇ مۇشۇنداق بولۇپ قالغانمىدۇ؟ پرژېۋالسكىي ئويلايتتى، ئويلىغانسېرى خىيالى شاخلاپ، ئۆزىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ، كۆڭلىنى ئازابلىماقتا ئىدى. پرژېۋالسكىي بۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ سەپەرگە چىققاندىن تارتىپ، ئاخشامقى ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىك بولغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى جەريانىنى ئەسلىدى. «بۇلار ئاقساقىلىنىڭ گېپىنى بەك ئاڭلىسا كېرەك، ئۆيگە بېرىپ بالىلار بىلەن خوشلىشىپ كېلەيمۇ دېمەي شۇئان بىز بىلەن ماڭدى... سىلەرنى بېلىق كاۋىپى بىلەن مېھمان قىلايلى دەپ بىز ئۆچۈنلا بېلىق تۇتتى، ئاشۇ قىلچىلىك قىلتىرىق تۇپەيلىدىن ھايات - ماماتلىق ئوتتۇرىسىدا جان تالىشىپ قالغان كوزمىچىنى بىز بىلمەيدىغان ئاشۇ ئاددىي ئۇسۇلى بىلەن قۇتقۇزۇپ قالدى.

بۇلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى ، باشقىلارغا قىلچىمۇ غەيرىي خىيالدا بولمايدىكەن ، ئەمىسە تۇرۇپلا نېمىگە ئاچچىقى تۇتۇپ قالدى ؟ ، — پىرژېۋالىسكىي بولۇنغان گەپلەرنى ئەسلەدى ، — «لوپتا ئوغرى يوق !» باقى بۇ گەپنى تەئەددى بىلەن قاتتىق قىلدى . نېمىشقا ؟ مېنىڭ ئاشۇ : «ئاتلارنى ئوغرى ئېلىپ كەتسە… » دېگىنىم ئۈچۈن ، «بىزنى ئوغرىمىكىن دەپ گۇمانلاندى » دەپ ئويلاپ قالدىمۇ ؟ بۇلار ئەجەب چېچەن ، زېرەك ئادەملەركەنغۇ ! ئاشۇ بىر ئېغىز گېپىمدىن مېنىڭ قانداق خىياللاردا بولغىنىمنى بىلىۋاپتۇ . گېپىم ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ ، زەردىسىنى ئۆرلىتىۋېتىپتۇ . مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ، زىيان ھامان بىزگە بولىدۇ . ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن . قانداق قىلىش كېرەك ؟ بۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ كۆڭلىنى ئاغرىتقان مەن بولغاندىكىن ، ئۆزۈم بۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشىم كېرەك » . پىرژېۋالىسكىي ئويان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ، ئاخىر مۇشۇ قارارغا كەلدى .

— ئابدۇللا ، — دېدى پىرژېۋالىسكىي ، — ئاۋۇلارغا ئېيت ، كېمىسىنى ماۋۇ كېمىگە يانداپ يېقىن ماڭسۇن .

ئابدۇللا گەپنى تەرجىمە قىلىپ ئۇنلۇك دەپ بەردى . ئامىتەك گەپنى ئاڭلىمىغاندەك ئۆز يۆنىلىشىدە مېڭىۋەردى . ئۇنىڭ قاپىقىمۇ ئوخشاشلا تۈرۈك ئىدى . پاۋىل كوسمىنوف بىرنەچچە قېتىم تەكرار گەپ قىلغاندىن كېيىن ، كېمىنى باقىنىڭ كېمىسىگە يانداشتۇردى .

— بىزدىن ، بولۇپمۇ مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭلار . كۆڭلۈڭلەرگە تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويۇپتىمەن ، — پىرژېۋالىسكىي گەپنى شۇنداق باشلىدى . ئۇنىڭ گەپنى سەمىمىيلىك بىلەن دەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى ، — بىز يۇرتۇڭلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيمىز . بىز تەرەپتە ئات ئوغرىسى بەك كۆپ ، بىزدەك ئون نەچچە ئات بىلەن سەپەرگە چىققانلارنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا ، ئوغرىلار ئەگىشىپ ماڭىدۇ . ئېپىنى تاپقاندا ، ئاتلارنى ئوغرىلاپ ھەيدەپ

كېتىدۇ . ئات ئوغرىلىرى بەك قارا قورساق كېلىدۇ ، ئاتنى دەپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىنمۇ يانمايدۇ . بىز كورلىغا كەلگۈچە تاغ ئارىسىدا بۇنداق ئىشقا يولۇقتۇق ، تاس قالدۇق ئاتلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالغىلى . بىز بۇ تەرەپكە ماڭغاندا ، ئېتىمىزنى قەستلەپ ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ كەلگەنلەر بولۇپ قېلىپ ئېتىمىزنى ئوغرىلاپ كەتسە ، بۇ لوپ دالىسىدا قانداق قىلارمىز دەپ ھېلىقىدەك گەپنى دەپ قويۇپتىمەن . ئۇ گەپلەرنى كۆڭلۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتسەڭلار ، بىزنى ئەپۇ قىلساڭلار ، — دېدى ئۇ .

پرژىۋالىسكىينىڭ گېپىدە سەممىيلىكمۇ ھەم يەنە ئىلاجسىزلىقمۇ بار ئىدى . ئۇ مۇشۇ لوپلۇقلارغا تايانماي ، بۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەي ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى ، شۇڭا تىلىنى تاتلىق قىلىپ بۇلارنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتىشقا كۆچىمەكتە ئىدى . كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىمايدىغان ، كۆڭۈل ئاغرىقىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىدىغان ، كەڭ قورساق لوپلۇقلارغا ئۇنىڭ گېپى تەسىر قىلىپ ، ئويلىغىنىدىنمۇ تېز ئۇنۇم بەردى .

باقى پرژىۋالىسكىينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىۋېتىپ :

— بىزنىڭ لوپتا زادى ئوغرى يوق ، ھېچكىمنىڭ ھېچنېمىسى يوقالمايدۇ . باشقا يەردىن كەلگەنلەر ئوغرىلىق قىلسىمۇ ، ھەرگىز سىغدۇرالمايدۇ . بىزنىڭ ئىزچىلىرىمىز تاپان بېسىپ بېرىپ تېپىۋالىدۇ . نەرسەڭلەرنى يوقاپ كېتەمدىكىن دەپ غەم يېمىسەڭلارمۇ بولىدۇ ، — دېدى .

پرژىۋالىسكىي باقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى ھەم يەنە كىچە تارتىۋالغان ئاۋارىچىلىكلىرىمۇ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى . بۇلار ھېلىقىدەك دەرگۇماندا بولغاچقا ، تۈنى ئىككىدىن ئىككى گورۇپپا بولۇپ قوراللىق كۆزەتتە تۇردى . بىرەر جىددىي ، خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلگۈدەك بولسا ، ئوق چىقىرىشنىمۇ مەسلىھەتلىشىۋالغانىدى . ئۇلارنىڭ كېچىچە ئاۋارە بولغىنىغا تۇشلۇق ، ئۇلار قىلغان گۇماننىڭ كىچىككىنە شەپىسىمۇ سېزىلمىدى . كېچە



كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇنچە تىنچ ئۆتتى . مۇشۇ تۆتىدىن باشقىلىرى خاتىرجەم قېتىنىپ ئۇخلىۋالدى .

— بىزگە شاشقاقتا بېلىق تۇتۇشنى ئۆگىتىپ قويساڭلار ، — دېدى پرژېۋالىسكىي ، گەپنى ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىش تەرىپىگە بۇراپ .

— ئالدى بىلەن كېمىدە ئولتۇرۇشنى ، ئاندىن كېمە تاياشنى ئۆگىنىڭلار ، — دېدى ئامىتەك .

«ئىلايا شۇكۇر ، — دېدى پرژېۋالىسكىي ئىچىدە ، — ئىشنى ئۆزىمىز بۇزغىلى تاس ـ تاماس قاپتۇق . چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان ئامىتەكمۇ ئەيۋەشكە كېلىپ گەپ قىلدى»

«ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان . ئاخشام ئاززاق قىڭغىر كېتىپ قالغان سوغۇق گەپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى مۇزلىتىۋەتكەن بولسا ، مانا ، چىرايلىق ئېيتىلغان ياخشى گەپ كۆڭۈللەرنى ئېرىتىپ ، ئۇلارنىڭ چىرايىدا چېچەك ئاچقۇز-دى ، ھەم ئېيتىلگەن ئېغىزلارنى زوۋانغا كەلتۈردى .

«كىشى پەزىلىتى بىلەن قولىنى ئۇزارتسا ، ئېگىز تاغنى باش ئەگدۇرۇپ ، يەرگە ئېگىشتۇرىدۇ[1] » مانا بۇ قېتىمغا قىل سىغماس ھېكمەت ، ھەقىقەت .

كەڭ يېيىلىپ كەتكەن ، نەچچە تارامغا بۆلۈنگەن سۇ يەنە يىغىلىپ غول ئېقىن ھاسىل قىلغانىدى . دەريانىڭ ئىككى ۋادىسى-دىكى كۆز يەتكۈسىز توغراقلىقتا قاراپ پرژېۋالىسكىي ھەيران قالدى . ئۇ سىبىرىيە ئورمانلىقىنى كۆرگەن . ئۇ يەردىكى ئورمان-لىقتا سۇ بولمىسا بولمايتتى ، يامغۇر ئۇزۇلمەي يېغىپ تۇراتتى ، بىر ئاي يامغۇر ياغمىسا دەرەخلەر ساڭگىلىپ قالاتتى . پرژېۋالىس-كىينى ھەيران قالدۇرغىنى ، بۇ يەردىكى توغراقلارنىڭ قەيسەرلىكى ئىدى . ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەكلىماكاننىڭ دې-ڭىز ـ ئوكياندىن يىراقلىقى ، ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ئېگىز تاغلارنىڭ نەم ھاۋانى توسۇۋېلىپ بۇ تەرەپكە ئۆتكۈزمەيدىغانلىقى ،

---

[1] بۇ ھېكمەتلىك سۆز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ — ئا .

بۇ يەرنىڭ تىپىك قۇرغاق رايونلۇقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.
— باقى ، كېمىنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرغىنا ، قاشقا چىقىپ ئەتراپنى كۆرۈپ باقاي ، — دېدى پرژېۋالىسكىي .
«توغراق ، قۇمدىن باشقا ھېچنېمە يوق تۇرسا ، يەنە نېمىنى كۆرىدىغاندۇ » باقى شۇنداق ئويلىغاچ كېمىنى قىرغاققا تىيەپ توختاتتى .
پرژېۋالىسكىي قاشقا چىقتى . ئۇ ئۇندەك يۇمشاق ، قۇرۇق قۇمغا دەسسەپ تۇراتتى . بۇ ئۇنىڭ لوپقا كەلگەندىن بۇيان تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇنجى قېتىم ئاياغ بېسىشى ئىدى . ئۇ نېرىدىكى ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقتى ، قۇمنى قولىغا ئېلىپ بارماقلىرىدا سىيرىپ ئېقىتىپ باقتى . قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ئۈچ ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيدىغان يوغان بىر تۈپ توغراق قۇم دۆۋىسىنى تولۇق يېپىپ سايە تاشلاپ تۇراتتى . پرژېۋالىسكىي قۇمنى قولىدا سىيرىپ ، كولاپ كۆرۈپ باقتى . دەريا قېشىدىكى قۇملار ئۇنداق قۇرغاق تۇرغان يەردە ، بۇ دۆۋىدە نەم دىدارى بولسۇنمۇ ! لېكىن يىللاپ سۇ كۆرمەيدىغان بۇ توغراق ياش توغراقلاردەك باغجانلاپ ياپيېشىل تۇراتتى ، تېخى بىرەر شېخىمۇ قۇرۇپ قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .
پرژېۋالىسكىي دۇربۇن بىلەن ئەتراپقا ، يىراقلارغا قارىدى . قاراپ تەبىئەتنىڭ بۇ ئاجايىپ مەنزىرىسىگە تويمىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇ كېمىگە قايتىپ بېرىپ خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ كېلىپ ، يەنە بايىقى قۇم دۆۋىسىگە چىقتى . ئۇنىڭ كەينىدىن پاۋىل كوسمىنوف بىلەن ئابدۇللامۇ كېلىپ قۇم دۆۋىسىگە چىقتى . قۇم دۆۋىسى مۇشۇ بىرلا ئەمەس ئىدى . بىر تەرەپ تەكشى كەتكەن قۇملۇق بولسا ، بۇ بىر تەرەپ دۆۋە - دۆۋە قۇملۇق ئىدى . مەيلى تەكشىلىك ، مەيلى دۆۋىلىكتە بولسۇن توغراقلار قويۇق ئىدى . كوسمىنوف بىلەن ئابدۇللامۇ بۇ ئاجايىپ مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇپ قالدى . بۇلارنى نېمە قىلىشىۋاتىدىكىن ، دەپ باقى ، ئاستىمەكلەرمۇ كەلدى .
— بۇ توغراقلىققا سۇ كىرمەمدۇ ؟ — پرژېۋالىسكىي ئىككە-



www.uyghurkitap.com

سىدىن سورىدى .

— سۇ كىرىدۇ . ھەر يىلى 7 ـ ئاي بىلەن 8 ـ ئاي ئارىلىقىدا كەلكۈن كەلگەندە پەس ، تۈزلەڭ يەرنىڭ ھەممىسىنى كەلكۈن باسىدۇ . بۇ يىل مانا ھازىرغىچە كەلكۈن كەلمىدى .

— بۇ ئەتراپتا مەھەللە يوقمۇ ؟

— توغراقلىقنىڭ نېرىسىدا بار ، ئارىلىقى خېلى يىراق .

پاۋىل كوسمىنوف بىلەن ئابدۇللا ئەتراپنى ئايلىنىپ كەلگىلى كەتتى باقى بىلەن ئامىتەك بىز بېلىق تۇتقاچ تۇرايلى ، دەپ كېمە تەرەپكە كەتتى .

پرژېۋالسكىي قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە يالغۇز قالدى . دۈربۈن بىلەن ئەتراپقا يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، توغراق تۈۋىدە ئۈپىدەك يۇمشاق قۇمدا پۇتىنى سوزۇپ ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ خاتىرە يېزىشقا كىرىشتى .

*... « مانا بۈگۈن مەن تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئېقىۋاتقان كۆنچى دەرياسى بويىدىكى ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ، نەچچە ئەسىرلىك سەرگۈزەشتىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قېرى ، ئەمما ياپيېشىل تۇرغان توغراق تۈۋىدە ئولتۇرىمەن . ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەمگە لوپ دالىسىنى تاللىۋېلىپ توغرا قىپتىمەن . چوقاننىڭ[1] «ئەپسانىۋى بىر دۇنيادۇر» دېگىنى دەل مۇشۇ تەكلىماكان ئىكەن .*

*مەن مانا شۇ ئەپسانىدەك سىرلىق دۇنيانىڭ بوسۇغىسىدا تۇرىمەن . بوسۇغىسىمۇ ماڭا سىرلىقتەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ . دەريانىڭ ئىككى قاسناق ۋادىسى كەڭ كەتكەن قۇملۇق بولغىنى بىلەن ، بۈك توغراقلىق ئىكەن . بىر قاراپلا بۇنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىختا ئىگە ئىپتىدائىي توغراقلىق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ . ھازىرغىچە سىرتىنىڭ ھەرقانداق قولى يەتمىگەن ، ئەزەلى ئىپتىدائىيلىقىچە تۇرۇۋاتقان توغراقلىق ئىكەن . مەن ھازىر تەڭرىنىڭ ئاجا-*

① چوقان — چوقان ۋەلىخانوف .

*يىپ سىرلىق قۇدرىتىڭمۇ ھەيران قىلىۋاتىمەن . يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان كەلكۈندىن باشقا بىر تېمىم سۇ كۆرمەيدىغان قۇملۇقتا ، ئېگىز قۇم دۆۋىلىرى ئۈستىدە توغراقلارنىڭ كۆكلەپ ، ياشىرىپ يېشىللىقىدىن قالماي تۇرۇشىنىڭ ئۆزىلا بىر سىر ئىكەن . مەن چىدامىلىق ، قەيسەرلىكتە دۇنيادا توغراقتىن باشقا يەنە بىر خىل دەرەخ يوقمىكىن دەيمەن . تەڭرى بۇ قەيسەر دەرەخنى مۇشۇ تەكلىماكان ئۈچۈنلا ياراتقانمىكىن ، دەپ ئويلاپ قالدىم . دېمىسىمۇ ، ئوتتەك قىزىق ھاۋاسى قۇم دۆڭلىرى ئۈستىدە ۋىلىلداپ كۆزنى تالدۇرىدىغان قۇملۇقتا ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان يۇلغۇننى سانىمىغاندا ، توغراقتىن باشقا خىلدىكى دەرەخ يوقكەن . بەلكى بۇرۇن بار بولغىيدى ، ئەمما بۇ ماكاننىڭ ئۆزگىچە ، رەھىمسىز تەبىئىتى ئالدىدا ئاجىز ۋە چىدامسىزلىقىدىن شاللىنىۋېتىلگەندۇ ، پەقەت توغراقلا ئۆزىنىڭ قەيسەر ھاياتىيلىقى بىلەن ياشاپ كېلىۋېتىپتۇ . بىلمىدىم ، باقى ، ئامىتەكلەردىكى ئۆزلۈكلۈك ، مەغرۇرلۇق ۋە ئۆزگە ئىشىنىش ، چىدامىلىق توغراقنىڭ قەيسەرلىكىنى مەنبە قىلغانمۇ ياكى ئۇلار ئۆز روھىيىتى بىلەن توغراقنى سۇغىرىپ كېلىۋاتامدۇ ؟... »*

پرژېۋالىسكىي خاتىرىسىنىڭ ئاخىرىغا پىكىر ۋە سۆز تاللاپ ئويلاپ ئولتۇراتتى ، شىپىرلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى ، باقى قۇم دۆۋىسىگە چىقىۋاتاتتى .

— بولمىدى ! كەلكۈن كېلىۋېتىپتۇ ، ھازىرلا كېمىنى مۇشۇ قۇم دۆۋىسىگە ئاچىقىۋالايلى ، — دېدى باقى ، قۇم دۆۋىسىگە چىقىۋېتىپ .

كېلىۋاتقان كەلكۈننىڭ خەتەرلىك دەرىجىسىنى ھېچكىم چاملىيالمىسىمۇ ، «كەلكۈن» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا پرژېۋالىسكىيغا بېتەرلىك قورقۇنچ سالدى . سىبىرىيىدە تەكشۈرۈشتە بولغان چېغىدا كەلكۈندە قېلىپ ، بىر بۇرادىرى كەلكۈنگە يەم بولۇپ كەتكەن ، ئۆزى ئۆلۈم ئاغزىدىن ئاران قۇتۇلۇپ قالغانىدى . شۇڭا ھازىر

جىددىيلىشىپ قالدى ، لېكىن باقىدا بايىقى جىددىيلىك قالمىغان-
ىدەك ئىدى . پرژېۋالىسكىي ئۆزىنىڭغا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويۇپ ،
ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى . پاۋېل كوسمىنوف بىلەن ئابدۇللا بىر تۈپ
توغراق تۈۋىدە بىرنېمىلەرنى قىلىپ تۇراتتى . پرژېۋالىسكىي ئۇلار-
نى تېز كېلىڭلار ، دەپ چاقىردى .

— كەلكۈن كېلىدىغان ئوخشايدۇ ، كېمىنى بۇ يەرگە ئاچىقى-
ۋالايلى ، — دېدى پرژېۋالىسكىي ئۇ ئىككىسى كەلگەندىن كېيىن
ۋە ئۆزى باشلاپ قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ دەريا تەرەپكە ماڭدى .

سۇ كۆپۈكلىشىپ ، ئېقىنىمۇ ئىتتىكلىشىپ قالغاندەك ئىدى .
ئادەتتە سۇ يۈزىدە بىرەر نەرسە بولمىسا ، سۇنىڭ ئاققان - ئاقمىغى-
ىنى دەمال پەرق ئەتمەك تەس ئىدى .

— ۋۇي ، بۇنچىۋالا بېلىقنى قاچان تۇتتۇڭلار ؟ — ئىككى
كېمىدىكى ئوتتۇزدەك بېلىقنى كۆرۈپ ئابدۇللا سورىدى .

— بېلىقنىڭ كېپىنى قويۇپ ، كېمىلەرنى قىرغاققا چىقىرىۋا-
لايلى . قاراڭلار ، سۇ ئۆلغىيىۋاتىدۇ . ئامىتەك ، كېمىنىڭ ئارغام-
چىسىنى بۇياققا تاشلا ، — دېدى باقى .

ئامىتەك كېمىنى باغلاپ قويغان ئارغامچىنى يېشىپ قىرغاققا
تاشلاپ بولۇپ ، ئۆزىمۇ كېمىدىن قاشقا چىقتى .

كېمىدىكى نەرسىلەر بەك ئېغىر بولمىغاچقا ، بەش ئادەم كېمى-
لەرنى بىر - بىرلەپ قاشقا ئاسانلا چىقىرىۋالدى .

بەش ئادەمنىڭ كۈچى بىلەن ئالدىدىن سۆرەپ ، كەينىدىن
ئىتتىرىپ يۈرۈپ ئىككى كېمىنى ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە
چىقىرىۋالدى . ناۋادا ، قۇملۇق بولماي توپىلىق يەر بولىدىغان بولسا
چىقارماق خېلىلا تەس بولاتتى .

— بىزغۇ ئېگىز قۇم ئۈستىدە تۇرىمىز . مەن ئاتلىقلاردىن
غەم قىلىۋاتىمەن . ئۇلار هازىر نەدىدۇ ؟ — دېدى پرژېۋالىسكىي
خاتىرجەمسىزلىكىنى بىلدۈرۈپ .

— بۇ ئەتراپ بىلەن ئالىقۇل بەك تونۇش ، كەلكۈننىڭ شەپى-
سى كەلگەن هامان ئۇ قانداق قىلىشنى بىلىدۇ . ئۇلار هازىرمۇ

توغراقلىقنىڭ نېرىسىدا بولسا ، قورقمىساقمۇ بولىدۇ. ئۇ يەردە قۇرۇق دەريا ئىزلىرى جىق . كەلكۈن شۇ قۇرۇق ئېقىنلارغا چۇ-شۇپ ئېقىپ كېتىۋېرىدۇ ، — دېدى باقى .

پرژىۋالىسكىينىڭ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

— بۇ بېلىقلارنى قاچان تۇتقانتىڭلار ؟ — ئابدۇللا بايىقى سوئالىنى يەنە تەكرارلىدى .

— بىكار تۇرغۇچە بېلىق تۇتقاچ تۇرايلى دەپ كېمىگە چىق-تۇق . قارىساق ، دەريادا بېلىقلار خېلىلا جىق ، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئون نەچچىدىن بېلىق سانجىۋالدۇق . بىردەمدىن كېيىن قارىساق بېلىقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ ھەممىسى ئاياغقا كېتىشىۋاتىدۇ . كەل-كۈن كېلەمدۇ ـ نېمە ، دەپ سۇغا قارىساق ، سۇمۇ بۆلەكچە ، قاشقا قارىساق ، ئەسلىدىكى سۇ ئىزى يوق ، سۇ ئۆرلەپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن كەلكۈن كېلىدىكەن ، دەپ سىلەرگە خەۋەر قىلدۇق ، — با-قىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپلا «شار ـ شۇر»لىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى .

— بۇ نېمە ئاۋاز ؟ — ئابدۇللا ئۈندەرىگەندەك سورىدى .

— قۇملۇقتا كەلكۈن مۇشۇنداق ئاقىدۇ . بۇ ، قۇرۇق ئوت ـ چۆپ ، شاخ ـ شۇمبىلارنى كەلكۈن ئېقىتىپ ماڭغاندىكى ئاۋاز ،— دېدى باقى .

— كەلكۈن قايسى تەرەپتىن كېلىدۇ ؟ — پرژىۋالىسكىي سورىدى .

— تاغ تەرەپتىن — تۆگىبېشى ، سۆگەتتاغ ئېغىزى تەرەپتىن كېلىدۇ ، يەنە كورلا تەرەپتىنمۇ كېلىدۇ .

پرژىۋالىسكىي يېنىدىن ئايرىمايدىغان مۇشۇ رايونغا دائىر خە-رىتىنى ئېچىپ بەزى يەرگە خەت يازدى ، بەزى يەرگە شەرتلىك بەلگىلەرنى قويدى .

— ۋۇي ، بېلىقلارنى قانداق قىلىمىز ، سېسىپ كېتەرمۇ ؟ — ئابدۇللا تۇيۇقسىز بىر مۇھىم ئىش ئېسىگە كەلگەندەك سورىدى .

— سېسىمايدۇ ، گەدەرمە قىلىپ قويىمىز ، — ئامتەكنىڭ

گېپى ئاغزىدا قالدى . «شار - شۇر ، غاراس - غۇرۇس»لىغان ئاۋاز كۆچەيدى...

كەلكۈن شۇنداق شىددەتلىك كەلدىكى ، بىردەمنىڭ ئىچىدە دەريا ئورنى نەدە ، بىلگىلى بولمايدىغان بولدى . پرژېۋالسكىيلار چىقىۋالغان دۆڭدەك بىرقانچە قۇم دۆۋىسىدىن باشقا ھەممە يەرنى سۇ باستى . پرژېۋالسكىيلار كەلكۈن مۇشۇ قۇم دۆۋىسىنىمۇ يالـ.ماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئەنسىرىشىپ توغراق تۈۋىگە كېلىۋېلىشتى . ئۇلار ھېلى يىراقلارغا قارىسا ، يەنە كۆزىنى يىراقلاردىن ئېلىپ ، ئۆزى تۇرۇشقان قۇم دۆۋىسىنىڭ ئېتىكىگە تىكەتتى . باقى بىلەن ئامىتەك كەلكۈنگە پەرۋامۇ قىلمىغاندەك بېلىقلارنىڭ ئىچ - قارنىنى ئېلىپ ، ئۇششاق ياغاچلار بىلەن باغرىنى كېرىپ ، كۈن نۇرى چۈشۈۋاتقان يەرگە ئۆگدىسىغا قويۇش بىلەن بەند ئىدى . ئابدۇللا- نىڭ بۇلارغا ياردەملەشكۈسى كەلدى چېغى ، ئامىتەكنىڭ قولىدىن قارنى يېرىلغان بېلىقنى ئېلىپ قورسىقىدىكى ئۆچەي - باغرىنى ئېلىپلا يېنىغا تاشلىۋەتتى .

— نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ ! — ئامىتەك شۇنداق دېدى - دە ، ئابدۇللا تاشلىۋەتكەن بېلىقنىڭ ئىچ - باغرى ئارىسىدىن پوستلاقنى ئاۋايلاپ ئايرىۋېلىپ كېمىگە تاشلاپ قويدى .

— نېمە قىلىسىلەر بېلىق ئۆپكىسىنى ؟

باقى بىلەن ئامىتەك تەڭلا ئابدۇللاغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ ئىشىنى قىلىۋەردى...

## 4

پرژېۋالسكىيلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان قۇم دۆڭىدىن چۈشمەي ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدى . «گۈلدۈر - قاراس»لاپ شىددەت بىلەن كەلگەن كەلكۈن باسىدىغاننى بېسىپ ، ئېقىتىدىغاننى ئېقىتىپ يېـ.رىم كۈندىلا توختىغان بولسىمۇ ، ئۈچ كۈنگىچە قالدى - قاتتىسى كەتمىدى ، پەس - ئويمان يەرلەر يەنىلا سۇ ئاستىدا . دەريا سۈيى

تارتىلدى ، لېكىن ئىككى قاسناقتىن سىرغىيدىغان سارقىندى سۇ-
لار توختىمىدى ، دەريا سۈيى يەنىلا دۆغ ئىدى . باقى ، ئامىتەكلەر
ئاززاق سۇ قاچىلىۋالايلى ، دېمىگەن بولسا ، ئۇلارنىڭ سۇ بىلەن
قاپسىلىپ تۇرۇپمۇ سۇ ئىچمىكى بىر گەپ ئىدى . پرژىۋالىسكىي
بىلەن كوسمىنوف مۇشۇ ئۈچ كۈنلۈك تاماقلىنىش جەريانىدا
نانىنىڭ — ئۇيغۇر نېنىنىڭ ئاجايىپ ئېسىل يېمەكلىك ئىكەنلىكىنى
تېخىمۇ ھېس قىلدى ، ھېس قىلغاندىمۇ ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈ-
نۈپ ، تولۇق قايىللىقى بىلەن ھېس قىلدى . «بىز رۇسلار بولىد-
غىلا يېپىشتۇالغۇچە ، نېمىشقا نان يېپىشنىمۇ ئۆگىنىۋالمىغان بول-
غىيدۇق» دەپ ئويلاپ قېلىشتى . ئۇلار قۇرۇتۇپ قېتىتىۋالغان
بولكىسىنى يەپ باقتى . ئۇنى قۇرۇق يېسە ، نېرىغا يۇتسا بېرىسىگە
كېلىۋېلىپ ، گېلىدا تۇرۇپ قالغان ئۇۋاقلىرى يۆتەلدۈرۈۋېتەتتى ،
بىر چىشلەم يەپ ، بىر يۇتۇم سۇ ئىچمىسە بولمايتتى ، سۇغا چىلاپ
قويسا مىلىچلىنىۋېلىپ تەمىدىن كېتىپ لەشتەك بولۇپ قالاتتى . نان
ئۇنداق ئەمەس ، قۇرۇق يېسىمۇ ، سۇغا چىلاپ يېسىمۇ ، تەمى
ئوخشاشلا ، قانداقلا يېسە يېيىشلىك ، تېتىملىق ھەم سىڭىشلىق .
ئۇلار پىشۇرۇپ قاق قىلىۋالغان گۆشىنىمۇ يېدى . كونا بىلىق ،
يېڭى بىلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنىمۇ يېدى ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى
نانغا يەتمىدى ، ناندەك ھۇزۇر بېرەلمىدى .

— دەريا سۈيى سوغۇلۇپ مۇقىملاشقاندەك قىلىدۇ . ماڭساق
بولارمۇ ؟ — پرژىۋالىسكىي باقى بىلەن ئامىتەكتىن سورىدى .

باقى سوئالغا جاۋاب بەرمەي ئاسمانغا قارىدى . قۇياش بىرنەچچە
كۈندىن بۇيان چاچالماي قالغان نۇرىنى تولۇقلاپ چاچماقچىدەك
كۆزنى تالدۇرۇپ چاقنايتتى . باقى يىراق تاغ تەرەپكە قارىدى .
ئاخشام قارامتۇل بۇلۇت قاپلاپ تۇرغان تاغ ئاسمىنىمۇ سۈزۈلۈپ
كەتكەنىدى . بۇ ، قاتتىق يامغۇر مەزگىلىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن
بېشارەت ئىدى .

— يولغا چىقساق بولغۇدەك . كېمىلەرنى سۇغا سالايلى ، —
دېدى باقى .

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئابدۇللا تەرجىمە قىلىپ بەرمىسىمۇ ، پرژى-ۋالىسكىي چۈشەندى . ئۇ ئۈچ كۈننى كەلكۈن قاپلىغان دالىغا قاراپ ئولتۇرىۋەرمەي ، باقى بىلەن ئامىتەكتىن مۇشۇ قېتىمقى سەپىرىگە مۇناسىۋەتلىك سۆز - جۈملىلەرنى ئۆگەنگەچ تۇرغاندى . «سۇ ، كېمە ، يول ، بولغۇدەك...» دېگەن سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ مەنىسىنى بىلىپ يەتتى . ئۇلار ئالدى بىلەن كېمىلەرنى سۇغا چۈ-شۈرۈۋېلىپ ، ئاندىن نەرسە - كېرەكلەرنى باستى . پرژىۋالىسكىي دىلپارغا بېرىپ ئىۋان كوزمىچلار بىلەن تېزرەك ئۇچرىشىشقا ئالدى-رايتتى .

«ئۇلار ساق - سالامەتمىكىن...»

پرژىۋالىسكىيلار دىلپارغا كۈن پاتارغا يېقىن يېتىپ كەلدى . بالدۇر كېلىشى كېرەك ئىدى ، بەزى كىچىك ئاۋارىچىلىكلەرگە ئۇچراپ قالدى . بەزى جايلاردا سۇ كەڭ يېيىلىپ ئاققان ، دەريا بىرنەچچە تارامغا بۆلۈنۈپ كەتكەن ياكى كەلكۈن ئېقىتىپ كەلگەن قۇم - لاتقىلار تىنىپ دەريانى تېيىزلىتىۋەتكەن سەۋەبتىن كېمە-نىڭ ئاستى قۇمغا تېگىپ قېلىپ سۆرەپ مېڭىشقا ، يەنە بەزى جايلاردا دەرياغا قومۇرۇلۇپ چۈشكەن توغراقلار ، توختاپ قالغان شاخ - شۇمبا ، ياغاچلاردىن يول ئېچىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى .

پرژىۋالىسكىي باقى ، ئامىتەكلەر ئارقىلىق دىلپارلىقلاردىن ئىۋان كوزمىچلارنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ جىددىيلىشىپ قالدى-يۇ ، باقىنىڭ گېپى ئېسىگە كېلىپ ، خاتىرجەم بولغاندەك قىلسى-مۇ ، يەنىلا كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى .

دىلپار ئون نەچچە ئائىلىلىك كىچىك مەھەللە . پرژىۋالىسكىي-لار مەھەللىدىن سەل چەتتىكى ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ بويىغا ئىككى چېدىر تىكتى . بۇلار چېدىر تىكىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقاندا ، دىلپارلىقلار غەلىتە كىيىملىك ، سېرىق چاچ ، «سىنى قانسىز» ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ ، بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ ، چوڭ - كىچىك ، ئەر - ئايال ھەممىسى بىر - بىرىنى ھىمات قىلىشقاندەك غۇژمەك بولۇشۇپ قاراپ تۇرۇشاتتى . باقى ئۇلارنىڭ

يېنىغا بېرىپ بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن بېرى كەلدىيۇ ، يەنىلا يېقىن كەلمەي ئارىلىق قالدۇرۇپ تۇرۇشتى . پرژىۋالىسكىي ئۇلارنىڭ چىرايى ، تەق ـ تۇرقىغا كىيىم ـ كېچەكگە ھەم ئۆيلىرىگە سەپسالدى . چىراي شەكلى ئاقسۆيەكلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى : ئۇستىخانلىق ، تەمبەل ، يۈزى سەل كەڭ ، ئىككى زاڭمقى بىلىنەرلىك بۆرتۈپ چىققان ، بۇغداي ئۆڭ ، قوي كۆز رەڭگىگە مايىل ، ئەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قويۇق ساقاللىق ئىدى . ئەرلەر قوپالراق توقۇلغان يۇڭ پالاس ئىشتان ـ چاپان كىيىۋالغان ، ئاياللار ، قىزلار تورقا ئارىلاشتۇرۇلغان يۇڭ چەكمەندە تىكىلگەن چاپان ، ساپ تورقىدا توقۇلغان رەختتە كۆڭلەك كىيگەنىدى . چوڭ ياشلىق ئەر ـ ئاياللارنىڭ بەزىسى چورۇق ، بەزىسى كۆندە تىكىلگەن بۆز رەڭ ئۆتۈك كىيگەن بولسا ، ئوتتۇرا ياش ، ياش ۋە بالىلارنىڭ ھەممىسى يالاڭئاياق ئىدى ، باشلىرىغا يا تېرە تۇماق ياكى ئاق يۇڭدا قۇيغان كىگىز قالپاق كىيگەن . بۇ ، ئىسسىقى مېڭىنى قاينىتىۋېتىدىغان تەكلىماكان قوملۇقىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىسسىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئۇيدان قالقىنى .

بىر كېچە ئۆتتى . ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن پرژىۋالىسكىي ئابدۇللانى ئېلىپ باقى ، ئامىتەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا مەھەللىنى ، ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆرمەكچى بولدى . باقى مەھەللىگە كېتىپ ئېگىز بوي ، ئۇستىخانلىق ، بومبۇر ساقاللىق بىر كىشىنى باشلاپ كەلدى .

— دىلپار مەھەللىسىنىڭ چوڭى ، — باقى باشلاپ كەلگەن كىشىنى تونۇشتۇردى .

— ئىسمى قۇتبۇللا . مەھەللىدىكىلەر ئۇنى قۇتبۇل تاغا دەيدۇ .

— نېمە ؟ ! بىر يۈز بەش ياش ؟ ! — باقى كېتىۋېتىپ قۇتبۇل تاغىنىڭ يېشىنى دېۋىدى ، پرژىۋالىسكىي قولىقىغا ئىشەنمەي قال-دى ، — مېڭىشى بىزدىن تېتىك كۆرۈنىدۇ ، ساقىلىمۇ پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتمەپتۇغۇ .

— ئۆيمدە بىر يۈز يىگىرمە بەش ياشلىق ئاتىسى بار . بۇ يىل سەل كېسەلچان بولۇپ قاپتۇ ، بۇلتۇر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئولتۇ-رىدىغان .

پرژېۋالىسكىي ئالدى بىلەن مەھەللىنى ئارىلىدى ، بۇ يەردىكە-لەرنىڭ ئۆيلىرى ئاقسۇپىدىكىلەرنىڭكىدىنمۇ ئاددىي ئىدى . تىكلىمە ياغاچلىق بەش ئېغىزدەك ئۆينى كۆردى ، قالغانلىرى قومۇش ساتما ئۆيلەر ئىدى . ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئۈچ ئېغىزلىق بولۇپ ، ئوت-تۇرىدىكى كىچىكرەك ، ئىككى تەرەپتىكىسى چوڭ ئىدى . بەزىلەر-نىڭ يەنە ئۆيىنىڭ ئارىسىغا بىر - ئىككى ئېغىزدىن يانداپ سالغان-لىرىمۇ بار ئىدى . ساتمىنىڭ پاكارلىقى ، قويۇلغان قومۇشنىڭ قېلىنلىقى جەھەتتە ھەممىسى ئوخشاش ئىدى . مەھەللە دەريا بويى-دىن تۆت يۈز قەدەمدەك نېرىدىكى ئىككى تۆپىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىدى . ھەرقايسى ئۆيدىكى ئاياللار ، ئىش قىلالىغۇدەك بول-غان قىزلار ئۆز ساتمىلىرىنىڭ ئالدىدا تور ، مانجار ، پالاس ، ئار-غامچا توقۇشتەك ئائىلىۋى ئىگىلىك بىلەن مەشغۇل ئىدى ، بىرمۇ چوڭ ياشلىق ئەر كۆرۈنمەيتتى . پرژېـۋالىسكىي ئىش قىلىۋاتقان ئاياللارنى ئارىلاپ رەسىمگە تارتىپ بولۇپ ، ئابدۇللا ئارقىلىق قۇت-بۇل تاغىدىن :

— ئەرلەر كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بىر قىسىم ئەرلەر دەريادا بېلىق تۇتۇۋاتىدۇ ، يەنە بىر قىسمى شىندى تېغى بىلەن سىگىر تېغىغا ئوۋغا كەتتى .

— تېرىلغۇ قىلىدىغان يېرىڭلار نەدە ؟

قۇتبۇل تاغا پرژېۋالىسكىيغا قاراپ قويۇپ :

— بۇ يەر مانا مۇشۇنداق ساپلا قۇملۇق ، نېمىلا تېرىسا ئۈنمەي تۇرۇپ قۇمنىڭ قىزىقىدا پىشىپ بولىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى .

دېھقانچىلىق قىلماي بىر ئۆمۈر بېلىقچىلىق ، ئوۋچىلىق ، قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن ياشاپ ئۆتىدىغان بۇ مەھەللە خەلقىگە پرژېۋالىسكىي قىزىقىپ قالدى . ئۇ مەھەللە سىرتىدىكى ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ تۆت ئەتراپقا دۇربۇن بىلەن قارىدى . دەريانىڭ نېرىقى قاسنىقىدىكى بۈك غالدىراڭ قومۇشلۇق بىلەن

بېرىقى قاسناقتىكى يېكەنلىكتىن باشقا يېشىللىق كۆرۈنمەيتتى . پەقەت دەرياغا يېقىن بەزى جايلاردا چاچاق ، قوۋغا چاچاق ، بەدە-
يىراق - يېقىندىكى قوم دۆۋىلىرى ئارىلىرىدا يۇلغۇنلار كۆرۈنەت-
تى . بۇ يېقىن ئارىدا توغراقلىق يوقتەك ئىدى . قومۇلۇقنىڭ چېتىب-
گە دۇربۇننىڭ كۆزى يەتمىدى . چەكسىز قومۇلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ھاياتلىقنىڭ جان تومۇرىدەك كۆنچى دەرياسى ئاقماقتا . دەريادا
كىشىلەر كېمىگە چىقىۋېلىپ بېلىق تۇتماقتا . پرژىۋالىسكىينىڭ
خىيالىنى ئۈزۈپ ، مەھەللە تەرەپتىن زىل ئاۋازدا ئېيتقان ناخشا
ئاۋازى كەلدى . بىرىگە يەنە بىرى ئۇلاپ ئېيتىپ ، ناخشا ئۈزۈلمەيت-
تى . پرژىۋالىسكىي ناخشىنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىسىمۇ ، مۇڭىغا
مەپتۇن بولۇپ قالدى . ناخشىدىن چەكسىز قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى
تۈگىمەس يولدا ئېشەك ياكى كالىغا مىنىپ كېتىۋاتقان ۋە ياكى
قومۇش ساتمىدا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ يۈك ساۋاۋاتقان ، پالاس ،
تور توقۇۋاتقان كىشىنىڭ غېرىب - مىسكىنلىكىنىڭ ، يېتىم -
يېگانىلىكىنىڭ ، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا يېڭىلانماي ، بىر ئىز ، بىر
قېلىپتا داۋاملىشىۋاتقان زېرىكىشلىك ھايات مېلودىيىسىنىڭ مۇڭى
تۆكۈلەتتى .

— دەريادا كېمە بىلەن ئۈزۈپ نەچچە كۈندە لوپ كۆلىگە بارغىلى بولىدۇ ؟

— بۇ دەريا بىلەن كۆلگە بارغىلى بولمايدۇ .

— دەريا كۆلگە قۇيۇلىدىكەنغۇ ؟

— دەريانىڭ ئاخىرى كەڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان بوك قومۇشلۇق ، يېكەنلىك سازلىق ، كېمە بىلەنمۇ ، ئات - ئۇلاغ بىلەنمۇ كۆلگە كىرگىلى بولمايدۇ .

— كۆلگە قانداق كىرگىلى بولىدۇ ؟

— تارىم بىلەن .

— تارىم دەرياسى ئۇدۇل لوپ كۆلىگە قۇيۇلمايدىكەنغۇ ؟

— ئالدى بىلەن چىۋىنكۆلگە قۇيۇلۇپ ، ئۇنىڭدىن قارىبوران كۆلى ، تاتىما ۋە قارىقوشۇن كۆلىگە قۇيۇلۇپ ، ئاندىن چوڭ كۆلگە ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ .



www.uyghurkitap.com

— دىلپاردىكىلەردىن لوپ كۆلىگە بارغانلار بارمۇ؟
قۇتبۇللا ئاغا بېشىنى لىڭشىتتى.
— بۇ ئەتراپتا ياۋايى هايۋانلار بارمۇ؟
— بار، يولۋاستىن باشقا، ياۋا تۆگىدىن تارتىپ ھەممىسى بار.
— ياۋا تۆگە بارما!؟ — پرژىۋالىسكىي تەكلىماكان قۇملۇقىدا ياۋا تۆگىنىڭ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. بۇ ئۇ. چۇر ئۇنىڭ ئۇچۇن چوڭ بايقاش ئىدى. ئۇ شۇ خۇشاللىقىدا يېنىدىكى بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ دۇربۇن بىلەن يىراقلارغا ئۇزاقىچە قارىدى، ئۇنىڭ خىيالىدا ھېلى بىر قۇم دۆۋىسى يامىزىلىدىن بىرنەچچە ياۋا تۆگە چىقىپ كېلىدىغاندەكلا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغىنى پايانسىز قۇملۇق ئىدى. دىلپار مەھەللىسى مانا شۇ قۇم دېڭىزىنىڭ بىر گىرۋىكى بىلەن كۆنچى دەرياسى بويىدا دۇنيانىڭ سىرتىدا قالغاندەك غېرىبسىنىپ تۇراتتى.
كۆن چۈشتىن قايرىلغان مەھەلدە، ئىۋان كوزمىچلار ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلدى، ھەممىسى خۇش بولۇشتى.
— يول بولمىغاچقا ئۆزىمىز يول تېپىپ ماڭدۇق. ئالىقۇل قانداق مېڭىشنى بىلىدىكەن، شۇڭا ئۇدۇل دىلپارنى تېپىپ كېلەلىدۇق، — ئىۋان كوزمىچ يەنە مۇنداق دېدى، — خەتەرگە ئۇچرىمىدۇق، ئاچ قالمىدۇق.
— ئوزۇقۇلار يەتتىما؟ — پرژىۋالىسكىي سورىدى.
— يەتتى، قىسپىراق يېدۇق. تەلىيىمىزگە كېيىك، جەرەنلەر ئۇچراپ تۇردى. جەرەندىن تۆتنى ئېتىپ يېدۇق، ئەمما كېيىكنى ئېتىشقا بولمىدى، — ئىۋان كوزمىچ گېپىنى دەپ بولۇپ ئالىقۇلغا قاراپ قويدى.
— نېمىشقا ئاتقىلى بولمىدى؟ — پرژىۋالىسكىي ھەيران قالغاندەك سورىدى.
— ئالىقۇل: «بۇ ئەتراپتا كېيىك بەك ئاز قالدى، ئاتساڭلار بولمايدۇ. ئەگەر ئاتىدىغان بولساڭلار قايتىپ كېتىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى.

www.uyghurkitap.com

پرژىۋالسكىي ئالىقۇلغا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ:

— جەرەنلەرنىڭ تېرىسىنى قانداق قىلىدىكەنلەر؟ — دەپ سورىدى.

— قانداق قىلىشنى ئالىقۇل بىلىدىكەن. تۇزلاپ يېرىم كۈنلا قۇمغا كۆمۈپ قويۇۋىدى، قۇرۇپ قاپتۇ. كەلگۈن كېلىشتىن سەل ئىلگىرى يىراقتا قېچىپ كېتىۋاتقان تۆگىنى كۆردۇق.

— ياۋا تۆگە؟! — پرژىۋالسكىي ھاياجىنىنى باسالماي قالدى.

ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسىدىكى تۆت كىشى ئايرىم پىكىرلىشىۋالدى.

— كۆنچى دەرياسى بىلەن مېڭىپ لوپ كۆلىگە بارغىلى بولمايدىكەن، دەپ چۈشىنىپ ئول تەرەپكە كەتسەك، بۇ تەرەپكە قايتا كېلەلمىگۈدەكمىز. شۇڭا دەريانىڭ سۈيى كۆلگە قويۇلىدىغان سازلىققىچە بولغان ئارىلىقنى تەكشۈرۈپ چىقايلى دەۋاتىمىز. بۇنىڭغا بىر ھەپتە ۋاقىت كېتەر. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ يۈرمەي ئاتلىق ماڭماق بولۇۋاتىمىز. دەريا ياقىلاپ ماڭغاندىكىن ئىزىپ قالماسمىز، — دېدى پرژىۋالسكىي.

باقى، ئامىنەك، ئالىقۇللار بىر-بىرىگە قاراپ قويۇشتى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن بۇ ئۈچى كۆنچى كەنتىگە قايتىپ كەتمەك بولۇشتى. ئالىقۇل ئاشتىلىقتا دىلپارلىقلار تەييار قىلىپ بەرگەن بېلىق شورپىسى ئۈچۈل بولمىقى ئەكىلىپ پرژىۋالسكىيلارنىڭ قاچىلىرىغا ئاز-ئازدىن ئۇسۇپ بېرىپ:

— بۇ بىز لوپلۇقلارنىڭ بىر خىل تامىقىمىز، جىق بەرمەدۇق، ئىچىپ بېقىڭلار. بۇنىڭدىن بىردىنلا بېرىمىز، بۇنىمۇ يەپ بېقىڭلار، — دېدى.

— بۇ نېمە؟ قىزىغا ئوخشايدىكەنغۇ، — دېدى ئابدۇللا.

— يەپ بېقىپ بىرنېمە دە.

پرژىۋالسكىيلار بېلىق شورپىسىغا چىلىپ ئەتكەن ئۈچۈل ئۇمىچىنىڭ قانداق تاماقلىقىنى، نېمىدە ئەتكەنلىكىنى زادى بىلەلمىدى، ئەمما تەمى ئاغزىدا قالدى، بولسا يەنە ئىچكۈسى بار ئىدى.

بىردىن بەرگەن، ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچمۇ كەلمەيدىغان نەرسىنىڭ تەمى ئالدىنقىسىدىنمۇ لەززەتلىك ئىدى.

— بۇ قانداق ئەتكەن نەرسە، تەمى ئاجايىپلىكەنغۇ، — دېدى ئابدۇللا.

— سەن بىلىق ئۆپكىسى دەپ تاشلىۋەتكەن ھېلىقى پوستلاق قويمىسى، — ئالىقۇل بۇنى تەئەددى بىلەن دېدى، ئابدۇللا قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

پرژېۋالىسكىيلار مەھەللە ئەتراپىنى ئىككى كۈن ئايلاندى، خېلى يىراقلارغىچە باردى. ياۋا تۆگىنى ئۇچرىتىپ قالارمىزمىكىن، دەپ ئويلاشقانىدى، جەرەنمۇ كۆرۈنمىدى.

— چوڭ ياۋايى ھايۋانلار مەھەللە ئەتراپىدا بولمايدۇ، — دېدى ئوبۇل.

پرژېۋالىسكىيلار بىر نەرسىگە ھەيران ئىدى، ئالىقۇل مەھەللىدىن ئەكەلگەن تاماقنى يېگەن كۈنى ئۇسسىدىيۇ، ئەمما كەچكىچە تاماق يېمىدى، قورسىقى ئاچمىدى. ئەتىسى ئۆزلىرىنىڭ تامىقىنى يېگەن كۈنى ئۈچ ۋاخ تولۇق، تويغۇچە تاماق يېدى.

— ئەجەب ئىش، — دېدى پرژېۋالىسكىي، — بۇلارنىڭ تامىقىنىڭ مىقدارى ئاز بولغىنى بىلەن قۇۋۋىتى يۇقىرى ئىكەن. ئەسلى بۇ بىزدەك ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ تامىقى ئىكەن. نېمىلەردە، قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالساق بولغۇدەك.

پرژېۋالىسكىي قۇتبۇللا تاغا بىلەن خېلى ئوبدان تونۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ باشلىشىدا بىرنەچچە قومۇش ساتما ئۆيلەرگە كىردى، كىشىلەر بىلەن ئەھۋاللاشتى، ئۇنى - بۇنى سورىدى. ھەممە ئائىلىنىڭ ئۆي بىساتى ئوخشاش دېگۈدەك ئاددىي ئىدى. قاچا - قۇچا، قازان - قومۇش سايمانلىرىدىن قازان، پىچاقتىن باشقىلىرى ھەممىسى ياغاچتىن بولۇپ، ئۆزلىرى ياسىۋالىدىكەن.

لوپ كۆلى تەرەپكە مېڭىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى قۇتبۇللا تاغىنىڭ ساتمىسىدا ئالتە - يەتتىدەك كىشى بىلەن لوپ كۆلى، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنى، تارىم دەرياسى ھەم بۇ دەريا قۇيۇلىدىغان كۆللەر، تەكلىماكاندىكى ياۋايى ھايۋانلار، ھەر خىل قۇشلار توغ-

رۇلۇق پاراڭ بولۇندى . گەپنىڭ تولىسىنى يەنىلا پرژېۋالىسكىي قىلدى ، سورىدى . ئۇلار بولسا ، بۇ غەلىتە قىياپەت ، غەلىتە ئاۋاز- لىق ئادەمگە ھەيران قېلىش ، ئەيمىنىش - قورقۇنۇش ئارىلاش قاراپ ئولتۇرۇشتى . سۆھبەت ئۇزۇن داۋاملاشمىدى ، لېكىن بۇ كىشىلەرنىڭ پرژېۋالىسكىيدا قالدۇرغان تەسىراتى ئۆزگىچە بو- لۇپ ، ئۇنىڭ خىيالىي بۇلىقىنى چۇلغىتىپ ، ئۇنى باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ئاجايىپ ھېسسىياتلارغا كەلتۈرگەنىدى . ئۇ مەۋج ئۇرغان تەسىراتىنى خاتىرىسىگە پۈتۈشكە ئالدىراپ ساتمىدىن چىق- تى . ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان قۇتبۇل تاغىغا مىرئەخمەت :

— بۇ كىشىلەر ئاتلىق غازى ياقۇپبەگنىڭ مۇھىم مېھمانلى- رى — دېدى .

— كىم ئۇ ياقۇپبەگ دېگەن ، بىزنىڭ لوپنىڭ ئاتىسى كۈنچىق- قانبەگ ، — دېدى قۇتبۇللا تاغا . ئۇزايىدىن ئۇ خاپا بولغاندەك ئىدى .

مىرئەخمەتنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، كۆزلىرى يوغىناپ كەتتى . ئۇ گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى ، ئابدۇللا پۇتىغا دەسسەپ قويدى . مىرئەخمەت جىم بولدى .

پرژېۋالىسكىي قۇتبۇل تاغىدىن بىلگەن مۇھىم ئىش ، بۇ يەر- دىن غەرب تەرەپتە توقسان چاقىرىمچە يىراقلىقتا پىتولمى ئېيتقان ئويغارداس ، يەنى تارىم دەرياسى ، ئۇنىڭ ساھىلىدا ئويغارلار يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان دىلپارلىقلار بىلەن بىر قېرىنداش لوپلۇقلارنىڭ ياشاۋاتقانلىقى ئىدى . پرژېۋالىسكىي تارىم دەرياسىنى ، تارىملىقلارنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى ، لېكىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسىلا ، بۇ تەرەپكە قايتا كېلىش پۇرسىتى بولامدۇ - يوق ، ئۆزىمۇ بىرنېمە دېيەلمەيتتى . كۈنچى دەرياسىنىڭ لوپ كۆلى سازلىقىغا قۇيۇلۇشقا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئېقىن ئەھۋالىنى ، ئىككى ساھىلنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىنى تەكشۈ- رۈۋېلىش كېرەك . يەنە بىر مۇھىم ئىش ، ياۋا تۆگە… بۇگۈنلا تەييارلىقلارنى قىلىۋېلىپ ، ئەتە كۈنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا ماڭماق بولدى . بۇرادەرلىرىگە ئىشلارنى تاپىلاپ قويۇپ چېدىرىغا

كىردى ـ دە ، بايىقى تەسىراتلىرىنى خاتىرىسىگە يېزىشقا تۇتۇندى :

*« ... مەن بۇ دىيارغا قەدەم قويۇشتىن ئاۋۋال ، تارىم ئويمانلىقىدا ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم . بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ، بۇ دىياردىكى خەلقنىڭ جاھاندىن بىخەۋەر ھالەتتىكى ئېپتىدائىي تۇرمۇش مۇھىتىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدىم . شۇ كۈنلەردە ، نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا بىزلەردىن مەدەنىيەت جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بۇ خەلق بىلەن ياۋروپالىقلار ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بارلىقىقا كەلگەنىدى... بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ماددىي تۇرمۇش جەھەتتىنلا نامرات بولۇپ قالماستىن ، بەلكى يەنە روھىي دۇنيا ۋە مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتتىنمۇ ئاجايىپ زەئىپلىك ئىچىدە ياشايدىكەن . ئۇلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىملىرى ۋە ئاڭ سەۋىيىسى پەقەت ئەتراپىدىكى تار مۇھىت بىلەنلا چەكلىنىدىكەن ، سىرتقى دۇنياغا نىسبەتەن ھېچقانداق تەسىراتى ۋە چۈشەنچىسى يوق ئىكەن . قېيىق ، قارماق ، تور ، بېلىق ، قومۇش ۋە چەكسىز قوملۇق... مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىكەن . بۇنداق بېكىك مۇھىت ئىچىدىكى ئىمتاس ھايات ئۇلارنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقە ئېھتىياجىنى يوقىتىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىنىمۇ يوق قىلىۋېتىدىكەن . ئۇلار تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ، كۆز ئالدىدىكى قومۇشلۇق كۆل (دەريا)دىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئۈمىد باغلىمايدىكەن . ئۇلار ئۇچۇن تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىكەن . نامراتلىق ، ئاچ ـ زارلىق ۋە رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن توختاۋسىز كۈرەش قىلىش جەريانىدا ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە بىر خىل جاھىللىق ، ئىچىگە تىنىپ كەتكەن سوغۇق ۋە ئۆتكەن كۈنگە شۇكۈر قىلىش پسىخىكىسى شەكىللەنگەنىكەن . ئۇلارنىڭ سولغۇن چىرايىدىن كۈلكە ـ تەبەسسۇمنى كۆرۈش ئىنتايىن تەس ئىكەن... »*

www.uyghurkitap.com

## 5

دەريا بويلىرىدىكى ، دەريانىڭ سولاقلىرىدىكى قومۇش، يىپ-
كەن ، دىلپارلار ۋە دەريا قېشىدىن كۆز يېتىم يەرگىچە بولغان
ئارىلىقتىكى يۇلغۇن ، چاكاندا ، كەكرە ، چاچاق ، قوڭاچاق قاتارلىق
ئۆسۈملۈكلەردىن باشقا ، ئۇنىڭ نېرىسىدا قۇملۇقتىن بۆلەك ھېچ
نەرسە يوق . دەريا دىلپاردىن ئۆتكەندىن كېيىن ، شەرققە بۇرۇلۇپ
چەكسىز قۇملۇقنى كېسىپ ئاقماقتا . پىرژېۋالىسكىي پاۋىل كوس-
مىنوف بىلەن ئوبۇلنى تۇرالغۇدا قالدۇرۇپ قويغانىدى . دىلپارلىق
ئىككى يول باشلىغۇچى قوشۇلۇپ توققۇز ئاتلىق ئادەم گاھى دەريانى
بويلاپ ، گاھى دەريا ساھىلىدىن يىراقلاپ ، قۇم دۆۋىلىرى بېلىق
قاسىراقلىرىدەك بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن چەكسىز قۇملۇق-
تا مېڭىۋاتقىنىغا ئۈچ كۈن بولدى . بۇ ، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى
بولغاچقا ، ھاۋا سالقىن ، كۆڭۈلدىكىدەك سەپەر مەزگىلى ئىدى .
پىرژېۋالىسكىي بىلەن ئىۋان كوزمىچ پات - پات ئېگىز قۇم دۆۋىسى-
گە چىقىپ پايانسىز قۇم مەنزىرىسىگە ئۇزاق - ئۇزاق قاراپ
كېتەتتى .

— قارا ، كۆردۈڭمۇ بۇ پايانسىز قۇملۇقنى ، — پىرژېۋالىس-
كىي دۈربۇندا يىراقلارغا قاراۋېتىپ يېنىدىكى ئىۋان كوزمىچقا
سۆزلىمەكتە ، — تىرىك جاندىن ئەسەر يوق مۇشۇنداق ئۆلۈك
قۇملۇق دۇنياسىنىڭ قورشاۋىدا دىلپارلىقلار جاھان جەمئىيىتىدىن-
غۇ تاشقىرى ، تەبىئەتتىنمۇ تاشقىرىدەك بىر مۇھىتتا ياشايدىكەن .
بۇلار دۇنيانى بىلمىگەندەك ، دۇنيامۇ ئۇلارنى بىلمەيدىكەن . تەڭرى-
نىڭ تەڭشىكىگە قايىلمەن ، بۇلارنى دۇنياغا تونۇتۇڭلار ، ئۆلۈك
قۇملۇق دۇنياسىغا ھاياتلىق بەخش ئېتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ
خەلقتىن دۇنياغا خەۋەر بېرىڭلار ، دېگەندەك بىزنى بۇ يەرگە ئەۋە-
تىپتۇ . مەن بۇ ئېكسپېدىتسىيىمىزنىڭ مۇشۇ جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن
ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇۋاتىمەن .

— شۇنداق ، — دېدى ئىۋان كوزمىچ ، — رەھىمسىز تەبىئەت-

نىڭ ئىسكەنجىسىگە تەن بەرمەي ، قوملۇق مۇھىتىدىن ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق تىرىكچىلىك شەكلى ۋە ئۇسۇللىرىنى يارىتىپ ، بىر ئىز ، بىر قېلىپتا بولسىمۇ ، ئەجدادلىرىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي ياشاپ كېلىۋاتقان دىلپارلىقلارغا مەنمۇ قايىل ، تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغمايدىغان بەكمۇ ناچار تەبىئەت ۋە تۇرمۇش مۇھىتىدا تۇرۇۋېمۇ بۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكىگە ، كەڭ قورساقلىقى ۋە سەمىمىيلىكىگە ھەيران قېلىۋاتىمەن .

مۇنداق ئىككى ئىش ئىۋان كوزمىچنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپلا تۇراتتى ، كۆزى دىلپارلىق ئىككى يول باشلىغۇچىنىڭ قايسىبىرىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپلا قالسا ، خىجىللىقتىن ئۆلمەيتتى ، ئۇنىڭ بېرىسى بولاتتى .

بۇلار سەپەرگە ئاتلىنىشىنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە : «قۇتبۇللا تاغا بىزگە يول باشلىغۇچى بېرەرمۇ – بەرمەسمۇ ؟» دېيىشىپ ئولتۇراتتى . چۈنكى ، مىرئەخمەت : «ئاتىلىق ياقۇپبەگ» دەپ قويۇپ ، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى . پرژېۋالىسكىيلار بۇ يەرگە كەلگەن بىرقانچە كۈندىن بېرى شۇنى ھېس قىلدىكى ، دىلپارلىقلار ئارىسىدا ھېچقانداق تەشكىلىي شەكىل بولمىسىمۇ ، قۇتبۇللا تاغا مۇتلەق نوپۇزغا ئىگە ئىدى ، ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم يىرمايتتى ، ئۇمۇ يۇرتداشلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان ھەرقانداق ئىشنى زادى قىلمايتتى . مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت كىشىلىرى جان تىكىشىپ قوغدىشىدىغان ، قوغلىشىدىغان شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىك دىلپارلىقلار ئارىسىدا يوق . قۇتبۇللا تاغىمۇ شۇلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ، ئۆزىنىڭ ئەمەس ، يۇرتداشلىرىنىڭ مەنپەئەتى . ئۇ ئىككى ئادەمنى باشلاپ كېلىپ پرژېۋالىسكىيغا قاراپ :

— بۇلار سىلەرنى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئايىغىچە باشلاپ بارىدۇ . بۇلار دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قۇملۇقلار بىلەنمۇ بەك تونۇش ، — دېدى .

پرژېۋالىسكىي گەپ قىلغۇچە ، ئىۋان كوزمىچ ئالمان – تالمان :

— بىزگە يول باشلاشقا قېرىنى بەرگۈچە ياشراقتىن بەرسە بولمامدۇ ، — دېدى چالا - بۇلا ئۆگىنىۋالغان ئۇيغۇرچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ . ئۇمۇ پرژىۋالىسكىيغا ئوخشاش سەپەر جەريانىدا ئابدۇللادىن ، كورلىدىن باشلاپ مىرئەخمەت ، ئوبۇللاردىنمۇ ئۇيغۇرچىنى ئۆگىنىپ ، تۇرمۇشتىكى سۆزلەرنى ئانچە - مۇنچە ئۆگىنىۋالغانىدى .

— بۇلار ئەمدى سەكسەن ياشتىن ئاشتى ، قېرى دېسەك بولمايدۇ . بۇلار چوڭ سازلىقتىچە نەچچە قېتىم بارغان ، ياشلار ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىغان .

— سەكسەن ياشتىن ئېشىپتۇ ، قېرى ئەمەسكەن… — ئىۋان كوزمىچ ئىككى يول باشلىغۇچىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ غودۇڭشىدى .

ئۇلار سەپەرگە چىققان تۇنجى كۈنى چۈشتىن كېيىن دەريا بويلاپ كېتىۋېتىپ ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى يامزىلىغا كېلىپ قالدى . ئىۋان كوزمىچ ئالدى بىلەن ئىككى يول باشلىغۇچىغا ، ئاندىن باشقىلارغا قاراپ :

— قېنى ، ماۋۇ قۇم دۆۋىسىگە چىقىشىپ باقمايلىمۇ ، — دېدى - دە ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئابدۇللاغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ قۇم دۆۋىسىگە قاراپ ماڭدى . ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئىككى يول باشلىغۇچى بىلىپ بولغانىدى . ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ، ئىككى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى چاتتى ، بىر ئاتنى چۈشەپ قويۇپ قۇم دۆۋىسىگە قاراپ ماڭدى . بۇ چاغدا ئىۋان كوزمىچ قۇم دۆۋىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا چىقىپ بولغانىدى ، لېكىن بىر قەدەم ئالدىغا ماڭسا ، ئىككى قەدەم ئارقىسىغا سىيرىلىپ ، ئاران چىقىۋاتاتتى ، قۇم دۆۋىسىنىڭ يېرىمىغا چىقمايلا ھېرىپ ھۆمۈدەپ قالدى . دىلپارلىق ئىككى يول باشلىغۇچى قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ بولغاندا ، ئىۋان كوزمىچ قۇم دۆۋىسىنىڭ بىر قىسمى قالغاندا ، يەنە يۇقىرى ئۆرلەشكە مادارى يەتمەي ئولتۇرۇپ قالدى .

— قۇم دۆۋىسىگە چىقىشنىڭمۇ ئېپى بار ، شۇنى ئۆگىنىۋال ،



www.uyghurkitap.com

ماڭ ، چۈشۈپ كېتەيلى ، — دېدى ئىككى يول باشلىغۇچىنىڭ ئېگىززەك بىرى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ . ئۇنىڭ ئىسمى ھادىل ، لەقىمى قوشۇق يەنە بىرىنىڭ ئىسمى تۇردى ، لەقىمى قۇرۇق . ئۇ ئىككى قېتىملىق ئوۋدىن قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەچكە ، مۇشۇ لەقەم قويۇلۇپ قالغانىدى .

سەپەرنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ، ھادىل قوشۇق : «چۇشلۇكۇڭلەردە يەڭلار» دەپ ھەربىر ئادەمگە ئۆزى ئۇچۇن تەييارلاپ ئېلىۋالغان ئۇجۇل بولمىقى قاتمىسىدىن يېرىم ئالىقانچىلىكتىن كىچىكرەك بىر كېسىمدىن تارقىتىپ بەردى . ئۇ كۈنى ئۇلارنىڭ كەچكىچىمۇ قورسىقى ئاچماي ، كەچلىك تاماقتىمۇ ئازراقتىن بىر نەرسە يەپ بولدى قىلىشىپ ، ئۇجۇل قاتمىسىنىڭ قۇۋۋىتىگە ھەيران قېلىشقانىدى .

— يول مېڭىش ، ئات مىنىشتە ئۇلار ئالدىدا چوڭ سۆزلىمەيدىلى ، — دېدى پرژىۋالىسكىي يېنىغا ئۇۋان كوزمىچ كەلگەندە . ئۇ تېخىچە ھاسىراپ تۇراتتى .

پرژىۋالىسكىيلار يەتتىنچى كۈنى چوڭ سازلىققا يېتىپ كەلدى . بۇ يەرگە ئاتلىق ماڭسا ئادەتتە تۆت كۈندە يېتىپ كەلگىلى بولىدۇ . ئەمما بۇ سەپەر ئۇنداق ئەمەس ئىدى . پرژىۋالىسكىي بەزىدە دەريانىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرسە ، بەزىدە دەريا ساھىلىنىڭ يەر شەكلىنى ، قۇملۇق ۋە قۇم دۆۋىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشلىرىنى تەكشۈرەتتى ، دۇربۇن بىلەن يىراق - يىراقلارنى كۆزىتەتتى ، خاتىرىسىگە بىرنېمىلەرنى يازاتتى ، خەرىتىگە ھەر خىل بەلگىلەرنى قوياتتى .

سازلىق ھەقىقەتەن كەڭ بولۇپ ، چېتىنى كۆرگىلى بولمايتتى .

— سازلىقنىڭ ئىرىسىنى لوپ كۆلى دەيدۇ ، ئەمما دىلپارلىقلاردىن ھېچكىم بىرىپ باقمىدۇق ، سازلىقتىن ئۆتكىلى بولمايدۇ ، — دېدى ھادىل قوشۇق .

سازلىقنىڭ چەت - چۆرىسى قويۇق يېكەنلىك بولسا ، ئىچى

بوك غالدىراك قومۇشلۇق ئىدى ، قومۇشلارنىڭ ئىگىزلىكى ئاتلىق ئادەمنىمۇ چۈكتۈرەتتى . پرژىۋالىسكىي ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قاراپ باقتى ، كۆز ئالدىدىكى يېكەنلىك بىلەن قومۇشلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى . سازلىقتىن ھەر خىل قۇشلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

— كوزمىچ ، ئوۋ مىلتىقىنى ئېتىپ باق ، — دېدى پرژىۋا-لىسكىي .

«پاڭ !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يېكەنلىك ، قومۇشلۇقلار-دىن قۇشلار ئۆز خىلى بويىچە توپ - توپ ئۇچۇشۇپ تەرەپ - تەرەپكە تارقاپ كېتىشتى . بىردەمدىن كېيىن بايىقى ئاۋازلار ئۆ-چۈپ ، سازلىق گويا تىلسىملىنىۋەتكەندەك تىمتاسلىنىپ كەتكەنىدى .

— ھەي ، كەلگۈچە بىرەرمۇ ياۋايى ھايۋان ئۇچراتمىدۇق . ئەمدى قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا كېلىپمۇ ، قۇشتىن بىر - ئىككىنى ئېتىۋالالمىغىنىم ئەلەم بولدى ، — دېدى ئىۋان كوزمىچ ھەسرەت-لەنگەندەك قىلىپ .

— قۇش ئاتماقچى بولساڭلار دەريادا جىق ، — دېدى تۇردى قۇرۇق .

— كەلگۈچە دەريادا ھېچقانداق قۇش كۆرمىدۇقغۇ ؟

— قۇشلار يېكەن ، قومۇشلۇقلار ئارىسىغا كىرىۋالىدۇ .

— ھە ، قايتقۇچە چوقۇم ئاتىمىز ، — دېدى ئىۋان كوزمىچ .

پرژىۋالىسكىينىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ياۋا تۆگىدە ئىدى . ئۇنىڭ كېلىشىچە ئىگىز قۇم دۆڭلىرىگە چىقىپ دۇربۇندا يىراق-لارغا ئۇزاق قاراپ كېتىشى ، ئىۋان كوزمىچلارغا ئۇچرىغاندەك ياۋا تۆگە ئۇچراپ قالارمىكىن ، دېگەن ئۈمىدتىن ئىدى . ئەگەر بىرەر ياۋا تۆگە ئېتىۋالغان بولسا ، بۇ ئۇنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ئەڭ مۇھىم بايقىشى بولاتتى . قىرىشقاندەك ھېچنېمە ئۇچرىمىدى ، قايتقاندا دەريانىڭ نېرىقى ساھىلىنى بويلاپ ماڭماقچى بولۇشتى .

دەريانىڭ نېرىقى ساھىلى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسى بولۇپ ، چېتى كۆرۈنمەس قۇملۇق قارىغانسىرى ئېخىمۇ سوزۇلۇپ كېتىۋاتـ-



www.uyghurkitap.com

قاندەك كۆزنى تالدۇراتتى . كۆرۈنۈشلەر ماركوپولو[1] ساياھەت خا-
تىرىسىدە يازغان تەسۋىرلەرگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى . پرژېۋالىس-
كىي تەكلىماكانغا سەپەر قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن ، خاتىرىنىڭ
تەكلىماكان تەسۋىرلەنگەن سەھىپىسىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇغانىدى .
ئۇنىڭغا كۆنچى دەرياسى ، تارىم دەرياسى ۋە لوپ كۆلى ۋادىسى ئالتە
ئەسىردىن بۇيان ئازراقمۇ ئۆزگەرمەي شۇ ھالىتى پېتى تۇرغاندەك
سېزىلمەكتە ئىدى .

— دەريا بويلاپ ماڭىدۇق ياكى قۇملۇق ئىچى بىلەنمۇ ؟ —
ئىۋان كوزمىچ پرژېۋالىسكىيدىن سورىدى .

دەريادا پەقەت ئۆردەك ، غاز قاتارلىق سۇ قۇشلىرىلا بار ، ئەمما
پرژېۋالىسكىينىڭ ئويلايدىغىنى ياۋا تۆگە . ئۇنداق قۇشتىن مىڭنى
تۇتقاندىن ، ياۋا تۆگىدىن بىرنىلا ئېتىۋالسا… سۇ قۇشلىرىنى تۇت-
مايمۇ بولمايدۇ ، ھېچبولمىسا گۆشى ئوزۇق بولىدۇ .

— ئىككىگە بۆلۈنەيلى ، — پرژېۋالىسكىي ئىۋان كوزمىچقا
قاراپ دېدى ، — ئابدۇللا ، تۇردى قۇرۇق ئۇچۇڭلار دەريا ياقىلاپ
مېڭىڭلار ، قالغانلىرىمىز قۇملۇق ئىچى بىلەن ماڭايلى . قوشئاتار
مىلتىقنى سىلەر ئېلىپ كېلىڭلار ، بەشئاتارنى بىز ئېلىۋالايلى .

— قۇملۇق ئىچىگە كىرىدىغان بولساق ، قاچىلارغا سۇنى جىق-
راق ئېلىۋالايلى ، — دېدى ھادىل قوشۇق .

دەريا ياقىلاپ ماڭىدىغانلارنىڭ سۇ ئېلىۋېلىشى بىھاجەت بول-
غاچقا ، ئۇلارنىڭ قاچىلىرىنىمۇ يىغىپ ھەممىسىگە سۇ قاچىلاپ ،
زاپاس ئېلىۋالغان ئىككى ئاتقا ئارتتى .

چەكسىز قۇملۇق ، ئىچكىرىلىگەنسېرى قۇم دۆڭلىرى كۆپې-
يىپ ھەم ئېگىزلەپ بارماقتا . قۇم دۆڭلىرى ئارىلىرىدىكى ئويمان-
لىقلاردا ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان قامغاق ، چاكاندا ، قوڭا-
چاقتىن باشقا ھېچنېمە يوق . قۇرۇق مېڭىش بىلەن ئۈچ كۈن
ئۆتتى ، ھېچ نەرسە يولۇقمىدى .

— بۇ قۇملۇقتا بىزدىن باشقا بىرمۇ تىرىك جان يوق ئىكەن .

---

① ماركوپولو — (1254—1324) ۋېنتسىيىلىك ساياھەتچى .

www.uyghurkitap.com

قانچە ماڭساق ئوخشاشتەك قىلىدۇ ، دەريا تەرەپكە ماڭالمىدىكىن ، — دېدى مىرئەخمەت . چەكسىز قۇملۇقتا، بىردىن بىرى ئېگىز قۇم دۆڭلىرىگە قاراپ ، ئۇنى قورقۇش تۇيغۇسى چىرمىۋالدى .

ئۇلار سېپىلدەك ئۇزۇن سوزۇلغان ھەم ھەيۋەت ئېگىز بىر قۇم دۆڭىگە دۇچ كېلىپ قالدى . قۇم دۆڭىنى ئارتىلىپ ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

— قۇتبۇل تاغنىڭ ئاتىسىنىڭ ئېيتىشىچە ، يېڭى دەريا بىلەن يارداڭبۇلاق ئوتتۇرىسىدا «قۇمدەريا» دەپ ئاتىلىدىغان كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئېقىن ئىزى بار ئىكەن ، ئېگىز قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتسىلا قۇمدەريا ئىكەن . بەزىدە ئۇ يەردە ئىلۋەسۇنلار پەيدا بولۇپ قالىدىكەن ، — دېدى ھادىل قوشۇق .

پرژېۋالسكىي ئۇنىڭ گېپىگە ئىككى نۇقتىدىن قىزىقىپ قالدى . بىرى ، كۆنچى دەرياسىنىڭ تارىختىكى جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىشى . يەنە بىرى ، ئۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى .

— قۇم دۆۋىسىدىن ئارتىلىپ ئۆتەيلى ، — پرژېۋالسكىي شۇنداق دەپلا قۇم دۆڭىگە قاراپ ئات سالدى .

— بۇنداق ئېگىز قۇم دۆڭىگە ئۇنداق ئۇدۇل ماڭسا ئات چىدىمايدۇ ، يانچە مېڭىپ چىقايلى ، — ھادىل قوشۇق گېپىنى دەپ بولۇپ زاپاس ئىككى ئاتنى يېتىلىگىنىچە ، قۇم دۆۋىسىگە يانباغىرلاپ ئات سالدى .

پرژېۋالسكىي ئويلىسا ، ئۇنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس ، ھەربىي مەكتەپتە فىزىكا دەرسىدە ئۆگەنگەن ھەرىكەت ، كۈچ ۋە ۋاقىت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئىدى . ئۇدۇل ئۆرلىگەندە ۋاقىت ئاز كەتكەندەك قىلغان بىلەن ھەرىكەت سىجىللىقى ئېشىپ ، كۈچ خورايدۇ ، كۈچ خورىغانلىق ھەرىكەت قىلىشقا (يۇقىرى ئۆرلەشكە) مۇمكىنچىلىك قالمىدى دېگەنلىك . ئاخىرقى ھېسابتا ۋاقىت كېيىنگە سۈرۈلدى دېگەن گەپ . يانچە باغىرلاپ ماڭغاندا ، ۋاقىت كەتكەندەك

قىلغان بىلەن كۆچ خورىماي ، نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ . «مەن ھەربىي ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان تۇرۇپمۇ مۇشۇنچىلىك ئىشنى ھېس قىلالماپتىمەن . ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ دېلىپاردىن چىقىپ باقمىغان ماۋۇ قۇملۇق ئادىمىچۇ…» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ھادىل قوشۇقنىڭ كەينىدىن مىرئەخمەت بىلەن ئەگىشىپ ماڭدى .

— تۆگە ! ئۇچ ياۋا تۆگە ! — پرژېۋالىسكىي قۇم دۆڭگە چىقىپ بولۇپ ، بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ قۇرۇق ئېقىن ئىچىدە يۈرگەن تۆگىلەرنى كۆرۈپ ھايا-جىنىنى باسالماي قالدى ، — مىرئەخمەت ، ماڭ ، تۆگىنى ئاتايلى ، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، ئالدىغا توغرا قويۇلغان مىلتىـ-قىنى قولىغا ئېلىپ پەسكە قاراپ ماڭدى .

مىرئەخمەت تۆگىدىن بىرنى ئېتىپ ئۆزىنى كۆرستىشكە ئال-دىرىدىمۇ ، ئاتنىڭ بېشىنى پەسكە قارىتىپ ، ئاچ بېقىنىغا قاتتىق ئۆتۈكى بىلەن بىرنەچچىنى نىقتاپ دېۋىتتى . ئۇنىڭدىمۇ بىر بەشئا-تار مىلتىق بار ئىدى ، دېۋىتكىنى يەتمىگەندەك ، مىلتىقنىڭ پايند-كى بىلەن ئاتنىڭ ساغرىسىغا بىرنى ئۇردى . ئات پرژېۋالىسكىينىڭ ئېتى بىلەن چېپىشىدىغاندەك ، جەھلى بىلەن ئالدىغا ئېتىلدى ، ئېتىلدىيۇ ، ئۆزىنى توختىتىۋالالماي دۈم چۈشتى . مىرئەخمەت ئاتنىڭ ئۈستىدىن قاڭقىپ چۈشۈپ دومىلىغىنىچە قۇم دۆۋىسىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ، بالا قۇم دۆۋىسىگە تىركىلىپ قېلىپ توختاپ قالدى . مىلتىقى ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشكەن يەردىلا قالغانىدى . ئات بېشىنى كۆتۈرەلمەي ياتاتتى ، ئالدىغا دۈم چۈشكەندە بەستىنىڭ ئېغىرلىقىدا بوينى قايرىلىپ كەتكەنىدى .

بىر ئات چىقىم بولدى . پرژېۋالىسكىي ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ھەممە ئاتلىرى ئۆلۈپ كەتسىمۇ ، ياۋا تۆگىدىن بىرنى ئېتىۋالسا ، ئۇ شۇنىڭغا رازى ئىدى ، بەلكى ئۆزىنى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېر-رىشتىم ، دەپ ھېسابلايتتى . ئۇلار قۇرۇق ئېقىن — قۇمدەريادا يۇقىرى - تۆۋەنگە ئون كۈن قاترىدى ، تۆگە توگۇل ، ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى ، ئاخىرقى بىر كېچىسى بوراندا قېلىپ ،

تاس ـ تاماس قالدى ، زاپاس ئاتنىڭ بىرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى . بوراننىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ، ئاتنىڭ نەگە كېتىپ قېلىشىنى قىياس قىلغان هادىل قوشۇق ئاتنى تەستە چۇشكە يېقىن تېپىپ كەلدى .

— هېلىمۇ ياخشى بىز قۇم دۆۋىسىنىڭ بۇ تەرپىدە — قۇرۇق ئېقىن ئىچىدە ئىكەنمىز ، قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۇ تەرپىدە بولغان بولساق ، قۇمغا كۆمۇلۇپ كېتەركەنمىز ، — هادىل قوشۇق پىرژىۋالىسكىغا يۇزلىنىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — كېچىدىكى بوران ، قۇمدەريادا بوراننىڭ باشلانغانلىقىنىڭ ئالامىتى . بوران يەنە بۇگۇن كېچە چىقامدۇ ، ئەتىمۇ ، هېچكىم بىلمەيدۇ ، لېكىن ئەمدى بوران ئۇزۇلمەيدۇ . قارا بوران ، قارا قۇيۇن چىقىپ قالسا ، قايسىمىز ساق قالىمىز ياكى هەممىمىز قۇم ئاستىدا قالامدۇق ، بىلمەيمىز ، دەريا تەرەپكە ئۇدۇل ماڭساق ، ئىككى كۇنگە يەتكۇدەكلا سۇ قالدى . بۇ ئەتراپتا مۇشۇ قاچىمىزدىكىدىن باشقا سۇ يوق .

پىرژىۋالىسكىي ئويلىنىپ قالدى . مىرئەخمەت قايتايلى دېگىلى تۇردى . شۇ تاپتا هەممىنى هەل قىلىدىغان سۇ بولۇپ قالدى ، سۇ تۈگىسە تۇرالغۇغا ساق ـ سالامەت قايتماقمۇ مەسىلە ئىدى . ئۇلار قايتىشقا مەجبۇر بولۇشتى . قانداق قايتىش ، قەيەر بىلەن مېڭىشنى هادىل بىلەتتى . پىرژىۋالىسكىي بىلەن مىرئەخمەت گەپ قىلماي هادىلغا ئەگىشىپ ماڭدى . پىرژىۋالىسكىي ئالدىغا كېتىۋاتسىمۇ ، كۆزى كەينىدە ئىدى . ئۇچ ياۋا تۆگە ئۇنىڭ كۆز ئېكرانىدا خىيالەن ، غۇۋا كۆرۇنۇپلا تۇراتتى .

## 6

تۆگىمەس قۇملۇق ، تۆگىمەس يول . پىرژىۋالىسكىيلار يەنە قۇملۇق ئىچىدە كېتىۋاتاتتى . دىلپاردىن چارىغا چۇشۇپ ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ كۆزلەك ، تىكەنلىك قاتارلىق مەهەللىلەرنى بېسىپ ، قارادايدىن قارىكۆل تەرەپكە ماڭسا ، بۇنداق



www.uyghurkitap.com

قۇمدا قالماستى . قۇتبۇللا تاغا يۆنىلىشنى تونۇشتۇرۇۋىدى ، ۋاقتى-
نى نەزەرگە ئېلىپ ، دىلپاردىن تىمەنپۇ ، قاقشاللىق[1] ئارقىلىق
مېڭىپ ، قارادايغا بېرىش لىنىيىسىنى تاللىۋالدى . مەھەللە ئىچى
بىلەن ماڭسا ئۇنداق - بۇنداق ئىشلارغا ئۇچراپ كاشىلىغا قېلىپ ،
ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى . مىرئەخمەت قۇرۇق ئېي-
قىن بويىدىكى ئېگىز قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈۋېتىپ ئېتىدىن قاڭ-
قىپ كەتكەندە ، بەل ، پاتىڭىنىڭ ئاغرىقى بىلىنمەي ، دىلپارغا قاي-
تىپ كېلىپ ئەتىسىدىن باشلاپ تەگەپ قالدى . ئات مىنىشكە مۇم-
كىن بولمىغاچقا ، ئۇ ياخشىلانغۇچە ئون كۈن ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا
كەلدى . پرژىۋالىسكىي تارىم دەرياسىنى ، دەريا بويىدىكى ئاھالى-
لەرنى كۆرۈشكە ھەرقانچە ئالدىرىسىمۇ ، ۋاقىت ئۇنى ئادەمسىز
قۇملۇق ئىچى بىلەن ئۇدۇل مېڭىشقا مەجبۇر قىلغانىدى . قاراداي-
دىن ئۆتسىلا تارىم دەرياسىغا يولۇقىدىغانلىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنى-
دۇرغاندەك بولدى . ئۇنىڭ ئادەمسىز قۇملۇق ئىچىدە مېڭىشنى
تاللىۋېلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبىنىڭ بىرى ، مەھەللىگە يېقىن جاي-
لاردا ياۋا تۆگە بولمايدۇ ، قۇملۇق ئىچىدە ماڭسا ياۋا تۆگە ئۇچراپ
قالارمىكىن ، دېگەننى ئويلىدى .

— تىمەنپۇغا ئاز قالدۇقمۇ ؟ — پرژىۋالىسكىي بۇ قېتىمقى
سەپىرىگە يول باشلىغۇچى بولغان ئاقمۇناقتىن سورىدى .

قۇتبۇللا تاغا بۇ قۇملۇق يولىنى ئاقمۇناق ياخشى بىلىدۇ ، دەپ
ئۇنى يول باشلىغۇچى قىلىپ بەرگەنىدى . ئۇ ئاتمىش ياشلاردا
بولۇپ ، تارىم — تەكلىماكانلىق لوپلۇقلاردا بولىدىغان بېجىرىم ،
تەمبەل تەن ، بۇغداي ئۆڭ چىراي ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭدا تەل
ئىدى . ئۇ ئوقيا ئېلىۋالغانىدى . ھابىل قوشۇقنىڭ دېيىشىچە ،
ئوقيا ئېتىشتا دىلپاردا ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدىكەن .

— بىز ھازىر تىمەنپۇنىڭ تۆۋەينى ، ئاياغ تىكەنلىكنىڭ ئۇس-
تىدە كېتىۋاتىمىز . يەنە بىر كۈن ماڭساق قاقشاللىققا يېتىپ

---

① قاقشاللىق — قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ ئورنى ، كېيىن نىمە ئۈچۈندۇر «يىگېپەن» دەپ
ئاتىلىدىغان بولغان .

www.uyghurkitap.com

بارىمىز ، — دېدى ئاقمۇناق .

— بۇ بىر قەدىمكى قورغان — سېپىل خارابىسىدەك قىلىدۇ . ئەسىرلەردىن بۇيانقى ۋاقىت شامىلى بىلەن قۇملۇقنىڭ بورانلىرى ئۇچۇرۇپ ـ ئۇپرىتىپ مۇشۇ هالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئوخشايدۇ ، — دېدى پرژېۋالىسكىي قاقشاللىققا كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ، قاقشاللىقنى تۆت تەرەپتىن دائىرىگە ئېلىپ تۇرغان ئېگىز دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ .

— ئادەمزاتسىز ، سۇسىز بۇ قۇملۇق باياۋاندا سېپىل ـ قورغان نېمىش قىلىدۇ ؟ — دېدى مىرئەخمەت ، پرژېۋالىسكىينىڭ گېپىگە هەيران قالغاندەك بولۇپ .

— كىم بىلىدۇ ، بۇرۇن تارىم ياكى كۆنچى دەرياسى مۇشۇ قاقشاللىقنىڭ ئىچى ياكى يېنى بىلەن ئاقىدىغان بولغىيدى .

— قۇتبۇل تاغنىڭ ئاتىسىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ كىچىك چاغدا شىمالىدى تاغ ئېغىزىدىن ئېقىپ كەلگەن بىر ئېقىن سۇ قاقشاللىقنى ياناپ ئېقىپ ، كۆنچى دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتىدىكەندۇق ، — دېدى ئاقمۇناق .

— تۆگە ! بىر توپ ياۋا تۆگە ! — ئاقمۇناق گەپ قىلىۋاتقاندا ، پرژېۋالىسكىي دۇربۇندا ئەتراپقا قاراۋاتاتتى . كۈتمىگەن يەردىن دۇربۇننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا بىر توپ تۆگىنى كۆرسىتىپ قويدى ، — كوزمىچ ، ماڭ ، تۆگىنى قوغلايلى . بىرنى بولسىمۇ ئاتايلى ، چوقۇم ئاتايلى ! — ئۇ شۇنداق دەپلا ئېتى ، مىلتىق بار يەرگە قاراپ ماڭدى .

تۆگىلەر يېقىن يەردە ئەمەس ئىدى . ياۋا تۆگە ئىنتايىن زېرەك ، سەزگۈر . ياۋا تۆگە ئىككىدىن كەم يۈرمەيدۇ . بىرى ئوتلىسا ، سۇ ئىچسە ، يەنە بىرى ئۇزۇن بويىنىنى سوزۇپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرىدۇ ، بىرەر خەتەرلىك شەپىنى سەزسىلا بوزلاپ هەمراھىغا بەلگە بېرىدۇ . ئاندىن ئاق ـ غۇر شامالمۇ ياۋا تۆگىلەرنىڭ ئىشەنچلىك ، ياخشى ياردەمچىسى . پرژېۋالىسكىيلار سېپىل خارابىسى ئۈستىگە چىقماستىلا چە-

قىۋاتقان غۇر ـ غۇر شامال ئۇلار تۆپىلىككە چىقىشى ھامان ئۇلار-
نىڭ ھىدىنى ، گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ، شىۋىر ، شىپىرلىرىنى تۆگىلەر-
گە يەتكۈزۈپ بولغانىدى . پرژىۋالىسكىيلار ئاتلىرىنى توقۇپ مى-
نىپ بولغۇچىلىكلا تۆگىلەر بارىدىغان يېرىگە بېرىپ بولغانىدى .
پرژىۋالىسكىي دۇربۇن بىلەن شۇنچە قاراپ تۆگىلەرنىڭ سايىسىنى-
مۇ كۆرەلمىدى .

— تۆگىلەر قېچىپ نەگە بارىدۇ ؟ — پرژىۋالىسكىي ئاقمۇناق-
تىن سورىدى .

— شامال توختىغان يەرگىچە بارىدۇ .

«بۇلار بىزنىڭ ياۋا تۆگە ئىتىشىمىزنى ياقتۇرمايدىغان ئوخ-
شايدۇ ، — دەپ ئويلىدى پرژىۋالىسكىي ، ئاقمۇناقنىڭ جاۋابىدا
شۇنداق كەيپىيات بار ئىدى . پرژىۋالىسكىي قۇرۇق ئىقىندىكى
ئەھۋالنىمۇ ئويلىدى ، — مەن كۆرگەن تۆگىنى قۇم دۆۋىسىگە
مىنىڭ ئالدىمدا چىقىپ بولغان ھادىل كۆرمەي قالامدۇ ، كۆردى .
بىزنىڭ تۆگە ئاتماقچىلىقىمىزنى بىلىپ قېلىپ ، تۆگىنى كۆرمەسكە
سالغىنى ، گەپ قىلمىغىنى شۇنىڭدىن ئىكەن ـ دە» . ئۇ يەنە :
«ياۋا تۆگىنى مۇشۇ يەردە ئىتىۋالمساق ، ئابدالغا ، كۇنچىققانبەگ-
نىڭ ئالدىغا بارغاندا زادى ئاتالمىغۇدەكمىز ، — دېگەنلەرنى كۆڭ-
لىگە كەلتۈرۈپ ، — قانداقلا بولمىسۇن مۇشۇ يەردە بىرقانچە كۈن
تۇرۇپ ، ھېچبولمىغاندا بىر تۆگە بولسىمۇ ئىتىۋېلىش كېرەك»
دېگەن قارارغا كەلدى ـ دە ، ئاقمۇناقتىن سورىدى :

— يېقىن ئەتراپتا سۇ بارمۇ ؟

— قاقشاللىقنىڭ يۇقىرىسىدا كۆنچى دەرياسىنىڭ بىر كىچىك
تارمىقى ئاقىدىغان ، ھازىر قانداق ، بىلمەيمەن . مەن بۇ تەرەپكە
كېلىپ باقمىغىلى يىگىرمە يىلدىن ئاشتى .

— كوسمىنوف ، — دېدى پرژىۋالىسكىي ، — ئاقمۇناق باش-
لاپ بارسۇن ، بوشىغان ھەممە سۇ قاچىلىرىنى ئېلىپ ، ئابدۇللا
بىلەن بېرىپ سۇ تېپىپ كېلىڭلار .

كوسمىنوفلار كېتىپ ئىككى كۈندە ئاران جىنىنى ئېلىپ

قايتىپ كەلدى . ئۇ يەردە قۇم باسقان بىرنەچچە قۇرۇق ئېقىن ئىزىدىن باشقا سۇ كۆرۈنمەيتتى .

— ياپىر ، — دەۋەتتى پرژىۋالىسكىي ، — بۇ يەردە تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشى نېمانداق تېز ، يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئېقىن ھازىر بولمىسا ، لوپلۇقلارنىڭ سۇ ، ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈشى مۇشۇنىڭدىن ئىكەن ـ دە .

— قانداق قىلىمىز ، يەنە ئىككى كۈنگە يەتكۈدەكلا سۇ قالدى ، — ئىۋان كوزمىچ پرژىۋالىسكىينى ئاگاھلاندۇرۇپ سەمىگە سېلىپ قويدى .

بۇ ئىككى كۈندىن بۇيان پرژىۋالىسكىي كوزمىچ ، مىرئەخمەتلەرنى كەينىگە سېلىپ خېلى يەرگىچە قاتراپ ، ئىككى جەرەن ، بىر بۆكەن بالىسىنى ئېتىۋالغاندىن باشقا ، ھېچ نەرسىنى يولۇقتۇرمىدى ، تۆگە ئۇنىڭغا بۇ جاھاندىن غايىب بولۇپ كەتكەندەكلا بىلىندى . ۋاقىت كەچ كۈزگە تاياپ قالغانىدى . قىشقا قالسا دەريادا مۇز تۇتۇپ كۆلگە كىرەلمەي ، ئەتىيازلىققىچە ساقلاشقا توغرا كېلەتتى...

قارادايىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە ، پرژىۋالىسكىي قارادايى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئارىلىقىنىڭ كۆپ بولسا سەككىز چاقىرىم كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، گۈرۈپپىدىكىلەرگە قارادايىغا كىرمەي يانداپ مېڭىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەشنى تاپىلىدى . ئۇ تارىم دەرياسىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى .

پرژىۋالىسكىي تارىم دەرياسىنى يىراقتىن كۆرۈپلا ھاياجىنىنى باسالماي قالدى . دەريانىڭ نېرىقى قاسنىقىدىكى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان قومۇشلۇق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇپۇقنىڭ كەچكى شەپەق نۇرىدا قىزىرىپ كەتكەن جىلۋە ـ جۇلاسى دەريادا ئەكس ئېتىپ ، كەڭ تەبىئەتكە ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە بېغىشلىغانىدى .

— ئىۋان ، پاۋىل ، كۆردۈڭلارمۇ ، گرېك ئالىمى پىتولمى مەشھۇر «جۇغراپىيە» دېگەن كىتابىدا ئويغارداس دەرياسى ، ئەنگلد-

يىلنىڭ ئالىم ھېنرى ژيول ئويغارداس دېگىنى تارىم دەرياسى شۇ ، دەپ ئاتىغان ، ھازىرغىچە خەرىتىلەرگە ئۆز نامى بىلەن چۈشمىگەن تارىم دەرياسى مانا مۇشۇ شۇ ! — دېدى گويا پۈتۈن دۇنياغا خىتاب قىلغاندەك .

ھەقىقەتەن ئۇ خىتاب قىلغانىدى . شۇنىڭغىچىلىك ھەرقايسى ئەل خەرىتىلىرىدە بۇ دەريانىڭ ئورنى تەخمىنىي ھالدا ھەر خىل ئۇقتىدا كۆرسىتىلىپلا قالماي ، نامىمۇ ھەر خىل ئاتىلىپ كەلگەنىدى . پرژىۋالىسكىي دەرياغا ئۇزاق قارىدى . ئۇ دەريادىن بىرەر ھېكمەت ، كارامەت ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ ئېسىگە ماركو۔ پولونىڭ خاتىرىسىدىكى بەزى جۈملىلەر ئايان بولدى . ماركوپولو خاتىرىسىدە ، تەكلىماكاندەك مۇشۇنداق پايانسىز ئۆلۈك قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ، ئۇنىڭ كىندىكىدەك لوپ كۆلىنى ھاسىل قىلغان۔ لىقى ، بۇ دەريادىكى بىر ھېكمەت ، كارامەتلىك ھېكمەت ، دېگەندەك سۆز ـ جۈملىلەرنى پۈتكەندەك ئىدى . «راست ، — دېدى پرژىۋا۔ لىسكىي ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ ، — مۇشۇنداق چوڭ ، قورقۇنچ۔ لۇق قۇملۇقنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئېقىپ ، ئاربىلىقتا سىڭىپ كەتمەي بېرىپ كۆل ھاسىل قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئاجايىپ ھېك۔ مەت ! » پرژىۋالىسكىي خەرىتىنى ئاچتى . غەربتىن شەرققە قۇم۔ لۇقنى كېسىپ كۆلگە تۇتاشتۇرۇلۇپ ئەگرى ـ بۈگرى سىزىلغان كۆك سىزىقنىڭ بېشىغا باش ـ ئوتتۇرا ـ ئاخىرىغا بولۇپ ئۈچ يەرگە قېنىق قىلىپ «تارىم دەرياسى» دەپ يازدى .

مانا بۇ ، بۇ ئانا دەريايىمىزنىڭ خەرىتىدە تۇنجى قېتىم ئۆز نامى بىلەن ئاتىلىشى ئىدى…

پرژىۋالىسكىيلار تارىم دەرياسىنى بويلاپ ماڭغىنىچە چىۋىن۔ كۆل ، قارا بوران كۆللىرىدىن يۇقىرىلاپ مېڭىپ ، كونا ئابدال مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى . مەھەللىدە ئوتتۇزغا يېقىن قومۇش ساتما ، يېرىمى گەمە ، يېرىمى ساتما ئۆيلەر بولسىمۇ ، پەقەت يەتتە ـ سەككىز ساتمىدىلا ئادەم بولۇپ ، قالغان ئادەملەر يېڭى ئابدال — يېڭى يۇرتچاپقانغا كۆچۈپ كەتكەنىدى . كۆنچى ، دىلپار

كەنتىدىكىلەرگە ئوخشاش بۇ يەردىكىلەرمۇ پرژىۋالىسكىيلارنى كۆ-رۈپ بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك ھەممىسى ساتما ، گەمىلىرىدىن چىقىشىپ ، بەزىلىرى ئىشىكتىلا بېشىنى چىقىرىشىپ ھەيرانلىقتا قاراپ تۇرۇشاتتى . ئۇلار ئۆچ رۇسنى بىر - بىرىگە قولىدا ئىشارە قىلىپ كۆرسىتىشىپ بىرنە-مىلەرنى دېيىشەتتى . ئۇلارنىڭ نېمىگە ھەيران قېلىپ ، نېمە دېيە-شىۋاتقانلىقى پرژىۋالىسكىيلارنىڭ ئۆزىگىمۇ ھەم ئابدۇللا ، مىر-ئەخمەت ، ئوبۇللارغىمۇ ، يول باشلىغۇچى ئاقمۇناققىمۇ ئايان ئىدى ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئىما - ئىشارەتلىرىگە ، گەپ - سۆزلىرى-گە ئەجەبلىنىپ كەتمىدى . ئاقمۇناق ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ مەھەل-لىنىڭ چوڭىنى سورىدى .

— بۇلار يىراق يەردىن كۇنچىققانبەگنى ئىزدەپ كەپتۇ ، بەگ ھازىر نەدە ؟ — دەپ سورىدى ئالدىغا كەلگەن ئاپئاق ساقال ، ئوتتۇرا بوي كىشىدىن ئاقمۇناق .

بۇ كىشىنىڭ ئىسمى تاشتالى بولۇپ ، مۇشۇ مەھەللە كىشىلە-رى ئاغزىغا قارايدىغان ئادەم ئىدى . يېشى توقساندىن ئاشقان بول-سىمۇ ، تۇرقىدىن تىمەن ، چەبدەسلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى .

— كۇنچىققانبەگ ئون نەچچە يىل بولدى ، يېڭى يۇرتچاپقانغا كۆچۈپ كەتكەن . سىلەر ئۇ يەرگە بارغىنىڭلار بىلەن ، ئۇ ھازىر يۇرتتا يوق .

ئاقمۇناق بىلەن تاشتالىنىڭ گېپىنى ئابدۇللا پرژىۋالىسكىي-لارغا تەرجىمە قىلىپ بەرمەكتە ئىدى .

— كۇنچىققانبەگ ھازىر نەدە ؟ — پرژىۋالىسكىي ئۆزى تاشتا-لىدىن سورىدى .

ئابدۇللا تەرجىمە قىلىپ بەردى . پرژىۋالىسكىينىڭ گەپ قى-لىشلىرى ئۇنىڭغا قۇشقاچ ۋىچىرلىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىپ ، ئاغزى-غىلا قاراپ قالدى ، ئابدۇللانىڭ تەرجىمە قىلىپ بەرگىنى قۇلىقىغا كىرمىدى . ئاقمۇناق سوئالنى تەكرارلاپ ئېيتىپ بەرگەندىن كې-يىن ، دىققىتى جايىغا چۈشتى ، ئاقمۇناق كۇلۇپ كەتتى .

— بەش كۈن بوپتۇ ئاتمىشبۇلاق تەرەپكە كېتىپتۇ، — تاشتالى جاۋاب بېرىشكە باشلىدى، — ئۇ يەردىن قۇرۇقتاغ[1] ، سىڭىر، موخى، شىندى تاغلىرى بىلەن سۆگەتتاغ ئىچىنى ئايلىنىپ، ئۇ يەردىن دىلپار ئارقىلىق چارىغا كېلىپ، ئاندىن تارىمنى ياقىلاپ يۇرتقا قايتىپ كەلگۇدەك.

— تاغدا نېمىش قىلىدۇ؟

— تاغدىكى كىشىلەرنىڭ قىشلىق يېمەكلىكى يېتەمدۇ - يەتمەمدۇ، شۇنى كۆرۈپ كەلگۇدەك.

— بىر ھەپتىدە كېلىپ بولامدۇ؟

تاشتالى پرژىۋالىسكىي بىلەن ئابدۇللاغا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويدى.

— بالدۇر كەلسە، بىر ئايدا كېلەر.

تاشتالىنىڭ ئاخىرقى جاۋابى پرژىۋالىسكىينىڭ بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئۇنى ئەندىكتۇرۇۋەتتى.

— چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتسەكچۇ؟

گەپنىڭ تەرجىمىسىنى ئاڭلاپ تاشتالى بايىقىدىنمۇ بەك ئەجەبلەنگەندەك بولۇپ، پرژىۋالىسكىينىڭ كۆزىگە، ئاندىن بوي - بېشىغا تازا قارىۋېتىپ: «مۇغال بىرنېمىغۇ ماۋۇ» دەپ غۇدۇراپ نېرىغا كەتتى.

يۇقىرىقى تاغلاردا مەخسۇس ئۇۋچىلىق، قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئوتتۇزغا يېقىن ئائىلە ياشايتتى. ئۇلار گۆشتىن قىينالمىسىمۇ بېلىق، ئۇجۇل تالقىنىدىن قىسىلاتتى. كۈنچىققانبەگ ھەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا تاغقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئېدىتلىتىپ ئەكېلىپ، كېرەكلىكلىرىنى ئەۋەتكۈزۈپ بېرەتتى. قانداق بولدى، كۈنچىققانبەگ بۇ يىل تاغقا ئۆزى چىقىپ كەتكەنىدى. ھەر يىلى مۇشۇ چاغدا بولىدىغان بۇ ئىشلاردىن ئاقمۇناقىنىڭمۇ خەۋىرى بار ئىدى، شۇڭا پرژىۋالىسكىيغا ئابدۇللا ئارقىلىق ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويدى. «پۈتۈن بىر

① قۇرۇقتاغ — ئاتمىشبۇلاقنىڭ شىمالىدا، لوپنۇر بىلەن تۇرپان چېگراسىدىكى تاغ.

يۇرتنىڭ بېگى بولغان ئادەم پۇقـرالىرىـنىـڭ تۇرمۇشىغا بۇقەدەر كۆڭۈل بۆلسە ـ ھە» پرژىۋالىسكىي كۇنچىققانبەگكە قايىل بولۇپ، ئىچىدە ئۆزىگە شۇنداق دېدى .

ئۇلار تاشتالى بىلەن ئاقمۇناقنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ، قومۇش ساتمىلىق مەھەللىدىن ئىككى يۈز مېتىرچە نېرىدىكى بىر قۇملۇق تۇزگە چېدىرلىرىنى تىكىشتى .

— ئامال يوق ، — دېدى پرژىۋالىسكىي كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇشقاندىن كېيىن ، — كۆلگە كىرەلمىگۈدەكمىز . كۇنچىق-قانبەگ بولمىسا ، بىزنى ھېچكىم كۆلگە باشلاپ كىرمىگۈدەك ، كۇنچىققانبەگ كەلگۈچە قىش كىرىپ قالىدۇ . دېمەك ، بىز مۇشۇ يەردە قىشلاپ قالىدىغان بولدۇق . بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى . ھازىردىن باشلاپ قىشىچە چوڭ ـ كىچىك ياۋايى ھايۋانلاردىن تارتىپ ھەر خىل ئۇچار قۇش ، قۇرت ـ قوڭغۇز ، ھاشارات ، چەرەندە ـ پەرەندىگىچە ئەۋرىشكە يىغىمىز...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا پرژىۋالىسكىيلار بۇ يەردى-كىلەر بىلەن چىقىشىپ كەتتى . بۇلار كېلىپ ئىككىنچى كۇنىلا ئاقمۇناق قايتىپ كەتتى . بۇلارنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا بولىدىغان ھەممە ئىشلىرىنى تاشتالى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ھەل قىلىدىغانىنى ھەل قى-لىپ ، يوق نېمىسىنى تەل قىلىپ بېرىپ تۇردى . پرژىۋالىسكىي چېدىرىدا ئولتۇرۇپ خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازدى :

*... «بىر كۇنى مەن مەھەللىدىكى كىشىلەر بىلەن بىر قاراڭغۇ قومۇش ساتمىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتىم . ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى . خىياللىرىم مېنى قومۇش ساتمىدىن ئاچە-قىپ يىراقلارغا پەرۋاز قىلدۇردى ... پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى زاماندا ، بىز ياۋروپالىقلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلى-قى قانچىلىك يىراقلاپ كەتكەن بولغىيدى ـ ھە !؟ بىزنىڭ ئەجداد-لىرىمىزمۇ تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى زامان ياۋروپا مىللىتىگە ئايلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا قانچىلىك بەدەللەرنى تۆلىگەن ، قانچە-*

*لىغان كىشىلەرنىڭ يۈرەك قېنى سەرپ قىلىنغان بولغىيدى؟ ... ئالدىمدىكى لوپلۇقلار يەنىلا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى . ئۇلار ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىغانسېرى ، مېنىڭ بۇ كىشىلەرگە بولغان قىزىقىشىم تېخىمۇ ئېشىپ بېرىۋاتاتتى . ئەنە ئاشۇ پايانسىز جەزىرىنىڭ گىرۋىكىدە ، ئەنە ئاشۇ سىرلىق كۆلنىڭ ساھىلىدا ، ئەنە ئاشۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقان يەرلىك كىشى-لەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ، ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى سىرلىق تۇرمۇش مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم... »*

## 7

قىش بىلەن باھار ئىككى پەسىل ئاچىلىنىڭ بوسۇغىسىغا كې-لىپ قالدى . قىش ئۇيان كېتىدۇ ، باھار كېلىدۇ ، ئۇچەكتىكى جانىۋارلار قىمىرلاشقا باشلايدۇ . پرژېۋالىسكىيلار مىدىرلاشنى بال-دۇرلا باشلىۋەتتى . ئۇلار لوپ كۆلىنىڭ باشلىنىش ئېغىزى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ھاۋزىسىدىكى ۋاستىچى كۆللەر — چىۋىنكۆل ، قارابوران[①] ، قاراقوشۇن ۋە تاتىما كۆللىرى ئەتراپىدا قىشلاپ قېلىشنى ئويلىمىغاندەك ، تەكلىماكاننىڭ قۇرغاق سوغۇقى-نىڭ جاننى ئېلىپ ياندا قويىدىغان بۇقەدەر دەھشەتلىك ئىكەنلىكى-نىمۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى . 11 ـ ئاي بىلەن تەڭلا باشلانسا ، قۇيرۇقى 2 ـ ئاينىڭ ئونلىرىغىچە سوزۇلىدىغان شامال ، بوران ، بولۇپمۇ شىددىتىدىن ھەر ـ ھەر قۇم دۆۋىلىرىنى ئازگاللىغا ، ئاز-گال ، پەسلەرنى قۇم دۆڭلىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان شىۋىرغان ، قارا بوران ، قارا قۇيۇنلار ئۇلارنى ئۇچەككە كىرگەن قۇرتتەك چېدىرغا بەند قىلىپ قويۇپ بىزار قىلىۋەتكەنىدى .

ھېلىمۇ ياخشى ، سوغۇق باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا كۇنچىققان-بەگ كېلىپ قالدى . ئەسلىدە 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى قايتىپ كېلى-شى كېرەك ئىدى . دىلپارغا كەلگەندە ئۇ يەردىكىلەردىن : «جاھان-

---

① قارابوران كۆلىنى تارىختا بەزىلەر «قارا كۆل» دەپمۇ ئاتىغان .

نىڭ يىراق بىر يېرىدىن غەلىتە سىن ـ تۇسلۇك، قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ گەپ قىلىدىغان ئادەملەر سىزنى ئىزدەپ ئابدالغا كەتتى» دەپ ئاڭلاپ، ئارىلىقتىكى مەھەللىلەردە تۇرمايلا يېتىپ كەلگەندى.

زامانخان يېزىپ بەرگەن، خەتنى پرژىۋالىسكىي كۆنچىققانبەگكە بەردى.

كۆنچىققانبەگ قەغەزنى قولىغا ئېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، پرژىۋالىسكىيغا قاراپ:

— بۇ نېمە؟ نېمە قىلىمەن بۇنى؟ — دەپ سورىدى.

پرژىۋالىسكىي كۆنچىققانبەگنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى بىلدى.

— ئۆزىنى «ئالتە شەھەر ئاتىسى» دەۋالغان ياقۇپبەگنىڭ يېقىن بىر ئادىمى بىزنى كورلىدىن كۆنچىگە ئەكىلىپ قويۇپ سىزگە قارىتىپ بۇ خەتنى يېزىپ بەرگەن،— پرژىۋالىسكىي بۇ گېپىنى دەپ بولۇپ، كۆنچىققانبەگنىڭ قولىدىن خەتنى ئېلىپ ئابدۇللاغا بېرىۋېتىپ،— خەتنى كۆنچىققانبەگكە ئوقۇپ بەر،— دېدى.

ئابدۇللا خەتنى ئوقۇپ بەردى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەندى:

*«كۆنچىققانبەگ، مەنكى بەدۆلەت ياقۇپبەگنىڭ ئوڭ قول باش مىرزىسى زامانخان، روسىيە دۆلىتىنىڭ ئۈچ ئادىمى لوپ كۆلى، ئالتۇنتاغنى تەكشۈرگىلى سىلەر تەرەپكە كەتتى. باشلىقى پرژىۋالىسكىي. ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغاندىن سىرت، تۇرمۇش ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ قويارسىز...»*

كۆنچىققانبەگ قەغەزگە مۇشۇنداق جىجىلغان نەرسىنى خەت دەيدىغانلىقىنى ئاتىسى بىلەن قەشقەرگە بارغاندا ئاڭلىغان، كۆرگەندى. بۇ خەتتىكى «بەدۆلەت» «مىرزا» دېگەن سۆزلەرنى بىلمىسىمۇ، ياقۇپبەگ توغرىسىدا ئالدىنقى يىلى كورلىغا بارغاندا مەدىل



www.uyghurkitap.com

ئاسقالدىن ئاڭلىغان . «بۇ ئۆتمۈرۈنچۈلەر ئۇنى قانداق ئادەم دەيدىغاندۇ ، ئاڭلاپ باقاي» ، كۇنچىققانبەگ شۇنى ئويلىدى ـ دە :

— ياقۇپبەگ نېمىش قىلىدىغان ، قانداق ئادەم ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇ سىلەرنىڭ بۇ يۇرتتىن ئەمەس ، باشقا بىر يىراق يۇرتتىكى قوقان دېگەن يەردىن . ئۇ يەردە جان باقالماي ، بىر خوجىغا ئەگىشىپ يۇرتۇڭلارغا كېلىپ قالغان . كېيىن شۇملۇق قىلىپ يۈرۈپ يۇرتۇڭلارغا بەگ بولۇۋالغان . هازىر ئۇنىڭ بەگلىكى خارابلىشىپ ، ئوسال كۈنگە قالدى ، — دەپ پرژىۋالىسكىي ياقۇپبەگ توغرۇلۇق قىسقا ، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى .

«هە ، بۇمۇ مەدىل بوۋايدەك ئۇنى ياقتۇرمايدىكەن» دېدى ئىچىدە كۇنچىققانبەگ .

— هازىر كۆلگە كىرسەڭلارمۇ بولىدۇ ، لېكىن كېمە كىچىك ، شامال قاتتىقراق چىقىپ قالسا ، كېمىدە ئولتۇرالمايسىلەر . هايۋان ، ئۇچار قۇش ئوۋلايدىغان ، يەنە باشقا ئىشلىرىڭلار بار ئىكەنغۇ . شۇنى قىلغاچ تۇرۇڭلار . ئەتىيازلىقتا چوڭ كۆلگە كىرىدىغاندا ئوبدان كېمىچىلەردىن قوشۇپ بېرىمەن ، — دېدى كۇنچىققانبەگ .

بۇ ، پرژىۋالىسكىيلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك گەپ بولدى . ئۇلار ئۆزلىرىمۇ : «كۇنچىققانبەگ كەلگۈچە قىش چۈشۈپ كېتىدۇ . ئۇنىڭغىچە ئۆزىمىزنىڭ ئەۋرىشكە يىغىدىغان ئىشلىرىنى قىلغاچ تۇرايلى» دەپ مەسلىھەتلەشكەنىدى . ئۇلار مۇشۇ مەسلىھەتى بويىچە جىم ياتمىدى . قاتتىق سوغۇق ، شامال ، شىۋىرغان باشلىنىپ چېدىرغا بەند بولۇپ قالغۇچىلىك ئارىلىقتا ، چوڭ ـ كىچىك بولۇپ خېلى نۇرغۇن ئەۋرىشكىلەرنى يىغىپ ، قۇرۇتىدىغاننى قۇرۇتۇپ ، قاتۇرىدىغاننى قاتۇرۇپ قاچىلىۋالدى . قۇرۇتىدىغان ، قاتۇرىدىغان ئىشلارغا يەرلىك كىشىلەر بەك ئۇستا ، تۇزلاپ ، قۇمغا كۆمۈپ قويسا ، بىر هەپتىدە تۇز قاتۇرۇپ ، قۇم نەملىكىنى تارتىپ ، مۇمىيانىڭ ئۆزىلا قىلىپ قويىدۇ . پرژىۋالىسكىيلار بۇ ئەپلىك ، ئاسان

ئامالنى ئابداللىقلاردىن ئۆگىنىۋالغىنىغا بەك خۇش . تېخى يەنە پرژېۋالىسكىي بىلەن ئىۋان كوزمىچ كېمە تاياشنى ، كېمىدە تۇرۇپ شاشقاقتا بېلىق تۇتۇشنىمۇ خېلى ئوبدان ئۆگىنىۋالدى .

— قىسقا ، تار كېمىنى تايىماق نېمانداق تەس ، — دېدى بىر كۈنى ئىۋان كوزمىچ پالاق بىلەن چىۋىنكۆلدە بىرنەچچە ئابداللىقلار بىلەن كېمە تاياۋېتىپ ، پرژېۋالىسكىيغا ، — قارىغىنا ئۇلارغا ، تەۋرىنىپمۇ قويماي غۇيۇلداپ كېتىۋاتقىنىنى .

— دەريا ، كۆل ، بېلىق ، كېمە بۇلارنىڭ هاياتى ، تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك تۇرسا ، هاياتلىق ، تۇرمۇش ئېهتىياجى بۇلارنى مۇشۇنداق ئۇستا قىلىۋەتكەن دېگىنە . بىز قىشنى قانداق چىقاردۇق ؟ قۇم ، بورانىنىڭ دەستىدىن زار ـ زار قاقشاپ ، بەزىلەرىمىز بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمىزغا مىڭ پۇشايمان قىلدۇق ، — پرژېۋالىسكىي هاياجانلىنىپ قالدى ، — بۇلار — تەكلىماكانلىقلارچۇ ، خۇددى هېچ ئىش بولمايۋاتقان تەرزدە ئاشۇ قومۇش ساتمىدا ، قومۇش ساتمىلىق كەمىلەردە ئۇن ـ تىنسىز ياشاپ قىشنى چىقاردى . قارىسام بۇلار تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ ، — دېدى ئۇ .

مىرئەخمەت قۇلىقىغىچە قىزىرىپ ، جايىدا قىمدىنىپ قويدى . تالادا مېڭىش تۇگۇل كۆزنى ئېچىشقىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بوران ، شىۋىرغانلاردا تاشتالى تاغا بىرنەچچە قېتىم بىر ـ ئىككى ئادەم بىلەن پرژېۋالىسكىيلارنىڭ چېدىرىغا كىرىپ ئۇلاردىن ئەهۋال سورىدى ، قايسى ئەهۋالدا قانداق قىلىشنى ئۆگىتىپ ، تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

— سىبىرىيىنى سوغۇق دەيمىز ، ئىنتايىن سوغۇقلۇقىدىن هۆكۈمەت ئېغىر جىنايەتچىلەرنى تەلىيى بولسا ساق قالار ، بولمىسا شۇ يەردە توڭلاپ ئۆلەر ، دەپ سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىدۇ . ئۇ يەردە سوغۇق قاتتىق بولغىنى بىلەن پات ـ پات قار يېغىپ تۇرىدۇ . بۇ يەردە قارمۇ ياغمايدىكەن ، ئاززاق نەملىكمۇ يوق ئىكەن ئەمەسمۇ . قۇرغاق سوغۇق جاندىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن ، — ئىۋان كوز-

مىچمۇ ھېس قىلغانلىرىنى دېمەكتە، — مەن بۆلارنىڭ جېنىنى پولات جانمىكىن دەيمەن. يا ئىسسىقتىن زارلانمىسا، يا سوغۇقتىن قاقشىمىسا...

— بۆ يەردىكى دۆنيانىڭ ھېچ يېرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان پەۋقۇلئاددە جاپالىق شارائىت بۆلارنى شۇنداق چېنىقتۇرۇپ چىدامىلىق، قەيسەر قىلىۋېتىپتۇ...

پرژېۋالىسكىينىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۆشمىگەنىدى، چېدىرغا تاشتالى تاغا كىرىپ كەلدى:

— قايسى كۆنى چوڭ كۆلگە[1] بارساق بولىتتى، دېگەن گېپىڭلارنى كۆنچىقانبەگكە مەلۇملىغانىدىم. ئۇ يەردىن ئادەم كېلەلمەيدىكەن. بىز ئۈچ كېمە بىلەن ئۈچ ئادەم قوشۇپ بېرەيلى. قاچان ماڭساڭلار، بىزنىڭ ئادەملەر تەييار، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى...

يەر - جاھان خېلى ئىللىپ قالدى، شامال، بورانىڭمۇ قۇيرۇقى قىسىلدى. مەسلىھەت بويىچە پاۋىل كوسمىنوف بىلەن مىرئەخمەت قايسى خىلدىكى بولمىسۇن ئەۋرىشكە توپلىغان چېدىرلارغا قاراپ قالىدىغان بولدى، ئۈچ كېمىچى بىلەن قالغانلار بولۇپ يەتتە ئادەم چىۋىنكۆلدىن باشلاپ لوپ كۆلگە قاراپ سەپەرنى باشلىۋەتتى.

چىۋىنكۆل، قارىبوران كۆلى چوڭ ئەمەس ئىدى، لېكىن پرژېۋالىسكىي كېمىدە ئۆرە تۇرۇپ دۇربۇن بىلەن قاراپمۇ بۆ كۆللەرنىڭ نېرىقى چېتىنى كۆرەلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىنى ئېگىز غالدىراڭ قومۇشلار يېشىل تام بولۇپ توسۇپ تۇراتتى.

— كوزمىچ، — دېدى پرژېۋالىسكىي، — ھازىر بىز ئۇدۇل لوپ كۆلگە بارايلى، بۆ كۆللەرنى يېنىشىمىزدا تەكشۈرسەك دەيمەن، سىنىڭچە قانداق؟

— شۇنداق قىلايلى، تېخى ئالتۇنتاغقىمۇ بارىمىز ئەمەسمۇ، — دېدى كوزمىچ.

---

[1] چوڭ كۆل — لوپ كۆلىنى دېمەكچى.

قاربوران كۆلىدىن تاتىما كۆلگە ئۆتىدىغان تار ئېقىن — بولتاغا كەلگەندە، پرژېۋالىسكىي بىلەن كوزمىنچ تەڭلا:
— ۋويى، كۆل توگەپ قالىدىغۇ، بىز نەگە كېلىپ قالىدۇق؟ — دەپ ئۆزلىرى ئولتۇرغان كېمە ئىگىلىرىدىن سورىدى.
— بىز ھازىر بولتادا كېتىۋاتىمىز. بۇنىڭدىن ئۆتسەكلا تاتىما كۆلگە كىرىمىز، — دېدى پرژېۋالىسكىي ئولتۇرغان كېمىنىڭ ئىگىسى. ئۇنىڭ ئىسمى تالقىن، قىرىق نەچچە ياشتا بولۇپ، ئۇستا كېمىچىلەردىن ئىدى. ئۇ تاتىما كۆلگىچە بارغان، ئەمما قارىقوشۇن كۆلگە بارمىغانىدى. تاتىما كۆلىدىن ئۆتسىلا قارىقوشۇن كۆلى، ئۇنىڭ مۇشۇ باھانە بىلەن بۇ كۆلنى كۆرۈۋالغۇسى كېلىپ، تەلەپ قىلىپ يول باشلىغۇچى بولغانىدى. كوزمىنچ بىلەن ئوبۇل ئولتۇرغان كېمىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىسمى ھەبىتاي، جىمغۇر ئادەم، يەنە بىر كېمىچىنىڭ ئىسمى ئايدىن.
— ياھ، نېمانداق چوڭ كۆل بۇ، لوپ كۆلگە كېلىپ قالمىغاندىمىز؟ — كوزمىنچ بولتادىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئالدىدا كەڭ يېيىلىپ ياتقان كۆلنى كۆرۈپ كېمىچى ھەبىتايدىن سورىدى.
— بۇ قارىقوشۇن كۆلى، — ھەبىتاي جاۋاب بەردى.
كۆلنىڭ سىرتقى سازلىق تەرىپى يېكەنلىك بولۇپ، كۆل ياقىلىرى بوك غالدىراك قومۇشلۇق ئىدى. قۇرۇقلۇق ساھىلنى كۆرگىلى بولمايتتى.
— بولتانىڭ ئىككى تەرىپىدە بېلىق جىق. مۇشۇ يەردە ئازراق بېلىق تۇتۇۋالايلى، — دېدى تالقىن كېمىچى. پرژېۋالىسكىي ئۇنىڭدىن سورىدى:
— بېلىق تۇتىمىز دېسەك كەچكە قالمايمىزمۇ؟
— ھامان مۇشۇ بولتانىڭ ئەتراپىدا قونىمىز. بۇنىڭدىن نېرىغا كەتسەك، كېمىدە ئۇخلايمىز شۇ، ئەتراپ كەڭ سازلىق. بولتانىڭ سەل نېرىسىدا بىر قۇملۇق تۆپىلىك بار. شۇ يەردە ئۇخلاپ، سەھەر مېڭىپ كەتسەك، لوپ كۆلىگە كەچئارىسىدىن بۇرۇن بېرىۋالايمىز.

كېمىچىلەرنىڭ دېگىنىدەك قىلماي بولمىدى، لېكىن ئۇلار خاتىرجەم ئۇخلىشالمىدى. يىراق بىر يەرلەردە بۆرىلەر هۇۋلاپ، ئەنسىزچىلىكتە كېچىنى ئۆتكۈزدى. بىر - ئىككىنى ئېتىۋالايلى دېسە، بۆرىلەر يىراقتا ئىدى...

تالقىن كېمىچىنىڭ ئېيتقىنىدەك، پرژېۋالىسكىيلار چوڭ كۆلگە كونىپاتاردىن سەل ئىلگىرى يېتىپ كەلدى.

پرژېۋالىسكىيلار قارىقوشۇن كۆلىدىن لوپ كۆلگە ئۆتمىدىغان بولىتادا تۇرۇپ قاراپلا جاھان ئەھلىگە، شۇنداقلا بۇلارنىڭ ئۆزىگىمۇ سىرلىق بىلىنىدىغان كۆلگە يېتىپ كەلگىنىگە، تىلسىماتتەك كۆلنى كۆرۈۋاتقىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. سىرلىق كۆل ئۇلارنى قۇچىقىنى كەڭ يېيىپ كۈتۈۋالدى. ئاستا - ئاستا ئۆرلەۋاتقان كەچكى شەپەقنىڭ قىزىل شولىسى كۆل باغرىدا چوغدەك چاقناپ جۇلالايتتى. شۇ تاپتا كۆل شۇ قەدەر تىمتاسكى، خۇددى تىلسىملاپ قاتۇرۇپ قويغاندەك، كۆل يۈزىدە ئازراقمۇ چايقىلىش يوق ئىدى. كۆلنىڭ تىلسىملىق جىملىقىنى بۇزۇپ، يىراق بىر يەردىن سوزۇپ ئېيتىلغان ناخشا ئاۋازى كەلدى. سوزۇپ ئېيتىلغان ناخشا ئىنتايىن مۇڭلۇق بولۇپ، تەبىئەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ يەكلىشىدىن چەتكە چىقىپ قېلىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقان لوپ خەلقىنىڭ يىتىملىق مۇڭىنى تۆكۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بۇ ناخشا قايسى تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتىدۇ؟ — پرژېۋالىسكىي سورىدى.

— قارىقوشۇن كۆلى تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتىدۇ. كېچىلىك بېلىق تۇتقىلى چىققانلار گۈلمە چۈۋۈپ قويۇپ، قوشۇق ئېيتىۋاتىدۇ، — دېدى تالقىن.

پرژېۋالىسكىيلار كۈنچى كەنتىدىن ئاقسۇپا، دىلپارغىچە، دىلپاردىن قارادايى، كونا ئابدالغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئابدالغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ناخشىنى كۆپ ئاڭلىدى، ئۇلارمۇ مۇڭلۇق ئىدى، بۇ قېتىمقىسى نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى.

پرژېۋالىسكىي بىلەن ئىۋان كوزمىچ بىردىن ئىككى كېمىگە

چىقىپ تالقىن بىلەن ھەبىتاينىڭ باشلىشىدا كۆلنى ئىچى تەرىپىدىن تولۇق ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ چىقىدىغان ، ئاندىن سىرتىدىن ئايلە-نىپ تەكشۈرەيدىغان ، ئوبۇل ، ئابدۇللا ئىككىسى كېمىچى ئايدىن بىلەن مۇشۇ ئەتراپتىن يىراق كەتمەي جېنى بارلىكى نەرسە بولسا تۇتقاچ تۇردىغان بولدى .

پرژىۋالىسكىلار ئايلىنىشنى باشلىدى . كۆلنىڭ ئىچى سۇ ، چۆرىسى بوككىدە قومۇشلۇق بولغاچقا ، كۆرەي دېسە سۇ بىلەن قومۇشتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى . پرژىۋالىسكىي كېمىنى تېزرەك تاياتتى ، بەزى چاغدا توختىتىپ شۇرۇق بىلەن سۇنىڭ چوڭقۇرلۇ-قىنى ئۆلچەيتتى ، يەنە بەزىدە دۇربۇن بىلەن ئالدى - ئارقىسىغا ، ئىككى يېنىغا قارايتتى ، كېمىنى توختاتقۇزۇپ دەپتىرىگە بىرنېمە-لەرنى يازاتتى . كۆل جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇنچاق بولۇپ ، شىمال تەرىپى سەل كەڭ ئىدى .

— كۆنچى دەرياسى كۆلگە مۇشۇ تەرەپتىن قويۇلىدۇ ، — دېدى ھەبىتاي كېمىچى ، — بۇنى قېشىدىن بىلمىسە ، ئىچىدىن بىلگىلى بولمايدۇ .

سەھەردە باشلانغان ئايلىنىش كەچكە يېقىن ئاران تۈگىدى . ئەگەر كېمىنى شۇرۇق بىلەن تايماي پالاق بىلەن تايسا ، ئۈچ كۈندىمۇ ئايلىنىپ بولغىلى بولمايتتى .

— كۆلنىڭ چوڭلۇقىنىڭ زادى قانچىلىكلىكىنى سىرتىدىن بىلمىسە ، ئىچى تەرىپىدىن قىياس قىلغىلىمۇ بولمىغۇدەك ، — دېدى ئىۋان كوزمىچ .

— دۇربۇننىڭ كۆرسەتكۈچىدىن قارىسام ، ئىچىنىڭ ئۇزۇنلۇ-قى يۈز كىلومېتىر ، كەڭلىكى يىگىرمە بەش كىلومېتىردەك قىلى-دۇ . زادى قانچىلىك ئۇزۇن ، قانچىلىك كەڭلىكىنى سىرتىنى ئايلانغاندا بىلىمىز ، — دېدى پرژىۋالىسكىي . كوزمىچ ھەيران قېلىپ سورىدى :

— قانداق ئايلىنىمىز ، پىيادىما ؟

— بىزنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىمىز ، مۇشۇ كۆلنىڭ جۇغرا-

پىيىلىك ئورنىنى ، تۈزۈلۈشىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش . پىيادە تەكشۈرگەندىلا ، كۆزلىگەندەك مەق- سەتكە يېتىمىز . مۇشۇنداق قىلمايمۇ ئامالمۇ يوق . ئاتلىرىمىز مەھەللىدە قالدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئارام ئالغاچ ئىككى كۈن پۈختا تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن ، پرژىۋالىسكىي ، كوزمىچ ، ئابدۇللا ، ئوبۇل تۆتى يېمەكلىك ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ بەش - ئالتە كۈننى قارىلاپ يۈرۈپ كەتتى . كېمىچىلەرنىڭ بىللە ئايلىنىش - ئايلانماسلىقىنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويدى . كېمە- چىلەر : «بۇلار كۆلنى ئايلىنىپ نېمە قىلماقچى ، كۆل ياقىسىدىن بىر نەرسە ئىزدەمدۇيا ؟» دېيىشىپ ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن سەل گۇمانلىنىپ قالدى ، شۇنداقلا : «ئابداللىقلاردىن ھازىرغىچە ھېچ- كىم بۇ كۆلنى ئايلىنىپ چىقمىدى ، ئايلىنىپتۇ ، دېگەننىمۇ ئاڭلى- ماپتۇق . مۇشۇلار بىلەن ئايلىنىپ كۆرۈپ باقمايلىمۇ» دېگەن قى- زىقىش بىلەن ئۇلارمۇ بىللە ماڭدى...

ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىن ، پرژىۋالىسكىي تەسىراتىنى خا- تىرىسىگە مۇنداق دەپ يازدى :

*... « يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، ھازىرقى لوپ كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇ- قى يۈز كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىكەن . تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى لوپ كۆلىدە ئاخىرلىشىدىكەن . كۆلنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا چەكسىز كەتكەن شورتاڭ ھاسىل بولۇپ ، ئۇ يەر كۆز يەتكۈسىز قومۇشلۇق بىلەن قاپلانغانىكەن... پۈتكۈل لوپ كۆلىنىڭ سۇ يۈزى خېلىلا تۆۋەن بولۇپ ، ئادەتتىكى چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا ئىكەن . بەزى جايلىرىنىڭ ئىككى مېتىر ، ئايرىم جايلىرى- نىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەتتا بەش مېتىرمۇ كېلىدىكەن . بىزنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تەسىراتىمىز ، لوپ كۆلىنىڭ سۇ مىقدارىنىڭ يىلدىن - يىلغا ئازىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش*

www.uyghurkitap.com

*بولدى . چۈنكى ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى لوپ كۆلىنىڭ قۇيۇلىدىغان سۇ زاپىسى كۆرۈنەرلىك ئازىيىۋېتىپتۇ . لوپ كۆلىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ مەزگىلسىز هالدا كۆپىيىدىغانلىقى ۋە ئازىيىدىغانلىقى توغرىسىدا يەرلىك ئاھالىلەر ئېچىدىكى ياشانغان كىشىلەرمۇ گۇۋاھلىق بېرىشتى . ئومۇمەن ئېيتقاندا ، لوپ كۆلى ئاستا ـ ئاستا ۋە تىنىمسىز رەۋىشتە تارىيىۋېتىپتۇ . تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ، قۇرۇپ كېتىشتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق تەقدىرگە قاراپ يۈزلىنىۋېتىپتۇ . بىز بۇ نۇقتىنى ، لوپ كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى گويا قىسماققا ئوخشايدىغان پايانسىز شورتاڭلىقنىڭ بارغانسېرى كۆل يۈزىنى تارايتىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇق» .*

## 8

ئالتە ئاتلىق ، مىنگەن تۆگىلىرىگە يەنە بىردىن تۆگە چېتىۋالغان ئۈچ تۆگىلىك جەمئىي توققۇز كىشى چاقىلىق دەرياسىنى بويلاپ چىمەنتاغقا قاراپ كېتىۋاتاتتى . تۆگىلەرنىڭ قەدەم رىتىمىگە ماس هالدا ئاڭلىنىۋاتقان كولدۇرمىلارنىڭ ئاۋازى ئادەمزات كەمدىن ـ كەم ئاياغ باسىدىغان سىرلىق بۇ ماكاننىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇۋاتقاندەك ھەم ۋەھىمىلىك ، ھەم شۇنچە سۈرلۈك ئىدى . يىراقلاردا ھەر كۈنى تونۇش ئاۋازلارنى ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەن هايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلار بۇ غەلىتە ئاۋازدىن ئەنسىزلىنىشىپ ، پاتاڭلىرىنى سوزۇشۇپ قاراشماقتا...

— ئەجەب مىرەندە بىر كۈن بولسىمۇ تۇرمىدۇق . ئۇ بىر كونا خارابىلىكتەك تۇرىدۇ ، كۆرۈپ باقىدىغان ئىش ئىدى .

— بىز ئارخېئولوگ ئەمەس ، ئېكسپېدىتسىيىچى . كۆرگىنىمىز بىلەن ھېچقانداق چۈشەنچىگە ئېرىشەلمەيمىز .

— چاقىلىق ئادىمى ئاز ، كىچىك كەنت بولسىمۇ ، تۇپرىقى مۇنبەت ، ئىقلىمى ياخشى جاي ئىكەن ، يەنە ئىككى كۈن تۇرۇ-

ۋەتمىدۇق .

— ئۈچ كۈن تۇردۇققۇ . «تاشبازار» دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمىكى قەلئەسىنى كۆردۇق ، كىشىلەردىن هازىرقى چاقىلىقنىڭ قانداق بەرپا بولغىنىنى بىلدۇق ، خوتەن ، كىرىيىلىك ئۇۋچىلارنىڭ ئالتۇنتاغقا بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق . بىزگە كېرىكى شۇلار . بىزنىڭ يىگىرمە ـ ئوتتۇز كۈندەك ۋاقتىمىز قالدى . بۇ يەردىن قايتىپ ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە تەييارلىق قىلمىساق بولمايدۇ .

— نەگە بارىمىز ؟

— لىخاساغا .

ئىۋان كوزمىچ پرژېۋالىسكىيغا قاراپ قويدى . «بۇ ئادەمنىڭ جېنى پولاتمىكىن» ئۇ ئىچىدە شۇنداق ئويلىدى .

— چىمەنتاغدىن ئۆتسەك ئالتۇنتاغمۇ ؟ — پرژېۋالىسكىي چاقىلىقتىن ياللىغان خوتەنلىك ئۇۋچى مەتسىدىقتىن سورىدى .

مەتسىدىق ياش ۋاقتىدا ئاتىسى ۋە يەنە باشقا تۆت ئۇۋچى بىلەن خوتەندىن چىقىپ چەرچەن ئارقىلىق ئالتۇنتاغقا ئۇۋغا بېرىپ ، قايتىشىدا دەريا ياقىلاپ مېڭىپ چاقىلىققا بېرىپ قېلىپ ، ئۇ يەردىكى مۇنبەت تۇپراقنى كۆرۈپ ، ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ ماكانلىشىپ قالغانلاردىن ئىدى . ئۇ هازىر ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالدى . ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ئىككى يىلدا بىر دېگۈدەك ئالتۇنتاغقا ئۇۋغا چىقىپ تۇرىدۇ . چىمەنتاغ ، ئالتۇنتاغ ئۇنىڭغا بەكلا تونۇش ، قۇرۇم تېغىنىڭ سىرتقى تەرەپلىرى بىلەنمۇ خېلى تونۇش . پرژېۋالىسكىي ئويلىمىغان يەردىن مۇشۇنداق بىر يول باشلىغۇچىغا ئېرىشىپ قالدى . ياللانغۇچىنىڭ يەنە بىرى هاشىم جەرەن ، بۇ كىشى چاقىلىقلىق ئۇۋچى .

پرژېۋالىسكىيلار ئابدالدىن ماڭىدىغاندا كۈنچىققانبەگكە دەپ يۇرۇپ بىر تۆگىگە ئىككىدىن ئات هېسابلاپ ، ئالتە ئاتقا ئۈچ تۆگە تېگىشىۋېلىپ ، يەنە بىر تۆگىنى ئىككى چېدىرغا تېگىشىۋالغانىدى .

ئۇلار چىمەنتاغقا كەلدى . تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ، تاغنىڭ

قوۋۇرغىسى ياكى تۆۋىنىدىكى يۇرتلارنىڭ ھاياتلىق تومۇردەك جىرا ـ جىرالاردىن ئوقچۇپ ئېقىپ چىقىۋاتقان دەريا ـ ئېقىنلار-نىڭ كۆپلۈكىدىن پرژىۋالىسكىيلار ھەيران قالدى .

— ئالتۇنتاغنىڭ ئوت ـ چۆپ ، سۈيى قانداقراق ؟

— بارغاندا بىلىپ قالىسىلەر ، ئۇ تاغنىڭ سۈيى ، ئوت ـ چۆپ ، يايلىقى بۇ تاغنىڭكىدىن ياخشى .

— ياۋايى ھايۋانلار باردۇ ؟

— ئالتۇنتاغ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ جەننىتى .

— قانداق ـ قانداق ھايۋانلار بار ؟

— مەن ئىسمىنى بىلىدىغانلاردىن قوتاز ، قۇلان ، بۆكەن ، قار يىلپىزى ، ئارقار ، بوز ئېيىق ، ئاق ئۆچكە ، كۆك ئۆچكە ، تاغ تېكىسى ، بۆرە ، قار توشقىنى ، قىزىل تۈلكە قاتارلىقلار ، بىز ئىسمىنى بىلمەيدىغان يەنە جىق ھايۋانلار بار .

— ئۇچار قۇشلاردىنچۇ ؟

— سېرىق ، قوڭۇر ، چىپار رەڭلىك بۈركۈت ، لاچىن ، قوڭۇر باش قاقىرا ، ئۇلاي ، قارا بويۇن لەيلەك ، قىزىل لاچىن ، چىپار باش غاز ، قىزىل ئۆردەك ، ئۇچلۇق تۇمشۇقلۇق ئۆردەك ، ئاق بېلىقئالغۇچ ، يېشىل باش بېلىقئالغۇچ قاتارلىق ئۇچار قۇشلار بار .

بۇ ياۋايى ھايۋان ، ئۇچار قۇشلارنىڭ ئىسىم ـ تۈرىنى ئابدۇللا ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ بەرگەندى ، ھەممىنى ئاڭلاپ بولۇپ پرژىۋالىسكىي بىلەن ئىۋان كوزمىچ مەتسىدىق بىلەن ھاشىم جەرەن-نىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى .

— پاھ ، بۇ ئالتۇنتاغ دېگەن ئاشۇ ئالتۇنلارنىڭ ئۇۋى-سىكەنغۇ ، — ئىۋان كوزمىچ پرژىۋالىسكىيغا قاراپ گېپىگە قو-شۇپ دېدى ، — ئوقىمىز تۈگىگۈچە ئاتايلى ، بۇ يەردە بىز ئىسمى-نى ، رەڭگىنى ئاڭلىمىغان قۇشلارمۇ بار ئىكەن .

— ياۋا تۆگە بارمۇ ؟ — پرژىۋالىسكىي سورىدى .

— بۇ تاغلاردا ياۋا تۆگە يوق ، چاقىلىق بىلەن مىرەن ئارىلىقى-دىكى قۇملۇقتا بار ، دەپ ئاڭلىدۇق ، كۆرۈپ باقمىدۇق .

— ئالتۇنتاغدا نېمىشقا تۆگە يوق؟
— بەك سوغۇقلۇقىدىنمىكىن، سەۋەبىنى بىلمەيدىكەنمەن. تاغنىڭ يانباغرىغا چىقىپ قالساقمۇ، دەم ئالالماي قالغاندەك بولۇپ قالىمىز.

«سوغۇقلۇقىمۇ بىر گەپ، ھاۋا شالاڭكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى پرژېۋالىسكىي، مەتسىدىق، ھاشىم جەرەنلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە تۆگە بىلەن يۈكلەرنى چىمەنتاغ بىلەن ئالتۇنتاغ ئوتتۇرىسىدىكى توغرا ساي دەرياسى بويىدىكى بىر خوتەنلىك ئوۋچى ئائىلىسىگە قويۇپ كېتىدىغان، ھاشىم جەرەن بىلەن ئوبۇل ئۈچرىغانلىكى ھايۋان بولسا ئوۋلاپ، ھەربىر خىل ئۆسۈملۈكتىن ئىككىدىن ئەۋرىشكە يىغىپ بىر نەرسىگە باستۇرۇپ قۇرۇتۇپ تۇرىدىغان بولدى.

ئالتۇنتاغ جەنۇبتا قۇرۇمتاغ تىزمىسى بىلەن توسۇلۇپ، شىمالدىن چىمەنتاغ ئارقىلىق تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ئىنتايىن مۇرەككەپ تاغ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت مىڭ مېتىردىن ئاشىدۇ، تاغلار ئارىلىرىدا قىلىنلىقى ئۈچ يۈز مېتىردىن ئاشىدىغان قۇملۇق ۋە قۇم دۆۋىلىرى بار. چوققىلىرى ئېگىز تەكلىماكاننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، ئادەتتىن تاشقىرى قۇرغاق، مۇزلۇق بىلەن قاپلىنىش دائىرىسى كىچىك. پەقەت ئالتە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىككى چوققىدىلا مۇز پارچىلىرى، كىچىك كۆچمە مۇزلۇقلار ۋە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان مۇزلۇقلار بار. ئەجەبلىنەرلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھاۋا قاتلىمى، كىلىماتى ئادەتتىن تاشقىرى قۇرغاق بولغىنى بىلەن بۇلاقلار تولا، تېخى كىچىككىمۇ ئەمەس. چوڭ ـ كىچىك بۇلاقلار ئۈچ مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇ بۇلاقلار ئىچىدە قۇمبۇلاق ھەممىدىن مەشھۇر. بۇلاق يۈزىنىڭ دىئامېتىرى ئىككى يۈز مېتىر ئەتراپىدا.

پرژېۋالىسكىيلار جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئاز ئۇچرايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرەلمىدى. بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب، ھەر خىل تېپىتىكى

هايۋانلارنى ئوۋلاش بىلەنلا بولۇپ كەتتى. يەنە بىر سەۋەب، جىلغا ـ جىرالارنىڭ، يوللىرىنىڭ خەتەرلىكلىكىدىن قورقتى.

— ئاۋۇ يوغان، ئۇچلۇق مۈڭگۈزلۈك، يوغلۇق قارا نەرسە نېمە؟ — پرژىۋالىسكىي ئارىلىقتىكى تاغقا يانباغىرلاپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئالدىدىكى ئېگىز تاغدا تۇرغان ھەيۋەتلىك بىر نەرسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدى.

— قوتاز، — مەتسىدىق جاۋاب بەردى، — بۇنى ئالتۇنتاغ قوتىزى دەيمىز. بۇ، بۇقىسىكەن.

ئالتۇنتاغ ياۋا قوتىزى قارا رەڭدە بولۇپ، يۇڭلىرى ئۇزۇن، بۇقىلىرىنىڭ پاتاڭ، كۆكرەك ۋە قورساق قىسمىدىكى يۇڭلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچچە كېلىدۇ، يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، يۇڭگۈرسە ياكى شامال چىقسا، يۇڭلىرى لەپەڭلەپ ئاجايىپ كۆرۈنىدۇ، كۆكرىكى كەڭ، بۇرۇن تۆشۈكى يوغان، دېڭىز يۈزىدىن ئۈچ مىڭدىن ئالتە مىڭ مېتىرغىچە بولغان ئېگىزلىكتە ياشايدۇ. ئۇ مۇشۇ ئېگىزلىكنىڭ ھۆكۈمرانى. يوغان، نەيزىدەك مۈڭگۈزى بىلەن ھەرقانداق ھايۋاننى قورقىتىدۇ، قوڭۇر ئېيىق، ۋەھشىي يىلپىزمۇ ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرسە بەدەر تىكىۋېتىدۇ.

پرژىۋالىسكىي ئوقنىڭ يېتىش ـ يەتمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، بۇ غەلىتە ھايۋاننى ئېتىپ باقماقچى بولدى. «ياۋا تۆگىدىن بىرنىمۇ ئېتىۋالالمىدۇق. مۇشۇنىڭدىن بولسىمۇ بىرنى ئېتىۋالسام بولاتتى». پرژىۋالىسكىينىڭ ئىچىگە مۇشۇ جىن كىرىۋېلىپ، ئۇنى دەيدەيگە سېلىپ قوتراتقىلى تۇردى. تۇرغىلى بولىدىغان ئەپلىك بىر يەرگە بارماقچى بولۇپ، پىلىسىرات كۆۋرۈكىدەك بىر يەردە يېتىلىۋالغان ئېتىنى تارتتى، قورقۇپ دىر ـ دىر تىترەپ تۇرغان ئات ئالدى پۇتىنى يۆتكەپ بىر تاشقا قويۇۋىدى، تاش ئورنىدىن قوزغىلىش بىلەن تەڭلا ئاتمۇ ھاڭغا دومىلىدى، پرژىۋالىسكىي ئاتنىڭ تىزگىنى ـ چۇلۋۇرىنى قويۇپ بېرىشكە ئاران ئۈلگۈردى، ھېلىمۇ دۇربۇن، كومپاسلىرى بويىنىدا ئىدى. ئاتقا ئارتىقلىق لوپ خۇرجىنى ئىچىدىكى بەزى نەرسىلەر ئات بىلەن بىللە

ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى . پرژېۋالىسكىي ئاتقا ئانچە ئىچ ئاغرىتمىدى ، خۇرجۇندىكى خاتىرە ۋە باشقا يازما ، سىزمىلىرىغا ئېسەنگىرىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن تاغنى ئېچكىرىلەپ تەكشۈرۈش ئۇنىڭ خىيالىدىن كۆتۈرۈلدى . توغرىساي دەرياسى بويىدىن يىراق كەتمەي ئالتۇنتاغ ئېتەكلىرى بىلەن چىمەنتاغ ئېتەكلىرىدە ھايۋان ، قۇشلارنى ئوۋلاش ، قۇرت - قوڭغۇز ، ھاشاراتلارنى تۇتۇش ، خەس - گىياھلارنى يىغىش بىلەن يىگىرمە بەش كۈننى ئۆتكۈزدى . ئولجا - غەنىيمەتلىرى ، تۇتقان - يىغقانلىرى ئاز بولمىدى . يىگىرمە بەش دانە چوڭ ياۋايى ھايۋان تېرىسى ، قۇرۇتۇلغان ، قاتۇرۇلغان ھەر خىل قۇش بەش يۈزدىن ئارتۇق ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق قۇرت - قوڭغۇز ، ھاشاراتلارنى ، خاتىرە ، قولىيازما ۋە باشقا ماتېرىياللارنى تۆر بويىچە سەككىز ساندۇققا قاچىلاپ ، كەلگەن يولى بىلەن چاقىلىق دەرياسىنى بويلاپ قايتتى . «ئالتۇنتاغ ھۆكۈمرانى» قارا ياۋا قوتازنى ئوۋلىيالمىغىنىغا پرژېۋالىسكىينىڭ كۆزى كەينىدە قالدى .

چاقىلىقتا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ، دۈمبە - قورساق ، بويۇن ، باش ، تۆت پۇت - پاچاق ، قۇيرۇق — پۈتۈن گەۋدە تېرىلىرى تولۇق ، تۇتاش سويۇۋېلىنغان ئىككى ياۋا تۆگە تېرىسى سېتىۋالدى . ياۋا تۆگە ئادەتتىكى تۆگىدىن گەۋدە - جۈغى زىلۋا ، بويىنى ، قۇيرۇقى سەل قىسقا ، بېشى كىچىك ، پۇتى ئۇزۇن ، ئىنچىكە بولۇش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . پرژېۋالىسكىينىڭ كۆڭۈل تەكچىسىنىڭ بىر يېرىدە يەنىلا ياۋا تۆگىدىن بىرنى ئۆز قولۇمدا ئېتىۋالسام ئىدىم ، دېگەن ئۈمىد - ئىستەك چىرىغى يىلدىرلاپ تۇراتتى . «چاقىلىق بىلەن مىرەن ئارىلىقىدا ياۋا تۆگە باركەن» دېگەن ئۇچۇرغا بىنائەن تەۋەككۇل دەرياسىغا ئاخىرقى كېمىسىنى سېلىپ ، چاقىلىقتىن مىرەنگە ، مىرەندىن يېكەنبۇلجىمالغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن چارىغچە تارىم دەرياسىنى بويلاپ قايتماقچى بولۇشتى .

يەنىلا شۇ قۇملۇق ، شۇ قۇم دۆڭلىرى ، گويا ماڭغانغا تۈگىـ

مەيدىغاندەك قۇم دۆڭلىرى ئارىلىرىدىكى پەسلىكلەردە بىرەن - سىرەن ئۇچراپ قالىدىغان يۇلغۇن ، ئاقتىكەن ، قامغاق ، چاكاندىدىن بۆلەك ، شۇ ئۆلۈك قۇمدىن باشقا ھېچنېمە يوق . قامغاق ، چاكاندىلارنى كۆرۈپ ، پىرژېۋالىسكىينىڭ پىلدىرلاپ قالغان ئۈمىد چىرىغىغا ياغ قۇيۇلغاندەك بولۇۋىدى ، ئۈمىدى ئارقىدىنلا يەنە سۇنۇغا چىلاشقاندەك بولدى... مىرەنمۇ ئارقىدا قالدى . ئۇلار كۈنپېتىشقا يۇقىرى ئۆرلەپ يېكەنبۇلجىمالنى قارىلاپ يول ئالدى . يەنە شۇ قۇملۇق ، يەنە شۇ بىلىق قاسىراقلىرىدەك بىر - بىرىگە مىنگىشىپ تۇرغان سانسىز قۇم دۆڭلىرى ، تۆگىدىكى كولدۇرمىلار ئېلىشۋېتىلگەن ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىنىڭ جىم - جىم مېڭىشى ، تىمتاسلىقى چۆمگەن قۇملۇقنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى .

— تۆگە ! بىر توپ ياۋا تۆگە ! — پاۋىل كوسمىنوف پەس ئاۋازدا ھاياجان بىلەن پىرژېۋالىسكىيغا خەۋەر قىلدى . پىرژېۋالىسكىي شۇئان ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى . بىر توپ ئەمەس ، ئانا - بالا ئىككى تۆگە ئىككى قۇم دۆڭى ئارىلىقىدىكى پەسلىكتە ئوتلاۋاتاتتى . پىرژېۋالىسكىينىڭ ئۆچەي دەپ قالغان ئۈمىد چىرىغى لاۋۇلداپ قالدى . ئۇ ھەمراھلىرىغا قۇم دۆڭى يېنىغا ئۆتۈپ تورۇشنى تاپىلاپ قويۇپ ، ئۆزى ئۆمىلەپ مېڭىپ كەتتى . ئانا تۆگە پات - پات بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ قوياتتى ، بوتىلاق بولسا بىخىرامان باش كۆتۈرمەي چاكاندا يېمەكتە . بۇ قېتىم بۇ ئانا - بالا تۆگىنىڭ قىسمىتى شۇنداقمۇ ياكى پىرژېۋالىسكىينىڭ تەلىيى ئوڭ كەلدىمۇ ، تۆگىلەر ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ ئوتلاۋاتاتتى . ھاۋامۇ قېتىپ قالغاندەك ، گويا بىر بەختسىزلىكتىن سۈكۈتكە چۆمگەندەك ، قىل تەۋرىگۈچىلىكمۇ شامالدىن شەپە يوق تىمتاس ئىدى . پىرژېۋالىسكىي چاشقان ئۇۋلىماق بولغان قۇۋ مۈشۈكتەك ، مىلتىقىنى سۆرەپ بىرقەدەم - بىرقەدەمدىن سۈرۈلۈپ ، سىلجىپ تۆگىلەرگە خېلى يېقىنلىدى . ئۇ ئەمدى بوتىلىقنى ئاتايمۇ ، ئانىسىنىمۇ ، دېگەن ئويلىنىشتا قالدى . «ئانىسىنى ئاتسام ، بالىسى تەنتەك قېچىپ كېتىدۇ ، بالىسىنى ئاتسام ، بالا مېھرى بىلەن

باغلانغان ئانا تۆگە يىراقتا كەتمەي ئەتراپتا بوزلاپ يۈرۈيدۇ ، ئۇنىمۇ ئېتىۋالىمەن» دەپ ئويلىدى - دە ، باش كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتقان بوتىلاقنىڭ مېڭىسىنى قارىلاپ تەپكىنى باستى .

«پاڭ !» بىلەن تەڭ بوتىلاق جايىغىلا يىقىلدى . پرژىۋالىسـكىي شۇ ھامان مىلتىقىنىڭ زاتورىنى كەينىگە تارتىپ شاكالنى چىقىرىۋېتىپ يەنە ئېتىشىرىپ بولۇپ قارىۋىدى ، ئانا تۆگىنىڭ قارىسىمۇ يوق ، خۇددى بۇ قۇملۇقتا ئاشۇ بەختسىز بوتىلاقتىن باشقا تۆگە مەۋجۇت ئەمەستەك . پرژىۋالىسكىي ئۇنىڭ ئانىلىقىنىلا ئويلىدى ، يەنە بىر تەرىپىنى — ئۇنىڭ ياۋىلىقىنى ئويلىمىدى . ئانا تۆگە بولسا : «پاڭ !» قىلغان ئاشۇ ئەجەل چاقىرغۇچى سادانى ئاڭلاپلا بالىسىنى ئۆز جېنىنى ئېلىپ قاچتى ، دەپ ، ياۋىلىقى ئىچىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن قاچقاندۇ .

پرژىۋالىسكىي ساقلىدى ، يېتىپ تۇرۇپ خېلى ساقلىدى ، «ھەي ، بالىسىنى ئاتقۇچە ئانىسىنى ئاتسامچۇ» دەپ ئۆزىنى پۇشايمان قامچىسىدا ساۋىدى...

پرژىۋالىسكىيلار شىنخىنغا كەلدى . بۇ ، كۆنچى كەنتى بىلەن كورلىنىڭ تاق ئوتتۇرىسىدىكى مەھەللە ئىدى . ئۇلار كورلىغا قايتىشتا چوڭ يول بىلەن ماڭغانىدى .

— يەنە شۇ چىلبۆرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالىمىزمۇ نىمە ؟ — دېدى كوسمىنوف .

— ئاران تويلىغان ئەۋرىشكىلىرىمىزنى ، بولۇپمۇ چوڭ ھايۋان تېرىلىرىنى تارتىۋالمىسىلا بولىتتى ؟ — دېدى ئۇنىڭغا قارىتا ئىۋان كوزمىچ .

ئۇلار كورلا تەرەپتىن قاچقاندەك ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان يولۇچىلاردىن ياقۇپبەگنىڭ ھازىرمۇ كورلىدا ئىكەنلىكىنى ، كورلا ئىچىنىڭ ناھايىتى پاتىپاراقلىقىنى ، ھەر خىل گەپلەرنىڭمۇ جىقلىقىنى ئاڭلىدى .

مىر ئەخمەت بىلەن ئوبۇل رىيازەت چېكىشتىن قۇتۇلغىنىدىن ، خوجايىنىنىڭ يېنىغا كېلىش ئالدىدا تۇرغىنىدىن خۇشال ئىدى .

پرژىۋالسكىي ئاڭلىغانلىرى بويىچە ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى . ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئىدى .

قارىسۇنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا ، مىرئەخمەت بىلەن ئوبۇل «زامانخانغا مەلۇم قىلايلى» دېيىشىپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى . پرژىۋالسكىيلار قارىسۇدىن ئۆتۈپ ، ئېگىز ئېرىققا قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ئالدى تەرەپتىن بىر توپ ئاتلىقلار چىقىپ كەلدى . ئالدىدا كېتىۋاتقىنى بۇلارغا تونۇشلۇق زامانخان ئىدى .

— كودوپاتكىن بۇلتۇر كۈزدە كېلىپ كەتتى ، گوبېرناتور قورال ـ ياراغ ئەۋەتىمىز دەپتىكەن ، لېكىن تېخىچە خەۋەر يوق ، ياقۇپبەگ ئالدىراپ قالدى ، — دېدى زامانخان ، پرژىۋالسكىي بىلەن ياندىشىپ كېلىۋېتىپ .

ئۇلار كورلىغا كېلىشكە ، ياقۇپبەگ خاس چېدىرخانىسىدا پرژىۋالسكىي بىلەن كۆزمىچنى قوبۇل قىلدى . پرژىۋالسكىي سەككىز ئاينىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن ياقۇپبەگكە سەپسالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا بويلۇق ، بۇغداي ئۆڭ ، يۇمىلاق ساقاللىق ، دوغىلاق ، سەل جۈدەڭگۈ ، كۆزىدىن ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرىدىغان ، پەرىشان چىراي بىر ئادەم تۇراتتى .

— مەن ھازىر سىلەرنى كۆرۈپ ، يېقىن دوستلىرىم بىلەن دىدارلاشقاندەك ئىنتايىن خۇشالمەن . مېنىڭ ئۈمىدىمۇ سىلەر بىلەن ، رۇسىيە بىلەن دوست بولۇش ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ پرژىۋالسكىي بىلەن كوزمىچقا بىردىن ئالتۇن ئۈزۈك تەقدىم قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ گېنېرال ، گوبېرناتور فون .كائوفمان بىلەن گېنېرال كولپاكوۋسكىيلارغا ئەڭ قىزغىن سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ياردىمىنى تەقەززالىقتا كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىنى دەپ قويۇشنى تەكرار ـ تەكرار تەكىتلەپ ئۆتۈندى . سۆھبەت ئۇزۇن داۋام قىلمىدى .

پرژىۋالسكىيلار : «ھاۋانىڭ ياخشى ۋاقتى»دا كېتىۋالايلى ، دېيىشىپ ، ئەتىسى كەلگەن يولى بىلەن قايتماقچى بولۇشۇپ ، سەھەردىلا ئاتلىنىپ كەتتى . زامانخان ئۇلارنى كىچىك يۇلتۇز داۋىنىـ

غىچە ئاپىرىپ ئۈزىتىپ قويغىلى يىگىرمىدەك مەھرەملىرى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ بىللە يولغا چىقتى .

## 9

شەرقىي قۇرۇمتاغ بىلەن ئالتۇنتاغ ئوتتۇرىسىدىكى قارلىق دالا گويا پۈتۈن زېمىن ئاپئاق خەسىدىن يوپۇق يېپىنغاندەك ئىدى . شۇ قارلىق دالىدا گاھ ئۇدۇل ، گاھ ئەگىپ ، بەزىدە مۇدۇرۇلۇپ ئون ئىككى ئاتلىق ئادەم ئېغىر يۈك ئارتىلغان بەش تۆگىنى يېتىلەپ قاتارلىشىپ مېڭىپ غەربكە قاراپ كېتىۋاتماقتا . ئۇلار ئۇچىسىغا قېلىن چوڭ جۇۋا ، بېشىغا بەزىلىرى سۆسەر ، بەزىلىرى تۈلكە تېرىسىدە تىكىلگەن قۇلاقچىنى چۆمكەپ كىيىپ ، ئېڭەكلىكىنى چىڭ چىگىۋالغان ، پۇتىغا پىيما كىيىۋېلىشقانىدى . مۇنداق قارىغاندا ، كىمنىڭ كىملىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . ھەممىسىنىڭ قۇلاقچىسىنىڭ يۈز تەرىپىنى ، قاش - كىرپىكلىرىنى قىرو قاپلاپ كەتكەنىدى . بەزىلىرى پات - پات قار - مۇز بىلەن قاپلانغان تاغقا ، ئېگىز چوققىلارغا ، گاھىدا ئالدىدىكى تۈگىمەس قارلىق ۋادىغا قاراپ - قاراپ قوياتتى . بۇ ، ئۇلارنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە كېتىۋاتقىنىنى بىلدۈرەتتى . ئون ئىككى ئادەمنىڭ ئۇچىلا ئىلگىرى بۇ ئەتراپقا بىر قېتىم كەلگەن ، قالغانلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىدى . ئۇلار بۇ سەپەرنىڭ شىمالىي سىبىرىيىنىڭكىدەك قار - مۇز بىلەن قاپلانغان قاتتىق سوغۇق مۇھىت ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەنىدى . تاغ تەرەپكە قاراپ ئاتلىنىش ئالدىدا جۇۋا ، قۇلاقچا ، پىيما ۋە قېلىن يېپىنچىلارنى تەييارلاشقا كىرىشكەندىلا ، قاتتىق سوغۇق بولىدىغان يەرگە بارىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقان بولسىمۇ ، بۇنچىلىكلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانىدى . تەسەۋۋۇر قىلمىغان قار - مۇز ئىچىدە تاشپاقا ئۆمىلىگەندەك مېڭىۋاتقىنىغا مانا بۈگۈن بەش كۈن بولدى . سول تەرەپتىكى قار - مۇزلۇق تاغ بارغانسېرى كۆككە ئۆرلەۋاتقاندەك ئېگىزلەۋاتاتتى . بۇنىڭدىن بۇ تاغنىڭ ، چوڭ بىر تاغ تىزمىسى ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

بىلگىلى بولاتتى . بۇ قۇيرۇقى پامىر ۋە ھىندىقۇش تاغلىرى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدىغان قارىقۇرۇم تاغ تىزمىسى ئىدى .

— ئالتۇنتاغقا كېلەي دېدۇقمۇ ؟

— ئۇڭ تەرىپىمىزدىكى قارلىق پەس تاغ ئالتۇنتاغ شۇ . ئالدىمىزدا ئۇڭغا ئەگىلىپ شۇ تاغقا يۈزلىنىپ ماڭىمىز .

سوئال سورىغۇچىنىڭ ئىسمى كوزلوف ، جاۋاب بەرگۈچى پرژېۋالىسكىي ئىدى .

پرژېۋالىسكىي ئۈچىنچى قېتىملىق ، يەنى 1879 ـ يىلىدىن 1880 ـ يىلىغىچە بولغان شىزاڭ ئېكسپېدىتسىيىسىدىن قايتىپ كېلىپ ، تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغلار ئىدى . ئۇ بۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىدە چىڭخەي ئېگىزلىكى بىلەن سەيدام ئويمانلىقى ، خۇاڭخې بىلەن ياڭزىجياڭ دەريالىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىلىرىنى تەكشۈرمەكچىدى . دەل مۇشۇ چاغدا ، ياۋروپا ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا : «لوپ كۆلى تاتلىق سۇلۇق كۆلمۇ ياكى تۇزلۇق كۆلمۇ ؟» ، «پرژېۋالىسكىينىڭ تەكشۈرگىنى لوپ كۆلىمۇ ياكى قاراقوشۇن كۆلىمۇ ؟» دېگەن مۇنازىرە قوزغالغانىدى . بۇ بەس ـ مۇنازىرىنىڭ تۇغۇلۇشىغا پرژېۋالىسكىينىڭ : «مەن لوپ كۆلىنى تەپسىلىي تەكشۈردۈم ، ئۇ تاتلىق سۇلۇق كۆل» دېگىنىگە قارىتا بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ، مەشھۇر جۇغراپىيەشۇناس ، پروفېسسور رىچخوفېننىڭ : «لوپ كۆلى تاتلىق سۇلۇق كۆل ئەمەس ، تۇزلۇق كۆل ، پرژېۋالىسكىينىڭ تەكشۈرگىنى ، مېنىڭچە ، لوپ كۆلى ئەمەس ، قاراقوشۇن كۆلى» دېگەن پىكرى سەۋەب بولغانىدى .

رىچخوفېن دۇنياغا مەشھۇر جۇغراپىيەشۇناس بولۇپ ، جۇڭگودا ئىلگىرى ـ كېيىن يەتتە قېتىم جۇغراپىيە ـ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، «جۇڭگو» ناملىق ئۈچ توملۇق كىتاب يېزىپ ، «جۇڭگو جۇغراپىيىسى مۇتەخەسسىسى» دەپ تونۇلغان كىشى ئىدى . مۇنازىرىدە ئۇنى قوللىغۇچىلار : «ئۇ جۇڭگو جۇغراپىيىسىدە مۇتەخەسسىس ، ئۇ لوپ كۆلىگە ، قىسقىسى تارىم ۋادىسىغا بېرىپ باقمىغىنى بىلەن ، ئۇ يەرنى تەتقىق قىلغان ، بىلىدۇ» دېسە ،

قارشى تەرەپتىكىلەر : «پرژېۋالىسكىي لوپ كۆلىگە تاپان بېسىپ بېرىپ تەكشۈرگەن ، ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا» دەيتتى .

پرژېۋالىسكىي بۇ بەس - مۇنازىرە قايىنىمىدا پالاقلاپ يۈرگەن-دىن كۆرە ، مۇشۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ داۋامى قىلىپ ئالتۇنتاغقا بېرىپ ، ئالدىنقى قېتىمدا چالا قالغان تەرەپلەرنى تولۇق-لىغاچ ، لوپ كۆلىگە يەنە بىر بېرىش قارارىغا كەلدى . ئۇ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسىنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللى-دى . گۇرۇپپىغا ئالدىنقى قېتىمقى ياردەمچىلىرى ئېۋان كوزمىچ ، پاۋىل كوسمىنوفلاردىن باشقا ، پرژېۋالىسكىينىڭ يېقىن ياردەمچى-سى ئۇنىڭ قوللىغۇچىسى ھەم چوقۇنغۇچىسى پېئوتر كوزمىخ كوز-لوفمۇ قاتناشتى . گۇرۇپپىنى رۇسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى يې-تەرلىك مەبلەغ ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن تولۇق تەمىنلىگەندىن سىرت ، مۇھاپىزەتچىلىككە كازاك ئەسكەرلەردىن سەككىزنى قو-شۇپ بەردى . گۇرۇپپا تەييارلىقلار تەق بولۇپ ، ئون ئىككى ئادەم ئون ئىككى ئات ، بەش تۆگە بىلەن 1883 - يىلى 10 - ئايدا چاكتو[1] دىن ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىگە ئاتلاندى . ئۇلار ئىككىنچى قېتىم 840 - يىلى[2] ئۇرقۇن بويىدىكى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار-نىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى بېسىپ ئۆتكەن غوبى چۆللۈكىنى توغرىسى-غا كېسىپ ئۆتۈپ چىڭخەيگە كەلدى . 1885 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە چىڭخەي ئېگىزلىكى بىلەن سەيدام ئويمانلىقى ، خۇاڭ-خې بىلەن ياڭزىجياڭ دەريالىرىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىنى تەكشۈ-رۈپ بولۇپ ، 2 - ئاينىڭ باشلىرىدا شەرقىي قۇرۇم تېغىنىڭ ئېتىكىنى بويلاپ ئالتۇنتاغقا يول ئالغاندى .

— 3 - ئاي كىرەي دەپ قالدى ، — دېدى كوزلوف پرژېۋا-لىسكىيغا ، بىر كۈنى كەچتە شۇ كۈنلۈك ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇ-رۇپ بولۇپ ، — ئالتۇنتاغنى جۇغراپىيىلىك نۇقتىلار بويىچە تەك-شۈرۈشىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى ، چوڭ - كىچىك ياۋايى ھايۋانلاردىنمۇ خېلى ئوۋلىدۇق . ئەمدى بۇ يەردىكى ئىشلارنى بول-

---

① چاكتو — سىبىرىيىنىڭ شەرقىدىكى بىر جاي .

② ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقتىن غەربكە بىرىنچى قېتىملىق كۆچۈشى مىلادىيە 461 -- 480 - يىللار ئارىلىقىدا بولغان .

www.uyghurkitap.com

دى قىلىپ، رىچخوفېنىنىڭ رەددىيىسىگە جاۋاب تاپساق بولاتتى.

ئىشلاردا ئەستايىدىل كوزلوفنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىدى. گوروپپا ئالتۇنتاغ دائىرىسىگە كىرگەندىن تارتىپ لەپنۇلاق، شىر كۆل، باش قورغان،[①] يېتىمبۇلاقلاردىن باشلاپ جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. گوروپپا ئاساسلىق قونالغۇنى ئالتۇنتاغنىڭ چىمەنتاغ تەرەپكە قارايدىغان قىيالىق ئاستىغا قۇرغانىدى. بۇ شامال، شۇرغان، سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئوبدان دالدىلىق ئىدى. ئۇلار مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەردىن تۆتنى ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش - تۇتۇشقا ئايرىپ، قالغانلىرى ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇب تەرىپىنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىنى، ئاساسلىق دەريا، كۆل، بۇلاقلاردىن ئاتقان دەرياسى، قۇمقۇر دەرياسى ۋە ئاخىرى چەرچەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدىغان مۇزلۇق (ئۇلۇغسۇ) دەرياسىنى، قۇمكۆل، ئاياغ قۇمكۆل، ئاچچىققول كۆلى قاتارلىق بۇلاق - كۆللەرنى تەكشۈردى. تاغنىڭ شىمال ۋادىسىدىكى مىرەن دەرياسى، چاقىلىق دەرياسى ۋە ۋاششەھىرى دەرياسى قاتارلىق دەريا - ئېقىنلارنى تەكشۈرگەندىن باشقا، ئالدىنقى قېتىمدا تەكشۈرگەن توغراساي دەرياسىنىمۇ تەپسىلىي تەكشۈردى، ئاساسلىق نۇقتىلار تەكشۈرۈلۈپ، ئىشلار ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. لېكىن، پرژېۋالىسكىينىڭ قايتقۇسى يوقتەك ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇۋان كوزمىچ بىلەن پاۋىل كوسمىنوفلار بىلەتتى. كوزلوفنىڭ گېپىگە پرژېۋالسكىي جاۋاب بەرمەي جىم تۇرۇۋالغىنىدىن، ئىچى كۆچلۈك، لېكىن كۆڭلىگە كەچكەننى دەۋېتىدىغان كوزلوفنىڭ ئاغزى قىچىشىپ تۇرالماي قالدى.

— ئۆتكەن قېتىمدا ئاشۇ يۇڭلۇق قارا قوتازنى ئاتىمەن دەپ ئېتىڭىدىن ئايرىلدىڭ، — ئۇ گېپىنى پرژېۋالسكىيغا قاراپ تۇرۇپ دېدى، — تاس قالدى جېنىڭمۇ ھاڭغا ئۇچۇپ چۇشۇپ كەتكىلى. ئۇ ياشىغان يەرگە بىز چىقالمايدىكەنمىز، يا ئۇ ئالدىمىزغا كەلمەيدىكەن. نەچچە قېتىم دۇربۇن كۆزنىكى ئارقىلىق سۈرىتىنى تارتى-

① باش قورغان   بۇ چاقىلىقنىڭ شىمالىدىكى لوپچان بىلەن يېكەنبۇلجىمال ئارىلىقىدىكى ئۆتەڭ قورغان ئەمەس، چىمانتاغنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر جاي.

ۋالدىڭ . كىشىلەرگە سۈرىتىنى كۆرسەتسەك ئىشىنەر ، ئىشەنمىسە بىز بولغاندىكىن بىر گەپ بولار .

پرژىۋالىسكىينىڭ ئەس ـ يادى ھەقىقەتەن ئاشۇ ئۆزۈن يۇڭ-لۇق قارا قوتازدا ئىدى . ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرنى ئۇۋلىۋالالىغان بولسا ، بۇ خۇددى تارىم ياۋا تۆگىسىدەك ئۇنىڭغا ئاجايىپ زور شۆھرەت ، نام ـ ئاتاق ئېلىپ كېلەتتى . پرژىۋالىسكىي مانا شۇ شان ـ شۆھرەتنىڭ كويىدا قالغانىدى . ئەمما تەڭرى ئۇنىڭغا بۇ شۆھرەتنى نېسىپ قىلماي ، ئۇنى ئارماندا قويىدىغاندەك قىلاتتى . ئاقىۋەت شۇنداق بولدى ، ئۇ بۇ جەھەتتە ئالتۇنتاغدىن قۇرۇق قول قايتتى .

پرژىۋالىسكىيلار كونا ئابدال مەھەللىسىگە كەلگەندە ، كۇن-چىقىقانبەگمۇ شۇ يەردە ئىدى . پرژىۋالىسكىي بەگ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتى . كۇنچىقىقانبەگ ئەھۋاللىشىپ بولۇپلا ئىچ مەيدە يانچۇقىدىن بىر يانچۇق سائىتىنى چىقىرىپ پرژىۋالىسكىيغا كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭدىن :

— قېنى مېنىڭ جەگرەن ھوشۇقۇم ؟ — دەم سورىدى .

پرژىۋالىسكىي كۇنچىقىقانبەگ بىلەن دەسلەپ كۆرۈشكەندە ، ھېلىقى سائەتنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ ، ئۇنى قانداق ئىشلىتىشىنى-مۇ ئۆگىتىپ قويغانىدى . ئۇ كۇنچىقىقانبەگنىڭ بايىقى گېپىنى چۈشىنەلمەي تۇرۇپ قالدى . ئۇۋان كوزمىچىنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كېچىپ ، ئۇمۇ پرژىۋالىسكىيدىن :

— توققۇز يىلنىڭ ئالدىدا كۇنچىقىقانبەگ ساڭا بەرگەن بىر چىنە ئۇجۇل ئۇمىچى ئىچىدىن بىر ئوشۇق چىقىقانغۇ[1] ، ھە ، شۇ قېنى ؟ — دەپ سورىدى .

پرژىۋالىسكىي شاپىلىقى بىلەن پېشانىسىگە «پاققىدە» بىرنى

[1] لوپلۇقلاردا مۇنداق بىر ئويۇن بار (بۇ ئويۇن كۆپرەك ئاياللار ئارىسىدا بولىدۇ . پەيتى كېلىپ قالسا ئەرلەرمۇ ئويناپ قويىدۇ ) . مېھمانلارغا تاماق تارتىلغاندا ، تاماق سۇنغۇچى ئۆزى خالىغان ئادىمىنىڭ قاچىسىغا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي مەلۇم بىر نەرسىنى (ئاياللار كۆپىنچە ئۈزۈكىنى ) سېلىپ قويىدۇ . مېھمان تاماق يەۋېتىپ ھېلىقى نەرسىنى كۆرۈپ قالىدۇ ـ دە ، ئۇمۇ ھېچكىمگە سەزدۈرمەي ئۇنى يانچۇقىغا سېلىۋالىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى ھېلىقى نەرسىنى زادىلا يېنىدىن ئايرىمايدۇ ، باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كەتسىمۇ ، ھەتتا ئۆلگۈچە يېنىدىن ئايرىماي ساقلايدۇ . چۈنكى ، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ھېلىقى كىشىنى كۆرگەنلا يەردە ، سوراشنى خالىسىلا سورايدۇ . سورىغان ھامان ھېلىقى نەرسىنى كۆرسىتەلىشى كېرەك . كۆرسىتەلمىسە ئۇتتۇرغان بولۇپ ، ئۇتقۇچىنىڭ تەلىپى بويىچە يۇرتقا چاي بېرىدۇ .

ئۆرۈپ :

— ئويلىماپتىمەن ، ئويلىماپتىمەن ، توققۇز يىلدىن كېيىن بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قېلىشىمنى ، بەگنىڭ ئۇنى سۈرۈشتە قىلىشىنىمۇ ئويلىماپتىمەن . ئەسلىدە مېنى بۇ يەرگە رىچخوفېننىڭ مۇنازىرىسى ئەمەس ، كۈنچىققانبەگنىڭ ئاشۇ ئوشۇقىنىڭ سورىقى سۆرەپ كەلگەنىكەن . بولدى ، ئۇتتۇردۇم . بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرۈپ ، گۆش سېلىپ چاي بېرىمەن ، — دېدى .

— بولمايدۇ ، — دېدى كۈنچىققانبەگ ، — بىزدە ئۆزى بېقىپ ئىشلىتىۋاتقان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش ئادىتى يوق ، ئاتنى تېخىمۇ شۇنداق . باشقا ئوۋ گۆشلىرىڭلار يوقمۇ ؟

— بار - بار ، — دېدى پىرژېۋالىسكىي ، — ئالتۇنتاغدا ئوۋلاپ ، پىشۇرۇپ ئېلىۋالغان تاغ ئۆچكىلىرىنىڭ گۆشى بار .

پىرژېۋالىسكىيلارنىڭ ئابدال مەھەللىسىدىكىلەرگە بەرگەن چېيى ئورنىدا تالقان ، ھەبىتاي ، ئايدىنلارنىڭ خوتۇنلىرى ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئوۋ گۆشلىرىنى ئۇششاق توغراپ سېلىپ ، بەش قازاندا ئۇچۇ ئەتتى . چوڭ - كىچىك ھەممە كىشى ئوچۇقچىلىقتا چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى . كوزلوف بىلەن مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر بىر ياغاچ چۆچەككە ئازلا ئۇسۇپ بېرىلگەن تاماقتا ، بىر پىرژېۋالىسكىيغا قاراپ قويۇشتى . ئۇلار چارچاپ كەلگەننىڭ ئۈستىگە قورسقى بەك ئاچ ئىدى .

— تاماقنى ئاز كۆرمەڭلار ، — دېدى ئىۋان كوزمىچ ، — بۇلارنىڭ تامىقى ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك بولىدىكەن . بۇ تاماقنى يېسەڭلار ، راستكەن دەيسىلەر ، ئەتىمۇ خېلى بىركەمگىچە قورسىقىڭلار ئاچمايدۇ...

پىرژېۋالىسكىينىڭ بۇ قېتىم كېلىشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى ئۆزىنىڭ تەكشۈرگىنى لوپ كۆلىمۇ ، ئەمەسمۇ ؟ لوپ كۆلى تۇزلۇق كۆلمۇ ياكى تاتلىق سۇلۇق كۆلمۇ ؟ دېگەن مەسىلىنىلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش . ئۇ ئۆزىنىڭ تەكشۈرگىنىنىڭ لوپ كۆلى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى . چۈنكى ، ئۇنى كۆلگە ئابداللىق يول باشلىغۇچىلار

چۆننلىق ، قارابوران ، تاتىما ، قاراقوشۇن كۆللىرىدىن كېيىندە بىر مۇبىر ئۆزۈپ ئۆتۈپ ، ئەڭ ئاخىرىدا باشلاپ ئېلىپ بارغان . ئۇنداقتا رىچخوفىن نېمىگە ئاساسلىنىپ : «پرژىۋالىسكىينىڭ تەكشۈرگىنى لوپ كۆلى ئەمەس ، قاراقوشۇن كۆلى» دەيدۇ ؟ پرژىۋالىسكي خېلىدىن بېرى مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدىلا ئويلاندى . ئويلاپ - ئويلاپ ئاخىرىدا مۇنداق يەكۈنگە كەلدى : «رىچخوفېن قاراقوشۇن كۆلىنىڭ تاتلىق سۇلۇق كۆللىكىنى بىلسىمۇ ، لوپ كۆلىنىڭمۇ تاتلىق سۇلۇق كۆللىكىنى بىلمەي ، تۇزلۇق كۆل دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن» . كېيىنكىسى پرژىۋالىسكىينىڭ پەرەزى ئىدى . پەرەزنى يەكۈنگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەكشۈرۈش ، ئېنىقلاش كېرەك . بۇ ئىشتا پرژىۋالىسكىيدىن كوزلوف ھەم ئەقىللىق ، ھەم تەدبىرلىك چىقىپ قالدى . پرژىۋالىسكي لوپ كۆلگە بېرىپ باققان باشقا كېيىنچىلەرنى ياللاپ يول باشلىتىپ بېرىپ تەكشۈرمەكچى بولدى . كوزلوف بولسا مەھەللىدىكى چوڭ ياشلىق كىشىلەرنى تالقىننىڭ قومۇش كەپىسىگە يىغىپ سۆھبەت ئېلىپ باردى . كۆنچىققانبەگ بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا يىغىنسۇ تەرەپكە كەتكەنىدى .

— لوپ كۆلى بۇرۇندىنلا تۇزلۇق كۆل ، سۈيىنى ئىچكىلى بولمايدۇ ، — دېدى ھەبىتاي ، كوزلوف لوپ كۆلىنىڭ سۈيىنىڭ تۇزلۇق ياكى ئەمەسلىكىنى سورىغاندىن كېيىن .

باشقا لوپ كۆلگە بېرىپ باققانلار ، ئۆزى بارمىغان بولسىمۇ ، باشقىلاردىن ، ئاتا - بوۋىسىدىن ئاڭلىغانلارمۇ بىردەك لوپ كۆلىنى تۇزلۇق ، دېيىشتى .

— ئۇنداقتا ، — دېدى پرژىۋالىسكي ، — بىز لوپ كۆلىنى سىرتىدىن ئايلانغان بەش كۈندىن بۇيان ئىچكەن سۈيىمىز تۇزلۇق ئەمەس ، تاتلىقتۇ ، سىلەر ئۇ سۇنى لوپ كۆلىدىن ئالغاندىڭلارغۇ ؟

تالقىن ، ھەبىتاي ، ئايدىنلار كۈلۈپ كەتتى .

— بىز ئۇ سۇنى ، — دېدى ھەبىتاي ، — قاراقوشۇن كۆلىدىن چوڭ كۆلگە ئۆتىدىغان بولتانىڭ چىقىش ئاغزىدىن ئالغان ، شۇڭا تۇزلۇق ئەمەس .

كوزلوف ئىتتىك پرژىۋالىسكىيغا قارىدى . پرژىۋالىسكىي پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىدىن كېتىپ قالغانلىقىنى بىلدى . كۆلنى سىرتىدىن پۈتۈنلەي شورتاڭلىق ۋە سازلىقلارنى بويلاپ ئايلىنىپ تەكشۈرگەنىدى . تەبىئىيكى ، ئۇ يەرنىڭ سۈيى تۇزلۇق ، قىرتاق ئىدى ، ئۇلار يول باشلىغۇچىلار ئېلىۋالغان سۇنى ئىچكەنىدى ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، كۆلنى ئىچى تەرىپىدىن بىر كۈن ئايلىنىپمۇ سۇدانغا ئېلىۋالغان سۇنىلا ئىچىپ ، كۆلدىن بىر يۇتۇممۇ سۇ ئىچىپ باقمىغانىدى .

— ئېتىراپ قىلىشىم كېرەك ، ئۆزۈمدىن ئۆتۈپتۇ ، ئەستايىدىل بولماپتىمەن ، — دېدى پرژىۋالىسكىي چېدىرغا كىرگەندىن كېيىن كوزلوفقا ئەپسۇسلىنىپ .

مەسىلە ئايدىڭلاشتى . پرژىۋالىسكىي كوزلوفنى ھەمراھ قىلىپ تالقىن ، ئايدىڭنى كېمە تاپىتىپ بېلىق تۇتقاچ سەيلە ـ ساياھەت ئورنىدا چىۋىنكۆل ، قارابوران كۆلىنى بىر كۈن ، تاتىما ، قارا قوشۇن كۆلىنى بىر كۈن ، لوپ كۆلىنى بىر كۈن ئايلاندى . گاھىدا پرژىۋالىسكىي كېمىمۇ تايدى ، شاشقاقىتا بىر ئەپلىك بېلىقمۇ تۇتتى .

— بۇ ئىشلارنىمۇ ئۆگىنىۋاپسەن ؟

— ئۆگەندىم ، قىزىقارلىق بولىدىكەن ، ئۆگىنىپ قويۇش كېرەككەن .

— كەتكۈچە ئارىلىقتا مەنمۇ ئۆگىنىۋالاي .

كوزلوف ئابدال مەھەللىسىگە كەلگەن كۈنىدىن باشلاپلا ئابدال ۋە قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ ، ئېنىقى لوپلۇقلارنىڭ دۇنيا جەمئىيىتىدىن ، ھەتتا تەبىئەتتىنمۇ تاشقىرىدەك بىر مۇھىتتا ئۈن ـ تىنسىز تىرىكشىپ ، تىرمىشىپ ، مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتماي ، ئۇزاق قەدىمدىن بۇيانقى ئەجدادلىرىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان سىرلىق روھىيىتىگە قىزىقىپ قالغانىدى . پرژىۋالىسكىي بىلەن ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ ئابدال ، قارا قوشۇن ۋە باشقا مەھەللىلەردە ھەم قايتىشىدا يول ئۈستىدىكى لوپلۇق-

لار مەھەللىلىرىدە مەلۇم كۈندىن تۇرماقچى بولدى . ئۇلار بۇ يەردىكى مەھەللىلەردىن كەتكۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا كۈنچىققان-بەگ ئىككى قېتىم بىرقانچە ئاقساقال بىلەن كېلىپ ھال سورىدى .

بىر كۈنى ، پرژېۋالىسكىي كۈنچىققانبەگدىن :

— بەگ ، بىز بەزىدە ئايرىم كىشىلەردىن لوپ كۆلىنى «لوپ-نۇر» ، «لوپنۇر كۆلى» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالدۇق ، بۇ قانداق ئاتاش ؟ — دەپ سورىدى .

— كىچىك چېغىمدا ، — كۈنچىققانبەگ گېپىنى بالا چېغىدىن باشلىدى ، — نۇرمەت دادامنىڭ دادىسى ئېيتىپ بېرىشىچە ، بىرقان-چە يۈز يىللارنىڭ ئالدىدا لوپ كۆلى ئەتراپىدا بىر تۈركۈم قالماقلار ياشاپتىكەن① . شۇلار لوپ كۆلىنى شۇنداق ئاتاپتىكەن . سەكسەن-توقسان يىللار ئىلگىرىكى قارچىغا ، دۆڭقوتان تەرەپكە يۇقىرى تاغ تەرەپتىن بىر قىسىم قالماقلار كېلىپ قوي ، كالا ، ئاتلىرىنى باققانىكەن② . بۇلارمۇ لوپ كۆلىنى شۇنداق ئاتاپتىكەن . ھازىرمۇ بەزىدە شۇ تاغ تەرەپتىن توڭگۇز ئۇۋۇلىغىلى قالماقلار كېلىپ تۇرى-دۇ ، — دېدى ئۇ .

— ھە بىلدىم ، — دېدى پرژېۋالىسكىي ، — بىز چىڭخەينى تەكشۈرگەندە ، بەزىلەرنىڭ «كۆكنۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ سۈ-رۈشتە قىلىپ ، چىڭگىزخان زامانىدا ئۇيغۇرچە «كۆك» دېگەن سۆز بىلەن موڭغۇلچە كۆل مەنىسىدىكى «نۇر» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۆزلىكىنى بىلگەنىدۇق . «لوپنۇر»مۇ «كۆكنۇر» (چىڭخەي) دېگەنگە ئوخشاش يېرىمى ئۇيغۇرچە ، يېرىمى موڭغۇلچە

---

① تۇغلۇق تۆمۈر (1330 — 1363) ئون سەككىز يېشىدا خان بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىپ ، ئۆز تەۋەسىدىكى موڭغۇللارنىڭمۇ ئىسلامغا كىرىشىنى دالالەت قىلغاندا ، زور بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ، ئەمما بىر تۈركۈم يۇقىرى قاتلامدىكىلەر خاننىڭ ئۇ تەشەببۇسىغا قارشى چىققاندا ، خان ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى لوپ كۆلى ئەتراپىغا سۈرگۈن قىلىۋەت-كەن . ئۇلار بۇ يەردە ئون نەچچە يىل تۇرۇپ قايتىپ كېتىشكەن .

② 1771 - يىلي ۋولگا بويىدىكى موڭغۇللار قەبىلە ئاقساقىلى ئۇباشىنىڭ باشچىلىقىدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندە ، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى كىچىك يۇلتۇز -- بايىنبۇلاققا ئورۇنلاشتۇرغان . ئۇلار بىلەن قازاقلار ئوتتۇرىسىدا يايلاق تالىشىش ماجىرالىرى توختىماي ، موڭغۇللار تار دائىرىگە قىستاپ قويۇلغان . مۇشۇنداق شارائىتتا ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ بىر قىسىم چارۋىلىرىنى لوپ رايونىنىڭ قارچىغا ، دۆڭقوتان ، يېڭىسۇ يايلاقلىرىدا مەلۇم مەزگىل بېقىۋېلىشىغا ئورۇنلاشتۇرغان . مانا شۇ ئىككى تۈركۈم-دە كەلگەن موڭغۇللار «لوپ كۆلى»دىكى «لوپ»نى ئۆز پېتى ئېلىپ «كۆل»نى ئۆز تىلى بويىچە «نۇر» دەپ ئېلىپ «لوپنۇر» دەپ ئاتىغان . بۇنداق ئاتاش بىلىپ - بىلمەي يەرلىك بەزى كىشىلەرگىمۇ ئۆزلىشىپ قېلىپ ، بارا - بارا كېڭىيىپ بارغان .

www.uyghurkitap.com

سۆز ئىكەن ، چۈشەندىم…
پرژېۋالىسكىيلار لوپ رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى
تەكشۈرۈشنى ئەمەس ، لوپلۇقلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ بې-
قىشنى ، ئۇلارنىڭ تەبىئەت بىلەن تىركىشىپ تۇرۇپ ، تەبىئەتنىڭ
ئەجەللىك زەربىلىرىگىمۇ بوي بەرمەي ياشاپ كېلىۋاتقان روھىيىتى-
دىكى سۇنماس قەيسەرلىكنى ئىگىلەش ، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتىنى
بىلىش مەقسىتىدە ، لوپ رايونىنىڭ خېلى جىق جايلىرىغا بېرىپ
قىرىق نەچچە كۈن تۇرۇپ قايتتى .
پرژېۋالىسكىي قايتىدىغان چاغدا كۈنچىققانبەگ توغرۇلۇق خا-
تىرىسىگە :

*« … كۈنچىققانبەگ شۇ ۋاقىتتىكى لوپ رايونىنىڭ چوڭ
ئاقساقىلى بولۇپ ، ئۇ بۇ يەرنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى يۇرت مۆتىۋەرلى-
رى بىلەن كېڭەشىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلاتتى . ئۇ ئىپسىل
پەزىلەتلىك كىشى بولۇپ ، 1885 ـ يىلى يەتمىش ئۈچ ياشقا كىر-
گەنىكەن . ئۇ ناھايىتى ساغلام ئىكەن ، پۇقرالىرىغا خۇددى ئاتا
بالىسىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنىدىكەن ، قولىدا بار نەرسىلەرنىڭ ھەم-
مىسىنى ھاجەتمەنلەردىن ئايىمايدىكەن . شۇڭا ، ئۇ گەرچە ئاقساقال
بولسىمۇ ، لېكىن ناھايىتى غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن… »*
دەپ يازغان بولسا ، كېيىن شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە تۈغۈلغان
ھېسسىياتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق دەپ يازغان : … *« ئون
نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تارىم دەرياسى ، لوپ كۆلى ۋە ئالتۇنتاغ
ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ئەڭ
سۇس بولغان جۇغراپىيىلىك رايون دەپ قارالغانىدى . جۇڭگو يىل-
نامىلىرىدىكى خەرىتىلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، جۇڭگولۇق-
لارنىڭ تارىم دەرياسى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ناھايىتى غۇۋا ئى-
دى . ئۇلار تارىم ئويمانلىقىدىكى كۆپلىگەن دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ
تارىم دەرياسىغا جۇغلىنىپ ، ئەڭ ئاخىر لوپ كۆلىگە قويۇلىدىغان-
لىقىدەك جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمغا ئىگە ئەمەس ئىدى . جۇڭگولۇقلار*

سىزغان جۇڭگو خەرىتىسىدە ھەمدە ياۋروپالىقلارنىڭ مۇشۇ ئاساستا سىزغان جۇڭگو خەرىتىسىدە لوپ كۆلىنىڭ ئورنى ۋە تارىم دەريا- سىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ لوپ كۆلىگە ئېقىپ كىرىدىغان جايى ھەققىدىكى خەرىتىلىك تەسۋىرىدە ناھايىتى چوڭ خاتالىقلار مەۋجۇت ئىدى . لوپ كۆلىدىن باشقا يەنە ئالتۇنتاغنىڭ ئورنى مەسىلىسىدىمۇ خېلى چوڭ ئېنىقسىزلىق بار ئىدى . تارىختىن بۇيان قانچىلىغان تۆگە كارۋانلىرى ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ ، شىنـ- جاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ كەلگەنىدى . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ تاغ تىزمىسى ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرى ۋە يازما ئۇچۇرلىرى كەمچىل ئىدى . بۇ رايوننىڭ تەبىئىي ھالىتى ، كىلىماتى ، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلىرى ، تۇپراق ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ھېچكىم تېخى مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارمىغانىدى . مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ، تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ بۇ پۇرسەتكە ئېرىشتۇق . شۇنداقلا ۋېنىتسىيىلىك سەيياھ ماركوپولودىن كېيىن بۇ رايوننى دەسسىگەن تۇنجى ياۋروپالىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ، سىرلىق لوپ كۆلىگە ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ۋە ئۇنىڭـ- دىن ئۆتۈپ تاكى خوتەن بوستانلىقلىرىغىچە بولغان جايلارغا قەدەم باستۇق . بۇ دەل 1876 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1877 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلىگە بولغان مەزگىل بولۇپ ، ئاسىياغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىم ئىدى··· »

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئ ئادرېسى

# ئۈچىنچى باب

## ئەجەب چېچىلىپ ياشاپتۇق

*ئەجەب بىر خەق بوپ قاپتۇق ،*
*قۇم ، تېرىقتەك چېچىلغاق .*
*ئىشلارىمىز ئۇڭاتتى ،*
*بولساق ، ئۇيۇل ، يېپىشقاق .*

— لوپنۇر خەلق داستانى «مەتەك پولگان»دىن .

1

تارىم ، كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى كىشىلەر كەلكۈندىن كېيىن ئادەتتىكىدەك تىرىكچىلىك غېمىگە كىرىشىپ كەتتى . ھاۋا بەك ئېچىلىپ كەتمىسىمۇ ، تىنجىق ئىسسىق ئىدى . «ئوماقنىڭ تاختىسى»دىكىلەرنىڭ تەلىيى شۇنداق ئوڭمۇ ياكى تال-لىغان يېرى ئېگىزرەك بولغاچقىمۇ ، تارىم دەرياسىدىن تاشقان كەلكۈن «سىيىتكۆل»دىن چىقىپلا كونا ئىككى قۇرۇق ئېقىنغا چۈشۈپ ئېقىپ ، «ئوماقنىڭ تاختىسى»دىكىلەرگە يېنىچە سوۋد-شىپ ئۆتۈپ كەتتى ، پەقەت بۇ يىل ئەتىيازدا يېڭى كېلىپ ، ۋاق-تىنچە ئورۇنلىشىپ تۇرغان چەتتىكى ئىككى ئائىلىنىڭ تۆت ئېغىز قومۇش ساتمىسىنىلا ئېقىتىپ كەتتى . كەلكۈن يوپۇرۇلۇپ «سى-يىتكۆل»گە يىغىلىۋاتقاندا ، ئۇلار مەھەممەت مەرگەن ئاغىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن بىساتلىرىنى ساتمىنىڭ يېنىدىكى قۇم دۆۋىسى

ئۈستىگە توشۇۋالغانىدى . كەلگۈن پەسكويغا چۈشكەن ھامان مەھەل-
لىداشلار بۇ ئىككى ئائىلىگە كۆزگىچە ئولتۇرۇپ تۇرىدىغانغا يەنە
ئىككى ئېغىزلىقتىن قىلىپ قومۇش ساتما ياساپ بەردى . مەھەللى-
دىكىلەر بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈپ كەلگۈندە ئېقىپ كېلىپ تۇرۇپ
قالغان بېلىقلارنى تۇتۇش بىلەن بولۇۋاتقاندا ، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۈچ
ئاتلىق كىشى كەلدى . قارىغاندا بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى
ئۇلارنى تونۇيدىغاندەك قىلمايتتى .

— ۋوي ، ئاۋۇ بىرى ئەجەب نەۋرە ئاكامغا ئوخشايدىكىنە ؟ !

— ھەي ، خاپسان ، ئۆزۈڭىنىڭ نەۋرە ئاكاڭنىمۇ تونۇمام-
سەن ؟ — مەھەممەت مەرگەن ئاغا گېپىنى دەپ بولغۇچە ، تۇردۇش
خاپان ئاتلىقلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئارىسىدىكى بىرىدىن :

— سەن ئالىقۇل ئاكامغۇ - ھە ؟ — دەپ سورىدى . ئاتلىق
شۇئان ئېتىدىن چۈشتى .

— سەن تۇردۇشقۇ ! — دېدى - دە ، ئىككىسى قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشتى ، قىزغىن ھال - ئەھۋاللاشتى . ئوماق ئۇلارنىڭ يېنىغا
كېلىپ :

— ئىككىڭلار كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان ئوخشىمامدۇ ؟ —
دەپ سورىدى .

راست ، ئۇلار بىر دەريانىڭ ئاتلىق ماڭسا بىر كۈنمۇ كەتمەيدى-
غان ئۇستۈن - تۆۋەن تەرىپىدە ياشىسىمۇ ، كۆرۈشمىگىلى يىگىرمە
بەش يىل بولدى . ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى پۈتالىقكۆل بويىدا
ياشايتتى . تارىم دەرياسىنىڭ شۇ كۆل ئەتراپىدا ئاقىدىغان كىچىك
بىر تارمىقى بىر كەلگۈن سەۋەبىدىن ئېقىن يولىنى ئۆزگەرتىپ
تۆۋەن تەرەپتە ئاقىدىغان بولغاندىن كېيىن ، كۆل سۈيى بىرنەچچە
يىلدا ئازلاپلا قالماي ، شورلىشىشقا ، ئىلگىرىكى ئېقىن ۋە كۆل
بويلىرىدىكى يايلاقلار قۇرۇشقا ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەتراپتىن ياۋايى
ھايۋان ھەم ئۇچار قۇشلارمۇ كۆچۈپ كېتىشكە باشلىدى . كىشىلەر-
نىڭ كۆلنى چۆرىدەپ تىرىكچىلىك قىلىشىنىڭ ئىمكانىيىتى قال-
ماي ، كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى . لوپ دالىسىنىڭ باغرى

پايانسىز بولغىنى بىلەن جان بېقىشقا لايىق كۆكۈلدىكىدەك جاي
تاپماق ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى . لوپلۇقلار بىر يەرگە كۆچمەكچى
بولسا ، ئويلايدىغىنى يېقىن ئەتراپتا بېلىق تۇتقۇدەك سۇ ، يېكەنلىك
بارمۇ ـ يوق ، ئوتلىقى قانداق ؟ مانا مۇشۇلار . بېلىق لوپلۇقلارنىڭ
كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ . بىر ئائىلە كىشىلىرى-
نىڭ بىر يىل يەيدىغان بىر ـ ئىككى خالتا ئۇجۇل تالقىنى ، بىر
ھەپتە ئىچىدىلا يىغىۋېلىنىشى كېرەك . ئۇلارنىڭ يېمەكلىكىدە بې-
لىق قانداق مۇھىم ئورۇندا تۇرسا ، ئۇجۇل تالقىنىمۇ شۇنداق
مۇھىم . ھەممە جەھەتتىن شارائىتى تولۇق جايلار ئاللىقاچان ئىگى-
لەپ بولۇنغان ، يەنە تېخى قەبىلىنىمۇ ئويلاشمىسا بولمايدۇ .
تۇردۇش ئائىلىسى بىلەن ئالىقۇللار ئائىلىسى جەمەتلىك ئائى-
لىلەردىن ئىدى . «بىر گە كۆچسەك ، بارغان يەرگە سىغىپ كەتمى-
گىمىز تەس» دېيىشىپ ، ئالىقۇللار ئائىلىسى كۆنچى دەرياسىنى
بويلاپ يۇقىرىلاپ مېڭىپ كۆنچى كەنتىدە ماكانلىشىپ قالغان ،
تۇردۇش ئائىلىسىدىكىلەر بولسا دەريانى بويلاپ تۆۋەنلەپ مېڭىپ ،
كۆنچى دەرياسىنىڭ كىچىك بىر تارمىقى ساھىلىدىكى نامسىز كى-
چىك بىر كۆل بويىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغانىدى . شۇ ئايرىل-
غانچە يىگىرمە بەش يىل ئۆتتى ، بۇ يىگىرمە بەش يىلنىڭ ئالدىنقى
بەش يىلى ئىچىدە ئالىقۇلمۇ ، تۇردۇشمۇ توي قىلدى . ھازىر ئۇلار-
نىڭ بالىلىرىنىڭ ئالدى يىگىرمە ياشقا كىردى ، ھەتتا توي قىلىپ
بالىلىقمۇ بولدى . كېيىنكى ئون يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئالىقۇل-
نىڭ ئانىسى ، تۇردۇشنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتتى . بۇلاردىن ھېچ-
قايسىسىدىن ئۇلار خەۋەرلىك بولۇشمىدى ، ھەتتا ئاكا ـ ئۇكىلار-
نىڭ ئائىلىلىرى بىر ـ بىرىنىڭ نەدە ئولتۇرۇشقىنىنىمۇ بىلمەي
ئۆتۈشتى . پەقەت مۇشۇ قېتىم ئالىقۇل پرژىۋالىسكىيلارغا يول
باشلاپ دىلپارغا كېلىپ قىلىپ ، دىلپاردا ئولتۇرۇپ قالغان پۇتا-
لىقكۆللۈك كىشىلەردىن سۈرۈشتە قىلىپ ، تۇردۇش ئائىلىسىنىڭ
«سېيىتنىڭ تاختىسى» — ھازىرقى «ئوماقنىڭ تاختىسى»غا كۆ-
چۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئىزدەپ كەلگەنىدى .

«ھەي ، شۇ كۆچۈش ، شۇ تارقاقچىلىق ، شۇ قەبىلىچىلىك» ئوماق ئىچىدە ئازابلىق ئويلىدى .

— ئۈچىلەڭلار كۆنچى كەتتىدىنمۇ؟

— ھەئە ، — ئالىقۇل جاۋاب بېرىپ بولۇپ ، ئىككى ھەمراھىنى تونۇشتۇردى .

— بۇ كىشىنى بىلەمسىلەر؟ — دېدى تۇردۇش ئوماقنى ئالىقۇل ، باقى ، ئامىتەكلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، — ئاتى - جۇنى ئوماق ، سانجىغاق بىلەن يولۋاس ئۆلتۈرگەن تۇراق يولۋاس دېگەن باتۇرنىڭ ئوغلى . بىز بۇنى «ئوماق ئوقيا» دەيمىز . ئوقيانى قوش كۆزىگە ئاتىمەن دەپ تۇرۇپ دەل تەگكۈزىدۇ ، ئاجايىپ مەرگەن .

— ۋۇي ، تۇراق يولۋاسنىڭ ئوغلى ئوماق سىزمۇ؟ ! — ئالىقۇل ، باقى ، ئامىتەكلەر بىر - بىرلەپ كېلىپ ئوماق بىلەن كۆرۈشتى .

— ھېلى سىلەر كىمگە يول باشلاپ كەلدۇق دېدىڭلار؟ — ئوماق سورىدى .

— پرژېۋالىسكىي ، ئىۋان ، پاۋىل دەيدىغان ئۈچ ئورۇس بىلەن ئابدۇللا ، مىرئەخمەت ، ئوبۇل دەيدىغان ئۇيغۇرلارغا ، — باقى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ ئاتىدى .

— ئۇلار نەدىن كېپتۇ؟

— ئۈچ ئورۇس ئاتلىق ماڭسا بىزدىن بىر ئايلىق يىراقلىقتىكى رۇسىيە دېگەن يەردىن كېپتۇ . ئابدۇللا ئۇلارغا تىلماچلىق قىلىپ بىزنىڭ گېپىمىزنى ئۇلارغا ، ئۇلارنىڭ گېپىنى بىزگە ئۆرۈپ بېرىدىكەن . مىرئەخمەت بىلەن ئوبۇل دېگىنى كورلىدىن قوشۇلۇپتۇ . «بىز بەدۆلەت ياقۇپبەگنىڭ ئادىمى» دەيدۇ . بۇلار ئاشۇ ئۈچ ئورۇسنىڭ خىزمىتىدە بولىدىكەن .

ياقۇپبەگ دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ ئوماقنىڭ شۇئان كۆز ئالدىدا كورلىدىكى مەدىل ئاسقالىنىڭ ھويلىسىدا تايۇقنىڭ تۇلپاردەك ئېتىنى تارتىۋالغان ، كورلىنىڭ ياقۇپبەگ تەيىنلىگەن ھاكىمى ،

چىرايىدىن بىر خىل رەھىمسىزلىك ، كۆزىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان نىياز مۇھەممەت دادخاھ سۆرۈن تەلەتى بىلەن پەيدا بولغاندەك بولدى .

— ئۇلار بۇ يەردە نېمىش قىلىدىكەن ؟

— ئۇلار كەلگۈچىغۇ كۆنچى دەرياسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقىنى ، ئوي ـ چوڭقۇرلۇقىنى ، ئېقىشىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقىنى ، دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىنىڭ قانداقلىقىنى تەكشۈرۈپ كەلگەن . دىلپاردا ئۇلار دەريانىڭ لوپ كۆلىگە قويۇلۇشىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەھۋا-لىنى ، سازلىقنى تەكشۈرۈپ ـ ئۆلچەپ كەلمەك بولۇپ قالدى . ئۇ يەردىن قايتىپ تارىم دەرياسىنى ، ئاخىرىدا لوپ كۆلىنى تەكشۈرى-دىكەن .

— تەكشۈرۈپ نېمە قىلىدىكەن ؟

— نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئۇقمىدۇق .

— ئۇلار بىر نەرسە ئىزدەمدىكەنيا ؟ — ئوماقنىڭ ئېسىگە قالاچ قاناقانىڭ دائىم دەيدىغان ئەجدادلار ئىزى كەلدى .

— ئۇلار بىر نەرسە ئىزدەيدىغاندەك قىلمايدۇ .

— ئورۇس دېگىنىڭلار قانداق ئادەملەركەن ؟

باقى رۇسلارنىڭ قىياپىتىنى لوپلۇقلارغا خاس سىنچى كۆزى بىلەن كۆزەتكىنى بويىچە سۈرەتلەپ بولۇپ :

— كۆزى ئىچىدە باشقىلار ئۇقالاي بىلەلمەيدىغان بىر سىر باردەك تۇيۇلىدىكەن ، — دېدى .

— چېقىر ـ يېشىل كۆز ، قانسىز ئاق تېرە ، سېرىق چاچ ، كالدىرلاپ سۆزلەيدىغان… — ئوماق باقىنىڭ سۈرەتلەپ دېگەنلىرى-نى ھەيران بولغىنىچە تەكرارلاپ ، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەن-دەك ، — بىر نەرسە ئىزدىمىسە ، دەريا ، كۆللەرنى نېمىگە ئۆلچەيدى-دىغاندۇ ؟ — دەپ بولۇپ ، باقىلاردىن سورىدى ، — ئۇلار نېمىگە قىزىقىدىكەن ؟

— ئۇلار ئوۋ ئوۋلاشقا بەك قىزىقىدىغاندەك قىلىدۇ . ياۋا تۆگە بىلەن كېيىك ئوۋلاشقا ئامراق ئوخشايدۇ . بۇ يەردە ياۋا تۆگىنىڭ

بارلىقىنى بىلىپ قىلىپ شۇنىڭلا گېپىنى قىلىپ يۈرۈشتى ، — دېدى ئالىقۇل بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ .

ئوماقنىڭ ھازىرلا دىلپارغا بېرىپ غەلىتە سىياقتىكى ئادەملەرنى كۆرۈپ باققۇسى ، ئۇلارنىڭ زادى نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كەلدىيۇ ، لېكىن بۇ يەردىكى ئۆزى كېلىپ قالغان بېلىقلارنى سۈزۈۋېلىشنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئويلىدى . تەلىيى چىقىپ ، چاققان كەلگەنلەر پۈتۈن بىر كۈز ، قىش چىققۇچە يېسە يەتكۈدەك بېلىق گەدەرمە قىلىۋېلىشى مۇمكىن .

— ئۇلار ئابدالغا بارسا ، ئۇ يەردە كۆنچىققانبەگ بىلەن تولەك بوۋا بار . بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلايلى ، — ئوماق ئالىقۇلغا قاراپ ، — سىلەر كۆرۈشمىگىلى يىگىرمە نەچچە يىل بوپتۇ ، بىرنەچچە كۈن تۇرارسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

ئالىقۇل ئىككى ھەمراھىغا قارىۋېتىپ :

— بىز ئۆيدىن چىققىلى ئىككى ھەپتە بولاي دېدى . بىز ھاسان ئاقساقالنىڭ گېپى بىلەن ئۆيدىكىلەر بىلەنمۇ خوشلاشماي ، تۇرغان جايىمىزدىنلا ماڭغانىدۇق . ئۆيدىكىلەر قانداق قىلىپ قالدى ، بىز ئۆيگە بارايلى ، — دېدى .

— ھەي خاپان ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن ئاغا يېنىدا تۇرغان تۇردۇشقا ، — نەۋرە ئاكاڭ ، ماۋۇلار ئالدىرايدىكەن ، تىللايىڭغا بۇيرۇماسەن ، بېلىق پىشۇرسۇن .

— بىرەر كۈنمۇ تۇرماسىلەر ؟

— ھېلى دېدىمغۇ ، ئالدىراپ قالدۇق ، كېتەيلى .

تۇردۇش نەۋرە ئاكىسى ئالىقۇل بىلەن باقى ، ئامىتەكلەرنى باشلاپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى .

— كۆردۈڭمۇ ئاغا ، — دېدى ئوماق مەھەممەت مەرگەنگە ھەسرەتلىنىپ ئىچىگە تىنىپ تۇرۇپ ، — بىر نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلار ئاتلىق يېرىم كۈنچىلىك ئارىلىقتا تۇرۇپمۇ يىگىرمە بەش يىلغىچە بىر ـ بىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنىڭ سىرتىغىنى ئېلىشماي ، نەدىلە

www.uyghurkitap.com

كىنى ، توي ـ تۆكۈنلىرىنى ، ھەتتا ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنىمۇ بىلىشمەي ، ئۆز ئۆيىنىڭ غېمىدىلا ئۆتۈشۈپتۇ. ئۇنى دېسەڭ ، مەنچۇ ؟ مەن ئاتامنىڭ تۇغقانلىرىنى ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى بىلىمەنمۇ ؟ سەنچۇ ؟ سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ، خوتۇنۇڭنىڭ يېقىن ـ يىراق تۇغقانلىرى بارلىقىنى بىلەمسەن ؟ ھېلىقى روسلار ئاتلىق بىر ئايلىق يىراقلىقتىكى يۇرتىدىن بىزنىڭ دەريالىرىمىزنىڭ كەڭ ـ تارلىقىنى ، قانچىلىك چوڭقۇر ، قانچىلىك تېيىزلىكىنى ، قانچىلىك تېز ـ ئاستا ئاقىدىغانلىقىنىمۇ تەكشۈرۈپ ئۆلچىگىلى كېپتۇ . بىز دەريا ، كۆللىرىمىزنى كەڭ ـ تار ، تېيىز ـ چوڭقۇر ، چوڭلا دېيىمىز ، زادى قانچىلىك كەڭ ، قانچىلىك چوڭقۇر بىلىمىز-مۇ ، بىز قايسىبىر كۆلىمىزنى چامداپ كۆرۈپ باقتۇق ؟ قانچە ئويلىسام ، قانچە دېسەم ، بىرلا گەپ ، ئۆز تىرىكچىلىكىمىزنىڭ ، بىلىق ، گۆش ، ئۇجۇلىنىڭلا غېمىدە يۈرۈپ ئۆتۈپتۇق .

— راست دېدىڭ ، ئوماق ، — مەھەممەت مەرگەن ئاغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى ، — سىلەرگە يولۇقۇپ قالمىغان بولساق ، كەمپىرىم دۇنيادىن گاچا بولۇپ ئۆتۈپ كېتەر-كەن ، مەن ئۆزۈممۇ يولغۇن ، قومۇشلۇقلار ئارىسىدا ياۋا ئادەمدەك ئۆتۈپ كېتەركەنمەن . بۇ لوپ دالىسىدا ماڭا ئوخشاش ئۆتۈۋاتقانلار ئاز ئەمەس ، ئوماق . ماۋۇ تۇردۇشلارمۇ قوملۇقلار ئارىسىدا يىللاپ باشقا ئادەملەرنى كۆرمەي يۈرگەنىكەن . ئانىسى بىلەن قىزى ئاي-بەختەمنى دېمەمسەن ، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا ئادەمنى كۆر-مىگىنىگە ئون نەچچە يىل بولغانىكەن . مۇشۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ، سەن ، بىزنى كۆرۈپتۇ . تاس قاپتۇ ، دۇنيادا ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكىلى...

— كېيىك ! ئانا ـ بالا كېيىك ! — ئۆردەك ، ئۇنىڭ ئارقىسى-دىن تۆمۈر يۈگۈرۈپ كېتىشتى . خېلى يىراقتىكى بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ئىككى كېيىك مەھەللە تەرەپكە بويىنىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سوزۇپ قاراشماقتا ئىدى .

— كۆردۈڭمۇ ئاغا ، بىزنىڭ ئادەمگەرچىلىك جەھەتتىكى بەزى

قىلىق ، ئادەتلىرىمىز ئاشۇ كېيىكچىلىكمۇ ئەمەسكەن ، — ئوماق گېپىنى دەپ بولۇپلا كېيىك تۇرغان تەرەپكە ماڭدى ، ئارقىسىدىن مەھەممەت مەرگەن ئاغىمۇ ماڭدى .

## 2

«ئوماقنىڭ تاختىسى» — يېڭى مەھەللىدىكىلەر بىلىقلارنىڭ بىر قىسمىنى قۇمغا كۆمۈپ قويدى ، بىر قىسمىنى گەدەرمە قىلىپ بېسىپ قويدى ، يەنە بىرقىسمىنى پىشۇرۇپ كەمچۈكلەپ قۇرۇ-تۇپ . تالقانلاپ تەييارلىۋېلىشتى . ئەمدى قىشقا كىرىپ كەتكۈچە ئارىلىقتا قىشلىق گۆشنى غەملىۋېلىش كېرەك . بۇ ئەتراپتا توشقان جىق بولغان بىلەن ، ئوۋلىغۇدەك چوڭ ھايۋانلار يوق . ئىلگىرى كېيىك ، جەرەنلەر نۇرغۇن ئىدى . يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىمىز دەپ يىلسېرى كېلىپ ماكانلىشىدىغان ئادەملەر كۆپەيگەنسېرى ، كېيىك ، جەرەنلەر ئۆزلىرىنى دالىدىغا ئېلىپ نەلەرگىدۇر يوقالدى . پەقەت ئانا ـ بالا ئىككىلا كېيىك قالغاندەك ئىدى . كېيىك بالىسى ھازىر چوڭ بولۇپ ، بويىدا ئانىسى بىلەن تەڭلىشىپ قالغان بولسى-مۇ ، ئۆزىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزغان ، پەرۋىشلەپ مېھرىباد-لىق كۆرسەتكەن ئۆردەك ، تۇمۇر ، ئايسۇلۇلارنى تاشلاپ كەتكۈسى يوق ئىدى . ئانا كېيىك بولسا ، بالا مېھرىدىن بالىسىغا تارتىشىپلا تۇرۇۋاتاتتى ، مەھەممەت مەرگەنلەردەك گۆشخور ئوۋچىلار كۆز ئالدىغا كەلسە ، بۇنداقلار بار يەردە بىر كۈنمۇ تۇرغۇسى يوق ئىدى .

مەھەللىدىكىلەردىن ئوۋغا چىقالايدىغان ئادىمى ئىككى ـ ئۈچ-كە يېتىدىغان ئائىلىلەر ئۆزلىرى ئايرىم ، بىردىن ئادەم بار ئائىلى-لەر ئىككى ـ ئۈچى بىر بولۇشۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئوۋغا مېڭىۋاتات-تى . ئوماق مەھەللىداشلىرى بىلەن ئوۋلۇق يەر تالىشىپ قالماس-لىق ئۈچۈن ، باشقىلار مېڭىپ بولغاندىن كېيىن ماڭماقچى بولغان-دى . تۇردۇش بىلەن ئىككىسى سۆگەتتاغقا بارماقچىدى . ئەتە ـ ئۆگۈن ماڭىمىز دەپ تەرەددۇتلىنىپ تۇرغاندا ، يېڭىسۇلۇق تەلەي

www.uyghurkitap.com

كېيىك دېگەن ئۇۋچى چەپەرنىڭ كېسەللىكتىن يېتىپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىپ قالدى . ئۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۇماقنى چارىدا دەپ ئاگلىغانىدى . ئۇماق قالاچ قاناقاغا يېقىن بولۇپلا قالـ. ماي ، كۇنچىققانبەگ بىلەنمۇ يېقىنلىقى ھەم يەنە كۇنچىققانبەگ بىلەن ئۇماقنىڭ چەپەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . بۇنى ئۇ باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدى . تەلەي كېيىك چەپەرنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن كۇنچىققانبەگكە يەتـ. كۇزمەكچىدى . بەگنىڭ ئاتمىشبۇلاق تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئاڭـ. لاپ ، ئۇماقنى ئىزدەپ چارىغا ماڭغانىدى .

— ئۇ يەرگە نېمىشقا بارغان ؟

— بۇرۇن ئۇ قومۇلۇقتا مېڭىپ باقمىغاچقا ، سەتاقىپ قېلىپ بېرىپ قالدۇق .

— نەچچە كۇن بولدى ؟

— ئون كۇن بولدى .

— كەلكۇن قانچىلىك بېسىپتۇ ؟

— ئاجايىپ ئىش ، — دېدى تەلەي كېيىك ، — توغراقلىق راستىنلا ئويماندا ئىكەن . بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى ، ھەر ـ ھەر ئوي ـ دۆڭنى ئالا قويماي باسقان كەلكۇن ، ئويتوغراقنىڭ ئەتراپىـ. دىكى ئانچىكى تۆپىلىكنى يانداپلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ .

— خۇدا ئارا تۇرۇپتۇ[1] ، — ئۇماق كۆڭلى تىنىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى .

— يېڭىسۇلۇق تۆتىمىز شىڭدى تېغىغا ئۇدۇل مېڭىپ باقايلى دەپ دۆتەلەپ قومنى كېسىپ ماڭغاندۇق ، كەڭ قومۇلۇق ئوتتۇرىـ. سىدا بىر توغراقلىقنى كۆرۈپ قالدۇق . بارساق ، توغراقلىق ئىچىـ. دە ئۈچ ساتما گەمە بار ئىكەن . ئىككىسىدىكى «دىۋە ئادەم»گە قارشىدىغان ئادەملەركەن ، بىزنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى . ئۇنى بۇرۇن كۆرمەپتىكەنمىز . ئىككى ئادەم بويىچىلىك بىر ئادەم ياتىدۇ ، كۆرۈپ ھەيران قالدۇق ، بەك جۇدەپ كېتىپتۇ ، تامىقىمۇ

---

[1] خۇدا ئارا تۇرۇپتۇ – خۇدا ساقلاپتۇ .

ئازلاپتۇ ، پات ـ پات قىزىپ غالغىيدىكەن[1] ، قىزىسلا : «قاناقا ، كۈنچىققانبەگ ، ئوماق ، تايۇق ، تۇلەك بوۋا ، ئۇلامخان» دەپ جۆيلۈپ بىرقانچىڭلارنى ئاتايدىكەن ، ماللىرىغىمۇ كېسەل تېگىپتۇ . ھېلىقى ئىككىسى : «چەپەر ئۆلۈپ قالسا كۈنچىققانبەگكە نېمە دەيمىز . بىرەرسىمىز سىرتىغ يەتكۈزەيلى دېسەك يولنى بىلمەيمىز . بۇنىڭ ئېغىر يېتىپ قالغانلىقىنى كۈنچىققانبەگكە ياكى ئوماققا دەپ قويغان بولساڭلار» دەپ بەك يالۋۇردى . بىچارىگە بىزنىڭمۇ ئىچىمىز ئاغرىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇۋغا بىرىشنى قويۇپ كەينىمىزگە ياندۇق ، — دېدى تەلەي كېيىك .

چەپەرنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئوماق يۈرىكى كۆيگەندەك بولۇپ ئىچىشىپ تۇرالماي قالدى .

— بىچارىگە يامان بوپتۇ ، ئۇۋنى قويۇپ ، تۆمۈرنى ئېلىپ بۈگۈنلا ماڭىسىڭىز قانداق . كېرەكلىك تەييارلىقنى مەن قىلىپ بېرەي ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭ ، — دېدى ئايقۇت . ئۇ ئوماقتىنمۇ بەك جىددىيلىشىپ كەتتى .

— مەنمۇ بىللە باراي ، — دېدى تۇردۇش ، — «دىۋە ئادەم» دەپ ئاڭلىغان ، كۆرۈپ باقمىغان ،كۆرۈپ كېلەي .

ئۇۋغا قىلىنغان تەييارلىقلار ئويتوغراق تەييارلىقىغا ئالماشتى . ئوماق ، تۇردۇش ، تۆمۈر ئۈچى بىر تۆگە ، بىر كالىغا يوتقان ـ كۆرپە ، كىيىم ھەم بىرنەچچە قۇم كۆمەچ نان ، گەدەرمە بېلىق ، ئۇجۇل ، بېلىق گۆشى تالقىنى ، پوستلاق قۇيمىسى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئارتىپ ئەتىگەندە ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى…

ئوماقلار بەش كۈن يول مېڭىپ ئويتوغراققا كەلگەندە ، ئىگەمبەردى قوي ، جەرەنلەرنىڭ كەچلىك سۈيىنى بېرىۋاتاتتى . ئوماق ماللارنىڭ تۇرقىغا قاراپلا ئىچى سىيرىلىپ كەتتى . قوتۇر بېسىپ داڭگىرلىشىپ قالغان قوي ، ئۆچكە ، جەرەنلەر تىرىك تۇرغۇزۇپ گۆشى شىلىۋېلىنغان ئىسكىلىتقىلا ئوخشاپ قالغانىدى . بىرەر ناتونۇش ئادەم كېلىپ قالسا ، ئۈركۈپ دۈپۈرلىشىپ كېتىدىغان بۇ

---

[1] غالغىش — تىترەش ، سىلكىنىش .

ماللارنىڭ ھازىر ئۆركۈگۈدەك ماجالىمۇ يوق ئىدى . تۇردۇش بىلەن تۆمۈر يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈرۈپ قالدى . ئوماق ساتىمغا كىردى .

چەپەر ئاستىغا ئۆزى ياسىۋالغان قوي ، جەرەن ، كېيىك تېرىلىرىنى ، ئۈستىگە كىگىز ، پالاس سالغان قېلىن سېلىنچا ئۈستىدە ياتاتتى . ئۇ ئوماقنى تونۇدى ، بۇنى بېشىنى بوشقىنا لىڭشىتىپ ئىپادىلىدى ، مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كۆزىدە خىرە بىر نۇر يالت قىلدى . ئوماق ئۇنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى . ئوماق كىرگەندە ئۇنىڭ يېنىدا تېپىلدى ئولتۇراتتى .

— تامىقى قانداق ؟ — ئوماق ئۇنىڭدىن سورىدى .

— ئالدىنقى كۈنى چۈشتە قۇرۇق سۇغا چالغان سۇيۇق ئۇجۇل ئۇمىچىدىن ئىككى قوشۇق ئىچكەن . تۈنۈگۈن ، بۈگۈن ئاغزىغا ھېچنېمە سالمىدى . بايا سۇ بولسىمۇ ئىچۈرۈپ باقايلى دېۋىدۇق ، گېلىدىن سۇمۇ ئۆتمىدى .

ئوماق چەپەرنىڭ بېشىغا ئېڭىشىپ تۇرۇپ :

— چەپەر ، بىز كەلدۇق ، ئاغرىپ قالغىنىڭنى ئاڭلاپلا ماڭدۇق ، — دېدى .

چەپەر بېشىنى بايىقىدەك بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالەتتە مىدىرلاتتى ، كۆزى ئىشىك تەرەپكە تەلمۈردى ، مىدىرلىغۇدەك ماغدۇرى بولمىغان بىلەن ھەرھالدا سېزىمى بارلىقى ئىدى . ئوماقنىڭ : «بىز كەلدۇق» دېگىنىدىن بىرنەچچەيلەننىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەندەك ئىدى . ساتىمغا تۇردۇش بىلەن تۆمۈر كىرىپ كەلدى . چەپەرنىڭ ھالىتىگە قاراپ ئىككىلىسىنىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ قالدى .

— ئادەمنى تونۇيدىكەن ، ئەمما گەپ قىلغۇدەكمۇ ھالى قالماپتۇ . ئالدىنقى كۈنى ئىككى قوشۇق ئۇماچ ئىچىپتىكەن ، تۈنۈگۈن ، بۈگۈن ھېچنېمە يېمەپتۇ ، — دېدى ئوماق .

تۇردۇش كىشىلەردىن «دىۋە ئادەم»نىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ ، كۆرسە كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك ئالامەت بوي ـ بەستلىك ، كۆچتۈڭگۈر ، ھەيۋەت يوغان بىر ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى . ھازىر



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئالدىدا بولسا بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، يۈزىدە قان دىدارى يوق، سارغايغان، گۇنسىز كۆزى پىلدىرلاپ قالغان مەمەجال[1] بىر ئادەم سوزۇلۇپ ياتاتتى. تۇردۇش چەپەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئىككى قولىنىڭ تومۇرىنى نۆۋەت بىلەن تۇتتى، ئاندىن قاپىقىنى قايرىپ كۆزىگە قارىدى، بارماقلىرىغا، تىرناقلىرىغا، چىرايىغا سەپسېلىپ قارىدى.

— بۇنچە قاراپ كەتكىنىڭگە بىر نەرسە بىلەمسەن؟

تۇردۇش ئوماققا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ئانام ئۇستا ئوتاچى[2]، مەن ئۇنىڭدىن ئازراق ئۆگەنگەن، — دەپ بولۇپ، ئوماقنى ئىشىك تەرەپكە تارتىپ پەس ئاۋازدا، — ئۆپكە كېسەلى ئىكەندۇق، ھازىر ئۆپكىسى قۇرۇپ بوپتۇ. ئىككى-ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا مەھەللىدە بولغان بولسا، بىلگەن بولساق، ئەملەپ، بىر ئامالлاپ ساقايتىۋالغىلى بولار ئىدى. ئەمما... ئۇ ھەرقايسىڭلارغىلا تارتىشىپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ، — دېدى.

— چەپەر، — دېدى ئوماق بايىقىدەك ئېغىشىپ تۇرۇپ، — كۇنچىققانبەگ خەلقىنىڭ ھال-ئەھۋالىنى بىلىپ كەلگىلى تاغ تەرەپكە كېتىپتۇ، تۇلەك بوۋا بىلەن تايۇق سىپىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىنى بىلمەپتۇ. مەن ھازىرلا ئوغلۇمنى ماڭدۇراي، ئۇلارنى چاقىرىپ كەلسۇن، بولامدۇ؟

ئوماق بۇ گەپنى تۇردۇشنىڭ ئېيتقىنىغا ئاساسەن چەپەرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قىلغانىدى. بۇنى چەپەر سەزدىمۇ، سەزمىدىمۇ، ھېچقانداق ئىپادە بولمىدى. ئۇ شۇ تاپتا مۇردىنىڭ ئۆزى ئىدى. تالادىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ بولۇپ ساتمىغا ئىگەمبەردى كىردى.

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا گەپ قىلغانمۇ؟ — ئوماق ئىگەمبەردى بىلەن تېپىلدىدىن سورىدى.

— بىر ئاينىڭ ئالدىدا، — دېدى ئىگەمبەردى، — «ئۆلۈپ

---

① مەمەجال — جېنى ئاز قالغان.
② ئوتاچى — تېۋىپ.

www.uyghurkitap.com

كەتسەم ، ياراڭلىقتا يېقىن يەردە ئاتامنىڭ ئاگايى بار . مېنىمۇ ئاتام ئاگايى يېنىغا قويۇڭلار » دەپ يۇرگەن . كېسىلى ئېغىرلاشقان- دىن كېيىن ، «مەن ئۆلسەم مېنى مۇشۇ ئويتوغراقتىكى قۇدۇقنىڭ يېنىغا قويۇڭلار » دەپ بىرنەچچە قېتىم تاپىلىدى .

— تۇردۇش ، سەن تېپىلدى ، تۆمۈر بىلەن چىقىپ قۇدۇق ئەتراپىدىن ، بولسا قۇدۇقتا يېقىن يوغان توغراق بويىدىن يەرلىك جاي تاللاپ قويۇڭلار . ئىگەمبەردى بىلەن مەن چەپەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇرايلى ، — دېدى ئوماق .

تۇردۇش ، تېپىلدى ، تۆمۈرلەر چەپەرگە قاراپ - قاراپ قويۇپ ساتمىدىن چىقىپ كەتتى . ئوماق ئالىقىنىنى چەپەرنىڭ ئېغىز - بۇرنىغا يېقىن ئەكىلىپ تۇتۇپ باقتى ، تىنىقى بار - يوق ئارىلىقىدا ئىنتايىن ئاستا ، سۇس ئىدى .

— ئىگەمبەردى ، سەن ئۆلگەن ، ئۆلۈۋاتقان ئادەم يېنىدا تۇ- رۇپ باققانمۇ ؟

— ياق . پەقەت ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىككى چۈشۈپ كېتىدۇ ، كۆزى قېتىپ قالىدۇ ، تېنى مۇزلاپ كېتىدۇ ، دېگەننى ئاڭلىغان .

ئوماق قالاچ قاناقا ۋاپات بولغان چاغدا تولەك بوۋىنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى ئەسلىدى . قاناقانىڭ كۆزى يېرىم ئوچۇق ، يېرىم يۇمۇق ئىدى . تولەك بوۋا ئالدى بىلەن كۆزىنى يۇمۇپ قويۇپ ، ئاندىن ئېڭىكىنى تاڭغانىدى ، لېكىن جىددىيچىلىكتە قانداق تاڭغاندى- لىقىغا ئۇبدان قارىۋالمىغانىدى .

— تىنىقى توختاپتۇ ! — دېدى ئىگەمبەردى .

راست ، «دىۋە ئادەم » — چەپەر تىنىقتىن قالغانىدى . ئۇنىڭ كۆزىمۇ يېرىم يۇمۇق ، يېرىم ئوچۇق ھالدا قېتىپ قالغانىدى . ئوماق ئۇنىڭ كۆزىنى يېنىك سىيپاپ يۇمدۇرۇپ قويۇپ ئىگەمبەر- دىگە :

— چىقىپ تۇردۇشلارنى چاقىرىپ كىر ، — دېدى .

— ئېڭىكىنى تېڭىشنى بىلەمسەن ؟ — تۇردۇش ساتمىغا كى- رىشىگە ئوماق ئۇنىڭدىن سورىدى .

تۇردۇش جاۋاب بېرىش ئورنىغا ساتمىنىڭ تۆت تەرىپىگە قاردى . چەپەرنىڭ باش تەرىپىدە قومۇشقا قىستۇرۇقلۇق ئاق لاتىنى كۆرۈپ :

— رەمەتلىك ئېڭىكىنى تاڭىدىغان لاتىنىمۇ تەييارلاپ قويۇپتىكەن ، — دېدى - دە ، لاتىنى ئېلىپ ئۆزۈنىسىغا چىرايلىق قاتلاپ ، چەپەرنىڭ ئېڭىكىنى تاڭدى…

قۇدۇققا يېقىن چىناردەك ئېگىز ، يوغان توغراقنىڭ تۈۋىدە بۆشۈكچىلىك ئېگىزلىكتە ئۆزۈنچاق ، كىچىك بىر قۇم دۆۋىسى پەيدا بولدى . چەپەرنىڭ كونا - يېڭى كىيىملىرى ، يېپىنچا - سېلىنچىلىرى ئېدىتلىق قاتلىنىپ ، ئۆز پالىسىغا بوپا قىلىپ تېڭىلىپ ، توغراقنىڭ ئۈچ ئاچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلدى . ئۈستىگە بىرنەچچە تېرىنى يېپىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىسىدىن قالغان چوڭ بىر قازان كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلدى…

## 3

قۇملۇق ، يەنە شۇ چەكسىز قۇملۇق . بىر - بىرىگە تۇتىشىپ ، كىرىشىپ كەتكەن ئېگىز - پەس قۇم دۆۋىلىرى . گويا دۇنيا قۇم توپانى ئاستىدا قالغاندەك ، قۇمدىن بۆلەك ھېچنېمە يوق . كۈن سالقىن ، چىڭقىچۇش .

مانا ، ئىككى ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئارىلىقىدىكى پەسرەك يامزالدىن خۇددى قۇم دۆۋىسى ئارقىسىدىن ئۇنگەندەك ئۈچ ئاتلىق كىشى بىر تۆگە ، بىر كالىنى كەينىگە سېلىپ چىقىپ كەلدى . بۇلار بىزگە تونۇش ، ئالدىدىن ئاتىغاندا ئوماق ، تۆمۈر ، تۇردۇش . تۇردۇش قۇملۇق ئىچىدە تۇغۇلۇپ ، قۇملۇقتا چوڭ بولغان ، قىرىق نەچچە يىللىق ئۆمرى قۇملۇق ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئۇ شۇ تاپتا قۇملۇقنى تۇنجى كۆرۈۋاتقاندەك ، ئەتراپقا كۆز ئۈزمەي قاراپ ماڭماقتا . پات - پات ئالدىغا ، ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا قاراشلىرىدىن ، ئۇنىڭ بۇ تۈگىمەس دەشت قۇملۇقتىن بىزار بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . ئوماقنىڭ كۆز ئالدىدىمۇ تۇردۇشنى

بىزار قىلغان قۇملۇق دەشت يېيىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىغا باشقا بىر كۆرۈنۈش چۈشۈۋېلىپ، ئۇنى ئازابلاپ كەلمەكتە، ئازاب ئىچىدە ئويلانماقتا ... بىر ئائىلە كىشىلىرى كۆچۈپ كېتىۋاتقىنىدا، مۇشۇ قۇملۇقنىڭ قەيىرىدىدۇر بىر يېرىدە ئانىسىنىڭ تۇپرىقى يالغۇز قالغانىكەن، كېيىن ئاتىسىنىڭ باشقا بىر يەردە يالغۇز قاپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ يالغۇز قالدى. بالىسىنىڭ بوي - بەستى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن يوغىناپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا بىر ئائىلە كىشىلىرى ئادەملەر توپىدىن قاڭقىتىپ چىقىرىۋېتىلىپ، جاھاننىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرەلمەي ئۆز يۇرتىنىڭ قۇملۇق چۆللىرىدە سەرسانلىقتا يۈرۈپ، ئانىسى كىشى بىلمەس بىر يەردە، ئاتىسى ئۇ يەردە، بالىسى بۇ يەردە ياتتى. بىچارە بىر ئۆمۈر يالغۇز ئۆتكەنىدى، ئۇ ئالەمگىمۇ يىغلاپ ئۆزىتىدىغان بىرەر قېرىندىشى ياكى بىر بالىسى يوق، جىمجىملا كەتتى، چىرىغىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ ئۆچتى. ئالەم كەڭرى بولغان بىلەن جاھان تار ئىكەن. ئۇ بوي - بەستىنىڭ كېلەڭسىز، يوغانلىقى سەۋەبىدىن كىشىلەردىن سۆيۈنۈش، مۇھەببەت تاپالمىدى، بەلكى يەكلەندى، سەتلەندى. ئەمما ئۇنىڭدىن ئادەملەر تۇگۇل ياۋايى ھايۋانلارمۇ كۆيۈنۈش، سۆيۈنۈش تېپىپ، ياۋايىلىقىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىدى. ئەجەبا ئادەم بالىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىيالماسمىدى؟! ئۇلار ئويتوغراقتا تۈنجى قېتىم كېلىپ قېلىپ، كېيىن ئۇ يەردىن ئۇزاپ ماڭغاندا، چەپەرنىڭ يەنە يالغۇز قالغىنىغا مۇڭلىنىپ ئېيتقان ناخشىسى ئوماقنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى:

كىم قارايدۇ مەندەك باغرى غەملىككە،
قىزىلگۇل دەپ ياشىم يەتتى ئەللىككە.
قۇلۇشتۇغۇم مەندىن كۆڭۈل بۆلمەيتتى،
خەقلەر قويدى گۇل يارىمنى تەڭلىككە.

خۇدا بىلەر كىمدە قانداق گۇناھ بار،

ئارىلىقتا گۇۋاھلىقىقا خۇدا بار .

.................

ئۇماقىنىڭ ئازابلىق ئەسلىمىسىنى تۇردۇشىنىڭ سوئالى ئۈزۈۋەتتى .

— يەنە قانچىلىك ماڭىمىز ؟

— يەنە ئىككى كۈن ماڭساق ، يېڭى يۇرتچاپقانغا يېتىپ بارىمىز .

— مەن دىلپار ئەتراپىدىكى قۇملۇقنى يامان دېسەم ، بۇ تېخىمۇ يامان قۇملۇقكەن . بىر يېرىم كۈن مېڭىپمۇ بىرەر ئېقىن ، كۆل تۇگۇل سۇنىڭ قارىسىنىمۇ ، بىرەر تۇپ چاكاندا ، شىۋاقمۇ كۆرمىدىم . ئالدىمىزدىكى قۇملۇقمۇ شۇنداقمۇ ؟

— يېڭى يۇرتچاپقانغا يېرىم كۈنلۈك قالغۇچىلىك ئارىلىق مۇشۇنداق .

تۇردۇش «يا خۇدا !» دەۋەتتى .

چەپەر ۋاپات بولۇپ ئەتىسى ، بۇلار ئۇنى ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە سۇغا ئالدى ، كېپەنلەپ ، يەرلىكىدە قويدى . ئۇنىڭغا «ھەمراھ» بولۇپ ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن ، ئىگەمبەردى ، تېپىلدىلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقىنى ، ئويتوغراقتىن كېتىدىغان - كەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇماق ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئالدى .

— چەپەر بىزگە بەك ياخشى مۇئامىلىدە بولدى ، ئۇۋلاپ كەلگەن مال گۆشىنى ئالدى بىلەن بىزگە بەردى . ئۇ كۆڭلى تۈز ، قورسىقى كەڭ ئادەمكەن . ئۇ ئۆلۈپ كەتسە ، بىز قانداق قىلىمىز ، كېتەمدۇق ، كەتسەك ئۇنىڭ ماللىرى قانداق قىلىدۇ ؟ دېگەنلەرنى ئويلاشتۇق...

ئىگەمبەردىنىڭ گېپىگە ئۇلاپ ، تېپىلدى مۇنداق دېدى :

— كەلگەن يېرىمىزمۇ قۇملۇق ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر

پۇتالىق ئىدى . سۇيى قۇرۇپ كېتىپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولدۇق .
بۇ يەرگە كېلىپ قېلىپ تۇرۇپ قالدۇق . بۇ قۇملۇقتا بىزگە
مۇھىمى سۇ . سۇيى مۇقىم قۇدۇقى بار ئىكەن . چەپەرىسىزنى بەك
چوڭ بىلدى . ئۇنى كۈنچىققانبەگمۇ ، سىلەرمۇ چوڭ بىلىدىكەنسىز-
لەر . مۇشۇنداق ئادەمنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ ، قۇدۇقىنى قۇم
باستۇرۇپ ، قوي ، جەرەنلىرىنى تاشلاپ قويۇپ كەتسەك ، كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە كۈنچىققانبەگكە ، ھەرقايسىڭلارغا ئۇچراپ قالساق كۆ-
زىگە قانداق قارايمىز دېيىشىپ ، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالدىغان
بولدۇق ، — دېدى .

ئۇماق ئۇلارنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىنى ئويلىمىغانىدى ،
ئاڭلاپ خۇش بولدى .

— چەپەرنى قالاچ قاناقامۇ ، جاھانبەگمۇ چوڭ بىلەتتى . «ئوي-
توغراق» دېگەن ئىسمىنى قالاچ قاناقا قويۇپ بېرىپتىكەن . چەپەر-
نىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي تۇرىدىغانلا بولساڭلار ، بىز سىلەرنى
تاشلىۋەتمەيمىز ، يوقلاپ تۇرىمىز . قوي ، ئۆچكە ، جەرەنلەرنى بىر
ئاماللاپ ئەملەپ بېقىڭلار ، ساقىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس . ئۇ
ماللارنى كۈنچىققانبەگ ، تولەك بوۋىلار قانداق بىر ياق قىلىدۇ ،
شۇلارنىڭ ئاغزىغا قارايلى ، — دېدى ئۇ .

تۇردۇشنىڭ ماللاردىكى قوتۇر ، ماڭقا كېسىلىنى داۋالاشتىن
خەۋىرى بار ئىكەن ، ئىگەمبەردىلەرگە قانداق قىلىشنى دەپ بەردى .
ئۇماقلار ئويتوغراقتا ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن ، چەپەرگە ئېلىپ
كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا قالدۇرۇپ قويۇپ ، تۇ-
لۇملارغا ئۈچ كۈنگە ئازادە يەتكۈدەك سۇ قاچىلىۋېلىپ يۈرۈپ
كەتتى .

چەكسىز چۆل ، قۇم جىم - جىم ماڭغانلارغا بەكمۇ زېرىكەر-
لىك ، زېرىككەنسېرى قۇملۇق تۈگىمەي ، بەلكى ئۇزىراۋاتقاندەك
تۇيۇلۇپ ، ئادەمنى تېخىمۇ بىزار قىلىۋېتىدۇ . تۇردۇش ئىككى
يىلدىن بويان ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغان بىلەن ئۇستا قوشاقچى ھەم
پاراڭچى ئىكەن . قوشاقتىن توختىسا پاراڭ قىلىپ ، ئىككى كۈن-

لۈك سەپەر جەريانىدا ئۇماق بىلەن تۆمۈرنى زېرىكتۈرمىدى .
— مۇنداق دېگىنە ، ئىككى يىلدىن بېرى قوشاق ئېيتماي
قانداق چىدىغانسەن ، — دېدى ئۇماق .
— دېمىسەڭمۇ دىمىقىپ يۈردۈم . سېنىڭ ، — دېدى تۆردۈش
ئۇماققا قاراپ ، — تالىشقۇلنى قوشاق بىلەن بەرەتالا[1] قىلىۋەتكى-
نىڭنى ، ئايقۇتنىڭمۇ يىتۈك قوشاقچىلىقىنى ئاڭلىدىم . كېلىنىڭ
ئايسۇلۇ يىگىتلەرنىڭ ئاغزىنى قانداق ھىملىۋەتكىنىنى كۆرگەن
تۇرسام ، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا «مەن قوشاقچى» دەپ ئوتتۇرىغا
چىقامتىم . ماۋۇ دېگەن قۇملۇق ، زېرىكىپ قالمايلى دەپ ئېيتىپ
قويدۇم شۇ .

ئۇلار سەپەرنىڭ ئاخىرقى كېچىسىنى قۇم ئارىلاش سىغىزلىق
ئېگىز بىر يارداڭ ئاستىدا ئۆتكۈزدى . كېچە جىم ئۆتۈپ ، تاڭغا
يېقىن شامال چىقىپ ئۇلارنى خېلى ئاۋارە قىلدى . شامال توختىغۇ-
چە يارداڭ تۈۋىدىن چىقماي تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى . ھېلىمۇ شامال
ياندىن كەلگەچكە ، كەلكۈن ئاققاندەك ئۆتۈپ كەتتى . ئالدى ياكى
ئارقا تەرەپتىن كەلگەن بولسا ، يارداڭ پاناھ بولالمايتتى ، بەلكى
شامال ئۇلارنى قۇمدا كۆمۈۋېتەتتى .

قۇملۇقتا 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا كېچە ئادەمنىڭ
غولىنى قورۇغۇدەك سالقىنلىشىپ كېتىدۇ . چۈشكىچىلىك چىققان
شامال ئۇماقلارنى مانا كېچىگە قويدى ، بولمىسا ئۇلار بۇ چاغدا يېڭى
يۇرتچاپقاندا شېرىن ئۇيقۇدا بولاتتى . تۈن تەڭگە يېقىنلاشتى ، ئۇ-
ماقلار تېخىچە يولدا . يول يەنە قانچىلىك قالدى ، بىلگىلى بولمايت-
تى . يا يەردە بەلگە يوق ، يا ئاسماندا . ئالدىنقى ئاخشام ئويتوغراق
ئاسمىنىدا كۆرۈنگەن ئاي ، يۇلتۇزلار بىلەن بۇ كېچىدىكى ئاي ،
يۇلتۇزلار ئوخشاش ئورۇندا ، ئوخشاش ھالەتتە چاقناپ تۇرماقتا .
ئۇ دوقمۇش ، بۇ دۆڭ دەپ پەرق ئېتىدىغان يولمۇ يوق . بۇنداق
قۇملۇقتا ئەتىگەنكى ئىز چۈشتە يوق ، چۈشتىكى ئىز كەچتە يوق .
كۈندۈز بولسىغۇ بەزى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ،

[1] بەرەتالا — تىتماتىت ، جۇلۇقىنى چىقىرىۋېتىش ؛ كېرەكسىز .

شەكلىگە قاراپ يۆنىلىشىنى ، ئارىلىقىنى پەرق ئەتسە ، لېكىن كېچە-
نىڭ كۆزى يوق دېگەن مۇشۇ . ئاي شولىسىدا بەزى يەر يورۇق ،
بەزى يەر قارىيىپ كۆرۈنەتتى .

— تۆرەپ قاپتۇق . بايا مۇشۇ ئېگىز قۇم دۆۋىسى يېنىدىن ئۆتكەندەك قىلىمىز . مېڭىپ - مېڭىپ يەنە مۇشۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇق ، — دېدى تۇردۇش ئەتراپقا گاڭگىراپ قالغاندەك قاراپ .

ئۇماق ئۇيتوغراق بىلەن يېڭى يۇرتچاپقان ئوتتۇرىسىدا بىرنەچ-
چە قېتىم ماڭغان بولسىمۇ ، كېچىسى مېڭىپ باقمىغانىدى . شۇڭا
تۇردۇشنىڭ گېپىگە بىر نەرسە دېيەلمەي ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى
تۆمۈرگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، قۇم دۆۋىسىگە پىيادە چىقىپ كەتتى .

— يېڭى يۇرتچاپقانغا كېپتۇق ، ئاي يورۇقىدا ئېنىق كۆرۈنۈ-
ۋاتىدۇ ، — دېدى ئۇماق قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ ئالدى
تەرەپكە قاراپ .

— ئاخشام كۆرگەن قۇم دۆۋىسى بىلەن بۇ قۇم دۆۋىسى ئەجەب
ئوخشايدىكەنە ، — دېدى تۇردۇش ، ئۇماق قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈ-
ۋېتىپ مۇدۇرۇلۇپ كەتكەندە ، ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ .

— تۆرەپ قاپتۇق ، دېسەڭ بېشىمدىن تۇتۇن چىقىپ
كەتتى ، — دېدى ئۇماق ئېتىغا مىنىپ بولۇپ تۇردۇشقا قاراپ .

— شۇ تاپتا ، ئۇماق بىلەن تۆمۈرگە قارىغاندا تۇردۇش ئالدى-
راپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە بەگلەر يۇرتى بولغان
كونا - يېڭى ئابادلىنىمۇ ، يېڭى يۇرتچاپقانىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى .
ئۇلار مېڭىشنى تېزلەتتى .

## 4

ئۇماقلار بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ،
ئۆيلەرنىڭ شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر
مەھەللىگە كەلدى . ئۇ مەھەللىمۇ ، بۇ مەھەللىمۇ شۇ قەدەر جىم-
جىت ئىدىكى ، تىرىك جاننىڭ ھەممىسىگە بىھوشلۇق دورىسى ئى-

چۈرۈۋېتىلگەندەك، ئويغاقلىقتىن شەپە يوق ئىدى.

— بۇ قايسى مەھەللە؟

— قالۇچىلار مەھەللىسى.

ئوماق تۇردۇشنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىۋېتىپ، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆي ئالدىغا كېلىپ توختاپ ئاتتىن چۈشتى.

— بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟

ئوماق جاۋاب بەرگـۈچە تۆمـۈر ئاتـتىن چۈشۈۋېتىپ جاۋاب بەردى:

— تۇلەك بوۋامنىڭ ئۆيى.

ئىشىكنى چەككۈچە «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ ئۆيدىن تۇلەك بوۋا چىقتى.

— گوي - گوي، ئوماقمۇ سەن، بۇ كېچىدە نەدىن كېلىۋاتىدىلەر؟ قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار.

ئوماقلار كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇۋېتىپ ئۆيگە كىردى. قۇرۇتۇپ سوقۇلغان توغراق پورى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان، كۆيدۈرۈلگەن بېلىق يېغى مەلھىمى قۇيۇلغان جىنچىراغ ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

— نېمە دېدىڭ!؟ چەپەر ئۆلۈپ كەتتىما؟!

ئوماق سۆزىگە چىقىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چەپەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى جەريانلارنى تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى. تۇلەك بوۋا قۇلىقىغا — ئاڭلىغىنىغا ئىشەنمىگەندەك ئوماقتىن قايتا بىر سورىدى. ئۇنىڭ بولۇت قاپلاپ تۇتۇلۇپ كەتكەن ئاسمان يۈزىدەك تۇس ئالغان چىرايى جىنچىراغنىڭ خىرە يورۇقىدا تېخىمۇ تۇتۇق كۆرۈنەتتى.

تۇردۇش چەپەرنىڭ ئۆلۈمىنىڭ بۇ بوۋايغا قانچىلىك ئېغىر تۇيۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندىلا، ئادەملەردىن ئايرىلىپ ئايرىم ياشاش قىسمىتىنى تاللىۋالغان چەپەرگە بۇ يەردىكى ئەر - ئايال ھەممىسىنىڭ ئىچ ئاغرىتىدىغانلىقىنى، ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، كۆيۈنىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

بۇ ئادەملەردىن سۆيۈنۈپ كەتتى ھەم بۇ ئادەملەرنىڭ بىرى بولغان
ئوماقلار ئائىلىسىنى پاناھ تارتىپ بىرىپ قالغىنىغمۇ ئۆزىدىن
ئۆزى رازى بولدى .
ئەتىسى ئەتىگەندە تۆلەك بوۋىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچى ، ئۆيىنىڭ
ئالدى ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتتى . تۆلەك بوۋا تاڭ سەھەردە
ھەكىم بىلەن گۆھەرنى تېگىشلىك ئادەملەرگە خەۋەر قىلىشىۋېتىشنى
تاپىلاپ ماڭدۇرۇۋەتكەنىدى . كىشىلەر تايۇق ، ئۇلامخان ، توختى-
كۆل ، ئوجولخان ، بۇللا ، ئالتۇن ۋە تالىشقول ھەم يەنە بىرقانچەيى-
لەنىڭ ئەتىگەندىلا تۆلەك بوۋىنىڭ ئۆيى ئەتراپىغا ئالدىراپ كېتىش-
ۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، كۆڭۈللىرىگە بىر يامان خىيال كېچىپ ، ئۇ-
لارنىڭ ئارقىسىدىن تۆلەك بوۋىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئېقىشتى . بۇلار-
نىڭ ئارىسىدا كۆنچىققانبەگنىڭ خوتۇنى ئاقئۇلام ، جاھانبەگنىڭ
خوتۇنى كۈندەملەرمۇ بار ئىدى . ئۇلار كېلىپ تۆلەك بوۋىنىڭ
ساق - سالامەت تۇرغىنىنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى جايىغا چۈشكەن
بولسىمۇ ، چەپەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ ، ئىچ ئاغرىقى تار-
تىشتى ، كۆڭلى يېرىم بولۇشتى . ئۇلامخان بىلەن ئوجولخان ئۆزد-
نى تۇتۇۋالالماي دەمدەردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىشتى...
تايۇق - ئۇلامخان ، توختىكۆل - ئوجولخان ، بۇللا - ئالتۇن
ۋە تالىشقوللار تۆلەك بوۋىنىڭ ئۆيىدە ئەتىگەنلىك غىزانى بىللە
يېيىشتى . ئابلاق چوڭ دادىسى ئوماقنىڭ قوچىقىدا ئولتۇرۇۋالغان-
دى . تالىشقول ئوماق بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋېتىپ ، ئارىلاپ
ئابلاقنى ئەركىلىتىپ قوياتتى . تۇردۇش باشقىلارنىڭ ئۇنى تالىش-
قول دەپ ئاتىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، يېنىدا ئولتۇرغان تۇمۇردىن ئاغ-
زىنى يېقىن ئەكىلىپ سورىدى :
— ئاتاڭ بىلەن قوشاق ئېيتىشقان تالىشقول شۇمۇ ، يا بۇ
باشقا تالىشقولمۇ ؟
— مۇشۇ تالىشقول شۇ .
تۇردۇش تالىشقول توغرىسىدا جىق گەپ ئاڭلىغان . باشقا
قەبىلە كىشىلىرى بىلەن قوشاق ئېيتىشقا چۈشسە ئاغزىغا تىل -

ئاھانەت ، ھاقارەت قىلىشتىن باشقىسى كەلمەيدىغان يولسىز ، جېدەلخور ئادەمنىڭ ئۆزىنى يېڭىۋالغان ئادەمگە بۇ دەرىجىدە قىزغىن ، مۇلايىم مۇئامىلىدە بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . «ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەن گەپ ئېغىزدىن ناھايىتى يەڭگىل چىقىدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ سالمىقىنى ، قىممىتىنى تارازىغا سالسا ، ئالەمنىڭ يېرىمىنى بېسىپ كېتىدۇ . شۇ چاغدا ئوماقنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى تاشنى ئېرىتىدىغان ئېسىل سۆزلەر بولغاچقا ، تالىشقۇلدەك بۇ «مۇز»نى ئېرىتىۋەتكەنىدى .

غىزادىن كېيىن ئوماقنىڭ پىكرى بويىچە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قالاچ قاناقانىڭ تۈپرىقىغا باردى . تولەك بوۋا ئۆگىنىۋالغان ئايەتنى ئوقۇدى ، قالغانلار چوڭقۇر سوكۇتكە چۆكۈپ ئولتۇرۇشتى . قاناقانىڭ تۇپرىقىدىن قوپۇپ ، جاھانبەگنىڭ تۇپراق بېشىغا باردى .

— قالاچ قاناقانىڭ تۇپرىقى بېشىدىكى ئاۋۇ يوغان توغراق كۆتىكىنى قاناقانى يەرلىككە قويىدىغان كۈنى چەپەر ئويتوغراقتىن تۆگىگە سۆرىتىپ ئەكېپتۇ ، — دېدى ئوماق ، تۇپراق بېشىدىن يېنىپ كېلىۋېتىپ تۇردۇشقا .

— چەپەرغۇ ئۆلۈپ يەرلىكىدە ياتتى . ئۇنىڭ قوي ، ئۆچكە ، جەرەنلىرى قالدى . ئىگەمبەردى بىلەن تېپىلدى : «بىز چەپەرنىڭ ماللىرىغا قاراپ ئويتوغراقتا قالىمىز» دېيىشتى . شۇنداق بولسىمۇ ، بىز بۇنىڭ بىر يولىنى قىلساق ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىدىغىنىڭلارنى كۇنچىققانبەگ ، تولەك بوۋىلار بىلەن كېڭىشىپ بىرنېمە دەيلى ، دەپ قويۇپ كەلدۇق ، — دېدى ئوماق ، تولەك بوۋىنىڭ ئۆيىدە تايۇق ، توختىكۆللەر قالغاندىن كېيىن .

— كۇنچىققانبەگ تاغقا كەتتى ، ئۇنى ساقلىساق بىر ئايدا ئاران كېلەلەيدۇ ، — دېدى تولەك بوۋا بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ ، — بۇ بەك چوڭ ئىشمۇ ئەمەس ، ئەمما ھەل قىلىپ قويمىساق بولمىغۇدەك . ئۇ ئىككىسىنى ئويتوغراقتا تۇرۇپ قالسىكەن دەيدىكەنمىز ، مېنىڭچە ، قويلارنى ئۇ ئىككىسىگە بۆلۈپ بېرىۋېتەيلى ، بىرلىشىپ باشقۇرامدۇ ، ئايرىم باشقۇرامدۇ ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى بول-

سۇن . جەرەنلەر ئويتوغراقتا تەۋە بولسۇن ، ئۇلار ئىگىدارچىلىق قىلىپ قاراپ قويسىلا بولىدۇ . باشقا يەردىن كېلىدىغانلار بولسا ، تېخى ياخشى . سۇ بولغاندىكىن ، كېلىدىغانلار چىقىدۇ ، قوي ئىشىنى شۇنداق قىلساق ، سىلەر قانداق دەيسىلەركىن .

— بۇ ياخشى گەپ بولدى ، — دېدى تايۇق ، — ئۇلار ئۆزىنى قويلىرىنى دەپ بولسىمۇ ئويتوغراقتىن كەتمەيدۇ ، جەرەنلەرمۇ تېزىپ كەتمەيدۇ .

چەپەرنىڭ قوي ، جەرەنلىرىنىڭ ئىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ ئەنە شۇنداق ھەل قىلىندى . ئۇنىڭ تۇپرىقىغا ھەمراھ بولۇپ ، چىرىغىنى ياندۇرۇپ تۇرىدىغان ئادەم بار بولىدىغان بولدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھى خۇش بولۇۋاتاندۇ . ئۆلۈپ كەتكەن ياخشى ئادەملەرنىڭ روھىنى خۇش قىلىپ خاتىرجەم قىلىش ھايات ئادەملەرنىڭ ئىشى ، ئەلۋەتتە .

ئوماق تولەك بوۋا ۋە تايوقنىڭ ئالدىغا يېڭى بىر مەسىلىنى قويۇپ قالدى .

— ھە ، ئۇلارنىڭ كەلگىنىدىن خەۋىرىمىز بار . كۈنچىققانبەگ كېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن كېپتۇ . ئۇلار ھازىرمۇ قارا بوران ، قارا قوشۇن كۆللىرى ئەتراپىغا چېدىر تىكىپ تۇرۇۋېتىپتۇ . ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتانلىقى ، يەنە نېمە قىلماقچىلىقى توغرۇلۇق كونا ئابدالدا قېپقالغان تاشتالى ئىككى قېتىم كېلىپ دەپ قويۇپ كەتتى . بۇ يەردىن توختىكۆل ، بەردىقۇل ئاقساقاللارنى ئۇلارنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى سەزدۇرمەي بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتۇق . بۇلار بېلىق تۇتقان بولۇپ ، ئۇلارغا چىۋىنكۆلدىن قاراقوشۇن كۆلىگىچە ئەگىشىپ بېرىپ كەلدى . ئۇلار بۇ يەرگە كەلگۈچە تارىم ، كۈنچى دەريالىرىنى ئۆلچەپتىكەن ، ئەمدى كۆللىرىمىزنى ئۆلچىمەكچىكەن . ئۇلارنىڭ بىزنىڭ تارىم ، كۈنچى دەريالىرىمىزدەك دەريالىرى ، چىۋىنكۆل ، قارابوران ، قاراقوشۇن ، تاتما ، لوپ كۆلىمىزدەك كۆللىرى يوق ئوخشايدۇ . دەريا ، كۆللىرىمىزنى ئېلىپ كەتمىگەندىكىن ئۆلچىسە ئۆلچىمەمدۇ . شۇڭا ئۇلار بىلەن كارىمىز

بولمىدى . بۇنىڭغا يۇرت ئاتىسىنىڭ گېپى بولسا ، ئۆزى كەلگەندە بىرنېمە دەر . ئۇلار بۇ يەردە قىشلاپ قالىدىغان ئوخشايدۇ ، — دېدى تۇلەك بوۋا .

— ئۇلار دەريا ، كۆللىرىمىزنى تەكشۈرۈپ ـ ئۆلچىگەندىن باشقا يەنە بىرەر نەرسە ئىزدىمەمدىكەن ؟ — ئوماق كوچىلاپ سورىدى .

— ياۋايى هايۋانلارنى ، ئۇچار قۇشلارنى ئوۋلايدىكەن ، لېكىن بۇلاردىن باشقا بىرەر نەرسە ئىزدەيدىغاندەك قىلمايدۇ ، — دېدى توختىكۆل .

«راست ، — دېدى ئوماق ئىچىدە ، — تۇلەك بوۋا ئېيتقاندەك ئۇلارنىڭ يۇرتىدا بىزنىڭكىدەك دەريا ، كۆللەر يوق ئوخشايدۇ . سۈيىمىزنى ئېلىپ كەتمىگەندىكىن ، ئۆلچىسە ئۆلچىمەمدۇ» .

نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئوماقنىڭ كالللىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇنى ئويلاندۇرۇپ يۈرگەن بۇ ئىشمۇ ئۇنىڭ كالللىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى .

ئوماق يېڭى يۇرتچاپقانغا كەلمىگەنگە بىر يىلدىن ئارتۇق بولغانىدى ، تونۇش ـ بىلىش ، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭكىگە ، چاقىرغانلارنىڭكىگە پەتىلەش بىلەن بىر هەپتە ئۆتتى . تۇردۇشمۇ كۆپ تونۇش تېپىۋالدى . يىگىرمە بەش يىلنىڭ ئالدىدا تېمەنىۇ ئەتراپىدا ئېقىن يۆتكىلىش سەۋەبىدىن قۇرغاقچىلىق بولۇپ ، كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچۈشكە باشلىغانىدى . شۇ كۆچۈشتە تۇردۇشنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بېشى قايغاندەك پۇتالىقكۆل تەرەپكە كەتكەن . بىر جەمەت ئىچىدىكى قالغان ئىككى ئائىلىنىڭ بىرى سىڭىر تېغى تەرەپكە ، يەنە بىرى قارا قوشۇن كۆلى تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەنىدى . تۇردۇش سىڭىر تېغىغا بىرنەچچە قېتىم ئوۋغا بارغاندا ، تۇغقانلىرىنى كىشىلەردىن سوراشتە قىلىپ زادى خەۋىرىنى ئالالمىدى . قارا قوشۇن كۆلى تەرەپكە كېلىپ باقمىدى ، شۇڭا بۇ تەرەپكە كەتكەن تۇغقىنىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيتتى . مانا ئەمدى چوڭ تاغىسىنىڭ چوڭ ئوغلى ، نەۋرىلەرنىڭمۇ چوڭى ساتىۋالدى بەقەمنى تېپىۋالدى .

www.uyghurkitap.com

ئوماق : «بىزمۇ يەر تېرىپ باقايلى» دەپ چارىغا كۆچۈپ كەتكەندە، ساتىۋالدى بەقەم يانلار مەھەللىسىگە ئۇنىڭ ئورنىغا ئاقساقال بولغانىدى . ئىككى بىر نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلار ئوماقنىڭ قۇدىسى ئايۇقنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشۈپلا بىر ـ بىرىنى تونۇشتى ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

ئوماقنىڭ كەلگەنلىكى ، يىگىرمە بەش يىلدىن بۇيان كۆرۈشەلمىگەن نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ تېپىشقانلىقىدەك قوش خۇشاللىق يۈز بەرگەندىن ئۇجۇلخاننىڭ تەكلىپى بىلەن تۆت مەھەللە ئارا بىرلىشىپ قوشاق ئېيتىشىش ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى .

ئۇجۇلخان تەكلىپىنى دەپ بولۇپ ، نېمە دەرىكىن دەپ تۇلەك بوۋىغا قارىدى . سورۇندىكىلەرنىڭ تەكلىپكە قوشۇلغۇسى بولسىمۇ ، ئۇلارمۇ تۇلەك بوۋىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى . ھەممىسى بۇ بوۋاينى نېمە دەر ، چەپەرنىڭ كەتكىنىگە① ئىچ كۆيۈكى تارتىپ يۈرگەچكە ، بەلكى قوشۇلماس ، دەپ ئويلايتتى .

— چەپەرنىڭ كەتكىنىگە ئىككى ھەپتە بولۇپ قاپتۇ . كەتكەنلەرنى دەپ ھاياتلار ئۆلۈكتەك ئۆتسەكمۇ بولماس . قوشاقنىمۇ ئاڭلاپ تۇرايلى ، — دېدى تۇلەك بوۋا .

ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .

مۇشۇ پاراڭ بولۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن تۆت مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى ئوچۇقچىلىق قوملۇقتا قوشاق ئېيتىشىش بولدى . يېڭى يۇرت قۇرۇلۇشى شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن قوشاق ئېيتىشىشتىمۇ ئوخشاش ، بۇ قېتىمدىمۇ ھېچكىمنى قوشاق ئېيتىشىشقا چاقىرمىدى . قوشاق ئېيتىشنى خالايدىغانلار ئۆزلىرى چىقىپ ئېيتتى . ئېيتىشىش بەك قىزغىن بولدى . بۇ قېتىممۇ تالىشقۇل باشلاپ بەردى . تۇردۇشمۇ نەۋرە ئاكىسى بىلەن تېپىشقانلىق خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ قوشاق ئېيتتى . ئەڭ ئاخىرىدا ئۇجۇلجان ئېيتتى . ئۇنىڭ قوشىقى چەپەرگىلا بېغىشلانغان بولۇپ ، بەك تە-

---

① لوپلۇقلار : «ئۆلدى ، ئۆلگەن» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ، «كەتتى ، كەتكەن ، كېتىپتۇ» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ .

سىرلىك بولدى . ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئىچىدە مۇنداق بىر كۇپلېت بار :

كۆكۆل ـ باغرىڭ يۇمشاق ئىدى سۆيۇملۇك ،
ئادەم تۇگۇل هايۋانغىمۇ كۆيۇملۇك .
ئۆمرۇڭ ئەجەب يالغۇز ئۆتتى بويلۇقتا[1] ،
روهىڭ يالغۇز ئەمەس ، ئۆتەر كۇتۇملۇك[2] .

قوشاق ئېيتىشىش بولغانىنىڭ ئۈچىنچى كۇنى ئوماقلار يولغا چىقىدىغان بولدى . تۇردۇش نەۋرە ئاكىسىنى «ئوماقنىڭ تاختىسى»غا بېرىشقا تەكلىپ قىلدى . ساتىۋالدى بەقەم چوقۇم بارىدىغان بولدى . ئوماقلار ئويتوغراق ئارقىلىق ماڭىدىغان بولغاچقا ، ئىگەمبەردى ، تاپىلدىلارغا چەپەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ، ئۇنى لوپلۇقلارنىڭ چوڭ بىلىدىغانلىقىنى ، تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ قويۇش ئۇچۇن تايۇق ـ ئۇلامخان ، توختىكۆل ـ ئۇجۇلخان ، كۇنچىققانبەگنىڭ خوتۇنى ئاقئۇلاملار ئويتوغراققا بېرىپ كەلگىلى ئوماقلار بىلەن بىللە ئاتلىنىپ كەتتى .

## 5

پۇتالىقكۆل بىلەن قاقشاللىق ئارىسى ئارىلاپ سېغىزلىق يارداڭلىق قۇملۇق . تارىم دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى غول تارمىقىنىڭ كونا ئېقىن قىنى . ئىلگىرى بۇ ئېقىننىڭ ئاخىرى كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ لوپ كۆلگە قۇيۇلاتتى . ئېقىن ئېقىش يولىنى تۆۋەنگە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن ، بۇ ئېقىن ۋادىسىدىكى يېشىللىق يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ هاياتىيلىقىنى يوقىتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى چۆللىنىش باستى . دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كىشىلەر تىرىكچى-

---

[1] بويلۇق ـــ بوي ـ بويتاق ، بويلۇقتا ـــ بويتاقلىقتا .
[2] كۇتۇملۇك ـ كۇتۇلىدىغان ، يوقلىنىدىغان دېگەن مەنىلەردە .

لىك مەنبەسى بولغان ماددىي نېمەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ھاياتلىق يولى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە كۆچۈپ كېتىپ، يۇقىرىسى شىڭدى، سىڭىر تاغلىرىغىچە، غەربتە دىلپارغىچە بولغان كەڭ دائىرە ئادەمسىز قالدى. قۇرۇق ئېقىن بەزىلەرنىڭ ئاغزىدا قۇمدەريا دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولدى.

بىردىن ئۈچ ئات مىنگەن، ئىككى ئاتنى يېتىلىۋالغان ئۈچ كىشى، شىمال قىبشى پەس يارداڭلىق قۇمدەريانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتمەكتە ئىدى. بۇلار ئوماق، تۇردۇش، تۆمۈر.

ئوماقلار ئويتوغراقتا ئىككى كۈن تۇرۇپ تايۇقلار بىلەن خوشلىشىپ ئۇدۇل مېڭىپ ئۆز مەھەللىسىگە قايتىپ كەلدى. چەپەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى ئايقۇتقا بەك ئېغىر كەلدى، قاتتىق ئىچ ئاغرىقى تارتىپ، ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچە ئۆزىنى تىڭشاپ جىملىشىپ كەتتى، قولى ئىشقا بارمايدىغان بولۇپ قالدى. ئايقۇت ئوماق بىلەن بىللە چەپەرنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان بولغاچقا، كۆڭلى يۇمشاق ئايقۇت شۇ چاغدىن باشلاپلا ئۇنى ئەڭشەلمىگەن، كۆزى يوق بۇ ئالەمدىكى تەلىيى تەتۈر كېلىپ قالغان ئەڭ بەختسىز ئادەم، دەپ بەك ئىچ ئاغرىتىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— قانداق قىلىمىز، ئۇنى بەختلىك قىلىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمىدى ھەم كەلمەيدۇ. قانداق بولمىسۇن ئۇنىڭ ئاگايىنى كۈندە كۆرۈپ، يوقلاپ تۇرىدىغان ئادەم بار بولدى، — ئوماق خوتۇنىغا تەسەللى بەرمەكتە ئىدى، — تۆلەك بوۋىنىڭ ئېيتقىنى توغرا، كەتكەنلەرنى دەپ ھاياتلار ئۆلۈكتەك ئۆتسەك بولمايدۇ. ھەممە ئۆي قىشلىق گۆشلىرىنى غەملەۋاتىدۇ. تۇردۇشنىڭ ئۆيى بىلەن بىزلا قالدۇق. تەييارلىق قىلىۋېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئوۋغا چىقىپ كېلەيلى دەۋاتىمىز.

— نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟

— شىڭدى تېغىغا، ئەھۋالغا قاراپ سۆگەتتاغقىمۇ بارارمىز.

— تۇردۇش بىلەن ئىككىڭلارلا بارامسىلەر يا باللاردىن بى-



www.uyghurkitap.com

ـرەرسىنى ئېلىۋالامسىلەر؟

— بۇ قېتىم پۇتالىقكۆل، قۇمدەريا، قاقشاللىقتىن ئۆتىمىز. تۆمۈر ئۇ جايلارنى كۆرۈپ باقمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ جايلارنىمۇ كۆرۈۋېلىشى، ئۇۋچىلىققا كۆزنى پىشۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن بۇ قېتىم ئۇنى ياندىۋالايمىكىن دەيمەن.

— ياخشى ئويلاپسەن، ھە، راست، تۆمۈرگە قوشتۇلۇقلۇققا تۇردۇشلارنىڭ قىزى ئايبەختەمنى مۇرۇللۇغلاپ قويساق دەيمەن. تۆمۈرگە قوشتۇلۇق تاپماي تۇرۇپ ئۆردەك ئۈچۈن يول ماڭغىلى بولمايدۇ.

ئوماق بىلەن ئايقۇت چارىدىكى چېغىدىلا ئەزىمباقىنىڭ قىزى دۆلەتخاننى ئۆردەككە نىشانلاپ قويغانىدى، پەقەت تۆمۈرگە نىشانلىـ غۇدەك قىز بولمىغاچقىلا، ئۇنىڭ يولىنى قىلالماي تۇرغانىدى. بۇ يىل ئەتىيازدا تۇردۇش ئانىسى بىلەن قىزىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايبەختەمنى تۆمۈرگە قوشتۇلۇق قىلىپ قويساق بولغۇ- دەك دېيىشكەنىدى.

— بولىدۇ، — دېدى ئوماق، — بىز ئۇۋدىن كەلگەندىن كېيىنلا بۇنى ئۆزۈڭ قىلىۋەر.

ئوماق بىلەن ئايقۇتنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى توغرۇلۇق غەم يەپ يۈقىرىقى پاراڭلارنى قىلغىنىدىن تۆمۈرنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ تۇردۇش بىلەن ئادەتتىكى تونۇش كىشىلەردەك گەپلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— تۇردۇش ئاغا، سىز ئوقياغا قانداق؟ باشقىلار سىزنى مىلتىقنى ئوبدان ئاتىدۇ دەيدۇ، راستمۇ؟ ئاتام بىلەن ئوقيا ئېتىـ شىپ باقامسىز؟

— ئاتاڭدەك چوڭ ياشتىكى ئادەمگىمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلامـ سەن، بولدى، تىلىڭنى يىغ، — دېدى ئوماق، تۆمۈرنىڭ تۇردۇشقا بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلىپ.

قۇمدەريانىڭ ئىچى ھەقىقەتەن قۇملۇق ئىدى.

— تارىمنىڭ مۇشۇنداق چوڭ ئېقىنىنىڭ قۇم دەريا بولۇپ

قالغىنىغا ھەيرانمەن، — دېدى تۇردۇش دەريا قىنىنىڭ ئوتتۇرد-
سىغا كەلگەندە.
— يات ئەلدىن كەلگەن ھېلىقى سېرىق چاچلىقلار سۈيى بار
دەريا بىلەن كۆللەرنىغۇ تەكشۈرەيدىكەن، مۇشۇنداق قۇرۇق دەريا-
نىمۇ تەكشۈرەمدىغاندۇ؟
— دىلپارلىقلاردىن ئاڭلىشىمچە، — دېدى تۇردۇش، —
مۇشۇ قۇمدەريانىمۇ تەكشۈرگەن ئوخشايدۇ.
— تارىم، كۆنچى دەرياسىنىڭغۇ سۈيىنى تەكشۈرگەندۇ، بۇ
قۇرۇق ئېقىنىنىڭ قۇمىنى نېمىگە تەكشۈرۈپ يۈرگەندۇ، قىزىق،
ئەخمەقتەكلا خەقلەركىنە، — دېدى ئوماق.
ئۇلار كەچكە يېقىن قاقشاللىقتا يېتىپ كەلدى. ئوماق چارىدد-
كى چېغىدا كۆنچىققانىبەگ، تايۇقلار بىلەن تاغقا ئوۋغا چىقىپ،
قايتقاندا مۇشۇ قاقشاللىقتا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا كۆن تېخى
بالدۇر بولغاچقا، كۆزلەككە ئۆتۈپ كەتكەن. شۇ چاغدا ئۇ قاقشال-
لىقنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ چاسا شەكلىدە ئېگىز دۆڭ بىلەن توسۇلۇپ
تۇرغىنىغا ھەيران قېلىپ، توپىنى كولاپ باققانىدى. سېغىزلىق
قاتتىق توپا ئاستىدا بىر - بىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەندەك بولۇپ
قالغان كېسەكلەرنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولغانىدى. بۇ ئادەم-
سىز چۆللۈككە قاچان، نەدىن كېلىپ قالغان كېسەكلەردۇ بۇ،
چوڭقۇرلۇقچۇ تېخى، ئوماق شۇنداق ئويلاپ قالغانىدى. بۈگۈن مۇشۇ
يەردە قونىدىغان بولغاچقا، ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆرمەكچى بولدى.
مۇۋاپىق بىر يەرنى تاللاپ يۈكلەرنى چۈشۈردى. ئوماق بىلەن
تۇردۇش زاپاس ئېلىۋالغان ئاتلارغا مىنىپ، ئوق ئوۋلىغاچ ئەتراپىنى
كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ تاغ تەرەپتىكى تۆپىلىككە يۈرۈپ كەتتى.
تۆمۈر قالغان ئاتلارنى ئوتقا قويۇپ بېرىپ، نەرسىلەرگە قاراپ
قالدى.

ئوماق، تۇردۇش ئۈچ چاقىرىمچە مېڭىپ بىر ئېدىرلىققا چە-
قىپ قالدى. ئېدىرلىق ئۈستىدىكى كىچىك دائىرىدىكى بىر تەكشى-
لىكتە يەردىن ئۆزۈن - قىسقا چىقىپ تۇرغان، قالايمىقان چېچە-

لىپ ياتقان ، چىتىقلىق - چىتىقسىز ، چاسلانغان - چاسلانمى-غان ، ئاپتاپتا قاغجىراپ چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن نۇرغۇن ياغاچلارنى كۆردى . ئاتتىن چۈشۈپ ياغاچلارنى ئارىلاپ مېڭىپ كېتىۋېتىپ ، ئېچىلىپ قالغان گۆرلەرنى ، ئۆلۈكلەرنىڭ باش ياكى پۇت سۆڭەكلىرىنىمۇ كۆردى . بەزى يەرلىكنىڭ ئەتراپىغا بىر نۇق-تىنى ئايلاندۇرۇپ توققۇز قۇر ، بەزىسىگە يەتتە قۇر باش بارماق چوڭلۇقتىكى يۇلغۇن قوزۇقلار قېقىلغانىدى . بۇنىڭغا ئۇلار تېخىمۇ ھەيران قالدى .

— بۇ قايسى زاماندىكى ماقاتلىقتۇ؟ بۇ ئۆلۈكلەرنى بۇ يەرگە نەدىن ئەكېلىپ كۆمگەندۇ؟ — دېدى ئوماق .

— بۇ ئەتراپتا ، — دېدى تۇردۇش خېلى يىراقلارغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ ، — يۇلغۇن ، قاقشالدىن باشقا چوڭ دەرەخ كۆرۈنمەيدۇ . مۇنچىۋالا نۇرغۇن ياغاچلار نەدىن كېلىپ قالغاندۇ ، بۇلارنى بۇ يەرگە كىملەر كۆمۈپ قويغاندۇ ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەي-دىغان ئىشلارغۇ بۇ .

مۇشۇ چاغدا ئوماقنىڭ ئېسىگە قالاچ قاناقا ئاغزىدىن چۈشۈر-مەيدىغان ، ئاغزىغا ئالسىلا خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغان ئەجداد ، ئەجدادلار ئىزى توغرىسىدىكى سۆزلەر كېلىپ ، قۇلىقىدا ئەكس سادا بەرگەندەك بولدى .

— قالاچ قاناقا دائىم ئەجدادلار ، ئەجدادلار ئىزلىرى توغرىسى-دىلا سۆزلەيتتى . «يىراق ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىزىنىڭ نەدىلى-كىنى بىلمەيمىز ، بەلكى بىز دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ قۇملۇقنىڭ ئاستىدىدۇ . ئۇ ئىزلارنى بىز تاپالمىساق ، تاپىدىغانلار چىقىدۇ» دەيدىغان . چەپەرمۇ بىر قېتىم بىر ئاتىسىنىڭ ئاگايىنى يوقلىغىلى بېرىپ ئېزىپ قېلىپ ، بىر يارداڭلىقنىڭ ئۈستىدە چوڭ بىر ماقات-لىقنى ، مۇشۇ يەردىكىگە ئوخشاش يەردىن چىقىپ قالغان ، چېچى-لىپ تۇرغان ھەر خىل شەكىلدىكى نۇرغۇن ياغاچنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان . مېنى باشلاپ بارماقچىمۇ بولغانىدى . مېنىڭ ۋاقتىم توغرا كەلمەي بارالماي قالدىم . ئۇ يارداڭلىقنى كۆنچىققانبەگ ياش

ۋاقتىدا ئاتىسى بىلەن بىللە ئوۋغا كېتىۋېتىپ كۆرۈۋېتىكەن، — دېدى، ئەمما قاناقانىڭ: «ئۇ ئىزلارنى سېنىڭ بالىلىرىڭ چوقۇم تاپىدۇ» دېگىنىنى ئېيتمىدى.

— قاناقا بۇ نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىدىكەندۇق-ھە، — دېدى تۇردۇشمۇ ھەيران قىلىپ.

— ئۆزى بىلمەيدىكەندۇق، — دېدى ئوماق، — قالاچ دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇزاق ئۆتمۈش زاماندا ئۆتكەن بىرىنچى چوڭ بوۋىسى چۈشىدە ئايان بولۇپ سۆزلەپ بېرىپتىكەن، قالۇچىلار شۇ قاناقا بوۋىسىنىڭ پۇشتىلىرى ئىكەن...

تۇردۇش مۇشۇ ئۆمرىگىچە كۆرۈپ باقمىغان، بۈگۈن كۆرگەن ماقاتلىقا، ئوماقنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئاجايىپ گەپلەرگە ھەيران قالماقتا ئىدى. ئاسمان سۈزۈك، كېچە يورۇق ئىدى. كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئوماق بىلەن تۇردۇشنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس. ھەر ئىككىسى ئۆز ھېسسىياتى بويىچە خىيال سۈرمەكتە.

چەپەر ئېيتقان ياراڭلىقتىكى ماقاتلىق، بۈگۈن ئېدىرلىقتا كۆرگەن ماقاتلىق، سانسىز ياغاچلار ئوماقنىڭ خىيال ئاسمىنىدا يۇلتۇزلاردەك چاقناپ، ئۇنى چوڭقۇر ئويلاندۇرماقتا ئىدى...

«بايىقى ماقاتلىق مەن ‹ئوماقنىڭ تاختىسى›غا بېرىشتىن بۇرۇن ياشىغان جايلاردىن ئانچە يىراقتا ئەمەسكەن، تاغقا ئوۋغا ماڭغاندا يېنىدىن نەچچە ئۆتكەن، ئەجەبا بۈگۈنگىچە كۆرمىگەنكەنمەن، باشقىلارنىڭ مۇنداق نەرسە كۆردۇم دېگىنىنىمۇ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ قانداق پەيدا بولۇپ قالغان ماقاتلىق؟ بۇرۇن زادى نېمىشقا كۆرمىدۇق، نېمىشقا ئەجداد، ئاتا - بوۋا، بوۋىلار ئىزى دېگەن نەرسىنى ئويلاپ قويمىدۇق؟ ھەممىمىز ئۆز ئۆيىمىزنىڭ تىرىكچىلىكى غېمىدىلا بولۇپ، ئەجەب بىر ئۆتۈپتىكەنمىز...» تۇردۇشنىڭ كاللىسىدا ھەر خىل خىيال ئىدى.

«ئەجەب ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئۆردەكنىمۇ ئېلىۋالماپتۇق، ئۇمۇ كۆرۈۋالغان بولسا بوپتىكەن. قايتقاندا مۇشۇنداق ماڭساققۇ

چوقۇم كۆرسىتىمەن، سۆگەتتاغقا كېتىپ قالساق باشقا يول بىلەن قايتىمىز. يەنە مۇنداق مېڭىشنىڭ قاچان نۆۋىتى كېلىدۇ، بوپتۇ، ئەتە بىر كۈن تۇرۇپ قاقشاللىقنى، ئېدىرلىق ئۇستىدىكى ماقاتلىقنى ئوبدان كۆرۈۋالايلى، ئۆردەك ۋە باشقىلارغا دەپ بەرسەكمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، — دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇماق ۋە يەنە، — تاغدا كۈنچىققانبەگ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان بولساق ياخشى بولاتتى» دېگەنلەرمۇ كۆڭلىگە كېچىپ، ئويلاپ - ئويلاپ ئۇخلاپ قالدى.

## 6

بۇ يىل تاغقا سالقىن بالدۇرلا چۈشتى. ئەتىگەن - ئاخشاملىرى قېلىن كىيىنمىسە ئەسلى، قېلىن كىيىنسە ھەرىكەت قىلماقنىڭ تەسلىكى، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، ئوت - چۆپلەر، چاتقاللارمۇ يىلدىكىدىن بالدۇر سارغىيىشقا باشلىغانىدى.

شىڭدى تېغىنىڭ جىلغا - جىرالىرى چوڭقۇر، قورقۇنچلۇق بولمىسىمۇ، جىقلىقى بىلەن مۇرەككەپ، ئۆمۈچۈك تورىدەك كىرىشىپ كەتكەن. بۇنداق مۇرەككەپ جىلغىلىق تاغدا ئوۋ ئوۋلىماق ئاسان ئەمەس. ئوۋ بىر قېتىملىق ئېتىشتىلا يىقىلسا ياخشى، ئوق ئەجەللىك يەرگە تەگمەي يارىلىنىپ قاچسا، قاچقان ياردار ئوۋنى قوغلاپ تۇتماقمۇ تەس. لېكىن، بۇ چاغدا ئوۋنى قوغلىغۇچىمۇ ھاسىراپ ھالىدىن كېتىپ، ئون جېنىنىڭ بىرى قالىدۇ، ئەمما ئوۋنىڭ كېلىگە پىچاق سۇرۇش بىلەنلا ئوۋچىنىڭ ھاردۇقى چىقىپ، تارتقان مۇشەققەتلىرى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلىدۇ.

— ئۇماق، بۇ تاغدا ئىلۋەسۇنلار ئازلاپ كەتتىمۇ ياكى باشقا جايغا كۆچۈپ كەتتىمۇ، ئالدىنقى يىللاردىكىدەك ئۇنداق توپ - توپى بىلەن يۈرۈيدىغان ماللار يوققۇ؟ — دېدى تۇردۇش، بىر قاپتالدىن چۈشۈۋېتىپ.

ئۇلار تاغقا كەلگەن بىر ھەپتىدىن بۇيان ئاران ئىككى تېكە،

بىر ئارقار ئۇۋلىيالىدى. بۇگۈن ئەتىگەندىن بېرى ئىككى قاپتالدىن ئاشتى، ئىككى جىلغىنى ئارىلىدى، كۈن چۈشتىن قايرىلدى، تېخىچە بىرەر مال ئۇچرىمىدى.

— ئازلاپ كەتتىمۇ، كۆچۈپ كەتتىمۇ...

— ئولتۇرۇۋېلىڭلار! — ئوماق گېپىنى تۈگەتكۈچە تۆمۈر تۇۋلىدى.

بۇلار قاپتالدىن چۈشۈۋاتقاندا تۆمۈر نېرىقى قاپتالدا ئىرغايلىق بۈكلۈك تۈۋىدە ئوتلاۋاتقان بىر توپ تاغ ئۆچكىلىرىنى كۆرۈپ قالغاندى.

ئوماق، تۇردۇشلار دەرھال ئولتۇردى. تۆمۈر قولى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ، ئوتلاپ يۈرگەن يەتتە - سەككىز تاغ ئۆچكىسىنى كۆردى.

ئوۋچىلار ئۈچۈن ئىلۋەسۇنلاردىن يۈزى ئۇچرىسىمۇ، بىرى ئۇچرىسىمۇ پەرقى چوڭ ئەمەس، بىر قېتىمدا بىرنىلا ئاتالايدۇ، قالغانلىرى قېچىپ كېتىدۇ. پەقەت ئۇۋلۇق مال كۆپ ئىكەن، دېگەن تونۇشقا ئىگە بولۇپ، شۇ ئەتراپتا سەۋرچانلىق، ئىشەنچ بىلەن ئايلىنىدۇ شۇ. ئوماقلار ئەتىگەندىن بويان پىيادە گاھ ئۆرە، گاھ ئېڭىشىپ، يۇقىرى - تۆۋەن مېڭىپ يۈرۈپ خېلىلا چارچىغاندى، بىرئاز ئولتۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋالماق بولدى. ئىككى قاپتالنىڭ ئارىلىقى ئوق يەتكۈدەك يىراقلىقتا بولسىمۇ، ئەڭ ياخشىسى جىلغىغا چۈشۈپ ئۆچكىلەرگە يېقىنلىشىش كېرەك. ئوماقلار ھاردۇقىنى ئېلىۋېلىپ مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا، ئۇلاردىن سەل نېرىدا يارىلانغان بىر تاغ تېكىسى پەستىن چىقىپ قالدى. ئوماقلارنى كۆرۈپ قېلىپ پەسكە ماڭماي، ياۋلىق جەھلى بىلەن تىرمىشىپ يۇقىرى ئۆرلىمەكچى بولدى، بىر پۇتىنى سۆرەپ يامىشىپ چىقىۋېتىپ ھالسىزلىقتىن دومىلاپ چۈشۈپ چوڭ بىر قورام تاشقا تاقىشىپ توختاپ قالدى. تاراق - تۇرۇقتىن نېرىقى قاپتالدىكى ئۆچكىلەر تاغقا ئۆرلەپ قېچىپ كۆزدىن يوقالدى. ئوماقلار تېكىنىڭ يېنىغا باردى. ئوق سول يانپىشىنى چىقىۋەتكەنىكەن. تېكە

چوڭ ھەم سېمىز ئىدى . بىچارە ئەتراپىدا تۇرغان ئادەملەرگە غە-
زەپ ، ئۆچمەنلىك بىلەن مۆلدۈرلەپ قارايتتى ، چوڭ - چوڭ تىنات-
تى . تېكىننىڭ جېنى ئاز قالغانىدى .

— قانداق قىلىمىز ؟ — تۇردۇش ئوماقتىن سورى-
دى ، — پىچاق سۇرۇۋەتمىسەك ھارام بولۇپ قالىدۇ .

— پىچاق سۇرۇۋېتەيلى ، بۇنى ئاتقان ئۇۋچى ئىز قوغلاپ
كېلىدۇ .

ئوماقنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا :

— مانا مەن كەلدىم ، — دەپ پەستىن مىلتىق كۆتۈرگەن
بىر كىشى چىقىپ كەلدى .

— ۋۇي ، تاھىر تاغقۇ بۇ ، سەن ئاتقانمىدىڭ بۇ تېكىنى ؟

— ۋۇي ، ئوماقمۇ سىز ؟ ! — تاھىر تاغ ئوماق بىلەن قىزغىن
كۆرۈشتى ، — سىلەر كۈنچىققانبەگ بىلەن بىللە كەلمىگەنما ؟

— كۈنچىققانبەگ كەلگەنمىدى ، ئۇ ھازىر نەدە ؟ — ئوماق
ئىتتىك سورىدى .

— بۇ تاغدا بەش كۈن تۇرۇپ سۆگەتتاغ تەرەپكە كەتتى .

— بەگ بىلەن كىملەر بىللە كېپتۇ ؟

— تېپىق دېگەن ئۇۋچىسى بىلەن ئاتمىشبۇلاقلىق يەنە ئىككى
ئادەم بار . بەگ سۆگەتتاغقا تېپىق بىلەنلا ماڭدى ، ھېلىقى ئىككىسى
ئاتمىشبۇلاققا قايتىپ كەتتى .

— ۋۇي ، نېمە ، ھېلىقى ئىككىسى نېمىشقا بەگ بىلەن بىللە
ماڭمىدى ؟

— ئۇلارنى بەگ ئۆزى قايتۇرۇۋەتتى .

— نېمىشقا ؟

— مېنى دەپ ئون نەچچە كۈن ئاۋارە بولدۇڭلار ، قىشلىق
گۆشۈڭلارنىمۇ تەييارلىمىدىڭلار ، ئوۋلىغاچ قايتىپ كېتىڭلار ، سۆ-
گەتتاغنىڭ يولىنى بىلىمەن . ئۇ يەردىن چارىغا چۈشۈپ كېتىمىز ،
قايتىپ كېتىڭلار ، — دەپ قايتۇرۇۋەتتى .

— كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى ؟

— ئۆچ كۈن بولدى .
— بەگ بەش كۈن ئوۋ ئوۋلىدىما ؟
— ھېچنېمە ئوۋلىمىدى .
— نېمە ؟ ئوۋ ئوۋلىماي بەش كۈن نېمىش قىلىپ يۈردى ؟
— بەگ بۇ قېتىم تاغلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ باققىلى كەتتىكەن . بۇ تاغدا مەن بىلمەيدىغان ئون ئۆيلۈك ئادەم بار ئىكەن . بىر - بىردىن سوراپ يۈرۈپ ھەممىسىنىڭ ئۆيىگە باردى . مەنمۇ بەگ بىلەن بىللە مېڭىپ ئۇلار بىلەن تونۇشۇۋالدىم .
— بىر تاغدا تۇرۇپ تونۇشمامتىڭلار ؟ — تۇردۇش ھەيران قېلىپ سورىدى .
— كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى ، ھەممىمىز ئۆز قازىنىمىزنىڭ غېمىدە يۈرسەك .
«قۇملۇقلار ئارىسىدا سۇ ، ئوتلاق قوغلىشىپ ، بىزلا چېچىلىپ ياشاپتىكەنمىز دېسەم ، تاغلىقلارمۇ شۇنداق ئۆتىدىكەن ئەمەسمۇ» تۇردۇش شۇنداق ئويلاپ ئەپسۇسلاندى . ئوماق كېلىۋېتىپ تاھىرتاغ ، ئۈڭكۈرتوقاي توغرۇلۇق تۇردۇش بىلەن تۆمۈرگە سۆزلەپ بەرگەچكە ، ئوماق ئۇنى تاھىرتاغ دەپ ئاتىغاندىلا تۇردۇش : «ھېلىقى قورقۇنچاق شۈكەن - دە» دەپ پەرەز قىلىپ بولغانىدى .
ئوماق بارماقلىرىنى بىر - بىردىن پۈكۈپ ۋاقىتنى ھېسابلاپ كۆرۈپ :
— كۈنچىققانبەگ ئەتە يا ئۆگۈنلۈككە چارىغا قايتىپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ . چارىدا كۆپ بولسا ئىككى كۈن تۇرار . چارا بىلەن بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئارىلىقى يېرىم كۈنلۈكمۇ يوق . بىز قايتمىدساق بولمىغۇدەك ، ھازىرلا قايتايلى ، — دېدى .
— ئۈڭكۈرتوقايغا بارمامدۇق ؟ — تۆمۈر سوراپ بولۇپ ئاتىسىغا قارىدى .
— ساڭا ئۈڭكۈرتوقايدىكى ھېلىقى قىيالىقتىكى نەرسىنى ، ئۈڭكۈردىكى تاش ھەيكەلنى كۆرسەتمەكچىدىم . بۇ قېتىم بولمىدى ، كېيىن چوقۇم كۆرسىتىمەن ، — دېدى ئوماق .

— ئو نەرسىلەرنى مېنىڭمۇ كۆرگۈم بار ئىدى ، — دېدى تۇردۇش ۋە ئوماقتىن سورىدى ، — كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتامدۇق ؟

— قاقشاللىقنى ، ئېدىرلىق ئۈستىدىكى ماقاتىلىقنى ، ياغاچلارنى تۆمۈرگە ئۆبدانراق كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق قايتماقچىدۇققۇ ، لېكىن دىلپار بىلەن قايتمىساق ئۈلگۈرەلمىگۈدەكمىز . مەھەللىگە بەگدىن بۇرۇن بېرىپ تۇرمىساق بولماس .

ئۆڭكۈرتوقايدىكى نەرسىنى كۆرەلمىگىنى ئۈستىگە قاقشاللىقتىكى ماقاتىلىقنىمۇ كۆرەلمەيدىغانلىقىدىن تۆمۈرنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى .

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، — ئوماق ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولدى ، — كېيىن چوقۇم ئاكاڭ ، ئۇكاڭ — ئۈچۈڭلىنى ئېلىپ مېڭىپ قاقشاللىقنى ، ئۆڭكۈرتوقاينى كۆرسىتىمەن ، يەنە تېخى چەپەر ئېيتقان ياراڭلىقتىكى چوڭ ماقاتىلىقنى ئۆزۈممۇ كۆرگەچ ، سىلەرگىمۇ كۆرسىتىمەن .

— ھازىر ماڭىدىغان بولساڭلار ماۋۇ تېكىنى كاۋاپ قىلايلى ، — تاھىرتاغ شۇنداق دېدى - دە ، ئوماقنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قارىماي تېكىنى سويۇشقا باشلىدى ۋە تۇردۇش بىلەن تۆمۈرگە ، — سىلەر قۇرۇق ئوتۇن يىغقاچ تۇرۇڭلار ، — دېدى .

ئوماق ئۇنىڭ نېمە قىلماقچىلىقىنى بىلدى . تاھىرتاغ تاغ كاۋىپىغا ئۇستا ئىدى . ئوماق ياپىلاق تاشتىن بەش - ئالتىنى تېرىپ كېلىپ بىر يەرگە قويۇپ ، ئۈستىگە ئوتۇنلارنى دۆۋىلەپ ئوت ياقتى . قۇرۇق ئوتۇن گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى . تاھىرتاغ تېكىنىڭ ئىككى كەينى پۇتىنىڭ لوق يېرىدىن يالپاقلاپ شىلىپ سەككىز پارچە گۆشنى تەييار قىلىپ قويدى ، ئاندىن ئوتتىكى تاشلارنى ياغاچ بىلەن تارتىپ چىقىرىپ كۆچەپ پۇۋلىۋېتىپ ، تاشنىڭ ئۈستىگە گۆشلەرنى قويدى . گۆش قىزىغان تاشقا تېگىش ھامان پاژىلداپ كەتتى . بىرئازدىن كېيىن گۆشنىڭ تۆپە تەرىپىنى ئۆرۈپ قويدى . بايىقىدەك قاتتىق پاژىلدىمىسىمۇ ، يەنىلا پاژىلدىغان ئاۋاز

چىقتى . ئەتراپنى كاۋاپ ھىدى بىر ئالدى .

— بىزنىڭ قوم كاۋاپ قىلمىقىمىزدىن ئاسانكەن ، — دېدى تۇردۇش .

— قومدا پىشقان كاۋاپ ، تاشلىقتا تاش كاۋاپ ، — دېدى تاھىرتاغ .

ئۇنىڭ گېپىگە ھەممىسى كۈلۈشتى ، تۆمۈر بەكرەك كۈلۈپ كەتتى .

— كاۋاپ پىشتى ، قېنى ، خالىغىنىڭلىنى ئېلىپ يەڭلار ، — دېدى تاھىرتاغ .

ئوماق باشلاپ بىر پارچىنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى . تۇردۇش ، تۆمۈرمۇ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ، تۇردۇش قالغان كاۋاپلارنى بىر يەرگە يىغىپ قويۇپ ، ئۆزىمۇ بىر پارچىنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى . كاۋاپ ئوخشىغانىدى . گۆش نېپىز يالپاقلانغاچقا ، سارغىيىپ تەكشى پىشقانىدى . كاۋاپ يېيىلىپ بولدى ، قورساقمۇ تويدى .

ئوماقلارنىڭ ئۇلاغلىرى بىلەن يۈك ـ تاقلىرى پەستە ئىدى . گۆشنىڭ يېرىمىنى تاھىرتاغ ، يېرىمىنى تۇردۇش كۆتۈرۈپ پەسكە چۈشتى . ئوۋلىغان مال ، يۈكلەرنى ئارتىپ بولغاندا ، تاھىرتاغ :

— ماۋۇ گۆشنى سىلەر ئېلىپ كېتىڭلار . مەن تاغدا بولغاندىكىن ئوۋلىۋالىمەن ، — دېدى ـ دە ، گۆشنى ئۆزى ئاتلارغا تەڭشەپ ئارتىپ بېكىتىۋەتتى . ئوماق تاغلىقلارنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلگەچكە ، باشقا گەپ قىلمىدى ، تاھىرتاغ بىلەن خوشلىشىپ تۆۋەنلەپ مېڭىپ كەتتى .

7

— ئۆڭكۈرتوقايدىكى نەرسىلەرنى كۆردۈڭمۇ ؟

— ياق .

— نېمىشقا ؟

— بارالماي قالدۇق .

— نېمىشقا بارالمىدىڭلار ؟
— مەھەللىمىزگە كۆنچىققانبەگ كېلىدىكەن ، ئالدىدا بېرىپ تۇرايلى دەپ قايتىپ كەلدۇق .
— كۆنچىققانبەگ كېلەمدىكەن ! قاچان كېلىدىكەن ؟
كۆنچىققانبەگنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆردەك قەۋەت خۇش بولۇپ كەتتى . ئوماق بىلەن تۇردۇش ئاغزىدىن چىقىرىپ بولغۇچە ، ئاكىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان خەۋەرنى ئۆردەك بىر دەمدىلا مەھەللە ئىچىگە تارقىتىپ بولدى .
— ئوماق ، مەھەللىمىزگە كۆنچىققانبەگنىڭ كېلىدىغىنى راستما ؟ — مەھەممەت مەرگەن ئاغا تالادىلا گەپ قىلىپ كىردى . ئاۋازىدىنلا ئۇنىڭ ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .
ئۇ جاھانبەگ ، كۆنچىققانبەگ دەپ ئاڭلىغىنى بىلەن ، شۇ يېشىغىچە ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى . بولۇپمۇ كۆنچىققانبەگنىڭ تەرىپىنى كىشىلەر ئاغزىدىن ئاڭلاپ ، ئۇنى كۆرۈش ئارزۇسى بولسىمۇ ، كۆنى جاڭگالدىلا ئۆتكەچكە ، ئۆيىدىن نېرى بولالمىغانىدى . مانا ئەمدى بەگنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ مەھەللىسىگە ، ئىشىكى ئالدىغا كېلىدىغان بوپتۇ . «ئەگەر ئوماقنىڭ گېپىگە كىرمەي ، ئۇنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كەلمىگەن بولسام ، ئۆمرۈم ھېچكىمنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتەركەن . مانا ئەمدى كۆنچىققانبەگنى كۆرىدىغان بولدۇم» دېگەنلەرنى ئويلايتتى ئۇ .
مەھەممەت مەرگەن ئۆيگە كىرگەندە ، ئوماق بىلەن ئايقۇت بىر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇراتتى .
— ئۇسكەندەكلا كىرىپ گېپىڭلارنى ئۈزۈپ قويدۇممۇ نېمە ، — دېدى ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ، ئۇ بوسۇغا تۈۋىدىلا تۇرۇپ قالدى .
— ياق ، ئاغا ، بىلگەندەك كىرىپسەن ،— دېدى ئوماق ، — ساڭا سالىدىغان مەسلىھىتىمىز بار ئىدى ، قېنى ، سۆرىغا كېلىپ ئولتۇرغىنا .
— ئىشىمىزنىڭ ئوختاسى كەلگەن ئوخشايدۇ ، — دېدى ئاي-

قۇت ئورنىدىن تۇرۇپ، — مۇشۇ كىرىشتىدىن شۇنداق ئويلاپ قېلىۋاتىمەن.

— نىملەرنى دەۋاتىسىلەر، قايسى ئىشنىڭ ئوختاسى؟ گېپ-پىڭلىنى بىلەلمەيلا قالدىمغۇ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن ئاغا سۆپىدا ئولتۇرۇۋېتىپ بىر ئوماققا، بىر ئايقۇتقا قاراپ.

— مۇنداق ئىشتى، تۇردۇشنىڭ قىزى ئايبەختەمنى تۆمۈرگە قوشتۇلۇق قىلىۋالساقمىكىن دېيىشكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ قىزىنى بىر يەرگە مۇرۇللۇغلاپ قويغان - قويمىغانلىقىنى بىلەلمىدۇق. مۇشۇنى سەندىن سوراپ باقايلىمىكىن، دەپ مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغاندۇق، — دېدى ئوماق.

— ئايقۇت ئېيتقاندەك، راست، بۇ ئىشنىڭ ئوختاسى كېلىپ قاپتۇ. مەن بۇ ئىشنى كۆنچىققانبەگ كېلىپ كەتكەندىن كېيىن دەي دېگەن، — مەھەممەت ئاغا ئوماققا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلەر ئوۋغا كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى تۇردۇشنىڭ خوتۇنى تىللاخان ئۆيىمىزگە كىرىپ: «ئاغا، تۆمۈرنىڭ قوشتۇلۇقى بار - يوقلۇقىنى بىلدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن بىلمىدىم دېدىم. ئۇ ئاندىن: «ئوماق، ئايقۇت بەك ئېسىل ئادەملەركەن، بالىلىرى تېخىمۇ شۇنداق. تۆمۈرنىڭ قوشتۇلۇقىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئۇقۇشۇپ باقساڭ، يوق بولسا، ئوماق، ئايقۇتلار قىزىمىزنى بالا قىلىۋېلىشنى خالىسا، بەك خوش بولاتتۇق» دېدى. ئىككى ئۆيدىكىلەرنىڭ ئويلىغىنىنىڭ بىر يەردىن چىققىنىنى قارىمامدىغان. ئۇلارنىڭ قىزىمۇ بەك ياخشى قىز بوپتۇ، — دېدى ئۇ.

— بەك ياخشى بولدى، مەن بۈگۈنلا بىر ئامالىنى قىلىپ شەپە بېرىپ قوياي، — دېدى ئايقۇت. ئۇ شۇ تاپتا ئايبەختەم كېلىن بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىۋاتقاندەك خوش بولۇپ كەتكەنىدى.

— بولدى، — مەھەممەت مەرگەن ئاغا ئولتۇرغان يېرىدىن تۇردى، — پىشقان ئىشنى خىمىدىن باشلايمىز دەپ ئېتەك يىرتىپ

يۈرمەي، كۆنچىققانبەگ كەلگەندە بىرنەچچىمىز سۆز سېلىپ[1] كىرسەكلا بولمىدىمۇ.

— ۋاي - ۋاي، چوڭنىڭ ئەقلى چوڭچە، مۇشۇنداق قىلساق بولىدىكەنغۇ، — ئايقۇت ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى. ئۇ ئوماققا قاراپ، — تۇردۇشلارمۇ شۇ ئويدا بولغاندىكىن، مەھەممەت ئاغىنىڭ دېگىنىدەك قىلايلى، قانداق؟ — دېدى.

ئوماق نېمىشقىدۇر مەھەممەت مەرگەن بىلەن ئايقۇتنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى، پەگاھدا ئۇياندىن - بۇيانغا بىر - ئىككىنى ماڭدى. ئۇ ئويلىنىۋاتاتتى. ئايقۇتنىڭ خۇشاللىق تەپچىپ تۇرغان كۇلگۈن چىرايى ئەجەبلەنگەن تۇسكە كىرىپ، تېڭىرقاپ قالدى. ئوماق مېڭىشتىن توختاپ مەھەممەت مەرگەن ئاغىنىغا قارىدى.

— تۇردۇشلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئويلاپتۇ دەپلا، بىر قەدەمنى كەم باسساق قانداق بولار. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سۆز سالدۇرساق ئۇلارنىڭ ماقۇل كۆرىدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىكەن. لېكىن، ئۇلار قانداق ئويلاپ قالىدۇ. «بىزنى ئۆزىگە تەڭ كۆرمەپتۇ، كۆزىگە ئىلماپتۇ. بىزگە ماقۇل دېمىسە، يەنە كىم بارتى دەپ ئويلاپتۇ» دېگەن خىياللارغا كېلىپ قالماسمۇ، بىزدە بار كۆڭۈل ئۇلاردىمۇ بار، ئۆزىمىزنى دەپ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويمايلى. بۇ ئىشتا ئىشەنچىمىز بولغاندىكىن ئالدىراپ كەتمەيلى. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بۇ ئادىتىدە ئادەمنىڭ كۆڭلى چوڭ بىلىنگەن، قانداق دېدىم، — دېدى ئوماق.

مەھەممەت مەرگەن، بولۇپمۇ ئايقۇت ئۆزلىرىنىڭلا كۆڭلىنى ئويلاپ، يەنە بىر تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئويلىمىغىنىدىن خىجىللىق ھېس قىلىپ «ۋىلىلىدە» قىزىرىپ، گەپكە ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۆيگە بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئوماق، ئايقۇت كىرگەن كىشىنى تونۇدى. ئۇ ئوماققا قاراپ:

— ئالىباي ئاقساقال، ئۆگۈنلۈككە كۆنچىققانبەگ چارىغا كې-

---

① سۆز سالدۇرۇش — ئەلچى كىرگۈزۈش.

www.uyghurkitap.com

لىدىكەن . ئوماقنى چاقىرىپ كەل ، كەلمەي قالمىسۇن دەپ ئالدى-
غىنىزغا مىنى ئەۋەتتى ، — دېدى .

— بەگ چارىغا ئۆگۈنلۈككە كېلەمدىكەن؟ بەگنىڭ چارىغا
زادى قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە ئىچىم تىت - تىت بولۇپ
تۇرغانىدىم . ئەتىگەنلىككە سەھەر يولغا چىقايلى ، — دېدى ئوماق .

ئايقۇتنىڭمۇ چارىغا ئوماق بىلەن بىللە بارغۇسى بار ئىدى .
ئوماقمۇ كۈنچىققانبەگ چارىغا كەلگەندە ئايقۇت ، مەھەممەت ئاغا ،
تۇردۇشلارنى ئېلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى ، ئەمما ھازىر
ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ قالدى . بەگ بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىل-
گىرى «ئېتەك يىرتىش» قىلىۋېتىش كېرەك . يىرتىلغان ئېتەكنى
ئوڭشاش - ئوڭشىماسلىقنى تاللاخان ئېرى تۇردۇش بىلەن مەسلە-
ھەتلەشمىسە بولمايدۇ . شۇڭا بەزى ئىشلارنى ئايقۇتقا تاپلاپ قو-
يۇپ ، ئەتىسى ئەتىگەندە مەھەممەت ئاغا بىلەن چارىغا يۈرۈپ
كەتتى...

— كۈنچىققانبەگ چارىدا بىر ھەپتە تۇرار . بەگ كەلگەندە بىز
قانداق ئىشلارنى قىلىمىز ، مەسلىھەت بېرىڭلار ، — ئالىباي ئاقسا-
قال ئولتۇرغانلاردىن مەسلىھەت سورىدى .

كۈنچىققانبەگ ئەتە كېلىدىغان بولغاچقا ، ئالىباي ئاقساقال
مەسلىھەتلەشكىلى ئوماق ، ئەزىمباقى قاتارلىق بىرنەچچە چوڭ ياش-
لىقلارنى ئەتىگەندە ئۆيىگە چاقىرغانىدى .

— مېنىڭچە ، — دېدى ئوماق ، — بەگ كۆپ بولسا ئىككى
كۈن تۇرارمىكىن .

— نېمىشقا؟ — ئالىباي ئاقساقال سورىدى .

— بەگنىڭ بۇ قېتىمقى يۇرت ئارىلىشى تاغلىقلارنىڭ ھال -
ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئىكەن . شۇڭا تاغدىلا يۈرۈۋاتقىنىغا يې-
گىرمە كۈندىن ئېشىپتۇ . ئەگەر ھەربىر مەھەللىدە بىر ھەپتىدىن
تۇرىدىغان بولسا ، يېڭى يۇرتچاپقانغا ئىككى ئايدىمۇ بېرىپ
بولالمايدۇ .

— چارا چوڭ يۇرت ، ئاران بىر كەلگەندە شۇنچىلىكلا تۇرار-

مۇ ؟ — ئەزىمباقىمۇ ئوماقىنىڭ دېگىنىگە ئىشەنمىگەندەك سورىدى .
— قۇرۇق تالىشىۋەرمەيلى ، — دېدى ئالىباي ئاقساقال ، —
بەگنىڭ نەچچە كۈن تۇرىدىغانلىقى ، كۆڭلىدە نېمە ئويلايدىغانلىقىنى
بىلمەيمىز . شۇڭا ئۆزىمىز قىلىدىغان چوڭ ئىشلارنى دېيىشىۋې-
لىپ ، قالغان ئىشلارنى بەگ كەلگەندە مەسلىھەتلەشمەيلىمۇ .
— مېنىڭچە ، بەگ بىزنىڭ تېرىقچىلىق قىلغان يەرلىرىمىزنى
كۆرىدۇ ، ئولجو① ۋە ئاجىز - ئورۇقلارنىڭ هال - كۈنىنى سورايى-
دۇ ، — دېدى ئوماق .
— ئېتىزلىرىمىزنى كۆرمەكچى بولسا ، ئەنە تۇرۇپتۇ . ئولجو-
لارنىڭ هال - ئەھۋالىنى ئۇقۇشماق بولسا ، كۆزنىڭ بېشىدىلا
ئالدى بىلەن شۇلارنىڭ ئىشلىرى غەملىنىپ قويۇلغان . بۇ جەھەتتە
ئاقساقال ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ ، — دېدى ئەزىمباقى .
مەسلىھەتنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ ئۆيگە ئوماقنى چا-
قىرغىلى بارغان كىشى كىرىپ كېلىپ :
— كۈنچىققانبەگ مەھەللە سىرتىغا كېلىپ بوپتۇ ، — دەپ
خەۋەر قىلدى .
ئۆيدىكىلەر ، بېگنىڭ كېلىپ قالغىنىدىن خەۋەر تاپقان چوڭ
ياشلىقلاردىن بولۇپ سەككىز - ئون ئادەم ئالىباي ئاقساقالنىڭ
باشچىلىقىدا مەھەللە سىرتىغا قاراپ ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى . بۇلار
باش مەھەللىدە كۈنچىققانبەگ بىلەن ئۇچراشتى . بۇلار بەگنى ئاز
بولغاندا بەش - ئالتە ھەمراھ بىلەن كېلىدۇ دەپ ئويلاشقانىدى .
لېكىن ، كۈنچىققانبەگنىڭ يېنىدا بىرلا ھەمراھى — مالاي ئۇۋچى-
سى تېپىق بار ئىدى . بەگ كالا مىنىۋالغان بولۇپ ، تېپىق ئات
مىنىپ ، بىر ئات ، بىر تۆگىنى ئېتىغا چېتىپ يېتىلىۋالغانىدى .
يۈك ئېغىر ئەمەس ئىدى ، ئاساسەن كېيىملەر ئىدى . ئالدىغا چىق-
قانلار نېرىدىنلا ئاتلىرىدىن چۈشتى ، كۈنچىققانبەگمۇ تېپىقنىڭ
ياردىمىدە كالىدىن ھۆمۈدەپ تەستە چۈشتى . بەگ مۈشۈ بىر يىلدىن
بۇيان بەكلا سەمرىپ كەتكەنىدى . ھەممىسى بەگ بىلەن كۆرۈشتى ،

① ئولجو — يېتىم - يېسىر .

هاردۇق سوراشتى . بەگ ئاخىرىدا ئوماق بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ :
— سىنى بەك سىغىندۇق ئوماق ، يا سەن ئابدالغا بارمىدىڭ
ياكى بىز بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ بولالمىدۇق ، — دىدى ئوماقنىڭ
قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ .
— مەھەللىگە بارايلى ، — دىدى ئوماق ، — ساڭا دەيدىغان
يىڭى گەپلەرمۇ بار .
ئوماق بىلەن ئالىباي ئاقساقال كۇنچىققانبەگنى تۆگىگە مىندۇردى . ئۇزۇن يولدىن كەلگۈچە هارغان ئاچ تۆگە بەگنىڭ يوغان ، ئىغىر بەستىنى كۆتۈرۈپ ئاران ئورنىدىن تۇردى . بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۇلاغلىرى تۆگە بىلەن ھەمسەپەر مىڭىشقا كۆنۈك ، ئۇركۇمەيدۇ . ئالىباي ئاقساقال بەگنىڭ بىر يىنىدا ، ئوماق يەنە بىر يىنىدا ماڭدى ، قالغانلار ئارقىدىن ئەگىشىپ ماڭدى .
— ئون كۇننىڭ ئالدىدا ئابدالغا بارغانىدىم ، — ئوماق گەپ باشلىشىغا كۇنچىققانبەگ :
— ئاڭلىدىم ، چەپەر ساقىيالماي كىتىپ قاپتۇ…
بەگ گىپىنى توختىتىپ جىم بولدى . ئالىباي ئاقساقال گەپ قىلماقچىدى ، ئۇمۇ جىم بولدى . مەھەللە ئىچىگە — ئالىباي ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كەلگۈچە ھەممىسى چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە مىڭىشتى . كۇنچىققانبەگنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئەر - ئايال ، قىرى - ياش ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرۇشقانىدى . تۆگىنىڭ ئۈستىدە يوغان بىر قورام تاشتەك ئولتۇرغان بەگنى كۆرگەن كىشىلەر ، بولۇپمۇ ئايالالار بىرنىمىلەرنى دىيىشىپ كۇلۇشەتتى ، پاراڭلىشاتتى . يىقىن كەلگەندە ، ئۇلارنىڭ قايغۇ قاپلىغان چىرايىغا قاراپلا شۈكلەشتى ، «بەگ تاغدا بىرەر پالاكەتچىلىككە ئۇچرىغان ئوخشىمامدۇ» دەپمۇ ئويلاشتى .
تۆگىنى ئالىباي ئاقساقالنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئەكىلىپ چوكلىدى[1] . كۇنچىققانبەگ تۆگىدىن چۈشۈپ ئەتراپتا تۇرغانلارغا قايغۇلۇق چىرايى بىلەن سالام بىرىپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . كىشىلەر : «نىمە بولغاندۇ ، بەگكە نىمە بولغاندۇ» دىيىد-

[1] چوكلىدى — چۆكتۈردى ، ياتقۇزدى .

شىپ ، ئەتراپنى «گۆدۆك ـ گۆدۆك»لار قاپلىدى .

— باشقا ئىش يوق ، — دېدى ئەزىمباقى ، — ھېلىقى «دىۋە ئادەم» — چەپەر ئۆلۈپ كېتىپتىكەن ، بەگ شۇنىڭغا قايغۇرۇۋاتىدۇ ، — ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

ئالىباي ئاقساقال كۈنچىققانبەگكە چارىنىڭ يازدىن بۇيانقى ، بولۇپمۇ كۈزدىن بېرىقى ئىشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ :

— تېرىقچىلىقىمىزنىڭ بىر قىسمى كەلكۈندە قالدى ، شۇڭا بۇ يىلقى قىشنى يەنىلا بېلىق بىلەن ئوۋ گۆشىگە تايىنىپ ئۆتكۈزدىمىز . بېلىقتا گەپ يوق . كەلكۈن ئېلىپ كەلگەن بېلىقلاردىن يەپ ئاشقۇدەك تۇتتۇق . ئولجو ۋە ئاجىزلارغا ئالدىن بۆلۈپ بەردۇق . ئوۋچىلارنىڭ بىر قىسمى قايتىپ كەلدى . كۆپلىرى تېخى كەلمىدى . ئىشلار مانا شۇنداق . بەگ نېمىنى كۆرىمەن دېسە كۆرسىتىمىز . بىز ئۈچ كۈندىن كېيىن قوشاق ئېيتىشىش قىلايلىمىكىن ، دەپ ئويلاشتۇق ، — دەپ گېپىنى توختاتتى .

— تاغقا چىققان ئوۋچىلاردىن ، يولدا ئۇچرىغانلاردىن سوراپ ئەھۋالنى بىلدىم ، ئالىباي ئاقساقال ، — دېدى كۈنچىققانبەگ ئاقساقالغا قاراپ ، — بەك ياخشى قىپسەن . ئولجولارنىڭ ، ئاجىز ـ ئورۇقلارنىڭ ئۆۋەكى[1] سىلەر بىلەن بىز . كىشىلەردىن ئاڭلاپ بەك خۇش بولدۇم . بۇ يەردە تۇرمايمەن ، چۈشلۈك غىزانى يەپ بولۇپلا ئوماقلارنىڭ مەھەللىسىگە ئۆتۈپ كېتىمەن . «ئوماقنىڭ تاختىسى» دىن دىلپارغا بارىمەن . ئۇ يەردىن كۈزلەك ، تىكەنلىككە كېلىپ چوڭ يولچە قايتىمەن . مېنىڭ بۇ قېتىمقى يۈرت ئارىلىشىم تاغلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئىدى . مەن قۇملۇق ئارىلىرىدىكى ئادەملىرىمىزنىلا تىرىكچىلىك غېمىدە بىر ـ بىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشماي يالغۇز ياشاپ ئۆتىدىكەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن ، تاغدىكىلەرمۇ بىر تاشنىڭ ئىككى تەرىپىدە[2] ئولتۇرۇپ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ بىر ـ بىرىنى بىلىشمەيدىكەن ، زادىلا قاۋۇشۇپ[3] باقمايدىكەن . ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق ئۆتۈش-

---

[1] ئۆۋەك — يۆلەك ؛ ياردەمچى .
[2] بىر داۋاننىڭ ئىككى تەرىپىدە ، دېگىنى .
[3] قاۋۇشۇش — جەم بولۇش ، بىر توپ بولۇش ، ئۇيۇشۇش .

كەن بولغىيدىمۇ ، بىز ئەجەب چىچىلىپ ياشايدىكەنمىز . سىلەرگە دەپ قويىدىغان مۇنداق بىر ئىش بار ، تاغلىقلارنىڭ ئۇۋ گۆشىدىن باشقا يېمەكلىكى بەك ئاز ئىكەن . ئاتمىشبۇلاق ، قورۇقتاغ ، سىڭگىرتاغدىكىلەرگە يېڭى يۇرتچاپقاندىكى تۆت مەھەللە قىشلىق يېمەكلىك بېرىدۇ . شىڭدى ، سۆگەتتاغدىكىلەرگە سىلەر ، دىلپار ، كۆرلەك ، تىكەنلىكتىكىلەر بېرىسىلەر . ئۇلاردىن ئادەم كېلىدۇ ، شۇلارغا بەرسەڭلار بولىدۇ . ئاساسلىقى بېلىق بېرىسىلەر . بېرەلىسەڭلار ، ئۇجۇلدىنمۇ ئازراق بەرسەڭلار تېخىمۇ ياخشى . ئوماقلار ئۇ يەرگە يېڭى باردى ، بېرەلىگۈدەك بولسا بەرسە بولىدۇ . مېنىڭ دەيدىغىنىم مۇشۇ ئىش .

— بىز بىلىمىزمۇ ، ئۇجۇل تالقىنىمۇ بېرەلەيمىز . بۇ يىلقى كەلكۈن بىزگە بېلىقنى خېلى چۇلۇق ئەكېلىپ بەردى . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ — دېدى ئوماق ئولتۇرغانلارغا قاراپ .

ئولتۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى .

كۇنچىققانبەگنىڭ : «چارىدا تۇرماي ، بۇگۈنلا ئوماقلارنىڭ مەھەللىسىگە ئۆتۈپ كېتىمەن» دېگىنىگە ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمىدى . ئۇلار بەگ بىلەن ئوماقنىڭ بىر - بىرىگە يېقىن ، ئامراقلىقىنى ھەتتا ئاكا - ئۇكا بولۇشقىنىنىمۇ بىلەتتى ، يەنە بىرى ، ئوماقلار يېڭى مەھەللە قورغانىدىن بۇيان كۇنچىققانبەگ كېلىپ باقمىغانىدى .

شۇنداق قىلىپ ، كۇنچىققانبەگنىڭ چارىدا تۇرماي «ئوماقنىڭ تاختىسى»غا كېتىدىغانلىقى مۇقىملىشىپ قالدى .

## 8

تۆمۈر ئىتىنى ، ئۆردەك كۇنچىققانبەگ بەرگەن قىچىردەك يوغان چامبول ئىشكىنى ئوتلاقتا باغلاپ قويۇپ ، بىر قوم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . تۆمۈر يېقىندا ئاتىسى بىلەن ئوۋغا چىققاندا كۆرگەن ، ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەرمەكتە . ئاكىسىنىڭ قاقشاللىقتىكى تۆت تەرىپى تەڭ چاسا شەكىللىك دۆڭ ،

نېرىدىكى ئېدىرلىق ئۈستىدىكى كەڭ كەتكەن ماقاتلىق، ئۇنىڭدىكى چوقچىيىپ، چېچىلىپ ياتقان ھەر خىل، نۇرغۇن ياغاچلار، ئۆڭ-كۈرتوقايدىكى نەرسىلەر توغرىسىدىكى گەپلىرى ئۆردەكنىڭ بالىلىق كۆڭلىگە ئوت يېقىپ، ۋۇجۇدىنى يالقۇنغا ئايلاندۇرماقتا ئىدى. «مەنمۇ ئاكامچىلىك چوڭ بولغان بولسام بوپتىكەن» دېگەنلەر كۆڭلىگە كېچىپ، ئۇنىڭدا چوڭ بولۇشقا ئالدىراش ئىستىكى تېخىمۇ كۈچەيگىلى باشلىدى.

— ئۆردەك، قارا، كېيىك! — ئۆردەكنىڭ تاتلىق ئارزۇلۇق خىيالىنى تۆمۈر ئۈزۈۋەتتى.

ئۆردەك ئاكىسى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. بىر كېيىك نېرىدىكى بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە بۇلارغا قـاراپ تۇراتـتـى. ئانا - بالا كېيىك ئىككى ئايىنىڭ ئالدىدا، كەلكۈندىن بىر ھەپتە بۇرۇن كەلگەنچە، كېيىن كەلمىدى. شۇ چاغدىلا كېيىك بالىسى ئانىسى بىلەن تەڭ بولۇپ قالغانىدى.

— كېيىك، بىزنىڭ كېيىك! — ئۆردەك ئاغزىدىن گەپ چىقىپ بولغۇچە قۇم دۆۋىسىدىن ئېتىلغاندەك چۈشۈپ كېيىك تەرەپكە يۈگۈردى.

تۆمۈرمۇ ئۇكىسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. بۇلار قۇم دۆۋىسىگە چىقىۋاتقاندا، كېيىك كەينىگە بىرنەچچىنى داجىپ توختىدى. تۆمۈر، ئۆردەكنىڭ ھىدى بۇرنىغا يەتكەندىلا داجىشتىن توختىغانىدى. ئاكا - ئۇكىلار قۇم دۆۋىسىگە چىققاندا، كېيىك ئالدى بىلەن ئۆردەكنى، ئاندىن تۆمۈرنى پۇراشقا باشلىدى.

— ئەجەب ئانىسى يوققۇ؟ — دېدى تۆمۈر ئەتراپقا قاراپ.

ھەر قېتىم ئانا - بالا بىللە كېلەتتى. بۇ قېتىم ئانىسى يوق، بالىسىلا كەلگەنىدى. ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن ئاكا - ئۇكىلارنىڭ كۆڭلىگە كەچمىگەن ئويلار كەچكەنىدى.

— ئەنە، ئاۋۇ يەردە بىر كېيىك تۇرىدۇ! — ئۆردەك بىر يۇلغۇنلۇقنى كۆرسەتتى.

تۆمۈر ئۇكىسى كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ، بۇلاردىن كۆز ئۈزمەي بويىنىنى سوزۇپ قاراپ تۇرغان بىر مارالنى كۆردى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ چوقۇم مۇشۇ كېيىكنىڭ ئانىسى، — دېدى ئۇ.
بۇلار ئانا كېيىك توغرىسىدا گەپ قىلىپ تۇرغاندا، يېنىدىكى كېيىك بىر نەرسىدىن قورققاندەك بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر قارىدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا تۆۋەنگە قاراپ قاچتى. تۆمۈر، ئۆردەكلەر نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، كېيىك قارىغان تەرەپكە قاراپ، بىر ئادەمنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ بىر قولى ھەدەپ تىزگىن سىلىپ پۇلاڭلايتتى، يەنە بىر بوش قولىمۇ پۇلاڭلايتتىيۇ، بۇلارغا چولاقتەك كۆرۈندى.
— مەھەممەت مەرگەن ئاكامغۇ ئۇ، ئاتام بىلەن بىللە كەتكەنتىغۇ؟! — دېدى تۆمۈر.
ئۆردەكنىڭ ئەس ـ يادى كېيىكتە ئىدى. ئۇ كېيىك قاچقان تەرەپكە قارىۋىدى، ئانا ـ بالا كېيىكنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. مەھەممەت مەرگەن ئاغا بۇلارنى كۆردىمۇ ـ كۆرمىدىمۇ، تۆمۈرلەرگە قاراپمۇ قويماي، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە مەھەللە تەرەپكە كەتتى. تۆمۈر ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، بايىقى: «چارىغا ئاتام بىلەن بىللە كەتكەنتىغۇ!» دېگەن گېپىنى يەنە تەكرارلىدى ـ دە، مەھەللىگە يۈگۈردى. ئۆردەكمۇ شۇئان ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى، ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىدىن كېيىك توغرىسىدىكى خىياللار كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى: «ئاتامغا نېمە بولغاندۇ، ئۇنىڭغا بىر ئىش بولدىمۇ نېمە؟» دېگەن بىر ئەندىشە ئىگىلىۋالغانىدى.
ئۇلار يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كىرگەندە، ئانىسىنىڭ مەھەممەت ئاغىغا قاراپ:
— بەك ياخشى، بەك ياخشى بوپتۇ، — دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىشتى.
— ھە، نېمە بولدى، ھۆلۈسلاپ[1] كېتىپسىلەرغۇ؟ — دەپ سورىدى ئايقۇت.
تۆمۈر بولغان ئىشنى دەپ بەردى.
— ۋوي، كېيىك كېتىپكەنما!

---

[1] ھۆلۈسلاپ — ھاسىراپ، ھۆمۈدەپ.

— ھەي ، يەنە شۇ مېنىڭ كاساپىتىم . بۇنى بىلگەن بولسام تۆۋەن تەرەپ بىلەن ماڭاركەنمەن ، — دېدى مەھەممەت ئاغا ئەپ-سۇسلىنىپ ، — كۇنچىققانبەگنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سىرتىغلاشقا ئالدىراپ ئۇدۇل يول بىلەن مېڭىپتىمەن .

— كۇنچىققانبەگ مەھەللىمىزگە كېلەمدىكەن ؟ — ئاكا - ئۇكا ئىككىسى تەڭلا سورىدى .

— ھەئە ، كېلىدىكەن ، ئاتاڭ باشلاپ كېلىۋېتىپتۇ ، — دېدى ئايقۇت .

تۆمۈر بىلەن ئۇردەك خۇش خەۋەرنى مەھەللىدىكىلەرگە يەتكۈ-زۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

كۇنچىققانبەگ كەچ ئارىسىدىن بۇرۇن كەلدى . بەگ ، ئوماقلار بىلەن بىللە ئالىباي ئاقساقال ، ئەزىمباقى ، ئۇنىڭ خوتۇنى تولەمە-خان ، قىزى دۆلەتخان ، يەنە باشقا چوڭ - كىچىك ئوندەك ئادەم كەلگەنىدى .

كۇنچىققانبەگنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن مەھەللىدىكىلەر خەۋەر تېپىپ بولغاچقا ، بىردەمدىلا ئوماقنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولدى . مەھەللىدىكىلەردىن ئوماق ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقىلىرى كۇنچىققانبەگنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . ھەرقايسىسى بەگنى ھەر خىل قىياپەتتە پەرەز قىلىشاتتى . ئۇلار ئوتتۇرا بوي ، ئەمما زىيادە سېمىز ، ئۆزلىرىدەك ئادەتتىكىچە كىيىنگەن بەگكە قاراپلا قېلىشتى .

كۇنچىققانبەگ چارىدىلا ئوماقلارنىڭ مەھەللىسىدە ئىككى كۈن تۇرىدىغانلىقى ، ئىككىنچى كۈنى قوشاق ئېيتىشىش ئۆتكۈزۈلىدى-غانلىقى ، مۇشۇنداق بولغاندا مەنلىك بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپ ، ئالىباي ئاقساقالغا دەرھال كۆنچى ، ئەۋەيلى ، تېمىزكۆل ، دىلپار ، يېڭىكۆل ، بۇلۇڭكۆل ، قارا ساچ ، كۈزلەك ، تىكەنلىكلەرگە خەۋەر-چى ماڭدۇرۇشنى تاپىلىدى . ئاقساقال شۇئان يۇقىرىقى يۇرت - مەھەللىلەرگە كۇنچىققانبەگ نامىدا ئادەم ماڭدۇرۇۋەتكەنىدى .

— مەنمۇ بېرىپ مەھەللىدىكىلەرنى سىرتىغلاپ قوياي-

مىكىن ، — دېدى مەھەممەت ئاغا ئوماققا .

ئوماق : «مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم» دېمەكچىدى ، لېكىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېنىق بىر گەپ چىقىپ بولغۇچە مەھەممەت ئاغا ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ بولدى .

كەچلىك تاماق بالدۇر يېيىلدى . ئوماقنىڭ ئۆيىدە كۆنچىققانبەگ بىلەن ئالىباي ئاقساقال قالدى ، قالغانلارنى باشقىلار ئۆيلىرىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

— يات ئەلدىن كۆك - يېشىل كۆز ، سېرىق چاچلىق بىرنەچچە ئادەم كېلىپ دەريا ، كۆللەرنى ئۆلچەپ يۈرگۈدەك ، — دېدى ئوماق ، ئۆيدە ئۆزلىرىلا قالغاندىن كېيىن كۆنچىققانبەگكە ، ئاخىرىدا يەنە ، — ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى ياقۇپبەگ ، مەھەممەت دادخاھ دېگەنلەرنىڭمۇ ئىككى ئادىمى بار ئوخشايدۇ ، — دەپ قوشۇپ قويدى .

— كونا ئابدالدىكى تاشتالى ئاتمىشبۇلاقتا ئادەم ئەۋەتىپتىكەن ، ھەممە ئىشتىن سىرتىغ تاپتىم ، — كەيپىياتىدىن كۆنچىققانبەگ بۇ ئىشقا ئانچە ئېرەنشىمىگەندەك ئىدى ، — دەريا ، كۆللەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ، تېيىز - چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەيدىكەنغۇ شۇ . بۇ لوپ دالىسىدا قانچىلىك دەريا ، كۆل بار ، ھەممىسىنى ئۆلچەپ ، تەكشۈرۈپ بولالامدىكەن . بۇ دەريا ، كۆللىرىمىزنى كۆتۈرۈپ ئەكەتەلمىگەندىكىن ، ئۆلچىسە ئۆلچىمەمدۇ ، ئاڭلىسام كېلەر يىلى 2 - ئايغىچە شۇ ئەتراپتا تۇرغۇدەك ، — دېدى كۆنچىققانبەگ .

بەگنىڭ دېگىنى بىلەن تولەك بوۋىنىڭ دېگىنى ئوخشاش ئىدى . «دېمىسىمۇ ، — دەپ ئويلىدى ئوماق ئىچىدە ، — دەريا ، كۆلنى كۆتۈرۈپ كېتەلەمتى...»

ئەتىسى ئەتىگەندە كۆنچىققانبەگ بىلەن ئالىباي ئاقساقال ، ئەزىمباقىلار مەھەللىنى ، ئېتىز - ئېرىقلارنى ئارىلىدى ، كۆردى .

— يەر تاللاش ، ئېرىق ، ئېچىق ئېلىشلاردا مەھەممەت مەرگەن ئاغىنىڭ رولى چوڭ بولدى . بۇرۇن سېپىت تۆگىنىڭكىدە ئىشلەپ يۈرۈپ بۇ يەرلەر بىلەن پىششىق تونۇشۇپ قاپتىكەن ، — دېدى



www.uyghurkitap.com

ئۇماق ، مەھەممەت ئاغا بىلەن تونۇشۇپ قېلىش جەريانىنىمۇ قىسقىچە سۆزلەپ بېرىپ .

— بىز ، — دېدى كۈنچىققانبەگ ، — يېڭى يۇرت قۇرۇشتىمۇ يەرنى ئوبدان تاللىماپتىكەنمىز . تېرىقچىلىققا تاللىغان يېرىمىزمۇ قۇملۇق بولغاچقا ، سىلەرنىڭكىدەك بولمىدى ، شۇڭا كىشىلەر تېرىقچىلىقتىن يالتىيىۋاتىدۇ .

ئۇماق ئۆردەكنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمە دەپ پىچىرلىۋىدى ، ئۆي تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىپ ، ئېچىق ئاچقاندا يەرنىڭ تېگىدىن تېپىۋالغان كەتمەننى كۆتۈرۈپ كەلدى . ئۇماق كەتمەننى كۈنچىققانبەگكە كۆرسىتىۋېتىپ ، ئۇنىڭ قانداق تېپىلىپ قالغانلىقىنى ، بۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ ئوي - خىيالىنىمۇ سۆزلەپ بەردى .

— ھە ، بۇ سېيىت تۆگىنىڭ ئادەملىرى تاشلىۋەتكەن كەتمەندۇ .

— ياق ، — دېدى ئۇماق كۈنچىققانبەگنىڭ گېپىگە قارىتا ، — ياق ، سېيىت تۆگە بۇ تەرەپتە يەر تېرىماپتىكەن .

— تېرىسا ، تېرىمىسا ئۇنىڭ ئىشى ، ئۇنىڭ ئادەملىرى چۈشۈرۈپ قويغاندۇ .

ئۇماق كەتمەن توغرۇلۇق باشقىچە پىكىردە ئىدى ، ئەمما يۇرت بېگى بۇنىڭغىمۇ ئېرەنسىمەي ئادەتتىكى گەپنى قىلىپ يۈرىدۇ . ئۇماق ئوغلىغا ئىشارەت قىلىۋىدى ، ئۆردەك ئاتىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ ، كەتمەننى ئۆيگە ئاپىرىپ قويغىلى ماڭدى .

— ئاڭلىسام ، — دېدى كۈنچىققانبەگ ، — سىلەر بىر كېيىك بالىسىنى ئۆگىتىۋاپسىلەرغۇ ؟

ئۇماق ئېغىز ئاچقۇچە مەھەممەت مەرگەن گەپ باشلاپ كېيىك بالىسىغا مۇناسىۋەتلىك جەرياننى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپ :

— ئۇ كېيىك تۈنۈگۈنمۇ كەپتىكەن ، مېنىڭدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ ، — دېدى .

— قالاچ قاناقا ، — دېدى كۈنچىققانبەگ ئۇماققا قاراپ ، — بالىلىرىڭنى خاسىيەتلىك ئادەم بولىدۇ ، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن ،

بۇ يەرگە كېلىپلا بىر كېيىك بالىسىنى ئۆگىتىۋالغىنىنى قارا. شۇ كېيىك بالىسىنى مەن بىر كۆرسەم بوپتىكەن.

چۈشتىن قايرىلىشتىن باشلاپلا يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللىلەردىن بەزىلەر «ئوماقنىڭ تاختىسى»نى، يېڭى مەھەللىنى كۆرگەچ ئەتە ئۆتكۈزۈلىدىغان قوشاق ئېيتىششىنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ كېلىشكە باشلىدى...

مەھەللىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى قوملۇق تۈز ئەتىگەندىلا ئادەملەر بىلەن تولۇشقا باشلىدى. چوڭلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى، بالىلارنىڭ قىقاس ـ چۇقانلىرىغا ئات، كالا، تۆگە، ئېشەكلەرنىڭ كىشنەش، مۆرەشلىرى، بوزلاش، ھاڭراشلىرى قوشۇلۇپ، كەڭ قوملۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئون نەچچە ئۆيلۈك بۇ كىچىككىنە يېڭى مەھەللىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. كىشىلەر ئويان تۇر، بويان ئولتۇر، دەپ بىر ئادەم باشقۇرمىسىمۇ، ئادەتلىرى بويىچە چوڭلارنىڭ ئولتۇرغىنىغا قاراپ، ئوتتۇرىدىن مۇۋاپىق سورۇن قالدۇرۇپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ئالدىدا ئولتۇرغانلار بالىلار، ئاياللار ۋە چوڭ ياشلىق قېرىلار بولۇپ، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كەينىدە ئۆرە تۇرۇشاتتى. قوشاق ئېيتىشىش چاشكا بىلەن تەڭلا باشلىنىدىغان بولدى. كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان كۇنچىققانبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— «ئوماقنىڭ تاختىسى» — بۇ يېڭى مەھەللىدىكى تۇنجى قېتىملىق قوشاق ئېيتىششىنى باشلايمىز. كىم قوشاق ئېيتىشنى خالىسا، شۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۆزىلا ئېيتىسىمۇ، باشقىلارنى ئېيتىششقا چاقىرسىمۇ بولىدۇ. قېنى خالىغانلار ئوتتۇرىغا چۈشسۇن، — دەپ قويۇپ ئولتۇردى.

كۆپچىلىك ئارىسىدىن:

— ئوماق بىلەن ئايقۇتنى قالتىس قوشاقچىلاركەن، دەپ ئاڭلىدۇق، لېكىن قوشىقىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. ئىككىسىنىڭ بىرى باشلاپ قوشاق ئېيتىپ بەرسە، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ تۇردۇشنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ تەلەپكە ئاۋاز قوشۇپ: «ئوماق بىلەن

ئايقۇت قوشاق ئېيتىپ بەرسۇن !» دەپ ۋارقىراشتى .
كۇنچىققانبەگ : «قېنى ، نېمە دەيسىلەر ؟» دېگەندەك ئوماق بىلەن ئايقۇتقا قاراپ كۇلۇپ بېشىنى لىڭشىتتى .
ئايقۇت ئوماق ، ئايسۇلۇلارغا قاراپ كۇلۇپ قويۇپ مەيدانغا چۇشتى . ئۇ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ ، تۆت تەرەپكە — كىشىلەرگە قاراپ سالام ـ تەزىم قىلىپ بولۇپ قوشاق ئېيتىشنى باشلىدى :

كەيدىم كەپىنەك چامچا
چىگەنى[1] تورقاسىدا
قۇردۇق ياڭى ئوتۇقۇ[2] ،
سەيىتنى[3] تاختاسىدا .
ئەتىز ئاچتۇق سۇ باشلاپ ،
كىمىندۇ[1] ئاقماسىدا[5] .

«سەن ئۇچى ، مەن بۇچى» دەپ ،
چېچىلىپلا يۇرۇپتۇق .
سۇ چىقماسا سۇ تارتماي ،
جايدىن ـ جايغا كۆچۇپتۇق .
بالىق ، گۆش يەپ يىل بويۇ[6] ،
ئوۋ ئوۋلاپلا ئۆتۇپتۇق .
................

ئايقۇتتىن كېيىن تۇردۇش چىقتى . ئۇ قوشىقىدا ئائىلىسىنىڭ يالغۇزچىلىق ۋە كۆچمەنلىكتە تارتقان سەرسانچىلىقىنى ، يېڭى مەھەللە — «ئوماقنىڭ تاختىسى»غا كەلگەندىن كېيىن كىشىلەر

① چىگەنى - چىگىنىڭ .
② ئوتۇقۇ — ئوتاق ، مەھەللە .
③ سەيىتنى — سىيىتنىڭ
④ كىمىندۇ — كىمىنىڭدۇ .
⑤ ئاقماسى — كونا ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئىزى .
⑥ بويۇ — بويى .

بىلەن بىللە مۇقىم ، خاتىرجەم ، خۇشال ئۆتكۈزۈۋاتقان يېڭى تۇر-
مۇشنى كۆيلىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرى ۋە يەنە بىرى بولۇپ
ئون نەچچە كىشى قوشاق ئېيتتى . كۈنچىققانبەگ قوشاق ئېيتىش-
نىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىمىسا ، كىشىلەر قايتىدىغاندەك ئە-
مەس ئىدى...

كۈنچىققانبەگ بىلەن ئالباي ئاقساقال ، مەھەممەت ئاغىلار
ئۆيگە كىرگەندىلا تۇردۇش بىلەن تىللاخان ئۇلارنىڭ نىمىشقا كىر-
گەنلىكىنى بىلدى ، ئىچىدە قەۋەت خۇش بولۇشتى .

— بىز سۆز سىلىپ كىردۇق ، قىزىڭلار ئايبەختەم بىلەن
ئوماق ، ئايقۇتلارنىڭ ئوغلى تۆمۈرنى چوڭلار ئالدىدا مۇرۇللۇغلاپ
قويساق دەيمىز ، — كۈنچىققانبەگ تۇردۇشقا قارىدى ، — قېنى ،
نىمە دەيسىلەركىن .

ئوماق كۈنچىققانبەگنىڭ ئالدىغا — چارىغا ماڭغاندىلا ئايقۇت
پەيتنى تېپىپ تۇرۇپ ئايبەختەم قىزنىڭ ئېتىكىنىڭ بىر يېرىنى
قىزغا بىلدۈرۈپ تۇرۇپ ئازراق يىرتىپ قويدى . قىز كۆڭلى يېرىم
بولغىنىچە ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ كۆڭلىكىنىڭ يىرتىلىپ كەت-
كەنلىكىنى ، كىمنىڭ يىرتىۋەتكەنلىكىنى ئېيتقاندا ، ئانا شۇنچىلىك
خۇش بولدىكى ، ئاغزىدىن : «بەختىڭ چىقتى قىزىم» دېگەن گەپ-
نىڭ چىقىپ كەتكىنىنىمۇ ئۇقماي قالدى ، شۇئانلا كۆڭلەكنى تو-
زەشتۈرۈپ بولۇپ ، قىزىغا بىر يۆگەم يىپ بېرىپ :

— قىزىم ، بۇ يىپنى ئايقۇت ئاناڭغا ئەكىرىپ بەر ، — دەپ
چىقىرىۋەتكەندى .

— سىلەرنى ئاۋارە قىپتۇق ، ئوماق بىلەن ئايقۇت ئۆزىلا
كىرىشىمۇ بولىتتى ، — دېدى تۇردۇش .

كۈنچىققانبەگ تۇردۇشلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ، ئەھۋالنى ئو-
ماق بىلەن ئايقۇتلارغا دەپ قويۇپ ھەم ئۇلارنى ۋاقىت چىقسا يېڭى
يۇرتچاپقانغا بېرىشقا تەكلىپ قىلىپ ، كۆزلەككە يۈرۈپ كەتتى ،
ئالباي ئاقساقال ، ئوماق ، مەھەممەت ئاغا ، ئەزىمباقى ، تۇردۇش ،
يەنە بىرنەچچەيلەن بەگنى مەھەللە سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويغىلى



www.uyghurkitap.com

مېڭىشتى .

ئۆزاتقىلى بارغانلار بەگ بىلەن خوشلىشىپ كېلىۋاتقاندا ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا توختاق ئاتلىق كەلدى . ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئىشىك ئالدىدا يىگىرمىدەك ئادەم ، ئوماققا دەيدىغان گېپىمىز بار ئىدى ، دەپ بولۇپلا كېتىشتۇق ، دەپ سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ ،— دېدى .

— كىملەركەن ؟

— ھېچقايسىسىنى تونۇمايدىكەنمەن .

ئوماق ھەيران قېلىپ ، ئالىباي ئاقساقالغا قاراپ :

— كىملەردۇ ـ ھە ، ماڭا دەيدىغان قانداق گەپتۇ ، قېنى ، ئاڭلاپ باقايلى ، — دېدى ـ دە ، ئېتىنىڭ مېڭىشىنى تېزلەتتى .

ئۇلار كەلگەندە ئوماقنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئەر ـ ئايال تۇراتتى . ئۇلارغا ئايقۇت بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى .

— ھە ، ئوماققا دەيدىغان نېمە گېپىڭلار بار ، قېنى ، دەپ بېقىڭلار ، — دېدى ئالىباي ئاقساقال .

— بىزمۇ كۆچۈپ كەلسەك قوبۇل قىلامدىكىن ، ئوماقتىن مۇشۇنى سورىماقچىدۇق ، — دېدى توپ ئىچىدىكى چوڭ ياشلىق بىر كىشى .

ئالىباي ئاقساقال ئوماققا قارىدى .

— بۇ لوپ دالىسىدا كۆچۈپ كېتىش ـ كۆچۈپ كېلىشنى كىم كىمدىن سوراپ باققان . كۆچۈپ كەلگۈڭلار بولسا كېلىۋەرمەمسىلەر ، يا بۇ يەر مېنىڭ جايىم بولمىسا ، — دېدى ئوماق تۇرغانلارغا قاراپ .

— ياق ، بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ ، — دېدى ھېلىقى كىشى ئاۋازلىق قىلىپ ، — بۇ يەرنى سەن تاللىدىڭ ، سەن ئاچتىڭ ، شۇڭا سېنىڭ ماقۇللۇقۇڭ بولمىسا ، بىز قانداق كېلىمىز .

سوراشتۇرۇۋىدى ، تۇرغانلارنىڭ تولىسىمۇ ئۆزئارا تونۇشمايدىغان سەككىز ـ ئون ئۆيلۈك ئادەملەر ئىكەن .

www.uyghurkitap.com

— كېلىڭلار ، — دېدى ئوماق ، — بۇيەردە ئاچسا ، تېرىسا بولىدىغان ياخشى يەر جىق ئىكەن . قانچە كۆپ كەلسەڭلار شۇنچە ياخشى ، بىز خۇش بولىمىز .

— رەھمەت ساڭا ، ياخشى ئوماق ، — دېدى ھېلىقى كىشى . توپلىشىپ تۇرغانلار : «ياخشى ، ياخشى بولدى» دېيىشىپ خۇشال تارقاشتى .

— گوي - گوي ، — دېدى ئالىباي ئاقساقال ئوماققا ، — بۇ مەھەللەڭلار بىر - ئىككى يىلدا چارا ، كۆزلەك ، تىكەنلىكتىنمۇ ئاۋات بولۇپ كېتەمدۇ ، نىمە .

— ئاۋات بولسۇن ، ھەممە يەر ئاۋات بولۇپ ، كىشىلەر تارقاق ياشاشتىن ، كۆچۈپ يۈرۈشتىن قۇتۇلسۇن .

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئوماقتىن سۆيۈنۈپ كېتىشتى . بولۇپمۇ ، ئۇزۇن يىل يالغۇز ياشىغان مەھەممەت ئاغا ، تۇردۇش ئائىلىسىدىكىلەر ئۆزلىرىنى ۋۇجۇدى بىر ئىللىق سېزىمدىن ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى .

## 9

بۇ يىلقى تېرىلغۇ سەل كېچىكىپ ئاخىرلاشتى . ھەركىم ئۆزىنىڭكىنى ئۆزلىرى قىلىسىمۇ ، بۇلتۇر كەچ كۆزدە ۋە بۇ يىل ئەتىياز بېشىدا كۆچۈپ كەلگەنلەرگە يەر تاللىشىپ بېرىشكە ، بەزى ئېرىقلارنى ئۇزارتىپ چاپقاندىن باشقا يەنە يېڭىدىن ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىشقا توغرا كەلگەچكە ، بۇ ئىشلار خېلى قول تۇتتى . يېڭى كەلگەنلەرنىڭ تېرىقچىلىق دېگەندىن قىلچە خەۋىرى بولمىغاچقا ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ ياردەم بېرىش خۇددى شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك ، ئوماقنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ قېلىپ ، بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى . مەھەممەت ئاغا بىلەن تۇردۇشلارمۇ بوش قالمىدى . ئۇلار ئۆزلۈكىدىنلا ئوماقنىڭ مەسلىھەتچىسى ، قولىغا قول ، پۇتىغا پۇت بولۇپ ، تەڭ جاپا چەكتى . بۇ ئىشلار ياشتا

چوڭقىيىپ قالغان مەھەممەت ئاغىنى چارچاتتىمۇ، ئەتىيازلىق تې-
رىلغۇدىن قول ئۈزۈلۈپ ئانچە ئۆتمەي، بىر ھەپتىدەك ئىلەڭ-
سىلەڭ يۈرۈپ بىراقلا ئورۇن تۇتۇپ ياتتى. خوتۇنى ئايتۇران نېمە
قىلىشنى بىلەلمەي تېنەپلا كەتتى.

يېڭى مەھەللىدىكى كىشىلەر ئىچىدە ئوماق، ئايقۇتلار بۇ
ئەر - خوتۇنلار بىلەن ئەڭ دەسلەپ تونۇشقانىدى. ھاياتىدا پەرۋىش
ئورنىغا زىيادە دەككە - دەشنەم يېگەن، ئېزىلگەن، دىلى سۇنغان،
تەبىئەتتىنمۇ زەربە - سوقمىسىدىن قۇتۇلالمىغان بۇ بىچارىلەرگە
ئۇلار بەك ئىچ ئاغرىتاتتى، كۆيۈنەتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۆزلى-
رىنى ئۇلار بىلەن كىندىكى تۇتاش تەقدىرداشلاردەك، بەلكى
ئاتا - ئانىسىدەك كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەھەممەت ئاغا
ئاغرىپ قېلىۋىدى، ئوماق بىلەن ئايقۇت ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك
بولۇپ كەتتى. تۆمۈر بىلەن ئۆردەكچۇ، بولۇپمۇ ئۆردەك ئۇنىڭ
يېنىدىن نېرى بولمىدى.

— كېيىك كەلدىمۇ؟ — مەھەممەت تاغا سەل ياخشىلىنىپ،
تەكيە - ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغۇدەك بولۇپ قالغان كۈنلىرى-
نىڭ بىرىدە ئۆردەكتىن سورىدى.

— ئەجەب بۈگۈن كېيىكنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

بۇنداق دېگىنى بىلەن ئۆردەك ئۆزىنىڭمۇ كېيىكنى كۆرگۈسى
كەلگەنىدى.

-- كېچە چۈشەپ قاپتىمەن...

بۇ ياشتىكى كېسەل ياتقان ئادەمگە چۈش كۆرگۈدەك ئۇنداق
ئۇزۇن ئۇيقۇ نەدە. بوۋاينىڭ كېيىك بالىسىنى ئوبدان بىر سىلى-
ۋالغۇسى، شۇ ئارقىلىق ئانا كېيىككە ئۆزىنىڭ ناماقۇللۇقىنى
بىلدۈرۈۋالغۇسى بار ئىدى. ئۇ تەگرىدىن ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر
پۇرسەت، ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشنى، مۇشۇنداق قىلىۋالغۇچە-
لىك بولسىمۇ ئۆمۈر بېرىشنى تىلەيتتى.

بىر چىنە بېلىق شورپىسىغا چېلىپ ئەتكەن ئۇجۇل ئۇمىچى
بىلەن بىر دانە پوستلاق كۆتۈرۈپ تۆمۈر كىرىپ كەلدى.

ئايتۇران قۇتقا ئۇجۇل ئۇمچىنى ئىككى چىنىگە بۆلدى ، پوستلاقنى كېسىپ ئىككى قىلدى .

مەھەممەت ئاغا ئۇماچتىن ئۈچ ئوتلىدى ، پوستلاقتىن بىر چىشلەم يېدى .

— خۇداغا شۈكۈر ، — دېدى ئۇ ، — بۈگۈن مۇشۇنچىلىك بىرنېمە يېگۈدەك بوپتىمەن .

— مەھەممەت ئاغا… — ئۆردەك بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ، گېپىنى توختىتىۋالدى .

— ھە ، توختاپ قالدىڭغۇ ، نېمە دېمەكچىدىڭ ، دە ، بالام ، دە .

— ھەلىقى مەتەك پولگان ھەققىدىكى ھېكايەڭنى سۆزلەپ بەرسەڭ بوپتىكەن .

مەھەممەت ئاغا بۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىشكە نەچچە قېتىم تەمشەلگەن ، ئەمدى باشلىشىغا بىرەر ئىش چىقىپ قېلىپ ئېيتالمىغانىدى . «بۇ ھېكايىنى بىلمىگەنلار بەك ئاز ، مۇشۇ ئىككىسىگە ئېيتىپ بەرسەم بولىدۇ ، بۇ ئولتۇرۇشۇم بەلكى مۇشۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈندۇر» دەپ ئويلىدى بوۋاي .

مەھەممەت ئاغا يېنىدىكى ئۇسالىقتىن ئۈچ ئوتلىۋېلىپ ھېكايىنى باشلىدى :

— مەتەك پولگاننىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى بۇللا ، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئايقۇلخان بولۇپ ، ئۇلار ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ كۆزلەك ، تىكەنلىك بىلەن يېڭىسۇ ، ئارغان ئارىلىقىدا ئۇۋچىلىق قىلىپ ئۆتۈپتىكەن . مەتەك پولگانلىقنى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەنىكەن . ئۇ ياش چېغىدىلا پولگانلىقتا شۇنچىلىك ئۇستا بوپتۇكى ، ئوقياسىدىن قۇشنىڭ كۆزىنى چىنەپ ئوق ئۈزسە ، ئوقنى دەل قۇشنىڭ كۆزىگە ، ئىنچىكە پاچىقىنى چېنەپ ئاتسا ، چېنىگەن جايىغا دەل تەگكۈزىدىكەن . ئۇ ئون نەچچە ياش چېغىدا ئاتا ـ ئانىسى كەينى ـ كەينىدىن كېتىپ قېلىپ ، ياش تۇرۇپلا يېتىم بولۇپ قاپتۇ ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر چىلىقىنى يەككۈچە تارتىپتۇ…

ھېكايە ئېيتىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۆيگە ئوماق ، ئايقۇت ، توختاق ، ئايسۇلۇلار بوۋاينى يوقلاپ كىردى . بوۋاي ئورنىدا قىمدىنىپ قويۇپ ، ئۇلارغا پەس ئاۋازدا : «ئولتۇرۇڭلار» دېدى . ئوماق سۇپىغا چىقىپ بوۋاينىڭ ئوڭ تەرىپىدە ، ئايقۇت بۇ تەرىپىدە — سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى . توختاق بىلەن ئايسۇلۇ پەگاھقا قويۇقلۇق دۈشۈلگىدە ئولتۇرۇشتى . تۆمۈر بىلەن ئۆردەك ئولتۇرغان يېرىدە — بوۋاينىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرىۋەردى .

ئوماق بوۋاينىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى . بايا ئېچكەن ئۆجۈل ئۆمىچى ئىككى مەڭزىگە قان يۈگۈرتكەندەك كۆرۈنگەن بىلەن ، يۈزىنىڭ تېرىسى تېگى - تېگىدىن سېرىق ، قارىچۇقى گۈنىسىز ، لېۋى كۆكىرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

— ھېكايەڭنى ئېيتىۋەر ئاغا ، بىزمۇ ئاڭلايلى ، — دېدى ئوماق .

بوۋاي بېشىنى : «ماقۇل»غا لىڭشىتىپ قويۇپ ھېكايىنىڭ داۋامىنى باشلىدى :

— ئۇ ياش تۇرۇپلا تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىنى يەتكۈچە تارتىپتۇ . بېشى قاتقان شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ، ئۇنىڭغا مۇڭداش ، سىرداش بولغانلار ، ھالىدىن خەۋەر ئالغانلار ، ھالاللاشقانلار ئۆزىگە ئوخشاش يېتىم - يېسىرلار ، ئاجىز - ئورۇقلار بوپتۇ ، شۇڭا ئۇۋلاپ كەلگەن جەرەن ، كېيىك ، توشقان ياكى غاز ، ئۆردەك بولامدۇ ، ھەرقانداق نەرسىنى ئالدى بىلەن شۇلارغا بۆلۈپ بېرىپ ، ئۇلاردىن ئاشقىنىنى ئۆزى ئالىدىكەن . بەگ - بايلار ، ئاقساقاللار كېيىك گۆشىنى سېتىپ بەر دېسىمۇ ، قورقۇتۇپ مەجبۇرلىسىمۇ ، ھەرگىز ئۇلارغا سېتىپ بەرمەي ، يەنىلا يېتىملارغا ، ئاجىز - ئورۇق ، ئىگە - چاقىسى يوقلارغا بىكارغا بۆلۈپ بېرىدىكەن . ئۇ يەنە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياساشتىمۇ ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپ تونۇلۇپتۇ . ياغاچتا ياسىلىدىغانلىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇ ياسىيالمايدىغىنى يوق ئىكەن . يېتىم - يېسىر ، ئاجىز - ئورۇقلارنىڭ ، ئىگە - چاقىسى يوق قېرىلارنىڭ چۆمۈچ ، جاۋۇر ، تەڭ-

نە ، چۆچەك ، ھەتتا قوشۇق چاغلىق نەرسىسى يوق بولسا ، بىلگەن ھامان ياساپ بېرىدىكەن ، ھېچنېمە ئالمايدىكەن . ئۇنىڭ مەرگەن- لىكتىكى ئۇستىلىقىغا قاراپ خەق ئۇنى «مەتەك پولگان» دەپ ئاتىسا ، ئاجىزلارغا بولغان مېھرىبان ، مەردلىكىگە قاراپ «مەتەك مەرد» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ ۋە نامى يېقىن - يىراقلارغا تارقىلىپ تونۇق ئادەم بوپتۇ ، ئۇ توغرۇلۇق داستانمۇ توقۇلۇپتۇ .

مەتەك پولگان بىر ئۆمۈر ئەنە شۇنداق ئاجىز ، يېتىم - يېسىرلارنىڭ غېمىنى يەپ ، ئۆۋەكسىزلەرگە ئۆۋەك بولۇپ ، ئۇلار- نىڭ سۇنۇق ، يېرىم كۆڭلىنى پۈتۈنلەپ ئۆتۈپتۇ . بۇنىڭغا سەك- سەن ، توقسان يىل بولغان بولسىمۇ ، كىشىلەر ئۇنى ھازىرغىچە ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يادلاپ كېلىۋاتىدۇ...

بوۋاينىڭ ھېكايىسى تەبىئەتتىدىن باغرى يۇمشاق بۇ كىشىلەر- گە ئاجايىپ تەسىر قىلدى . ئۇلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ ، ھەرقايسىسىنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان سادالار ئەكس ئېتىپ جاراڭلىماقتا ئىدى . ئوماق بىلەن توختاق : «بىچارە ، ئۇۋچىلىق قىلىمەن دەپ بىر ئۆمۈر جاڭگالدىن كەلمەي ئۆتۈپتىكەن - دە» دەپ ئويلىغان بولسا ، ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇ تەقدىرنىڭ ئۇنى بالا چېغىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىپ يېتىملىك چۆلىگە تاشلىغىنى يەتمىگەندەك ، كېيىن ئۇ ئاران بىر ئۆيلەنگەندە ئىچى تارلىق قىلغاندەك ئايلىنىمۇ ئېلىپ كېتىپ ، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر بويتاقلىق باياۋىنىدا قالغىنىغا ئىچ ئاغرىتىپ : «جاھاننىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمىگەن بىچارە» دەپ ئويلايتتى . تۆمۈر بىلەن ئۆر- دەك بولسا : «بىزمۇ مەتەك پولگاندەك مەرگەنلىكتە تونۇلۇپ ، كى- شىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ ئۆتسەك...» دەپ ئويلايتتى...

ئۆيگە تۆردۆش كىرىپ كەلدى . ئۇ بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى ، چىرايىغا قارىدى . بوۋاينىڭ باياتىن ئولتۇ- رۇپ بېلى تالغان چېغى ، يېنىغا قىيسايدى . ئوماق بىلەن ئايقۇت تەكىيە ، ياستۇقىنى ئوڭشاپ ياتقۇزۇپ قويدى . ئايتۇرغان قۇتقا يېڭىدىن ئۇسسۇزلۇق قىلىپ كىردى . بوۋاينىڭ ھالىغا قاراپ مو-

ماينىڭمۇ كۆڭۈل تۈۋرۈكى ئېگىلىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .
— چارىدىن ئادەم كەلدى ، — دېدى تۇردۇش ئۇماققا قاراپ پەس ئاۋازدا ، — ئالىباي ئاقساقال ئەۋەتىپتۇ ، سىنى پاتراق كەلسۇن دەپتۇ .
— نېمىشقا چاقىرتقانلىقىنى دېمىدىمۇ ؟
— ياق .
— كەلگەن ئادەم قېنى ؟
— بىزنىڭ ئۆيدە قالدى .
ئۇماق مەھەممەت مەرگەنگە ، ئاندىن ئايتۇرغان قۇتقا ۋە ئايقۇتقا قاراپ قويۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى ، كەينىدىن ئايقۇتمۇ ماڭدى . توختاق بىلەن ئايسۇلۇ : «نېمە بولغاندۇ » دېيىشكەندەك بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى .
ئۇماقنى چاقىرغىلى كەلگەن ياش بىر يىگىت بولۇپ ، نېمىشقا چاقىرتقانلىقىنى بىلمەيمەن دېگەن بولسىمۇ ، چىرايىدىن ، كۆزىدىن بىر خىل جىددىيچىلىك ، ساراسىمە ئەلەڭلاپلا تۇراتتى . يېنىدا تۇرغانلارغا ئېيتمىغىنى بىلەن ، ئۇماقمۇ ئىچىدە ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى .
ئۇماق ئائىلىدىكى ئىشلارنى ئايقۇتقا تاپىلىدى . تۇردۇش بىلەن ئىككىسىگە مەھەممەت ئاغىغا ئوبدان قاراشنى ، تاشلىۋەتمەسلىكنى ، ئەگەر كەچكىچە كېلەلمىگۈدەك بولسا ، توختاق بىلەن يەنە بىرەيلەننىڭ ھەمراھ بولۇپ يېتىشىنى ، بىرەر ئەھۋال كۆرۈلسە دەرھال ئادەم ماڭدۇرۇشنى جېكىلەپ قويۇپ ، كەلگەن يىگىت بىلەن چارىغا يۈرۈپ كەتتى . بۇ چاغدا تېخى چۈش بولمىغانىدى .
ئۇماق نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي ماڭغانىدى . ئەزىمباقىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ، ھېلىقى يىگىت :
— ئاقساقال ئاغامىمۇ ، مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ ھەممىسى ئەزىمباقى تاغامنىڭكىدە ، — دەپلا ئاتتىن چۈشتى .
ئۇماقمۇ ئاتتىن چۈشۈپ چۇلۋۇر - تىزگىنىنى ھېلىقى يىگىتكە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى . ئۇ ئۆيدە بىر توپ

چوڭلارنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى .

— كەلدىڭمۇ ئوماق ، سۈپىغا چىق ، — بۇ ئالىباي ئاقساقالنىڭ ئاۋازى ئىدى .

پەگاھدا تۇرغانلار ، سۇپىدا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭغا يول بەردى . ئەزىمباقى سۇپىدا ئىڭراپ ياتاتتى . ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە قىپقىزىل قانغا بويالغان لاتىلار تۇراتتى . ئوماق ئەزىمباقىنىڭ يېنىغا كەلدى .

— پاچىقىنى يولۋاس چاينىۋېتىپتۇ ، قىلمىغىنىمىز قالمىدى ، قاننى توختىتالمىدۇق ، — دېدى ئالىباي ئاقساقال .

— دىلپار يوپۇرمىقى چاپلىمىدىڭلارمۇ ؟

— قاراپ باق ، دىلپار يوپۇرمىقى چاپلىغىلى بولامدىكەن .

ئوماق پاچاقنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويغان قانغا بويالغان لاتىنى قايرىپ قاراپلا كۆڭلى بۆلەكچە بولۇپ قالدى . پاچاقنىڭ ئۈستىدىنى چوڭ ـ چوڭ بولۇپ كەتكەن بولۇپ ، گۆشلىرىمۇ تىتىلىپ كەتكەنىدى . قاننى توختىتىشنىڭ ھېچبىر ئامالىنى قىلىشالماي ، تىزىنىڭ سەل ئۈستىدىن تىپلاڭ تانا بىلەن چىڭ بوغۇۋەتكەنىدى . بىر ھارۋا قۇرۇق ، دىلپار يوپۇرمىقى تېپىپ كېلىپ كۆيدۈرۈپ كۈلىنى بېسىپ بېقىپتۇ . كىم نېمە دېسە شۇنى قىپتۇ بولمىسا . قان يەنىلا بۇژۇلداپ چىقىپ تۇراتتى . ئەتراپتىكىلەر ئامالسىز قاراپ تۇرۇشاتتى . ئەزىمباقىنىڭ چىرايى قانسىراۋاتقان ئۆپكە رەڭگىگە كىرىپ قالغانىدى .

— ئەزىمباقىنىڭ ساڭا دەيدىغان مۇھىم بىر گېپى بار ئىكەندۇق ، سېنى شۇنىڭغا چاقىرتقان ، — دېدى ئالىباي ئاقساقال .

— ماڭا دەيدىغان نېمە گېپىڭ بار ئىدى ، — ئوماق ئەزىمباقىنىڭ باش تەرىپىگە سۈرۈلدى ، — قېنى دېگىنە .

ئەزىمباقى ئوماقنىڭ ئوڭ قولىنى تۇتۇپ ئىككى قولى ئارىسىغا ئالدى .

— تۇلەمخاننى چاقىرىڭلار ، كىرسۇن ، — دېدى ئاقساقال ئۈنلۈك قىلىپ .

تۆلەمخان ئېرىگە قاراپ ئۆكسۈپ يىغلاپ سۆيىغا يېقىن كېلىپ تۇردى.

— ئوماق، — ئەزىمباقى گەپ باشلىدى، ئاۋازى پەس بولۇش بىلەن يەنە دەمسىقما كېسەلى ئېغىر ئادەمنىڭكىدەك ئۈنى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقىۋاتاتتى، — مەن بولالمايۋاتىمەن. قان چىقتى، جان چىقتى دېگەن گەپ. قېنىم - جېنىمنىڭ تولىسى چىقىپ كېتىپ، ئازلا قىسمى قالدى. سەندىن ئۆتۈنۈشۈم، قىزىم دۆلەتخاننى بالا قىلىۋالساڭ، ئۇنى ساڭا تاپشۇرسام، ئوغلۇڭ ئۆردەككە قوشتۇلۇق قىلىۋالغىن. سەندىن بىردىنبىر ئۆتىنىدىغىنىم مۇشۇ، — دېدى.

ئەزىمباقىنىڭ گېپىدىن ئوماق ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى ھەم ئۇنىڭغا تاسادىپىي تۇيۇلمىدى. چۈنكى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بولۇنغان گەپ ئىدى. تۆمۈرنىڭ ئىشىدىن كېيىن ئۇلار مۇشۇنداق قىلماق بولغانىدى.

— بولىدۇ، — دېدى ئوماق ئەزىمباقىغا، ئاندىن تۆلەمخانغا قاراپ، — قىزىڭلار دۆلەتخان بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ بالىمىز، ئوغلىمىز ئۆردەكنىڭ قوشتۇلۇقى بولسۇن.

كۆپچىلىك: «ئالقادايمىز ئالقادايمىز، ياخشى بولدى» دېيىشتى.

ئەزىمباقى گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا ئۆيگە توختاق كىرىپ كەلدى. ئوغلىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئوماق جىددىيلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ پەسكە چۈشتى.

— نېمە بولدى، نېمىگە كەلدىڭ؟

— مەھەممەت ئاغىنىڭ ساڭىلا دەپ بېرىدىغان بىر گېپى بار ئىكەن، ئانام سېنى دەرھال كەلسۇن دەيدۇ.

— مەھەممەت مەرگەن ئاغا ئېغىر كېسەل ئىدى، — دېدى ئوماق كۆپچىلىككە.

— ئۇنداق بولسا تېز ماڭ، — دېدى ئەزىمباقى، — مېنىڭ كۆڭلۈم تىندى. مەھەممەت ئاغىنىڭ كۆزى ئوچۇق كەتمىسۇن،

گېپىنى ئاڭلىۋال . ئۇ جىق ئىشنى بىلىدىغان ئادەم .

ئالىباي ئاقساقالمۇ : «بۇ يەردىكى ئىشلارغا بىز بار ، سەن تېز ماڭ» دەپ ئۇماقنى مېڭىشقا ئالدىراتتى .

ئۇماق ئەزىمباقى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتى . «مەھەممەت ئاغىنىڭ ماڭىلا دەيدىغان نېمە گېپى باردۇ» دەپ ئويلىدى ، نېمە دەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلالمىدى ، ئۇزەڭگىگە پۇتىنى قويۇش بىلەن تەڭ قامچىسى كۆتۈرۈلدى .

## توٴتىنچى باب

# يۇرت ئاتىسىنىڭ كەچۇرمىشلىرى

### (ئۇنداق ـ بۇنداق ئىشلار)

*يۇرت بېشىسەن ، بېولكى شۇنداق باش ،*
*ئەزايۇ تەن جانلانسۇن سەندىن .*
*بۇگۇنوڭدىن پارلانسۇن ئەتەڭ ،*
*ئۆگۈنوڭ باي بولسۇن ئەتەڭدىن .*

— خاتىرەمدىن .

**1**

سۇكۇتكە چۆمگەندەك ئېغىر تىنىپ ياتقان يەنە شۇ ماڭسا ـ ماڭسا توٴگىمەس پايانسىز قۇملۇق . قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىرىدىكى پەسلىك ۋە ئازگاللاردا بىرەن ـ سىرەن ئۇنۇپ قالغان ، نەملىككە تەشنالىقتىن يېشىغا يەتمەي شاخاراشقا باشلىغان يۇلغۇن ، چاكاندا ، قاغدانلار ھالاكەتلىك ئۆلۈم ۋەھىمىسى پۇراپ تۇرىدىغان بۇ چەكسىز جەزىرە قۇملۇقتىكى بىردىنبىر ھاياتلىق .

ئاسمان چوغ ، قۇملۇق قوغ . بىرى توٴگىگە ، بىرى ئاتقا مىنـ. گەن ئىككى ئادەم بىر كالىنى ئالدىغا سېلىپ كەلمەكتە . توٴگىگە مىنگىنى تورقا تالاسىدا توقۇلغان كەڭ ئەنلىك بەلۋېغىنىڭ بىر ئۇچىدا توختىماي پېشانە ـ يۈزىنى ، بوينىنى ، پاتىڭىنى ئېرتماقتا .

ئۇ زىيادە سەمرىپ كەتكەن بولغاچقا ، قۇملۇقنىڭ ئوتلۇق ئالقۇنىغا ئاران پايلىماقتا ئىدى . تۆگىنىڭ ئۇستۈنكى ئۇزۇن كالپۇكى تېخىمۇ ئۇزىراپ ساڭگىلاپ قالغانىدى . ئەسلىدە ئىسسىق قانلىق ، ئىسسىقتا چىدامسىز ئاتنىڭ ھەربىر تۈكىدىن مىڭلاپ تامچە تەر تەپچىۋاتقاندەك چىپ - چىپ سۇ بولۇپ كەتكەنىدى ، ھالسىزلىقتىن بۇرۇن پەردەكلىرى كېڭىيىپ ، تىنىقى تېزلەپ ، ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ئايىغىنى ئاران يۆتكەيتتى .

— تېيىق ، تۆرەپ قالدۇقمۇ نېمە ، قۇمدا ماڭغىلى ئۈچ كۈن بولدى ، تېخىچە قۇملۇقتىن چىقىپ بولالمايمىزغۇ ؟ — دېدى سېمىز كىشى ياندىشىپ مېڭىۋاتقان ئاتلىققا .

— مەنمۇ نەگە كېلىپ قالغىنىمىزنى بىلەلمەيلا قالدىم . مەن بۇ قۇملۇقتا...

تېيىقنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى ، ئالدى تەرەپ ئۇپۇقتىكى ۋىل - ۋىل قىلغان ئالقۇن ئىچىدە سايىدەك بىر نەرسە پەيدا بولۇپ بۇلار تەرەپكە ئاستا سىلجىپ كېلىشكە باشلىدى . سايە يېقىنلىغانسېرى سۈزۈلۈپ ئادەم شەكلىگە كىرمەكتە ئىدى . كەڭ مەيدىسىنى يېپىپ كىندىكىگىچە چۈشۈپ تۇرغان تال - تال ئاپئاق ساقال ، ئوتتەك چاقناپ تۇرغان نۇرانە كۆز ، كۆزگە بوستان بولۇپ سايە تاشلاپ تۇرغان ئۆسكىلەك قاش...

— ۋوي ، قالاچ قاناقاغۇ ، نەگە بارغان ؟

— ئۆزۈڭچۇ ، بەگ ، نەگە بارغان ، نەگە كېتىۋاتىسەن ؟

— قاقشاللىققا بارغان ، جاھانسايغا كېتىۋاتىمەن .

— قاقشاللىققا دېگىن ، نېمىگە بارغان ؟

— ئوماقتىن ئۇ يەردە چوڭ بىر ماقاتلىق بار ئىكەن دەپ ئاڭلاپ ، كۆرۈپ باقاي دەپ بارغان .

— كۆرۈپ باقاي دەپ ، دېگىن . جاھانسايغا نېمىگە بارىسەن ؟

— نۇرمەت دادامنىڭ ئاگايىنى يوقلىغاچ ، ئانا يۇرتۇمنى كۆرۈپ كېلەي دېدىم . جاھانساي بىلەن يەنە نەدۇ مەن بىلمەيدىغان بىر ئەسكىلىكلەر پات - پات چۈشۈمگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى .

قالاچ قاناقا ئەپسۇسلانغاندەك قىلىپ بېشىنى ئىرغىتتى ، قو-
شۇمىسى تۈرۈلدى ، ئادىتى بويىچە يىراق - يىراقلارغا قارىدى ،
خىيالغا چۆكتى ، ئاندىن يەنە نەزىرىنى كۈنچىققانبەگكە ئاغدۇرۇپ :
— سەن ئۆزۈڭنى جاھانسايلىق دەپلا بىلىسەن . جاھانبەگ
ئاتاڭمۇ شۇنداق دەيتتى . سەن يىراق ئاتا - بوۋىلىرىڭنىڭ نەدە ،
قانداق ياشىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ باقتىڭمۇ ؟ سەنلا ئەمەس ،
بوۋا - ئۇغۇشلىرىڭمۇ[1] سۈرۈشتە قىلىپ باقمىغان . سۈرۈشتە قى-
لىش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمىگەن .
— يىراق ئۇغۇشلىرىمنىڭ ئانا يۇرتى جاھانساي ئەمەسما ؟
— ئەمەس . «جاھان» دېگەن سۆزدىنمۇ بىلمىدىڭمۇ ؟ «جا-
ھان» ، سەن بىزنىڭ ئۆز تىلىمىز ئەمەس . كېيىنكى ئۇغۇشلارغا
پارس دەپ ئاتىلىدىغان يات ئۇلۇستىن سىڭىپ قالغان سۆز .
— ئۇنداق بولسا ، ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ ئەسلىي ئانا يۇرتى
قەيەر ؟
— ئۇ تەرەپكە ئۆزۈڭمۇ بىرنەچچە قېتىم بارغان .
— مەن بارغان ! — كۈنچىققانبەگ قالاچ قاناقانىڭ ئاغزىغا
قاراپلا قالدى ، — ئېيتقىنا قاناقا ، ئۇ زادى قەيەر ؟
— كۆلشەھەر .
— كۆلشەھەر ؟ !
— ھەئە .
— ئۇ بىر ۋەيرانە يەرغۇ .
— ھازىر شۇنداق . بۇرۇن ئۇ يەر ناھايىتى ئاۋات ، گۈللەن-
گەن ، يېشىللىق بىلەن تولغان ، قوشنا ئەل خان - خاقانلىرىنىڭ
كۆزىنى قىزارتىدىغان شەھەر ئىكەندۇق . ئۇ چاغدا يۇرتىنىڭ سۇ ،
ئورمان ۋە باشقا تۈرلۈك قانۇنلىرى بولغانىكەن . مىسالەن ، كىمدە
كىم بىر تۈپ دەرەخنى كەسسە ، ھەتتا دەرەخنىڭ بىر تال شېخىنى
كەسسە ، ئۆلتۈرۈشمۇ قانۇنىي جازا بېرىلەركەندۇق . يىللار ، ئە-
سىرلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ خان - خاقانلار ھوقۇقتا مۇستە-

[1] ئۇغۇش — ئەجداد .

www.uyghurkitap.com

بىتلىشىپ ، يۈرتنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىنى كۆزگە ئىلماي ئىختىـ
يارىيچە ئىش قىلىدىغان بوپتۇ . بىر ـ بىرىگە كۆزكۆتمە قىلىش
ئۇچۇن دەل ـ دەرەخلەرنى خالىغانچە كەستۇرۇپ ئۇردا، سارايـ
قەسىرلەرنى ياسىتىپتۇ . هوقۇق ئاتىدىن بالىغا قالىدىغان بولغانـ
سىرى ، دېگىنى دېگەن ، قىلغىنى قىلغان بولۇپ ، كۆركۆتمىچىلىك
تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ ، بالا ئاتىدىن ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ دەبدەگەيـ
لەيدىغان بولۇشۇپتۇ .

يۇرتنىڭ چوڭ ئاتىسىنىڭ قىلمىشلىرىدىن تۆۋەندىكى قاتلامـ
مۇقاتلام بەگ ، ئاقساقال ، يايلارمۇ ئۆگىنىپ ، ئادەتتىكى ئۆيلەرـ
نىمۇ بەس ـ بەستە ھەشەمەتلىك سالىدىغان بوپتۇ . ياخشى ، ئۇنۇمـ
لۇك ، مۇنبەت يەرلەرنى تالىشىپ ئىگىلىشىپ قوش ـ قوشلاپ
ئارامگاھلارنى ياستىپتۇ . خان ـ خاقانلار ، بەگ ـ ئاقساقاللار
ئۆزلىرىنىڭ ئەيش ـ ئىشرىتى ، دەۋرانى بىلەنلا بولۇپ قارامچى
پۇقرالار بىلەن كارى بولماپتۇ . پۇقرالار بەگ ، ئاقساقاللارنىڭ
كۆزى كۆرگەن ، بىلگەن قىلمىشلىرىنى ئايانلاپ يۇقىرىدىكىلەرگە
ئەرزلەرنى يوللاپتۇ . يۇقىرى ـ تۆۋەن ھاكىمبەگلەر گۆش بىلەن
ياغ بولۇشۇپ گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇ زاماندا ، «كالىنىڭ مۈڭگۈزىـ
گە ئۇرسا ، تۇۋىقى سىرقىراپتۇ» ، «قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇـ
ماس» دېگەندەك ، ئادەتتىكى مەھەللە ئاقساقىلى ئۈستىدىن قىلىنـ
غان ئەرز خان ـ خاقانىنىڭ يۈرىكىنى سىرقىرىتىدىكەن ـ دە ،
«ئەرزنى ئوبدان سوراپ قويۇڭلار» دەپ ، يارلىق بىلەن قوشۇپ
ئەرز قىلىنغۇچىغا قايتۇرۇۋېتىدىكەن . ئۇنداق ئەرزلەرنى شۇنداق
سورايدىغان بوپتۇكى ، دېگەننىڭ تىلىنى كېسىدىغان ، كۆرگەننىڭ
كۆزىنى ئويىدىغان بوپتۇ . خەلق قاقشايدىكەن ، زارلايدىكەن ، ئەمما
ئۇنىڭغا قۇلاق سالىدىغان ئادەم چىقمايدىكەن . قىلمىشلار ئاۋۇغانـ
سىرى تىرىم يەرلەر قالمايۋېتىپتۇ . ئورمانلار ، باغلار كېسىلىپ
تۈگەۋېتىپتۇ ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر تىندۇرۇلۇپتۇ ، سۇلارغا
قان ـ يىرىڭ ئارىلىشىپ بۇلغىنىپتۇ . بىر ئېغىز گەپ خان ـ
خاقانلار ، بەگ ـ ئاقساقاللار ھەددىدىن ئېشىپ تەڭرى ئىرادىسى

بىلەن قارىنىشىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن يەر ، سۇ ، باغ ـ ئورمان تەڭرىدىچىلىرىنىڭ غەزىپى تۇتۇپتۇ . بۇ تەڭرىچىلەر بىرلىشىپ ئۇ قىلمىشچىلارغا قۇمغا باستۇرۇش جازاسى بېرىپ ، كۆكتىن قۇم ياغدۇرۇپتۇ . ئۇجماق[1] زېمىن هالاكەتلىك قۇم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ .

— ئاندىن قانداق بوپتۇ ، ئادەملەرچۇ ؟

— دېدىمغۇ ، ئېتىز ـ ئېرىق ، باغ ـ ئورمان ، يايلاقلار قۇم ئاستىدا قاپتۇ . ئېقىش يولىنى قۇم باسقان دەريالار باشقا تامانغا ئېقىن يولى ئېچىپ يۆتكىلىپ كېتىپتۇ . قۇم ئاپىتىدىن هايات قالغان كىشىلەر هاياتلىق يولى ئىزدەپ ، دەريا ، سۇ قوغلىشىپ تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كېتىپتۇ . كۆلشەهىرىنىڭ ئاساسىي ئاهالىلىرىدىن بولغان ئابدال قەبىلىسى سېنىڭ بىر ئۇغۇشۇڭنىڭ باشچىلىقىدا تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپتۇ ، مېڭىپتۇ ، ئاخىرى مىرەن دەرياسىغا ئۇلىشىپ ، دەريا بويىنى ماكان تۇتۇپ ئورۇنلىشىپتۇ . بۇ ، كۆپ بۇرۇنقى زاماندا بولغان ئىش ئىكەن .

— قاناقا ، بۇ ئىشلارنى ماڭا نېمىشكە بۇرۇن دېمىدىڭ ؟

— بۇ ئىشلارنى مەن شۇنداقمىكىن دەپ قىياسلا قىلغان ، ئېنىق بىلمەيتتىم ، يېقىندا تۇنجى قالاچ بوۋام چۈشۈمدە ماڭا ئېيتىپ بەرگەندىلا بىلدىم .

— قالاچ بوۋاڭ يەنە نېمىلەرنى دېدى ؟

— قۇم ئاپىتىدىن ئامان قالغان كىشىلەر كۆلشەهىرىدىن سۇ قوغلىشىپ قەبىلە ، جەمەت ۋە بەزىلىرى ئائىلە بويىچە شۇ تارقىلىپ كەتكەنچە ئىككىنچىلەپ يۇرت بولۇپ ئۇيۇشالماپتۇ . دەريا ـ ئېقىنلارمۇ مۇقىم بىر ئىزدا ئاقماي ، پات ـ پات يولىنى ئۆزگەرتىپ يۆتكىلىپ ئاقىدىغان بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرمۇ سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈشكە كۆنۈپ قېلىپ ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش ، قۇدۇق كولاش ، تېرىقچىلىق قىلىش دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپتۇ . ئۇلار كۆچۈپلا يۈرگەچكە ، ئىلگىرىكىدەك تام ئۆي سېلىشنى تاشلاپ ، دەرەخنى كېسىپ كېلىپ تىكلەپ تىزىپلا ئۆي

[1] ئۇجماق — جەننەت .

قىلىۋالىدىغان ، دەرەخ يوق جايدا قومۇش ، يېكەن ، يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن ساتما - سۆرۈ ياسىۋالىدىغان ئوڭاي يولغا كىرىۋاپتۇ . كۆچمەكچى بولسا ، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ ئۆي - ساتمىلىرىنى شۇ پېتى تاشلاپ ، بارغان يېرىدە نېمە بولسا شۇنىڭ بىلەن — دەرەخ بولسا ياغاچتا ، قومۇش بولسا قومۇشتا... ئۆي ياساپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كېتىپتۇ . كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكەنسېرى تېرىقچىلىق ، تام ئۆي دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغانلا بوپتۇ . يېمەكلىكى ئاساسەن بېلىق ، ئاندىن قالسا گۆش ، ئۈجمۇل تالقىنى ، ھەر خىل قۇشلارنىڭ تۇخۇمى ۋە باشقا نەرسىلەر بوپتۇ . ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا بېلىقچىلىقتىن قالسىلا ئوۋچىلىق ، ئاندىن چارۋىچىلىق ئاساسىي كەسىپ ئىكەن .

قۇم ئاپتىدىن بۇرۇن بۇ زېمىندا دەرەخلەرنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىكەندۇق . بىر قىسىم دەرەخلەر قۇم ئاپتىدە يوقىلىپتۇ ، يەنە بىر قىسىملىرى قۇملۇق تومۇزىنىڭ تونۇر تەپتى ئىسسىقىغا ، بەزىلىرى قۇرغاقچىلىقتا پايلىيالماي بىر - بىرلەپ شاللىنىپ ، يوقىلىپ كېتىپ ، پەقەت توغراقلا ھاياتىيلىقى ، ئۆلمەس ، يوقالماس روھتەك قەيسەرلىكى بىلەنلا ھازىرغىچە بىز — لوپلۇقلار بىلەن قىسمەتداش بولۇپ ياشاۋاتىدۇ .

— ئابداللار ، مېنىڭ بوۋا - ئۇغۇشلىرىمنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى توغرىسىدا يەنە نېمىلەرنى بىلىسەن قاناقا ؟

— باشقا لوپلۇقلارنىڭ قىسمەت - كۈنلىرى قانداق بولسا ، سىلەرنىڭمۇ شۇنداق بولدى . كۆلشەھىرىدىن مىرەن دەرياسى بويىغا ، ئاندىن كونا - يېڭى ئابدالغا ، كونا يۇرتچاپقانغا ، ئاخىرىدا ھازىرقى يېڭى يۇرتچاپقانغا كۆچتۇقلار . سىلەرنىڭ بەگ جەمەتىڭلەرگە كەلسەك ، «بەگ» دېگەن نامىڭلارلا بولدى . بەگلىكىنىڭ ئاددىي قائىدە - بەلگىلىرىمۇ يوق ، ئاقساقاللار زادى نېمىش قىلىدۇ ؟ ئاقساقاللارنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ ، سەنمۇ بىلمەيسەن ، ئابداللار مىرەن دەرياسى — جاھانساي بويىدا ، قارا قوشۇن كۆلى بويىدا ياشىغاندىن بۇيان ، بىرەر تال دان تېرىپ ، بىرەر تۈپ دەرەخ تىكىپ

باقتىڭلارمۇ ؟ ! لېكىن كەسكەن توغراقلىرىڭلارنىڭ سانى قانچىلىك. تۇ ؟ بۇ جەھەتتە سەن ئاشۇ ئوماقچىلىكمۇ بولالمىدىڭ !

— يەنچۇ ؟ — كۇنچىققانبەگنىڭ قالاچ قاناقا ئالدىدا ئوماقچىلىكمۇ بولالمايۋاتقانلىقىغا كۆڭلى باشقىچە بولۇپ قالدى .

— ئېيتىپ باقە ، بەگ ، سەن باشقىلارنى يەر تېرىشقا ئۈيۈشتۇرۇش توگۇل ، ئۆزۈڭ بىرەر تال دان تېرىپ باقتىڭمۇ ؟ ئەجداد بوۋىلار ئىزلىرى توغرىسىدا ئويلىنىپ باقتىڭمۇ ؟ يەر ئاستىدىن چىققان كەتمەنگە نەزەر كۆزۈڭنى سېلىپ باقتىڭمۇ ؟...

— كۇنچىققان ، ۋۇي كۇنچىققان ، نېمە بولدىڭىز ، جۆيلۈۋاتىسىز غۇ .

كۇنچىققانبەگ ئايلى ئاقئۇلامنىڭ توۋلاپ تۇرتۇشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى ، ۋاقىت تېخى ئورۇندىن تۇرغۇدەك چاغ بولمىغانىدى .

— نېمە ؟ مەن جۆيلۈدۈمما ؟ گەپ قىلدىمما ؟

— قاناقا ، ئوماق ، قاناقا دەپلا كەتتىڭىز . قالاچ قاناقانى چۈشەپ قالدىڭىزمۇ نېمە ؟

كۇنچىققانبەگ چۈشىدە قالاچ قاناقانى كۆرگەنلىكىنى ، ئۇنىڭ بىلەن خېلى پاراڭلاشقانلىقىنى ئېسىگە ئالالىدىيۇ ، ئەمما نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى . پەقەت ئاتا - بوۋاڭ ، ئانا يۇرتۇڭ ، ئاپەت ، كۆچۈش ، ئۇغۇشلار ئىزى ، كەتمەن ، ئوماق دېگەندەك تومتاق ، ئۇزۇك - ئۇزۇك بىرنەچچە سۆزلەرنى ئەسلىيەلىدى . ئەمما قالاچ قاناقا ئۇنىڭغا جىق گەپلەرنى قىلغانىدى . قالاچ قاناقا نېمىلەرنى دېگەن بولغىيدى ؟ كۇنچىققانبەگ ئۇ گەپلەرنى ئېسىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا چۆكتى .

## 2

تۇلەك بوۋا ئۆيگە كىرگەندە ، ئاقئۇلام ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ توخشۇرغۇچنىڭ بىلەن ئوت كوچىلاپ ئولتۇراتتى . تۇلەك

بوۋىنىڭ ھاسىسىنى پالتۇكقا يېنىك ئۇرۇپ قويغىنىدىن ئۆيگە ئادەم كىرگىنىنى بىلىپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۇ تۆلەك بوۋىنى كۆرۈپ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ ئېگىلىپ سالام قىلدى . ئاقئۇلام بوۋايغا پەرىشان ، غەمكىن كۆرۈندى. كۆزى ياش بولۇتلىرى قاپلىۋالغاندەك غىلىيىپ ، جاپقاراشلىق[1] ئىدى .

— نېمە بولدۇڭ ئۇلام ، جاپقاراشىپ قاپسەنغۇ ، ئەتىگەندىلا كۈنچىققانبەگ بىلەن گەپ تەگىشىپ قالدىڭلارمۇ نېمە ؟

ئاقئۇلام جاۋاب بېرىش ئورنىغا كۆزى بىلەن ئىچكەركى ئۆيىنى ئىمالاپ ، بىگىز بارمىقىنى ئاغزىغا بېسىپ قويۇپ ، تۆلەك بوۋىنى سۇپا تەرەپكە تارتتى .

— توختى ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا تىكەنلىك تەرەپكە بېرىپ كېلەي دەپ كەتكەن ، ئۇ يەردىن ئوۋچىلار بىلەن سىگىر تېغىغا كېتىپتىكەن . ئاتىسى مۇشۇنداق ياتسا ، ئاتىسىنىمۇ ، ئىككى بالىسى بىلەن خوتۇنىنى تاشلاپ تورپانغا كېتىپتۇ .

— نېمىشقا كېتىپتۇ ؟

— بىلمىدىم ، كەتكىنىنىمۇ ئالدىنقى كۈنى ئۇقتۇم .

— كۈنچىققانبەگ بىلەمدۇ ؟

— بىلمەيدۇ ، ئېيتمىدىم . قانداق دەيمەن .

— جانقۇلۇ باردۇ ؟

— ئۇمۇ يوق . ئوماقىنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلەي دەپ خوتۇن - باللىرىنى ئېلىپ ئاكىسى ماڭغان كۈنى ئۇمۇ بىللە ماڭغان .

— ئۇ ھازىر نەدىكەن ؟

— ئوماقلارنىڭ يېنىدا ئىكەن . ماڭغان ئادەملەردىن دەرھال قايتىپ كەلسۇن دەپ ئېيتىپ بەردىم .

تۆلەك بوۋا خىيالغا چۆشكەندەك بولدى . ئۇ توختى توغرۇلۇق ئويلانماقتا ئىدى . يېڭى يۇرتچاپقاننى قۇرۇش مەزگىلىدە ، ئۇ ھەدې-

---

[1] جاپقاراش — غەم - پەرىشانلىق .

سىلا كورلا ، خوتەن تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىۋالاتتى . ئۇلارنىڭ ئەزان ئېيتىشىغا ، ناماز ئوقۇشىغا ، نامازدا ۋە ناماز ئاخىرىدىكى قىرائەت قىلىشىغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ ، ئاڭلاپ تۇرۇپ كېتەتتى . بىر قېتىم ئۇنىڭ خالىي يەردە ئۇلارنى دوراپ قولاق تۇتۇپ تۇرغىنىنى ، ئېڭىشكىنىنى ، يەرگە باش قويۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالغانىدى . «بوپتۇ ، — دەپ ئويلىغانىدى تولەك بوۋا ، — ئارىمىزدىن مۇشۇ بولسىمۇ دىنىدىن سىرتىغ تېپىپ يۇرتنى باشلىسۇن . قىسقىسى ، بىراۋ ئۆلسە بىز نامىزىنى چۈشۈرۈشنىمۇ بىلمىسەك ، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە نامىزى چۈشۈرۈلمىگەن ئادەم ئۇ ئالەمدە دەۋزىقى بولۇپ ، مۇيات[1] كۆيۈپ ئۆتەر ئىكەن . مەنمۇ يىلدىن - يىلغا ئاجىزلاپ قېلىۋاتىمەن . مانا ھاسىغا چۈشۈپ قالغىلى ئىككى يىل بولۇپ قالدى... ئۇ تۇرپانغا نېمىگە بارغانكىنە . بەگ بۇنداق ئەھۋالدا ياتقاندا ، بالىنىڭ چوڭى بولغاندىكىن ئاتىسىنىڭ يېنىدا بولسا بوپتىكەن» .

بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا ، كۇنچىققانبەگ كونا ئابدال بىلەن قارا قوشۇنلۇقلار مەھەللىسىنى كۆرۈپ كەلگەچ ، چەپەر ئوماقتا ياساپ بەرگەن كىمىدە ئۈزۈپ كۆل تاماشىسى قىلماقچى بولۇپ قالدى . كۇنچىققانبەگنىڭ هارۋىدا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، قېرىپ قالدىم دەپ مەھەللىدىن چىقمىغىلى ئون نەچچە يىل بولغان تولەك بوۋا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلغان مەھەللىسىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ كۇنچىققانبەگ بىلەن بىرگە بارغانىدى . ئات بىلەن ئادەتتىكى مېڭىشتا ماڭسا ئىككى كۈندە بارىدىغان يەرگە هارۋىدا ئالتە يېرىم كۈندە بارغان .

بۇ قۇملۇق كىشىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى هارۋا ياساش ئۇسۇلىمۇ ، هارۋىنىڭ شەكلىمۇ ئۆزگىچە . هارۋىنىڭ چاقى ئېگىز ، ئوقى ئۇزۇن ، شوتىسى كالىغا مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ ، يۇك باسىدىغان يېرى كىچىكرەك بولىدۇ . چاقنىڭ ئۇلتىكى ئۈچ پارچە بولۇپ ، ئادەمنىڭ ئىنچىكە يوتىسىچىلىك كېلىدۇ ، قۇملۇقتىكى سىرىق

---

[1] مۇيات — مەڭگۈ ، ئەبەدتىن ئەبەدكە .

سۆگەتنىڭ تۈز ئۆسكەن ياغىچىدا ياسىلىدۇ. ياغاچ مۇۋاپىق ئۆل-
چەمدە راسلىنىپ تەييارلانغاندىن كېيىن ، قىزىتىلغان قۇمغا كۆ-
مۈپ قويۇلىدۇ ، بىر ئۈچى قۇمدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ياغاچقا ئىس-
سىق ئۆتۈپ ئوچۇق ئۈچىدا نەم پەيدا بولغان ھامان قۇمدىن ئېلىپ
يەرگە چاق چوڭلۇقىدا چەمبەر شەكلىدە قېقىپ قويۇلغان قوش
قوزۇقنىڭ ئىچىگە ئېگىپ قويۇپ قىزىق قۇم بىلەن كۆمۈۋېتىلى-
دۇ . قىزىتىلغان قۇمدا كۆمۈش كۈندە ئىككى قېتىمدىن ئۈچ كۈنلا
داۋاملاشتۇرۇلسا ، ياغاچ شۇ پېتى قۇرۇيدۇ ، ئاندىن بۇ ياغاچلارنىڭ
بىر ئۈچىنى ئىچىدىن ، يەنە بىر ئۈچىنى سىرت تەرىپىدىن ياپسار-
لاپ كىرىچ بىلەن بىر - بىرىگە تېكىپ چاق ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ ،
قالغان ئىشلىرى ئۆز تەرتىپى بويىچە قىلىنىدۇ .

بۇ يەردە مەخسۇس ياسالغان يول يوق . مەيلى ئاتتا ، باشقا
ئۇلاغدا ، ھارۋىدا ماڭسۇن ، بارىدىغان جايىنى ، ماڭىدىغان لىنىيە-
يىسىنى بەلگىلىۋالسىلا ، كىم نەدە مېڭىشىنى خالىسا ، شۇ يەردە
مېڭىۋېرىدۇ . بۇ ئېگىز - پەس قۇملۇقتا ئۇزۇن ئوقلۇق ، ئېگىز
چاقلىق ، يەنە كېلىپ كالا قاتقان ھارۋىدا ئولتۇرماق ئوڭاي ئە-
مەس . ھېلى ئۇ چاق دۆڭگە چىقسا ، ھېلى بۇ چاق ئۇيپۇرغا چۈش-
كەن ، ئىككى يانغا قېقىلىپ ئادەمنىڭ جۇلۇقى چىقىپ كېتىدۇ .
ئابدالغا بىرىپلا كۈنچىققانبەگ بىلەن تۆلەك بوۋا بىر كۈن ۋايۋايلى-
شىپ يېتىشتى .

— ئاراۋىدا كەلمەي ، ئىككىلىمىز تۆگىدە كەلسەك بوپ-
تىكەن ، — دېدى كۈنچىققانبەگ .

— سەن مۇشۇ سىمىز ، كېلەڭسىز بەستىڭ بىلەن ، — تۆلەك
بوۋا كۈنچىققانبەگكە قاراپ كۈلۈمسىرىدى ، — مەن بۇ ياشتىكى
قېرى ھالىم بىلەن مەيلى نېمىدە ماڭايلى ، ئەمدى سەن بىلەن ماڭا
يول مېڭىش ئېغىر كەلگۈدەك . قارىغىنا ھالىمىزغا . سەن ھۆلۈس-
لاپ ، مەن ئىنجىقلاپ...

تۆلەك بوۋىنىڭ گېپىگە ۋايۋايلاپ تۇرغان كۈنچىققانبەگ
كۈلۈۋەتتى .



www.uyghurkitap.com

— راست دېدىڭ بوۋا ، يول ماڭساق ئۆزىمىزگىمۇ ، باشقىلارغىمۇ ئاۋارىچىلىك ئىكەن .

ئۈچىنچى كۈنى تاشتالى بوۋاي بۆلارنىڭ قارا قوشۇن مەھەللىسىگە بېرىشى ئۈچۈن كۈنچىققانبەگكە بىر تۆگە ، تۆلەك بوۋىغا بىر ئۆينى تەييارلاپ ئەكېلىپ ، تۆگىنى چوكلاندۇرۇپ قويدى . كۈنچىققانبەگ تاشتالى قاتارلىق ئۈچ ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن هولۇسلاپ ، هۆمۈدەپ تۆگىگە ئاران مىندى . ئابدال مەھەللىسى بىلەن قارا قوشۇن مەھەللىسى ئانچە يىراق بولمىسىمۇ ، ئىككى كۈندە يېتىپ كەلدى . بۆلارغا هەمراھ بولۇپ تاشتالى ، يەنە ئىككى ئادەم بىللە كەلگەندى . كۈنچىققانبەگ بىلەن تۆلەك بوۋا كەپتۇ دېيىشىپ ، مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك هەممىسى كېلىپ ئۆلارنى ئورىۋالدى . تاشتالى كېلىپ بەگنىڭ قولىدىن چۆلۋۇرنى ئېلىپ تۆگىنى چۆكتۈرمەك بولۇپ چۆلۋۇرنى پەسكە قارىتىپ تارتتى . تۆگە ئالدى ئىككى پۇتىنى يەرگە تىزلىنىشىغا كۆپچىلىككە قاراپ قالغان كۈنچىققانبەگ ئالدىغا دۇم چۈشتى . ئەتراپتا تۇرغانلار ۋارقىراپ كېتىشتى .

يەر قۇم — يۇمشاق ئىدى . بۇنداق قۇمغا تىزلىنىۋاتقان تۆگىدىن ئەمەس ، چېپىپ كېتىۋاتقان تۆگىدىن يىقىلىپ چۈشسىمۇ ، كىشىنىڭ هېچ يېرى سۇنمايدۇ ، ئەمما كۈنچىققانبەگنىڭ پۇتى سۇندى . بەگ تۆگىدىن يىقىلغاندا پۇتى ئەپسىز تۇرۇپ قالغان چېغى ، يوغان ، ئېغىر بەستىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ، ئوڭ پۇتىنىڭ تىزىنىڭ ئاستىدىكى ئۇستىخان سۇنۇپ كەتكەندى .

بۇ قۇملۇقتا پۇت - قول سۇنىدىغان ئىش كەمدىن - كەم بولۇپ قالىدىغان هادىسە بولغاچقا ، بۇ يەردە تېڭىقچى يوق ئىدى . كۈنچىققانبەگنى كۆتۈرۈپ بىر قومۇش ساتما ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇشتىيۇ ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قاراپ تۇرۇشتى .

— بەگ ، بۇ يەردە تېڭىقچى يوقكەن . يېقى يۇرتچاپقانغا ئادەم ماڭدۇرايلىمۇ ، — دېدى تۆلەك بوۋا .

— بۇ يەردىن ئادەم بېرىپ تېڭىقچى چاقىرىپ كەلگۈچە هەر-

قانچە ئىتتىك ماڭسىمۇ ، ئىككى كۈندە ئاران كېلىدۇ . ئىككى كۈنگىچە ساقلاپ تۇرىمىزما ، — كۈنچىققانبەگ تەرنى تۈرۈپ ، كالپۇكىنى چىشلەپ قويدى ، — مەن كورلىدا مەدىل بوۋاينىڭ مەھەللىسىدىكى بىر ئادەمنىڭ مېنىڭكىگە ئۇخشاش يەردىن سۈنۈپ كەتكەن پۇتىنى قانداق تاڭغانلىقىنى كۆرۈۋالغانىدىم . مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىپ تېڭىپ بېقىڭلار . توغرا قىلغان بولساق ، شۇ بويىچە ساقىيىپ قالار ، جايىغا چۈشمىگەن بولسا ، مەھەللىگە بارغاندا باشقىدىن تاڭدۇرمامدىم ، — دېدى ۋە قانداق قىلىشنى بىرمۇبىر ئېنىق دەپ بەردى .

بىرلىرى ئون نەچچە تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى تەييار قىلدى ، بىرلىرى تورقا تالاسىدا توقۇلغان رەخت تەييارلىدى ، يەنە بىرلىرى بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا تۆت پارچە تارشا تەييارلىدى . ئىككى ئادەم كۈنچىققانبەگنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۈرۈپ تىزىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇردى ، ئىككى ئادەم ئۇشۇقىنىڭ تۆۋەنىدىن تۇتۇپ تارتتى . كۈنچىققانبەگ كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇۋالدى . بىرسى پېشانىسىدىكى تەرنى لۆڭگە بىلەن ئېيتىپ تۇرسىمۇ ، پېشانىسىدىن بۇزۇلداپ تەر چىقىپ تۇراتتى . پۇتىنى يەنە بىر قېتىم كۈچەپ تارتقاندا ، بەگ «تارت» قىلىپ ئاۋازلىق يەل قويۇۋەتتى .

— مانا - مانا ، — دېدى تۇلەك بوۋا سۇنغان يەرنى ئىككى قولى بىلەن ئۇستۇن - تۆۋەن سىيرىپ تۇرۇپ ، — يەلنىڭ چىققىنى ، ئاغرىقنىڭ چىققىنى ، — دېدى .

باياتىن بەگنى نېمىدەپ قالار دەپ قىستاپ كەلگەن كۆلكىسىنى چىقىرالماي ئىچىگە تىنىپ تۇرغانلار بوۋاينىڭ گېپى بىلەن تەڭلا پاراقلىشىپ كۈلۈۋېتىشتى . كۈنچىققانبەگ ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى .

— بوۋا ، — دېدى ئۇ ، — قولۇڭغا پاچىقىمدا بىرەر ئېگىز - پەسلىك بار دەپ بىلىنىۋاتامدۇ ؟

تۇلەك بوۋا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ پاچىقىنى سىلاپ بېقىپ ، ئارقىدىن كۈنچىققانبەگنىڭ پاچىقىنى يەنە ئۈچ قېتىم سىلاپ :

— قولۇمغا ھېچقانداق باشقىچە ئەھۋال بىلىنمەيۋاتىدۇ ، — دېدى .

— پۇتۇمنىڭ بايىقى ئاغرىقىمۇ قويۇپ بەردى ، جايىغا چۈشكەن ئوخشايدۇ ، قېنى ، تارىشىنى قويۇپ تېڭىۋېتىڭلار ، — دېدى كۆنچىققانبەگ .

تاشتالى تۇخۇم سېرىقى سۇرتۇلۇپ تەييار قىلىپ قويۇلغان لاتىنى پاچاققا بىر قېتىم يۆگەپ بولۇپ ، ئاندىن تارىشىنى پاچاقنىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە ، ئىككى يېنىغا قويۇپ ، ئۈستىدىن لاتا بىلەن بىرنەچچە قات قىلىپ يۆگەپ تېڭىۋەتتى . شۇ ھامانلا ئىككى تۆگىگە شىرغا ياساپ ، كۆنچىققانبەگنى شىرغىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى…

تالىشقۇل تېڭىقنى يېشىپ كۆرۈپ بېقىپ ، سۇنۇقنى جايىغا چۈشۈپتۇ دەپ يېڭىلاپ تېڭىپ قويغانىدى . ئۇنىڭ ئانىسى ئەمچىلىك ، تېڭىقچىلىقتا ئۇستا ئىدى . تالىشقۇل ئانىسىدىن تېڭىقچىلىقنى ئۆگىنىۋالغانىدى .

— توختىنىڭ تورپانغا كەتكەنلىكىنى بەگكە مەن دەي ، سەن ئەمدى ئاڭلاۋاتقان بولۇۋال ، — دەپ قويۇپ تۆلەك بوۋا ئىچكەركى ئۆيگە قاراپ ماڭدى ، كەينىدىن ئاقئۇلام ماڭدى . كۆنچىققانبەگ قېلىن چۈشەك ئۈستىدە تۆر تامدىكى چۆكۈچەككە[1] يۆلىنىپ ئولتۇراتتى .

— كەل بوۋا ، كەل ، — بەگ تۆلەك بوۋىدىن ئەھۋال سوراپ بولۇپ ، — ھە ، يۇرتتا نېمە يېڭىلىقلار بار ، تالاغا چىقالمىسا گاس ، باراغۇ[2] بولۇپ قالىدىكەن كىشى ، — دېدى .

— گوي ، گوي ، ئۆزۈڭ قانداقراق ، پۇتۇڭنىڭ سۇنغان يېرى ئاغرىمايۋاتقاندۇ ، — تۆلەك بوۋا گەپ قىلغاچ كۆنچىققانبەگكە ئۇدۇل يەرگە كېلىپ ئولتۇردى ، — يېڭىلىق بولمىسىمۇ ، ساڭا دېمىسەم بولمايدىغان بىر ئىش بار ، ئوغلۇڭ توختى سىڭىر تېغىدىن بىرنەچچە تورپانلىققا ئەگىشىپ كېتىپتۇ . بۇ سىرتىغنى ئاخشام توختى بىلەن سىڭىر تېغىغا ئوۋغا بارغان تىكەنلىكچىدىن ئاڭلىدىم .

---

① چۆكۈچەك -- يوتقان ـ كۆرپە يىغىدىغان شىرە شەكلىدىكى ساندۇق .
② باراغۇ — قارىغۇ ، كور .

ئىككىڭلارنى سىرتىغلاندۇرۇپ قوياي ، دەپ يېنىڭلارغا ئەتىگەندىلا كىرىشىم ، — دېدى .

بوۋاي گېپىنى دەپ بولۇشىغا ئاقئۇلام ئۆزىنى تۇتۇۋالماي ھېقىقداپ يىغلاپ كەتتى .

— نېمىگە يىغلايسەن ، كەتسە كەلمەمدۇ ، ئۇ كىچىك بالا بولمىسا ، مېنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشىمنى بىلسە كەتمەستى . يىغلىما...

— ئۇ تۇرپانغا نېمىگە بارىدىغاندۇ ؟ — تولەك بوۋا ئۆزىدىن سوراۋاتقاندەك كۆنچىققانبەگكە قارىماي تۇرۇپ سورىدى .

كۆنچىققانبەگ ئاغزىدا ھېلىقىدەك دېگىنى بىلەن ئۇ ئوغلىغا ئامراق ئىدى ، چوڭ بىلەتتى ، ئورنۇمنى باسىدۇ دەپ قارايتتى . بەگ ئون سەككىز يېشىدا بىر قېتىم ئۆيلەنگەن . تۇنجى بالىسى تۇغۇلۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن چېچەكتە ئۆلۈپ كەتكەن ، ئايالى 1837 ـ يىلى ئىككىنچى تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەتكەن . ئۇ ئىككى بالىنىڭ ، ئايالىنىڭ كۆيۈك ـ ھەسرىتىدە سەلمۇت[1] ئادەمدەك بولۇپ قالدى ، ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندە ئاقئۇلامغا ئۆيلەندى . بۇ ئايالىدىن بولغان تۇنجى بالىسىغا توختاپ قالسۇن دېگەن ئۈمىد ، ئىستەك بىلەن توختى دەپ ئىسىم قويغانىدى . تىلەك ـ ئىستىكى ئىجابەت بولۇپ توختى تۇرۇپ قالدى . توختى تۇغۇلۇپ تۆت يىلدىن كېيىن جانقۇلۇ تۇغۇلدى . ئاقئۇلام شۇنىڭدىن كېيىن تۇغمىدى . ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بۇ ئىككى ئوغلىنى قارىقىدەك[2] كۆرۈپ ئاسراپ ، ئەتىۋارلاپ ئۆستۈردى . جاھانبەگمۇ يالغۇز بالامنىڭ بالىلىرى دەپ ئۇلارنى يېنىغا تارتىپلا تۇراتتى ، ياخشى كۆرەتتى . كېيىنكى يىللاردا توختىنىڭ مىجەزىدە كۆنچىققانبەگ ئويلىمىغان ئۆزگىرىش بولدى . دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا زادى قىزىقمايدىغان ، جىمغۇرلىشىپ ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىۋاتقاندەك ئاغزىنى مىتىلدىتىپ يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدى . توختىنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى كۆنچىققانبەگ زادىلا بىلەلمىدى . كېيىن

---

① سەلمۇت - خاراموش .
② قاراق كۆزنىڭ قارىچۇقى .

تۆلەك بوۋا ئۇ توغرۇلۇق سەزگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىلا ، ئۇ ھەقتە ئويلايدىغان بولدى .

— ئۇ ھازىر نەچچە ياشقا كىردى ، — تۆلەك بوۋا كۆنچىققانبەگدىن سورىدى .

— كىچىك ئەمەس ، ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىردى ، بالىسىنىڭ چوڭى ئون ياشتا .

— ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تېپىپ ماڭىدىغان ياشقا يېتىپتۇ ، ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇ . تۇرپاندىغا تەپتىن ـ تەكىن[1] كەتمىگەندۇ ، — دېدى تۆلەك بوۋا .

كۆنچىققانبەگ گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى ، ئۆيگە تايۇق كىرىپ كەلدى . ئۇ تۆلەك بوۋا بىلەن كۆنچىققانبەگكە سالام بېرىپ ئەھۋال سوراپ بولۇپ :

— غەلىتە ئۇزۇن چاپان ، بېشىغا پۆپۈكلۈك قالپاق كىيگەن ، خوتۇنلاردەك ئۇزۇن چاچ قويۇپ بىر قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئىككى ئادەم قىلىچ ئاسقان تۆت يانداق ئادىمى[2] بىلەن كەپتۇ . ئېيتىشىچە قارا شەھەردىن كەپتۇدەك ، يېنىدا بىر سۆز ئۆرۈپ بېرىدىغان ئادەممۇ بار ئىكەن . بەگ بىلەن كۆرۈشىمىز دەيدۇ ، — دېدى .

«بۇلار نېمە ئادەملەردۇ» دېگەندەك قىلىپ كۆنچىققانبەگ بىلەن تۆلەك بوۋا بىر ـ بىرىگە قاراشتى . بەگ تايۇقتىن :

— ئۇلار نېمىدە كېپتۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەممىسى ئاتلىق . تۆت يانداق ئادىمى قىلىچ ئېسىۋاپتۇ .

— چىقىپ دېگىن ، ئۆيگە كىرسۇن ، — دېدى كۆنچىققانبەگ .

## 3

ئۇلار قارا شەھەر نازارەتچىلىك مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن مانجۇ ئەمەلدارلىرى ئىدى . بۇ ، چىڭ (مانجۇ) سۇلالىسى ياقۇپبەگنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئالتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى يوقى-

---

① تەپتىن ـ تەكىن — بىكاردىن ـ بىكار ، سەۋەبسىز ، ئاساسسىز .
② يانداق ئادەم — مۇھاپىزەتچى .

www.uyghurkitap.com

تىپ ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندە، 1881 ـ يىلى (گۇاڭشۈي-
نىڭ 7 ـ يىلى) مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ كۇنچىققانبەگنى تۇنجى
قېتىم ئىزدەپ كېلىشى ھەم ئۇنى تۇنجى كۆرۈشى ئىدى، شۇنداقلا
كۇنچىققانبەگنىڭمۇ مانجۇلارنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.
ئۇلار ئىككى ئىش بىلەن كۇنچىققانبەگنى ئىزدەپ كەلگەنىدى.
بىرى، گۇاڭشۈي خاننىڭ كۇنچىققانبەگكە ئۈچىنچى دەرىجىلىك
ئوتۇغاتلىق مەنسەپ بەرگەنلىك يارلىقىنى يەتكۈزۈش؛ يەنە بىرى،
قارا قوشۇن كۆلى بويىدىكى ھەممە ئاھالىلەرنى يىغىكۆل ئەتراپىدى-
كى ئاقتارما مەھەللىسىگە[1] كۆچۈرۈش، ئاھالىلەرگە باشلامچى بو-
لۇپ ئالدى بىلەن كۇنچىققانبەگنىڭ ئائىلىسىنى كۆچۈرۈش.

بۇ ئىشلار كۇنچىققانبەگنىڭ ساق بېشىغا پىت سېلىپ، ئۇنىڭ
كۆڭۈل ئارامىنى، خاتىرجەملىكىنى بۇزدى، بۇلۇتسىز ئاسماندەك
سۈپسۈزۈك ئوي ـ خىيال بۇلىقىنى ئاياداپ[2] چالغىتىۋەتتى: «شۇن-
چە زاماندىن بۇيان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىنىڭ بەگلىك ئىشىغا ھېچقانداق
ھۆكۈمەت ئارىلىشىپ باقمايتىكەن. ئەندىزە، ماڭا كەلگەندە، ئات-
مىش توققۇز يېشىمدا، نەدىكى بىر خوتۇن كىشىدەك ساچ قويۇۋال-
غان بىرنېمىلەر مېنى باشقۇرماق بولۇۋېتىپتۇ. بېشىنىڭ يېرىمىغا
ساچ قويۇپ بىر ئۆرۈم قىلىۋالغان، ساچتا ئايالچىلىكمۇ بولالمىغان
شۇ ھالىدا مېنى باشقۇرماق بولىدىكەن، ۋاي، قاقۇغام! جاھانساي
بويىغا كۆچ دېسە نېمە دەي. دادام نۇرمەتبەگنىڭ ئاگايى شۇ يەردە
بولغاندىكىن مەيلى دەر ئىدىم، ئاتام جاھانبەگنىڭ ئاگايىنى يىلدا
نەچچە قېتىم كېلىپ يوقلاپ تۇرمىقىم ھېچ گەپ ئەمەستى.
ئاقتارما دېگەن نە ئۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمدىن بىرسىمۇ بىرەر كۈن
تۇرۇپ باقمىغان جاي. شۇ يەرگە مەن بارغۇدەكمەن، كېيىن قارا-
چىلارنىڭ ھەممىسى بارغۇدەك. بۇ يەرچۇ؟! تاشلىۋېتىمىزما؟ چە-
ۋىنلىق، قارا بوران، قارا قوشۇن، تاتىما كۆللىرى، شۇنچە چوك
لوپ كۆلى، ئۇغۇش بەگلىرىنىڭ ئانا يۇرتى بولغان كۆلشەھىرى

[1] ئاقتارما — ھازىرقى 31 ـ تۇەن دائىرىسىدە، چارىغا يېقىن. تۆپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك جاي.
[2] ئاياداپ — مالتىلاپ.

قالامدا؟ ئاقتارمىغا بارىمەن دەپ ساتاق[1] بولۇپ يۈرەمدىمەن، چەككە[2] بارمايمەن…»

بەگنىڭ خىيالى بەردىقۇل، توختىكۆل، ساتىۋالدى بەقەم ئاقساقاللارنىڭ كىرىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى.

ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى يوقىتىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، قاراشەھەر نازارەتچىلىك مەھكىمىسى لوپ رايونىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە بىر گۇرۇپپا ئادەم ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار كۆنچى، چارا، كۇزلەك، تىكەنلىكلەرنى ئارىلاپ قارادايغىچە كېلىپ، پۈتۈن لوپ رايونىنىڭ، كۇنچىققانبەگنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرۇپ ئىگىلىگەنىدى. كۆنچى كەنتىدىن قارادايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر بۆلەك ئائىلىلەرنىڭ بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغاندىن باشقا قوشۇمچە ئازدۇر - كۆپتۇر تېرىقچىلىقمۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن، ئېتىز - ئېرىقلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنىدى. قارادايدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئارغان، يېڭىسۇ، مىرەن، كونا - يېڭى ئابدال، قارا قوشۇن، قۇمچاپقان، يېڭى يۇرتچاپقان قاتارلىق مەھەللە، ئوتاقلاردىكى كىشىلەرنىڭ پۈتۈنلەي بېلىقچىلىق بىلەن ئوۋچىلىققا، قوشۇمچە چارۋىچىلىققا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى، تېرىقچىلىقنى زادىلا بىلمەيدىغانلىقىنى، سۇ، بېلىق قوغلىشىپ ئىنتايىن تارقاق ياشايدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا، تەكشۈرۈشنى بولدى قىلىپ كەلگەن يېرىگە قايتىشقانىدى. ئۇلار مەھەللىدىن ئۇزاپ توزۇتقان توپا - چاڭلىرى تارقاپ بولمايلا، ئۇلار توغرىسىدا قوشاقلار توقۇلۇپ ئېيتىلىشقا باشلىغانىدى.

ئاڭىزنى چارلاپ چىقتى،
قەغەز تۇتۇپ قولۇغا.
بىزگە ئۇۋال قىلغانغا،
يولبارس تۇرسۇن يولۇغا.
كېچەسى ئۇخلاغاندا،

---

① ساتاق -- سەرسان، سەرگەردان.
② چەككە -- ھەرگىز، زىنھار.

www.uyghurkitap.com

## ئازرائىل كىر قوينۇغا

ئازرائىل كىر قوينۇغا ،
ئاغرىق سالىپ باشىغا .
ئۆزۈمنۇ ئەمچى قىلىپ ،
يۈگۈرۈپ باراي قاشىغا .
بۇ ئۇۋالچى ساچلىقنى[①]
كۈچۈل[②] سالاي ئاشىغا .

كەلگەلى بەش كۈن بولدۇ ،
كۈنۈگە ئۈچ قوي يېدى .
ئاچ قالغانمۇ ئۆيۈدە ،
بىرچە[③] تويدۇم دېمەدى .
بالاسى بولۇر بىزگە ،
ئۇۋالىنى بىلمەدى .

ساچلىق بەگىم ئۇساپتۇ ،
قاۋۇن پىچىڭلار ئاسىغداپ[④]
پىچىڭلار تاتلىقىنى ،
ئىچىگە ئاغۇ چالقاپ[⑤] .
گۈنلەپ كۆمۈپ تاشلاڭلار ،
كەتمەسۇن ساسىق تاراپ .

شۇلارنىڭ يوللانمىسىغا ئاساسەن نازارەتچىلىك مەھكىمىسى

① ساچلىق - مانجۇ ئەمەلدار - چېرىكلىرى .
② كۈچۈل — كۈچۈلا .
③ بىرچە بىرەر قېتىم .
① ئاسىغ -- كۈتۈش ، مېھمان قىلىش ؛ تاماق ، غىزا ؛ پايدا ، نەپ .
«كەرەك تۆت ئوتاچى كەرەك ئەرسە قام ،
ئۆلۈكلىكە ھەرگىز ئاسىغ قىلماس ئەم» .
(مەيلى چاقىر تېۋىپنى ياكى كەلسۇن قام ،
ئۆلۈمگە ھەرگىز پايدا قىلماس ئەم .)
يۈسۈپ خاس ھاجىپ : «قۇتادغۇبىلىك»
«كۆركلۈك تونۇغ ئۆزۈڭگە . تاتلىق ئاسىغ ئازىنقا» .
(كۆركەم تونىنى ئۆزۈڭگە ، تاتلىق ئاشنى ئۆزگىگە قالدۇر ) .
«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم ، 65 ـ بەت .
⑤ چالقاپ - چايقاپ .

كۆنچىققانبەگكە ئۆچىنچى دەرىجىلىك ئوتوغاتلىق مەنسەپ بېرىپ، پۈتۈن لوپ رايونىنى باشقۇرۇشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن ئاھالىنى تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن بويىدىكى ئاقتارمىغا كۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ گۇاڭشۈي خانغا مەلۇماتنامە سۇنغانىدى. كەلگەن ئىككى ئەمەلدار شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەر ئارىسىدا بار ئىدى.

ئاقساقاللار كىرىشتىن سەل ئىلگىرى ئۇلار كۆنچىققانبەگكە خان يارلىقىنى يەتكۈزۈپ بولۇپلا: «خۇدا ئۇرغان بۇ قۇملۇق جەزىرىدىن تېز كېتىۋالايلى» دېيىشىپ، پەشلىرىنى قېقىشىپ، كەلگەن يولىغا راۋان بولۇشقانىدى.

— نېمىدەپ كەپتۇ ئۇ ساچلىقلار؟ — ئۆزى يانلاردىن، قارا قوشۇن مەھەللىسىنىڭ ئاقساقىلى بەدىقۇل پۈتىنىڭ تېگىقلىقى تۇ. پەيلى تالا - تۇزگە چىقالماي يېتىۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ تۇرغاندا، گەپ سوراپ بەگنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغۇسى كەلمەي تۆلەك بوۋا بىلەن تايۇقتىن سورىدى.

تۆلەك بوۋا بىلەن تايۇقنىڭ جاۋاب بېرىدىغانغا رايى يوقتەك ئىدى. بۇلارمۇ كۆنچىققانبەگكە ئوخشاش خىيال بېسىۋالغاندەك ئېغىر تىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. كېيىن كىرگەن ئاقساقاللار بەگ بىلەن چاچلىقلار ئوتتۇرىسىدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىشىپ، ئۇلارمۇ تىت - تىتچىلىققا چۈشۈپ قالدى.

— ھە، راست، سىلەر، — تۆلەك بوۋا گەپكە ئېغىز ئېچىش بىلەن تەڭ كېيىن كىرگەن ئۈچ ئاقساقالغا قارىدى، — سىلەر ئۇ ساچلىقلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر، نېمە دەرىجىلىك دېدا، ھە، ئۈچىنچى دەرىجىلىك يەنە بىرنېمە غاتلىق دەيدىغان ئەمەل - مەنسەپ دېگەن بىرنېمىسىنى بىزنىڭ بەگكە بېرىپتۇ. مانجۇ خانلىقىنىڭ يوسۇنىدا ئۈچىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنسەپ تۇتقانلار، — تۆلەك بوۋا تايۇقتىن، — شۇنداق دېدىغۇ دەيمەن ھە، تايۇق، — دەپ سورىدى. تايۇق شۇنداق

دەپ بېشىنى لىڭشىتتى ، — گوي ، گوي ، گوي ، بېشىنىڭ كەينى تەرەپ يېرىمىغا ساچ قويۇپ بىر ئۆرۈۋالمىسا بولمايدىكەن . بۇ بىر ئىش ؛ يەنە بىر ئىش ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاقتار-مىغا كۆچۈرگۈدەك ،كۆچمىسە بولمىغۇدەك . ئالدى بىلەن بەگنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى كۆچۈرگۈدەك ، — دېدى .

— بۇنىڭ كارى چاغلىق ، كۆچمەيمىز ، دەپ تۇرۇۋالساق ، ھەممىمىزنى كۆتۈرۈپ كۆچۈرمەس . يامىنى كەلسە قۇملۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىمىز ياكى كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىد-مىز ، شۇ ، — دېدى توختىكۆل ئاقساقال .

— گوي ، گوي ، گوي ، — تۇلەك بوۋا توختىكۆلگە قارى-دى ، — سەن - بىزغۇ شۇنداق قىلارمىز ، بەگمۇ شۇنداق قىلامدا ، قالغان يۇرتلارغا كىم ئىگە بولىدۇ ؟

ئۆيگە تالىشقۇل ، ئۇچۇلغان ، يەنە بىرنەچچە ئەر - ئايال تىنىقى ئۈزۈلۈپ قېلىشۋاتقاندەك ھولۇسلاپ كىرىپ كېلىشتى .

— قېنى كەلگەن ھېلىقى ئۇزۇن ساچلىقلار ، نېمىگە كەپتۇ ، نېمە دەيدۇ ؟ — تالىشقۇل ئۆيدىكىلەرگە سالامۇ قىلماي سۆزلەپلا كەتتى ، — ئالدىنقى يىلى كۆزلەك ، تىكەنلىككە كەلگەندە ، ھەربىر مەھەللىدە ئون نەچچە كۈندىن تۇرۇپتىكەن ، تاجىپەت[1] بىزنىڭ بۇ يەردە يېرىم كۈنمۇ تۇرماي تەپتىنەپلا[2] كېتىپتۇغۇ ؟

— بولدى ، تارازىغا چۈشمەيدىغان گەپنى قىلماي نەق گەپنى قىلايلى ، — ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈنچىققانبەگنىڭ ئاغزىغا قارىدى ، — بىز كۆچمەيمىز دەپ تۇرۇۋالساق ھېچ نەرسە قىلالـ-ماس ، مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتىۋاتقىنى ساچنىڭ ئىشى . بۇنى ئۇ-ماق بىلەن پاراڭلىشىپ بىرنېمە دەيلى ، كورلىغا بارىدىغان ئىشمۇ تېخى .

— راست ، — دېدى تايۇق ، — بۇ ئىشتا ئوماق نېمە دەيد-كىن . ئۇ كورلىغا بارغاندا مەدىل ئاسقالدىن ئۇزۇن ساچقا مۇناسى-

---

① تاجىپەت — ئەجەب ، ئەجەبلىنىش .
② تەپتىنەپ — ئالدىراپ ، ئالمان - تالمان .

ۋەتلىك گەپلەرنى ئاڭلاپتىكەن ، ئاڭلىسام ئۇ جانقۇلۇ بىلەن كېلىدۋېتىپتۇ . بۇ ئىشنى ئۇ كەلگەندە دېيىشەيلى . بىز ئۇ ساچلىقلارنى تەپتىنەپلا كەتتى دەۋاتىمىز ، ئۇلار بىز توغرۇلۇق نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ تېخى .

— نېمە دېسە دېمەمدۇ ، نېمە دەيتتى ، بېلىقلا يەيدىكەن ، دەيدۇ شۇ ، ھېلىقى سېرىق ساچ ، كۆك كۆزلۈكلەرمۇ شۇنداق دەپتىكەنغۇ ، كېيىن ئۇلارمۇ بېلىق يېمىسە كۈنى كەچ بولمايدىغاندەك بولۇپ كەتكەن ، — دېدى تالىشقۇل .

ئۇنىڭ گېپىگە ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى...

ئۇلارنىڭ كۆزلەك ، تىكەنلىكلەردە ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ ، بۇ يەردە يېرىم كۈنمۇ تۇرماي كېتىشكە ئالدىرىشىنىڭ سەۋەبىنى بۇ يەردىكىلەر تەسەۋۋۇر قىلىش تۇگۇل خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى . ئۇلار ئالدى بىلەن يېڭى ئابدالغا كېلىپ ، ئۇ يەردىن يېڭى يۇرتچاپقانغا بارغاندى . ئابدالدىكى قومۇش كەپىلەرنى ، پالاس ۋە قوپال توقۇلغان رەختتىن كىيىم كىيىۋالغان ، ئاق تېرە تۇماق ، قۇيما كىگىز قالپاق كىيىۋالغان كىشىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقانىدى . كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ، چىراي - شەكلىدىمۇ قاراشەھەر ، كورلىدىكىلەردىن خېلىلا پەرقلىنىدىغانلىقىنى ، تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن ئاددىي ، نامراتلىقتا ئۆتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى . ئۇلار يېڭى يۇرتچاپقاندىن چىقىپ ئانچە ئۇزىمايلا پاراڭغا چۈشۈشتى .

— تۆت تەرىپى پۈتۈنلەي قۇملۇق ئىكەن ، ئۇلار بۇ يەردە قانداق ياشايدىغاندۇ ، ئۆيىنىڭ ، ئۆي بىساتىنىڭمۇ تايىنى يوق . قومۇش ئۆيدە يازنىغۇ ئۆتكۈزەر ، قىشتا قانداق قىلىدىغاندۇ ، قىشلايدىغان يېرى باشقا يەردىمىدۇيا ، — دېدى بىرى .

— غەربتە قاختۇدىن[1] شەرقتە ئاتمىشبۇلاقچە ، شىمالدا شىڭدى - سىڭىر تېغىدىن جەنۇبتا ئالتۇنتاغقىچە نېماندان كەڭ دائىرە بۇ ، بىر چېرىكى تۇگۇل ، بىرەر قورۇقچىسىمۇ يوق تۇرۇپ ،

---

[1] قاختۇ — لوپنۇر - شايار چېگراسىدىكى يەر .

شۇنچە چوڭ يۇرتنى قانداق سورىغاندۇ ؟
— ئاددىي بولسىمۇ قەسىر ـ خانىسىمۇ يوق، قىزىق بەگكەنغۇ بۇ .
— بۇ يەرنىڭ قاراشەھەرگە يىراقلىقىچۇ تېخى . بىر قېتىم بېرىپ ـ كەلگۇچە جېنى ئاز قالغۇدەك كىشىنىڭ . مەن مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن .
— قېنى ، نېمىنى ئويلىدىلا ؟
— مۇشۇنىڭ بىلەن بىز بۇ تەرەپكە ئىككى قېتىم كەلدۇق . بۇ يەردىن باج ـ سېلىق يىغىدىغان ئىشنى باش نازارەتچى چوقۇم بىزگە يۈكلەپ قويامدىكىن دەيمەن . بۇ خەقتىن سېلىق يىغىپ بولغۇچە جېنىمىز قالمىغۇدەك . شۇڭا ، بۇلارنى ئاقتارمىغا كۆچۈ-رۈشكە زادى بولمىسا ، قاراشەھەر بىلەن ئارىلىقىنىڭ يىراقلىقىنى ، ئەكسىچە قومۇل ، تۇرپانغا يېقىنلىقىنى ، ئابدال بەگلىكى دائىرىسى-نىڭ بەك كەڭ ، ئاھالىسىنىڭمۇ تارقاقلىقىنى ئاساس قىلىپ تۇ-رۇپ ، كۆنچى كەنتىدىن قارادايغىچە بىر بەگلىك ، نىرىسىنى بىر بەگلىك قىلىپ ، لوپ رايونىدا باشقۇرۇش ئورگىنى قۇرۇلغۇچە زېمىن تەۋەلىكى قاراشەھەر نازارەتچىلىك مەھكىمىسىدە بولىدى-غان ، باج ـ سېلىق يىغىشنى ۋاقتىنچە قومۇل ياكى تۇرپان ۋاڭىغا تاپشۇرۇش توغرىسىدا باش نازارەتچى ئامبالغا تەكلىپنامە سۇنساق-مىكىن دەيمەن ، ھەزرەتلىرى قانداق قارايدىكىن .
— قالتىس گەپ ، قالتىس گەپ . بۇ تەكلىپ خىياللىرىغا قانداق كېلىپ قالدى ؟
— ئادەم ئۆزى خالىمىغان بىرەر مۇشكۇللۇككە دۇچ كەلگەن-دە ، ھامان ئۇنىڭدىن قانداق خالاس بولۇشنى ئويلايدۇ . بۇ شۇنداق گەپ ئەمەسمۇ ، ھەزرەت .
— شۇڭا سىلىنى «ئۇچار خىياللىق» دەيمىز ئەمەسمۇ ، جاناب-لىرى . ھە ، راست ، بۇ تەرەپكە كىمنى بەگ قىلىشنىمۇ ئويلاپ قويغانلا ؟
— سىلىچە تىكەنلىكنىڭ ئاقساقىلى قانداق ، مېنىڭچە ، ئۇنىڭ

تەسىرى چوڭدەك قىلىدۇ .
— ناسىربەگ ئاقساقالنى دەملا ، كۆزلىرى ئۆتكۈر ـ دە ، سىلىنىڭ . بەگ دەيدۇ ، ئاقساقال دەيدۇ ، ئولتۇرغان ئۆيى ، ئۆي بىساتىدا پۇقرالىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەن ، پۈتۈن بىساتىنى يىغسا بىر هارۋىمۇ تولمايدىغاندەك قىلىدۇ ؛ قانداق بەگ ، قانداق ئاقسا- قالدۇ بۇلار ؟
— قانداق بولسا بولمامدۇ ، بىز سوراشنىلا بىلسەك بولدى ، باشقىسى بىلەن بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز ، شۇنداق ئەمەسمۇ ـ هە .
ئىككىسى كۈلۈپ كېتىشتى ۋە سۇنۇلىدىغان تەكلىپنامىنىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرى ئۈستىدە ئويلىشىپ ماڭىدىغان بولۇشتى .

## 4

ئوماق ، جانقۇلۇلار بىلەن بىللە ئايقۇتنىڭمۇ كەلگەنلىكىدىن ئاقئۆلام قەۋەت خۇش بولۇپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى .
جانقۇلۇ خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن چارا تەرەپكە مېڭىش ئالدىدا تۇرغاندا ، كۇنچىققانبەگنىڭ پۈتى سۇنۇپ كەتكەنلىك خەۋىرى بې- رىپ قالدى . خەۋەر بۇ يەردىكىلەرنى ، بولۇپمۇ جانقۇلۇ بىلەن ئوماق ئائىلىسىدىكىلەرنى بەك جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى . جانقۇلۇ خە- ۋەرنى ئاڭلاپلا ماڭماقچى بولدى .
— بىزنى بارمايدۇ ، دەپ ئويلىدىڭمۇ . بەگ سىنىڭ ئاتاڭ بولسا ، بىز بىر ـ بىرىمىزگە قول بېرىشكەن ئاكا ـ ئۇكىلار ، بۇنى بىلىسەنغۇ . بىللە ماڭايلى ، — دېدى ئوماق .
— بىرىڭلار بالىسى ، بىرىڭلار قول بېرىشكەن ئۇكىسى بول- ساڭلار ، مەن ئاقئۆلام بىلەن ئاچا ـ سىڭىل بولۇشقان . بەگ مۇشۇنداق هالەتتە ياتقاندا ئىككى ئوغلىنىڭ يېنىدا بولمىغىنىدىن ئاقئۆلاممۇ قانچىلىك جىددىيلىشىپ قېلىۋاتقاندۇ . مەنمۇ باراي . باشقىلارنىمۇ كۆرگۈم كەلدى ، — دېدى ئايقۇت .
ئۇنىڭ «باشقىلار» دېگىنى نەۋرىسى ئابلاق ، قۇدىسى ئۆلامخان

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۆجۆلخان قاتارلىقلار ئىدى . جانقۇلۇ ئائىلىسىدىكى ئۆچ جان ، ئوماق ، ئايقۇت ، ئۆردەك — ئۆچ جان ھەممىسى شۇ كۈنىلا ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى .

بۇلار ئۆيگە كىرگەندە ، بەگىنىڭ يېنىدا تۇلەك بوۋا ، ساتتۇالدى بەقەم ئاقسال ئولتۇراتتى .

— پۇتۇڭ قانداق بولۇپ سۇنۇپ كەتتى ، مۇشۇنداق چاغدا يېنىڭدا يوق بولغىنىم ، — جانقۇلۇ كىرىپلا ئاتىسىنىڭ قېشىغا كەلدى ، گەپ قىلغاچ تېڭىق ئۈستىدىن ئاتىسىنىڭ پۇتىنى سىلىدى ۋە تۇلەك بوۋىغا قاراپ ، — بۇ قانداق بولغان ئىش ؟ — دەپ سورىدى .

بەگىنىڭ ئوغلىغا ئەھۋالنى تولۇق ئېيتمىسا بولمايتتى .

— «باشقا كەلگەندە باتۇر» دېگەن شۇ ـ دە . ھېچقانداق تېڭىقچىلىقنى بىلمەيدىغانلارنىڭ تاڭغىنى توغرا بوپتىما ، تالىشقۇل شۇنداق دەمدا ؟ — تۇلەك بوۋا ئەھۋالنى تەپسىلىي دەپ بەرگەندىن كېيىن ، ئوماق بوۋايدىن سورىدى .

— تالىشقۇلنىڭ ئېيتىشىچە ، بىرلا چوڭ سۇنۇق ئوخشايدۇ ، شۇڭا جايىغا چۈشۈپتۇ . ئۈستىخان سۇنۇپ ئۇششاقلىنىپ كەتكەن بولسا ، تەس بولار ئىكەن .

— ھازىرقى گەپ پۇتۇمدا ئەمەس ، مانا ئاغرىقمۇ يوق ، ئارام ئالغاندەك ئولتۇرىمەنغۇ ، ماڭا كەلگەن چوڭ ئىش بۇ ئەمەس ، باشقا بىر ئىش . بۇنىڭدىن مېنىڭمۇ ، يۇرتتىكىلەرنىڭمۇ بېشىمىز قېتىۋاتىدۇ ، — كۆنچىققانبەگ ئوماققا قارىدى ، — بىز سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈپ تۇرغاندۇق ، بىلگەندەك كېپسەن .

— ھەممىڭلارنىڭ بېشىنى قېتىدىغان قانداق چوڭ ئىش ئۇ ؟ — ئوماق ھەيران قېلىپ سورىدى .

كەلگەن ئىككى مانجۇ ئەمەلدارىنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ ئەلپازىنى ، تەقى ـ تۇرقىنى ، گېپىنى دەپ بولۇپلا كەتكەنلىكىنى تۇلەك بوۋا سۆزلەپ بېرىپ بولۇپ :

— ھازىر بەگىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقىنى كۆچۈش ئىشى ئە-

مەس ، ساچ قويۇشتىن قانداق قۇتۇلۇش ، — دېدى .

— بۇ يەردىكىلەر ئىچىدە پەقەت تايۇق بىلەن ، — كۇنچىققانبەگ ئۇماققا قارىدى ، — سەنلا كورلىغا بىرنەچچە قېتىم بارغان . تونۇشلىرىڭلارمۇ بار . ئىككىڭلار كورلىغا بېرىپ ، بۇ ئىشتىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى بىلىپ كەلسەڭلار قانداق .

— ئىككى ئەمەلدارنىڭ ئىگىز بويلۇقى چاشقان بۇرۇت ، ئۆچ- كە ساقال ، ھىڭگاڭ چىش ، پاكارراقى كوسا ، مولۇن كۆز ، قېشى- نىڭ تايىنى يوق ، كۆرۈمسىز ، شۇنداقمۇ ؟

— سەن قانداق بىلىسەن ؟ — تۇلەك بوۋا ئۇماقتىن سورىدى .

— ھېلى ئۆزۈڭ تەقى - تۇرقىنى دەپ بەردىڭغۇ . ئالدىنقى يىلى ئۇلار چارىغا كەلگەندە ، بىزنىڭ يېڭى مەھەللىگىمۇ كەلگەن ، ئەتراپنى ئايلانغان ، ئۇلار گۆش تەييارلاپ بېرىشنىڭ گېپىنى قى- لىپ تۇرغاندا ، ئۆردەكنىڭ كېپىكى بىلەن ئانىسى يېقىنلا يەردىكى بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇلارنى ھېلىقى چاشقان بۇرۇتمۇ كۆرۈپ قاپتۇ . ئۇ : «كېپىك !» دەپ توۋلاپ ، يېنىدىكى ياندافچىسىنىڭ قولىدىن مىلتىقنى ئېلىشىغا تۇيغۇن ئانا كېپىك قاتتىق بىرنى پۇرقۇپلا دۆڭدىن چۈشۈپ كەتتى ، يەنە بىر كېپىكمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قېچىپ كۆزدىن غايىب بولدى . كېپىك- نىڭ قېچىپ كەتكىنىگە خۇش بولدۇق ، لېكىن ھېلىقى چاشقان بۇرۇت بىلەن كوسا ئىككىسى ئىككى مىلتىقنى ئېلىپ كېپىك قاچقان تەرەپكە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىشتى . خېلى ھازادىن كېيىن قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشتى ، ئۇلارنى كۆرۈپ بىزنىڭ يۈرىكىمىز جايىغا چۈشۈپ ، ئۇلۇغ تىنىپ كەتتۇق . ئۇلار ئەسلى شۇ كۈنى كۆزلەك تەرەپكە كەتمەكچىكەندۇق . «بىزگە كېيىك تۇ- تۇپ بېرىڭلار» دەپ ئىككى كۈن تۇردى . ئۇلارغا كىم كېيىك تۇتۇپ بېرىدۇ . ئىككى كۈندە ئالتە قويىمىزنى يېدى ، كەلگەنلەر ئىچىدە ھەممىدىن جوداچىسى ئاشۇ چاشقان بۇرۇت ئىكەن .

— گەپىنىڭ ئۆزىنى قىلىلى ، — دېدى تۇلەك بوۋا ، — تايوق بىلەن ئىككىڭلار كورلىغا بېرىپ باقامسىلەر .

بوۋاي گېپىنى دەپ بولۇشىغا ، ئۆيگە تايۇق ، تالىشقۇللار كى-
رىپ كەلدى .

— ئۇلار خاننىڭ يارلىقى ، دېگەن بولسا ، بۇ چوڭ ئىشكەن . مەھەللىمىزگە كەلگەندە ، ئۇلار ھەدېسىلا : «خان ـ خان» دەپ ، خاننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈردى . ئۇلارغا تىلماچلىق قىلغۇچىنىڭ دەپ بېرىشىچە ، ئۇلار خاننىڭ ھەرقانداق گېپىنى تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىدەك كۆرۈپ ، شەرتسىز ئىجرا قىلىدىكەن . ئىجرا قىلمىسا بېشى كېسىلەرمىش . ئۇلار «خاننىڭ يارلىقى» دېگەن بولسا ، بۇ ئېغىر ئىشكەن . كورلىغا تايۇق بىلەن ئەتىلا ماڭايلى ، — دېدى ئوماق .

— بەگكە «ساچ قويىسەن» دېگەن گەپنىڭ ئىشىمۇ ، مەنمۇ بىللە باراي ، — دېدى تالىشقۇل تۆلەك بوۋىغا قاراپ . مۇشۇ كۈنلەردە بەگنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ، بەگدىن قالسىلا يۇرتتا ئەڭ يۈزلۈك ئادەم تۆلەك بوۋا ئىدى . ھازىرقى ئىشتا كۈنچىقادبەگمۇ بوۋاينىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدى ، شۇڭا تالىشقۇل كورلىغا بىرىشنى تۆلەك بوۋىدىن سورىدى .

— بوپتۇ ، بارغىنىڭنىڭ پايدىسى بولۇپ قالار ، قاچان ماڭساڭلار بولار ؟ — تۆلەك بوۋا ئوماق بىلەن تايۇققا قارىدى .

— ھېلىقى ئىككىسىنىڭ كەينىدىنلا بارغىنىمىز ياخشى ، ئەتە باش سونۇردىلا ماڭايلى ، — دېدى تايۇق .

ئوماق ، تالىشقۇلمۇ تايۇقنىڭ دېگىنىگە قوشۇلدى .

ئوماقلارنىڭ مىنگىنى يارامىلىق ئاتلار بولغاچقا ، ئالتە كۈنلۈك ئارىلىقنى چىكە سوقۇپ مېڭىپ ، تۆتىنچى كۈنى كەچكە يېقىن ئېگىز ئېرىق مەھەللىسىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلدى .

— مەن بۇ تەرەپكە كەلمىگىلى تۆت يىل بولدى . بىز يەنىلا مەدىل بوۋاينىڭ ئۆيىگە بارايلى ، ئۇ كىشى بىزگە يول كۆرسىتەدۇ ، — ئوماق مۇشۇنداق مەزمۇندىكى گەپنى يولغا چىقىش ئالدىدا ، يولدا كېلىۋېتىپمۇ بىرنەچچە قېتىم ئېيتقانىدى . مەدىل ئاسقالىنىڭ ئۆزلىرىگە توغرا يول كۆرسىتىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەن-

گەچكە ، ئىككى ھەمراھىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يەنە تەكرار-لاپ قويدى .

ئۇلار مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ، ئالدى تەرەپتىن پاكار ، تەمبەل ، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي كېلىپ قالدى . ئوماقلار سالام بەردى . ئۇ كىشى سالام قايتۇرۇپ بولۇپ ، بۇلارنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ چىقىپ :

— لوپتىن كەلگەن ئوخشىمامسىلەر ، نەگە بارىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەئە ، لوپتىن كەلدۇق ، مەدىنى ئاسقالىنىڭكىگە بارىمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى ئوماق .

— خەۋىرىڭلار يوق ئوخشايدۇ ، — بوۋاي ئوماققا قاراپ دېدى — مەدىلكام تۈگەپ كەتتى ، قىرقى نەزىرىنى بەرگىلى تېخى بىر ھەپتە بولدى .

تايۇق بىلەن تالىشقۇل «قانداق قىلىمىز» دېگەندەك ئوماققا قارىدى .

— بوۋا ، — دېدى ئوماق ئاتتىن چۈشۈپ ، — بىز خەتمىقۇرئان قىلىشنى بىلمەيمىز ، سىز بىز بىلەن بىللە كىرىشىپ بەرگەن بولسىڭىزكەن ، — دەپ ئۆتۈنۈش قىلدى .

بوۋاي ئىچىدە : «مۇشۇ يېشىغىچە بىرەر ئايەتنىمۇ بى-لىشمىسە...» دېدى - دە ، بېشىنى ئىككى يانغا ئىرغىتقاچ زوۋان سۈرمەي كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى ، تايۇق بىلەن تالىشقۇلمۇ ئاتلى-رىدىن چۈشۈپ ماڭدى .

ئوماقلار ئۆيگە كىرگەندە قاسىم قارى كارىۋاتنىڭ لېۋىدە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى . بېشىغا سەرپۇش تۇماق ، ئۇچى-سىغا تىزدىن سەل ئاشۇرۇپ قارا چىپەرقۇت پەشمەت ، پۇتىغا مەسە - كالاچ كىيىپ ، بېلىنى بوز چەكمەن بەلۋاغدا باغلىۋالغان-دى . ئوماقلار قاسىم قارى بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ بولغان-دىن كېيىن كارىۋاتقا چىقىپ ئولتۇردى . ئوماقلارنى باشلاپ كىر-گەن بوۋاي گېلىنى قىرىپ يېنىك يۆتىلىپ قويۇپ قىرائەت باشلى-

دى . ئوماق بىلەن تايوق ئىككى ئالىقىنىنى ئىككى تىزىغا قويۇپ ، بېشىنى ئېگىپ جىممىدە ئولتۇردى . ئابدالدىن چىقىپ باقمىغان تالىشقۇل بولسا ، بوۋاينىڭ قىرائىتىگە ، ئوماق بىلەن تايوقنىڭ سېھىرلىنىۋەتكەندەك جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتكىنىگە ھەيران قالماقتا ئىدى . بوۋاي قىرائىتىنى تۈگىتىپ ئوماققا قاراپ قويۇپ جىم بولدى .

— سىلى چوڭ بولغاندىكىن دۇئا باشلاپ بەرسىلە ، — دېدى ئوماق پەس ئاۋازدا .

— ياق ، سىلەر دېگەن مېھمان ، — بوۋايمۇ پەس ئاۋازدا شۇنداق دەپ جىم بولدى .

— ياق ، سىلى چوڭ ، دۇئا باشلاپ بەرسىلە ، — ئوماق شۇنداق دەپ تۇرۇۋالدى .

بوۋاي ئىلاجسىز دۇئا باشلىدى . دۇئادىن كېيىن : «مەن چىقاي ، سىلەر ئولتۇرۇۋېرىڭلار» دەپ قويۇپ ، بوۋاي چىقىپ كەتتى .

— مەدىل تاغام تۈگەپ كېتىپتۇ ، ئۇقماپتۇق . مەھەللىگە كىرگەندە ھېلىقى بوۋايدىن ئۇقتۇق ، — دېدى ئوماق ، قاسىم قارى بوۋاينى ئۈزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن .

— شۇنداق بولغاندۇ ، ئاتامنىڭ بىتابلىقى بەك ئېغىرلىشىپ قالغان كۈنلەردە ، ھەرقايسىڭلارنى ، بولۇپمۇ كۈنچىققانبەگ بىلەن تۆلەك بوۋنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى . قالاچ قاناقانىڭغۇ يۈزىنى كۆرەلمەيتىمەن ، تۆلەك بوۋا بىلەن بولسىمۇ كۆرۈشۈۋالغان بولسام بولاتتى ، دەپ ئارمانلاپ ياتتى . مەن ئاتامنى تاشلاپ كېتەلمىدىم ، يا ئۇ تەرەپكە ماڭىدىغان ئادەم چىقمىدى ، — دېدى قاسىم قارى بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغان ھالىتى بويىچە .

مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلگەندىن كېيىن ، قىزىل ، قارا ، ئاق يوللۇق شاتىۋار داستىخان سېلىنىپ چاي تارتىلدى ، ئاندىن ئىككى مىس لېگەندە ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولو كەلتۈرۈلدى . قاسىم قارى مېھمانلارغا ئۇدۇل ئوتتۇرىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، تۇم

ناندىن بىرنى ئالدىغا قويۇپ پولۇ ئۈستىدىكى گۆشنى توغراپ ئاش ئۈستىگە قويۇپ بولۇپ مېھمانلارنى غىزاغا تەكلىپ قىلدى .
ئوماق بىرنەچچە قېتىم كېلىپ بۇ يەرنىڭ ئادەتلىرىنى بىلىۋالغاچقا ، «قېنى ، يەيلى» دەپ قويۇپ ، ئاشنى كاپاملاپ ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى . بۇ يەرنىڭ غىزالىرى ، ئۇلارنى قانداق يېيىش تايۇققا ئانچە ـ مۇنچە ئايان ئىدى ، ئۇمۇ يەۋەردى . ئەمما ، پولۇنى تالىشقۇلىنىڭ تۇنجى كۆرۈشى بولغاچقا ، ئوماق بىلەن تايۇقنىڭ يېگىنىگە قاراپ ئاشقا قول ئۇزاتتى . ئاش قىزىق ئەمەس ئىدى . بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ لوپلۇقلارنىڭ تاماقنى قىزىق يېمەيدىغانلىقىدىن خەۋىرى بولغاچقا ، ئاشنىڭ تاۋىنى كەتكۈزۈپ بولۇپ ئاندىن ئەكىرگەنىدى . تالىشقۇل ئاشنى ھەرقانداق قىلىپمۇ كاپاملاپ ئالالمىدى ، ئالغىنى قولىدىن چۇشۇپ چېچىلىپ كەتتى . ئوماق بىلەن تايۇق كۇلدى . قاسىم قارىمۇ كۇلۇپ كېتىپ :
— ھەي ، مەندىن ئۆتۈپتۇ ، ئويلىماپتىمەن ، — دېدى ـ دە ، چىقىپ كېتىپ بىر ياغاچ قوشۇق ئېلىپ كىردى .
تاماق يېيىلىپ بولۇپ ، دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن قاسىم قارى ئوماققا قاراپ :
— بىر ئىش بىلەن كەلگەندەك قىلىسىلەر ، قېنى ، دەۋېرىڭلار ، — دېدى .
— مۇنداق ئىش… — ئوماق قاسىم قارىغا تالىشقۇلنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ ، كۇنچىققانبەگ بىلەن يۇرت خەلقى بېشىغا كەلگەن مۇشكۇلچىلىكنى سۆزلەپ بەردى ، — بەگمۇ ، بىزمۇ ساچ قويۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى چەككى بىلەلمەي ، سىلەرنى يول كۆرسىتەرمىكىن ، دەپ كەلگەندۇق ، — دېدى .
قاسىم قارى خىيال سۇرۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى .
— ئون نەچچە يىلدىن بۇيان جاھان بەك ئېگىز ـ پەس بولۇپ كۆرمىگەننى كۆردۇق . ياقۇپبەگقو ئۆز قىلمىشىغا يارىشا يېقىن ئۆلپەتلىرى قوينىدىكى زەھەردە ئۆلدى . مانجۇلار كېلىپ يەنە باشقىچە يوللار بىلەن يۇرت سوراشقا باشلىدى . كورلىدىمۇ يۇرت

www.uyghurkitap.com

چوڭلىرىدىن ئۈچ ـ تۆتىگە : «ئۇنداق مەنسەپ بەردۇق ، چاچ قويىـ-
سىلەر ، بۇ مانجۇ خانلىقىنىڭ قائىدىسى» دەپ ، چاچ قويۇشقا
مەجبۇرلىدى . ئۇلار چاچ قويدى . چاچ بىلەن مەسچىتكە كىرەلمى-
گەچكە ، يۇرتتا يۈز ـ ئابرۇيى قالمىدى . ئۇلار يۇرتىنىڭ رايىدىن
مانجۇلار بەرگەن مەنسەپنى ئەلا بىلدى . ئۇلار ئارىسىدا ھېكىم
نىيازبەگ[1] دېگەن كىشىمۇ يېرىم يىلدەك چاچ قويىـۇپ ، كېيىـن
قول ـ ئىلكىدىكى بىساتلىرىنى ئارىغا قويۇپ يۈرۈپ چاچ قويۇشتىن
قۇتۇلۇپ قالدى ، ئەمما يالغان چاچ كىيىپ يۈردى . كۆنچىققانبەگـ-
نى چاچ قويۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىشىنىڭ ئامالىنى قىلىپ كۆ-
رەيلى . بۇنىڭ ئۈچۈن قارا شەھەرگە بارماي بولمايدۇ . ئالدى بىلەن
كورلىدىن يولخېتى ئالىمىز ، ئاندىن كىچىك نازارەتچىنىڭ تەكشۈ-
رۈپ ماقۇل كۆرۈشىنى كۈتىمىز ، ئـۇ ماقۇل كۆرۈپ تامغا بېسىپ
بەرسە يولغا چىقالايمىز ، چوڭ تەكشۈرۈش باشئەگىم ئىچىدە بولىـ-
دۇ . ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتسىلا ، ئىش ئانچە قىيىن ئەمەسكەن ،
دەپ ئاڭلىدىم . سىلەرنىڭ بۇنداق ئىشتىن خەۋىرىڭلار بولمىغاچقا ،
مۇنداقلا كەلگەن ئوخشايسىلەر . كېرەك يوق . ئوماق ، سىلەر ئۈچ
يىلنىڭ ئالدىدا بىزگە ئامانەت قويۇپ كەتكەن ئون قويۇڭلار بار
ئىدىغۇ ، ئـۇلاردىن تۇغۇلۇپ ـ ئۆلۈپ ھازىر ئوتتۇزدەك بولدى .
شۇلارنى سېتىپ پۇل قىلىپ يول مېڭىپ باقـايلى . يەتـكىنىـچە
بولار ، يەتمىگەندە باشقا يولىنى قىلارمىز ، — دېدى قاسىم قارى .
ئوماقلار قاسىم قارىنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشەندىمۇ ـ چۈشەنمى-
دىمۇ ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى .

## 5

قاسىم قارى بامدات نامازغا مېڭىش ئالدىدا ئۆيدىكىلەرگە ئەتىـ-
گەنلىك چاينى نامازدىن كېلىپلا ئىچىدىغانلىقىنى دەپ قويغانىدى .
قايماقلىق چاي بىلەن توقاچتا ناشتا قىلدى ـ دە ، ئۆيىدىن چىقىپ

[1] ھېكىم نىيازبەگ — بۇ كورلىدىكى يەرلىك ئادەم ، نىياز ھېكىمبەگ ئەمەس .

كەتكۈچە بارايلى دەپ ، قاسىم قارى ئۇماقنى باشلاپ ھېكىم نىياز-بەگنىڭكىگە ماڭدى . تايۇق بىلەن تالىشقۇل ئۆيدە قالدى . ھېكىم نىياز بەگنىڭ ئۆيى قورغان سىرتىدا — قۇرغۇيدۇڭ دېگەن مەھەل-لىدە ئىدى . ئۇلار ئېگىز ئېرىقتىن شەھەرگە قاراپ ئۇدۇل مې-ڭىپ ، قورغاننىڭ تۆۋەنكى (جەنۇبىي ) دەرۋازىسىغا كەلگەندە سول-غا بۇرۇلۇپ كۇنپېتىشقا قاراپ ماڭدى .

— ھېلىقى بىر يىلى مېنىڭ نامىمدا سىلەرنى ئالداپ ئات ، قويۇڭلارنى ئوغرىلىغان قاسىم ئوغرىنىڭ ئۆيمۇ مۇشۇ تەرەپتە .

— شۇنداقمۇ ، ئۇ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ؟

— نەشە چېكىپ ، قىمار ئويناپ ، كىشىلەرنى ئالداپ ، ئالدى-يالمىغاندا ئوغرىلىق قىلىپ يۈرىدۇ شۇ ، ئۇنىڭ ھۈنىرى شۇكەن .

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ قاسىم ئوغرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالدى .

— مۇشۇ ئۆي قاسىم ئوغرىنىڭ ئۆيى ، — دېدى قاسىم قارى ، پاكار ، ھويلىسى تام بىلەن تورالغان بىر قاناتلىق ياغاچ ئىشىكلىك ئۆينى كۆرسىتىپ . ئىشىكنىڭ تۆۋەن يېرىمىنىڭ شالڭىرى بولمى-غاچقا ، ھويلا ئىچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئىشىك سەت غىچىرلاپ ئېچىلىپ ، ھويلىدىن قاسىم ئوغرى چىقىپ قالدى .

— ۋۇي - ۋۇي ، قارىكام بىلەن ئۇماقبايكەنسىلەرغۇ ، ئەتى-گەندە نەگە ماڭدىڭلار ؟ — قاسىم ئوغرى گەپ قىلغاچ كېلىپ ئىككىسى بىلەن كۆرۈشتى .

— بىر ئىش بىلەن ھېكىم نىيازبەگنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇق ، — دېدى قاسىم قارى .

— ئۆيدە بار ، ئەتىگەن بامدادتىن چىقىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى .

— نامازغا چىقىدىغان بولدۇڭما .

— مەسچىت ئوغرى ، نەشىكەش دەپ يەكلىمىگەندىكىن ، كى-رىپ گۇناھلىرىمغا توۋا قىلىۋاتىمەن .

— ھۈنىرىڭنى تاشلاپسەن - دە .

www.uyghurkitap.com

قاسىم ئوغرى : «ھى ـ ھى ـ ھى» قىلىپ ھىجىيىۋىدى ، نەشىنىڭ ئىسىدا كۆكىرىپ كەتكەن سەت چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى .

قاسىم قارىلارغا دەرۋازىنى بىر كىچىك بالا چىقىپ ئاچتى . ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە ناشتىغا داستىخان سېلىنىۋاتاتتى .

— ۋۇي ، قاسىم قارىمۇ ، — ھېكىم نىيازبەگ ئىتتىك سۇپىدىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى .

سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ، ئۆزئارا تەكلىپ ـ تەكەللۇپ قىلىشىپ قاسىم قارى بىلەن ئوماق تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى . پاتىھە دۇئاسىدىن كېيىن ھېكىم نىيازبەگ :

— بۇ كىشى لوپنىڭ ئىچكىرىسىدىن كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەئە ، لوپتىن كەلدى . پەدەر بىلەن بەك يېقىن تونۇشلاردىن ئىدى ، — قاسىم قارى ئاتىسىنى ياد ئېتىپ بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ ، — ئىسمى ئوماق ، — دېدى .

— ئوماق دەڭ ، لوپ كىشىلىرى ئاجايىپ ـ ئاجايىپ ئىسىملارنى قويىدۇ ـ ھە .

قولغا سۇ ئېلىنىپ چاي كەلتۈرۈلدى . چاي ئىچىلىپ بولۇپ دۇئا قىلىندى . داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ، ھېكىم نىيازبەگ :

— خوش ، ئەتىگەندە كەلگىنىڭلارغا قارىغاندا بىرەر مۇھىم ئىش بار ئوخشىمامدۇ ؟ — دەپ قارىدىن سورىدى .

— شۇنداق ، — قاسىم قارى كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى تەپسىلىي دەپ بېرىپ بولۇپ ، — سىلە بۇ يۇكتىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى بىلىلا ، مەسلىھەت بېرەرمىكىن دەپ كەلدۇق ، — دېدى .

— ھە ، شۇنداقمۇ ، بۇ مانجۇلارنىزە ، كۇنچىققانبەگنىڭ بېشىغا تاغ چۈشۈپتۇ ـ دە . مەن بېشىمدىن بۇ تاغنى ئالدۇرۇۋەتكۈچە پۈتۈن مال ـ دۇنيا ، بىساتىمدىن ئايرىلدىم . يولخېتى ئېلىش ئۈچۈنلا بەش يامبۇ ، بەش قوي سەرپ قىلدىم . يۇقىرىغا بارغانسېرى

يەيدىغانلارنىڭ نەپسى تويۇي يوق ھاڭدەك يوغىناپ كېتىدىكەن ، كىرىدىغان ئىشىكنىڭ كۆپلۈكى ، مېڭىشىنىڭ تولىلىقىدىنمۇ ئادەم-نىڭ جۇلۇقى چىقىپ بولىدۇ . يولخېتى ئېلىشتا ، ماقۇل كۆرسەڭ-لار قاسىم ئوغرىدىن پايدىلانساق نېمە دەيسىلەر ؟ — دېدى ھېكىم نىيازبەگ .

قاسىم قارى بىلەن ئۇماق ئەجەبلىنىپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدى .

— ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىمىز ؟ — قاسىم قارى : «ئۇنى ئوغرىلىقتا سالامدۇق » دېمەكچىدى ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قال-غان گەپنى ئىچىگە تارتىۋالدى .

ھېكىم نىيازبەگ كۈلۈپ كېتىپ :

— يېقىندا كورلا تارماق نازارەتچى بەگ بەي دارىنىڭ ياخشى بىر ئېتىنى ئوغرىلاپ كېتىپتىكەن ، قاسىم ئوغرى ئەتىسىلا تېپىپ ئەكېلىپ بېرىپتۇ . «گاچىنىڭ تىلىنى گاچا بىلىدۇ » دېگەن شۇ . شۇنىڭ بىلەن بەي دارىن قاسىم ئوغرىنى ھېچقايسىمىزغا تەڭ قىلمايدىغان بولدى .

— ھېلىقى ئوغرىنى قانداق قىپتۇ ؟ — باياتىن گەپكە ئارىلاش-ماي ئولتۇرغان ئۇماق قىزىقىپ سوراپ قويىدى .

— كەينىدىن قوغلاپ بارسام ، ئاتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى ، دەپتۇ .

قاسىم قارى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇماق بىلەن قاسىم ئوغرى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ، ئۇنىڭ سازايى قىلىن-غىنىنى سۆزلەپ بەردى .

— جاھاننىڭ قىسمىتى ئاجايىپ - ھە ، خۇدانىڭ سىلەرنى شۇنىڭغا ھاجەتمەن قىلىپ ئالدىغا ئەكەلگىنىنى قاراڭلار ، تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ ، ئىشىڭلار ئوڭغا تارتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، — ھېكىم نىيازبەگ شۇنداق دەپ بولۇپ ، بېشىنى لىڭشىت-تىپ كۈلگىنىچە سىرتقا چىقىپ كېتىپ ھايالشماي يېنىپ كىر-دى ، — قاسىمنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ماڭدۇردۇم . سىلەر جىم ئولتۇرۇڭلار ، ئۇنىڭغا گەپنى مەن قىلاي ، — دېدى .

ئۇلار ئۇنى - بۇنى سۆزلىشىپ تۇرغاندا قاسىم ئوغرى كىر-
دى . ئۇ قاسىم قارى ، ئوماقلار بىلەن بايا كۆرۈشكەن بولسىمۇ ، ئۆزىنى نېمىشقا چاقىرغانلىقىنى بىلەلمەي ، ئوڭـايسىزلانغاندەك بولدى .

ھېكىم نىيازبەگ ئوماق بىلەن يەنە ئىككى ھەمراھىنىڭ كور-
لىغا كېلىشتىكى سەۋەبىنى ئېزىپ - ئىچۇرۇپ دەپ بولۇپ :

— قاسىم ، لوپلۇقلار بېگىنىڭ بېشىغا مانا شۇنداق ئېغىر غەم چۈشۈپ ، بۇلار بىزدىن ياردەم سوراپ كېپتۇ . سەن بەي دارىنىڭ ئەتىۋارلىق يېقىن ئادىمى بولۇپ قالدىڭ . بۇ ئىشتا ئۇلارغا ياردەم قىلالامسەن ؟ — دېدى .

قاسىم ئوغرىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى ، سەل جىددىيلەشكەن-
دەك بولدى .

— بۇ مانجۇلار بىزنى ئۆزىدەك قىلماقچىمۇ نېمە . بۇ يەردىكى بەگلەرنى چاچ قويۇشقا زورلىغىنى يەتمەي ، بۇ يولىنى قومۇلۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىمۇ يۈرگۈزمەكچى بوپتۇ - دە . مېنى ئوغرى دەيسى-
لەر ، راست ، مەن ئوغرى ، كىشىلەرنى جىق قاقشاتتىم ، لېكىن مېنىڭ قاقشاتقىنىم ، مانا ھېكىم نىيازبېگىم تۇرۇپتۇ ، باي - بەگلەرنى قاقشاتتىم . ئوماقنىمۇ شۇنداق بايلاردىنمىكىن دەپ ئويى-
لاپتىكەنمەن ، ئەمەسكەن ، كېيىن بەك پۇشايمان قىلدىم . ئەمدى شۇ گۇناھىمنى يۇغۇدەك ئىش چىقىپتۇ . قېنى ، ئېيتىڭلار ، يولخې-
تىنى نەچچە كىشىگە ئالىمىز ؟ — قاسىم ئوغرى ئوماققا ، ئاندىن ھېكىم نىيازبەگكە قارىدى .

ھېكىم نىيازبەگ قانچە كىشىلىك ئالىدۇ ، دېگەندەك ئوماق بىلەن قاسىم قارىغا قارىدى . ئوماقمۇ قاسىم قارىغا قارىدى . ئوماق-
نىڭ قارىشىنىڭ مەنىسىنى قاسىم قارى چۈشەندى .

— تۆت كىشىلىك ئالايلى ، — دېدى قاسىم قارى ، — بۇلار كورلىنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقمىغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار ، — ئۇ ئوماققا قاراپ قويدى ، — ھۆكۈمەت ، ھۆكۈمەت ئىشى دېگەنلەر-
دىن قىلچە خەۋىرى يوقكەن . قارا شەھەرگىچە ئانچە - مۇنچە ئىش بىلىدىغان بىر ئادەم باشلاپ بارمىسا بولمايدۇ ، مەن بىللە باراي .

— مېنىڭ قارا شەھەردە خېلى يۈزلۈك بىرنەچچە تونۇشلىرىم بار، ئەسقېتىپ قالارمەن، مەنمۇ بىللە باراي، خەتنى بەش كىشىلىك ئالايلى، — دېدى قاسىم ئوغرى ئوماققا قاراپ.

— بۇ بەك ياخشى بولدى، بەش ئادەمگە بىر خەت ئالامدۇ ياكى بەش خەت ئالامدۇ، بۇنى قاسىم بەي دارىندىن سوراپ، شۇنىڭ دېگىنىدەك قىلسۇن، — دېدى ھېكىم نىيازبەگ.

— بىز بۈگۈنلا قويلارنى سېتىپ ئاقچا - يامبۇ تەييارلاشقا كىرىشەيلى، — دېدى قاسىم قارى ۋە ئۆيدىن چىقىۋېتىپ، — قاسىم قاق، خەتنىڭ خەۋىرىنى قانداق ئالىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— خەۋىرىنى ئۆزۈم يەتكۈزىمەن، ئۆيىڭىزگە بارىمەن، مېنى ئۆيدە ساقلاپ، باشقا ئىشلار بولسا قىلغاچ تۇرۇڭلار، — دېدى قاسىم قاق.

## 6

كۈنىنىڭ ئالتۇن شاردەك قىزىرىپ چىقىشى بىلەن تەڭ ئۈچ ئات قوشۇلغان ياسىداق تۆمۈر ھارۋا[1] باشئەگىم ئېغىزىدىكى كىچىك داۋان ئۈستىگە چىقىپ بولدى. بۇنىڭدىن ھارۋىكەشنىڭ بۇ يولدا تولا مېڭىپ پىشىپ كەتكەن كىراكەشلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. داۋاندىن چۈشسىلا يول دەرياغا ئۇسۇپ، ياندىن سولغا توقسان گرادۇس بۇرۇلىدۇ. ئەگەر ھارۋىكەش ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىغان بولسا، ھارۋا پەسكە چۈشۈۋاتقاندا، بۇنداق يولدا ھارۋىدا مېڭىپ كۆرمىگەن ئوماق، تايۇق، تالىشقۇللار ھارۋىدىن نەچچە قېتىم ئالدىغا يىقىلىپ چۈشەتتى. بۇنى بىلىپ قاسىم قارى بىلەن قاسىم قاق ئۇلارنى توسۇپ ھارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغانىدى. ھارۋىكەش ئىچ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۈۋىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ تارتىپ

① چاق ئولتىغىغا قىلىن چۆپ تۆمۈر قويۇپ ئۈستىدىن ھەم ئولتاغنىڭ ئىككى يېنىغا، ئولتاڭ بىلەن قازان كۆتىكىنى چېتىپ تۇرىدىغان گوگوسونلەرگە چوڭ باشلىق مىخلار قېقىلغان ھارۋا «تۆمۈر ھارۋا» دېيىلەتتى.

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى . ئىچ ئات قۇشقۇنغا ئۇلتۇرۇۋېلىپ تاش ـ شېغىللىق يولدا پەسكە سۆرۈلگەندەك دارقىرىتىپ ماڭاتتى .

دەريانىڭ ئېقىش تېزلىكىنىڭ شىددىتىگە ، ۋەھىمىلىك شاۋقۇنلىرىغا ئوماقلار ھەيران بولۇپ قاراپ چەكچىيىپلا قالدى . ھارۋا سولغا بۇرۇلدى . ئەللىك قەدەمچە ئالدى تەرەپتە دەريا بىلەن تاغقا تىركەپ ياسالغان ئېگىز ئىككى قاناتلىق سىرلاقسىز قوۋۇقنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككىسى مىلتىق تۇتقان ، بىرى قىلىچلىق ، ئۈچتىن ئالتە چېرىك جىسەكتە تۇراتتى . تاغنىڭ قوۋۇققا يېقىن ، قوۋۇقنىڭ ئۈستى تەرىپى بىلەن بىر تەكشىلىك ئېگىزلىكتە ئادەم بويىچىلىك بىر كۆزىتىش ئۆيى بار بولۇپ ، ئىككى تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان كونگۇرىدىن خېلى يىراقنى كۆزەتكىلى بولاتتى .

ھارۋا دەرۋازىغا ئون بەش قەدەم قالغاندا ، قىلىچلىق ئىككى چېرىك دەرۋازىنى ياپتى . مىلتىقلىق بىر چېرىك ئوڭ قولىنى ئالدىغا چىقىرىپ كۆتۈرۈپ : «توختا» دەپ ، بەكمۇ سورلۇك ، سەت توۋلاپ ، ھارۋىغا يېقىنلاپ كەلدى .

— ھارۋىدىن چۈشەيلى ، — قاسىم قارى پەس ئاۋازدا شۇنداق دېگەچ ھارۋىدىن چۈشتى . ئۇنىڭ كەينىدىن باشقىلارمۇ چۈشتى .

چېرىك گەپ قىلماي قولىنى ئۇزاتتى . بۇ ئۇنىڭ : «يولخېتى قېنى» دېگىنى ئىدى . قاسىم قارى يانچۇقىدىن خەتنى چىقىرىپ چېرىككە بەردى . چېرىك خەتكە سىنچىلاپ خېلى ئۇزاق قارىدى ، كۆزىنى خەتتىن كۆتۈرۈپ ئادەملەرگە قارىدى ، يەنە خەتكە قارىدى ، ئەمما ھارۋىكەشكە قاراپمۇ قويمىدى . قارىغاندا چېرىك خەتتىنمۇ ، يولۇچىلاردىنمۇ گۇمانلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى . چېرىك خەتنى ئېلىپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى . ئۇلار خەتكە ، يەنە ئادەملەرگە قاراپ ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دېيىشتى . بۇ ئارىدا ئوماق ئەتراپقا قىزىقىپ قاراشقا باشلىدى . تورۇپلا كۆزى كۆزىتىش ئۆيىدە توختاپ قالدى ، ئۇنىڭ سىنچى كۆزى بىر ئادەمنىڭ چىرايىنى تونۇغاندەك قىلدى... بايىقى چېرىك قايتىپ كېلىپ :

— خەتتە بەش ئادەم قارا شەھەرگە بارىدۇ دەپتۇ . سىلەر ئالتە

ئادەم ئىكەنسىلەر . خەتتە يەنە سىلەرنىڭ نېمىدە ماڭىدىغانلىقىڭلار ، نېمە ئېلىپ ماڭىدىغانلىقىڭلارنىمۇ يازماپتۇ . بىز خەتنى كورلىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ كېلىمىز ، ساقلاپ تۇرۇڭلار ،— دېدى . ئۇ-نىڭ گېپىنى بىر ئۇيغۇر چېرىك ئۆرۈپ بەردى ، ئاندىن :

— مېڭىڭلار ، — ئۇ قاسىم قارىلارنى ، هارۋىنى دەرۋازىدىن ئۆتكۈزۈپ ، يۈز قەدەمچە نېرىدىكى بىر جەينەكتىن قايرىلغان جاي-دىكى ئۈچ هارۋا پاتقۇدەك يەرنى كۆرسىتىپ ، — مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، — دەپ قويۇپ دەرۋازا تەرەپكە كەتتى .

— مەن بۇ يولدا هەر هەپتىدە بېرىپ - كېلىپ ئىككى ماڭىمەن . بۇرۇن بۇنداق دېمەيتتى . يولۇچىلارنىڭ نېمە ئېلىپ ، نېمىدە مېڭىشى بىلەنمۇ كارى يوق ئىدى ، قولىدا يولخېتى بولسىلا بولىتتى . بۇگۈن بۇ گەپنى نەدىن تاپتى بۇ نېمىلەر ، — دېدى هارۋىكەش غودۇڭشىپ ، ئاندىن ئاتلىرىنى هارۋىدىن چىقىرىپ ئال-دىغا بىر باغلامدىن بېدە تاشلاپ بەردى .

— مەن ، — دېدى ئۇماق بىر ئىشقا ئەجەبلەنگەندەك هالەتتە قاسىم قارىغا قاراپ ، — تاغنىڭ يامزىلىدىكى كىچىك ئۆينىڭ ئىچىدە ئابدالغا بارغان هېلىقى پاكار ، كوسا مانجۇنى كۆرۈپ قالدىم .

— ئوخشاتقانسىز ؟

— ياق ، كۇنگۇردىن ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆردۈم .

— نېمە ؟ پاكار ، كوسا دېدىڭىزما ؟ — قاسىم قاق هەيران قېلىپ ئۇماقتىن سورىدى ۋە سۆزىگە ئۇلاپ ،— بەي دارىنىمۇ پا-كار ، كوسا ،— دېدى .

قاسىم قارىنى باسقان جىددىيچىلىك ئۇنىڭ چىرايىغا تېپىپ چىققانىدى . ئۇ قاسىم قاقتىن :

— بەي دارىن سەندىن ئۇماقلار توغرۇلۇق گەپ سورىغان-مۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بىرىنچى كورلىدىكى تۇغقىنىڭ ئىكەن ، قالغان ئۈچى نېمە ئادەملەر ؟ دەپ سورىدى . ئۇلار لوپتىن كەلگەن يېقىن تونۇشلى-

رىم ، لوپقا ئاپىرىپ ساتقىلى قارا شەھەرگە مالغا بارىدىكەن دېدىم . بۇلارنىڭ ئىسمىنى سورىدى . «ئوماق» دېدى ئۇ ئۇيۇلانغاندەك قىلىپ ، «ئۇنىڭ ئۆيى ئابدالدىمۇ ياكى باشقا يەردىمۇ ؟» ئۇ مەندىن ياندۇرۇپ سورىدى . بۇرۇن ئۆيى چارىدا ئىدى ، ھازىر نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن دېدىم . ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ بولۇپ ، ئولتۇرۇپلا بۇ خەتنى يېزىپ قولۇمغا بېرىپ بولۇپ : «قاچان ماڭىسىلەر ؟» دەپ سورىدى . ئۇلار ئالدىرايدىكەن ، ئەتە سەھەر ماڭمىزغۇ دەيمەن ، دېدىم . ئۇ باشقا گەپ قىلمىدى .
مەن يېنىپ چىقتىم ، — دېدى قاسىم قاق .

ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ چۈش بولدى . شۇ چاغقىچە چېرىكلەردىن بىرسىمۇ كېلىپ قويمىدى . ئوماقلار بۇنداق يولنى مېڭىپ باقمىغاچقا ، نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى ، لېكىن بۇ ئىش قاسىم قارى بىلەن قاسىم قاققا غەلىتە تۇيۇلماقتا ئىدى .

— بىر كۈنۈم ھارام كەتتى ، — دېدى ھارۋىكەش نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ ، — باشئەگمەدىن چىقماي تۇرۇپ ئاتلارنىڭ بىر كۈنلۈك يېمى تۈگىدى .

قاسىم قارىنىڭ قىياسىچە نامازدىگەر ۋاقتىدا ئۇيغۇر تىلماچ ، چېرىك بىلەن يەنە بىر چېرىك كېلىپ : «خېتىڭلار راست ئىكەن ، ماڭساڭلار بولىدىكەن» دەپ قويۇپلا كەتتى . ھارۋىكەش ھارۋىنى قېتىپ ئۇنى - بۇنى قىلغۇچە قاسىم قارى دەريادا تەرەت ئېلىپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇغان يەرگە چاپىنىنى بىر سىلكىۋېتىپ سېلىپ دىگەر نامازنى ئوقۇدى .

— بەختىكا ، — دېدى قاسىم قاق كۆڭلىدىكى غەشلىكنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ھارۋىكەشنى گەپكە سالماق بولۇپ ، — بەزىلەر «باشئەگىم» دېسە ، يەنە بەزىلەر «بەشئەگىم» دەيدىكەن ، قايسىسى توغرا ؟

بەختى ھارۋىكەش ئاغزىغا تېخى بايىلا سالغان ناسۋالنى ئاغزىغا ئۆمەللەپ بىر يەرگە يىغىۋېلىپ كۈچەپ تۈكۈرۈۋەتتى ، قامچىنى ئالدىدىكى ئىككى ئاتنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلتۈرۈپ

«قارس» قىلىپ سوقۇۋىدى، ئۇنىڭ قامچا ئۇرۇۋىتىشكە ماھارىتىگە ئوماقلار يەنە بىر ھەيران قېلىپ بىر-بىرىگە قاراپ ھىجىيىپ قويۇشتى، ئەتىگەن يولغا چىقىدىغان چاغدىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ قامچىنى مۇشۇنداق سوققان، لېكىن بىر قېتىممۇ ئاتقا قامچا تەگكۈزمىگەندى.

— ئىككىلىسى توغرا، — ھارۋىكەش ئالدىغا قارىغان پېتى گېپىنى باشلىدى، — ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ جىرادا دەريا ياقىلاپ ماڭسا، تاشئۆتەڭگىچە[1] نۇرغۇن ئەگىم-دوقمۇش بار. بۇلار ئىچىدە بەشئەگىم ھەممىدىن چوڭ. بىز كىچىك داۋاندىن چۈشۈپ سولغا بۇرۇلغاندىكى ئەگىم بىرىنچى چوڭ ئەگىم، ئاۋۇ چوققىدىكى، — ھارۋىكەش دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى تاغنىڭ ئېگىز چوققىسىنى كۆرسەتتى، — ئىككى تال ياغاچنى كۆردۈڭلارمۇ، — ھارۋىدىكىلەر ئۇ كۆرسەتكەن چوققىدىكى ياغاچقا قارىدى، پىتىۋاتقان قۇياشنىڭ يالقۇندەك قىپقىزىل شەپەق شولىسىنىڭ ئەكسىدە ئىككى موما ياغاچ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — ئۇلار تاھىر-زوھرا قەبرىسى بېشىغا قاداپ قويۇلغان شەددە. چوققىنىڭ ئاستىدىكى ئاۋۇ دوقمۇش ئىككىنچى چوڭ ئەگىم. تاشئۆتەڭگە بارغۇچە بۇنداق چوڭ ئەگىمدىن يەنە ئۈچى بار. بىرىنچى ئەگىم باشئەگىممۇ دېيىلىدۇ...

— تاھىر-زوھرانىڭ ماقاتى ئاشۇ چوققىدىما؟ — تايۇق سورىدى.

— نېمە ئۇ ماقات دېگەن، قەبرە دېمەمسەن؟ — دېدى قاسىم قاق تايۇققا قاراپ.

— قەبرىنى بىزچە نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، — قاسىم قارى قاسىم قاققا قاراپ، — «قەبر» ئەرەبچە سۆز، — دېدى.

— بىزنىڭ لوپ قوشاقلىرىمىزدا: «تارىم ئانام، توققۇز تارام؛ مەندىن زوھراغا سالام» دېگەن گەپ بار. ئاشۇ تاھىر-زوھرانىڭ ماقاتىنىڭ ئاشۇ چوققىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋال-

---

[1] تاشئۆتەڭ — كېيىنچە «تاشدەن» دەپ ئاتىلىپ قېلىپ، ھازىرمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالماقتا.

دۇق ، — دېدى ئوماق...
ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ هارۋىدىكى قىقىلىشلىرىنى، ۋاقىت-
نىڭ ئۆتكىنىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى . تاش ئۆتەڭگە كەلگەندە ئەل-
يانقۇ بولاي دەپ قالغاندى . هارۋىكەش كىچىچە مېڭىپ قارا شە-
هەرگە يېتىپ بېرىپ ، ئەتە بىر كۈن ئاتلىرىنى بېقىپ ئارام ئالدۇ-
رۇپ ، ئۆگۈنلۈككە كورلىغا كىرا تارتىپ مېڭىشنى ئويلايتتى .
شۇڭا تاشئۆتەڭدە توختىماي ئۆتۈپ كەتتى . كورلىدىن چىققان هار-
ۋىكەشلەر ئادەتتە تاشئۆتەڭدە قونماي ، ئات - ئۇلاغلىرىنى بېقىپ
ئارام ئالدۇرۇۋېلىپ ، شورچۇقتا قونىدۇ .
ئۇلارنىڭ تەلىيىگە توغراق كېچىكىگە كەلگەندە ئاي چىقىپ ،
تۈن قاراڭغۇلۇقىنىڭ سۈرى تۈگىدى . ئاسماندا ئاي - يۇلتۇزلار
چاقناپ ، ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى . يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە غەلىتە
نەرسىلەردەك قاپقارا بولۇپ كۆرۈنگەن دۆڭلەر ئەمدى ئوچۇق
كۆرۈندى .
— بۇ يەردىكى دۆڭلەر بىزنىڭ لوپتىكى قۇم دۆڭلىرىگە ئوخ-
شىمايدىكەن ، خۇددى تورغا ئوخشاش بولىدىكەن ، — دېدى ئوماق .
— ئالدىمىزدا ناغرىدۆڭگە بارغاندا ، — دېدى بەختى هارۋى-
كەش ، — دۆڭنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا
كۆرىسىلەر...
هارۋىكەشنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانغاندەك ئارقا تەرەپتىن
تۈن جىملىقىنى بۇزۇپ ، تاش - شېغىللىق يولدا بىرنەچچە ئاتنىڭ
كېلىۋاتقان تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى . هارۋىدىكىلەر بېشىنى ئارقىسى-
غا بۇراپ قارىدى . ئۈچ ئاتلىق كىشى كېلىۋاتاتتى . بۇ چوڭ يول
بولغاچقا ، ئۇلار ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى . ئاتلىقلار يېتىشىپ
كېلىپ هارۋىغا ، هارۋىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ ئاتلىرىنى دېۋىتىپ
ئۆتتىكلىتىپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ئىككىسىدە مىلتىق بولۇپ ،
بىرى قىلىچ ئېسىۋالغاندى . كىيىملىرىدىن چېرىككە ئوخشمايد-
تى ، چېرىك بولمىسا ، ئۇلار كىملەر ؟ قاراقچىمىكىن دېسە ، ئۇن-
داقمۇ ئەمەستەك .

— بۇ كىچىدە ئۇلار نەدىن كېلىپ ، نەگە كېتىۋاتقاندۇ ؟ — قاسىم قاق ھېلىقىلار خېلى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ، مۇنداقلا سوئال قويۇپ قويدى .

— مەنمۇ ھەيران ، يول چارلىغۇچىلارمىكىن دېسە ، كىيىمى يۇقىراچە ، يۇقىرامىكىن دېسە ، ھازىر قايسى يۇقىرادا قورال بار ، قورالى بولسىمۇ ، مۇشۇ كۆنلەردە مۇشۇنداق چوڭ يولدا ئاشكارا كۆتۈرۈپ ماڭالامدۇ ؟ ئېنىقى ئۈچ - تۆت يىلدىن بۇيان مەن بۇ يولدا قورال كۆتۈرۈپ ماڭغان بۇنداق ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغان ، — دېدى بەختى ھارۋىكەش . ئۇنىڭ ئاۋازىدىن سەل ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالغىنى بىلىنىپ تۇراتتى .

— بۇ يولدا يا بىزدىن باشقا بىرەر ھارۋا ياكى بىر يولۇچىمۇ يوق ، يالغۇزلا مېڭىپ قاپتۇق ، — دېدى قاسىم قارى .

ئۇماقلار ناغرىدۆڭگە كېلىپ قالدى . بۇ يەردىكى سېغىز توپىلىق دۆڭلەرنى شامال يالاپ ئاستى - ئۈستىنى چوڭ ، ئوتتۇرىسىنى سەل ئىنچىكىلىتىپ قويۇپ ناغرىغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى . دۆڭلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولۇپ ، نۇرغۇن ئىدى . بۇ يەردە مېڭىپ باقمىغان ئادەم كېچىسى ئاي قاراڭغۇسىدا مېڭىپ قالسا ، دۆڭلەر كۆزىگە ئاجايىپ بىر نەرسە بولۇپ كۆرۈنەتتى . ئۇماقلار ئاي يورۇقىدا ئاجايىپ شەكىلدە كۆرۈنۈۋاتقان دۆڭلەرگە ھەيرانلىقتا قاراپ كەلمەكتە ئىدى . چوڭ بىر دۆڭنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە «پاڭ» قىلىپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى بىلەن تەڭلا دۆڭنىڭ كەينىدىن ئىككىسى مىلتىقىنى تەڭلەپ ، بىرى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئۈچ كىشى چىقىپ كەلدى .

— توختاش ! — دېدى قىلىچ كۆتۈرۈۋالغىنى . زۇۋانىدىن ئۇ ئۇيغۇردەك قىلاتتى . بۇلار بايا ئۆتۈپ كەتكەن ئۈچ ئاتلىقنىڭ ئۆزى ئىدى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاتلىرىنى مۇشۇ ئەتراپتا بىر يەردە باغلاپ قويغاندەك ئىدى .

— ھەممىڭ ھارۋىدىن چۈشۈش ، قولۇڭنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ! — دېدى بايا توۋلىغان قىلىچلىقى ، — ھارۋىدىن ھېچ نەرسە

ئالماي چۈشۈش ،— ئۇنىڭ ئاۋازى ياسالما بولۇپ ، بىر خىل ئەمەس ، ئېگىز - پەس ئىدى .

ئۇماقلار بۇنداق ئىشنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋالغان بولغاچقا گاڭگىراپلا قالدى . قاسىم قارى ، قاسىم قاقلارنىڭ ھارۋىدىن چۈشۈپ قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرغىنىغا قاراپ ، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلدى .

— مايەرگە كېلىپ قوللىرىڭنى كۆتۈرۈپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇش ! — دېدى يەنە ھېلىقى قىلىچلىق ، يولنىڭ چېتىدىكى بىر يەرنى كۆرسىتىپ .

ھارىكەش بىلەن ئالتىسى ھېلىقى كۆرسەتكەن يەرگە كېلىپ قولىنى كۆتۈرۈپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى . مىلتىق تۇتقاننىڭ بىرى كېلىپ ئۇلارغا مىلتىقىنى تەڭلەپ تۇردى . مىلتىقلىقنىڭ يەنە بىرى ھارۋىغا چىقىپ ئۇنى - بۇنى مالتىلاپ بېقىپ ، بىر خورجۇننى سۆرەشتۈرۈپ ھارۋىدىن ئېلىپ چۈشتى . قىلىچلىقى قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ قويۇپ ، ھارۋىدىكى ئاتلارنى چىقىرىپ يېتىلەپ مېڭىشۇدى ، خورجۇن كۆتۈرگىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دېدى . ئۇ ئۇماقلارنىڭ قېشىغا كېلىپ :

— بىزنىڭ ئازراق ئىشىمىز چىقىپ قالدى . ھېلى كېلىمىز . بىز كەلگۈچە قايسىڭ ئورنۇڭدىن تۇرساڭ ئاتىمىز ! — دېدى - دە ، خورجۇننى بىر ئاتقا تەستە كۆتۈرۈپ ئارتتى ، ئاندىن ئۈچى ئاتنى بىردىن يېتىلىشىپ دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى .

ئۇماقلار ئولتۇردى - ئولتۇردى ، خېلى ئۇزاق ئولتۇردى ، قوللىرىمۇ تېلىپ كەتتى ، ئورنىدىن قوپۇش تۈگۈل قولىنى چۈشۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلىشالمىدى .

— ھەي ، ئۇلار ئالىدىغانىنى ئېلىپ كەتتى جومۇڭلار ، بىزنى قورقىتىپ شۇنداق دەپ قويغىنى ئۇلارنىڭ ، — قاسىم قاق ئورنىدىن تۇرۇپ تىزىنى قېقىپ بولۇپ ، — بىزگە گەپ قىلغان قىلىچلىقنى تونۇپ قالدىم ، باشئەگمىدە بىزگە گەپ قىلغان چېرىك شۇ ، — دېدى .



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ گېپى بىلەن ھەممىسى ئورنىدىن تۇردى . بەختى ھارۋى- كەش ئاتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا چىدىيالماي ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى .

— بۇنداق بولۇشىنى كىم بىلگەن ، مانا ، ئوماقلارنىڭمۇ يى- گىرمە يامبۇسى بىلەن سەككىز تال زىخچە ئالتۇنىنىمۇ بۇلاپ كەتتىغۇ ، يىغلىماڭ ، خۇدايىم بېرەر ، — دېدى قاسىم قارى ۋە مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ ، — ھە راست ، ئوماقنىڭ پاكار ، كوسا مانجۇنى كۆرگىنى راستتەك قىلىدۇ . بىزنى ئەتەي كەچكە قويۇپ ، كەينىمىزدىن ھېلىقى ئۈچىنى شۇ ئەۋەتتىمىكىن دەيمەن ، — دەپ گېپىنى تولۇقلاپ قويدى .

— ھە ، ماۋۇ كوسا مانجۇنى قارىڭە ، مەن ئەمدى بىلدىم ، ئۇنىڭ : «ئۇلار قارا شەھەرگە نېمىگە بارىدۇ ، قاچان ماڭىدۇ» دەپ سوراپ كېتىشلىرى ، ئوماقنى ياندۇرمىلاپ سۇرۇشتە قىلىپ كېتىد- شى بىكار ئەمەسكەن ـ دە . خەپ ! ئۈچ ئاتقا… — قاسىم قاق گېپىنىڭ داۋامىنى ئېيتماي توختىۋالدى .

ئوماق ھارۋىكەشنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— يىغلىماڭ ، — دېدى تەسەللى بېرىپ ، — بىز ئۈچ ئېتىد- ڭىزنى ، ھارۋىڭىزنى تۆلەپ بېرەيلى . بىزدە ئات بار ، تاللىۋالاي دېسىڭىز ، بىز بىلەن بىللە بېرىڭ . بىز بېرىپلا يەنە كېلىمىز ، بىزنىڭ بۇ يەردە قىلىدىغان مۇھىم ئىشىمىز بار . ھارۋىغا مال ئالاي دېسىڭىز ، مال بېرەيلى ، ياق ، ھارۋا ئالىمەن دېسىڭىز ، شۇنداق ھارۋا ئېلىپ بېرەيلى . بۇ ھارۋىنى ئېلىپ كەتكىلى بولمايدۇ ، مۇشۇ يەردە قالسۇن .

— شۇنداق ، ئات ، ھارۋىڭىز بىزگە تۆلۈچ بولۇپ قالسۇن ، بىز ئۇنى چوقۇم تۆلۈچلەپ بېرىمىز ، — دېدى تايۇقمۇ .

— بەختاخۇن ، بۇلار يالغان گەپ قىلمايدۇ ، ئۇ نەرسىلىرد- ڭىزنى سىز رازى بولغۇدەك تۆلەپ بېرىدۇ ، — دېدى قاسىم قارى .

ئۇلار ھارۋىدىكى كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەينىگە يې- نىپ ماڭدى . بەختى ھارۋىكەش قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئارقىسىغا

قاراپ ـ قاراپ قوياتتى . ئۇماقلار ئەمدى قانداق قىلىش توغرىسىدا ئۆزلىرىچە ئويلىناتتى . قاسىم قاق كۆڭلىدە باشقا بىر خىل چوت سوقۇپ : «خەپ ، ئۈچ ئاتقا ئۈچ ئات قوشۇپ...» دېگەندەك خىياللارنى قىلماقتا .

## 7

كۆنچىققانبەگ پۇتىنىڭ ساقايغىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ ، تېخىچە قولتۇق تاياقتىن قۇتۇلالمىدى . قولتۇق تاياقسىز يەرگە دەسسىمەسلىك تەكلىپىنى تالىشقول بەرگەنىدى . ئۇنىڭ تەكلىپىنى تۆلەك بوۋىمۇ ، باشقىلارمۇ توغرا تاپتى . چۈنكى ، سۇنغان پۇت سەللىمازا ساقايغىنى بىلەن ، بەگنىڭ بۇنچىۋالا سېمىز ، ئېيىقتەك يوغان بەستىنى كۆتۈرۈشكە بەرداشلىق بېرەلىشى ناتايىن ئىدى . ناۋادا ، تۇتقان سۇنۇق قايتا ئاجراپ كېتىدىغان بولسا ، تۇتقۇزماق تەس بولاتتى . شۇڭا تالىشقول قوپال بولسىمۇ قاۋۇل دەپ بىر ئاچا ياغاچنى قولتۇق تاياق قىلىپ ياساپ بەردى ، بەگمۇ ئىلاجسىز ئۇنىڭغا كۆندى . ئۇ قولتۇق تاياق بىلەن دىڭگۇسلاپ مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كۆتەكتە ئولتۇراتتى ، يەنە ئۆيگە كىرەتتى . بۇ بەگ ئۈچۈن ئىنتايىن زېرىكىشلىك بولسىمۇ ، ئەمما هازىر بەگنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ ، خىيالغا بەند قىلىپ قويغان ئىش بۇ ئەمەس ئىدى . ئۇماق ، تايۇقلار تۇنجى قېتىملىق قاراشەھەر سەپىرىدە — ناغرىدۆڭدە ئالتۇن ، يامبۇلارنى قاراقچىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، قاراشەھەرگە ئۈچ قېتىم بېرىپ كەلدى ، تېخىچە بېشىنى بېسىپ تۇرغان غەم تېغىنىڭ ئېلدىنىشىدىن خەۋەر يوق ئىدى ، بۇنىڭدىن كۆنچىققانبەگنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى .

«دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەن ، — دەپ تۆلەك بوۋا ئەجەبلىنەتتى . بۇ ئىشلارنىڭ نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى هەرقانداق ئويلاپمۇ ئەقلىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى ، — مەن ئۆمرۈمدە

ئىككى بەگنى كۆردۈم، ئۇلار كەتتى. مانا ھازىر ئۈچىنچىسى بىلەن بىللە ياشاۋاتىمەن؛ يەتتە ئاقساقالنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا بولدۇم. ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ قاراچىلارنىڭ بىر تال بېلىقىنى، بىر سىقىم ئۇجۇلىنى ئېلىۋالمىغان، تېخى ئۇلار نەرسىلىرى يوقلارغا ئۆزىنىڭكىنى بەرگەن. قاسىم قارىنىڭ ‹بۇلاڭچىدىن قۇتۇلۇپ، قاراقچىغا تۇتۇلۇپتۇق› دېگىنى قانداق گەپتۇ ـ ھە، ئۇلار كۈندۈز، كېچىلەردە يوللاردا كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مال، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى ئالداپ، بۇلاپ ئېلىۋالىدىغانلارنى بۇلاڭچى، قاراقچى دەيدىغان ئوخشايدۇ، گوي ـ گوي ـ گوي. ئۇلار بىزنىڭ بەگكە مەنسەپ دېگەن بىرنېمىنى بېرىپ، ساچ قويدۇرۇپ، ئۇنىمۇ ئۆزلىرىدەك ئالدامچى، بۇلاڭچى، قاراقچى قىلماقچىمۇيا؟ گوي ـ گوي ـ گوي، ياق! بىزنىڭ كۈنچىققان ئۇنداقلاردىن بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ‹بەگ›لىكى بولسىلا بولدى. شۇڭا ئۇلار بەرگەن مەنسەپنى ئالدۇرۇۋېتىش، ساچ قويماسلىق ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق قويىنى، سەككىز ئات، نەچچە يۈز ھەر خىل ماللارنىڭ تېرىلىرىنى ماڭدۇرۇپ بولدى. مەنسەپنى ئالدۇرۇۋېتىشكە مۇنچىۋالا بارلىغ[①] كەتكەن يەردە، ئۇنى كىيىش ئۈچۈن قانچىلىك نەرسە كېتىدىغاندۇ؟...» تۇلەك بوۋا ئەنە شۇنداق ئويلايتتى، ئەمما ئويىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمايتتى.

— تۇلەك بوۋا، ئوماقلار بۇ قېتىم نېمە گەپ ئېلىپ كېلەر، ياخشى سىرتىغ ئەكېلەرمۇ؟

— گوي ـ گوي ـ گوي، بىزنىڭ بۇ لوپ بىلەن كورلا، قارا شەھەر دېگەنلەر باشقا ـ باشقا ئالەم ئىكەنغۇ. ئالدامچى، ئوغرى، بۇلاڭچى دېگەنلەر ئېلىپ تويمايدىغان نېمىلەركەنغۇ.

— ھېلىمۇ ياخشى، ئوماق، تايۇقلار تونۇشۇپ قالغان قاسىم قارى بار ئىكەن، ھە، راست، ھېلىقى قاسىم قاقنى «ئوغرى» دېگەن بىلەن بۇ ئىشتا ئۇمۇ جىق ئەسقېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

— گوي ـ گوي، ھېلىقى ھارۋىكەش شۇڭا: «قارىغۇنىڭمۇ

① بارلىغ — بايلىق، («دىۋان» 3 ـ توم، 593 ـ بەت).

چاپاق ئۆينىشى بولىدىكەن» دەپتۇ ئەمەسمۇ.

بوۋاينىڭ جايىغا كەلتۈرگەن ئوخشىتىشىدىن ئىچى سىقىلىپ تۇرغان كۈنچىققانبەگمۇ، ئاقئۇلاممۇ كۈلۈپ كەتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆيگە تالىشقۇل كىرىپ كەلدى.

— بەپەرەغات[1] ئادەملەردەك ئىچىلىپ كېتىپسىلەرغۇ، — تالىشقۇل كۈلكىنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولغاندەك كۈنچىققانبەگ بىلەن تۆلەك بوۋىغا قارىدى، ئاندىن، — ئوماقلار قايتىپ كېپتۇ، هازىر مەھەللە سىرتىدا كېلىۋېتىپتۇ، مەن ئالدىغا باراي، — دەپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

كۈنچىققانبەگ بىلەن تۆلەك بوۋا ھەممە يەرنى كەلكۈن بېسىپ كېتىپ چوقچىيىپ چىقىپ قالغان كىچىك بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە قېلىپ جان قايغۇسىدا قالغان ئادەمدەك جىددىيلىشىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئوي - پىكىر چاقى: «ئۇلار نىمىدەپ كېلەر، قانداق بولغاندۇ؟» دېگەن مۇشۇ بىر ئوق ئەتراپىدىلا پىرقىرايتتى، كاللىسىدا ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى.

سىرتتا ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. تۆلەك بوۋا چىقىپ باقماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئۆيگە چىلگىدەك چوڭ يۇمىلاق گۈل-لۈك، پارقىراق شاخادەندىن ئۇزۇن چاپان كىيگەن، چاساقال، كۆتمەك قاش، ئوتتۇرا بوي، تەمبەل، ئۇقالىق قالپاق كىيگەن بىر مانجۇ ئەمەلدارى، ئۇنىڭ كەينىدىن ھىلىقى چاشقان بۇرۇت ئىگىز مانجۇ، تىلماچ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئوماق، تايۇق، تالىشقۇللار كىرىپ كەلدى. سۇپىدا پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان كۈنچىق-قانبەگ قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

— بۇ ھەزرەت، — دېدى چاشقان بۇرۇت مانجۇ ئالدىدا كىر-گەن چاساقاللىق مانجۇنى تىلماچ ئارقىلىق تونۇشتۇرۇپ، — كورلا - لوپ شۆبە نازارەت مەھكىمىسىنىڭ باش دورغاپ بېگى بولىدۇ، ئىسمى خودانگىرۇ، «خو دارىن» دېسەڭلار بولىدۇ، — دېدى.

---

[1] بەپەرەغات بىغەم، بەخىرامان؛ بىپەرۋا.

خو دارىن قولىنى كەينىگە تۇتۇپ گىدىيىپ تۇرۇپ ئۆيىنىڭ
تۆت تەرىپىگە قاراپ قويىدى . تۆر تامغا تاقاپ قويۇلغان چۇكۇچەك
ئۈستىدىكى يوتقان - كۆپىگە يېپىقلىق تۇرغان چوڭ بىر يولۋاس
تېرىسىنى كۆرۈپ قېلىپ كۆزى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى . كۆزد-
نى يولۋاس تېرىسىدىن تەستە كۇنچىققانبەگكە يۆتكەپ :

— يازغان تەلەپ - ئىلتىماسنامەڭلارنى قارا شەھەر باش
نازارەتچى ئامبال كۆرۈپ ، ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە مېنى ئەۋەت-
تى ، — ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تىلماچ ئۇدۇللۇق ئۆرۈپ بېرىپ
تۇردى ، — بىز كەلگۈچە مەھەللە - كەنتلەرنى ئارىلىدۇق ، ئارىلى-
قى يىراق ، ئاھالىلەر بەك تارقاق ئىكەن ، شۇڭا ئاقتارمىغا كۆچمى-
سەڭلار بولمىغۇدەك . مەنسەپكە كەلسەك ، ئۇ خان يارلىقى بىلەن
بېرىلگەن ، ئېلىۋېتىشمۇ خاندىن بولىدۇ . تەلىپىڭلارنى خانغا يول-
لايمىز . هازىرقى ئىش كۆچۈش . بەگ ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن
بىرنەچچىسى ئون كۈن ئىچىدە كۆچۈپ بولمىسا بولمايدۇ . ئەگەر
كۆچمىسەڭلار ، چېرىكلىرىمىز كېلىپ مەجبۇرىي كۆچۈرىدۇ ، —
دېدى .

ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ پات - پات يولۋاس تېرىسىگە قاراپ
قويىدى . ئۇنىڭ يولۋاس تېرىسىگە ئاچ ئىتنىڭ سۆڭەك كۆرۈپ
قالغان چاغدىكى قاراشلىرىغا ئوخشاش كۆز تىكىشىدىن يوشۇرۇپ
بولماس تەمەسىنى كۆزۈك[1] ، چېچەن تۇلەك بوۋاي دەسلەپكى قا-
راشتىنلا سېزىۋالغانىدى .

ئۇ يولۋاس تېرىسىگە تەمەخورلۇق بىلەن يەنە بىر قاراۋېتىپ ،
تىلماچقا بىرنېمە دەپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى . تىلماچ كۇنچىققانبەگ-
كە قاراپ :

— خو دارىن سىرتنى ئايلىنىپ باقاي دەيدۇ ، — دەپ ئۇمۇ
خوجايىنلىرىنىڭ كەينىدىن ماڭدى .

تۇلەك بوۋىنىڭ ئىشارىتى بىلەن تايۇق ، تالىشقۇللار ئۇلارنىڭ
كەينىدىن چىقىپ كەتتى . ئۆيدە كۇنچىققانبەگ ، تۇلەك بوۋا ، ئو-

[1] كۆزۈك - سەزگۈر ؛ كۆزى روشەن .

ماقلار قالدى. ئاقئۇلام ئەرلەرنىڭ دېيىشىدىغان گېپى بارلىقىنى پەھىم ئېتىپ، ئايقۇت، ئۇلامخانلار بىلەن پاراڭلاشقىلى چىقىپ كەتكەنىدى.

— قالاچ قاناقا «كۆلشەھىرىنى خان ـ خاقانلارنىڭ يىغى ـ تالالۇنلىرىدىن[1] باشقا ئۇلارنىڭ بارلىغىقا تويىماسلىقى، بارلىغىنى بىر ـ بىرىگە كۆركۇتمە قىلىشقا بېرىلىشىمۇ سەۋەب بولغانىكەن» دېگەنىدى. ماۋۇ بىرنېمىلەر ئىككى ئايدىن بېرى بەگنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرىنى يەپ بولۇپمۇ يەنە تويماپتۇ. قارىسام خو دارىن دېگىنىنىڭ كۆزى يولۋاس تېرىسىدىلا، ئۇنى ئالماي قويمايدىغان ئوخشايدۇ، بۇلار بۇنچىلىك يەيدۇ، خانى قانچىلىك يەيدىغاندۇ، — دېدى تۇلەك بوۋا.

— ھېلىمۇ ياخشى قاسىم قاق بار ئىكەن، — ئوماق، — ئۇنىڭ قارا شەھەردىكى تونۇشلىرى بەك ئەسقاتتى. شۇلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تەلەپ ـ ئىلتىماسىمىزنى خەت قىلىپ يازدۇرۇپ باش نازارەتچى ئامبالغىلا تۇتتۇق. ئوتتۇردىكى ئارىچى بەگكە ئازراق بىر نەرسە بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئامبالغا يىگىرمە يەتتە دانە يامبۇ، توققۇز دانە زىخچە ئالتۇن سۇڭگۇتتۇق. شۇنىڭ بىلەن يازغانلىرىمىزنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە خو دارىندىنى ئەۋەتتى. گېپىدىن قارىغاندا بۇمۇ بىر نەرسە تەلەپ قىلىدىغان ئوخشايدۇ. تېخى ھېلىقى ئامبال مەندىن، ئاڭلىسام لوپتا يولۋاس كۆپ ئىكەن ـ ھە، دېگەنىدى. مەن ئىچىمدە: «بۇنىڭغا بىر يولۋاس تېرىسى ئەكېلىپ بەرسەك بولغۇدەك» دەپ كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. بۇنىڭ كۆزىمۇ يولۋاس تېرىسىگە چۈشكەن بولسا، بەرسەك بولامدىكىن.

— مەيلى، چاچ قويمايدىغانلا ئىش بولسا، نېمە دېسە بېرەيلى، قوي، كالا، ئات، تۆگىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى كەتسىمۇ مەيلى، — دېدى كۇنچىققانبەگ.

— چاشقان بۇرۇنقىمۇ بۇ قېتىممۇ بىر نەرسە بېرىپ قويايلى،

① تالالۇن — جېدەل ـ ماجىرا، ئۇرۇش.

بولمىسا ئىشنى بۇزۇپ يۈرمىسۇن ، — تۇلەك بوۋا سىلەرچە قانداق دېگەندەك كۆنچىققانبەگ بىلەن ئۇماقىقا قاراپ قويدى ، — يەنە كىمدە يولۋاس تېرىسى باردۇ؟ ھە راست ، تايۇقتا بىرى بارغۇ دەيمەن .

— بار ، — دېدى ئۇماق ، — سەل كىچىكرەك ، ئەمما ياخشى تېرە . باش ئامبال بىلەن دورغاپ بەگنىڭ ئىشىغۇ پۈتتى ، چاشقان بۆرۈنقا نېمە بەرسەك بولار؟

— ئۆتكەندە سىلەرنىڭ مەھەللىدە كېيىكنى كۆرۈپ : «بۇ يەردە بۇغا مۈڭگۈزى تېپىلامدۇ» دەپ سوراپتىكەنغۇ ، ئۇنىڭغا شۇ-نىڭدىن بەرسەك بولغۇدەكقۇ ، — دېدى تۇلەك بوۋا .

دورغاپ بېگى خودانگىرۇ بىلەن چاشقان بۆرۈت ئىككى بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى .

— ياپىرىم ، — دېدى دورغاپ بېگى خودانگىرۇ ، — ئەجەل پۇراپ تۇرىدىغان بۇ قۇملۇقتا بۇلار قانداق ياشاپ كەلگەندۇ ، ھازىر-مۇ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ .

— مەن دەسلەپ بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ تۈگىمەس قۇملۇقلارغا قاراپلا بەدەنلىرىم قورقۇنچتىن تىترەپ كەتكەنىدى ، لېكىن بۇلار قۇملۇق بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك ، ھەر - ھەر ئىشلارغى-مۇ مىت قىلماي قويمايدىكەن .

— ئاشلىق يېمەي ، بېلىق ، گۆش ، جىگدە ، يەنە نېمىتا ، ھە ، يېكەن تالقىنى[1] يەپمۇ شۇنچە قاۋۇللۇقىنى بۇلارنىڭ . ھېلىقى قېرى-نى يۈز ياشتىن ئاشتى دەمدا؟

— شۇنداق ، يۈز ياشتىن ئېشىپتۇ ، بۇ يەردە توقسان ، يۈز ياشتىن ئاشقانلار جىق ئىكەن . بىزدە ئاتمىش ياشقا بارا - بارمايلا ماكچىيىپ كېتىدىغانلار تولا ، ئەمما بۇلاردا سەكسەن ياشتىن ئاش-قاندا قېرى ھېسابلىنىدىكەن . مەن مۇشۇنىڭ بىلەن بۇلار ئارىسىغا ئۈچ قېتىم كەلدىم . ياشاش شارائىتىنىڭ شۇنچە ناچارلىقىغا قارى-ماي ، بۇلار ئارىسىدا جىسمانىي جەھەتتە ئەيىبناق بىرەر ئادەمنى ئۇچراتمىدىم . ھەممىسى بېجىرىم ، قاۋۇل كېلىدىكەن ، مەن بۇ

---

[1] يېكەن تالقىنى — ئۇجۇل تالقىنىنى دېمەكچى .

www.uyghurkitap.com

تەرىپىگە بەك ھەيران قالدىم .

دورغاپ بىگى گەپ قىلماقچىدى ، ئۇلارنىڭ پىنىغا تىلماچ كېلىپ :

— بۇلارنىڭ ئىككى ھەزرەتكە سالىدىغان داستىخىنى بار ئىكەن ، — دەپ قويۇپلا قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ كەتتى .

خودانگىرۇ : «بۇ خەقنىڭ داستىخىنى قانچىلىك بولار» دېگەندەك قىلىپ تىلماچنىڭ كەينىگە ئىرەنشىمەي دىمەكچى بولغان گېپىگە ئېغىز ئاچتى :

— بىز ھېلى كەينىنى قىلغان قېرى بەگنىڭ ئاتىسىدۇ ، تاغىسىدۇ؟ ، بەگ ئۇنى بەك چوڭ بىلىدىغاندەك قىلىدۇ .

— بەگنىڭ ھېچنېمىسى ئەمەسكەن ، ئەقىلدارىدەك قىلىدۇ . بۇلار چوڭلارنى بەك ھۆرمەتلىشىدىكەن . تۆۋەندىكى ئاقساقاللاردىن تارتىپ بەگكىچە ھەممىسى چوڭلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش تۇتىدىكەن .

تىلماچ يەنە كېلىپ : «كاۋاپنىڭ تەمى كېتىپ قالىدۇ ، مېھمانلار كەلسىكەن دەپ ئىككىلىرىنى ساقلاپ قالدى» دەپ ئۇلارنىڭ كۆزىگە قارىدى .

ساقلاپ قالغان بولسا بارايلى ، دېيىشىپ ، ئۇلار قۇم دۆۋىسىدىن چۈشتى .

تولەك بوۋىلار مەسلىھەتلىشىپ ، ئۇلارنى قۇم كاۋىپى بىلەن مېھمان قىلماقچى بولۇشقانىدى . مېھمانلار كېلىپ قۇم ئۈستىگە سېلىنغان قېنىق يېشىل ، قىزىل ، سېرىق ، يولغۇن چېچىكى رەڭلىك ئۇزۇن يوللۇق چوڭ پالاس ئۈستىدە ئولتۇردى . مېھمانلارنىڭ ئۇدۇلىدا كۈنچىققانبەگ ، تولەك بوۋا ، ئوماق ۋە تۆت مەھەللىنىڭ ئاقساقاللىرى قۇم ئۈستىگىلا ئولتۇرغان بولۇپ ، ئوتتۇرىغا ئاشلانغان جەرەن تېرىلىرىنى قوراشتۇرۇپ تىككەن داستىخان سېلىنغانىدى . داستىخاندا يوغان بىر تەڭنە ، كىچىكرەك بىر تۇلۇم ۋە ئۇندەك ياغاچ چۆچەك بار ئىدى . خودانگىرۇ بۇ نەرسىلەرگە ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ ، «بىزنى نېمە بىلەن مېھمان قىلىدىكىنە»

دېگەندەك چاشقان بۇرۇنقا قارىدى ، ئۇمۇ ھەيران قالغىنىنى ئىپادى-
لەپ بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى . تۇلەك بوۋا : «قېنى ، كاۋاپنى
ئال» دېگەننى قىلىپ توختىكۆلگە باش - كۆزى بىلەن ئىمالىدى .
توختىكۆل ئورنىدىن تۇرۇپ سەل نېرىدىكى قومنى كورەك بىلەن
كورەپ - تارتىپ يوغان بىر قوي تېرىسى تۇلۇمنى قومدىن تارتىپ
چىقاردى ، ئۇنى سۆرەپ ئەكېلىپ پىچاقتا ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ،
ئىچىگە ماشاپ سېلىنغان گۆشنى ئېلىپ تەڭنىگە سېلىشقا باشلى-
دى . سەل سۇس جىگەر رەڭ تۇس ئالغان كاۋاپتىن گۇپۇلدەپ
كېلىۋاتقان مەززىلىك پۇراق مېھمانلارنىڭ ئىشتىيىنى غىدىقلاپ
ئۇلارنى ھەيرانلىقتا قويماقتا ئىدى . توختىكۆل گۆشلەرنى
ئۆز ئۇگە - بوغۇملىرى بويىچە ئۇششاقلىدى .
— قېنى ، مېھمانلار ، — كۈنچىققانبەگ خودانگىرۇلارنى كا-
ۋاپ يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ ، — بىز قوملۇقلۇقلارنىڭ تامىقىمىز
مانا مۇشۇنداق ، — دېدى .
بەگنىڭ گېپىنى تىلماچ خەنزۇچىغا ئۆرۈپ بەردى . بۇرنىدىن
كىرىپ پۇتۇن ۋۇجۇدىنى غىدىقلاۋاتقان مەززىلىك پۇراقتىن خوداڭ-
گىرۇلارنىڭ كاۋاپنى «ھاپ» ئېتىپ يەۋەتكۈسى بار ، ئەمما بۇنداق
كاۋاپنى تۇنجى كۆرۈشى بولغاچقا ، قانداق يېيىشنى بىلمەي ھېلى
كاۋاپقا ، ھېلى بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى . ئوماقنىڭ
ئىشارىتى بىلەن تۇلەك بوۋا كىچىك بىر پارچىنى ئېلىپ يېيىشكە
باشلىدى . خودانگىرۇ بىلەن چاشقان بۇرۇتلۇقمۇ بىر پارچىدىن
ئېلىپ ، دەسلەپ ئاغزىنى تەگكۈزۈپ تېتىپ باقتى ، بىر چىشلەم
ئۈزۈپ يەپ باقتى . كاۋاپ مەززىلىك بولۇش بىلەن يەنە پىشىپ
مەلەق بولۇپ كەتكەنىدى . خودانگىرۇ بىلەن چاشقان بۇرۇت خاننىڭ
شاھانە تاماق زىياپىتىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈۋاتقاندەك كاۋاپقا ئىشتى-
ھا بىلەن تۇتۇش قىلدى . ئىككىسى شۇ تاپتا خانلىقتىكى ئەمەلدار-
لارنىڭ پۇقرالار ئارىسىدا ئۆزلىرىنى قانداق سالاپەتتە تۇتۇشى توغ-
رىسىدىكى تەلىم ، ئۆلچەملىرىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقارغانىدى .
ئۇلارنىڭ كاۋاپقا قارنى تويسىمۇ ، كۆزى تويماۋاتقاندا ، توختىكۆل

كاۋاپنى تەڭنە بىلەنلا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىتتۈىدى ، كۆزلىرى كاۋاپ- تىلا قالدى . توختىكۆل پۈتۈن بويى سۇدا پىشۇرۇلغان چوڭ بىر بېلىقنى تەڭنىگە سېلىپ ئەكېلىپ ئوتتۇرىدا قويۇپ قويدى . ئوماق كېلىپ بېلىقنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ بوش - بوش سىلكىگەچ ئاستا - ئاستا كۆتۈردى . بېلىق كەمچۈكلىنىپ ئومۇرتقا سۆڭىكى بىلەن قوۋۇرغا - قىلتىرىقلىرى ئوماقنىڭ قولىدا قىلىپ ، گۆشى تەڭنىگە تۆكۈلۈپ چۈشتى . خودانگىرۇ ، چاشقان بۇرۇت ، تىلماچ ئوماقنىڭ قولىغا ، ئۇدۇللۇق تۆكۈلۈۋاتقان بېلىق گۆشىگىلا قاراپ قالدى .

— قېنى ، مېھمانلار ، ئەمدى بېلىق يەيلى ، — دېدى كۈنچىق- قانبەگ خودانگىرۇلارنى بېلىق يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ .

بەگنىڭ گېپىنى تىلماچ ئۆرۈپ بەردى . خودانگىرۇنىڭ بېلىق- قا ئوبدانلا ئىشتىھاسى بولسىمۇ ، بېلىقنى بۇنداق پىشۇرۇپ يېگەننى كۆرۈپ باقمىغاچقا ، قانداق يېيىشنى بىلمەي قاراپ ئولتۇرۇپ كې- تىشتى . بۇنىڭدىمۇ تولەك بوۋا بېلىق گۆشىنى كاپاملىغاندەك ئې- لىپ يېيىشكە باشلىدى . گۆش ئارىسىدا قېلىپ قالغان ئۇششاق قىلتىرىقلار جاۋغىيىنىڭ بىر تەرىپىدىن ئۇدۇللۇق يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى . خودانگىرۇلار ئەمدى بېلىقنىڭ قانداق پىشۇرۇلۇپ ، قان- داق كەمچۈكلىنىشىگە ئەمەس ، لوپلۇقلارنىڭ بېلىق يېيىشتىكى ماھارىتىگە قىزىقىپ ھەۋەس بىلەن قاراپ قېلىشتى...

كاۋاپ ، بېلىق گۆشى يەپ تازا ئۇسساپ تۇرغاندا ، توختىكۆل تۇلۇمدىكى ئۇسسالىقنى ياغاچ چۆچەكلەرگە قۇيۇپ خودانگىرۇدىن باشلاپ ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بىردىن قويۇپ قويدى . بەك ئۇس- ساپ كەتكەن خودانگىرۇ سۇس بىر ھالەتتە چۆچەكنى قولىغا ئال- دى ، كۆڭلى تارتمايۋاتقاندەك قىلىپ ، ئالدى بىلەن ئۇسسۇزلۇقتا كالپۇكىنى تەگكۈزدى ، ئاندىن تىلىنى تەگكۈزۈپ بېقىپ ، خۇددى بىركىم قولىدىكى قاچىنى تارتىۋالىدىغاندەك بىر تىنىقتا گۈپۈلد- تىپ ئىچىۋەتتى . «بۇ ئۇسسۇزلۇقنى قانداق تەييارلايسىلەر ؟ » دەپ سورىماقچىدى ، سالاھىيىتىنى ئويلاپ ئىچىگە تىنىپ زۇۋان سۈر-

مىدى، لېكىن كۆزى تولۇمدا ئىدى.

كۆنچىققانبەگ تايۇقنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلدۈرگەن يولۋاس تېرىسىنى خودانگىرۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋىدى، ئۇ «سالاپىتى»نى ساقلاپ كىدىيىپ ئىپادىسىز ئولتۇرغان بولسىمۇ، خۇشلۇقتىن گۈلقەقەلىرىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆزى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. چاشقان بۇرۇتنىڭ بولسا، كۆز چانىقىدىن چاچراپ كەتكۇدەك بولۇپ كەتتى. كۆنچىققانبەگ ئۆز ئۆيىدىكى چىرايلىق قاتلانغان يولۋاس تېرىسىنى خودانگىرۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— بۇ ئاددىي سوۋغىمىزنى باش نازارەتچى ئامبالغا ئالغاچ بارارسىلەر، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا ئىككى غېرىچچە ئۇزۇنلۇقتىكى قېنى قانقان بولسىمۇ رەڭگىدىن كەتمىگەن بۇغا مۈڭگۈزىدىن ئىككى تالنى: «ئاز بولسىمۇ» دەپ چاشقان بۇرۇتنىڭ ئالدىغا، بىر تالنى تىلماچنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. بۇ ئىككىسىنىڭ كۆزى، چىرايى ئېچىلىپ كەتتى. خودانگىرۇ بولسا بۇغا مۈڭگۈزىگە قاراپ قېلىپ ئىختىيارسىز:

— سىلەردە بۇنداق نەرسە بارما؟ — دەپ سوراپ سالدى.

كۆنچىققانبەگ تۇلەك بوۋا بىلەن پىچىرلىشىۋېلىپ، تالىشقۇلنىڭ قولىقىغا بىرنېمە دېدى، ئۇ كېتىپ ھېلىقىدەك مۈڭگۈزدىن ئىككى تال ئېلىپ كەلدى. كۆنچىققانبەگ ئۇنىڭ بىرىنى خودانگىرۇنىڭ قولىغا بېرىپ، يەنە بىرىنى:

— بۇنىمۇ باش نازارەتچى ئامبالغا ئالغاچ بېرىشىسىلا، — دەپ ئالدىغا قويۇپ قويدى...

ئۇلار قايتماقچى بولۇپ ئاتلىرىغا مىندى. مېڭىش ئالدىدا خودانگىرۇ:

— مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە كۆچۈپ بولۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، — دەپ تەكىتلەپ قويدى.

ئۇنىڭ بۇنداق تاپىلاپ كەتكۈسى يوق ئىدى. ناۋادا، كۆچمەي قالسا «ئىشنى ۋاقتىدا بېجىرەلمەپسەن» دەپ باش نازارەتچى ئامبالنىڭ تاپا - تەنە قىلىشىدىن ھەتتا مۇشۇنى باھانە قىلىپ مەنسەپ

www.uyghurkitap.com

دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىشىدىن قورقتى. ئۇ چاشقان بۇرۇت بار يەردە بەك ئېھتىياتچان ۋە قاتتىق قول ئىدى. چۈنكى، ئۇنى باش نازارەتچى ئامبالنىڭ يېقىن ئادىمى، چېقىمچى دەپ قارايتتى.

## 8

بەلگىلەپ بەرگەن قەرەلدىن بەش كۈن ئۆتۈپ، بەش كۈن قالدى. كۈنچىققانبەگ چاچ قويماسلىق ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگمەي كۆچسەم كۆچەي دېگەن قارارغا كەلگەنىدى. بەگنىڭ كۆچۈشىدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم ئىش، ئۇلار بىلەن كىملەرنىڭ بىللە كۆچۈش مەسىلىسى بولۇپ قالدى. كۈنچىققانبەگ كۆڭلىدە بىرقانچە يېقىنلارنىڭ بىللە كۆچۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇلار تۇلەك بوۋا، تايۇق، توختىكۆل، تالىشقۇل قاتارلىقلار ئىدى. تۇلەك بوۋا: «مەن قېرىپ قالدىم، كېتىدىغان چېغىممۇ ئىشكىم ئالدىدىلا، بۈگۈن كېتەمدىم، ئەتىمۇ، بىلمەيمەن، ئىش قىلىپ ئاز قالدى. قالاچ قاناقانىڭ يېنىدا ياتاي» دەپ تۇرۇۋالدى. تايۇق بولسا: «مەن قالاچ قاناقانىڭ ئاگايىنى تاشلاپ كەتسەم بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىدىغان بولسام، پۈتۈن قالۇچىلارنىڭ قارغىشىغا كېتىمەن» دېدى. ئۇ بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسا، ئۇنى ھېچكىم زورلىيالمايتتى. توختىكۆل: «بوپتۇ، باراي» دېدى. خوتۇنى ئۇجۇلخاننىڭ ئۇ تەرەپكە زادى كۆڭلى تارتمايتتى، پەقەت ئوماق بىلەن ئايقۇتلارنى دەپلا بېرىشقا قوشۇلدى. تالىشقۇل بولسا: «ئاتا - بوۋىلىرىم قارا قوشۇن كۆلى بىلەن لوپ كۆلىدىن نېرى كەتمەي ئۆتۈپتىكەن. مەنمۇ بۇ يەردىن كەتمەيمەن، چارا تەرەپكە كۆنەلمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. كۈنچىققانبەگلەرنى يالغۇز توختىكۆل ئائىلىسى بىلەنلا كۆچۈرۈپ قويۇشقا تۇلەك بوۋىنىڭ كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بەگنى چوڭ بىلىدۇ، ئەتراپىدىن كەتمەيدۇ، ئەمما كىچىكىدىن باشلاپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان،

ئاكا ـ ئۇكىدەك بولۇپ كەتكەن ، بىر ـ بىرىگە ئاشەم[1] قىلىدىغان يېقىنلىرىدىن ئۈچ ـ تۆتى يېنىدا بولسا ياخشى ئىدى .

— مېنىڭ ئورنۇمدا ھەكىم كۆچۈپ بارسۇن ، — دېدى تۆلەك بوۋا ، — باشقىلار بولغاندىكىن ، مەن بۇ يەردە يالغۇزچىلىق تارتماسمەن .

شۇنداق قىلىپ كۈنچىققانبەگ ئىككى ئوغلى ، توختىكۆل ، ھەكىملەر بىلەن كۆچۈپ تۇرىدىغان ، باشقىلارنىڭ كۆچۈشى كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بىرنېمە دېيىلىدىغان بولدى .

بەگنىڭ ئائىلە بىساتلىرى تۈر ، شەكىل ، ماتېرىيالى يېقىدىن يۇقىرىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ، پەقەت بەزى نەرسىلەر سانى جەھەت- تىنلا كۆپرەك ، بۇمۇ ئېھتىياج يۈزىسىدىنلا بولغان . يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم ئومۇمىي ئاقساقاللار كېڭىشى بولىدۇ . بەزىدە زۆرۈر تېپىلغاندا بىر قىسىم ئاقساقاللار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈلىدۇ . بەگنىڭ مەخسۇس ئوردا ـ قەسىر ، خاندانى بولمىغاچقا ، كېڭەش- لەرنىڭ ھەممىسى بەگنىڭ ئۆيىدە ، ھويلىسىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ . كې- ڭەش تۈگىگۈچە كېڭەشچىلەرنىڭ تامىقى بەگنىڭ ئۆز يېنىدىن بولىدۇ . شۇڭا ئۇلار ئولتۇرىدىغانغا پالاس ، تاماق يەيدىغان قاچا ـ چۆچەك ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەر تەق بولمىسا بولمايدۇ .

ئابدالدىن چارا ـ ئاقتارمىغا بېرىشقا ئون كۈن كېتەتتى . بۇ ئۇزۇن يولغا كۈنچىققانبەگ ئات ـ تۆگىگە ئولتۇرۇپ بېرىشقا پايلىيالمايتتى . ئۆزىمۇ ، باشقىلارمۇ بەگنىڭ ھارۋىدا ئولتۇرۇشىنى لايىق تاپتى . ئات ، تۆگىگە مىنگەندە كۆتۈلمىگەن ئەھۋال كۆرۈ- لۈپ ، پۇتى قايتا سۇنۇپ كەتسە ، يولنى داۋاملاشتۇرغىلىمۇ بولمايت- تى ، سۇنۇقنى تېڭىپ تۇتقۇزماقمۇ بەسى مۇشكۇل بولاتتى .

نەرسە ـ كېرەكلەر ئات ، تۆگە ، كالىلارغا ئارتىلدى . بەگنىڭ ئات ، كالىلىرىنىڭ يېرىمى ، قويلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى چاچ مەسىلىسى سەۋەبىدىن ئالتۇن ـ يامبۇغا ئايلاندۇرۇلۇپ ، ئارىلىقتىن- كىلەرنىڭ چۈنتىكىگە كىرىپ كەتكەنىدى . قالغان مال ـ چارۋىلى-

---

① ئاشەم -- ئەقىدە ، ئىخلاس .

رىنىڭ كۆچۈشكە ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن باشقىسى ھازىرچە ئاب- دال، يېڭى يۇرتچاپقانلاردا تۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى.

كۇنچىققانبەگ بىلەن بىللە كۆچىدىغانلارنىڭ يوق- تاقلىرى قولمۇقول ئات- ئۇلاغلارغا ئارتىلىپ، بەگنىڭ ئۆيى ئالدىغا توپلى- نىپ تەق بولۇپ تۇرۇشتى. بەگنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئادەم قايىنىمىغا ئايلانغانىدى. كۇنچىققانبەگ ھارۋىغا چىقىپ بولغان بولسىمۇ، كۆچكۈچىلەر تېخىچە يولغا چىق- مايۋاتاتتى.

كۆچۈش — بۇ قۇملۇق ئادەملىرىگە ئاتا- بوۋىلىرىدىن تارتىپ بولۇپ كېلىۋاتقان ئادەتتىكى ئىش ئىدى. كۆچكۈچىلەر ئۆز ئىختى- يارى بويىچە خالىغان بىر ۋاقىتتا، خالىغان يېرىگە كۆچىدىغان بولغاچقا، كۆچۈش كۆچكۈچىلەرنىڭ ئۆزىگىمۇ، ئۇزاتقۇچىلارغىمۇ باشقىچە تۇيۇلمايتتى، قىلچە كۆڭۈل يېرىمچىلىقى تارتمايتتى، ئەمما بۈگۈنكى كۆچۈش ئۆتكەن ھەرقانداق كۆچۈشلەرگە ئوخشى- مايتتى. بۇ كۆچۈشتە ئىختىيارىيلىقمۇ، ماكان تاللاش ئەركىنلى- كىمۇ يوق ئىدى، مەجبۇرەن ئىدى. بۇ كۆچۈش كۆچكۈچىلەرگە قانداق ئېغىر كەلسە، ئۇزاتقۇچىلارغىمۇ مۇسىبەتكە چۈشكەندەك شۇنداق ئېغىر تۇيۇلماقتا ئىدى.

— نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان... يوقلاپ بارىمىز... — ئۇلامخان بىر قولىدا ئاقئۇلامىنىڭ، بىر قولىدا ئۇجۇلخاننىڭ قولى- نى تۇتۇپ تۇرۇپ شۇنداق دەيتتى، ئۈچىلىسى ئېسەدەيتتى، كۆز- لىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى.

— توختىكۆل، بەگنىڭ يېنىدىن نېرى بولما، بىزنىڭ يوقلۇ- قىمىزنى بىلىندۇرمەي، ئوبدان مەسلىھەتچىسى بول، ئۇزاققا قال- ماي يوقلاپ بارىمىز، — دەيتتى تايۇق تاپىلاپ.

— بەگ، يولدا ئۆزۈڭنى ئاسرا. ئوماق ئالىباي ئاقساقال ۋە باشقا يۇرت چوڭلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سىلەر بارغۇچە تەييارلىق قىلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئوماقنىڭ ئۇ تەرەپكە كەتكىنى-

ـمۇ ياخشى بوپتىكەن . ئۇ ئەمدى ساڭا ئوبدان ئۆۋەك بولىدىغان بولدى ، — دەيتتى تۇلەك بوۋا . ئۇ يەنە نەۋرىسى ھەكىمنى ، كېلىنى گۆھەرنى بىر يانغا تارتىپ بىرنېمىلەرنى تاپىلىدى ، گۆ-ھەرنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ :

— ساق بول قىزىم ، ئايمەڭنى ياخشى چوڭ قىل ، مېنىڭدىن غەم قىلماڭلار ، — دېدى .

گۆھەرنىڭ كۆزى لىققىدە ياش ئىدى . ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ :

— يالغۇز قالىدىغان بولدۇڭ بوۋا ، ئورۇنلىشۇېلىپلا يوقلاپ كېلىمىز ، — دېدى . تۇلەك بوۋا كونچىققانبەگ بىلەن پىكىرلىشى-ۋالغاندىن كېيىن ، كۆپچىلىككە :

— بولدى ، كۆپچىلىك ، خوشلىشايلى ، — بوۋاي توختىكۆلگە قارىدى ، — قېنى توختىكۆل ، ماڭ ، يول باشلا ، — دېدى .

كونچىققانبەگنىڭ ھارۋىسى قوزغىلىشى بىلەن تەڭ ئۇجۇلخان-نىڭ قوشىقى باشلاندى :

ئابدال سەندىن كېتەر بولدۇق يىراققا ،
قۇملۇرۇڭنۇ تەڭ كۆرەتتۇق قاراققا .
ئېغىر كەلدى ساچلىقلارنى زورلۇقۇ ،
يۇرتتىن ئايرىپ قويدى بىزنى قىيناققا .

سەندە ئۆتكەن ئاتا - بوۋام ھاياتى ،
ئەمدى قالار بولدى تۇپراق - ماقاتى .
تاغدىن ئېغىر كەلدى يۇرتتىن ئايرىلماق ،
قانغا تولدى يۈرەكىمنى قات - قاتى .

ئۇجۇلخاننىڭ قوشىقى تېخى تۈگىمىگەنىدى ، تاقەت قىلالمى-غان ئۇلامخان يۈرەك مۇڭىنى تۆكۈپ مۇنداق قوشاق ئېيتتى :

.........................

مەنى ياقىن تۇغقانلاردىن ئايرىدى،
قان يىغلاتىپ قاناتىمنى قايرىدى.
كۆرۈشەرمىز، ئايرىلغانغا ئۆلمەسمىز،
ئايرىلىشقا قاراپ ھالىم قالمىدى.

ئۇلامخان قوشىقىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئايرىلىش ئازابىغا چىداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈ-لۈپلا يىغلىغىنىچە كېتىپ قالدى. ئاقئۇلاممۇ، ئۇجولخان، گۆھەر-مۇ يىغلىدى، ئۇزاتقىلى چىققان ئاياللارنىڭ ھەممىسى يىغلىدى، كۆچكۈچىلەرگە يىغلاپ تۇرۇپ ئامانلىق، ئاقىول تىلەشتى...

مەسلىھەت بويىچە كۆچكۈچىلەر ئالدى بىلەن كونا ئابدالغا بېرىپ ئۇ يەردىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئۇدۇل ئارغانغا بېرىپ ئاندىن چوڭ يولغا چۈشۈپ ماڭماق بولدى. بۇ، كۆز ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى بولۇپ، سالقىنلىقىنى دېسە، دەل سەپەر قىلىدى-غان چاغ، لېكىن يامىنى شامال، بورىنى جىق. بۇ قېتىمقى كۆچكۈچىلەر توپىدا چوڭ ـ كىچىك ۋە ھارۋىكەش، ئۇلاغلارغا قارىغۇچىلار بولۇپ، جەمئىي ئون توققۇز ئادەم ئىدى. باللار بەش، قالغان ئون تۆتى چوڭ ئادەملەر ئىدى. بۇلاردىن كۆنچىققان-بەگ، توختىكۆل، توختى، جانقۇلۇ، ھارۋىكەشلەر، بولۇپمۇ كۆن-چىققانبەگنىڭ ئۇۋچىسى تېپىق بىلەن توختىكۆل قۇملۇقنىڭ چاپ-قۇنلۇق بوران، قۇيۇنلىرىغا بوي بەرمەيدىغان پىشقان يولچىلار بولۇش بىلەن يەنە ئىزلاش ئۇستىلىرى ئىدى.

بىر تال خەس ـ گىياھ، قۇرت ـ قوڭغۇز چاغلىق ھاياتلىق-تىن ئەسەر يوق پايانسىز قۇملۇق. ئۇزۇلمەس دولقۇنلاردەك كۆتۈ-رۈلۈپ، پەسىيىپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىساناق قۇم دۆڭلىرى، داۋانلار، مانا شۇ ئېگىز ـ پەس قۇم دۆڭ ـ داۋانلار ئارىلىرىدا گاھ ئايلىنىپ، گاھ ئۆرلەپ ـ چۈشۈپ كۆچكۈچىلەر

تويى ئىلگىرىلىمەكتە . قارىماققا بۇلار بىرەر كىسەللىك ئاپىتىدىن
ئامان قىلىپ تىرىكلىك يولى ئىزدەپ ، بېشى قايغان ، پۇتى تايغان
تەرەپكە كېتىۋاتقان كۆچمەنلەرگە ئوخشايتتى . بەزىسىگە ئات ، بەزى-
سىگە كالا قوشقان ئېگىز چاقلىق يارىيار هارۋا ، هەربىر كالىغا
ئىككىدىن ئارتىپ ، بىر سۆكەنگە بىردىن سېلىنغان كىچىك بالى-
لار ، ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى كالىغا ، ئاياللار ئاتقا مىنگەن . قۇم-
لۇقتا ئادەم ماڭغانلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ بىرەر
ئىزىمۇ كۆرۈنمەيدۇ . پات ـ پات توختىكۆل بىلەن تېپىق ئېگىز
قۇم دۆڭلىرىگە چىقىپ ئەتراپقا كۆز يۇگۇرتۇپ قوياتتى ، كۈنگە ،
قۇمدىكى سايىسىغا قارايتتى . ئۇلار بارىدىغان مەنزىل تەرىپىنى
توغرىلىۋېتىشتا كۆپىنچە مۇشۇنداق قىلاتتى .
بۇگۈن سەپەرنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ، چۈش . بۇ مەجبۇرەن
كۆچكۈچى سەرسانلەرگە تەڭرىنىڭ رەهمى كەلدىمۇ ، قانداق ، ئىك-
كى كۈننىڭ كۈندۈزىمۇ ، كېچىسىمۇ تىنچ ئۆتتى . يول يۈرگەندە
بولىدىغان ئېگىز ـ پەسلىكتىن باشقا هېچقانداق ئاۋارىچىلىك كۆ-
رۈلمىدى . مەخسۇس كىچىك باللارغا ئاتاپ تۆت تۇلۇمدا قايناق
سۇغا سۈت قوشۇپ ، جىگدە سېلىپ تەييارلانغان ئۇسسۇزلۇق ،
ئادەم ، هايۋانلار ئىچىشكە ، تاماق ئېتىشكە دەپ ، هەربىر ئادەم
كىچىك قاچىلارغا تولدۇرۇۋالغاندىن سىرت ئون تۇلۇمدا سۇ ئېلى-
ۋالغانىدى . مۆلچەرچە ، ئەتە چۈشتە ئارغانغا يېتىپ بارغىلى بولى-
دۇ . سۇنىڭ يېرىمى بار ئىدى . بىرەر تاسادىپىي ئەهۋال يۈز
بەرمىسىلا سۇ ئازادە يېتىپ ئاشىدۇ .
ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى يېنىغا كەلگەندە ئۇلار تاماق يېگەچ
ئات ـ ئۇلاغلارنى بېقىپ ئارام ئالدۇرماق بولۇشتى . بەزىلەر سۇ-
كەن سېۋەتتىن باللارنى چۈشۈرسە ، بەزىلەر يۈكلەرنى چۈشۈرمەك-
تە ، بىرمۇ ئادەم بىكار ئەمەس ئىدى . تېپىق ئىچ ئاتنىڭ تۆشلۈكى-
نى بوشىتىۋاتاتتى . ئادەتتە هارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن چۈشىدىغان
كۈنچىققانبەگ بۇ قېتىم كەينى تەرىپىدىن چۈشمەكچى بولۇپ سۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇلدى . شوتىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىگە كېلىشىگە ھارۋىنىڭ ئالدى سەل كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . بىتۇيۇق تۇرغان كۇنچىققانبەگ يەرگە دۈم چۈشتى . بۇ ئىش شۇنداق تېز ، تۇيۇقسىز بولغاچقا ، تېپىق بىلمەيلا قالدى . «گۇلۇپ» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە قاراپ ، يەردە پۇكۇلۇپ ياتقان بەگنى كۆردى ـ دە ، قورقۇپ كەتتى . ئۇ شۇ ھامان :

— توختىسكۆل ، توختى ، جانقۇلۇ ، تېز كېلىڭلار ! بەگ... — دەپ چاقىرغاچ يۈگۈرۈپ كېلىپ كۇنچىققانبەگنى يۆلىمەكچى بولدى .

— پۇتۇمنىڭ سۇنغان يېرى ئاجراپ كەتتىمىكىن ، بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ ، — دېدى كۇنچىققانبەگ .

بەگ گەپ قىلىۋاتقاندا قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ ، چىرايى بۆلەكچە بولۇپ كەتتى ، گېپىنى دەپ بولۇپلا ئىككى كالپۇكىنى چىڭ پۈرۈۋالدى . بۇنىڭدىن كۇنچىققانبەگنىڭ پۇتىنىڭ قاتتىق ئاغرىقىغا ئەرلىكىگە ئېلىپ چىداپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى .

ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ كۇنچىققانبەگنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ تۇرۇشتى .

— تېپىققا دەپ قويمايلا ھارۋىنىڭ كەينى تەرىپىدىن چۈشمەك بولۇۋىدىم ، يىقىلىپ كەتتىم ، — دېدى كۇنچىققانبەگ .

كۇنچىققانبەگنىڭ تېپىققا گەپ كېلىپ قالمىسۇن ، باشقىلار تاۋالاپ[1] يۈرمىسۇن ، دەپ ئاياپ ئېيتقان گېپىدىن تېپىق قەۋەت سۆيۈنۈپ كەتتى .

تۇرغانلار ئىچىدە ھېچكىمنىڭ تېڭىقچىلىقتىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئىدى . تۆت تەرىپى پايانسىز قۇملۇق چۆلدە ئاتىسىنىڭ بۇنداق بولۇپ قالغىنىدىن ھەممىدىن بەك جانقۇلۇ جىددىيلىشىپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىۋاتاتتى .

— بىز قاراپ تۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيمىز ، قاراپ تۇرغانغا

① تاۋا — تاپا ـ تەنە ، گەپ ـ چۆچەك .

بەگىنىڭ پۈتى ئۈگىشىلىپ قالمايدۇ، بىر ئامالىنى قىلايلى، — دېدى توختىكۆل، — تېپىق هازىرلا ئارغانغا ئاتلىنىپ تېگىقچى تېپىپ كەلسۇن، بىزمۇ تېگىقچىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي تاماقلىنىپ بولۇپلا يولغا چىقايلى، قانداق دەيسىلەر؟

ھەممىسى ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلدى.

يېرىم كېچە، ئاي يورۇقى. ئېگىز قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئاي يورۇقى چۈشمىگەن تەرەپلىرىنىڭ قارىيىپ كۆرۈنگىنىدىن باشقا يەرلەر سېغىز رەڭدە سۇزۇك كۆرۈنەتتى. كېچە، جاھان شۇقەدەر تىنچكى، هارۋا چاقى ئاستىدىكى قۇمنىڭ شىرىلدىشىدىن، ئاتلارنىڭ ئېغىر تىنىشلىرى، تۆگىلەرنىڭ ئاندا ـ ساندا «بوف»لاپ قويۇشىدىن باشقا تىۋىش، ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. سوكەندە تەۋرەنگەندەك يانتۇ ياتقان باللار ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. چوڭلار بولسا ئۈن ـ تىنسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئوي ـ خىيالى، زېهنى كۈنچىققانبەگدە، ئارغاندىن كېلىدىغان تېگىقچىدا ئىدى. ئۇلار ئىچىدە يەنە بەگكە، ئۆزلىرىگە بۇ سورۇقچىلىقنى كەلتۈرگەن مانجۇ چاچلىقلارنى مىڭنى تىللايتتى، قارغايتتى.

توختىكۆلنىڭ مۆلچەرىچە تېپىق تېگىقچىنى باشلاپ كېلىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ مىنگىنى توپىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياراق ئات — بەگىنىڭ ئاق قاشقىلىق بۇرۇل ئېتى ئىدى. «كۈنچىققانبەگنىڭ ئۇۋچىسى تېپىق» دېسە، ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى، چوڭ ياشلىق كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تونۇيدۇ، بىلىدۇ. تېپىق كەلمىگەنچە توختىكۆلنى خىيال باستى. «بىز ئۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭدۇق. ئۇمۇ كېلىشتە چوقۇم ئۆز ئىزىنى بويلاپ ماڭىدۇ. ئۇنداقتا نېمىشقا كېلىپ بولالمايدۇ. تېگىقـچـى يـوق بـولغىيمىدىيا...» توختىكۆل خىيالىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇنى قارا تەر بېسىپ كەتتى. ئۇ كۈنچىققانبەگكە قارىدى، بەگ ئېگىز ياستۇققا بېشىنى قويۇپ، پۇتلىرىنى يىغىۋېلىپ پوكۇلۇپ ياتاتتى. هارۋىنىڭ ئۇ چاقى بولمىسا بۇ چاقى گاھ ئورىغا چۈشسە، گاھ دۆڭگە

چىقاتتى ، بۇنداق چاغدا هارۋا قىقىلىپ ـ سىلكىنىپ كېتەتتى ، سىلكىنىش بىلەن تەڭ كۈنچىققانبەگ پۈتىنىڭ سۇنغان يېرىنى تۇتۇۋالاتتى ، خۇددى ئاغرىقنى پەسەيتمۇۋالىدىغاندەك . بەگنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئاقئۇلام پات ـ پات ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتىپ قوياتتى . ئىككى ياندا هارۋا بىلەن تەڭ مېڭىۋاتقان توختى بىلەن جانقۇلۇ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى دېگۈدەك : «ئاتا ، پۇتىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ ، تېڭىقچىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى ، چىداپ تۇرۇڭ...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەسەللىي بېرىپ قوياتتى .

توختىكۈلنىڭ خىيالىغا بىر ئىش كېلىپ قالدى چېغى ، بىردىنلا :

— توختاپ تۇرۇڭلار ! — دېدى ـ دە ، ئۆزىنىڭ يوك ـ تاق ئارتىلغان بىر كالىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ تېڭىقنى يېشىپ ئۇنىڭدىن كونىراق بىر پالاسنى ئېلىپ سۆرىگىنىچە ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى ئۇستىگە چىقىپ كەتتى .

باشقىلار ئۇنىڭ نېمە قىلماقچىلىقىنى بىلەلمەي هەيرانلىقتا قاراپ قېلىشتى . توختىكۈل پالاسقا ئوت ياققاندىن كېيىنلا ، ئۇنىڭ بەلگە بەرمەكچى بولغىنىنى بىلىشتى .

ئوت يېقىش توختىكۈلنىڭ كاللىسىغا قانداق كېلىپ قالدى ؟

ئارغان بىلەن چوڭ قۇملۇق ئارىلىقىدىكى بىر كىچىك قۇملۇق شامال ـ بوران ئېقىنى بولۇپ ، شامال ئۈزۈلمەيتتى . قاتتىق شامال چىقمىغاندىمۇ ، غۇر ـ غۇر شامال بولۇپلا تۇراتتى . ئۇندەك قۇم ئانچىكى غۇر ـ غۇر شامالدىمۇ شىرقىراپ سۇدەك ئاقىدۇ . تېپىق بېرىشتا بارغىنى بىلەن يانغاندا كېچىدە ئىزىمۇ قالمايدۇ . بۇلار بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ بۇ تەرىپىدە ماڭغان بولسا ، ئۇ يەنە بىر تەرىپىدە مېڭىپ ئۇچرىشالماي ئۆتۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالىغا يېقىن ئىدى . شۇڭا ئۇ ئوت يېقىپ بېقىشنى خىيال قىلىپ قالدى . ئۇنىڭ مۆلچەرى توغرا چىقتى . ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى خېلى يىراق يان تەرەپتە

ئوت كۆرۈندى . ئېنىقكى ، بۇ تېپىقنىڭ توختىكۆل ياققان ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ بەرگەن بەلگىسى ئىدى . ھەممىسى خۇشاللىقتىن ۋارقىرىشىپ كەتتى :

— تېپىق كېپتۇ ، تېڭىقچى كېپتۇ !

## 9

كۇنچىققانبەگلەر ئاقتارما مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلگىلى بەش ئايغا يېقىن بولۇپ قالدى . تېخىچە كورلا ـ قاراشەھەر تەرەپتىن كۆڭۈل خۇش بولغۇدەك خەۋەر يوق ئىدى . بۇ ئارىلىقتا دورغاپ بېگى بىلەن چاشقان بۇرۇت بىرنەچچە مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئىككى قېتىم كېلىپ كەتتى . ھەر قېتىم كەلگەندە ئۇلارنىڭ دەيدىغىنى : «خاندىن جاۋاب يارلىق كەلمەيۋاتىدۇ ، بىز سىلەرنىڭ تەلەپلىرىڭلارنى ، ئەمەلىي ئەھۋالىڭلارنى يەنە مەلۇملىدۇق ، بۇ قېتىم يەنە ئەھۋال ئىگىلىگىلى كەلدۇق ، قانداق تەلىپىڭلار بار ؟» — مانا مۇشۇنداق گەپلەر . بۇ تەرەپتىنمۇ كورلا ، قاراشەھەرگە ئىككى قېتىم ئادەم بېرىپ كەلدى . بۇلاردىن بېرىپ كېلىش ، ئۇلار كېلىپ كېتىشكىمۇ تۆلەنگەن بەدەل ئاز بولمىدى . كەلگەنلەر ئۇنداق دەپمۇ ئالدى ، بۇنداق دەپمۇ ئالدى ، ھەر قىماپ بىلەن ئالدى . ئۇلار كۇنچىققانبەگنىڭ چاچ قويمايدىغانلا ئىش بولسا ، دېگەن نەرسىسىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدى . بارغانلارغىمۇ ئۇ يەردىكىلەر ئۇنى پۇراتتى ، بۇنى پۇراتتى . پۇراتقانلىرىنى كۇنچىققانبەگ بېرىۋەردى ، بارغانلار ئاپىرىۋەردى .

— يامان ئۆگىتىپ قويدۇڭلار ، — دېگەنىدى قاسىم قاق باش نازارەتچى ئامبال بىلەن دورغاپ بېگىگە ئۇچىنچى قېتىم ئالتۇن ـ يامبۇ ئېلىپ بارغاندا ئوماققا . ھەر قېتىمدا چاشقان بۇرۇت بىلەن كوسىمۇ قۇرۇق قالمايتتى ، — بۇ تويماس قورساقلار بېگىڭلارنىڭ يوق چىچىنى چىلىك تۇتۇۋالدى . ئۇنىڭ «بەگ» دەپ نامى بولغان بىلەن ، ئۇ بىر ئۇمىچى يوق مازارغا شەيخ بولغاندەكلا

ئىشكەنغۇ . بۇنچىۋالا قىلىپ نېمە كەپتۇ . ئادەتتىكى پۇقرا بولۇپ ئۆتسە نېمىدېگەن ياخشى . ماڭا قاراڭلار ، نەگە بارىمەن ، نەدە تۇرىمەن ، مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ چاتىقى يوق . نېمە گەپ ئۇ ، ئۇيان كۆچ ، بۇيان ئۆت دېگەن .

قاسىم قاق بۇلتۇر كۈزدە ئوماق ، تايۇق ، قاسىم قارىلار بىلەن بىللە ئاقتارمىغا كەلگەندە كۈنچىققانبەگنى كۆرگەن ، ئۆيىدە مېھمانمۇ بولغان . بەگنىڭ ئاق كۆڭۈل ، تۈز ، پۇقراپەرۋەرلىكىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەنىدى ، لېكىن ئۇ : «چوڭ بىر يۇرتنىڭ بېگى بولغىنى بىلەن كورلا يېزىلىرىدىكى ئاسقاللارچىلىكمۇ① سۆر - ھەيۋىسى ، بەگ بولغىنىغا تۇشلۇق كىرىم - تاپاۋىتىمۇ يوقكەن ، تېخى يېنىدىن سىلىپ بېرىدىكەن» دەپمۇ ئويلاپ قالغانىدى . ئۇنىڭ بۇ ئويى خۇددى چىنارنىڭ ياشناپ ، باغجانلاپ تۇرغاندىكى قامىتىنى كۆرمەي ، غازاڭ پەسلىدىكى يالىڭاچ ھالىتىنى كۆرۈپ : «قاقشال ئىكەن» دېگەنگە ئوخشاش بىر گەپ . لېكىن ، ئۇ بۇ زېمىندا يىلتىزى شۇقەدەر چوڭقۇر ، شۇنداق بىر چىناركى ، ئەسىرلەردىن بۇيان ھېچقانداق پەرۋىش كۆرمەيمۇ ئۆزىنىڭ گىگانتلىقىنى ، ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمىغان . ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ نەدىن باشلىنىپ ، نەگىچە سوزۇلغانلىقىنى ، قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى ، ئۇزۇقىنىڭ نېمىلىكىنى قاسىم قاقتەك ئادەملەر ، ھەتتا خېلى - خېلى ئادەملەر بىلمەيدۇ ، بەلكى تەسەۋۋۇرمۇ قىلمايدۇ .

ئاقتارما كىچىك مەھەللە بولغاچقا ، بوش ياكى بوشتىپ تۇرغۇدەك ئارتۇق ئۆي يوق ئىدى . كۈنچىققانبەگلەر كېلىۋاتقاندىلا ھەربىر ئائىلىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىككى - ئۈچ ئېغىزدىن قومۇش ساتما ياساپ قويۇلغانىدى . ئۇلار مانا قايتىپ كېتىمىز ، ئەتە كېتىمىز بىلەن قومۇش ساتمىلاردا ئولتۇرۇپ كەلمەكتە .

كۈنچىققانبەگنىڭ پۇتى قايتا تېگىلىپ ساقايغان بولسىمۇ ، تېخىچە قولتۇق تاياقنى تاشلىمىدى ، قورقۇپ كەتكەچكىمىكىن ، چارىغىمۇ بىرىپ باقمىدى ، كۈنلىرى ئۆي بىلەن ئىشىك ئالدى

① ئاسقال — ھازىرقى كەنت باشلىقىغا تەڭ دەرىجىدىكى مەنسەپ نامى .

ئارىلىقىدا ئۆتتى ، زېرىكتى ، ئىچى پۇشتى ، خەۋەر كۈتۈپ زارىق-
تى ، دىلى ھاردى .
— توختىكۆل ، بىرەر سىرتىغ يوقمۇ ؟
— يوق ، بەگ ، جىملىغۇ .
— ئوماق ماللارنى قانداق قىلغاندۇ ؟
— ئۇ بۇ ئىشلارغا پىشىپ ، قانداق قىلىشنى بىلىپ كەتتى ،
ئەنسىرىمەيلى .
— راست . ئۇ مېنى دەپ كۆپ جاپا تارتتى ، ئۆينىڭ غەملەش
ئىشلىرى بالىلىرىغا تاشلىنىپ قالدى...
كۈنچىققانبەگنىڭ گېپى تۈگىمىگەنىدى ، ساتىمغا ئوغلى توخ-
تى كىرىپ :
— ھېلىقى ئۇزۇن چاپانلىقلار يەنە كەلدى ، — دېدى .
— بۇ نېمىلەر نېمە گەپ كۆتۈرۈپ كەلگەندۇ ، — توختىكۆل
غودۇڭشىغىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى ، ئۇنىڭ كەينىدىن توختىمۇ
چىقىپ كەتتى .
دورغاپ بېگى بىلەن چاشقان بۇرۇت بۇ قېتىم تىلماچ بىلەن
ئىككىلا مۇھاپىزەتچى ئېلىپ كەلگەنىدى . مۇھاپىزەتچىلەرنى سىرت-
تا قالدۇرۇپ ، ساتىمغا تىلماچ بىلەن ئۈچىلا كىردى . «بىرەر
ياخشى خەۋەر ئاڭلىساق بولىتتى» دېگەن ئۇمۇنۇشتا توختى ، جانقۇ-
لۇ ، توختىكۆللەرمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىردى . كۈنچىققانبەگ
قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ سۇپىنىڭ يېنىدا تۇراتتى . كورلا دورغاپ
بېگى خودانگىرۇ كۈنچىققانبەگنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سەپ-
سېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن تىلماچ ئارقىلىق :
— مەن ھازىر بۈيۈك خانىمىزنىڭ مۇبارەك ئاغزاكى پەرمانىغا
بىنائەن ، قاراشەھەر باش نازارەتچى ئامبالنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزد-
مەن ، — كۆرگۈدەك ھېچنېمە بولمىسىمۇ دورغاپ بېگى ساتىمنىڭ
تۆت تەرىپىگە قاراپ قويدى ، — كۈنچىققانبەگنىڭ تەلىپىگە ھەم
ئۇنىڭ بۇ كەڭ دائىرىگە يېتىشىپ بولالمايدىغانلىقتەك ئاجىزلىقىغا
خانىمىز ئىلتىپات قىلىپ ، ئۇنىڭ مەنسەپ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىد-

تىشكە ئەمىر ئىجازەت قىلدى . بۇنىڭغا بىنائەن ، بىرىنچىدىن ، بەگ مانجۇچە چاچ قويۇشتىن خالاس قىلىندى ، ئىككىنچىدىن ، تىكەنلىك ئاقساقىلى ناسىربەگكە تىكەنلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يۇرت - مەھەللىلەرنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇرۇش ھاۋالە قىلىندى ؛ ئۈچىنچىدىن ، لوپ دىيارى قارا شەھەرگە يىراق بولغاچ ، بۇ يەردە مەخسۇس باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلغۇچە باج - سېلىق يىغىش ئىشى يېقىنراق دەپ تۇرپاننىڭ ئىناچى بېگى ماموتقا[1] ھاۋالە قىلىندى . بۇنىڭدىن كېيىنكى باج - سېلىقنى شۇلارغا تاپشۇرغايسىلەر ، — خودانگىرۇ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ، كۆنچىققانبەگكە قاراپ ، — قانداق ، بەگ ، چاچ قويۇشتىن خالاس قىلدۇق . بىز يەنە پات - پات كېلىپ تۇرىمىز ، — دېدى گېپىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئالاھىدە تەكىتلەپ .

خودانگىرۇ گېپىنى دەپ بولۇپ ، تەمەخورلۇق بىلەن كۆنچىققانبەگكە قارىدى . ئۇنىڭ قارىشىنىڭ مەنىسى بەگكە ھەم بۇ يەردىكىلەرگە ئايان ئىدى . بۇلار تەييارلىقسىز تۇرغاچقا ، ئۇ ئىككىسىگە بېرىدىغان ھېچنېمە يوق ئىدى . كۆنچىققانبەگ ئوڭايسىزلاندى .

— ئوماق كورلىغا كەتكەن ، سىلەر بىلەن كۆرۈشمىدىمۇ ؟ — دېدى كۆنچىققانبەگ .

— ئوماق كورلىغا كەتكەنما ، نېمە قىلغىلى كەتكەن ؟ — چاشقان بۇرۇت ئىتتىك سورىدى .

— سىلەر بىلەن كۆرۈشكىلى كەتكەن .

— ياق ، بىز بىلەن كۆرۈشمىدى ، كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى ؟

— بىر ھەپتە بولدى .

بۇ قېتىم خودانگىرۇ گەپكە تەمشىلىشكە ساتمىغا ھەكىم كىرىپ توختىكۆلنى يېڭىدىن تارتىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى . بىرھازادىن كېيىن ئوماق كىرىپ كەلدى - دە ، خودانگىرۇلار

[1] ماموت — تۇرپاننىڭ تونجى ۋاڭى ئىمىن خوجىنىڭ 7 - ئەۋلاد پۇشتى ئەفرىدۇننىڭ ئوغلى بولۇپ ، گۇاڭشۈينىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 1881 - يىلى ) ئاتىسىنىڭ ۋاڭلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان .

بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ :

— كۈنچىققانبەگنىڭ ئىشى توغرۇلۇق كۆرۈشۈپ كېلەي ، دەپ كورلىغا بارسام ، سىلەرنى قارا شەھەرگە كەتتى دېدى . كەلگەندە كۆرۈشەرمەن دەپ قوشئېرىققا چىقىپ كېتىپتىمەن . ئالدىنقى كۈنى قايتىپ كېلىپ ھەزرەتلىرىمنىڭ بۇ تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپلا قايتىپ كەلدىم . بۇ يەردىكىلەردىن ياخشى گەپ ئېلىپ كەلگەنلىكىڭلارنى بىلىپ بەك خۇش بولدۇم . بېگىمىز ئۈچۈن ، بىز ئۈچۈن كۆپ يول ماڭدىڭلار ، رەھمەت ، — دېدى ـ دە ، يانچۇقىدىن ئۈچ يامبۇ ، كىچىكرەك ئىككى زىخچە ئالتۇن چىقىرىپ ئىككى يامبۇ بىلەن بىر زىخچە ئالتۇننى خودانگىرۇغا ، يەنە بىر يامبۇ بىلەن زىخچە ئالتۇننى چاشقان بۇرۇتقا : «ئاز بولسىمۇ» دەپ تۇتقۇزۇپ قويدى .

ئۇلار «لوقما»نىڭ بۇنىڭدىن كۆپ بولۇشىنى كۈتكەن بولغىيدى ، ئىلاجسىز قولىغا تەگكىنىنى قوينىغا تىقتى ـ دە ، قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپلا مېڭىپ كەتتى .

ئۇماق نازارەتچى ئامبال بىلەن ئاشۇ ئىككىسىگە يېگۈزۈش ئۈچۈن كۈنچىققانبەگ تەييارلاپ بەرگەن ئەللىك قوي بىلەن يىگىرمە يەتتە تۈلكە تېرىسى ، يىگىرمە يەتتە مولۇن تېرىسىنى ئېلىپ ئوغلى توختاق بىلەن كورلىغا بارغانىدى . ئۇلارغا تىرىك مال ، قىممىتى تۆۋەن ، ھەجمى چوڭ تېرىدەك نەرسە بولمايتتى ، ئېرىغ مال كېرەك ئىدى . ئۇماق ئۇ ئىككىسىنىڭ قاراشەھەرگە كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى . قوي ، تېرىلەرنى سېتىپ ، پۇلنى ئالتۇن ـ يامبۇغا ئايلاندۇرۇپ بولغۇچە ئۈچ كۈن ئۆتتى ، سۈرۈشتۈرۈۋېدى ، ئۇ ئىككىسىنىڭ قاراشەھەردىن كېلىپلا كورلىدا تۇرماي بۇ تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى .

ئۇماق ماڭىدىغان چاغدا ، قاسىم قاق ئۇنىڭغا :

— ئاش پىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ . بۇلار لوقما يەپ ئۆگىنىپ قالدى . ئەھۋالغا قاراپ ئۇسارسىلەر ، قازاننىڭ تۈۋىدىمۇ ئاش قالسۇن ، — دەپ ، ئۇماقنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويغانىدى .

ئوماقمۇ ئارىدا مېڭىپ ، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشنىڭ ، ئىش ھەل قىلىشنىڭ ئېپىنى ، پەمىنى خېلى بىلىۋالغانىدى . قانداق ئەھۋالدا «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىشنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدى ، ئۇ كېلىپ توختىكۆلدىن ھەممە ئەھ-ۋالنى بىلدى - دە ، يانچۇقىغا ئاشۇنچىلىك ئالتۇن - يامبۇنى سېلىپ ، قالغىنىنى توختىكۆلگە بېرىپ قويۇپ ساتمىغا كىرگەن-دى . توختىكۆل بوغچىنى ئېچىپ :

— بۇ ئالتۇن - يامبۇلارنى ئوماق ھېلىقى ساچلىقلاردىن قىسسىپ ئېلىپ قاپتۇ ، ئىگىسىنى تاپسۇن ، — دەپ كۆنچىققانبەگ-نىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى .

كۆنچىققانبەگمۇ ، باشقىلارمۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئالتۇن - يامبۇغا ، ئاندىن : «بۇ نېمە ئىش ؟» دېگەندەك ئوماققا قارىدى . ئوماق كۈلۈپ كېتىپ بولغان جەرياننى ، ئىشلەتكەن ئۇس-تىلىقىنى سۆزلەپ بەردى . كۆنچىققانبەگ :

— قوشئېبرىققا كېتىپتىمەن دېگىنىڭمۇ ئۇستىلىقىڭ ئىكەن - دە ، خودانگىرۇغا قىلغان گەپلىرىڭگە ھەيران قېلىۋىدىم . «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» سېلىپ ، گەپنى قانداق قىلىشنى-مۇ ئۆگىنىۋاپسەن - ھە ، كېلىشتۈرۈۋەتكىنىڭنى ، — دېدى - دە ، كۈلۈپ كەتتى ، ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ كۈلۈپ كېتىشتى .

بۇ كىشىلەر چاچىنىڭ ، كۆچۈشىنىڭ گېپى چىققاندىن بۇيان بۇنداق كۈلۈپ باقمىغانىدى ، شۇڭا ئېچىلىپ ئويدان كۈلۈۋې-لىشتى...

خودانگىرۇلار كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ناسىربەگ ئاقساقال كۆزلەك ، چارا ، كۆنچى كەنت قاتارلىق يېقىن ئەتراپتىكى كەنت - مەھەللىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىدىن توققۇزنى باشلاپ كەلدى . بۇلار ، باشقا مەھەللىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ھەم يۇقىرىلاردىن چوڭ ياشلىقلار كۆنچىققانبەگنىڭ كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھاردۇق سوراپ يوقلاپ كېلىشكەنىدى . ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇشتى . ناسىربەگ كۆنچىققانبەگ بىلەن قىزغىن



www.uyghurkitap.com

هال ـ ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن :

— بۇ چاچلىقلارنىڭ نېمە قىلغىنى ، بىز بىر يۇرتنىڭ ئادەملىرى تۇرساق ئابدال بېگى ، تىكەنلىك بېگى دەپ ئىككىگە ئايرىۋەتكىنىنى دەيمىنا . ئاڭلاپ سەتاقىپلا قالدىم . بۇ يەلجۇش ئوپقانلارنى ئاسىغداپ كەتكەنلىرىمىز ، — دېدى .

— مەنمۇ ، — دېدى چارىنىڭ ئاقساقىلى ئالىباي ، — دەسلەپ ئاڭلىغىنىمدا قۇلىقىمغا ئىشەنمەي : «نېمە دەۋاتىسەن ئاقساقال ؟ !» دەپ ناسىربەگكە قاراپ سەتاقىپ تۇرۇپلا كەتتىم .

— بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بوپتۇ ، قاراڭلار مېنىڭ تۇرقۇمغا ، — دېدى كۇنچىققانبەگ ، — مېنىڭ ھازىرقى تۇرقۇم ، ھالىم مۇشۇ . ئۆزۈمنىڭ كېلەڭسىزلىشىپ كەتكىنىمگە پۇتۇمنىڭ سۇنۇپ قولتۇق تاياققا چۇشۇپ قالغىنىم ، ئۆيىدىن نېرى بولالمىسام ، بەگ ، — كۇنچىققانبەگ ناسىربەگ ئاقساقالغا قارىدى ، — ئەمدى بۇ تەرەپنىڭ ئىشلىرى ساڭا قالىدىغان بولدى .

— مەن خۇش بولاي ، مېنى «بەگ» دېمىسەڭ ، — ناسىربەگ كۇنچىققانبەگكە قارىدى . ئۇنىڭ كۆزىدە لوپ كىشىلىرىدىكى تۈزلۈك ، ئاق كۆڭۈللۈك ، سەممىمي ۋە راستچىللىق نۇرى پارلاپ تۇراتتى ، — سەن يەنىلا بىزنىڭ مۇشۇ لوپ — چوڭ يۇرتىمىزنىڭ بېگى . مەن بايا دېدىمغۇ ، بۇ ئاشۇ چاچلىق مانجۇلارنىڭ بىزنى سوراشتىكى كۇسساتلىقى[1] بولمامدۇ . سەن مېنى ئىلگىرىكىدەك ناسىربەگ ئاقساقال دەۋەرگىن ، — دېدى .

«ناسىربەگ» ئۇنىڭ ئىسمى ، ئاتىسى ئۇنىڭغا ناسىر دەپ ئىسىم قويغانىدى . ئاتا ـ ئانىسى ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنى ئەركىلىتىپ ، «ناسىربەگ» دەپ يۇرۇپ ، ئاخىرى ئۇنىڭ ئىسمى ناسىربەگ بولۇپ قالغانىدى . ئۇ كۇنچىققانبەگدىن توققۇز ياش چوڭ بولۇپ ، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان تىكەنلىكنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ كېلىۋاتاتتى . تىكەنلىك لوپ بويىچە ئەڭ چوڭ يۇرت . ناسىربەگ كۇنچىققانبەگكە ئوخشاش يۇرت سۆيەر ، ئەل سۆيەر بولغاچقا ، ئۇنىڭمۇ يۇرت ئىچىدىكى يۈز ـ ئابرۇيى يۇقىرى ئىدى . كۇنچىققان-

---

[1] كۇسسات — ھارامزادىلىك ، ئۇستاتلىق ، كاززاپ .

بەگ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاكىسىدەك كۆرۈپ چوڭ بىلەتتى، هۆرمەتلەيتتى، شۇڭا ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغان بولۇپ قالماي، دەپ تىكەنلىككە تولا كەلمەيتتى. كۇزلەك، چارا تەرەپلەرگە ئۆتمەكچى بولسا، تىكەنلىكتە ئۇزاق تۇرمايلا ئۆتۈپ كېتەتتى. يۇرت ئىشلىرىنىڭ قانداقلىقىنى ناسىربەگدىن سوراپ يۈرمەيتتى.

— ھە، بەگ، ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟ — ناسىربەگ سورىدى.

— سوراش كېتەمدۇ، ئەمدى بۇ يەر سىنىڭ تەۋەيىڭدە، ئابدالغا، كۆللىرىمىز بويىغا كېتىمىز، — دېدى كۇنچىققانبەگ.

— قاچان يولغا چىقماقچى؟

— قاچان بولسا بولىۋېرىدۇ. تەييارلىقىمىز پۈتسىلا يولغا چىقىمىز.

— ئېنىق بىر كۈننى دەپ بەر، بىز كېلىپ ئابدالغىچە ئاپىرىپ قويىمىز.

— ئېنىق كۈننى دېمىسەكمۇ كۇزلەك، تىكەنلىكتىن ئۆتىمىزغۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ، ئېنىق كۈننى بىلگىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ.

— ئۇنداق بولسا باللار بىلەن، يەنە باشقىلار بىلەن كېڭىشىپ ئاندىن سىرتىغ بېرەيلى.

ئۇلار شۇنداق پىكىرگە كېلىشتى. چۈشلۈك تاماقنى بىللە ئولتۇرۇپ يېيىشىپ بولۇپ، ناسىربەگ ۋە باشقا ئاقساقاللار مەھەللىلىرىگە يۈرۈپ كېتىشتى.

كۇنچىققانبەگ كېلىشتە قانداق جىم - جىم كەلگەن بولسا، كېتىشتىمۇ باشقىلارنى ئاۋارە قىلماي شۇنداق جىمجىتلا كېتىش خىيالى بار ئىدى. «ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، قىيىندىغاندەك تۇيۇلۇپ قالىدىغانمۇ ئوخشايدۇ، ئوماققىمۇ دېمەي كېتەلەمدىمەن...» كۇنچىققانبەگ شۇلارنى ئويلىدى.

# بەشىنچى باب

# قۇملۇقتا ئىز قىدىرىش

*«تارىم ۋادىسى — دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تەكلىماكاندا يوقالغان . ئەنە شۇ ئاچقۇچ تېپىلسا ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ دەرۋازىسى ئې-چىلغۇسى .»*[1]

— مورگان .

*ئېرور پايدىسىز كۆز ، كۆڭۈل بولمىسا ،*
*كۆڭۈل پايدىسىزدۇر ئەقىل بولمىسا .*

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

## 1

ئۇماق ئەمدى «ئۇھ» دەپ مەھەممەت مەرگەن ئاغا ئېيتىپ بەرگەن ماقاتلىقا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋاقىت چىقىرالايدىغان بولدى .

ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇماق چارىدىكى ئەزىمباقىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپلا ئۇدۇل مەھەممەت ئاغىنىڭ ئۆيىگە كىردى . خۇددى ئۇماقنىڭ يولىغا تەقەززا بولۇپ تۇرغاندەك مەھەممەت ئاغا ئىشىككە قاراپ ياتاتتى . ئۇماق مەھەممەت ئاغىنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ

---

① بۇ ئېپلوگ جياڭ خۇڭنىڭ « ‹ئېدېن›نى ئىزدەش» دېگەن ماقالىسى ( «شىنجاڭ ياشلىرى» نىڭ 2005 ـ يىلى 7 ـ سانى )دا بېسىلغان بولۇپ ، ئەينەن ئېلىندى — ئا .

سۈپىنىڭ لېۋىدە پۈتنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. ئۆيدە ئايتۇران موماىدىن باشقا ئايقۇت، ئۆردەك بار ئىدى.

— قانداقراق تۇرىسەن، ئاغا؟

— كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئالىباي ئۇنداق ئالدىرىتىپ بىمىكە چاقىرتىپتىكەن؟ — مەھەممەت ئاغا ئېغىر دەم سىقما كېسىلى بار ئادەمدەك گەپنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ قىلاتتى.

— ئەزىمباقىنىڭ پۈتنى يولۋاس چاينىۋېتىپتىكەن...

— نېمە؟! قانداقراقكەن؟

ئۇماق جاۋاب ئورنىغا بېشىنى چايقاپ قويۇپ:

— مېنى چاقىرتىپتىكەنسەن، ئالدىراپ قايتىپ كەلدىم، — دېدى ئۇماق.

— ساڭا دەپ بېرىدىغان بىر ئىش بار، دېمەي ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كەتسەم بولمىغۇدەك، — مەھەممەت ئاغا ئۇسسۇزلۇق قاچىسىغا قارىدى. ئۇماق بىلەن ئايتۇران موماي ئۇنى ئەستە يۆلەشتۈرۈپ بېشىنى ئېگىز قىلىپ تۇتۇپ تۇردى. ئۆردەك ياغاچ چۆچەكنى ئېلىپ كېلىپ ئۇسالىقتىن ئىككى يۇتۇم ئىچۈردى، ئاندىن بېشىغا پەر تەكىيە - ياستۇقتىن ئىككىنى قويۇپ ياتقۇزۇپ قويدى، — قومدەريا بىلەن قارادايىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر يېرىدىن يېڭىسۇلۇق بىر ئۆۋچى بىلەن ئارغانغا بارماقچى بولۇپ، قوملۇقنى كېسىپ مېڭىپ باقايلى دېيىشىپ قاراملىق قىپتۇق، ئانچە ماڭمايلا قاتتىق شامالدا قالدۇق، سەتاقىپ كېتىپ كەلگەن تەرىپىمىزنىمۇ بىلەلمىدۇق. ئېتىمىزنىڭ تىزگىنىنى تۇۋىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىۋېلىپ مېڭىۋەردۇق. شامالىلىق جايدىن ئۆتۈپ قالغان ئوخشايمىز، ئۇزاق ئۆتمەي شامال توختىدى. ئەمما نەگە كېلىپ قالغىنىمىزنى، كەلگەن يېرىمىز قايسى تەرەپتە، ئارغان قايسى تەرەپتە، بىلمەيلا قالدۇق، چىققان جايىمىز، ماڭغان ئارىلىقىمىزنى چامىلاپ بېقىپ، سايىمىزغا قاراپ، ئارغان تەرەپنى قارىسىغا قارىلاپ ماڭدۇق. بىر كىچىك كونا قورۇق ئېقىننىڭ بويىدا يەردىن لاشىڭدەك چوقچىيىپ چىقىپ

تۇرغان، بەزىلىرى ئادەمنىڭ بىلىدىن چوڭ، ئەڭ كىچىكلىرى ئادەمنىڭ يوتىسىچىلىك، بەزىسى يۇمىلاق، بەزىسى تۆت چاسا، بەزىسى ئېگىز، بەزىسى پەس نۇرغۇن ياغاچلارنى كۆردۇق. بىز تاجىپەت بولۇپ ئارىلاپ باقساق، ئۇ بىر ماقاتلىق ئىكەن…

— نېمە؟! ماقاتلىق دېدىڭما، قۇملۇق ئارىسىدا؟!

ئوماق شۇئان بىر يىللىرى سىڭىر تېغىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ قاقشاللىق ئەتراپىدىكى تۆپىلىكتە كۆرگەن ماقاتلىقنى، نۇرغۇن ياغاچلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ تېمەنپۇنىڭ سەل تۆۋەن تەرىپىدە ئىدى. مەھەممەت ئاغىنىڭ ئېيتقىنى بولسا، قۇمكۆل[1] ئەتراپىدەك قىلاتتى، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق.

— كېيىن ئۇ تەرەپكە باردىڭمۇ؟

— بارمىدىم، ئادەمسىز، دەل ـ دەرەخ تۈگۈل بىرەر تۈپ قاغدانمۇ يوق ئۇنداق چۆل قۇملۇققا كىم بارىدۇ. ئۇنتۇپلا كەتكەندىم، — مەھەممەت ئاغىنىڭ ئاغزى قۇرۇپ كەتكەندەك بولۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاران دېيەلىدى، ئوماق ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ تۇرۇپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئازراق ئىچۈرۈپ قويۇپ، بوۋاينى ياتقۇزۇپ قويماي، يېرىم ئولتۇرغۇزغان ھالەتتە يۆلەپ ئولتۇردى. بوۋاي كۆكسىنى تولدۇرۇپ بىر نەپەسلىنىۋېلىپ، گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — سېنىڭ يەر ئاستىدىن چىققان ھېلىقى كەتمەنگە قاراپ ئۇغۇش بوۋىلار، ئۇلارنىڭ ئىزلىرى، قاقشاللىق ئەتراپىدا كۆرگەن ماقاتلىق، چەپەر ئېيتقان ماقاتلىق، ئاندىن قالاچ قاناقانىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش گەپلىرىنى دەپ كېلىپ، «قالاچ قاناقا ئۇغۇش بوۋىلار ئىزى دەپ شۇلارنى دەمدىكىن» دېگەن گېپىڭ ئېسىمگە كېلىپ قالدى. قارىسام ئەھۋالىم ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — بوۋاي يەنە ئازراق توختىۋالدى، گېپىمۇ پەسلەپ كېتىۋاتاتتى، — ئۇ ماقاتلىقنى كۆرگىنىم ئۆزۈم بىلەن كەتمىسۇن، ئوماق ئاڭلاپ قالسۇن دەپ سېنى چاقىرتقانىدىم، — دېدى مەھەممەت ئاغا.

---

① قۇمكۆل — «قۇمدەريانىڭ تۆۋەن قاسنىقىدا چوڭ ـ كىچىك نۇرغۇن كۆل بولۇپ، بۇلار ئومۇملاشتۇرۇپ قۇمكۆل» دەپ ئاتالغان.

بوۋاي گېپىنى دەپ بولۇپلا جىم بولدى. ئوماق ئۇسسۇزلۇق ئىچۇرمەكچى بولۇپ قاچىنى ئاغزىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ كالپۇكىغا تەگكۈزۈپ باقتى، ئاغزىنى ئاچمىدى، ئەمما ئوماققا قاراپ تۇرغان كۆزى گۇنسىز بولسىمۇ، شۇ گۇنسىز كۆزىنىڭ ئىچكىرى بىر يېرىدە ئوماقلاردىن مەمنۇنلۇقىنى بىلدۇرىدىغان بىر خىل نۇر چاقناۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئوماق ئۆردەككە:

— چىقىپ تۇردۇشقا ئېيت، چوڭلاردىن ئۈچ - تۆتنى باشلاپ كىرسۇن، — دېدى.

ئۆردەك چىقىپ كېتىپ هايالشىماي ئۆيگە قىرىلاردىن بەشنى كىردى. بەزىلىرى سۇپىغا چىقىپ، بەزىلىرى سۇپىغا يېقىن كېلىپ مەهەممەت ئاغىغا قاراشتى، هال سوراشتى. بوۋاينىڭ كۆزى يېرىم ئوچۇق، ئەمما ئىپادىسىز ئىدى، بۇغدىيىكى ئىككى قېتىم مىدىرلاپ قالدى. پالتۇكتا تۇرغان ئايتۇران موماي بىلەن ئايقۇت ئالىقىنىدا ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىماقتا ئىدى...

مەهەممەت ئاغا ئېيتقان ماقاتلىق توغرىسىدىكى گەپلەر ئوماقنىڭ كاللىسىدىن زادى نېرى بولمىدى. ئەزىمباقىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، توختاق، ئۆردەكنى ئېلىپ شۇ تەرەپكە بېرىپ مەهەممەت ئاغا ئېيتقان ماقاتلىقنى ئىزدەپ كۆرمەكچى بولغانىدى. ئەمما، نېمە ئۈچۈن ئىزدەيدىغانلىقىنى، تاپسا قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، بۇ پەقەت قالاچ قاناقانىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا پەيدا بولغان بىر خىل قىزىقىش ئىدى. ئەمما «ئوماقنىڭ تاختىسى» — يېڭى مەهەللىگە ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان كىشىلەرنى لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇش، تۆمۈرنىڭ تويىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلار، بولۇپمۇ كۆنچىقىپانبەگنى چاچ قويۇشتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن لوپ — كورلا — قارا شەهەر ئارىلىقىدىكى قاتراشلار ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى قىلىشىغا پۇرسەت بەرمىگەنىدى.

ئوماق يېقىندىن بۇيان كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى ئاڭلىغان ماقاتلىقلار، تۇر مۇنارىدەك تىك دۆڭلەر، قاقشالىلىقتىكىدەك كولىسا كېسەك چىقىدىغان دۆڭلۈكلەر، كۆلشەهىرىدىكى ئۆي خارابى-

سىگە ئوخشايدىغان قالدۇق توپا تاملار ، چېچىلىپ ۋە يەردىن چوق-چىيىپ چىقىپ تۇرغان ھەر خىل شەكىلدىكى ياغاچلار . بىر چاغ-لاردا كورلىدا مەدىلى ئاسقالنىڭ ئۆيىدە كۆرگەن ، يەتتىنچى بوۋام-دىن قالغان دېگەن پالتىنىڭ ئۈستىدىكى خەتكە ئوخشاش بىرنېمە-لەر چېكىلگەن تاختاي ، سىڭىر تېغىدىكى قاراڭغۇ جىلغىدا كۆر-گەن قىيا تاشلاردىكى ھەر خىل ھايۋان ، ئادەمنىڭ سۈرەتلىرى توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى . بۇنىڭغا ئۇنىڭ بىر چۈشى سەۋەبچى بولدى .

ئوماق يېقىندا بىر چۈش كۆردى . چۈشىدە ئۇ ھېلىقى قاراڭغۇ جىلغىغا بارغانىدى ، يېنىدا مەھەللىداشلىرىدىنمۇ بىرنەچچىسى بار ئىدى . ئۇلار تاغ ئىچىدە يېرىم كۈن قاتىردى ، ھېلى تاغ ئۈستىگە چىقتى ، چۈشتى ، ماراپ يېتىپ باقتى ، لېكىن چۈشكىچە توشقان چاغلىقمۇ بىر نەرسە يولۇقمىدى . بۇلار ئوۋغا ناھايىتى چوڭ ئۈمىد بىلەن ئاتلانغانىدى . ئۇلار بۈگۈنكى ئوۋچىلىقىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغاندا ، جىلغىنىڭ نېرىقى قاپتىلىدا ئۇلار ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمى-غان ھەم ئاڭلاپ باقمىغان غەلىتە بىر ھايۋان پەيدا بولۇپ قالدى .

— قايسىڭلار بىلىسىلەر ، ئاۋۇ قانداق ھايۋان ؟ — ئوماق ھەمراھلىرىدىن سورىدى .

— تاغ تېكىسىمەكىن دېسەم ، تولىمۇ كىچىكلىكمىكىن قۇيرۇقى تۇرىدۇ .

— بۇتىغا قاراڭلار ، توڭگۇزنىڭكىدەك دىقماق تۇرىدۇ .

— بېشى تاغ تېكىسىنىڭكىگە ئوخشىغان بىلەن تۇمشۇقى ئىت-نىڭكىگە ئوخشايدىكەن…

ئۇلار ئۇ ھايۋاننى ھېچنېمىگە ئوخشىتالماي ، ئەمدى ئۇنى ئوۋلايمىزمۇ ، ئوۋلىمايمىزمۇ ؟ دېگەن مەسىلىدە تالىشىپ قالدى .

— بۈگۈن ھېچنېمە ئوۋلىيالمىدۇق ، ھەرقايسىمىز ئۆزىمىز-نى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئېتىپ باقايلى ، — دېدى بىرسى .

— ئوۋلىغىنىمىز بىلەن ئۇنى يېگىلى بولامدۇ ؟ — دەپ سورى-دى بىرى .

— يېگىلى بولسۇن ـ بولمىسۇن ، بۈگۈن بىزگە ئۇچرىغىنى شۇ بولغاندىكىن ، ئۆۋلاپ باقمايمىزمۇ ، — دېدى يەنە بىرى .

«ئۆۋلاپ باقمايمىزمۇ» دېگۈچىلەر كۆپ بولدى . شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسىسى ئۆزى تاللىغان يەر بىلەن گاھ ئېڭىشىپ ، گاھ ئۆرە مېڭىپ ، يەنە گاھىدا ئۆمىلەپ ھېلىقى مەخلۇققا يېقىنلاشماقچى بولۇشتى . بىردىنلا ھېلىقى مەخلۇق ھەربىر مۈگگۈزى توققۇز شاخلىق يوغان ، سېمىز بۇغىغا ئايلاندى ـ دە ، تۆت تاقلاپ تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپ : «قېنى سىلەر ؟» دېگەندەك قىلىپ ، جىلغىنىڭ ئۆۋچىلار تۇرغان تەرەپكە قاراپ تۇردى .

ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدىغان ھېلىقى مەخلۇقنىڭ بىردىنلا بۇغىغا ئايلىنىپ قالغىنىغا ئۆۋچىلارنىڭ ھەممىسى ھەيران قېلىشتى .

— ئۇ كۆزىمىزگە ھېلىقىدەك نەرسە بولۇپ كۆرۈنگىنى بىلەن ئەسلىدە ئۇ بۇغا ئىكەن ئەمەسمۇ ، قانداق ، ئۆۋلايمىزمۇ ؟ — ئوماق ھەمراھلىرىدىن سورىدى .

— ئۆۋلىمامدىغان ، ئۆۋلايمىز ، قاراڭلار ، يوغان بۇقىدەك تۇرغىنىنى ، — دېدى بىرى . باشقىلار ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى .

ئوماقمۇ ئىچىدە : «ئۆۋلىۋالغان بولساق قانداق ياخشىدى ـ ھە» دەپ ئويلايتتى .

بۇغا مىلتىق ئوقى يەتمىگۈدەك يەردە ئىدى . ئۆۋچىلار چاتقال-لارنى ئارىلاپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى . بۇلار بۇغىغا ئوق يەتكۈ-دەك يەرگە كەلگەندە ، بۇغا تاغنىڭ نېرىقى قاپتىلىغا چۈشۈپ كەت-كەندەك قىلدى ، لېكىن مۈگگۈزىنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بۇلار تىرمىشىپ يۈرۈپ تاغ ئۇستىگە چىققاندا ، بۇغا قاپتالنىڭ يېرىمىغا بېرىپ ، بىر يوغان قورام تاشنىڭ تۈۋىدە ھېچقانداق خەۋپ سەزمىگەندەك ئوتلاپ تۇراتتى . ئوماقلار ئۆمىلەپ يۈرۈپ بۇغىغا يېقىنلاشتى . ئوماق بىر ئەپلىك جايىنى تېپىپ مىلتىقىنىڭ پۇتىنى يەرگە ئوبدان قويۇۋالدى ، قارىغا ئېلىپ تەپكىنى باساي دېگەندە ، بۇغا قورام تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى . ئوماقلار قورام تاشقا

يېقىنلىشىش - يېقىنلاشماسلىق ياكى كۆتۈپ تۇرۇشنى مەسلىھەت-لىشىۋاتقاندا «غۇر» قىلىپ يېنىك بىر شامال كەلگەندەك بولۇپ، ئۇلارنى ئۈيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى يۇمۇلۇۋاتقاندەك خاراموشلاندۇ-رۇپ قويدى. بۇ ھالەت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئوماقلارنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق بىر مەنزىرە كۆرۈندىكى، قورام تاشنىڭ كەينىدىن قالاچ قاناقا چىقىپ كەلدى. ئوماق كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

— ۋوي، قالاچ قاناقامۇسىز، نەدىن كېلىۋاتىسىز؟ — ئوماق ئىتتىك قاناقانىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن سورىدى.

باشقا ئوۋچىلار قالاچ قاناقانىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان، ئەمما كۆرمىگەنىدى. ئوماقنىڭ: «قالاچ قاناقا» دېگىنىنى ئاڭلاپ، ئۇ-لارمۇ دەرھال ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى.

— ھە، ئوماق، ئوۋغا چىققانمىدىڭلار، نېمە ئوۋلىدىڭلار؟

ئوماق بايا چېلىقتۇرغان ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقنى ئوۋلايلى دېگەندە بۇغىغا ئايلىنىپ قېچىپ كېتىپ، قورام تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپلا يوقاپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

-- توڭگۇزغىمۇ، تۈلكىگىمۇ ئوخشىمايدىكەن، ئۇ مەخلۇقنى ئوۋلاپ نېمە قىلاتتىڭلار؟

— ھېچنېمە ئوۋلىيالمىغاندىكىن شۇنى بولسىمۇ ئوۋلاپ، كۆزىمىزنىڭ، قولىمىزنىڭ قىچىقىنى بېسىۋالايلى، دېيىشكە-نىدۇق.

— مانا، — قالاچ قاناقا بېشىنى ئىككى يانغا ئىرغىتتى، — بىز ئۆمرىمىزنى سىلەر ئاشۇ غەلىتە مەخلۇقنى ئوۋلىماقچى بولغان-دەك مەقسەت، نىشانسىز ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. ئالتىڭلار بىر مەخلۇق كەينىدىن چېپىپسىلەر، ئەمما تۇتقاندىن كېيىن قانداق قىلىشنى بىلمەيدىكەنسىلەر. بىزنىڭ ئۇغۇش بوۋىلىرىمىز بۇنداق ياشىماپتى-كەن، مەقسەتلىك، مەنىلىك ياشاپتىكەن.

— ئۇلار نەدە ياشاپتىكەن، ئۇلار مۇشۇ ئەتراپتا ياشىغان بولسا، ئۇلاردىن بىزگە نېمە قاپتىكەن، قالغان ئۇ نەرسىلەر نەدە؟

www.uyghurkitap.com

— بۇ توغرىدا مەن كۆنچىققانبەگكە ھەممىنى دەپ بەرگەن، شۇنىڭدىن سورا.

— ئۇنىڭ ئۇغۇش - بوۋىلىرىنىڭ ئەسلىي يۇرتى كۆلشەھىرى ئىكەندۇققۇ.

— كۆلشەھىرى سىنىڭ ئۇغۇش بوۋىلىرىڭنىڭمۇ، سىنىڭمۇ ئانا يۇرتۇڭ بولىدۇ. ئۇلار كېيىن ھەر خىل ئاپەت سەۋەبىدىن مۇشۇ قۇملۇقنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ كېتىپتىكەن. سەن ھېچنېمە ھېسابلانمايدىغان ھىلىقىدەك مەخلۇقنى قوغلىشىپ يۈرگەندىن، ئۇغۇش - بوۋىلىرىڭنىڭ ياشىغان جايلىرىنى، ياتقان ماقاتلىرىنى تاپساڭچۇ.

— ئۇلار نەدە يېتىپتىكەن، ئۇنى نەدىن تاپىمەن؟

— قاقشاللىق ئەتراپىدىكى ماقاتلىقتا ياتقاندۇ ياكى مەھەممەت مەرگەن ساڭا دەپ بەرگەن ماقاتلىقتا ياتقاندۇ. ئۇلارنىڭ ياتقان يېرى ئىزى بولمامدۇ؟

— مەھەممەت ئاغا مۇنداقلا دەپ بەردى. ئۇ ماقاتلىقنىڭ زادى نەدىلىكىنى ئۇمۇ ئېنىق بىلمەيدىكەن.

— ئۇ بىلمىسە، ئاڭلىغاندىكىن سەن تاپمامسەن، ئىزدەپ باق، تاپالمىساڭ ئاڭلىغىنىڭ بويىچە بالىلىرىڭغا دەپ بەرسەڭ، ئۇلار ئىزدەپ باقار. گەپنى قىسقارتسام، ئۇغۇش بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىزلىرى، بىزگە قالدۇرغان نەرسىلىرى سەن - بىز دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ قۇملۇقتا كۆمۈلۈپ كېتىپتىكەن. بۇ يەردە بولمىسا، ئۇ يەردە. ئۇ ئىزلار ھامان تېپىلىدۇ، ئېچىلىدۇ...

قالاچ قاناقاننىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپلا دەسلەپ بايىقىدەك يېنىك شامال چىقتى، ئارقىدىنلا چاقماق چېقىپ، گۈلدۈر - قاراسلاپ ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يەر - جاھان قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. ئوماق بۇ سىلكىنىشتە ئىككى يانغا ئىرغاڭلاپ كېتىپ، «ۋاي» دەپ بىر توۋلىدى - دە، ئۆز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

## 2

ئوماق ئوغۇللىرى بىلەن بىللە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئات، تۆگىلەرگە ئارتىۋاتاتتى . ئايقۇت بىلەن ئىككى كېلىنى — ئايسۇلۇ بىلەن ئايبەختەملەرمۇ پۇت ـ قوللىرىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ ياردەملەشمەكتە ئىدى .

— هە ، قۇدا ، سەپەر يىراققا ئوخشىمامدۇ ، نەگە ؟ — تۇردۇش سورىدى .

ئۇ ئەتىگەندە بىر ئىش بىلەن مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ماڭغانىدى . ئوماقلارنىڭ ئات ـ تۆگىلەرگە ئائىلە بويىچە يۈك ئارتىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى . ئوماق بۇ قېتىمقى سەپەر تەييارلىقىنى داۋراڭ قىلماي جىم ـ جىملا قىلغانىدى .

— قۇمكۆل تەرەپكە بېرىپ كېلەيمىكىن ، دەيمەن .

— قۇمكۆلگە ؟ ! مەن قارىسامىۇ ئۇۋغا چىقىدىغاندەك قىلمايسىلەر ، نېمىشقا بارىسىلەر ئۇ تەرەپكە ؟

— مەھەممەت ئاغىنىڭ شۇ تەرەپتە ماقاتلىق كۆردۇم ، دېگىنىنى بىلىسەن .

— كۆرسىمۇ كۆرگەندۇ ، ئۇ ماقاتلىقتا سېنىڭ نېمە ئىشىڭ . ئاڭلىسام ئاتاڭنىڭ ماقاتى چارىدا ئىكەنغۇ ، ماقات كۆرگۈڭ كەلسە ئاتاڭنىڭ ماقاتىنى كۆرۈپ كەلسەڭ بولمىدىمۇ .

ئوماق بۇ گەپكە نېمە دېيەلەيدۇ ، دېمىسىمۇ ئۇ ماقاتلىقنى نېمىشقا كۆرىدىغانلىقىنى ، كۆرگەندىن كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ . لېكىن ، ئوماقنى قىزىقتۇرۇپ ۋە ئويلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان نەرسە ، ئۇ ماقاتلىقلار ئادەمسىز دەشت قۇملۇقتا قانداق پەيدا بولۇپ قالدى ، ئۇ قايسى زاماندىكى قايسى كىشىلەرنىڭ ماقاتلىقى ، چەپەر ئېيتقاندەك ، ئۇ يەردىكى ماقاتلىق شامالدا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتسە ، هېچنېمە يوق يەنە بىر يەردىكى

قۇملۇقتا ماقاتلىق ، نۇرغۇن ياغاچلار پەيدا بولۇپ قالىدىكەن . قالاچ قاناقا دائىم دەيدىغان قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئۇغۇش بوۋىلارنىڭ ئىزلىرى شۇنداق ئىزمىكىن .

ئوماق قۇدىسىغا : «كۆڭلۈم شۇ تەرەپلەرنى تارتىپ قالدى» دەپ قويۇپ ئۆز ئىشى بىلەن بولىۋەردى . تۇردۇش قىلماقچى بولغان ئىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ ، ئوماقنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتى . بۇ قېتىمقى سەپەر ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدىكى قۇملۇق بولۇپ ، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئۇ يەردە تارماق ئېقىنلار ، چوڭ ـ كىچىك كۆللەر كۆپ ئىدى . تارىم دەرياسى ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىپ تۆۋەن تەرەپ بىلەن ئاقىدىغان بولغاندىن كېيىن ، تارماق ئېقىنلارمۇ ، كۆللەرمۇ قۇرۇپ كېتىپ ، ئېقىن ، كۆل بويلىرىدىكى ئادەملەرمۇ تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن . ئوماق ۋاقىت جەھەتتە كەچ كۈزگە يېقىن مەزگىلنى تاللىدى ، بۇ چاغدا قۇملۇقنىڭ ئادەم بىلەن ھايۋاننى چاڭقىتىپ قىيىنغۇدەك ئىسسىقى قالمايدۇ . سەپەرچىلەر ئۈچۈن قۇملۇق چۆلنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇقى سۇسىز قېلىش . ئوماق مەخسۇس تەييارلانغان ئۇسسۇزلۇقنى ، يېمەكلىكنى بىر يېرىم ھەپتىگە ئازادە يەتكۈدەك پىلانلىۋالدى . بارماقچى بولغان قۇملۇقتا خامنى پىشۇرۇپ يېيىشكە ئوت قالايدىغان ئوتۇن تۈگۈل چىش كوچىلىغۇچى چاغلىق ياغاچ يوق . شۇڭا بىر كىچىك ساندۇقتا پوستلاق قويمىسى ، بىر خالتا جىگدە تىرىپى ئارىلاشتۇرۇلغان ئۈجۈل تالقىنى ، بىر خالتا قاق بېلىق گۆشى تالقىنى ، بىر قاچىلىق بۇلماق قاتمىسى تەييارلىدى . قازاننىڭ كېرىكى بولمىغاچقا ، ئىككى كىشىلىك تاۋاق[1] ئېلىۋالدى .

— باللاردىن قايسىسىنى بىللە ئاپىراي دەيسەن ؟ — تۇردۇش سورىدى .

— بۇ قېتىمقى سەپەر قۇملۇق ئىچىدە بولىدۇ ، ئارىلىقتا ياكى ئەتراپتا ئادەم يوق . كۈزدە قۇملۇقنىڭ ئىسسىقى بولمىغان بىلەن

---

① تاۋاق — ياغاچ چۆچەك .



www.uyghurkitap.com

شامال ، بورىنى ، مەڭلىسەسى بولىدۇ ، بىرەر غاقا[1] بولمايدۇ دېگە‍ـ
لى بولامدۇ . بۇنداق سەپەرگە توختال ئادەم بولمىسا بولمايدۇ .
ئۆردەك سەل كىچىكلىك قىلىدۇ ، ئايىبەختەمنىڭ ئاي - كۈنى
يېقىنلىشىپ قالدى ، تۆمۈر يېنىدا بولمىسا بولمايدۇ . توختاقنى
ئېلىپ بارىمەن ، سەپەرگە ئۇ خېلى پىشتى…

بىر تۆگىگە يېمەكلىك ، يەنە بىر تۆگىگە مەخسۇس تەييارلانغان
ئۈچ تۇلۇم ئۇسسۇزلۇق ، ئاندىن يەنە ھەربىرىگە ئۈچ تۇلۇمدىن ئۈچ
تۆگىگە توققۇز تۇلۇم ئادەتتىكى سۇ ئارتىپ ، بەش تۆگە ، ئىككى
ئاتلىق كارۋان بولۇپ سەپەرگە ئاتلىناي دەپ تۇرغاندا ، ناسىربەگ
بىرقانچە كىشى بىلەن كېلىپ قالدى . ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ
ئۇماق بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ، ناسىربەگ :

— ۋۇي ، ئۇماق ، تەييارلىق ئېغىرغۇ ، يول يىراققا ئوخشى‍ـ
مامدۇ ، نەگە ؟ — دەپ سورىدى .

— بەك يىراققىمۇ ئەمەس ، قۇمدەريا بىلەن ئارغان ئارىلىقىدى‍ـ
كى قۇملۇققا .

— نېمە ، نېمە ؟ ! ئۇ يەردە بىر ئىش بوپتىكەنما ؟

— ھېچ ئىشقۇ بولمىدى ، ئۇ يەردە بىر ماقاتلىق بار ئىكەن ،
دەپ ئاڭلىدىم ، ئۇ زادى قانداق ماقاتلىق ، كۆرۈپ كېلەي دەيمىنا .

— ئۇ يەرنىڭ قانداق يەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن ؟

— ياق ، بىلمەيمەن .

— ئۇ يەرنىڭ نامىچۇ «بارسا كەلمەس» ، بېرىپ قالغان ئادەم
كېلەلمەيدىكەن .

— كىم بېرىپ كېلەلمەپتىكەن ؟

— شۇنداق دەپ ئاڭلىدۇق ، ئۇ يەرگە بېرىپ باققان ئادەم
يوق .

— ئوتتۇز نەچچە يىل ئىلگىرى مەھەممەت مەرگەن ئاغا يېڭى‍ـ
سولۇق بىر ئوۋچى بىلەن قۇمدەريادىن يېگىسۇغا بارماقچى بولۇپ ،
قۇملۇقتا سەتاقىپ قېلىپ چوڭ بىر ماقاتلىقنى كۆرۈپ قاپتىكەن .

① غاقا — ۋەقە ، ھادىسە .

www.uyghurkitap.com

— ئۇ كۆرسىمۇ كۆرگەندۇ ، سىنىڭ بارماقچى بولۇشۇڭ نىيە-مىشقا ئەمدى؟

ناسىربەگنىڭ بۇ سوئالى تۇردۇشنىڭ سوئالى بىلەن ئوخشاش ئىدى ، لېكىن ناسىربەگنى تۇردۇشقا بەرگەن جاۋاب بىلەن قانائەتلەندۇرگىلى ھەم ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايتتى . ئۇماق ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ باقماقچى بولدى .

— يېقىندا قالاچ قاناقانى چۈشەپ قالدىم . گەپ ئارىسىدا شۇ ماقاتلىقنىڭ گېپى چىقىپ قېلىپ ، قاناقا ماڭا : «سىنىڭ يىراق ئۇغۇش بوۋىلىرىڭنىڭ بىرىنىڭ ماقاتى ئاشۇ ماقاتلىقتا . قايسىسى ئۇ ئۇغۇش بوۋاڭنىڭ ماقاتى ئىكەنلىكىنى بىلمىسەڭمۇ ، شۇ ماقاتلىقنى يوقلاپ قوي ، — دېدى ئۇ .

— مانداق دېگىن ، سىنىڭ ئۇ بەرگە بىرىشىڭنى قالاچ قاناقامۇ چۈشۈڭدە دېگەن بولسا ، بارمىساڭ بولمىغۇدەك . بىز يېقىندا تىكەنلىكنىڭ بىرىسىدىكى بارلىق چوڭ - كىچىك يۇرت - مەھەللە ئاقساقاللىرى ، يۇرت ئاتىلىرى بىلەن يىغىلىپ ، يۇرتلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرى توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشمەكچى بولۇپ ، سىنى باش مەسلىھەتچى بولۇپ بەرسە ، دەپ شۇنى ئېيتىپ قويغىلى كېلىۋىدۇق . سەن قالاچ قاناقانىڭ ئاپىلىشى بىلەن سەپەرگە تاق بولۇپ بوپسەن .

— مەسلىھەت يىغىلىشى قاچان بولماقچى؟

— ئىككى ھەپتىدىن كېيىن .

— مەن بىر ھەپتىدە كېلىپ بولۇشنى ، بەك ئۇزۇن بولغاندا ئون كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلىشنى پىلانلىدىم .

— بۇ سىنىڭ ئويلىغىنىڭ ، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى سەنمۇ بىلمەيسەن ، بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسىمىز بىلمەيمىز . ئەگەر خالىساڭ دادامنىڭ شۇ ماقاتلىق توغرىسىدا دەپ بەرگەنلىرىنى ئېيتىپ بەرسەم ئاڭلامسەن؟

— ئاڭلىمامدىغان ، ئاڭلايمەن ، قانداق بىرىشنىڭ يولىنى ، بارغاندىن كېيىن قانداق قىلىشنى بولسىمۇ بىلىۋالارمەن ، قېنى ،

ئېيتىپ بەر، بەگ، — دېدى ئوماق.

— كىچىك ۋاقتىم، — دەپ گېپىنى باشلىدى ناسىربەگ، — ئون ياش چاغلىرىمغۇ دەيمەن، بىرنەچچە بالا قۇمدا ماقات ياساپ ئويناۋاتقاندۇق. دادام ئاتلىق كېلىپ قالدى. ئۇ بىزنى قۇم دۆۋىلەپ ئويناۋېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ قالغان چېغى، ياسىغان ماقاتلىرىمىزنى ئېتىغا دەسسىتىپ ئۆتۈپ كەتمەك بولدى.

— توختا! — دېدىم مەن غولچىمنى كېرىپ تۇرۇپ دادامنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — سەن ئۆزۈڭ تېخى يېقىندا ماڭا ماقاتلىققا بارغاندا ماقاتلارنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ، ماقاتلىقتا قالايمىقان مېڭىپ يۈرسە بولمايدۇ، دېگەنىدىڭغۇ. بۇ بىزنىڭ ياسىغان ماقاتلىرىمىز، قالايمىقان ماڭساڭ بولمايدۇ، ماقاتلىقنى يانداپ ئۆت.

دادام كۈلۈپ كېتىپ ئېتىدىن چۈشتى.

— يارايسەن! — دېدى ئۇ مۈرەمگە شاپىلاقلاپ يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ، — ماقاتنىڭ ئۈستىگە دەسسىگەنلىك تىرىك ئادەمنىڭ بېشىغا، مەيدىسىگە دەسسىگەنگە ئوخشاش يامان ئىش. ئۇنداق قىلغان ئادەم شۇ كۈنى بولمىسا باشقا بىر كۈنى ھامان شۇ قىلمىشىنىڭ يالقىتىغا[1] قالىدۇ. باللار، ئولتۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە بىر ماقاتلىق توغرىسىدا ھېكايە ئېيتىپ بېرەي. بۇنى ھېكايە دېگىنىم بىلەن راست بولغاندەك ئىش، — دېدى.

دادام قۇم ئۈستىگە ئولتۇردى. مەن قولىدىن ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ سەل نېرىدىكى پۇتاغا مۇرۇللۇغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردۇم.

— دادامنىڭ دادىسى مۇشۇ ئەتراپنىڭ بېيى ھەم ئاقساقىلى ئىكەندۇق، — دەپ دادام ھېكايىنى باشلىدى، — ئۇ چاغدا قۇمكۆلدىكى بەزى كۆللەر تېخى قۇرۇپ كەتمەپتىكەن، ئەتراپى ئوتلاق بولۇپ، ئىلۋەسۇنلار چۇلۇق ئىكەندۇق. چوڭ دادام بىرقانچە ئوقياچى مالايلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شۇ تەرەپكە ئوۋغا چىقىپتۇ، ئارا

[1] يالقىت قىيناش، قاقشىتىش، جازا.

www.uyghurkitap.com

يولغا بارغاندا قاتتىق مەڭلىسە چىقىپ كېتىپ سەتاقىپ قاپتۇ . مەڭلىسە بىسققاندا قارىغۇدەك بولسا ، چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان غىلاڭ قۇملۇق ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇدەك . ئۇلار : «نەگە كېلىپ قالدۇق» دېيىشىپ ئەتراپقا قاراپتۇ . شۇ ئارىدا يەردىن چىقتىمۇ ، ئاسماندىن چۈشتىمۇ ، ئىككى يۈز قەدەمچە يەردە بوي - بەستى سىمىزلىكى ، مۈڭگۈزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ، شاخ - پۇتىقىمۇ ئوپئوخشاش بىر جۈپ بۇغا پەيدا بولۇپ قاپتۇ . دادامىلار نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ تۇرمايلا بۇغىغا قاراپ ئات سالپتۇ . بىر توپ ئادەم ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتسىمۇ ، ئىككى بۇغا مىت قىلىپ قويماي سۇما[1] پېتى باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرىۋېرىپتۇ . پەقەت ئۇۋچىلار ئەللىك قەدەمچە يەرگە كەلگەندىلا ئىككى كېيىك قېچىپتۇ . ئۇۋچىلار قوغلاپتۇ ، كېيىكلەر قېچىپتۇ . ئارىلىق ئەللىك قەدەمدىن يىراقلىماپتۇ ، يېقىنلىماپتۇ . ئارىلىق خېلى يېقىن بولغاچ ، ئۇۋچىلار قوغلىغاچ ئوقيالىرىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ . چېپىۋاتقان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئۈچۈپ كېتىۋاتقان قۇشقا دەل تەگكۈزىدىغان ئۇۋچىلار كېيىكلەرگە زادىلا تەگكۈزەلمەپتۇ . قوغلاپتۇ ، قوغلاپتۇ . كۈن پاتارغا ئاز قالغاندا ، كېيىكلەر پەسلىگەندەك بولۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ . چوڭ دادامىلار بېرىپ قارىسا ، ئوتتۇرا هال كەڭلىكتە بىر زۇ[2] تۇرغۇدەك . زۇنىڭ نېرىقى قاسنىقى تۆپىلىك ئىكەن . ئىككى كېيىك يەردىمۇ يوق ، كۆكتىمۇ يوق ، دادامىلار تاجىپەتلىنىپ زۇنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ قاراپلا قاپتۇ . ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا كەڭ بىر دائىرىدە يەردىن ئۈزۈن - قىسقا چىقىپ تۇرغان ، قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان چوڭ - كىچىك نۇرغۇن ياغاچلارنى كۆرۈپتۇ . چوڭ دادامىلار ياغاچلارنى ئارىلاپ كۆرمەك بوپتۇ . كېتىۋېتىپ چوڭ دادامنىڭ بىر مالاي ئۇۋچىسى «گۈلۈپ» قىلىپ ئېتى بىلەن بىر ئۆپۈرغا چۈشۈپ كېتىپتۇ . چوڭ دادام كېلىپ قارىسا ، تۆت تەرىپىنى شاخشا بىلەن توسقان چوڭ يەرلىك ئىكەن ، يەرلىكتە چوڭ

---

① سۇما — بىغەم ، بەخىرامان ، تەشۋىشسىز .
② زۇ — كونا ئېقىن ئورنى ، ئىزى .

ئادەم بويىچىلىك ئۇزۇنلۇقتا بىر كېمە ، ئۇنىڭ يېنىدا يوغان بىر چارا دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇقلۇق ئىكەن . چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى مالاينى بەك تەستە چىقىرىۋاپتۇ...

— بەگ ، توختىغىنا ، دىۋە ئادەم چەپەرمۇ يارداڭلىق دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەردىكى ماقاتلىقتا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ماقاتقا چۈشۈپ كېتىپتىكەن ، ئىككىسى بىر ماقاتلىقمۇ ، ئەمەسمۇ ؟ — ئوماق ناسىربەگدىن سورىدى .

— ئۇنى بىلمەيمەن ، چوڭ دادام ئۇ يەردە يارداڭلىق بارلىقىنى دېمىگەن . چوڭ دادىملار ماقاتلىقنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتمەيلا قايتىپتىكەن ، ئۇ تەرىپى يارداڭلىقمۇ ، ئەمەسمۇ ، مەن بېرىپ باقمىغاندىكىن بىلمەيمەن .

— بايا سەن : «ئۇ يەرگە بارغانلار قايتىپ كەلمەيدىكەن» دېۋىدىڭغۇ ، تاجىپەت ئۇلار قايتىپتۇغۇ ؟

— توختىمامسەن ، گېپىم تېخى تۈگىمىدى ، — ناسىربەگ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — چوڭ دادىملار زۇ ئىچىگە قايتىپ كېلىپ تاماق قىلىپ يېمەك بوپتۇ . ئۇ يەردە ئوتۇن قىلغۇدەك ياغاچ بولمىغاندىكىن ، ئىككى مالاي بېرىپ ماقاتلىقتىن ياغاچلارنى ئەكېلىپ ئوت يېقىپتۇ . ئوت شۇنچە كۈچلۈك بولسىمۇ ، قازاندىكى سۇ قاينىغۇدەك بولۇپ ، قازان تېگىدىن ئۇششاق كۆپۈكچىلەر ئۆرلەپلا تۇرۇپتۇ ، لېكىن قازان زادىلا قاينىماپتۇ . ئامالسىز قاينىمىغان سۇغا ئۈجۈل تالقىنى سېلىپ ئايادىسا ، سۇ سۇ پېتى ، تالقان تالقان پېتى تۇرۇپتۇ ، زادىلا ئارىلاشماپتۇ . قورساقلىرى بەك ئېچىپ كەتكەچ ، تۇزۇك ئارىلاشمىغان ، قاينىمىغان ئۈجۈل ئۇمىچىنى ئىچىشىپتۇ ، زۇ ئىچىگە غۇلۇتمان يېقىپ شۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇخلاپتۇ . چاقچىغار بىلەن تەڭ ئاسماننىڭ قىزارغان تەرىپىگە قاراپ ماڭىدىغان يولنى بەلگىلىۋېلىپ قايتىپتۇ . ئۆيلىرىگە كەلگۈچە ھەممىسىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ بەك قىينىلىپتۇ . يەرلىككە چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى مالاي ئۆيىگە كېلىپلا كېتىپ قاپتۇ . ياغاچ ئەكەلگەن ئىككى مالاينىڭ ئىككى قولى تۇتماس بوپتۇ ، قالغانلارنىڭ ،

www.uyghurkitap.com

چوڭ دادامنىڭمۇ كۆز يۇمۇپ كەتكۈچە قورسىقى ئاغرىشتىن توختىمىغانىكەن . بۇ ئىشقا ئىككى يۈز يىلدەك ۋاقىت بوپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تەرەپكە ھېچكىم بېرىپ باقماپتىكەن ، ھېلىقى مەھەممەت چولاق مەرگەننىڭ بارغىنىنى ئاڭلىماپتىكەن ، — دەپ ناسىربەگ گېپىنى تۈگەتتى .

ناسىربەگنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ ئەتراپتا تۇرغانلارنى قورقۇنچ باستى ، ئايقۇتتىن باشلاپ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوماققا قاراشتى . توختاق ئاتىسىغا قاراپ بولۇپ ، «ئاتامنى بۇ يولدىن توسۇپ قالساڭ» دېگەندەك يىلىنىش چىقىپ تۇرغان نەزەردە ئايقۇتقا قارىدى .

ئوماق ئويلىنىپ قالدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا : «بارايمۇ ، بارمايمۇ ، بارسام قانداق بولار ، ھېلىقىلاردەك...» ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن ئۇنىڭ بەدەنلىرى مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى . «ئۇ ماقاتلىق ئارۋاق قىلىۋېتىلگەنمۇيا ؟» ئۇ بۇ خىيالىنى ئۆزى رەت قىلدى ، «مەھەممەت ئاغا بېرىپ كەلگىلى ئوتتۇز نەچچە يىل بوپتۇ ، ھېچ نەرسە بولماپتۇغۇ» ئوماق بۇ خىيالغا قالاچ قاناقانىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئۇلاپ ئويلىدى : «... ئۇ ماقاتلىقلار يۇرت - مەھەللىدىن ، بىزدىن يىراق جايلاردا ، قۇملۇق ئىچىدە بولغاچقا ، ئۇ يەرگە ئاسادىيى بېرىپ قالغانلار ھەر خىل گەپلەرنى توقۇشتى . بۇنداق گەپلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتكۈچە شاخلاپ ، ھەرنېمە بولدى . شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇ يەرلەرگە بارماس ، بىلمەسلا بولدى... »

ئوماق ئۇنى ئويلاپ ، بۇنى ئويلاپ ، ئاخىرى قەتئىي بىرىش قارارىغا كەلدى . ئۇنىڭ بىر سۆزلۈكلۈكىنى ئوبدان بىلىدىغان ئايقۇت ئېرىگە ئاق يول تىلىدى ، باشقىچە گەپ قىلمىدى . توختاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— قورقما ، ئاتاڭ بار ، ئاتاڭ بۇنداق سەپەرگە پىششىپ كەتكەن ، ئاتاڭنىڭ ئاغزىغا قارا ، ئاتاڭدىن نېرى بولما ، — دېدى .

ئوماق بىلەن توختاق ئاتلىرىغا مىندى .

— ئون كۈنگىچە يولۇڭغا قارايمىز ، شۇ چاغقىچە قايتىپ كەلمىسەڭ ، پۈتۈن يۇرتلاردىكى تۇنۇق ئۇۋچىلارنى يىغىپ ئالدىڭغا ئەۋەتىمەن ، — دېدى ناسىربەگ ئوماققا قول پۇلاڭلىتىۋېتىپ .
ئوماقلارنىڭ ئېتى تېخى توققۇز قەدەممۇ ئالماي ، ئايسۇلۇنىڭ قوشىقى ئاڭلاندى :

ئاقيول تىلەپ قالدۇق بىز ،
يولۇڭلاردا كۆزىمىز .
ساق بېرىپ ، ساق كېلىڭلار ،
ئۆۋەك بولسۇن تەڭرىمىز .
ئاتام ئېيتقان ئون كۈندە ،
جەم بولايلى ھەممىمىز .

3

سەپەرنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ، ئۇلار قارادايدىن ئۆتۈپ ئارغانغا ئاز قالدى .
— ئاتا ، مەھەللىلەرگە كىرمەي يانداپلا ئۆتتۇققۇ ؟
— ئويلىمامسەن ، مەھەللىلەرگە كىرسەك ئۇ ئۇنى دەپ ، بۇ بۇنى دەپ ۋاقتىمىزنى ئالسا ، ئارغانغا دېگەن ۋاقتتا بارالامدۇق .
— ئون كۈندە سەپىرىمىز تۈگەرمۇ ؟
— بىز ئويلىمىغان غاقا بولۇپ قالمىسىلا ، ئون كۈندە ئۆيگە يېتىپ بارىمىز . مەن ۋاقتىنى ئوبدان ھېسابلىدىم . ئارغانغىچە ئۈچ كۈن كېتىدۇ . ئۇ يەردە ئات ، تۆگىلەرنى بىر كۈن ئوبدان بېقىۋال-ساق ، ماقاتلىقنى ئىزدەشكە ئىككى - ئۈچ كۈن كەتسە ، قالغان ۋاقىت قايتىشىمىزغا كەڭ يېتىدۇ .
— ماقاتلىق ئارغاننىڭ قايسى تەرىپىدىدۇ ؟
— مەھەممەت ئاغىنىڭ دېگىنى بىلەن ناسىربەگنىڭ ئېيتقىنى ئوخشاپ كېتىدۇ . ئارغاندىن كۈنچىقىشقا ئۇدۇل ماڭماي ، سەل

ئۈستۈن تەرەپكە ماڭىدىكەنمىز .

ئاتا ـ بالا ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ ئاخىر ئارغاتغا كېلىپ قالدى . كۈن پاتارغا ئاز قالغان چاغ بولغاچقا ، تالا ـ تۈزدە ئادەم يوق دېگۈدەك ئىدى ، كىشىلەر تاماققا تۇتۇنغانىدى . ئوماقلار ئۆيلەرنى ئارىلاپ مېڭىپ ، مەھەللىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قالغاندا ، ئۇنى بىر كىشى كۆرۈپ قېلىپ :

— ئوماق كەلدى ! ئوماقلار كەلدى ! — دەپ توۋلىغىنىچە مەھەللىنىڭ ئۇ چېتىگە ئىتتىك مېڭىپ كەتتى .

ئوماق ئۇ ئادەمنى تونۇيالمىدى . ئۇلار مەھەللە سىرتىغا چىقىپ تۇرۇشىغا ، ئاققۇلاقبەگ ئاقساقال بەش ئادەمنى باشلاپ كەلدى .

— ئوماق ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ ، مەھەللىگە چۈشمەي ، — دېدى .

— ئاۋارە قىلمايلى دېدىم .

— شۇمۇ گەپمۇ ، بىرەر غاقا بولۇپ قالسا ، كۈنچىققانبەگ بىلەن ناسىربەگكە نېمە دەيمىز .

— مېنىڭ بۇ سەپىرىمنى كۈنچىققانبەگ بىلمەيدۇغۇ .

— ھازىر بىلمىگەن بىلەن كېيىن بىلمەمدۇ . سېنىڭ مېڭىپ كەتكىنىڭنى بىزگە يەتكۈزگىلى ناسىربەگ ئەۋەتكەن ئادەم تۈنۈگۈن كېلىپ كەتتى . كۈندۈزدىن كەلمىسەڭ ، ئەتە كېلىدىغان ئوخشايدۇ دەپتۇق ، — دېدى ـ دە ، ئاققۇلاقبەگ ئاقساقال ئوماقنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ كەتتى .

ئابدال ۋە بۇ تەرەپلەردە ئوماقنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ قالاچ قاناقانىڭ ياخشى كۆرىدىغان يېقىن ئادىمى ئىكەنلىكىنى ، كۈنچىققانبەگنىڭ قول بېرىشكەن ئۇكىسىلىقىنى ، تۇلەك بوۋىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىكىنى ئاققۇلاقبەگ ئاقساقال ياخشى بىلەتتى .

— سېنى ئاي دالىدا يانقۇزۇپ بېشىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمىز ، — دېدى ئاقساقال ئۆيىگە كېلىپ بولۇپ .



www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئوماق ، توختاقنى ئوبدان كۆتكەندىن باشقا ، كىچىچە
ئات ، تۆگىلىرىنىڭ ئالدىدىن توغرالغان قۇرۇق بېدىنى ئۈزمىدى .
چاقچىغار بىلەن تەڭ ھەرىكەتلىنىپ ئات ، تۆگىلەرنى قاندۇرۇپ
سۇغارتقۇزدى . ئۈچ كۈنگە يەتكۈدەك قىلىپ قۇرۇق بېدىنى ئۇش-
شاق توغرىتىپ چوڭ ئىككى پالاس تاغارغا قاچىلاتقۇزۇپ ، ئۆزىنىڭ
بىر تۆگىسىگە ئارتىپ ، بىر ئادەمنى قوشۇپ بەردى . تاڭ سۈزۈ-
لۈشكە باشلىغاندا ، ئوماقلار ئۈچ ئاتلىق ، ئالتە تۆگىلىك كارۋان
بولۇپ ئارغان بىلەن خوشلىشىپ ، چەكسىز قۇملۇق بىلەن باغاشلى-
شىپ كەتكەن چوغ رەڭ شەپەق قوينىغا سىڭىپ كەتتى…

ئېگىز - پەس ، ئۇزۇن - قىسقا قۇم دۆۋىلىرى بىر - بىرى
بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن چەكسىز قۇملۇق ، چىڭقىچۇش . قۇياش
ئوماقلارنىڭ بويىغا ئۇدۇللاشقاندەك تىكلەشكەنىدى .

— ئارغان قايسى تەرەپتە قالدى؟ — توختاق كۈنگە ، ئاندىن
كېيىن تۆت تەرەپكە قاراپ بولۇپ ، مۇنداقلا سوراپ سالدى .

ئىزغا قارىسىغۇ ئارغان كەينى تەرىپىدە قالغاندەك ؛ ئەمما
كۈنگە قارىسا ھېچقايسى تەرەپنى بىلگىلى بولمايتتى . ئوماقمۇ
تۆرەپ قالغاندەك تۇيۇلدى . ئۇ ئاققۇلاقبەگ ئاقساقال قوشۇپ بەر-
گەن كىشىگە قارىدى . بۇ كىشى ياشتا ئوماقتىن ئازراق چوڭ ،
لېكىن قارىماققا ئاتىسىدەك كۆرۈنەتتى .

— قوزىباي ئاغا ، توغرا ماڭغاندىمىز - ھە .

قوزىباي كۈنگە ، ئەتراپقا قاراپ قويۇپ ، گەپكە جاۋاب بەرمەي
ئېتىدىن چۈشۈپ قامچىسىنىڭ يۇلغۇن دەستىسىنى قۇمغا سانجى-
دى ، كۈنگە يەنە بىر قارىۋېتىپ ، دەستىنىڭ سايىسىغا قارىدى .
قامچىنىڭ تۈۋىدە بار - يوقنىڭ ئورنىدا ئىككى ئىلىكچىلىك سايە
قۇمدا سۇس كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئوماق بىلەن توختاق قوزىباينىڭ
قىلىۋاتقىنىنى چۈشىنەلمەي ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا
كېلىپ قاراپ تۇرۇشتى . قوزىباي سايىغا ، ئاندىن كۈنگە قارى-
ۋېتىپ :

— بىز سەل تۆۋەنلەپ كېتىپتۇق ، سول قولنى بېسىپ ماڭ-

www.uyghurkitap.com

ساق بولغۇدەك ، — دېدى .

— كېلىشۋاتقاندا نېمىشقا دېمىدىڭ ؟

— مەن سېنى قانداق مېڭىشنى بىلىدۇ ، دەپ ئويلاپتىمەن .

— مەن بۇ قۇملۇقتا بۇرۇن مېڭىپ باقمىغان ، بىرىنچى قېتىم مېڭىشىم .

قوزىباي ئوماقنى بۇ قۇملۇقتا مېڭىپ باققان چېغى ، دەپ ئويلىغاچقا ، تۆگىلەرنى يېتىلەپ توختاقىنىڭمۇ ئارقىسىدا ماڭ- غانىدى .

— ئارغانغا بەك يىراق ئەمەس ئۆزۈن ، ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى بولىدىغان ، بۇ چاغقا ئۇ قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتۈپ بولساق بولاتتى . ئۇنىڭ نېرىسىدا دائىم شامال چىقىپ تۇرىدىغان بىر جاي بار . شۇ شاماللىقتىن ئۆتۈپ كەتسەكلا ، نېرىقى قۇملۇقتىن بەك قورقمىساقمۇ بولىدۇ .

— سەن بۇ قۇملۇقتا ماڭغانما ؟

— ئىككى قېتىم ئاتام بىلەن قۇمدەريا بويىغا ئوۋغا بارغان .

— ماقاتلىقنى كۆرگەنمىدىڭ ؟

— مەن كۆرمىدىم ، ئاتام كۆرۈپتىكەن .

— نېمە ؟ ! ئۇ ماقاتلىقنى ئاتاڭمۇ كۆرۈپتىكەنما ؟ قاچان كۆ- رۈپتىكەن ؟

ئوماق شۇ تاپتا ئىزدىگەن ماقاتلىقنى تاپقاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتى .

— ھە ، ھېلىقى قۇم دۆۋىسىگە كېيىنتۇق ، ئۇنىڭدىن ئۆتسەكلا شامالىلىق . شامالىلىقتا يېقىن قالغاندا ھەربىرىمىز تۆگىنى ئىككى- دىن يېتىلەپ پىيادە ماڭايلى . ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇۋىدىن چىڭ تۇتۇۋالايلى . ئات تۆگىگە قارىغاندا شامالغا ئاجىز ، — دېدى قوزىباي .

«باشتىلا ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ يول باشلاتقۇزسام بوپتىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى ئوماق ئىچىدە . ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى شامالىلىقتىن ئۆتۈۋېلىشتىلا قالدى . ئاخىر ئۇلار قۇم دۆۋىسىگىمۇ

چىقتى . ئۇلارنىڭ كۆزىگە تېرەك بويى ئېگىز ئۆرلەپ ، سارغۇچ رەڭ قويۇق تۇتەك شىرقىراپ ـ ۋىشىلداپ ئېقىۋاتقان بىر مەنزىرە كۆروندى . ئېقىۋاتقان قۇم ئىدى . قۇملۇقنا تۇغۇلۇپ ، قۇملۇقنىڭ شامال ، بورانلىرى ئىچىدە چوڭ بولغان بۇ چۆل كەزگۈچى كارۋانلار «تەۋەككۇل دەرياسىغا سالدىم كېمەمنى» دېگەندەك ، قۇم ئېقىنى قوينىغا كىرىپ كەتتى . شامال بارغانچە ئەدەۋاتقاندەك قىلاتتى . كۆزنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شامال ياندىن ئۇرسىمۇ ، قۇملار يۈزگە ، قولغا يىڭنىدەك سانجىلاتتى . قوزىباي پات ـ پات : «مەن بۇ يەردە !» دەپ توۋلاپ قوياتتى . ئەگەر ئۇ توۋلىغاندا شامالغا كەينىنى قىلىۋالمايدىغان بولسا ، ئېغىز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . قوزىباي ئالدىدا ، توختاق ئوتتۇرىدا ، ئوماق كەينىدە ماڭغانىدى . قوزىباينىڭ ئاۋازىنى شامال ئاۋازى بېسىپ ئوماققا ئاران ـ ئاران ئاڭلىناتتى . بۇلار شامالىلىق قۇم ئېقىنىدا خۇددى كەلكۈن ئىچىدە هايات ـ مامات ئوتتۇرىسىدا تىركىشىۋاتقان ئادەمدەك گاھ مۇدۇرۇلۇپ ، گاھ تىزلىنىپ قېلىپ ، گاھ يىقىلىپ يۈرۈپ ، ئاخىرى شامالىلىق قۇم كەلكۈنىدىن ساھىلغا ساق چىقىۋالدى . بۇ چاغدا ئۇلار چۈشتىن كېيىنكى سەپىرنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولغانىدى ، كەچ كىرىشكە تېخى بالدۇر ئىدى .

— نېمانداق قاتتىق شامالىلىق بۇ ، — دېدى توختاق ئۇستۇبېشىنى قېقىۋېتىپ .

— ئەمدى پەقەت ئېزىپ قالمايمىز ، — دېدى قوزىباي كىيىم ـ كېچەك ، ئاق تېرە تۇمىقىنى قېقىشتۇرۇۋېتىپ .

— نېمىشقا ؟ — ئوماق قىزىقسىنىپ سورىدى .

— بۇ شامال ، — قوزىباي بېشىنى بۇراپ كەينىگە قاراپ قويدى ، — قاچانلا بولسا هازىرقىدەك بىر خىل ئېقىشتا چىقىدۇ . ئەگەر شامال چىقماي قالسا ، ئۇزۇن قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۆزى بىر بەلگە . ئۇنىڭ ئۇ تەرىپى كۆنيېتىش ، بۇ تەرىپى كۈنچىقىش . بىز سول قولىمىزنى بېسىپ ماڭساق ، بىر كىچىك زۇغا ئۇسىمىز . ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە ، ماقاتلىق شۇ زۇنىڭ ئەتراپىدا ئىكەن .

ئۇلار ئۇ كۈنى ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يامزىلىنى چۈشكۈن قىلىپ قوندى . بۇ مەزگىلدە قۇملۇقنىڭ كۈنى غولىنى قورۇغۇدەك دەرىجىدە سالقىن بولاتتى . ئوت ياقايلى دېسە چىش كوچىلىغۇدەكمۇ ياغاچ بولمىغاچقا ، ئۇماقلار تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە خېلى توڭلاپ دىم ـ دام ـ دىم ـ دام ئۇخلاپ تاڭ ئاتقۇزدى . بىزار بولغانسېرى كېچىنىڭ ئۆتمىكىنىڭ تەسلىكى ، گويا ۋاقىت قېتىپ قالغاندەك .

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلاش بىلەن تەڭ ئۇلار ئاخشامقىدەك سوغۇق سۇ بىلەن تاماقلىنىپ ، ئات ، تۆگىلەرنى سۇغىرىۋېلىپلا سەپەرگە ئاتلاندى . ئۇماق ئەمدى سەپەر چۇلۋۇرىنى قوزىبايغا تۇتقۇزۇپ ، ئۇنىڭ قەدەم ئىزىغا قاراپ ماڭىدىغان بولدى . چۈشمۇ بولۇپ قالدى ، يا ئاسماندا ، يا يەردە ئۇچارلىق ، ماڭارلىقتىن بىرەرسى كۆرۈنسە كاشكى .

— ئاتا ، بىز ئەتىگەن ئاۋۇنىڭدەك بىر ياردالىق قۇم دۆۋىسىنى ئەگىپ ئۆتكەندەك قىلىۋىدۇق ، ماۋۇ قۇم دۆۋىسى شۇنىڭغا بەك ئوخشايدىكىنە ، — دېدى توختاق سول ياندىكى باش ـ قۇيرۇقسىز ئايرىملا تۇرغان قۇم دۆۋىسىنى كۆرسىتىپ .

قوزىباي ئۇ قۇم دۆۋىسىگە سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن ، گاڭگىراپ قالغاندەك تۆت تەرەپكە قاراشقا باشلىدى . ئۇماق قولىدىكى تۆگىنىڭ چۇلۇك تانىسىنى توختاققا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، گەپ قىلماي قۇم دۆۋىسىگە قاراپ ماڭدى .

— سەتاقىپ قاپتۇق ، — دېدى ئۇماق ، قۇم دۆۋىسىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ ، — ئەتىگەن ئۆزىمىز ماڭغان ئات ، تۆگىلىرىمىزنىڭ ئىزى تۇرىدۇ .

— مەن بۇ تەرەپلەرگە كەلمىگىلى قىرىق يىلغا يېقىن بولۇپ قالدى ، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، — دېدى قوزىباي ئوڭايسىزلىنىپ .

بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ، چەت تەرىپىنى بىلگىلى بولمايدىغان ، دۆڭ ـ داۋانلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان چەكسىز قۇملۇق كىشىنى ئاسانلا ئازدۇرۇۋېتىدۇ . بۇنداق ئازدۇرۇشلارغا ئۇماقمۇ ئۇچرى-

غان . بىر قېتىملىق ئېزىش كېيىنكى قەدەملەرنى ئازماي بېسىش ئۇچۇن كىشىنى سەگەكلەشتۈرىدۇ . ئوماق ھېلىقى قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ :

— تۆگە ! چوڭ ـ كىچىك يەتتە تۆگە ! — دەپ توۋلىۋەتتى .

قوزىباي شۇئان ئېتىدىن چۈشۈپ ، چۇلۇۋۇرنى توختاققا تۇتقۇزۇپ قويۇپ قۇم دۆۋىسىگە قاراپ يۈگۈرگەندەك ماڭدى .

— چاكاندا ، شىۋاقمۇ يوق بۇ چۆل قۇملۇققا نەدىن كېلىپ قالغان تۆگىلەردۇ بۇ ، — دېدى قوزىباي ، تۆگىلەردىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ .

— تۆگىلەر قايسى تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ ؟ — ئوماق سورىدى .

— ھە ، راست ، — دېدى قوزىباي مۇھىم بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ، — ئاتام ئېزىپ قېلىپ ماقاتلىققا بېرىپ قالغان ئىككىلا قېتىمدا ، ماقاتلىق ئەتراپىدا بىرنەچچە تۆگىنى كۆرۈپتىكەن .

— ماڭايلى ، — ئوماق شۇنداق دېدى ـ دە ، قۇم دۆۋىسىدىن دومىلىغاندەك بەش قەدەمنى بىر بېسىپ چۈشتى .

تۆگىلەر يىراقتا ، بىرىنى بىرىنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ قويغاندەك قاتارلىشىپ كېتىۋاتاتتى . ئوماقلار ياۋا تۆگىلەر كېتىۋاتقان تەرەپنى نىشانلاپ ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭغىلى يۈرۈپ كەتتى .

— تۆگىلەرگە ئەگىشىپ ماڭساق ، باشقا يەرگە بېرىپ قالماسمىزمۇ ؟ — توختاق ئەندىشىسىنى بىلدۈردى .

— ھېچبولمىغاندا سۇ بار يەرگە بېرىپ قالارمىز ، ئېزىپ ئەتراپقا قاراپ يۈرگەندىن ياخشىراق ، — ئوماق گېپىنى تولۇقلاپ يەنە ، — بۇنداق چوڭ قۇملۇقتا ئالدىن بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى يوقاتماي مېڭىۋەرسەك بىر گەپ بولار ، — دېدى .

ياۋا تۆگىلەر ئۇزاپ يىراقلاپ كەتتى ، لېكىن قارىسى يوقالمىدى . ئوماقلار تۆگىلەرگە ئەگىشىپ مېڭىۋەردى . ماڭدى ، ماڭدى ، قانچىلىك ماڭغانلىقى ، نەگە كېتىۋاتقانلىقى ئۆزلىرىگە نائېنىق ئىدى . «ياۋا تۆگە قۇملۇقتا ئەڭ ئىشەنچلىك يول باشلىغۇچى ، ئۇنى

ئۈركۈتۈۋەتمەي ئىزلاپ كەينىدىن مېڭىۋەرسە ، ئادەمگە زىيىنى تەگمەيدۇ» دېگەنىدى ئوماقنىڭ ئاتىسى بىر چاغلاردا . ئوماق بىلەن ئاتىسى بىر قوملۇقتا بۈگۈنكىدەك ئېزىپ قېلىپ ، قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغاندا ، ئاسماندىن چۈشكەندەك تۆت تۆگە پەيدا بولۇپ قالغان ، ئۇلار تۆگىلەرنى ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپ ئۆزلىرى بارماقچى بولغان جايغا بېرىپ قالغانىدى . ئوماقلار مېڭىۋەردى تاكى كەچ كىرىپ تۆگىنىڭ ئىزىنى پەرق ئەتكىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە قاراڭغۇ چۈشكۈچە ماڭدى . پۈتۈن قوملۇق يۈزىنى تۈن قارا پەردىسى بىلەن چۈمكىۋەتكەنىدى . قاراڭغۇ دالىدا قونماي بولمىدى . ئۇلار ئېگىز بىر قوم دۆۋىسىنى ئاران ئىلغا قىلىپ ، ئۇنىڭ تۆۋىنىنى چۈشكۈن قىلدى .

## 4

تۈن تەڭ چاغ . قوملۇق ئۈستىگە قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىدى . ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ تىنىق - پۇشۇلداشلىرىدىن ، تۆگىلەرنىڭ كۆشەپ - كۈرۈسلاشلىرىدىن ، ئاتلارنىڭ بەزەن - بەزەن پۇتلىرىنى قومغا تېپىچەكلەپ ئۇرۇپ قويۇشلىرىدىن باشقا ، قۇرت - قوڭغۇزنىڭمۇ شىرىق قىلغان شەپىسى يوق ، جاھان شۇ قەدەر جىم ، سۈرلۈك .

قوملۇق كېچىسىنىڭ مۇزدەك سالقىنى غولنى قورۇدىمۇ ياكى تاسادىپىي شۇنداق ئۇيقۇسى قاچتىمۇ ، قوزىباي ئويغىنىپ ، دەسلەپ قومغا سۇنايلىنىپ ياتقان يېرىدىن يىغىلىپ ئولتۇردى ، ئىككى مۇشتۇمىنى تۈگۈپ كۆكرىكى ئۈستىگە ئېلىپ باردى ، ئاندىن ئىككى جەينىكىنى كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم جىغىنىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چالا قالغان ئۇيقۇسىمۇ قېچىپ ، نېرۋىلىرى سەگىپ ئېچىلىپ كەتتى . يېنىدا ئوماق بىلەن توختاق يېنىك تىنىپ ئۇخلاپ ياتاتتى .

«بۇ ئادەم ئاتا - بوۋىسىمۇ ئۇقمايدىغان نەدىكى بىر كونا

ماقاتلىقنى ئىزدەپ نېمە قىلىدىغاندۇ ، — قوزىباي ئولتۇرۇپ ئۆزد-
چە ئوماق توغرىسىدا ئويلاپ قالدى ، — ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ
دەقيانۇستىنمۇ بۇرۇنقى ، ئېزىپ - تېزىپ بېرىپ قالمىسا ، ئادەتتە
ئادەم ئاياغ باسمايدىغان تاشلاندۇق كونا ماقاتلىق ئىكەن . يەردىن
ئېگىز - پەس چىقىپ تۇرغان ، بەزىسى تىك ، بەزىسى قىيسىيىپ
قالغان ياغاچلار ، ئۈستى - يانلىرى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن ، ئېچىد-
لىپ قالغان گۆر ، قارىسا ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدىغان جەسەت-
لەر ، سۆڭەكلەردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىكەن . ئاچ - ئۇس-
سۇز ، قاتتىق - سوغۇق تاماق يەپ ، ئىسسىق ، خاتىرجەم ئۆيدە
ياتماي ، قۇم دالىدا پۇتۇن يېتىپ ، پۇتۇن قوپۇپ ، قۇملۇق شامال ،
بورانغا سوقۇلۇپ يۇرۇپ ئۇ ماقاتلىقنى تاپقىنىغا يارىشا ئۇنىڭدىن
بىرەر نەرسە تاپسىغۇ ياخشى ، بولمىسا... ماقاتلىق دېگەندە قۇرۇق
جەسەتتىن باشقا نېمە بولماقچى . بۇ زادى قانداق ئادەمدۇ ؟ ناسىر-
بەگنىڭ بولۇشتۇلۇق قىلىپ مېنى قوشۇپ بەرگىنى تېخى... »

قوزىباي ئوماق توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك ئويلاۋاتقاندا ، ئوماق
ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈۋاتاتتى : «... ياتامسەن ، ئىزدەۋاتقان ماقات-
لىق يېنىڭدىلا . سەن ئىزدەۋاتقان ماقاتلىقنىڭ قانداق ماقاتلىقلىقى-
نى ، ئۇنىڭدا ياتقان جەسەتلەرنىڭ قاچانقى ، قانداق ، قايسى ئادەم-
لەرنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن ، ئەلۋەتتە بىلمەيسەن .
شۇنچە ئۇزۇن يىل ياشىغىنىم بىلەن بۇنى مەنمۇ بىلمەيتتىم .
سېنىڭ مۇشۇ ماقاتلىقنى ئىزدەپ ماڭغىنىڭنى روھىم سېزىپ ،
سېنى خىيال قىلىپ يېتىپ تۈنجى بوۋامنى چۈشەپ قالدىم . ئۇ
مېنىڭ خىيال سۈرۈپ ياتقىنىمنى كۆرۈپ :

— ئەجەب خىيال سۈرۈپ قاپسەنغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

مەن تۈنجى بوۋامغا سېنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ماقاتلىق بارلىقىنى
ئاڭلاپ ، ئۇنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كېلىۋاتقىنىڭنى دەپ بەرسەم ،
بوۋام ھەيران قالدى ھەم خۇش بولدى .

— مۇنداق دېگىن ، — دېدى بوۋام ھەيرانلىقى ۋە خۇشاللىقى-
نى بىلدۈرۈپ ، — بۇ ۋادىدىكى كىشىلەر ئېچىدىن مۇشۇنداق ئادەم

ئاخىر چىقىپتۇ دېگىنە . مەن بۇنداق ئادەمنىڭ بىر ئەمەس، كۇرمىڭلاپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ، نەكەم زامانلاردىن كۈتۈپ ياتتىم . بۇ ۋادىدا بۇنداق ماقاتىلىق ئاز ئەمەس ، بەزىلىرى قۇم ئۈستىدە ، كۆپلىرى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن . بۇ يەردىكى كىشىلەر بۇ ماقاتىلىقلارنى بىلىش ، ئىزدەش تۇگۇل خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشمىدى ، بەلكى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىشتى . بۇلار بىلىشمىدىكى ، بۇ ماقاتىلىقلارغا كۆمۈلگىنى قۇرۇق جەسەتلا ئەمەس ، مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئۇغۇش بوۋىلىرى ، ئۇلارنىڭ روھىيىتى . بۇ تۇپراق شۇ قەدەر مۇقەددەسكى ، بۇ تۇپراقتا ياتقان جەسەتلەر ئارىسىدا مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ، شۇنداقلا سەن ـ بىزنىڭ ئۇلۇغ ئۇغۇزخان بوۋىمىز ، تومارىس ئۇغۇش ئانىمىز ۋە شۇلاردەك ساناقسىز ئۇلۇغ ئۇغۇشلىرىمىزنىڭ جەسىتى بار . ئۇلار بۇ مۇقەددەس تۇپراقتا ياتقىلى بەك ئۇزاق ، ئىنتايىن ئۇزاق بولدى . ئۇلار بىزنى ياد ئېتىپ ، سېغىنىپلا ياتتى ، لېكىن بىز ئۇلارنى سېغىنمىدۇق . بايا دېدىمغۇ ، بەلكى ئۇنتۇپ كەتتۇق . ئۇنتۇغىنىمىز جەسەتلا ئەمەس ، ئۇغۇش بوۋىلار ، ئۇلارنىڭ روھى ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىچىلىكى ، كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، شۇڭا ھازىرقى بۇغۇن ـ ئەۋلادلار ۋۇجۇدىدا مۇقەددەس روھ ، مۇقەددەس ئەقىدە كەم . «ئۇنچىۋالا ئەمەستۇ» دەمسەن؟ ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ . روھىيىتى سۇس ، ئەقىدىسىز ئادەملەرنى سەن قانداق تەسەۋۋۇر قىلىسەن؟ «مۇقەددەس» دېگەن سۆزنىڭ بىر مەنىسىنى «ئۆلمەس» دەپ چۈشەنسەك ، ئۇ ھالدا ئۆلمەس روھنى ئۇنتۇشقا يۈزلەنگەن ، ئۇنتۇغان ، ئەقىدىسىز ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىنى گۆش ، سۆڭەكلىك تەن — گەۋدە دېسەك ، بۇنداق تەن — گەۋدىنىڭ ھەيكەلدىن پەرقى نېمە؟ پەرقى بار دېيىلسە ، پەرق شۇكى ، تەن ـ ۋۇجۇدنىڭ تەلەپ — ئېھتىياجى دائىرىسىدىلا پىكىر قىلىدۇ . بۇنداق تەلەپ ـ ئېھتىياج ھايۋانلاردىمۇ بارغۇ!...

بەزىلەر توغراقنىڭ پۈكۈلمەس قەيسەرلىكىنى ئۇغۇش بوۋىلارنىڭ مۇقەددەس ئۆلمەس روھىغا تىمسال قىلىشىدۇ . بەزىلەر شىمـ

شادنى تىمسال قىلىدۇ . شەمشادتا بويلا بار ، ئەمما توغراقتىكى خىسلەت ، قەيسەرلىك ئۇنىڭدا يوق .

ئۇغۇش بوۋىلىرىمىز ياشىغان ئەيىنى چاغلاردا مۇشۇ تۇپراق — مۇشۇ ۋادا ئۇجماقنىڭ ئۇزى ئىدى . يەر يۈزىدىكى بارلىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممە خىلى — جۈملىدىن شەمشادمۇ بار ئىدى . ياز تومۇزنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئىسسىقى ، قاغىجىراتقۇچ چاڭ. قىقى ، قۇرغاق - سۇسىزلىقى ، قەھرىتان قىشنىڭ جۇت - جۇ. دۇنلىرى ، قىسقىسى ، تەبىئەتنىڭ يىل بويى بولۇپ تۇرىدىغان رەھىمسىز زەربە - سوقمىقىنىڭ دەھشىتىگە توغراقتىن باشقىلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ، بۇ ۋادىدىن بىر - بىرلەپ شاللىنىپ كەتتى ، پەقەت توغراقلا ئۇ دەھشەتلىك سوقماقلارنىڭ زەربىسىدە تول. غىنىپ - تولغىنىپ كەتتىكى ، زادىلا قەددىنى پۈكمەي ، بەرداشلىق بېرىپ ، قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ كەلدى . مەن ساڭا بىر مىسال كۆرسىتەي :

توغراقتىن باشقا دەرەخ ياغاچلىرىنى يارماق بولساڭ ، ئەگەر ئۇ قۇرۇق بولسا ، كۈچەپ بىر پالتا ئۇرساڭلا ، ئۇ ئۇچىدىن بۇ ئۇچىغىچە ۋاچچىدە يېرىلىدۇ ، چۈنكى ئۇ دەرەخلەر تۇرلۇك پەرۋىش. لەر بىلەن ئۆز يول ، ئۆز بويى بويىچە ئۇدۇل ئۆسكەن . توغراقچۇ ، ئۇنىڭغا ئۇنداق پەرۋىش نەدە ، بەلكى تەبىئەتنىڭ زەربىسىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ، شۇڭا ئۇ زەربىدىن تولغىنىپ كەتسە كەتتىكى ، يا قەددى پۈكۈلۈپ كەتمىدى يا بۇ ۋادىدىن شاللىنىپ كەتمىدى . ئەمدى سەن توغراق ياغىچىنى يېرىپ كۆرۈپ باق . سەن ئۇنىڭغا بىر قېتىم ئەمەس ، ئەللىك ، يۈز قېتىم پالتا ئۇرۇپ باق . ئۇنى يارماق ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس . يېرىلسىمۇ ھەرگىز ئۇدۇلىغا يېرىل. مايدۇ ، تولغانغان يولى بويىچە ، پارچە - پارچە بولۇپ يېرىلىدۇ . بىلگەنسەن ، توغراق كۆكلەپ ، قەد تىكلەپ تۇرغان چېغىدىلا قەيسەر بولۇپ قالماي ، كېسىلىپ ، قۇرۇتۇلۇپ ئوتۇن قىلىنىش ئالدىدىمۇ ئۆزگىچىلىكىدىن ، قەيسەرلىكىدىن قالمايدۇ .

ئەمدى مەن ساڭا ماقاتلىقلاردا تىكلىنىپ ، چېچىلىپ تۇرغان

ياغاچلار توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بېرەي .
بىلگىنىكى ، ماقاتىلىقلاردىكى ياغاچلارنىڭ ھەممىسى توغراق . ئەگەر باشقا خىلدىكى ياغاچ بولىدىغان بولسا ، قۇملۇقنىڭ شامال ـ بورانلىرى ، قاغجىراتقۇچ ئىسسىقى دەستىدىن چاك ـ چاك يېرىلىپ ، ئىچ ـ ئىچىدىن پورلىشىپ ، يۇز يىلغىمۇ پايلىماي پوزمانغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى . پەقەت توغراق بولغانلىقى ئۈچۈن نەچچە مىڭ ـ نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئىسكەتىدىن كەتمەي ، قاتتىق پېتى تۇرۇۋاتىدۇ . ئۇزۇن ياشىغان بوۋاي ـ موماي-لارنىڭ يۇزىدىكى تورلاشقان قورۇقلارغا ئوخشاش ، ئۇنىڭدىمۇ سانسىز تىلىم ـ تىلىم سىزىقچىلار ، يېرىقچىلار پەيدا بولدى . بۇ ، ئۆتكەن بەك ئۇزاق ، بەك نۇرغۇن يىللار ، ئەسىرلەرنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قالدۇرغان ئىزناسى...

ماقاتىلىقنى كۆرگىلى چىققان ئادەمگە كەلسەك ، ھازىرغىچە ماقاتىلىقلارغا قىزىقىدىغان ئادەم چىقمىغان . بۇ ئادەم چىقمىپتۇ . بۇ ، تاسادىپىي ئەمەستۇ ، بەلكى ماقاتىلىقلار ، ئۇغۇش بوۋىلار ، ئۇلارنىڭ ئىزلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭدا بىرەر سېزىم ، بىرەر تۇيغۇ پەيدا بولغاندۇ ، بولمىسا چۆل قۇملۇقتا جاپا چېكىپ ، ئاۋارە بولۇپ يۇرمەستى . ئۇ بۇ ماقاتىلىقنىڭ قاچانقى ماقاتىلىقلىقىنى يا بىلىدۇ ، يا بىلمەيدۇ . ئۇنىڭدا شۇنداق قىزىقىش تۇغۇلغانىنىڭ ئۆزى چوك ئىش . ماقاتىلىقنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭدا بىرەر ئويلىنىش تۇغۇلماي قالمايدۇ . قايتىپ بېرىپ كۆرگەنلىرىنى ، ھېس ـ تۇيغۇ-لىرىنى بالىلىرىغا ، باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپ ، ئۇلاردىمۇ قىزىقىش ، ئويلىنىش پەيدا قىلسا ياخشى ئەمەسمۇ...

— بوۋام بىلەن مانا مۇشۇنىچىلىك پاراڭلاشتۇق ، — دېدى قالاچ قاناقا .

«ھەي ، — دەپ ئويلاپ قالدى ئوماق ، — تۇنجى قالاچ بوۋاينى مەنمۇ چۈشۈمدە كۆرگەن بولسام ، ماقاتىلىقلار ، كۆلشەھىرى ، قاقشاللىق ، قاراڭغۇ جىلغا ، ئۇغۇش بوۋىلار ، ئۇلارنىڭ ئىزلىرى توغرۇلۇق نۇرغۇن نەرسىلەرنى سورىۋالاركەنمەن» .

— ئوماق ، توختاق ، قوپۇڭلار !...

ئوماق بىلەن توختاق قوزىباينىڭ تورتوشىدىن ئويغىنىپ كەت-
تى ، كۆزلىرىنى چالا ئۇيقۇلۇق ئاچتىيۇ ، قاپقاراڭغۇ كېچىنى پال-
لىدە يورۇتۇۋەتكەن ۋال - ۋۇلدىن چۆچۈپ كەتتى ، شۇئان يەنە
جاھان قاراڭغۇلاشتى ، ئارقىدىن ئاسمان گۈمبىزىگە يوغان ، قاتتىق
بىر نەرسە سوقۇلغاندەك «گۈلدۈر - قاراس»لىغان ۋەھىملىك
سادا كەلدى . ئاتلارمۇ چۆچۈپ ، تېپىرلاپ كەتتى ، تۆگىلەرمۇ ئور-
نىدىن تۇرۇپ كەتتى . يەنە چاقماق چاقتى ، كەينىدىن بايىقىدەك
ھاۋا گۈلدۈرلىدى . بىرئازدىن كېيىن تاراسلاپ بىراقلا يامغۇر
قۇيۇلۇشقا باشلىدى .
— ۋاھ ، — دېدى ئوماق خۇشاللىقىنى بېسىۋالالماي ئىككى
قولىنى كېرىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ، — بۇ قۇملۇقتا مۇشۇ
ئۆمرۈمگىچە بۇنداق يامغۇر يېغىپ باقمىغان .
— شۇنى دەيمىنا ، بۇ نېمە ئالامەت ، بەك ياخشى بولدى ، —
دېدى قوزىباي .
يامغۇر ئۇزاق ياغمىدى . «ئاز بولدى ، ساز بولدى» دېگەندەك ،
يامغۇرنىڭ يېغىشى قىسقا بولدى ، لېكىن تېتىغۇدەك قاتتىق ياغ-
دى . يامغۇر ئاسمان يۈزىنى قاپلىغان كىرلەرنى يۇيۇۋەتكەندەك ،
يامغۇر توختىشى ھامان ھاۋا پاللىدە ئېچىلىپ كەتتى . بايىقى قا-
راڭغۇلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى ، ئۇ تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدىكى
قۇيرۇق قاراڭغۇلۇق ئىدى . تولۇن ئاينى چۆرىدەپ سانسىز يۇلتۇز-
لار جىمىرلىماقتا .
— ئاتا ، ماقاتلىق ! — توختاق سۈزۈلۈۋاتقان تاڭ يورۇقىدا
قۇملۇقنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى مەنزىرىسىنى كۆرۈپ باقماقچى
بولۇپ بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپلا ، يېقىنلا يەردە ئېگىز - پەس
چوقچىيىپ تۇرغان نۇرغۇن ياغاچلارنى كۆرۈپ قالدى .
— نېمە دەيسەن ؟ ماقاتلىق ! — ئوماق گېپىنى دەۋېتىپ قۇم
دۆۋىسىگە قاراپ ئىتتىك - ئىتتىك ماڭدى . قۇم دۆۋىسى ئانچە
ئېگىز ئەمەس ئىدى .
— راست ماقاتلىقكەن ، بىز ماقاتلىقنى تېپىپتۇق ! — ئوماق
ئۈنلۈك قىلىپ دېدى - دە ، شۇئان قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ قوزى-

بايىنىڭ يېنىغا كەلدى ، — قوزىباي ئاغا ، سىنى ئاۋارە قىلغانغا يارىشا ماقاتلىقنى تېپىۋالدۇق ، ماڭايلى ، — دېدى .

— تۈنۈگۈنكى تۈگمىلەردە بىر گەپ بارمىكىن دەيـمەن ، — دېدى قوزىباي كېتىۋېتىپ .

— قانداق دەيسەن ؟ — ئوماق ئەجەبلىنىپ سورىدى .

توختاقمۇ قوزىبايىنىڭ گېپىگە ھەيران قېلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى .

— تۈنۈگۈن بىز ئېزىپ قېلىپ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرغىنىمىزدا ، ئاشۇ تۈگمىلەر پەيدا بولۇپ قالدى . بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپ قاراڭغۇمۇ چۈشتى ، تۈگمىلەرمۇ كۆزىمىزدىن يوقالدى . ئۇلار بىزنى ماقاتلىققا يېقىن يەرگىچە باشلاپ ئەكېلىپ قويۇپ ، خۇددى كېچىچە ئۇخلاپ ھاردۇقىنى ئېلىۋېلىپ ، ماقاتلىقنى كۈندۈزى كۆرۈۋالسۇن ، دېگەندەك كۆزدىن غايىب بوپتۇ ، — دېدى قوزىباي .

بۇ گەپكە قارىتا ئوماق نېمىمۇ دېيەلەيدۇ . ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدە ئەھۋال قوزىباي ئېيتقاندەك ئىدى . «ئەگەر تۈگىگە ئەگىشىپ ماڭمىغان بولساق ، ئېزىپ نەلەرگە كېتەر ئىدۇق . ئۇلار خاسىيەتلىك تۈگىلەر ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئوماق ئىچىدە ، ئۇ يەنە شۇئان پرژېۋالسكىيلارنى ئويلىدى . ئوماق ئۇلارنى كۆرمىگەن بولسىمۇ ، باشقىلاردىن ئۇلارنىڭ ياۋا تۈگە ئوۋلاشنىڭلا كويىدا يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى . ئۇ چاغدا بۇ ئىش ئۇنىڭغا غەيرىي تۇيۇلمىغان ، بەلكى : «ئۇچراپ قالسا تۈگە بولسىمۇ ئوۋلىسا بولىدۇغۇ» دېگەنىدى . شۇنداق دېگىنىدىن ھازىر ئۆيلىنىپ قالدى ھەم خاسىيەتلىك تۈگىلەرنى ئوۋلىماقچى بولغان ئۇ كۆك كۆزلەرنى غايىۋانىسىغا قارغىدى .

ئۇلار ئۈچ كۈندىن بۇيان ئىزدىگەن ماقاتلىققا ئاخىرى يېتىپ كەلدى .

— پاھ ! — دېدى توختاق تىكىلىنىپ ، قىيسىيىپ ۋە چېچىلىپ ياتقان تۇرغۇن ياغاچلارنى كۆرۈپ .

ماقاتلىق كۆلەم جەھەتتىن ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى . ئوماق

بۇنچىلىك دائىرىدىكى ماقاتلىقنى كۆرۈپ باقمىغاچقا ، چوڭ كۆرۈ-
نۈپ كەتتى . ئىتىدىن چۈشۈپ چۈلۈۋۈرنى توختاققا تۇتقۇزۇپ قو-
يۇپ ، چەتتىكى بىرنەچچە تال ياغاچنىڭ تۈۋىگە كەلدى . تىكلىنىپ
تۇرغان ئىككى ياغاچنىڭ بىرى ئېگىز ، بىرى ئۇنىڭدىن سەل پەس
بولۇپ ، توم ـ ئىنچىكىلىكى ئوخشاش ئىدى . بىر ئۇچىدىكى چېتى-
قىدىن ئاجرىمىغان ئىككى تال ياغاچ قىيسىيىپ قالغان يەنە بىر
ياغاچقا مىنگىشىپ قالغان . ئوماق چېتىق قىلغان جايغا قارىدى ،
تۆشۈك تۆت بۇرجەك بولۇپ ، قاقشاللىقنىڭ تاغ تەرىپىدىكى تۆپە-
لىكتە كۆرگەن ماقاتلىقتىكى ياغاچ چېتىقلىرىنىڭ تۆشۈكىگە ئوخ-
شايتتى . ئابدالدا يېڭى مەھەللىگە ئۆي سالغاندا كورلا ، خوتەن
تەرەپتىن كەلگەن ياغاچچىلارمۇ چېتىق تۆشۈكنى مۇشۇنىڭغا ئوخ-
شاش تەشكەندى . ياغاچچىلارنىڭ ھەممىسى بىركىم تولغاپ قويغاز-
دەك تولغىماچ ـ تولغىماچ بولۇپ ، قىسقا ـ قىسقا يېرىقلارمۇ
تولغىماچ ھالەتتە ئىدى . ئوماق يەردە ياتقان بىر ياغاچنى تىرنىقىدا
سىزىپ ـ تاتىلاپ باقتى . ياغاچنىڭ ئۈستى بوشىغاندەك قىلسىمۇ ،
ئاستى قاتتىق ئىدى .

ئوماقلار پۈتۈن ماقاتلىقنى ئايلىنىپ چىقتى . ماقاتلىقنى كۆ-
رۈش ، ئايلىنىش قوزىباي بىلەن توختاققا مەنىسىز ، بىكارغا ئاۋارە
بولغانلىقتەك تۇيۇلدى ، لېكىن بىر نەرسە ئوماقنى ئويلاندۇرماقتا
ئىدى . «كەڭ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ماقاتلىققا جەسەتلەر
نەدىن ئېلىپ كېلىنگەن ، شۇنچە كۆپ ياغاچلارچۇ ؟ ! يېقىن ئەتراپتا
بىرەرمۇ مەھەللە بولمىسا ، مەھەللىدىكى كۆپ كىشى بۇ يەردە
ماقاتلىق بارلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان تۇرسا… » ئوماق پەقەت مۇشۇن-
چىلىكلا ئويلىدى . ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ماقاتلىقنىڭ ئىچىگە كى-
رىپ باقمىدى . ئوماقنىڭ ماقاتلىقنىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ باققۇسى
بولسىمۇ ، چەپەرنىڭ ياردادىڭلىقتىكى ماقاتلىقنى كۆرىمەن دەپ ،
چوڭ ، تىرەن بىر ماقاتقا چۈشۈپ كەتكىنى ، تەستە ئۇنىڭ ئىچىدىن
چىققىنى ، كەچ قېلىپ قونۇپ قېلىپ ، كېچىچە قورقۇنچلۇق ھەر
خىل ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقۇزغىنى ، قورقۇپ
كەتكەنلىكتىن قايتىپ كېلىپلا ئاغرىپ يېتىپ قالغىنى يادىغا كې-

لىپ قىلىپ : «كۆردۈم ، باشقىلار سورىسا دەپ بەرسەممۇ ھېساب» دەپ ئويلىدى .

— بىز ئابدالغا بېرىپ كېلەيلى ، سەن قانداق قىلىسەن ئاغا ؟ — ئوماق قوزىبايدىن سورىدى .

— ۋۇي ، بىز ئۆيدىن چىقىدىغاندا ئابدالغا بارىدىغاننىڭ گېپى-نى قىلىشمىغانىغۇ ، ۋاقتىدا قايتىپ بارمىساق…

— قورقما ، — دېدى توختاققا قاراپ ئوماق ، — قوزىباي ئاغا بىرىپلا ناسىربەگكە دەپ قويسا ، ئۆيگە سىرتىغ بىرىۋەتسە بولىدۇغۇ . يولنىڭ قاپ بېلىگە كېلىپ قاپتۇق . ئۆيگە بارغاننىڭ ئورنىغا ئابدالغا بېرىپ بولغۇدەكمىز . قانداق ، بالاڭنى كۆرگۈڭ كېلىپ كەتتىمۇ ؟

بالىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، توختاقنىڭ شۇ تاپتىلا ئابدالغا قاراپ ئۇچقۇسى كەلدى .

ئوماقنىڭ ئويلىغىنى باشقا ئىدى . ماقاتلىقنى ئايلىنىۋاتقاندا ، نېرىقى تەرەپنىڭ يارداڭلىقىغا دىققەت قىلدى . يارداڭلىقنىڭ كۆرۈ-نۈشى ، يېنىدىكى تۆپىلىك چەپەر دەپ بەرگەن يارداڭلىققا ئوخشايدى-غاندەك ئىدى . يارداڭلىقتىكى ماقاتلىقنى كۈنچىققانبەگ كىچىك چېغىدا كۆرگەنلىكىنى ، بىر كۈنلىرى ئوماقنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان . ئەپسۇس ، ھازىر كۈنچىققانبەگ يىراقتا ماڭالمايدۇ . شۇڭا بەگ يارداڭلىقنىڭ نەدىلىكىنى ، قايسى تەرەپ بىلەن بارىدىغانلىقىنى دەپلا بەرسە ياكى بىلىدىغانلار بولسا ، ئۇنى يول باشلاتقۇزۇپ تايۇق بىلەن بېرىپ بىقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى .

ئوماقلار قوزىباي بىلەن شۇ يەردىلا خوشلىشىدىغان بولدى . قوزىباي ئارغانغا ، ئوماق بىلەن توختاق ئابدالغا قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى .

## 5

ئوماقنىڭ يېڭى يۇرتچاپقانغا كەلگەنلىكىگە ئۇنىڭ تونۇش - بىلىشلىرى ئالامەت خوش بولۇشتى . بولۇپمۇ ، كۈنچىققانبەگ خۇد-

دى چاڭقاقلىقتىن ھالى قالمايۋاتقان كىشى بىر قاچا سوغا ئىرىشكەندەك خوشال بولۇپ كەتتى . چۈنكى ئۇ يېقىندا قاتتىق باش قېتىنچىلىققا دۇچ كەلدى . ئۇنىڭ بۇ باش قېتىنچىلىقىنى يەڭگىللىتىشتىدىغان تولەك بوۋا ئاغرىپ قالدى . ئۇ پەقەت مەسلىھەتلا بېرەلەيتتى ، بىللە تارتىشالمايتتى ، تايۇقىنىڭ كۆڭلى ياخشى ، ئەمما ئوماقتەك پائالىيەتچان ، تەدبىرلىك ئەمەس .

ئوماق مەھەللىگە كېلىپلا تولەك بوۋىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ، ئالدى بىلەن بوۋاينى يوقلاپ ئۆتمەكچى بولدى . بوۋاي سۇپىدا يېڭى توشەكتە ياتاتتى . بۇ توشەكنى كۇنچىققانبەگ يېقىندا يېڭىدىن قىلدۇرۇپ بەرگەنىدى . بوۋاينىڭ قېشىدا گۆھەر بار ئىدى ، قىزى ئايمەڭمۇ چوڭ بولۇپ بوۋىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ ، ئۇنى - بۇنى قىلىپ يۈرەتتى .

بوۋاي ئوماقنى كۆرۈپ ئولتۇرۇش ئۇچۇن قىمىرلىدى . ئوماق ئىتتىك كېلىپ گۆھەرگە ياردەملەشتى . بوۋاي خېلىلا ئاجىزلىغاندى ، ئولتۇرۇشقا بىلى بەرداشلىق بېرەلمەيتتى . شۇڭا پەر ياستۇقتىن ئىككىنى قويۇپ ، بېشىنى سەل ئېگىزلىتىپ قويدى .

— يېتىپ قاپسەن بوۋا ، ئاغرىپ قالغىنىڭىنى ئاڭلىماپتىمىز ، — دېدى ئوماق . تولەك بوۋا ئاغزىنى ئۆمەللىدى .

— بىر ئايدەك بولدى ، تاۋىم يوق تۇرىدۇ ، دەپ بىر ياتقىنىچە ، — گۆھەرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي ئىشىك تەرەپكە قارىۋالدى .

— ھەكىم كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟

— ماللارنى يوقلىۋېتىپ كېلەي دەپ ئەتىگەندە توقايغا كەتكەن ، — گۆھەر گېپىنى دەپ بولۇپ ئوماققا قاردى . ئۇنىڭ كۆزىدە ئوماقتىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقاندەك ، خودۇكسىرەپ ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندەك بىر قاراش يالت قىلىپ قالدى . ئوماق ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى ئويلاپ كەتتى ، «راست گەپنى قىلغىنا» دېگەندەك گۆھەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى . گۆھەر ئوماقتىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ يەرگە قارىۋالدى .

ئۇماق باشقىچە ئويلاپ كەتكۈدەك ھېچ ئىش يوق . بوۋاينىڭ ھالى تۈنۈگۈندىن باشلاپ بۆلەكچە بوشاپ كەتتى ، تاماقتىن قالدى ، گېلىدىن ئۇسسۇزلۇق ئاران ئۆتىدۇ . ھەكىم : «ۋاقتى كەلگەندە ئالدىراپ قالماي» دەپ ، توقايدىكى قويدىن بىرنەچچىنى ئېلىپ كەلگىلى ئەتىگەندە كەتكەنىدى . گۆھەر ئاغزىدىن ئوچۇق چىقىرال-مىغان گەپ مۇشۇ ئىدى .

— ھە ، مۇنداق ئىشمىدى ، ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قوياي دەپتۇ ـ دە ، — دېدى ئۇماق ، گۆھەر ئۇزىتىپ چىقىپ ئەھۋالىنى ئېيتقاندىن كېيىن .

ئۇماق تۆلەك بوۋىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كۈنچىققانبەگنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى . ئۇ ئەسلىدە قۇدىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ، نەۋرىسى ئابلاقنى كۆرۈۋېتىپ ، ئاندىن كۈنچىققانبەگ بىلەن كۆرۈشمەكچە-دى . تۈنۈگۈن بەگ بوۋاينى يوقلاپ كىرىپ ئۇزاپ چىقىۋېتىپ ھەكىمگە : «ھەي ، ئۇماقنىڭ يوقلۇقى ئەجەب ئۆتۈلۈۋاتىدۇ» دېگەن-لىكىنى گۆھەر ئۇماققا دەپ قويدى . شۇڭا ئۇماق : «بەگنىڭ بىر ئىچ پۇشۇقى بار ئوخشايدۇ ، گېپىنى ئاڭلاپ چىقاي» دەپ ئويلىدى . ئارقىسىدا بىرنەچچە تۆگە بولغاچقا ، «سەن بېرىپ تۇر» دەپ توخ-تاقنى تايۇقلارنىڭكىگە ماڭدۇرۇۋەتكەنىدى .

— كەل ـ كەل ، ئەجەب ئوبدان ۋاقتىتا كەلدىڭ ، — ئۇماق ئۆيگە كىرىشىگە كۈنچىققانبەگ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈش-تى ، — مۇشۇ كۈنلەردە سېنىڭ يوقلۇقۇڭ بەك بىلىندى ، — دېدى بەگ ئۇماقنى سۆيىگە باشلاپ ۋە يەنە ، — قاچان كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— بايلا كەلدىم ، ھازىر تۆلەك بوۋاينىڭ ئۆيىدىن چىقتىم .

— تۈنۈگۈن كىرگەنىدىم ، بۈگۈن كىرەلمىدىم ، قانداقراق يېتىپتۇ ؟

— بوش .

— تۈنۈگۈن كىرگىنىمدىلا بوشاپ كېتىپتىكەن ، ھەي ، بۇ بوۋاينىڭ يامان ۋاقتىتا ئېغىرلىشىپ قالغىنىنى .

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ — دېدى ئۇماق، كۇنچىققانبەگ-
نىڭ گېپىگە ھەيران بولۇپ.

— ھەي، — كۇنچىققانبەگ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى، — مۇشۇ كۇندە بېشىمدا چوڭ بىر چاپقارا بار دېگىنە.

— نېمە؟ چوڭ چاپقارا! — ئۇماق تېخىمۇ ھەيران قالدى، — گەپنى ئوچۇق دېگىنە، بەگ.

— يەتتە كۇننىڭ ئالدىدا تۇرپاندىكى مامۇت ۋاڭ ئابدۇللا بەگ دېگەن بىر ئادەمى بىلەن ئۈچ چىرىكنى مېنى تۇرپانغا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپ ئەۋەتىپتۇ. مەن مامۇت ۋاڭنىڭ ئالدىغا چوقۇم سالامغا بېرىشىم كېرەك ئىكەن. يەنە تېخى: «خانغا سوۋغات قىلىپ يوللاشقا توققۇز دانە يولۋاس تېرىسى، توققۇز دانە تۇلكە تېرىسى، توققۇز دانە مولۇن تېرىسى، توققۇز دانە ئۇقار، توققۇز جۇپ بۇغا مۇڭگۇزى ئېلىپ كەلگەي، بۇنىڭدىن باشقا بىزگە سېلىق ئورنىدا توققۇز تاغار تۆگە يۇڭى، ساۋالغان قارا قوي يۇڭىدىن توققۇز تاغار، توققۇز دانە ئىسىل پالاس، توققۇز تاغار قاق بېلىق ئالغاچ كەلسۇن[1]» دەپتۇ.

— ئابدۇللابەگ بىلەن چىرىكلەر قېنى؟

— «سىلەر بۇ نەرسىلەرنى تەييارلىغۇچە بىز كۆللەرنى كۆرۈپ كېلەيلى» دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى جانقۇلۇ، توختىكۆللەر بىلەن يەنە ئۈچ نەپەر كىمىچى باشلاپ قارا قوشۇن، لوپ كۆللىرىنى كۆرسەتكىلى ئېلىپ كەتتى.

— يولۋاس تېرىسىدىن باشقىلىرى يۇرتتىن تېپىلىدۇ. يول-ۋاس تېرىسىنىڭ ئىشىنى ئابدۇللابەگ كەلگەندە بىر نېمە دېيىشەي-لى. گەپ سىنىڭ تۇرپانغا بېرىش-بارماسلىقىڭ. كورلا، قاراشەھەردىكىلەردىن ئاڭلىشىمچە، تۆۋەندىكىلەرنىڭ يۇقىرىدىكىلەر ئال-دىغا سالامغا بېرىشى ئادەتتەك بىر ئىشكەن. ئۆزۈڭ تۇرپانغا بارالا-

[1] تۇرپان ۋاڭلىرى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا خانغا سالامغا بارغاندا، توققۇز يۈز جىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، توققۇز تاغار قوغۇن قېقى، توققۇز توپ لوكچۇن كاناپى، توققۇز دانە تۇلكە تېرىسى، توققۇز دانە يولۋاس تېرىسى، توققۇز دانە مولۇن تېرىسى، توققۇز دانە ئالتۇن كۆز قويۇلغان، توققۇز دانە كۈمۈش كۆز قويۇلغان قەلەمتىراچ، توققۇز دانە خوتەن زىلچىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغاتقا ئېلىپ بارغان.

www.uyghurkitap.com

مسەن ، بەگ ؟ — ئۇماق كۇنچىققانبەگدىن سورىدى .

— مېنىڭ ئەھۋالىم ، تۇرقۇم مانا مۇشۇ . تۇرپاننى بەك يې-راقتا دەيدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە شىڭدى ، سىڭىر تاغلىرىدىن ئۆتىدى-كەن . ئۇنىڭ نېرىسىدا تېخى يېرىم كۈن ماڭسىمۇ تۈگىمەيدىغان «ئاغىبۇلاق» دەيدىغان بىر تاغ بار ئوخشايدۇ . ھازىر بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ، تېشىمۇ قېتىپ ، نېمە قىلارىمنى بىلەمەي قېلىۋاتى-مەن ، — دېدى بەگ ئۇماقتىن مەدەت تىلىگەندەك ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ .

ئۇماق گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا ، ئۆيگە تايۇق ، ئۇلامخان ، ئۇجۇلخان ، تالىشقۇل ، بوللا ، ئالتۇنلار كىرىپ كەلدى . ئۇلار ئۇماق بىلەن سالاملىشىپ ئەھۋال سوراشتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇرتقا چۇشكەن سىلىقتىن خەۋەرلىك ئىدى . ئۇماقتىن مانجۇ ھۆ-كۈمىتى دەۋرىدە ھەرقايسى ئامبال ـ ھاكىملىرى ، ۋاڭ بەگلىرى تەرىپىدىن يۇرتقا چۈشكەن ئالۋان ـ سېلىقنى تۆلىمەي قۇتۇلالمايدى-غانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، كۇنچىققانبەگ :

— مامۇت ۋاڭ چۈشۈرگەن سېلىقنى تاپشۇرمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ . مەن ھازىردىن باشلاپ قولۇمدا قانچىلىك بارلىقىنى ئېنىقلىتاي ، كەملىرىنى قاراچىلار قولىدىن ئورنىغا ئۇلارغا كې-رەكلىك نەرسە بېرىپ تېگىشىپ تولۇقلاي ، ئابدالدىكىلەر تىكەنلىك تەرەپتىكىلەردىن بەك نامرات . بۇلاردا بېلىق تولا شۇ ، — دېدى .

— ئامبىلى ئۇنداق دەپ ئالسا ، بىرنېمە بېگى بۇنداق دەپ ئالسا ، ئەمدى ۋېڭى ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىمۇ ، بۇنىمۇ بەر ، ئالىمەن دېسە ، نېمانداق ئاۋارىچىلىكى تولا بۇ نېمىلەرنىڭ ، — دېدى تالىشقۇل .

ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئۇماق بەش ـ ئالتە كۈن ئىچىدە قايتال-مايدىغاندەك ئىدى . كۇنچىققانبەگمۇ ، باشقىلارمۇ : «سەن يۇرت كۆرۈپ ، بۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ يۈرۈپ ، كىشىلەرگە قاز-داق ۋاقىتتا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئۆگىنىۋاپسەن ، بۇ ، يۇرت كۆرگەننىڭ پايدىسى ئىكەن . بۇ ئىشنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇلگۈچە

كەتمەي تۇرۇپ بەرسەڭ » دەپ ئوماقتىن ئۆتۈنۈش قىلىپ تۇرۇۋال-
دى . ئوماقمۇ : «ياق » دېيەلمەسىدى . ئوماق ھازىرچە قايتالمىغان
ئەھۋالدا ، توختاق قايتمىسا بولمايتتى . كۆپ جانلىق بىر ئۆينىڭ
قىشلىق يېمەكلىك غەملەش ئىشى شۇ پېتى بار ئىدى . ئۈچ تۆگە
باشقىلارنىڭ ئىدى . ئۇلارنى ۋاقتىدا ئىگىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش
كېرەك . ئوماقنىڭ بېشىنى قاتۇرغان بىر ئىش ، توختاق ئارغاننىڭ
نېرىسىغا مەھەللە ئارىلاپ ماڭغاچقا ، كېتەلەيدۇ ، ئەمما ئارغانغىچە
بولغان تۆت كۈنلۈك يولنى قۇملۇقتىلا ماڭىدۇ . ئېزىپ - سەتاقىپ
قالسىچۇ ؟ تايۇقنىڭ توختاقنى ئاپىرىپ قويۇپ ، قىزىنى ، نەۋرىسىـ
نى ، ئايقۇتنى كۆرۈپ كەلگۈسى بولسىمۇ ، تۇلەك بوۋىنى تاشلاپ
قويۇپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى كۈنچىققانبەگنىڭ قۇ-
لىقىغا ئاستا پىچىرلىدى .

— ياخشى گەپقۇ ، — خۇشاللىقتىن كۈنچىققانبەگنىڭ ئاۋازى
چىقىپ كەتتى ، — ئۇلامخاننىڭمۇ قىزىنى ، نەۋرىسىنى كۆرگۈسى
كەلگەندۇ ، ئەھۋالنى ھەكىم بىلەن گۆھەرگە بىز دەپ قويايلى ،
سىلەرنىڭ ئورنۇڭلىدا ئوماق بولغاندىكىن ، توختاقنى ئاپىرىپ قوي-
غاچ ، سىلەر بېرىپ كېلىڭلار ، — دېدى .

كۈنچىققانبەگنىڭ گېپىنى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماقۇل
تاپتى . تايۇق بىلەن ئۇلامخان ھازىرلا تۇلەك بوۋىنى يوقلاپ كې-
رىپ ، ئەھۋالنى ھەكىم بىلەن گۆھەرگە تولۇق چۈشەندۈرۈپ قو-
يۇپ ، بۈگۈنلا يول تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ ، ئەتە ئەتىگەندە يولغا
چىقىپ كېتىدىغان بولدى .

— مېنىڭمۇ ئايقۇتنى بەك كۆرگۈم كەلدى ، سېغىنىپ كەت-
تىم ، تۇلەك بوۋىنى دېمىسەم سىلەر بىلەن بىللە كەتكۈم بار ، ئەمما
ھازىر بولمايدۇ . سەل تۇرۇپ ئۆيۈڭگە كىرىمەن ، — دېدى ئۈجۈل-
غان ئۇلامخانغا قاراپ .

مەسلىھەت پىشتى ، قىلىدىغان ئىشلارنى تەقسىم قىلىشىلىش-
تى . يانلار مەھەللىسى بىلەن قاراقوشۇنلۇقلار مەھەللىسىگە ئۆز
ئاقساقاللىرى — ساتىۋالدى بەقەم بىلەن بەردىقۇل ئاقساقال ، ئاب-

دال مەھەللىسىدىكى ئىشلارغا تايۇق ئورنىدا ئۇماق ، قالۇچىلار مەھەللىسىگە توختىكۆل ئورنىدا كۆنچىقانبەگ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ، كالىغا مىنىپ يۈرۈپ بولسىمۇ ئىشلارنى پۈتكۈزىدىغان بولدى .

كۆنچىقانبەگ بىلەن ئۇماق ئاقئۆلام تەييارلىغان چۆشلۈك تاماقنى يەۋېتىپ ، ئۇماق بەگدىن :

— توختى كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەي ، ئۇنى ، بۇلتۇردىن بۇيان تۇرپانغا ئىككى بېرىپ كەلدى . پات - پات كونا قارا قوشۇن مەھەللىسىگە كېتىۋالىدىغان بولۇۋالدى ، ئاڭلىسام شۇ يەرگە كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ .

— نېمىشقا ؟ !

— قارا قوشۇنلۇقلارغا ئىمام بولىدىغان ئوخشايدۇ .

بۇ گەپكە ئۇماق : «شۇنداقمۇ» دەپلا قويدى ، باشقا گەپ قىلمىدى .

ئۇماق تاماقنى يەپ بولۇپ ، قۇدىسى تايۇقنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ، توختاق ئۆيگە قاسىم قاقنى باشلاپ كىرىپ كەلدى . قاسىم قاقنىڭ كىرىشىدىن كۆنچىقانبەگ بىلەن ئۇماق ھەيرانلا قالدى . ئۇ كۆنچىقانبەگنىڭ چاچ قويۇشتىن قۇتۇلۇش ئىشىدىكى يول مېڭىشلاردا ئۇماققا كۆپ ياردەم بەرگەنىدى . ئارىلىقتا ئاقتارما مەھەللىسىگە ئۇماق بىلەن بىللە كېلىپ كۆنچىقانبەگ بىلەنمۇ كۆرۈشكەنىدى ، ئۇماق بەگكە ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى .

— بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭ ، نېمىشقا كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى ئۇماق ئەھۋاللىشىپ بولۇپ . ئۇماق ئۇنىڭ كېلىشىدە بىر گەپ بار ، دەپ ئويلىدى .

— كۆنچى كەنتىگە ئۆزۈم يالغۇز كەلدىم . بۇ يەرگە ئاۋۇت كېمىچىنىڭ بالىسى باقىر باشلاپ كەلدى ، ئۇ ھازىر تايۇقنىڭ ئۆيىدە قالدى ، — دېدى قاسىم قاق .

ئوماق ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ ئازادە، چوڭ چەكمەن پەشمەت كىيىپ، بېلىگە قارا يوللۇق شاتىۋاردىن بەلۋاغ باغلىۋالغانىدى. ئۇ ئادەتتە بەلۋاغ باغلىماي، تۈگمىسىز چاپىنىنىڭ سول پېشىنى ئوڭ پېشى ئۈستىدىن چىڭ بېسىپ ئۆتكۈزۈپ، ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇۋېلىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بەلباغ باغلىغىنىنى ئوماق كۆرمىگەنىدى، شۇڭا ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. قاسىم قاق قوينىدىن بىر تۈگۈچنى ئېلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئاچتى. تۈگۈچتە تۆتلىك ئۇزۇنلۇقتا، باش بارماق چوڭلۇقتا تۆت قىرلىق ئالتە تال زىخچە ئالتۇن يالتىراپ تۇراتتى. كۈنچىققانبەگ بىلەن ئوماق تەڭلا قاسىم قاققا قارىدى، ئاندىن: «بۇ نېمە ئىش» دېيىشكەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى.

قاسىم قاق يانچۇقىدىن چۈچىلىق، قوراق تاماكا خالتىسىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن بېشىنى سېغىزدا ياساپ، ئىنچىكە قومۇشتىن دەستە بېكىتىۋالغان غاڭزىنى چىقىرىپ ئىچىگە تاماكا سېلىپ ئۇستىدىن باش بارمىقىنىڭ ئۇچىدا بېسىپ قويۇپ، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ ئوچاقتىكى چوغدا تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ چەككەچ يېنىپ كىردى. كۆچەپ تۆت شوراپ تاماكىنى چېكىپ بولۇپ، غاڭزىنىڭ بېشىنى ئۆتۈكىنىڭ چەمىگە بوش ئۇرۇپ كۈلىنى قېقىۋېتىپ، غاڭزىنى خالتىغا سېلىپ يېنىغا قويۇپ قويدى. ئۇ تاماكىنى كۆچەپ شوراپ ئىسنى ئاغزىدىن چىقارغاندا، ئاچچىق بۇستىن كۈنچىققانبەگ قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى.

— بۇ نېمە ئالتۇن؟ — تاقىتى تاق بولغان ئوماق قاسىم قاقتىن سورىدى.

— كۈنچىققانبەگنىڭ ئالتۇنى.

— مېنىڭ؟! — كۈنچىققانبەگ هەيرانلا قالدى.

— شۇنداق، سىزنىڭ ئالتۇنىڭىز، ئوماق، — قاسىم قاق ئوماققا قارىۋېتىپ گېپىنى هېكايە - چۆچەك ئېيتقاندەك باشلىدى، — سىلەر قارا شەهەر نازارەتچى ئامبالنىڭ ئالدىغا ماڭغان هېلىقى چاغدا كوسا مانجۇ ئادەم ئەۋەتىپ ناغرادۆڭدە ئالتۇن،

يامبۇلىرىڭلارنى ، بەختى هارۋىكەشنىڭ ئۈچ ئېتىنى بولاپ كەتتى . مەن شۇ چاغدىلا : «خەپ كوسا ، ئۈچ ئاتقا ئۈچ ئېتىڭنى قوشۇپ قايتۇرۇۋالمايدىغان بولسام» دەپ كۆڭلۈمگە پۈككەندىم ، ئەمما ئۇ ئىشقا ئۇ چاغدا قول سالمىدىم . چۈنكى ، بەگنىڭ چاچ قويۇشتىن قۇتۇلۇش ئىشى هەل بولمىغانىدى . مۇشۇنچىلىك كىچىككىنە ئىش-نىمۇ ئۇلار ئەتەي كەينىگە سۆرىدى . ئىنساپسىز ، نەپسى ئۇپقان ئۇ نىمىلەر شۇنى باهانە قىلىپ سىلەرنىڭ نۇرغۇن پۇل ـ دۇنيايىڭ-لارنى ئېلىۋالدى ، تېخى هارۋىكەشنىڭ كىراسىنى بېرىپ بولۇپمۇ ئىچ ئاغرىتىپ ، ئۇنىڭ ئۈچ ئېتى بىلەن هارۋىسىنىمۇ تۆلەپ بەر-دىڭلار . مەن مانجۇ چاپلىقلارغا چىشىمنى غۇچۇرلىتىپلا يۇردۇم . ئاردىن ئىككى يىل ئۆتتى . مېنىڭ كۇرۇك توخۇ بېسىپ ياتقان توخۇمىنىڭ هەممىسىنى تۇيدۇرماي سۇغۇرۇۋالىدىغان بىرنەچچە ئا-غىنەم بار ئىدى . ئۇلارنى ئىشقا سېلىپ قويۇپ ، ئۆزۈم كوسا مانجۇنىڭ يېقىن ئىككى ئادىمى بىلەن كېچىچە قىمار ئوينىدىم . ئاغىنىلىرىم كوسا مانجۇلارنىڭ ياراق ئېتىدىن ئالتىنى ئوغرىلاپ چىقىپ ، شۇ كېچىسىلا كۇچاغا ئېلىپ قاچتى . ئۇلار ئاتلارنى سېتىپ ، پۇلىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ قايتىپ كەپتۇ . بۇ مانا شۇ ئالتۇنلار . بۇ هەرگىز ئوغرىلىغانلىق ئەمەس ، ئۆزىنىڭكىنى قايتۇ-رۇۋېلىش دەيمىز . بۇ نەرسىلەر ئەسلىدە ئۆزۈڭلارنىڭ ئىدى ، ئۇلار سىلەردىن هەر باب بىلەن ئېلىۋالغان . ئۇلار ئېلىۋالغىنىنى چەككى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ ، سىلەرمۇ ئۇلاردىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالالمايسىلەر ، شۇڭا مەن سىلەر ئۈچۈن يەم ئىشلىتىپ ئۇستىلىق بىلەن قايتۇرۇۋالدىم ، — قاسىم قاق گېپىنى تۈگىتىپ هىجىيىپ قويدى ۋە تاماكا خالتىسىغا قول ئۇزاتتى .

كۇنچىققانبەگ بىلەن ئوماق بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ كېتىشتى .

— هەي قاسىم ، هەي قاسىم ، ئۇنداق ئىشنى تولا قىلىپ پىشىپ كېتىپتىكەنسەن ـ هە ، — دېدى ئوماق ، قاسىم قاقىقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ .

— بۈرۈن شۇ هارام يولغا كىرىپ قاپتىكەنمەن ، سىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈل ، تۈزلۈكۈڭلار ، بىر ـ بىرىڭلارغا زادى قارا سانىمايدىغانلىقىڭلار مېنى ئۇ هارام ئىشتىن ياندۇردى . ئىككى يىلدىن ئاشتى ، هارام يولغا قەدەم بېسىپ باقمىدىم ، — دېدى قاسىم قاق ، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولدى .

كۈنچىققانبەگ بىلەن ئوماق بىرپەس جىم بولۇپ كەتتى . ئوماق بېشىنى كۆتۈرۈپ :

— بۇ ، تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ بەگنىڭ بېشىغا كەلگەن چاپقارادىن قۇتۇلۇپ قىلىشى ئۈچۈن دەل چېغىدا ئەۋەتكىنى ئوخشايدۇ ، — دېدى .

— چاپقارا دېگەن نېمە ئۇ ؟ — قاسىم قاق ئوماقتىن سورىدى .

ئوماق تۈرپان ۋاڭى چۈشۈرگەن ئالۋان ـ سېلىق ، كۈنچىققانبەگنىڭ ۋاڭ ئالدىغا سالامغا بارىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشلارنى دەپ بەردى .

— مۇنداق ئىشمىدى ، ئاڭلىسام مامۇت ۋاڭنى مۇشۇ كۈنلەردە «ۋاڭ» دەپ قۇرۇق نامىلا بار ، قورسىقىنىمۇ باقالمايۋاتقان بىر نېمە دەيدۇ . ئالتۇندىن بىرنى ئابدۇللا بەگكە ، ئىككىنى ۋاڭغا بەرسە ، ئۇلارنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ ، يولۋاس تېرىسى سېلىقىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇغۇ دەيمەن ، — دېدى قاسىم قاق .

ئۇلار بۇ ئىشنى شۇنداق هەل قىلىشقا ئۈرۈنۈپ كۆرىدىغان بولدى هەم باشقا ئىشلار توغرۇلۇقمۇ پاراڭلىشىۋالدى .

## 6

تۈلەك بوۋىنىڭ سەكراتقا چۈشكەندەك ياتقانلىقىنى بىلىپ تۈرۈپ ، كۈنچىققانبەگ ۋە باشقىلار شۇنچە دېسىمۇ ، ئابدۇللا بەگ : «بىز كەلگىلى ئون كۈن بولدى ، قايتمىساق زادى بولمايدۇ» دەپ تۈرۈۋېلىۋالدى . كۈنچىققانبەگ ، جانقۇلۇ ، توختىكۆل ، بەردىقۇللار خوشلاشقىلى تۈلەك بوۋىنىڭ يېنىغا كىردى . ئاخشام ئىچكەن ئۈچ

قوشۇق ئۇجۇل ئۇمچى قۇۋۋەت بولدىمۇ ياكى بۇلار بىلەن خۇشلىـ
شىۋالاي دېگەندەك ، بوۋاي تۈنۈگۈنكىدىن خېلىلا ياخشى
كۆرۈنەتتى .

— بوۋا ، بىز ماڭماق بولۇۋاتىمىز ، ۋاڭنىڭ ئادىمى قىستاپ
تۇرۇۋالدى ، خەير خوش ، خۇدايىمغا ئامانەت ! — دېدى كۈنچىقابىـ
بەگ تۇلەك بوۋىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ . ئۇنىڭ كۆز چانىقىغا
ياش پەردىسى يېيىلغانىدى .

قالغانلارمۇ بىر ـ بىرلەپ بوۋاي بىلەن خوشلاشتى . ئۇلار :
«خوش بوۋا ، خۇدايىمغا ئامانەت» دېگەن گېپىنى ئۆزىنى يىغىدىن
تۇتۇۋېلىپ ، ئاران ـ ئاران دېيەلىدى . تۇلەك بوۋىمۇ بېشىنى
مىدىرلىتىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى .

ئۇماق كۈنچىقابەگلەرنى ئۇزىتىپ قويۇپلا ئۆزىمۇ يولغا چىقـ
ماقچىدى . «كۈنچىقابەگمۇ ، تايۇقمۇ ، توختىكۆل ، بەردىقۇللارمۇ
بولمىسا ، مەنمۇ كەتسەم ، بۇ قاملاشمىغۇدەك ، بىر ـ ئىككى كۈن
تۇرۇپ تۇراي» دەپ ئويلىدى ـ دە ، توختى ، قاسىم قاقلار بىلەن
بوۋاينىڭ يېنىغا كىردى . توختى كۈنچىقابەگنىڭ تۇرپانغا بارىدىـ
غان بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۇزىتىپ قويغىلى كونا قارا
قوشۇنلۇقلار مەھەللىسىدىن كەلگەنىدى . ئۇماقلار كىرگەندە ، بوـ
ۋاينىڭ بايىقى ھالى يوق ، لاسىدە بوشاپ كەتكەنىدى . بېشىدا
گۆھەر ، ھەكىم ، ئۇجۇلخانلار ھېقىقلىشىپ ئولتۇراتتى . قاسىم
قاق يوتقاننى قايرىپ ، بوۋاينىڭ ئورۇقلاپ تۇتۇكتەك بولۇپ قالغان
پاچىقىنى تۇتۇپ باقتى ، تىرناقلىرىغا قارىدى ، ئۇماققا قاراپ بېشىـ
نى لىڭشىتتى . بوۋاينىڭ پۇتى مۇزلاپ ، تىرناقلىرى كۆكىرىپ
كەتكەنىدى .

بوۋاي چۈشكە يېقىن جان ئۈزدى . توختى بىلەن قاسىم قاقنىڭ
بولغىنى ياخشى بولدى . ئۇلار مېيىتنى كىچىك بىر ئۆيگە ئەكىرىپ
قويۇپ ، ئالدى بىلەن كېپەنلىكنى تەييارلىدى . توختى تۇرپاندا
مېيىت ئۇزىتىشقا دائىر ئىشلارنىمۇ ئۆگەنگەنىدى . بۇنداق ئىشتىن
قاسىم قاقنىڭمۇ ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ئىدى . شۇڭا ئىككىسى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

ئىشلارنى تېنىمەي، ئۆز رېتى بويىچە جاي - جايىدا قىلدى. كېپەنلىك تەييارلاش، سۇغا ئېلىشلارغا ئۇماق، ساتىۋالدى ئاقسا-قال قاتارلىق چوڭلارمۇ قاتنىشىپ، كۆرۈۋالدى، بىلىۋالدى. بۇ قېتىمدا بۇرۇنقىدەك قوشاق ئوقۇپ: «ئاغام - دۇغام» دەپ مېيىت-نىڭ قولىقىنى سوزۇپ قويىدىغان ئىشلار بولمىدى. بوۋاينىڭ جەستى قالاچ قاناقا، جاھانبەگلەرنىڭ جەستى قويۇلغان قۇم دۆڭنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇلدى. جىنازا ئورنىدا مېيىت قويۇلغان شال دۆڭنىڭ قاپتىلىغا قويۇپ قويۇلۇپ نامىزى چۈشۈرۈلدى. مېيىت نامىزىغا تۆت مەھەللىدىكى ئون ياشتىن يۇقىرى ئەر زاتى-نىڭ ھەممىسى كەلگەنىدى. ئالدى بىلەن توختى كۆپچىلىككە مې-يىت نامىزىنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى ھەرىكەتلىرىنى كۆرسى-تىپ تۇرۇپ ئېنىق چۈشەندۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، مېيىت نامى-زى ئوقۇلدى. مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، توخ-تى ئورنىدىن تۇرۇپ دەپنە سۆزى قىلدى، ئاندىن دۆڭنىڭ قاپتىلى-غا چىقىپ يۇكۈنۈپ ئولتۇرۇپ «ياسىن» سۈرىسىنى بىرىنچى مۇ-بىنگىچە قىرائەت قىلدى...

تۆلەك بوۋىنىڭ جەستى، ئابدالدا ئىسلام قائىدىسى بويىچە دەپنە قىلىنغان تۇنجى جەسەت بولۇپ قالدى.

شىڭدى تېغى ئىچى. چۈش مەھەل، ھاۋا خېلىلا سۆرۈن. تار، ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىدا ئابدۇللا بەگ ۋە ئۇنىڭ بەش چېرىكى سېلىق مال ئارتىلغان ئۈچ تۆگە ھەم ئۈچ ئات قوشۇلغان بىر ھارۋىلىق كارۋاننى ئارىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. كارۋان تاغ ئېغىزىدىن ئانچە ئىچكىرىلەپ كىرمىگەنىدى. شىڭدىدىن ئۆتۈپ، سىڭگىر تېغىدىن چىقسىلا، كۇمۇشنىڭ سېيى. كۇمۇش ئۆتكىگە بېرىپ چوڭ يولغا چۈشسە ئۇرۇمچى، توقسۇن يولى شۇ. ھارۋىدا كۇنچىققانبەگ، جانقولۇ، بەردىقۇللار پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ. ھارۋىنىڭ كەينىدىنلا توختىكۆل ئاتلىق ماڭماقتا. ھارۋىنى بەردى-قۇل ھەيدىگەن بولۇپ، ھارۋىنىڭ ئارقىسىدا بىر ئاتلىق ئېگەر -

جابدۇق تۇراتتى . ئوماق ، تايوقلار بەختى هارۋىكەشكە هارۋا ياسىـ
تىپ بەرگەندە ، ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ كۆنچىققانبەگكە ئاتاپ
شۇنداق هارۋىدىن يەنە بىرنى ياساتقانىدى . ئۇلار هارۋىنى هەيدەپ
ئاقتارمىغا كەلگەندە ، ئابدالدىن كەلگەن كىشىلەر هەيران قىلىپ
هارۋىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانىدى . چۈنكى ئۇلار هارۋىنى سىـ
رىق سۆگەت ياغىچىنى ئىگىپ چىتىپ چاق قىلىپ ، ئوقىنى ئوـ
زۇن ، شوتىسىنى قىسقا قىلىپ ياسايتتى . هارۋا ـ ئات جابدۇقلىـ
رىنىمۇ پالاس ، چىگە پاخاللىرىدا ئاددىيلا ياسىۋالاتتى . ئەمما بۇ
هارۋىنىڭ چاقى كىچىكرەك ، ئوقى قىسقا ، قازىنى چىرايلىق ،
شوتىسى ئۇزۇنراق بولۇپ ، ئات جابدۇقلىرى — بوغا ، جىمبۇ ـ
جاۋەنلىرىمۇ بۇلغار ، شاۋرۇندىن چىرايلىق قىلىنغانىدى . بۇنداق
تۆمۈر هارۋا قۇملۇق يولغا ئەپلىشىپ بەرمىگىنى بىلەن تاغ يوللىـ
رىغا مۇۋاپىق ئىدى .

— ئوماق بىز بىلەن تۇرپانغا بىرىشنى خالىماي ، ماقاتلىق
ئىزدەيمەن دەپ قىپقالدى . هە ، بەگ ، ئۇ زادى ماقاتلىقتىن نىمە
ئىزدەيدىغاندۇ ؟ — بەردىقۇل كۆنچىققانبەگدىن سورىدى .

— قالاچ قاناقانىڭ : «ئۇغۇش بوۋىلارنىڭ ئىزىنى تاپماي بولـ
مايدۇ» دىگەن گىپىگە بىپىششىۋىلىپ شۇنداق قىلىپ يۈرۈيدۇ .
ماقاتلىقتىن نىمە ئىزدەيدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلەلمىدىم . بەلكى ئۇ
بىز ئويلاپ يىتەلمىگەن بىر ئىشلارنى ئويلاۋاتقاندۇ ، — دىدى
كۆنچىققانبەگ .

— بەگ ، سىزنىڭ راستىنلا تۇرپانغا بارغۇڭىز يوقمۇ ؟ —
توختىكۆل سورىدى .

— كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ . بارسام يۈرتقىمۇ ، ئۆزۈمگىمۇ بىر
تالاي يوك ئارتىۋالارمەنمىكىن ، دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن .

— سىز ـ بىزگە ئارتىدىغان قانداق يۈكتۇ ئۇ ؟

— قانداق يۈك بولماقچى ، سېلىق بولمامدۇ . يۈزتۈرا تۇرۇپ
بىزگە جىق ئالۋان ـ سېلىق ئارتىپ قويسا ، ياق ، دەلەلمەيمەن .

— شۇڭىزە....

كۆنچىققانبەگ بىگىز بارمىقىدا كالپۇكىنى بىسىپ قويۇپ ئابدۇللا بەگكە قارىدى . ئۇ ئىككى چىرىكى بىلەن توپىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى .

— ئابدۇللا بەگ ، ئۇسالىق ئىچىۋالامسىز ، ئۇسسىغانسىز ، — دېدى كۆنچىققانبەگ ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىپ .

قايناق سۇغا ئازراق سۈت قوشۇپ ، جىگدە سېلىپ تەييارلىنىدىغان ئۇسسۇزلۇق ئابدۇللا بەگكە تېتىپ قالغانىدى ، شۇڭا ئىككى چىرىكنى مېڭىۋەر دەپ قويۇپ ، ئۆزى توختاپ تۇردى . توختىكۆل بىر تۇلۇمدىن قاچىغا ئۇسسۇزلۇق قۇيۇپ ئابدۇللا بەگكە بېرىۋاتقاندا ، هارۋا قىيقىلىپ كېتىپ قاچىدىكى سۇ تۆكۈلۈپ كەتتى . بەردىقۇل هارۋىنى توختاتتى . توختىكۆل قاچىغا قايتىدىن سۇ قۇيۇپ ئابدۇللابەگكە بەردى . ئابدۇللابەگ قاچىنى كۆتۈرۈپ سۇ ئىچىۋاتقاندا ، كۆنچىققانبەگ يېنىدىكى كىچىك بىر سۇ قاچىسىدىن قاچىغا سۇ قۇيۇپ ئىتتىك ئىچىۋالدى . ئابدۇللابەگ قاچىنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ، توختىكۆل تۇلۇمدىن سۇ قۇيۇپ قاچىنى كۆنچىققانبەگكە بەردى . ئۇنىڭ كەينىدىن جانقۇلۇ ، بەردىقۇل ، تۆختىكۆللەر ئىچتى . ئابدۇللا بەگ ئۇسسۇزلۇقنىڭ تەمىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى . توختىكۆل ئۇسسۇزلۇقنى قانداق تەييار قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ - ئىچۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى… توختىكۆلنىڭ گېپى تۈگىمەي ، كۆنچىققانبەگ دەسلەپ قاتتىق قىيقىلىپ يۆتەلدى ، ئارقىدىنلا هۆ - هۆ قىلىپ كۆكۈچ سۇ ياندۇرۇشقا باشلىدى ، چىرايى تاتىرىپ ، كۆزلىرى ئەلەس ئادەمنىڭ كۆزىدەك چانىقىدا ئۇياق - بۇياققا ئېغىشقا باشلىدى . جانقۇلۇ دەرهال ئاتتىن چۈشۈپ چۈلۈۋۈرنى هارۋىنىڭ شوتىسىغا باغلاپ قويۇپ هارۋىغا چىقتى . ئۇنى بېشىدىن يۆلەپ تۇرۇپ غولدىغا يېنىك - يېنىك ئۇرغاچ :

— ئاتا نېمە بولدۇڭ ، بىزنى قورقۇتمىغىنا ، — دېگىلى تۇردى . توختىكۆل :

— ئابدۇللا بەگ ، قانداق قىلىمىز ، كۆنچىققانبەگ بولالمىغى-

لى تۇردى ، — دېدى .

ئابدۇللا بەگ ئالاقزادە بولۇپ :

— ھېلى ئىچكەن سۈيىمىز چاتاق ئەمەستۇ ؟ — دېدى ئۆزىدىن ئەنسىرەپ .

— بىز دائىم ئىچىپ كېلىۋاتقان ئۇسسۇزلۇق سۇ ئۇ ، نېمە چاتىقى بولسۇن ، ئۇن يىلنىڭ ئالدىدا ئاتام بىر قېتىم مۇشۇنداق بولۇپ ، بىر ئايدا ئاران ساقايغان . ئۇ چاغدا بۇنىڭدەك كۆكۈچ سۇ ياندۇرمىغان ، ئابدۇللا بەگ ، قانداق قىلىمىز ، ئاتامنى ۋاقىت ئالدىغا مۇشۇنداق كېسەل قىلىپ ، ۋاقىتغا باقتۇرغىلى ئاپىرىمىزما ! — دېدى جانقۇلۇ .

ئابدۇللا بەگ خىيالدا قالدى ، «ۋاقىت ‹مۇشۇنداق كېسەل ئا-دەمنى ئەكەلدىڭمۇ ؟ › دەپ خاپا بولسا ياكى يولدا ئۆلۈپ تارتىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق» دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدى .

— سىلەرچە قانـداق قىلساق بـولار ؟ — ئـۇ جانقۇلۇدىن سورىدى .

— چىڭ ماڭساق ، تۇرپانغا ئالتە كۈندە ئاران بارالايمىز . يولدا بىر ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز . مەن ئاتامنى قايتۇرۇپ كېتەيمىكىن ، — دېدى جانقۇلۇ .

ئابدۇللا بەگ ئويلىدى ، دەڭسەپ كۆردى ، كۈنچىققانبەگنى تۇتقان كېسەلنىڭ ئېغىرلىقىنى چېرىكلەرمۇ كۆردى . «ئەڭ ياخشى ئامال ، ئۇنى ئوغلى بىلەن قايتۇرۇۋېـتـــش» دېگەن خىيالغا كەلدى ـ دە ، جانقۇلۇغا :

— بولدى ، سەن ئاتاڭنى قايتۇرۇپ كەت ، ماۋۇ ئىككىسى سوۋغاتلىق ، سېلىق مالنى ئېلىپ بىز بىلەن بارسۇن ، — دېدى .

توختىكۆل شۇئان ھارۋىدىن چۈشۈپ بىر ئاتنى چىقىرىپ ھارۋىدىكى ئېگەرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا توقۇدى .

— بىز قايتىپ كەلـگـۈچە كۈنچـقـقانبەگكە بىر ئىش بولماس ـ ھە ؟ — بەردىقۇل توختىكۆلنىڭ يېنىغا كېلىپ پىچىرلى-غاندەك پەس ئاۋازدا سورىدى .



www.uyghurkitap.com

— خۇدايىم ساقلا ، — توختىكۆل شۇنداق دەپ قويۇپلا جانقۇ-
لۇغا قاراپ قويۇپ ئىتتىغا مىندى . جانقۇلۇ هارۋىنى كەينىگە ياندۇر-
دى . بەردىقۇل دىم ـ دام ، دىم ـ دام ئارقىسىغا قايرىلىپ كېتىۋاتق-
قان هارۋىغا قاراپ قوياتتى ، توختىكۆل بولسا بىغەم كۆرۈنەتتى .
ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەنسىرىگەندەك بىرەر ئالامەتنى كۆرگىلى بول-
مايتتى ، بەلكى خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى . بۇنىڭغا بەردىقۇل
هەيران ئىدى .

— قالتىس قاملاشتى ، ئابدۇللا بەگ ئىشىنىپلا قالدى . تېخى
سېنى «بىر ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق» دەپ غەمدە قال-
دى ، — دېدى جانقۇلۇ ، هارۋا بىر دوقمۇشتىن ئۆتكەندىن
كېيىن .

— قاملاشتىغۇ قاملاشتى ، جېنىمنىمۇ ئاز قويدى . تاماكا
سۇيى ئاجايىپ ئاچچىق ، سېسىق بىرنېمىكەن ئۇ .

— ئىككى قاچا ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ ، تۇزەلدىڭغۇ مانا .

تاماكا سېلىپ قايناتقان سۇدىن ئازراق ئىچىۋېلىپ بىردەملىك
«كېسەل» بولۇۋېلىشنى كۇنچىققانبەگكە قاسىم قاق ئۆگەتكەنىدى .
كۇنچىققانبەگنىڭ تۇرپانغا — ۋاڭ ئالدىغا سالامغا بېرىشقا پەقەت
كۆڭلى تارتمايۋاتقانلىقىنى ، بارماسلىقنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يۈر-
گەنلىكىنى ئۇماقتىن ئاڭلىغان قاسىم قاق مۇشۇ ئامالنى كۆرسەت-
كەنىدى . بۇ چاردىن جانقۇلۇ ، توختىكۆلنىڭ خەۋىرى بولسىمۇ ،
بەردىقۇل بىلمەيتتى ، كېتىۋېتىپ توختىكۆل ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي-
ماقچى بولغانىدى .

ئۇماق تۇلەك بوۋىنىڭ ئۆچىدىن كېيىن ، تېپىق ئۇۋچى بىلەن
يارداڭلىقتىكى ماقاتلىققا قاراپ ماڭدى . كۇنچىققانبەگ ئۇ ماقاتلىق-
نى ياش چېغىدا ئاتىسى بىلەن ئوۋغا كېتىۋېتىپ مۇنداقلا بىر
كۆرۈپ قالغانىدى . ئۇنىڭغا هازىر ئەللىك يىلغا يېقىن بولۇپ
قالدى . شۇڭا قايسى تەرەپ بىلەن مېڭىشنىمۇ ئېنىق دەپ بېرەلمە-
دى . شۇ قېتىمدا تېپىقمۇ بار ئىدى . ياردىمى بولۇپ قالار دەپ ،
ئۇنى ئۇماققا قوشۇپ بەردى . ئارىدا ئۇزۇن يىل ئۆتكەچكە ، ئۇمۇ
ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىدى . پەقەت : «قۇمدەريانىڭ جەينىكىدىن

يېكەنبۇلجىمال تەرەپكە كېتىۋېتىپ ، قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى بىر ياردائىلىق بويىدا كۆردۇق» دېدى . ئوماق ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە جايلارنى كۆڭلىدە چەنلەپ باقتى . قۇمدەريانىڭ ئىگىلىگەن جەينىـ كىگە قارادايى ئۇدۇل كېلىدۇ . قارادايدىن تارىمنى ياقىلاپ تۆۋەنگە ماڭغاندا ، ئارغان ، تۇقۇمدىن ئۆتۈپ ئاندىن يېكەنبۇلجىمالغا بارىـ دۇ . ئالدىنقى ھەپتىدە ئۇ كۆرگەن ماقاتلىق ، ئارغاننىڭ كۈنپېـ تىش ئۇدۇلىدا ، قۇملۇق ئىچىدىكى ماقاتلىق ئىدى . ماقاتلىقنىڭ بىر تەرىپىدە كونا ئېقىن ئىزى ، يەنە بىر تەرىپىدە ياردائىلىق بار ئىدى . «مەن كۆرگەن ماقاتلىق بىلەن كۇنچىققانبەگلەر كۆرگەن ماقاتلىقنىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەستەك قىلىدۇ . دەۋاتقىنىمىز بىر ماقاتلىقمۇيا ؟» ئوماق كېتىۋېتىپ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ، تېپىقتىن سورىدى :

— ماقاتلىقنىڭ بىر تەرىپىدە كونا زۇ بارمىكەن ؟

— بىز ماقاتلىقنىڭ ياردائىلىق تەرىپىنىلا ياقىلاپ ماڭغان ، باشقا تەرەپلىرىنى كۆرۈپ باقمىدۇق .

— ياردائىلىقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ باققانمۇ ؟

— ياق ، چىقىپ باقمىدۇق .

— كېيىن سەن ئۇ تەرەپكە بېرىپ باقتىڭمۇ ؟

— ياردائىلىققا بېرىپ باقمىساممۇ ، شۇ قۇملۇقتا جىق ماڭدىم .

— ياردائىلىقتىكىدىن باشقا ماقاتلىق كۆردۈڭمۇ ؟

— ياق ، كۆرمىدىم .

ئوماق ئۆزى كۆرگەن ماقاتلىق بىلەن كۇنچىققانبەگ بىلەن تېپىق دېگەن ماقاتلىقنىڭ بىر ماقاتلىق ياكى باشقا ـ باشقا ماقاتلىـ لىقىغا بىرنېمە دېيەلمەي قالدى .

— بىز ئالدى بىلەن ، — دېدى ئوماق تېپىققا ، — قۇمدەريا تەرەپكە بېسىپ ماڭايلى ، ئارغاننىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئاندىن كۈنپېتىش تەرەپكە ماڭايلى .

تېپىق نېمە دەيتتى ، ئوماق نەگە باشلىسا ، ئەگىشىپ ماڭسا ، بۇيرۇغىنىنى قىلىسىلا بولدى . ئۇلار ماڭدى ، ماڭدى ، قانچىلىك



www.uyghurkitap.com

ماڭغىنىنى ، نەگە كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيتتى . قاياققا قارىسا ئوخشاش كۆز يەتمەس قۇملۇق ، شەكلى ، ئېگىز ـ پەسلىكى ئوخ‍شىمىسىمۇ رەڭگى ئوخشاش دۆۋە ـ دۆڭلەر . شامال ئۇزۇلمەيدىغان مۇشۇ ئاي ، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇلارنى مەنزىلىگە ئامان ـ ئېسەن يېرۈالسۇن دېگەندەك ، شامالنىڭ شەپىسى يوق ، جاھان تىمتاسلىق ئىدى . كۈن كەچكە يۈزلەنگىلى نە چاغ . ئۇلار مېڭىپلىۋاتىدۇ ، مېڭىپلىۋاتىدۇ .

— ۋۇي ، بۇرۇن مەن مېڭىپ باقمىغانلا بىر جايغا كېلىپ قالغاندەك قىلىمىز ، — دېدى تېپىق بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىغاندىن كېيىن .

ئۇلار ئېگىز ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر قۇم دۆۋ‍ىسىگە ئۇسۇپ قالدى . كۈنمۇ ئۆز ئۇۋىسىنى تاپىدىغان چاغ بولۇپ قالغانىدى .

— قانداق قىلىمىز ، قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتىمىزمۇ ياكى… — تېپىق ياكى مۇشۇ يەردە قونىمىزمۇ ، دېمەكچىدى ، گېپىنى توختى‍تىۋېلىپ ئوماققا قارىدى .

ئوماقنىڭ نېمىلا بولمىسۇن قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتۈپ نېرىسىغا قاراپ باققۇسى كەلدى . ئۇلار قۇم دۆۋىسىگە يانباغىرلاپ مېڭىپ چىقىشقا باشلىدى . تۆگىلەر كەڭ ئالقانلىق پۇتلىرىنى ئالدىرىماي يۆتكەپ ، بىر خىل مېڭىشتا ئۆرلىمەكتە . ئادەم بىلەن ئاتلار بولسا قۇمغا پاتقان ئايىغىنى سۆرىگەندەك يۆتكەپ تەستە ئىلگىرىلىمەكتە .

— ئۇھ ، — دېدى ئوماق قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ بولۇپ موككىدە ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ ، — نېمانداق ئېگىز ، بۇ قۇم دۆۋىسى .

— ۋۇي ، بىز قۇمدەرياغا كېلىپ قاپتۇق !

— نېمە ، قۇمدەرياغا ؟ ! — تېپىقنىڭ گېپىدىن ئوماق چۆچۈ‍گەندەك ھەيران قېلىپ پەسكە كۆز يۈگۈرتتى . دېگەندەك كۈنپې‍تىشتىن كۈنچىقىشقا سوزۇلغان كەڭ بىر ئېقىن ئىزى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— ماقاتلىق ئىزدەيمىز دەپ قۇمدەرياغا كېلىپ قالغىنىمىز‍

نى ، دەريانىڭ قايرىلغان جەينىكى نەدە ئەمدى؟ — ئۇماق تېپىقتىن سورىدى .

— بەك تۆۋەنلەپ كەتكەن ئوخشايمىز ، يۇقىرىلاپ مېڭىۋەرسەك جەينەككە ئۇسىمىزغۇ دەيمەن ، — دېدى تېپىق .

بۇ چاغدا كۈن پېتىپ بولغانىدى . ئۇلار ئېقىن ئىچىدە قونۇپ ، ئەتە سەھەر ماڭماققا كېلىشىپ ، قۇم دۆۋىسىدىن چۈشتى . بۇ ئۇلارنىڭ بۇ سەپەردە ئۆتكۈزىدىغان ئىككىنچى كېچىسى ئىدى...

## 7

ئاي تېخى چىقمىغان بولسىمۇ ، ئاسمان سۈزۈك ، ئوچۇق ئىدى ، يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى . ئادەتتە كۈز ئاسمىنى كۆپ ھاللاردا بۇلۇتلۇق بولىدۇ ، ئەمما بۇ قۇملۇقنىڭ ئاسمىنى تاسادىپىي بىر ئەھۋال بولمىسىلا دائىم ئوچۇق . چۈنكى ، كۈنچىقىش ، كۈنپېتىش ، شىمال ، جەنۇبتىكى دېڭىز - ئوكيانلار بۇ قۇملۇقتىن يىراقتا ، بەكمۇ يىراقتا . نەملىكنى توشۇغۇچى ھاۋا ، بۇلۇتلار ئاسمان - پەلەك تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ . شۇڭا بۇ زېمىن نەم ھاۋاغا ، بۇلۇتقا ، يامغۇرغا تەشنا . بۇنىڭ ئەكسىچە شامال ، بوران ، قۇيۇنغا باي . بولۇپمۇ ، كۈز كۈنلىرىدە شامال ئۈزۈلمەيدۇ ، بۈگۈنكىدەك شامالسىز بۇنداق تىنچ كېچە كەمدىن - كەم بولىدۇ .

ئۇماق بىلەن تېپىق ئۇيىدەك يۇمشاق ، ئەمما سوغۇق قۇمغا سالغان پالاس ئۈستىدە خېلىدىن بېرى جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارغا ، يىراقتىن ئاستا سۈزۈلۈپ كۆرۈنۈۋاتقان ئايغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتماقتا . تېپىق «ئوۋچى» ئاتالغاندىن بۇيان نە - نەلەردە ، نىمىلەرنى ، قانداق ئوۋلىغانلىقلىرىنى ، مۇشۇنداق قۇملۇقلاردا قانچىلىك قونغانلىقىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى . ئۇماق بولسا سۈگەتتاغدىن قارا قوشۇن كۆلى تەرەپنى كۆزلەپ كۆچۈپ مېڭىپ بوراندا قالغانلىقىنى ، ئېزىپ قېلىپ بۇلاقكۆلدىكى قالۇچىلار ئارىسىغا بېرىپ قالغانلىقىنى ، قالاچ قاناقانى ، تايۇق ، ئۇلامخانلارنى ،

تۆمۈرنىڭ تۇغۇلۇشىنى ، «دىۋە ئادەم» چەپەرنى ۋە كېيىنكى ئىشلا-
رنى ، «ئوماقنىڭ تاختىسى» — ھازىرقى مەھەللىسىنى ، قارامتۇر
نەپسى ئۇپقان ئۇزۇن چاچلىقلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى . بولۇپمۇ ،
قالاچ قاناقانىڭ : «بالىلىرىڭ كارامەت ئادەم بولىدۇ ، ئۇغۇش -
ئەجداد بوۋىلارنىڭ ئىزلىرىنى تاپىدۇ…» دېگەنلىرى ھازىرمۇ ئۇ-
نىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ئەكس سادا بەرمەكتە ئىدى .
«قاناقا ئېيتقان زادى قانداق ئىزدۇ ، ماقاتلىقلار شۇ ئىزلار-
نىڭ بىرىمۇ ئەمەسمۇ ، ئەگەر قۇملۇقتىكى ، قاقشاللىق يېنىدىكى
ماقاتلىقلار ئۇغۇش بوۋىلىرىمىز ياتقان جاي بولسا ، ئۇلار ئۇ يەرگە
نەدىن ، قانداق كەلتۈرۈلدى ؟ قۇملۇققا نېمىشقا ئەكېلىدۇ ؟…» ئۇ
شۇلارنى خىيال قىلدى ، ئەمما خىيالىنىڭ ئاخىرىنى ئۈزەلمىدى .
ئوماق ئۇنى ئويلاپ ، بۇنى ئويلاپ ، خىيالى يەنە ئالدىنقى قېتىمدا
كۆرگەن كونا ئېقىن ئىزى بىلەن ياردائلىق ئوتتۇرىسىدىكى ماقات-
لىققا كېلىپ توختىدى . «كۇنچىققانبەگ ، تېپىقلار كۆرگەن ماقات-
لىق ، چەپەر كۆرگەن ماقاتلىق بىلەن مەن كۆرگەن ماقاتلىق بىر
قۇملۇق ئىچىدە ، قۇمدەريا بىلەن ئارغان ئارىلىقىدا ئىكەن . ئەگەر
ئۇچى ئۈچ ماقاتلىق بولسا ، نېمىشقا ئالدىنقى ئىككىسىنىڭ بىرەر-
سى بولسىمۇ ئۇچرىمايدۇ…»
— ھېلىقى كىشى نېمە ئادەم ئۇ ؟
تېپىقنىڭ سوئالى ئوماقنىڭ خىيالىنى مۇھىم يېرىدىن ئۈزۈ-
ۋەتتى .
— كىمنى دەيسەن ؟ — ئوماق بېشىنى بۇراپ تېپىققا قارىدى .
— ھېلىقى قاسىم قاق دېگەن ئادەمنى دەيمەن .
ئوماق ئەجەبلىنىپ ئىتتىك تېپىققا قارىدى .
— قانداق دەيسەن ؟
— ئۇ ماڭىدىغان چېغىدا مېنى بىر يانغا تارتىپ : «ئاڭلىسام
سىز بەگ بىلەن بىللە ماڭماي ، ئوماق بىلەن ئىككىڭلارلا ماڭىدى-
كەنسىلەر . ئۇ بەك ياخشى ئادەمكەن ، قۇملۇق ئىچىنى بەك خەتەر-
لىك دەيدۇ ، ئۇنىڭغا ئوبدان ئىگە بولۇڭ ، يالغۇز قويماڭ» دەپ

بەك جىكىلىدى . قارىسام سىزگە بەك ئامراقكەن . قانداق تونۇشۇپ قالغانتىڭلار ؟

ئوماق ياتقان يېرىدىن قوپۇپ ئولتۇردى ، «مۇنداق دېگىن» دەپ كۆڭۈللۈك ھىجىيىپ قويدى . ئۇلارنىڭ بىر تەرىپىدە تۆگىلەر يېتىپ تۇرۇپ يېگەنلىرىنى ئاۋاز چىقىرىپ كۆشەۋاتاتتى . بىر ئادەمنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈۋېلىپ بىر كۈن كەچكىچە قۇملۇقتا ھېلى دۆڭگە ئۆرلىسە ، ھېلى يەنە تۆۋەنلەپ ، ئېگىز ـ پەس بولۇپ قاتتىق ھارغان ئاتلار جىممىدە ئۇخلاۋاتاتتى .

— ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمايتتىم . كورلىغا بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈپ ، بولۇپمۇ كۆنچىققانبەگنىڭ ئىشىغا مېڭىپ يۈرۈپ تايۇق بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق ، — ئوماق ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپ قانداق تونۇشۇپ قالغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ھېلىقىدەك ئىشلىرىنى ئاغزىغا ئالمىدى ، — بىزگە ئوخشاش ئىش كۆرمىگەن ، جاھاننىڭ رەڭۋازلىقلىرىدىن زادىلا سىرتىغى يوق ئادەمگە ئۇنىڭ ياردىمى چوڭ بولدى… — دەپ ئۇنىڭ بىر قاتار ياخشى تەرەپلىرىنى سۆزلەپ بەردى .

— ۋوي ، تاماكا سۈيى ئىچسە ، بەگكە ھېچ ئىش بولماس ـ ھە ؟ !

— چاپقارادا بولما ، بىزنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزى ئىچىپ كۆرسىتىپ قويغان ، كەينىدىن بىر ـ ئىككى قاچا سۇ ئىچىۋەتسىلا ئوڭشىلىپ قالىدىكەن .

— مۇنداق ئامالمۇ بار ئىكەن ـ ھە ؟

— جاھاندا ئىشلار جىق ئىكەن . بىز قۇملۇقتىن چىقمىغاچقا ، جاھان مۇشۇ دەپلا يۈرۈيدىكەنمىز . يۇرتلارنى كۆرسە ، باشقىلار بىلەن ئارىلاشسا ، ئادەمنىڭ كۆزىمۇ ئېچىلىدىكەن ، بىلىدىغانلىرىمۇ ، ئويلايدىغىنىمۇ ، خىياللىرىمۇ كۆپ بولىدىكەن…

تۆگىلەر ئۆزىچىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى ، ئاتلارمۇ بىر تەرەپكە قاراپ قېلىشتى .

— نېمە بولغاندۇ ؟ — تېپىق شۇنداق دەپلا ياتقان يېرىدىن

چاچرىغاندەك تۇرۇپ، ئات، تۆگىلەر بويۇندىغان تەرەپكە قارىدى، — تۆگە، ئۈچ تۆگە، — دېدى-دە، باش تەرىپىگە قويۇپ قويغان شىراقلىق مىلتىقىنى قولىغا ئالدى.

ئوماقمۇ شۇئان ئۆرە بولۇپ قاراپ كۆز يېتىم يەردە بۇلار تەرەپكە قاراپ تۇرغان چوڭ-كىچىك ئۈچ تۆگىنى كۆردى. تۆگىلەر ئاي يورۇقىدا ئېنىق كۆرۈندى.

— نېمە قىلاي دەيسەن؟ — ئوماق تېپىققا قارىدى، ئاۋازىدىنلا ئۇنىڭ جۇدۇنى تۇتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى، شۇ تاپتا ئالدىنقى قېتىمدا مۇشۇ قۇملۇقتا ئېزىپ قالغىنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى ئىزدىگەن ماقاتلىق يېنىغا ئەكېلىپ قويۇپلا غايىب بولغان تۆگىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلگەنىدى، — ئاتامسەن، گۆشىنى يەمدۇق ياكى گۆش-تېرىسىنى ئېلىپ كېتەمدۇق؟

— ئۆزى كېلىپ قالغاندىكىن ئاتاي دېگەن.

ئوماق ئالدىنقى سەپىرىدىكى تۆگىلەرنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بەردى.

— ۋۇي، شۇنداق ئىشمۇ بولدىما، بۇلار شۇ تۆگىلەردىن بولمىسۇن يەنە، تاس قاپتىمەن، ماۋۇ تۆگىلەرگە يانتاقتىن جىقراق تۆكۈپ بېرىپ، ئاتنى ئېلىپ نېرىغا كېتىپ قاراپ تۇرايلى، ئۇلار تۆگىلەرنىڭ يېنىغا چوقۇم كېلىدۇ، — دېدى تېپىق.

— ئۇلار بىزنى كۆرۈپ بولغاندۇ، كەلمەسمىكىن.

— تۆگىنىڭ كۆزى كېچىسى سەللا يىراقتىكى نەرسىنى ئىلغا قىلالمايدۇ، پەقەت تۆگىنىڭ ئىدىنى[1] خېلى يىراقتىنلا بىلىۋالىدۇ.

ئۇلار مەخسۇس تۆگىلەرگە دەپ ئۇششاق توغرالغان يانتاقتىن ئىككى تاغار ئېلىۋالغانىدى. بىر تاغاردىكى يانتاقنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تۆگىلەر ئەتراپىغا بىرنەچچە يەرگە تۆكۈپ قويۇپ نېرىغا كەتتى.

دېگەندەك، ھېلىقى تۆگىلەر بىر دەسسەپ-ئىككى دەسسەپ بۇلارنىڭ تۆگىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزئارا ھىدلاشقاندىن كېيىن

① ئىد — ھىد، پۇراق.

ۋاشىلدىتىپ يانتاقلارنى يېيىشكە باشلىدى .

— ياۋا تۆگىلەر ئاچ قالمىسىلا كېچىسى مېڭىپ يۈرمەيدۇ ، بۇلار ئاچ قاپتىكەن ، — دېدى تېيىق پەس ئاۋازدا .

قۇمدىن باشقا ھېچنېمە يوق بۇ جەزىرە ـ دەشت قۇملۇقتا كېچىدە تېنەپ يۈرگەن ياۋا تۆگىلەرنىڭ ئۆزلىرى تۆكۈپ قويغان يانتاقنى يېگەنلىكىدىن ئوماق ئۆزىنى خۇشال ھېس قىلماقتا ئىدى . ئۇ ھېلىقى ئىشتىن كېيىن ياۋا تۆگىلەرنى قانداقتۇر بىر خىل خاسىيەتلىك ھايۋان دەپ قارايدىغان بولدى ...

ئوماق ، تېيىقلار ئۆزلىرىنىڭ قاچان ئۇخلاپ قېلىشقىنىنى بىلمىدى . ئۇلار ياۋا تۆگىلەرگە قاراپ يېتىپ ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كىرپىك قېقىشتى . ئۇلار ئويغانغاندا تاڭ يورۇپ قالغانىدى . كۆزلىرىنى ئېچىپلا تۆگىلەرگە قارىدى . ئۆزلىرىنىڭ تۆگىلىرى چۇشەپ قويغان بويىچە تۇراتتى ، ياۋا تۆگىلەر كۆرۈنمەيتتى . ئۇلار يېقىن بېرىپ قارىدى ، تۆكۈپ قويغان ئوتلار پاك ـ پاكىز تۈگىگەنىدى . ئىزىدىن بىلدىكى ، ئۇلار ئاياغ تەرەپكە كەتكەنىدى .

— قانداق قىلىمىز ؟ — تېيىق سورىدى .

— ئاخشام دېيىشكىنىمىز بويىچە كۈنپېتىشقا قاراپ ماڭايلى ، ماقاتلىق ئۇچراپ قالسا ، ئۇنى كۆرەرمىز ، بولمىسا تارىم دەرياسىغا ئۇسىمىز شۇ ، چوڭ يولغا چۇشۇپ مەھەللىگە كەتمەمدۇق ، — دېدى ئوماق .

تېيىقنىڭ كۆڭلى تىندى . ئۇ ئوماق ياۋا تۆگىلەرنىڭ ئىزى بىلەن ماڭايلى ، دەمدىكىن دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدى . ئەگەر تۆگىلەرنىڭ ئىزىنى قوغلىشىپ ماڭىدىغان بولسا ، كۆلشەھىرى تەرەپكە كېتىپ قېلىپ ، قايتىپ كەلمەك تەس بولاتتى ، ئۇلار ئەتىگەنلىك تاماقىغا ئىككى كېسىمدىن بۇلماق قاتمىسى بىلەن بىردىن پوستلاق قويمىسى يېدى . ئات ، تۆگىلەرنى سۇغا قاندۇرۇۋېلىپ ، ئۇچىنچى كۈنلۈك سەپىرىنى باشلىدى . ئەتراپ تۈنۈگۈنكىدەك چەكسىز قۇم ، قۇم دۆڭلىرى . ئوماق ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا ماڭغان قۇملۇققا ئوخشىمايدىكەن دېسە ، قۇم دۆڭلىرىنىڭ قويۇق ـ شالاڭلىقى ئوخشى-

مايدىغاندەك ، ئوخشىمامدىكىن دېسە ، بىر يەرلىرى ئوخشاپ قېلى-
ۋاتقان .
— تېپىق ، سەن بۇ قۇملۇقتا مېڭىپ باققانمۇ ؟
— بۇ ئون - يىگىرمە يىل ئىچىدە مېڭىپ باقمىغاندەك
قىلىمەن .
— قانداقسىگە دەيسەن ؟
— بۇ قۇملۇقـتا ئېگىز كـەن دېـگۈدەك قۇم دۆڭلىرى يوق
ئىكەن .
— مەنمۇ بۇنىڭـغا هەيـران قېلىـۋاتىمەن . نېمىشقا شۇنداق
بولىدۇ ؟
— بۇنى مەن قانداق بىلىمەن .
ئۇلار بۇ قۇملۇق توغرىسىدا ئەنە شۇنداق پاراڭلار بىلەن بولۇپ
خېلى ماڭدى ، تېپىق ئارىلاپ قۇم دۆڭلىرىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ
قويياتتى . چۈشكە يېقىن ئۇلار خېلىلا ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ
يېنىغا كېلىپ قالدى . تېپىق قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ
باقماقچى بولدى . ئات بىلەن چىقاي دېسە ، ئاتنى هارغۇزۇپ قويى-
دۇ ، ئالدىدا باسىدىغان يەنە قانچىلىك قۇملۇق بار ، بىلگىلى بولماي-
دۇ ، ئاتنى ئاياش كېرەك . ئۇ ئاتنى ئوماققا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ،
يانباغىرلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى . قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چى-
قىپ ، ئۇ تەرەپكە قاراپلا :
— كىچىك بىر مەهەللە بـار ئىـكەن ، ئـادەم باردەك
قىلمايدۇ ، — دېدى ئۈنلۈك .
— مەهەللە ! — ئوماق شۇنداق دەپلا تېپىقنىڭ چۈشۈشىنى
ساقلىماي ئاتتىن چۈشتى - دە ، ئات ، تۆگىلەرنى يېتىلىگىنىچە
قۇم دۆۋىسىگە قاراپ ماڭدى . ئۇ بىر قەدەم ئالدىغا ئۆرلىسە ،
ئىككى قەدەم كەينىگە سىيرىلەتتى ، قۇم دۆۋىسى ئېگىزلەپ ئۇنىڭ
بىلەن بولغان ئارىلىقى ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . ئۇمۇ
تېپىققا ئوخشاش يانباغىرلاپ مېڭىشى كېرەك ئىدى ، بۇنداق قىلى-
غاندا ۋاقىت كۆپرەك كەتكەن بىلەن ، كۈچ كۆپ كەتمەيتتى . پەللى-

گە پەم بىلەن يېتىش كېرەك ، ئۇ داۋانلىق بولغاندا تېخىمۇ شۇنـ
داق . قارا كۈچكە تايىنىپ قاراملىق بىلەن ئىش كۆرسە، كۆپ
ھاللاردا نەتىجە ئەكسىچە بولۇپ قالىدۇ . ئوماق كۈچىنىڭ يېرىمى
خوراپ بولغاندا ، تېپىق ماڭغان ئىز بىلەن يانباغىرلاپ ئوشۇقتىغىچە
قومغا پېتىپ قەدىمىنى تەستە يۆتكەپ ئۆرلىمەكتە .
قومۇش ، يېكەن ، يۇلغۇن شاخلىرى ئارىلاش ياسالغان يىگىر۔
مە نەچچە ئۆيلۈك ساتمىنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمى بىلىگىچە قومغا
كۆمۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۆز سىياقىدا تۇراتتى ، قالغانلىرىنىڭ
بەزىلىرى يېرىم - يارتا ، بەزىلىرى پۈتۈنلەي چۇۋۇق ، بەزىلىرى
ياغاچلىرىلا قومدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان ۋەيرانە ھالەتتە
تۇراتتى . ساتمىلار رەتسىز ، قالايمىقان ياسالغان بولۇپ ، ئۆز سىيا۔
قىنى ساقلاپ تۇرغان ساتمىلارنىڭ ياغاچلىرىدىن ، تۈجۈپلەپ ياسى۔
لىشىدىن ، بۇ ساتما ئىگىلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ، شارائىتىنىڭ
بىرقەدەر ياخشىلىقىنى بىلگىلى بولاتتى . ئوماق قومۇشلارنى ، يۇل۔
غۇن شاخلىرىنى تۇتۇپ باقتى ، بۇ ساتمىلارنىڭ تاشلىۋېتىلگىنىگە
ئۇزاق بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇلار ئات ، تۆگىلەرنىڭ ئالدى۔
غا يەملىك تاشلاپ بېرىپ ، ئەتراپقا قاراپ باقتى . مەھەللىدىن ئۈچ
يۈز قەدەمچە نېرىسىدىكى پاكارراق قوم دۆۋىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە
ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى بىر ئېقىن ئىزى تۇراتتى . ئېقىن ئىچى
قومدا كۆمۈلۈپ كەتكەچكە ئارانلا بىلىنىپ تۇراتتى . ئۆز ۋاقتىدا
ئېقىن بويىدا يۇلغۇن ، قومۇش ، يېكەن بولغان بولۇشى مۇمكىن ،
لېكىن ئەتراپتا توغراقلىق بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق
ئالامەت كۆرۈنمەيتتى .
ئوماق ، تېپىقلار ساق ساتمىلارنى ئارىلىدى . ساتمىلار شامال
يۆنىلىشىگە كەينىنى قىلىپ ياسالغاچقا ، كەينى ، ئىككى يېنى قومغا
كۆمۈلۈپ تۇرسىمۇ ، ئالدى تەرىپى يېرىم ئېچىق ئىدى . ئۇلار
ئىككى ساتمىنىڭ ئالدىدىكى قومنى تارتىۋېتىپ ، ئىشىكنى ئېچىپ
ئىچىگە كىرىپ قاراپ باقتى . بىر ساتمىدا بىرنەچچە يېرى يىرتىل۔
غان ، رەڭگى ئۆچكەن بىر پارچە پالاس ، يەنە بىرنەچچە پارچە قىل ،



www.uyghurkitap.com

چىگە تالاسىدا ئەشكەن ئارغامچا پارچىلىرى تۇراتتى . ئۈچىنچى بىر ساتمىدا بىر تەرىپى يىرىلىپ كەتكەن چوڭراق كىر تەڭنىسى تۇراتتى . تېپىق تەڭنىنى ئىتتىك قولىغا ئېلىپ ، ئۇ يېنى ـ بۇ يېنىغا ئۆزاق قاراپ تۇرۇپ كېتىپ دوم قىلىپ تېگىگە قارىدى .

— ئوماق ، مانىڭغا قاراڭ ، — ئاۋازىدىن تېپىقنىڭ ھاياجانلىنىپ كەتكىنى بىلىنىپ تۇراتتى .

ئوماق تەڭنىنىڭ تېگىگە قارىدى ، تەڭنىنىڭ تېگىدە ئويۇپ چىقىرىلغان ئوقيا بەلگىسى تۇراتتى . تېپىق تەڭنىنى سۇپىغا دوم پېتى قويۇپ قويۇپ ، تالاغا چىقىپ كېتىپ ھايال بولماي بىر ئېگەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ تەڭنىنىڭ يېنىغا تەتۈرىگە قىلىپ قويدى .

— بۇنىڭغا قاراپ بېقىڭ ، — دېدى تېپىق ئېگەرنىڭ ئاستىدىكى بىر يەرنى كۆرسىتىپ ، — بۇ ئىككى بەلگىنىڭ ئويۇلۇشى بىر ـ بىرىگە ئوخشامدىكەن ؟ !

ئوماق تەڭنىنىڭ تېگىدىكى ئوقيا بەلگىسى بىلەن ئېگەرنىڭ ئاستىدىكى ئوقيا بەلگىسىگە زەن سېلىپ قارىدى . ئىككى ئوقيا بەلگىسىنىڭ ئويۇلۇش شەكلى ئوپموئوخشاش ئىدى .

ئوماق بېشىنى كۆتۈرۈپ تېپىققا قارىدى . ئاندىن ئۇنىڭدىن :

— بۇ نېمە ئىش ؟ ! — دەپ سورىدى . ئېنىقكى ، ئۇ ھەيران قېلىۋاتاتتى .

تېپىق ساتمىنىڭ تۆت تەرىپىگە تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن ، ئۈستىنى قۇم بېسىپ كەتكەن سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى . ئۇنىڭ گەپنى ئۆزاقتىن باشلايدىغىنىنى قىياس قىلىپ ، ئوماقمۇ ئولتۇردى .

— بىزنىڭ ئۆيدىكى چۆچەك ، كاسا ، پۇرۇچ ، تەڭنە ، ئېگەر قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئوقيا بەلگىسى بار . مەن بۇنداق بەلگە چۈشۈرۈشنى ئاتامدىن ئۆگىنىۋالغان ، ئاتام ئاتىسىدىن ئۆگىنىپتىكەن . ئاتامنىڭ دەپ بېرىشىچە ، چوڭ بوۋىمىز ئالامەت ئوقياچى ئىكەندۇق . شۇنداق تېز ئۈچىدىغان

تورغاينىمۇ دەل چىنەپ ئاتالايدىكەندۇق . ئۆزىنىڭ ئوقياچىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن چۆچەك ، كاسا ، تەڭنە ، چارا ، ئېگەر چاپقاندا ئاستىغا ئوقيا شەكلىنى ئويۇپ قويىدىغان بولغانىكەن . بۇنداق قىلىشنى ئاتىدىن بالا ، بالىدىن بالا ئۆگىنىپ ، ئۇرۇق - جەمەتىمىزنىڭ ئىرەمگە[1] ئايلىنىپ كەتكەنىكەن ، — دېدى تېيىق .

— گېپىڭچە بولغاندا ، چوڭ بوۋاڭ مۇشۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇپتىكەن - دە ؟

— ئۇنى بىلمەيمەن ، — دېدى تېيىق ، — ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە ، كىچىك بوۋام[2] قۇمدەريا بىلەن قارادايى ئارىلىقىدىكى بىر كىچىك ئېقىن بويىدا ئولتۇرۇپتىكەن .

ئۇماق ئېنىق بىلدىكى ، ئۇلار ھازىر قۇمدەريا بىلەن قارادايى ئارىلىقىدا ئىدى . كۆنپېتىشقا قاراپ مېڭىۋەرسە ، كەچكىچە قارادايىغا ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىرەر ئوتاققا بېرىۋالغىلى بولاتتى . ئۇماق چۈشلۈك تاماق يەۋالدى ، ئات - تۆگىلەرنى سۇغىرىۋالدى ، تېيىق ھېلىقى تەڭنىنى بوشىغان تاغارغا سېلىپ ، بىر تۆگىگە ئارتىپ قويدى .

ئۇلار كونا ئېقىن ئىچى بىلەن كۆنپېتىش تەرەپكە يول ئالدى . «ھەممە ئۇغۇش بوۋىلىرىمىز تېيىقنىڭ بوۋىلىرىدەك ئاشۇنچىلىك بىرەر ئىز - بەلگە قويۇپ كەتكەن بولسا قانچە ياخشى بولار ئىدى . مانا ، ئاشۇ كىچىككىنە بەلگىدىن بۇ مەھەللىدە ئۇنىڭ بىر بوۋىسىنىڭ ئولتۇرغىنىنى بىلدۇق ، يەنە شۇ ئىز - بەلگىدىن يولىمىزنى تېپىپ كېتىۋاتىمىز...» دېگەنلەرنى ئويلىدى ، ئۇماق كېتىۋېتىپ .

## 8

باھارنىڭ ھۆسنىگە تولغان قىيام مەزگىلى . بۇ چاغدا قۇملۇقنىڭ چەت ياقىسىدىكى يۇرت - دالىلار باھارغا : «مەرھابا !» دەپ

---

[1] ئىرەم — ئادەت .
[2] كىچىك بوۋا — تۆتىنچى ئوغۇش بوۋا .

تەنتەنە قىلىپ ، باغلاردا ھەر خىل چېچەكلەر ، گۈلچىمەنلەردە رەڭ-
گارەڭ گۈل - غۇنچىلار ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتىدۇ . تەبىئەتنى
كۆزنى قاماشتۇرغۇچى تۈمەن خىل گۈل - چېچەكلىك گۈزەل تون
ئورايدۇ ، ئېرىق بويلىرىدىن گۈپپىدە يالپۇز ھىدى كېلىدۇ ، ھەممە
ياقتىن باھار پۇرىقى كېلىدۇ . ھەتتا گۈلسىز گىياھ - قىياقلارمۇ
باھار پۇرايدۇ ، گۈل پۇرايدۇ . باھـار قۇشلـىرى بـاغ ، داللاردا
بىر - بىرىگە جور بولۇشۇپ بەس - بەستە سايرىشىدۇ . ئۇلارنىڭ
ھەر خىل ئۇندە سايراشلىرى باغدىن ئىبارەت بۇ سەھنىدە ياڭراق ،
يېقىملىق خور ھاسىل قىلىدۇ . قۇملۇقنىڭ باھار ھۆسنى بولسا
ئۆزگىچە . بۇ يەردە ، ئۇ يۇرتلاردىكىدەك باغۇبوستان ، گۈلزارلىقلار
يوق . بۇ يەردە ، دىماغقا ئۇرۇلىدىغىنى توغراق ھىدى . بۇ يەرنىڭ
گۈل - چېچىكى ئۇجۇل ، كامپاش . بۇلارنىڭ ھىدىغا بېلىق پۇرىقى
قوشۇلىدۇ ، ھەتتا كىشىلەرنىڭ تىنىقىدىنمۇ بېلىق پۇرىقى كېلىد-
دۇ . كۆل ، دەريا بويلىرىدا غاز - ئۆردەك ، ئۇقار ، سۇقسۇرلارنىڭ
غاقىلدىغان ، قىي - قۇلىغان ئاۋازلىرى . مەھەللە ئەتراپىدا تورغاي-
لارنىڭ چۇچۇلىشى... قۇملۇقنىڭ باھار چېغىدىكى مەنزىرىسى مانا
شۇنداق سىدام . تەبىئەتنىڭ رەڭدارلىقى ، تۈسمۇتۈسلۈك گۈل -
چېچەكلىك مەنزىرىسى بۇ يەردە يوق . كىشىلەر بۇ سىداملىقىقا
كۆنۈپ كەتكەن . ئەمما ، يۇلغۇنلار قان - چوغ رەڭدە غۇچچىدە
ئېچىلغان چاغدىكى ئاجايىپ يارقىن ، گۈزەل مەنزىرىنى ، بۇ قۇم-
لۇقتىن باشقا جايدىكى يۇرتلاردىن ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدۇ .
ئېھ ، يۇلغۇن چېچىكى— قان رەڭ چېچەك ، قانلىق چېچەك !
چوغلۇق چېچەك ! !

كۆكلەم مەۋسۈمىنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان ئوچۇق كۈنلىرىدە ،
ئوماقنىڭ تاختىسى — ئوماق مەھەللىسىدىكى كىشىلەر يېقىنقى
ئىككى ھەپتىدىن بۇيان ئالدىراش بولۇپ كەتتى . ئەرلەر ھەر ئەتى-
گىنى تور ، مانجا ، شاشقاقلىرىنى كۆتۈرۈپ كۆللەرگە ، تارىم دەر-
ياسىغا يول ئېلىشىدۇ ، كەچتە تاغار - تاغارلاپ بېلىق تۇتۇپ
كېلىپ ئاياللارغا تۆكۈپ بېرىشىدۇ . ئاياللارنىڭ بىر قىسمى بېلىق-

لارنىڭ ئىچ ـ قارنىنى ئېلىپ تازىلايدۇ ، قاسىراقلىرىدىن ئاجرىتىدۇ ، بىر قىسمى بېلىق پوستىلىقىنى قۇيىدۇ ، بىر قىسملىرى بولسا تازىلانغان بېلىقلارنى تاغارلارغا قاچىلاپ قۇمـدىكى چوڭقۇر كولاپ ئۇدۇللۇق كۆمىدۇ .[1] پالاس ، چەكمەن ، رەخت توقۇشقا ئۇستا يەنە بىر قىسىم ئاياللار بولسا ، قايىسىنىڭ بىلى تالسا ، ئاغرىسا ، ئورنىغا ئولتۇرۇپ بورۇن[2] يېنىدىن ئادەم ئۆزۈلمەي پالاس ، رەخت توقۇشىدۇ . ئۇماق ئائىلىسىدىكىلەر تېخىمۇ ئالدىراش . مەھەللىدىكى ئالدىـراشلىـقنىڭ ھەممىسى شۇ ئائىلىگە مەركەزلەشكەن .

— نېمىشقا ؟

— توي ئىشى بولىمىدۇ .

— كىمنىڭ تويى ؟

— ئۆردەكنىڭ .

— ئۆردەكنىڭ ؟ ! ۋۇي ، ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا بۇنداق گەپ يوق ئىدىغۇ ، تېخى كېلەر يىلى قىلىساق بولامدىكىن ، دەۋاتاتتىغۇ .

— ئەسلىدىغۇ شۇنداق ئىدى ، ئىككى ئىش ئۇلارنى توي قىلىشقا قىستاپ قويىدى .

— قايسى ئىككى ئىش ؟

— بىر ئاينىڭ ئالدىدا چارىدىكى ئەزىمباقىنىڭ خوتۇنى تۇلەمخان ئۇماق بىلەن ئايقۇتنى چاقىرتقۇزۇپ : «مەن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن ، كۆزۈمنىڭ يورۇقىدا قىزىمنىڭ تويىنى كۆرۈۋالسام» دەپ ئۆتۈنۈش قىپتۇ . ئۇماق بىلەن ئايقۇتمۇ ماقۇل بوپتۇ . بۇ ، بىر ئىش . يەنە بىر ئىش ، كېلەر يىلى دۆرالغا ئەتراپىنى سېپىل بىلەن ئوراپ ئەسكەرخانا سالىدىكەنغۇ .

— ھە ، بۇنىڭدىن سىرتىغىم بار .

— شۇ سېپىلگە ئىشلەشكە ھازىردىن باشلاپ ئادەم تىزىملاۋېتىپتۇغۇ .

---

① بېلىقنى ئىچ ـ قارنىدىن ئايرىۋېتىپ ، قۇمغا چوڭقۇر كۆمۈرۈپ قويسا ، يېگى پىتى تۇرىدۇ .
② بورۇن — پالاس ، رەخت توقۇش سايمىنى ، دەستىگاھ .

— ھە ، بۇنىمۇ بىلىمەن .

— ئەسلىدە بىر ئۆيدىن بىرلا ئادەم تىزىملايدىكەندۇق ، ئوماقلارغا كەلگەندە تۆمۈر بىلەن ئۆردەكنى تىزىملىدى . كېتىدىغان چېغىدا : «بۇ دېگەن خانلىق قۇرۇلۇش ، كىمكى تىزىملىغان بويىچە بارمىسا قاتتىق جازالىنىدۇ» دەپ قورقاق سالدى . شۇنىڭ بىلەن ئوماقلار : «سىپىل قاچان پۈتىدۇ ، قاچان قايتىپ كېلىدۇ ، تويىنى قىلىشقا تەسەك بولغۇدەك» دېگەن يەرگە كېلىشتى .

— بىر ئۆيدىن ئىككى ئادەمنى تىزىملىغان كىمنىڭ ئىشى ئۇ ، ئۇنداق ئەمەستىغۇ ؟

— بۇ ھېلىقى كوسا مانجۇنىڭ ئىشى بولمامدۇ . ئۇ كوسا ئوغرى ئالغان ئالتە ئېتىنى تاپالماي ، شۇنىڭ قورساق كۆپۈك ئاچچىقىنى ئوماقلاردىن چىقارماق بولغان گەپ .

— ھەي خاپان ، ئۆتكەندە تىكەنلىككە بارغاندا بۇ ئىشنى نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭ ؟

— ھەي ! مېنىڭ مۇشۇ خاپان كاللام ، شۇ چاغدىلا سىزگە ئېيتقان بولسام ، سىز يۇرت بېگى بولغاندىكىن ، بۇ ئىشنى ئوڭشايتتىڭىز ئەمەسمۇ ، — تۇردۇش بۇ ئىشنى ئۆز ۋاقتىدىلا ناسىربەگكە دەپ قويمىغىنىدىغا قاتتىق ئۆكۈنۈپ پېشانىسىگە نوقۇپ كەتتى .

ناسىربەگ ئوماقنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ، ئۆيدە مەھەللىدىكى چوڭ ياشلىقلاردىن بەش - ئالتە ئادەم بار ئىدى ، ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ بەگكە ھۆرمەت بىلدۈردى . بەگ سۆپىغا چىقىپ ئولتۇردى ، باشقىلارمۇ ئۆز ئورنىنى تېپىپ قايتىدىن ئولتۇرۇشتى .

— تويغا تۇتۇش قىپسىلەر ، ماڭا دەپمۇ قويماپسىلەر ، ھە ، ئوماق ، مەن قىلىدىغان قانداق ئىشلار بار ، كەم - كۈتە ئىشلار بولسا دېگىن ، مەن تەييارلىغاچ تۇراي ، — دېدى ناسىربەگ ، ھەممىسى بىلەن ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن .

ئوماق جاۋاب بەرگۈچە ، تۇردۇش ئېغىز ئېچىۋالدى :

— تويغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى مەھەللىدىكىلەر قولمۇقول

تۈتۈش قىلىپ تەقلەپ قويدۇق ، قالغىنىنى كېلەر ھەپتىگىچە تەي-يارلاپ بولىمىز . «ئوماقنىڭ تاختىسى»غا مەھەللە بولۇپ ئۈيۈش-قاندىن بۇيان ئۆلۈملا ئۆزىتىپ ، ئاران بىر قېتىملا توي ئۆتىناپتۇق . بۇ تويىنى شۇنداق قىزىتىۋېتىمىزكى ، قانغۇچە قوشاق ئېيتىشىمىز.

— تويغا كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن بېلىقنى تەييارلاپ بولغان ئوخشايسىلەر . بۇ تويغا ئاز ئادەم كەلمەس ، ئۇلارنى يانتۇزۇپ - قويۇقۇزۇش ئىشىنى قانداق قىلماقچى ؟

— ئۆي - ئۆيگە ئېلىپ كېتىمىز شۇ .

— ھەي خاپان ، توينى سەن ئۆتكۈزەمسەن ، ئوماقمۇ ؟ ئوماق-لارغا قىز بېرىۋېلىپ ، ئەمدى ئۇلارنىڭ توي ئىشىنىڭ ئىگىسى بولۇۋالدىڭمۇ نېمە ، — دېدى ناسىربەگ تۇردۇشقا قاراپ .

ئۆيدىكى ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى . تۇر-دۇشنىڭ ئۆزىمۇ كۈلدىيۇ ، ئەمما قۇلىقىغىچە بەقەمدەك قىزىرىپ كەتتى .

— مېھمانلارنى مەھەللىدىكىلەر ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىدۇ . ئۆي بويىچە كېلىپ قالىدىغانلار بولۇپ قالسا... — ئوماق گېپىنى توختىتىۋالدى .

— مەن مۇشۇنى دېمەكچىدىم . تايۇق ، توختىكۆل ، تالىش-قول ، يەنە باشقىلارنى ئۆي بويىچە كەلمەيدۇ دېيەلەمدۇق ، بولدى ، بۇ تەرەپتىكى تەييارلىقنى مەن قىلاي . يەنە بىر ئىش ، — دېدى ناسىربەگ ، — تولەمخان تول خوتۇن ھەم ئاغرىق . ئۇ تەرەپنىڭ تەييارلىق ئىشىنى ئالىباي ئاقساقالغا تاپشۇراي ، ئۇ ئۈستىگە ئالسۇن .

— شۇنداق قىلىدىغان بولغان ، — دېدى تايۇق .

— ئۇنداق بولسا ياخشى ، توي كۈنى بەكىتىلگەنمۇ ؟

— كېيىنكى ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنى قىلىدىغان بولدۇق .

ناسىربەگ بارماقلىرىنى پۈكۈپ ھېسابلاپ :

— توققۇز كۈن قاپتۇ ، ھە ، ئابدالغا ئادەم ماڭدىمۇ ؟ — دېدى .

— ئالدىنقى كۈنى توختاقنى ماڭدۇردۇم ، — دېدى ئۇماق .
— ياخشى ، ئۇنداق بولسا ، سىلەر ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭ-لار ، مەن ئۆز ئىشىمغا تۇتۇش قىلاي ، — ناسىربەگ ئۆيدىن چىقىپ بولۇپ ، ئۇماققا قاراپ ، — سەن ئانچە جاپقاراپ كەتمە ، ئۆردەكنىڭ تويىنى دەبدەگەيلىك قىلىمىز ، سەن ئىگە بولۇپ تۇرۇپ بەرسەڭلا بولىدۇ ، — دېدى - دە ، ئۆزەڭگىگە پۇتىنى قويۇپلا ئاتنىڭ بېقىنىغا دېۋىتىش بىلەن تەڭ تىزگىنىنى قاتتىق سىلكىدى . چىلان تورۇق ئات خوجايىنىنىڭ ئالدىرىغىنىنى بىلگەندەك ، يۇمشاق قۇمنى تو-زۇتقىنىچە چېپىپ چىقىپ كەتتى...

ئۇماق ، ئايقۇت ، ئالىباي ئاقساقاللار تويىنى ئۆزلىرى ئىگە بولۇپ كەڭ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ ، تولەمخان ئېرى يوق ، ئۆزى ئاغرىپ ياتقان ئەھۋالدا تۇنجى بالىسىنىڭ تويىنىڭ چۆپچۆل بولۇپ قېلىشىنى ئويلىسىلا كۆڭلى بەك يېرىم بولاتتى . بىر كۈنى ، ئۇ تۆشەكتە يېرىم ئۆرە بولۇپ ، دۆلەتخاننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ :

— قىزىم ، ئاتاڭ يوق ، مەن ئاغرىق ، جىق نەرسىلىرىڭ چالا قالىدىغان بولدى ، قىلالىغىنىڭچە تەييارلاپ تۇرارسەن ، قالغى-نىغا مەھەللە - يۇرت بولغاندىكىن بىر گەپ بولار ، — دەپ مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ كۆز يېشى قىلغانىدى .

لېكىن ، تويدىن تولەمخاننىڭمۇ ، قىزى دۆلەتخاننىڭمۇ يېرىم كۆڭلى پۈتۈنلىنىپ قالدى . چارىدا قىز تويى ئىلگىرى دۆلەتخاننىڭ تويىدەك بۇنداق توقچىلىق ، كۆڭۈللۈك ، داغدۇغىلىق بولمىغانىد-دى . بېلىق ، ئۇجۇل ئۇمچى چوڭلارغا بار ، بالىلارغا يوق بولۇپ ، ئاساسەن قوشاق ئېيتىشىپلا قىز كۆچۈرۈلۈپ كېتەتتى ، ئەمما دۆلەتخاننىڭ تويى ھەقىقەتەن داغدۇغىلىق ، ئالاھىدە بول-دى . تويدا مېھمانلارغا تارتىلىدىغان بېلىق ، ئۇجۇل - جىگدە تالقىنىنى ئالىباي ئاقساقال يېتەرلىك تەييارلاپ قويغان بولسىمۇ ، ئۇماقمۇ يەنە خېلى جىق ئەكېلىپ بەرگەنىدى .

توي مەھەللە يېنىدىكى بىر قۇملۇق تۇزدە ئۆتكۈزۈلدى . بىر

قوْم دوْۋىسى ئوْستىگە ئورۇن راسلاپ، توْلەمخاننى قوش - قوش كوْرپە ئوْستىدە پەر تەكىيە، ياستوْقلارغا يوْلەندۇرۇپ قويدى. ئۇ شۇ يەردە تويىنىڭ جىمى جەريانىنى كوْرۇپ توْردى. ئوْنىڭغا مەھەللىدىكى بىرقانچە ئايال بىلەن بىللە ئايقوْت، ئايسوْلوْ، ئوْجۇلخانلار ھەمراھ بولوْپ يېنىدا توْردى.

تويغا يېقىن ئەتراپ مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ ھەممىسى كەلگەندى. بېلىق، ئوْجوْل ئوْمىچى چوڭ - كىچىك ھەممە كىشىگە يەمسەن، ياق، دىگوْچىلىك كەڭ تارتىلدى. داستىخان يىغىشتوْرۇلغاندىن كېيىن، شۇ مەيداننىڭ ئوْزىدە قوشاق ئېيتىشىش بولدى. لوپنا، توي - توْكۈنىنىڭ قىيامى، ئەۋجى، قوشاق ئېيتىشىش.

بىرىنچى بولوْپ قوشاقنى توْردۇش باشلىدى:

قاۋۇشۇشتوْق[1]، ئوْلوْغ تارىم بويوْدا[2]،
سورۇن توْزوْپ دوْلەتخاننى[3] تويوْدا[4].
توي تامالاپ چارالىقنى[5] كوْزلوْروْ[6]،
قالار بولدۇ[7] يېغى مەلە يولوْدا[8].

ئوْردەك، دوْلەت[9] خوْشلوْق بولغاي كوْنوْڭلار،
بىر تىنىقتەك تەڭ - قوش چىققاي ئوْنوْڭلار.
قوشماقلارغا تىلەيلى بىز بەخت - قوْت،
ئېجىل بولوْپ ئوْزوْن ئوْمور سوْروْڭلار.

توْردوْشتىن كېيىن چارا ۋە باشقا مەھەللىلەردىن بولوْپ سەككىز - ئوندەك ئەر - ئايال ئوتتۇرىغا چىقىپ بەس - بەستە قوشاق

---

① قاۋۇشۇش — ئۇيۇشۇش، جەم بولۇش، بىرىكىش.
② بويۇدا — بويىدا.
③ دوْلەتخاننى — دوْلەتخاننىڭ.
① تويۇدا — تويىدا.
⑤ چارالىقنى — چارىلىقنىڭ.
⑥ كوْزلۇرۇ — كوْزلىرى.
⑦ بولدۇ — بولدى.
⑧ يولۇدا — يولىدا.
⑨ دوْلەت — دوْلەتخان.

ئېيتىشتى. ھېچ كىشىنىڭ قوشىقىدا ئىلگىرىكىدەك قەبىلىچە-لىك، يۇرتۋازلىق قىلىدىغان، دارىتمىلاپ چاقىدىغان، ئۆزىنى كۆتۈرۈپ، باشقىلارنى چۆكۈرىدىغان ئەھۋال چەككى بولمىدى، ئىنتايىن كۆڭۈللۈك، ھەممە كىشى ئۇز ۇنغىچە ئارز ۇسىنى يېگو-دەك بولدى. كىشىلەر قانىدىغان، بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس. توينى كۆچۈرۈش كېرەك. ئالىباي ئاقساقال ئوتتۇرىغا چىقىپ توينىڭ تارقىغانلىقىنى، قوشاق ئېيتىششىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى، توينى كۆچۈرۈپ قىزنى ئېلىپ ماڭسا بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان-دىن كېيىنمۇ كىشىلەر تارقالماي چۇۋۇلدۇشۇپلا كەتتى.

ئالدى بىلەن ئايقۇت، ئۇجۇلخان ۋە مەھەللىدىكى بەردەست ئالتە ئايال تولەمخاننى چوڭ پالاسنىڭ توت ئۇچى، ئوتتۇرىسىدىن تۇتۇپ كۆتۈر ـ كۆتۈر قىلىپ ئۆيگە ئەكىرىپ چىرايلىق ياتقۇز ۇپ قويۇپ خوشلىشىپ چىقتى. تولەمخاننى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، ئۇ ئۆزىنى ئۇچار گىلەم ئۇستىدە، تەخت پەرىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدى، بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى.

ئوماق، تايۇق، تالىشقۇللار كورلىغا قاتىرىغان چاغلىرىنىڭ بىرىدە، كۆچۈرۈپ مېڭىلغان بىر توينى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇپ قالغانىدى. شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە: «بىزمۇ توينى مۇشۇن-داق دەبدەبەيلەپ كۆچۈرسەك...» دېگەن تۇيغۇ تۇغۇلغانىدى. بۇنى بىلگەندەكلا، كۇنچىققانبەگنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئاقئۇلامنى ئو-ماق، تايۇقلار كورلىدىن سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بەرگەن ھارۋا بىلەن ئەۋەتكىنى بەك ياخشى بولدى. ئابدالدىن كېلىدىغانلارنىڭ ئالدى تويدىن بىر ھەپتە بۇرۇن، كەينى ئەتە توي دېگەن كۇنى كەلگەن-دى. ئاقئۇلام تويدىن ئىككى كۇن بۇرۇن كەلدى.

ھارۋا ئالاھىدە جابدۇلۇپ، ھارۋىغا قاتقان ئۇچ ئاتنىڭ پېشانى-سىگە ئۇزۇن قىزىل شەلپەر باغلانغانىدى. بۇ، توي ھارۋىسىغا ئالامەت ئىسكەت كىرگۈزۈۋەتتى. يېڭى كېلىن بىلەن ئۇنىڭ يەڭگە ـ دوستلىرى بولۇپ بەشى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇلدى. ئۇچ ئاتنىڭ يېنىدا ئۇزۇن دەستىلىك قامچىنى تۇتۇپ ئۇجۇلخان تۇرات-تى. «بۇگۇنكى توي ھارۋىسىنى ئۆزۇم ھەيدەيمەن» دەپ، بالدۇرلا

www.uyghurkitap.com

تالىشقۇلىنىڭ قولىدىن قامچىنى ئېلىۋالغانىدى . ئابدالدىكى ئاياللار ئىچىدە ئۇ ھەممىگە تونۇش ئۇستا ھارۋىكەش ئىدى . ھەممە ئىش تۈگىدى ، كېلىننى ئېلىپ مېڭىشلا قالدى . ناسىربەگ مېڭىشقا ئىشارە قىلدى . ئۇجۇلخان ھارۋىغا تاقىدە سەكرەپ چىقتى ـ دە ، ئۆرە تۇرۇپ :

— خوش ، چارىلىق تۇغقانلار ، قىزىڭلارنى ئېلىپ ماڭىدىغان بولدۇق ، ھەممىڭلارنى ئەتە ئوماق مەھەللىسىدە بولىدىغان ئوغۇل تەرەپ تويىغا تەكلىپ ! — دېدى ـ دە ، قامچىسىنى ئوتتۇرىدىكى ئاتنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە «قارس» قىلىپ سوقتى ، ھارۋا قوزغىلىش بىلەن تەڭ ئۇ ئولتۇرۇۋالدى . ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىلا ئۆردەك ۋە ئۇنىڭ ئالتىدەك دوست ـ يارانلىرى ماڭدى . ئۆردەك مىنگەن ئاتنىڭ بېشىغىمۇ قىزىل شەلپەر چىگىلگەنىدى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئابدالدىن كەلگەن ، ئوماق مەھەللىسىدىكىلەر بولۇپ ئوتتۇزدەك ئاتلىق تويچىلار ماڭدى .

ھارۋا قوزغىلىپ ئون قەدەمچىمۇ ماڭماي ئۇجۇلخاننىڭ قوشىقى ئاڭلاندى .

مەنى ئارۋاچى دەمەڭ ،<br>
چىقىۋالسام ئارۋاغا .<br>
توي تارتقالى كەلگەن مەن ،<br>
ئاقتارماغا چاراغا .<br>
ئوت تۇتاشتى باشقادىن ،<br>
ئىچىمدەكى ياراغا .

توي كۆڭۈمنۇ ئويلاسام ،<br>
ئىچىمدە كۆپ ئارمانىم .<br>
كالامۇ يوق مىنگەلى ،<br>
ياياق ئۇزاق ماڭغانىم .<br>
تويۇڭۇز تويدەك بولدۇ ،<br>
ئامەتلىك دۆلەتخانىم .

دۆلەتخان قىز ئاي سۈزۈك ،
خۇشلۇق ياغار يۈزۈدۈن .
ئىچىدەكى گەپىنى ،
بىلىپ بولدۇم كۆزۈدۈن .
خۇشاللىقى قانچىلىك ،
سوراپ بىلىڭ ئۆزۈدۈن .

## 9

— قانداق توي ، قىزىدىمۇ ؟

— قىزىدى ، قىزىدى . توينى ئاتىڭىز تۇردۇشلا قىزىتىۋەتتى دەڭا ، قوشاق دېگەننى ئېيتتىغۇ بۇگۈن - هە .

— قىزىشىغۇ قىزىدى ، تويغا يارىشا قىزىدى ، لېكىنزە ، دۆلەتخان ، سىلەرنىڭ تويۇڭلار ئاجايىپ قىزىغان . بۇگۈن كىشىلەر توي ئويناۋېتىپمۇ ، شۇ توينىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىدۇ .

— سىلەرنىڭ تويۇڭلارمۇ ئوبدان بولغانغۇ ، ئايسۇلۇ .

— شۇنداق ، ئانا ، شۇ ۋاقىتتا ئابدالدىكى تويلار ئىچىدە بىزنىڭ تويىمىز ئوبدان بولغان ، قىزىغان . ئۇ چاغدا توي ئىرەم بويىچە بىزنىڭ ئۆيدىلا بولغان . بۇلارنىڭكىدە توي ئىككى ئۆيدە بولدى ئەمەسمۇ . كىشىلەر بۇ يەردە مەھەللە بولۇپ قاۋۇشقاندىن بۇيان بىر قېتىملا توي ئوينىغاچقىمۇ ، باشقىچىلا قىزىتىۋەتتى .

بۇگۈن ئەتىگەندىلا دۆلەتخان بىلەن ئابلاقتىن باشقا ھەممىسى قوشنا مەھەللىدىكى بىر تويغا كەتكەنىدى . دۆلەتخان بويى ئېغىرلىشىپ ، ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغاچقا بارمىغان ، ئابلاق ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى . ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇ دۆلەتخاندىن ئەنسىرەپ ، توي ئاخىرلاشمايلا قايتىپ كەلگەنىدى .

راست ، ئۆردەك بىلەن دۆلەتخاننىڭ تويى ھەقىقەتەن دەبدەگەي بولۇش بىلەن ، مۇھىمى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى چاڭقاقلىقىنى قاندۇرۇپ ، روھىنى كۆتۈرگەنىدى . ناسىربەگ چارىدىكى تويغا ئالىباي

ئاقساقالنى مەسئۇل قىلىپ، بۇ يەر — ئۇماق مەھەللىسىدىكى توينى ئۆزگە قويۇپ بېرىشنى ئېيتقاندى، ئېيتقىنىدەك قىلدى.

ئابدال، قارا قوشۇن ۋە يەنە باشقا يىراق جايلاردىن كېلىدىغانلارنىڭ يېتىپ، قوپۇشى ئۈچۈن ناسىربەگ تويدىن ئالتە كۈن بۇرۇن كۆزلەك، تىكەنلىكتىن ئادەم باشلاپ كېلىپ ئىككى كۈن ئىچىدە ئون سەككىز ئېغىز ساتمىنى تەق قىلدۇرۇپ قويۇش بىلەن ھەر ئېھتىمال ئۈچۈن دەپ يەنە ئون ئېغىز ساتما پۈتكۈدەك ياغاچ، قومۇش، يېكەنلەرنىمۇ دۆۋىلىتىپ قويغانىدى. دېگەنىدەك ئەتە توي دېگەن كۈنى كەچكە يېقىن يەنە سەككىز ساتما ياسالدى. ئۈچ جۇلخاننىڭ توي ھارۋىسى قوزغىلىش بىلەن تەڭ باشلانغان قوشىقى يول بويى ئېيتىلىپ، ھارۋا تاكى ئۆي ئالدىغا كېلىپ توختىغانغا قەدەر ئۈزۈلمىدى. قازان ـ قازاندا توي كۆچۈرگۈچىلەر ئۈچۈن بېلىق، ئۈجۈل — جىگدە تالقىنى پىشۇرۇلۇپ تەييار قىلىپ تۇرۇلغانىدى. كېلىن ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇلغاندىن كېيىنمۇ كىشىلەر تارقاپ كەتمەي، بىرنەچچە يەرگە غولۇتمان يېقىپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، تۈن تەڭ بولغۇچە قوشاق ئېيتىشتى. ئەگەر ناسىربەگ: «بۇ يەردىكى توينى ئەتە ئويناىمىز، قوشىقىڭلارنى ئەتە تويدا ئېيتىڭلار، ئۇخلايلى» دېمىگەن بولسا، تارقىلىش، ئۇخلاش كىشىلەرنىڭ خىيالىدا يوقتەك ئىدى.

ئەتىسىدىكى توينى ناسىربەگ ئۆزى باشقۇردى. چارا، يېڭىكۆل، تېيىزكۆل، چوڭكۆل، بۇلۇڭكۆل، ئۇلۇغكۆل، ئويمانكۆل، كۆزلەك، تىكەنلىك ھەتتا قارادايلاردىن توي ئويۇنىغىلى، توي قوشىقى ئاڭلىغىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كەلگەنلەرگە ئۇدۇللۇق تاماق تارتىلىپ، ئىككى دۆڭ ئارىلىقىدىكى قوملۇق تۈزگە قوشاق ئېيتىشىش سورۇنى ھازىرلانغانىدى. بەزىلەر تاماقنىمۇ قارىماي ئۇدۇل سورۇنغا كېلىشتى. بۇ يەردىمۇ تۇنجى قوشاقنى تۇردۇش باشلاپ، قوشىقىنىڭ ئاخىرىنى:

ياڭشاپ[1] قويدۇم ، قوشۇق يوق بۇ كاللامدا ،
قوشۇق دېگەن ئەسلىي ئۇماق قۇدامدا .
قەنى قۇدام ئىككى سوتۇق ئايتىپ بەر ،
مۇشۇ خۇشال توي سورۇنى قايىنامدا .

دەپ ئۇماقنى قوشاق ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشۇدى ، سورۇندىكى ئەر ـ ئايال ، چوڭ ـ كىچىك ھەممە كىشى : «ئۇماق قوشۇق ئايتىپ بەرسۇن !» دەپ توۋلىشىپ پۈتۈن تۈزنى كۆتۈرۈۋەتتى . ئۇماق ئوتتۇرىغا چۈشۈپ قوشاق ئېيتتى . ئۇ ئۇجۇلخاننى تارتتى . ئۇجۇلخان ئايقۇتنى ، ئايقۇت ئاقئۇلامخاننى... بىر ـ بىرىنى تارتىشىپ ، تونۇق قوشاقلارنىڭ كۆپى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ قوشاق ئېيتتى . ئەگەر ناسىربەگ ئوتتۇرىغا چىقىپ تويىنىڭ ، قوشاق ئېيتىشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىمىغان بولسا ، كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ يىراقلىقىنى ، قايتىشى كېرەكلىكىنى ئۇنتۇشقانىدى...

ئۆردەك بىلەن دۆلەتخاننىڭ ئەتىسىدىكى تويى ، «توي بولسا ، شۇنداق بولسا» دەپ ئارزۇ ـ ئارماننى يېگۈدەك توي بولغانىدى . ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇنىڭ بىر يىلنىڭ ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن تويىنى بۇنچىۋالا تەپسىلىي ئەسلىشى دۆلەتخاننىڭ بۇگۈنكى تويغا بارالماي ، ئېيتىلغان قوشاقلارنى ئاڭلىيالماي قالغانلىقىدىن بولغان كۆڭۈل يېرىملىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىدى . دېگەندەك كۆڭۈللۈك ئۆتكەن تويىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، دۆلەتخاننىڭ كۆڭلى باھاردا ئۈچقان لەگلەكتەك لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ قالدى .

ئۇماق ، توختاق ، تۆمۈر ، ئۆردەكلەرمۇ تويدىن قايتىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۇماق تويىنىڭ ئاخىرىدىكى قىزىپ كېتىشىدىن گەپ ئاچاي دەپ تۇرغاندا ، ئابلاق ئۆيگە ئېتىلغاندەك كىردى ـ دە ، ھولۇسلاپ تۇرۇپ ، تەستە :

---

① ياڭشاپ — بىلجىرلاش ، ئاغزىغا كەلگىنىچە سۆزلەش ؛ غۇدۇراش ، ۋايساش .
«بىر ئول ياڭشار ئەسەر كېرەكسىز سۆزۈگە» .
(بىرى ، كېرەكسىز سۆزنى كۆپ بىلجىرلاش )
— «قۇتادغۇبىلىك »

— ئۆردەك ئاكامنىڭ ھېلىقى غۇنان تېيىنى يولۋاس يوغۇپ بېسىۋالدى ! — دېدى .

ئۆردەك بىر تېپىلاڭنىڭ چۈۋۈلۈپ كەتكەن ئۇچىنى چىگىپ ئولتۇراتتى ، ئۇنى سۆرىگىنىچە ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى ، ئارقىسىدىن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەنسىزلىشىپ ئۆيدىن چىقىشتى . ئۆيدىن سەل نېرىدىكى بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىدا يوغان بىر يولۋاس غۇناننىڭ شىللىسىنى چىشلىۋېلىپ بېسىپ تۇراتتى . غۇنان پۈتۈن جان - جەھلى بىلەن تىركاشىپ ، يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلماق بولاتتى .

ئۆردەكنىڭ تويى بولۇپ ئۇچىنچى كۈنى ناسىربەگ ئۇنى تىكەن-لىككە باشلاپ ئېلىپ كېتىپ ، ئۆزىنىڭ بىر ئۇيۇر يىلقىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— تويۇڭدا مەن ساڭا بىر ئات سوۋغا قىلماقچىدىم . تويۇڭنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئات تاللاشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم . قېنى ، مۇشۇ ئاتلار ئىچىدىن خالىغان بىرنى تۇتۇۋال ، — دېدى .

ئۆردەك تۇرۇپ قىلىپ تورماي ئاتلارغا بىرقۇر قاراپ چىقىپ ، تېخى چىشلىمىگەن ، ئاق قاشقىلىق ، چەلان تورۇق بىر تاينى كۆرسەتتى .

ناسىربەگ ئىتتىك ئۆردەككە قارىدى . ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزىدە بىرنېمىگە قىيالمايۋاتقاندەك بىر خىل ئىپادە يالت قىلىپ قالدى ، ئاندىن تايغا قارىۋەتكەندىن كېيىن ، ئاتچىسىغا شۇ تاينى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى . ئاتچى سالما تاشلاپ تاينى تەستە تۇتۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى .

— مەن بۇ تاينى ئۆزۈم مىنىشكە تاللاپ قويغانىدىم . سەن ئات مىنىشنىلا بىلىپ قالماي ، ئاتنىمۇ تونۇيدىكەنسەن . بۇ قالتىس ئات بولىدۇ ، مە ، ئال ! — دەپ تاينىڭ بويىنىغا باغلانغان تانىنى ئۆردەككە تۇتقۇزۇپ قويدى .

يولۋاس بېسىۋالغان غۇنان ئاشۇ تاي شۇ ئىدى . ئۆردەك نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغانىدى ، قولىدىكى تېپىلاڭ ئېسىگە كەلدى -

ده ، ئۇنى سول بىلىكىگە يۆگىدى . يانچۇقىدىن چىقىپ تۇرغان
غىلاپتىن ئۇزۇن پىچاقنى سۇغۇرۇپ چىقىرىپ يولۋاسقا قاراپ
ماڭدى . ئۆيدىكىلەر ، بولۇپمۇ ئايالالار قورقۇپ چۇرقىرىشىپ كەت-
تى . دۆلەتخاننىڭ چىرايىدا قان قالمىدى ، كۆزى ئەلەڭگۇپلا قال-
دى . دەل مۇشۇ چاغدا ، ئۇلارنىڭ يېنىدا خودانگىرۇ ، كوسا مانجۇ
بىرى مىلتىق ، بىرى قىلىچ ئاسقان ئىككى چېرىكى بىلەن پەيدا
بولۇپ قالدى . ئۇلارمۇ ئۆردەكنىڭ يولۋاس ئالدىغا كېتىۋاتقىنىنى
كۆرۈپ ، قورقۇنچتىن كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ
چەكچىيىپلا قالدى .

يولۋاس غۇناندىن ئاغزىنى بوشاتماي ، ئۆردەككە كۆزىنى چۆ-
چەكتەك قىلىپ ئالايتىپ ، جەس[1] قىلىپ قارايتتى . ئۇ بۇ قارىشى-
دا : «سەن مەخلۇق مەندەك جاڭگال ۋە هايۋانلار پادىشاھىنى نېمە
قىلالايتتىڭ» دەۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۆردەك پىچاقنى سول قولتۇ-
قىغا قىسىپ قويۇپ ، يەردىن مۇشتۇمچىلىك چوڭلۇقتىكى يۇلغۇن
كۆتىچىكىنى ئېلىپ يولۋاسقا ئاتتى . قاتتىق ئېتىلغان كۆتىچەك
يولۋاسنىڭ بۇرنىغا ۋاققىدە تەگدى . يولۋاس جان ئاچچىقىدا غۇناننى
قويۇپ بېرىپ ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ هۆركىرىگىنىچە ئۆردەككە
ئېتىلىپ كەلدى . قوزۇقتەك ئۇزۇن تۆت چىشى ئۇنىڭ ۋەھشىي
يىرتقۇچلۇقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . ئۆردەك قىلچە هودۇقماي
ئارغامچا يۆگەلگەن بىلىكىنى ئالدىغا چىقىرىپ توغرا قىلىپ تۇر-
دى ، يولۋاس بىلەككە ئېغىز سالدى . ئۆردەك ئوڭ قولىدا پىچاقنى
چىڭ تۇتۇپ تەييار بولۇپ تۇراتتى . يولۋاس بىلىكىگە ئېغىز
سېلىش بىلەن تەڭلا ئۆردەك ئۇنىڭ بوغۇزىغا پىچاق ئۇردى . شەم-
شەردەك ئىتتىك ، ئۇزۇن پىچاق قەھرۇغەزەپ بىلەن ئۇرۇلغاچقا ،
بىر سۇرۇشتىلا يولۋاسنىڭ كېكىردىكىنى يېرىمىغىچە كېسىپ بې-
رىپ توختىدى . يولۋاسنىڭ بوغۇزىدىن شارىلداپ ئېتىلىپ چىققان
قان ئۆردەكنى قانغا چىلىغاندەك قىلىۋەتتى . يولۋاس لاسسىدە
بولۇپ يېنىچە يىقىلىپ ياتتى . ئۆردەكنىڭ بىلىكى يەنىلا يولۋاس-

---

① جەس — خىرىس ، ھەيۋە .

نىڭ ئاغزىدا ئىدى . يولۋاسنىڭ ئاغزىنى مىدىرلاتقۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى . ئۆردەكنىڭ قولىنى يولۋاسنىڭ تېنى سوۋۇپ كەتكۈچە دەرھال ئۇنى ئاغزىدىن چىقىرىۋېلىش كېرەك ، بولمىسا تەس بولاتتى . ئوماق كېلىپ يولۋاس ئاغزىنىڭ ئۈستۈن ئېڭىكىنى توختاق ئاستىنقى ئېڭىكىنى قايرىپ كەردى . يولۋاسنىڭ چىشلىرى ئارغامچا بىلەن كىرىشىپ كەتكەنىدى . ئۆردەك قولىنى تەستە ئاجرىتىپ چىقىرىۋالدى . ئۆردەك جىسمانىي ، روھىي جەھەتتىن زىيادە جىددىيلىشىپ ، كۆپ كۈچەپ كەتكەنلىكتىن جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى . دۆلەتخان كەلگىنىچە ئۆردەكنىڭ بىلىكىدىكى ئارغامچىنى يېشىپ ، بىلەكلىرىنى سىلىدى . قىل ئارغامچا قىلىن يۆگەلگەچكە ، يولۋاسنىڭ چىشى قوزۇقتەك ئۇزۇن ، ئۇچلۇق بولسىمۇ ، بىلىكىگە ھېچقانداق زەخىم يەتكۈزەلمىگەنىدى .

خودانگىرۇ كېلىپ ئالدى بىلەن يولۋاسنىڭ يالتىراق ، توغرا ، ئوچۇق يوللۇق تېرىسىنى زوقمەنلىك بىلەن پاتىكىدىن سوڭگۈچىگىچە قايتا - قايتا سىلاپ كەتتى ، ئاندىن ئۆردەككە قاراپ :

— بىر كىتابتا ، ۋۇسۇڭ دېگەن بىر ئادەمنىڭ يولۋاس بىلەن ئۇزۇن ئېلىشىپ ، كالتەك ، مۇشت بىلەن ئۇرۇپ يورۇپ ، ئاخىرى يولۋاسنى ئۆلتۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ . ئۇ دېگەن كىتابتىكى گەپ . بىر قولىنى يولۋاسنىڭ ئاغزىغا تۇتۇپ بېرىپ ، يەنە بىر قولىدا يولۋاسنىڭ گېلىغا پىچاق سۇرۇش ، مانا بۇ ھەقىقىي ، ئاجايىپ باتۇرلۇق . تەسۋىرلەپ يازىدىغان بولسا ، ئۇن كىتابقىمۇ پاتمايدىغان باتۇرلۇق ! — دېدى ۋە يەنە يولۋاسنىڭ تېرىسىنى باشقىدىن سىلىغىلى تۇردى .

ئۇ گېپىنى ئالدىنقى قېتىملاردىكىگە ئوخشاش خەنزۇچە قىلدى . گېپىنى قىلىچ ئېسىۋالغان ئۇيغۇر چېرىك بىر ئېغىز - بىر ئېغىزدىن ئۇدۇللۇق ئۆرۈپ بېرىپ تۇردى .

بىر ئۇرۇلۇشتىلا يولۋاسنىڭ بوينىنى يېرىمىغىچە كېسىۋەتكەن قانداق پىچاقتۇ ، دەپ ھەيران قالغاندەك كوسا مانجۇ ئۆردەكنىڭ قولىدىن پىچاقنى ئېلىپ ئۇيان ئۆرۈپ ، بۇيان ئۆرۈپ ، ئايلان-

دۇرۇپ قاراشقا باشلىدى . پىچاقنىڭ ئۇزۇن ، كەڭ بىسى قىپقىزىل قان ئىدى . دەستىسى ئاق ، قارا ، كۆكۈچ — ئۈچ خىل سۆڭەكتە پوكۇس چىقىرىلىپ چىرايلىق ياسالغانىدى . كوسا مانجۇ خودانگىروغا پىچاقنىڭ دەستىسىنى كۆرسىتىپ ئۆز تىلىدا بىرنىمىلەرنى دېگەندىن كېيىن ، ئۆردەكتىن :

— بۇ پىچاقنى نەدىن ئالدىڭ ، كىم ياساپتىكەن ؟ — دەپ سورىدى .

— ئالدىنقى ھەپتىدە ئاتام بىلەن كورلىغا يوڭ ، تېرە سانقىلى بارغاندا ، بازاردا بىر پىچاق سانقۇچىدىن بىر تاغار يۇڭغا تېگىشتۇق ، كىمنىڭ ياسىغانلىقىنى بىلمەيمىز ، — دېدى .

ئوماق ، ئايقۇتتىن تارتىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىتتىك ئۆردەككە ، ئاندىن : «نېمىدەپ قالغاندۇ» دېيىشكەندەك خودانگىروۋ بىلەن كوسا مانجۇغا قارىدى . چۈنكى ، بۇ ئايدا ئەمەس ، بۇ يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن ھېچكىم كورلا تەرەپكە ئۆتۈپ باقمىغانىدى . لېكىن ، ئوماق شۇئانلا ئۆردەكنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنىڭ تېگىگە يەتتى ـ دە ، خودانگىروۋغا :

— پىچاق سانقۇچى ساقاللىق ، قېرى كىشىكەن . ئالدىغا چوڭ ـ كىچىك ھەر خىل پىچاق ، ئۇستىرا ، كەكە ، ئوتىغۇچ ، قۇلۇپ ، قوڭغۇراق قاتارلىق نەرسىلەرنى يېيىۋاپتۇ . نەنىڭ پىچىقى دەپ سورىسام ، كۇچانىڭ پىچىقى ، — دېدى .

ئۆردەك ئاتىسىغا قارىدى . ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى جىددىيلىك ئورنىنى كۈلۈمسىرەش ئالغانىدى .

— بىز يۇرت ئارىلىغاچ ناسىربەگ بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭغان ، — دېدى خودانگىروۋ بۇ قېتىمقى كېلىشىدىن سۆز ئېچىپ ، — دۇرالدىكى سېپىل سوقۇش ئىشى كېيىنگە سۈرۈلۈپ كەتتى . شۇڭا ، ئىلگىرى سېپىل سوقۇشقا بارمىغان ئوتتۇز ياشتىن تۆۋەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ناسىربەگكە ئېيتىپ قويغىلى كەلدۇق ، — ئۇ ئۆردەككە قاراپ قويدى ، — ئۆردەكتەك بوۇنداق يولۋاس ئۆلتۈرگەن باتۇرنى ھاشار ئىشىغا سال-

ماي ، قولىغا قامچا ، كالتەك تۇتقۇزۇپ ھاشارچىلارنى باشقۇرۇشقا سالساق بولغۇدەك .

— قامچا ، كالتەكنى ئۇ نېمە قىلىدۇ ؟ — ئايقۇت سورىدى .

— قامچا ، كالتەكنى نېمە قىلىدىغان نەرسە ، ئۇنىڭ بىلەن ھاشارچىلارنى ئۇرۇپ ئىشقا سالىدۇ ، — دېدى كوسا مانجۇ .

«ھاشارچىلارنى ئۇرىدۇ» دېگەننى ئاڭلاپ ، خۇددى شۇ تاپتىلا يۈرەكلىرىگە قامچا ، كالتەك تەگكەندەك ئوماق ، ئايقۇتلارنىڭ بەدەنلىرى شۈركۈنۈشتىن تىترەپ ، سىلكىنىپ كەتتى .

— يولۇاس تېرىسى بىزگە كېرەك ئەمەس ، ئەگەر سىلەرگە لازىم بولسا سويۇپ تەييارلاپ قويايلى ، قايتقاندا ئالغاچ كېتەرسىلەر ، — دېدى ئوماق ، خودانگىرۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەچ ، ئۇنىڭغا يەمچۈكنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ .

تىلماچ ئۆرۈپ بېرىۋاتقان گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا خۇشاللىقتىن خودانگىرۇنىڭ كۆزلىرى يورۇلۇپ كەتتى . ئۇ ئېتىغا مىنىپ بولۇپ بىر كۈندىن كېيىن قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، سۇنايلىنىپ ياتقان يولۇاس ئۆلۈكىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن ، ئوماققا قاراپ بىر كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تىكەنلىك تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

— نېمىدەپ سالاركىن دەپ قورقۇپ تۇرسام ، يالغاننى ئەجەب قاملاشتۇرۇۋەتتىڭ ، گۇمانخور كوسا مانجۇ ئىشىنىپلا كەتتى ، — دېدى ئۆردەك ، خودانگىرۇلار ئانچە يىراقلاپ كەتمەي تۇرۇپلا ئاتىسىغا .

— سەنچۇ ، — دېدى ئوماق ، — دەسلەپ ئاغزىڭغا قاراپلا قالدىم . بىرئاز ئويلاپ سېنىڭ قاسىم قاقتا بىرەر گەپ يېتىپ قالمىسۇن دەپ ، گەپ توقۇغىنىڭنى بىلدىم ـ دە ، كوسا مانجۇنى گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ شۇنداق دېدىم ، قاملاشتىمۇ ؟

— قاملاشمامدىغان ، تازا قاملاشتى . يالغان گەپكە ئۆگىنىپ قېلىپ ، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىمۇ ئالداپ يۈرۈيدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن ، — دېدى ئايقۇت .

ئۆنىڭ گېپىدىن ھەممىسى كۆلۈشۈپ كەتتى .

— قۇۋى[1] كەلگەندە يالغان گەپمۇ ئەسقاتىدىكەن جۇمۇڭلار ، بۇ خۇددى قاسىم قارى ئېيتقان كىمتا ھېلىقى ، ھە ، بىرنېمە سەيدى[2] دېگەن كىشى ئېيتقان ھېلىقى بىر گەپتەكلا بولدى ، — دېدى ئوماق .

قاسىم قاق بۆلتۈر تۆلەك بوۋىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئوماقنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە دەپ قويغىلى كەلگەندە ، ئۆزىنىڭ پىچىقىنى ئۆردەككە سوۋغا قىلىپ بېرىپ كەتكەنىدى . پىچاقنى ئۆردەككە بېرىۋېتىپ : «پىچاق ، بولۇپمۇ سىلەردەك ئوۋچىلار ئۈچۈن بەك مۇھىم ، ۋاقتى كەلگەندە ئەسقاتىدۇ ، جانغا ئارا تۇرىدۇ» دېگەنىدى . راست ئەسقاتتى ، بىر ئەمەس ، ئىككى جانغا ئەسقاتتى . پىچاقنىڭ شارابىتىدىن ئوماق ئائىلىسىدىكىلەر سېپىل سوقۇش ھاشىرىدىن ، قامچا ، كالتەك تۈتۈشتىن قۇتۇلۇپ قالدى . لوپلۇقلاردا يانغا پىچاق ئېسىپ يۈرۈيدىغان ئادەت يوق ئىدى . ئۆردەكنىڭ يولۋاسنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەنلىك داڭقى پۈتۈن لوپقا تارقىلىش بىلەن بىرگە ، يانغا پىچاق ئېسىپ يۈرۈشمۇ ئوماق ئائىلىسىدىكىلەردىن باشلاپ باشقىلارغىمۇ كېڭەيدى .

---

① قۇۋى — پەيتى ، نۆۋىتى .

② سەيدى — شەيخ مۇسلىھەددىن سەئدى شىرازى . ئۇنىڭ «گۈلىستان» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزى بار : «ئارىغا پىتنە سېلىپ ئىش تېرىيدىغان راست سۆزدىن ، ياخشى مەسلىھەتلىك يالغان سۆز ياخشى» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئالتىنچى باب

# ھالاكەتلىك قۇملۇقتىكى سەپەر

*«كىشى ماڭسا مەقسەتكە ئۇمىدلىنىپ ،*
*تىلەككە يېتەر ، يولدا قالماس ھېرىپ .*

*تىلەككە يېتىشكە ئەر بولسا دادىل ،*
*ھېرىپ قالماي بولۇر مەقسەتكە نائىل» .*

يۈسۈپ خاس ھاجىپ .

**1**

سىۋېن ھېيدىن چېدىرىغا كىرگەندە ، ئوتتۇرىغا جۆپلەپ قويۇلغان ئىككى سەپەر ساندۇقى ئۈستىدە يەرلىك كىشىلەرگە ياقتۇرۇلغان قېلىن بىر جىرىس نان يەتتە پارچە كېسىلگەن ، كۇرۇشكا ، چىنە ، غېدىر - چۆچەك بولۇپ يەتتە چىنە قويۇلغان ھالەتتە تۇراتتى . ئۇنىڭ ئالتە ھەمراھى «شىرە» ئەتراپىدا ئۆرە تۇرۇشاتتى .

— نېمە قىلىۋاتىسىلەر ؟ — ھېيدىن ھەمراھلىرىدىن سورىدى ، ئاندىن «شىرە»گە قاراپ ، — بۇ نېمە ئىش ؟ — دەپ يەنە سورىدى .

— تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى تەبرىكلەيمىز ! ئوتتۇز ياشقا تولغىنىڭىزنى تەبرىكلەيمىز ! مۇبارەك ، مۇبارەك بولسۇن ! — ھېدىنىنىڭ

ھەمراھلىرىدىن سىنوف ، فېڭشى ۋە ئىسلامبايلار بىر ياندىن ئاغزى-
دا «مۇبارەك» ئېيتقاچ ، بىر ياقتىن چاۋاك ئۇرۇپ ، ئۇنىڭ تۇغۇل-
غان مۇبارەك قۇتلۇق كۈنىنى تەبرىكلىدى .

19 - فېۋرال ، ھېدىننىڭ يوقلۇقتىن مەۋجۇتلۇق ئالەمگە
تەۋەللۇت بولغان كۈن . بۇ قۇتلۇق كۈن ھەرقاچان ئۇنىڭ ئېسىدە ،
ئىلگىرىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چەككى ئۇنتۇپ
قالمايدۇ . چۈنكى ، چوڭ ھامىمىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىشىچە ،
ئۇ ئۈچ كۈنگە سوزۇلغان قاتتىق تولغاق ، ئازابلىق ، ئاچچىق ئىڭ-
راشلار ئىچىدە تۇغۇلغانىدى . بۈگۈن — 1895 - يىلى 19 -
فېۋرال ، ئۇنىڭ دەل ئوتتۇز ياشقا تولغان كۈنى . ئادەتتىكى چاغ
بولسا ، ئۇ بۇ كۈننى دەبدەگەي بىلەن ئالاھىدە ئۆتكۈزگەن بولاتتى ،
لېكىن ھازىر ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشقا چولىسى تەگمىدى . مۇشۇ
كۈنلەردە ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن نىشان - مەقسىتىنى رويابقا
چىقىرىش يولىدىكى سەپەر تەييارلىقلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى .
قۇملۇقنىڭ دوزاختەك ئىسسىقى ئەدەش ئارىلىقىدا سەپەر مەنزىلى-
نىڭ تەڭدىن تولىسىنى بېسىپ بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى ، شۇڭا ھەر
يىلى قىلىپ كېلىۋاتقان تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش ئادىتىنى شۇ
ئۈمىد - ئىستىكىگە قۇربان قىلىۋەتكەنىدى . «دەرەخ جىم تۇراي
دېسىمۇ ، شامال جىم تۇرغۇزمايدۇ» دېگەندەك ، بۇ قېتىم ھېدىن
سەپەر تەييارلىقى بىلەن ھەلەك ، ئەمما بەزى ھەمراھلىرىنىڭ بول-
سا ، ئۇنىڭ ئالدىراشلىقىغا پەرۋايى پەلەك ئىدى .

فېڭشى ئۈچ كۇرۇشكىغا جۇڭگو ھارىقىدىن قۇيدى . ئىسلام-
باي ئۆزى بىلەن پاپپاي ھەم مەكىتتىن ياللىۋالغان ئىككى تۆگىچى-
نىڭ ئالدىدىكى قاچىلارغا چەينەكتىكى سوغۇق چاينى قۇيدى . فېڭ-
شى ئالدىدىكى كۇرۇشكىنى قولىغا ئېلىپ :

— قېنى ، ئېكسپېدىتسىيىچى ، دوكتور سۋېن ئاندېرس ھې-
دىن ئەپەندىنىڭ ئۈچ ئون — ئوتتۇز ياشقا تولغانلىقىنى تەبرىكلەي-
مىز ، ئىچەيلى ! — دېدى .

ھەممىسى ئالدىدىكى قاچىنى قولىغا ئالدى ، سىنوف بىلەن

www.uyghurkitap.com

فېڭشى : «تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى تەبرىكلەيمىز!» دېيىشىپ ، قاچى- سىنى ھېدىنىنىڭ قاچىسىغا ئۇرۇشتۇرۇپ ئىچىشتى. ئىسلامباي ئۇلارنى دوراپ قاچىسىنى ھېدىنىنىڭ قاچىسىغا تەگكۈزۈپ قويۇپ چايدىن ئىككى ئوتلىۋېتىپ ، قاچىنى «شىرە»گە قويۇپ قويدى. پاپباي بىلەن مەكتىلىك ئىككى تۆگچى ھاراقنىڭ سېسىق پۇرىقى- دىن سەسكىنىپ تۇرغاچقا ، قاچىسىنى كۆتۈرگەنچە نېرىغا كەتتى .

ھېدىن بىلەن سىنوف ھاراقنىڭ تەم ، پۇرىقى چىقىپ كەتمى- سۇن دېگەندەك ، ئىككى كالپۇكىنى چىڭ ھىملەشتۇرۇپ تامشىغان- دەك بىر خىل قىلىقلارنى قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن چىرايلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ ، ھاراقنىڭ ئاچچىق كۈچىدىن ئاران تىنىۋاتقاندەك قىلاتتى .

— قانداق ، بولامدىكەن ؟ بۇ جۇڭگونىڭ داڭلىق «ماۋتەي» ھارىقى ، بۇنى قەشقەر ئامبىلى سىزنىڭ ئوتتۇز ياشقا تولغان كۈنى- ڭىزدە سىزگە قويۇپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلىپ ماڭا بەرگەن ، — دېدى فېڭشى .

فېڭشىنى قەشقەر ئامبىلى ھېدىنىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنىڭغا تىلماچلىققا ھەم سەپەر جەريانىدا خەنزۇچە ئۆگىتىدىغانغا بەلگىلەپ بەرگەنىدى . فېڭشى ئوچۇق چىراي ، ۋاقىتلا تاپسا جۇڭگونىڭ كلاسسىك كىتابلىرى قولىدىن چۈشمەيدىغان ، ئۆگىنىشكە ، بىلىم- گە ھېرىس كىشى ئىدى . مۇشۇ جەھەتتىنمۇ ھېدىن ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى .

— ياخشىكەن ، ياخشىكەن ، بىراقزە ، ئادەمنىڭ گېلىدىن تەستە ئۆتىدىكەن ، ئۆتۈپ بولۇپ سەلدىن كېيىن ئادەمدە بىر خىل خۇش كەيپىيات پەيدا قىلىدىكەن ، — دېدى ھېدىن ھاراقنى ماختاپ .

سىنوف جىرىس نانىنى ۋىلكىغا سانجىپ ئېلىپ ھېدىنىدىن باشلاپ ھەربىر كىشىگە بىر كېسىمدىن بەردى… ھېدىنىنىڭ ئوتتۇز ياشقا تولغان خاتىرە كۈنى تەكلىماكاننىڭ بويىدىكى قەدىمىي يۇرت

مەكتىنىڭ مەھەللە سىرتىدىكى چېدىر ئىچىدە ئەنە شۇنداق ئاددىيلا
ئۆتكۈزۈلدى .

ئىككى ئايغا يېقىن جىددىي تەييارلىق قىلىنۋالغاندىن كېيىن ،
ھېدىنىنىڭ يەتتە كىشىلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سەككىز تۆگە ،
ئىككى ئات ، بەش ئېشەك ، ئىككى ئىت بىلەن قۇملۇققا قاراپ
تۇنجى سەپەرگە ئاتلاندى . ئۇ ئاتلىنىش ئالدىدا سەپەر خاتىرىسىگە
مۇنداپ دەپ يازدى :

«1895 - يىلى 10 - ئاپرىل .

بۈگۈن مەن پرژىۋالىسكىي ساياھەت خاتىرىسىدە ھاياتلىق بد-
لەن ماماتلىق ئوتتۇرىسىدىكى ‹پېلىسرات › دەپ تەرىپلىگەن تەكلد-
ماكان قۇملۇقىغا قىلىدىغان سەپىرىمنىڭ تۇنجى قەدىمىمنى بېسىش
ئالدىدا تۇرىمەن . ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ، قۇياش خۇددى سەپىرىمنى
قوللاپ ۋە غەلىبە تىلەپ ماڭا كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ .
بۇ ، تەلىيىمنىڭ ئوڭلۇقىدىن بېشارەتمىكىن . مەن مۇۋەپپەقىيەتنى
ئىرادە ، ئىشەنچ ۋە تىرىشچانلىقنىڭ تۇغۇمى دەپ قارايتتىم ، تاسا-
دىپىي توغرا كېلىپ قېلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، مەن ‹تەلەي ›
دېگەنگە ئىشەنمەيتتىم . ئەمما ، بۇ ئۆلكىگە تۇنجى قېتىم ئىرادە ،
ئىشەنچ بىلەن كېلىپ ، يەنە شۇئانلا كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قايتىپ
كېتىشكە مەجبۇر قىلىنغىنىمنى ئويلىسام ، تەلەي بولمىسىمۇ بول-
مايدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالىدىغان بولدۇم . مەن شۇ چاغدا
پامىر تاغلىرىدىن ئۆتكەندە كۆرگەن قويۇق قوڭۇر بۇلۇتلار قەشقەر-
گە كەلگەن كۈنۈمدە ئاسماندا ، ياق ، بېشىم ئۈستىدىلا ئەگىپ
يۈرگەنىدى . بۈگۈن بولسا ھاۋا كرىستال ئەينەكتەك سۈزۈك .
بۈنىڭدىن مەن : «بۇ قېتىم چوقۇم تەلىيىم ئوڭ» دېگەن تۇيغۇغا
كەلدىم . قېنى ، ھاۋانىڭ تۇتۇق ياكى سۈزۈكلۈكى تەلەي تارازام-
نىڭ قايسى تەرىپىنى باسىدىكىن» .

ھېدىن 1890 - يىلى دېكابىردا قەشقەرگە ھېچقانداق رەسمد-

يېتى يوق ، قانۇنسىز هالدا ئۇسۇپلا كىرگەنلىكى ئۈچۈن ، چىڭ
هۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئەڭ يېقىن جاي
بىلەن تېز پۇرسەتتە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىنغانىدى . ئەپ-
يۇن ئۇرۇشى ، جۇڭگو - ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا بولغان «جياۋۇ
ئۇرۇشى »دىن كېيىن چىڭ هۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ چېگرا رايونىدىكى
دائىرىلىرى چەت ئەل ئادەملىرىگە سەزگۈر هەم ئېھتىياتچان
بولۇپ قالغانىدى .

— بۇنىڭغا بىزنىڭمۇ ئامالىمىز يوق ، قايتىپ كېتىپ رەسمى-
يەت بىلەن قايتىدىن كېلىڭ . ئۇ چاغدا بىز سىزگە كۆڭلىڭىزدىكى-
دەك ياردەم قىلىمىز ، — دېيىشتى رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇش-
لۇق باش كونسۇلى پېترووۋسكىي بىلەن ئەنگلىيىنىڭ دىپلوماتىيە
ۋەكىلى گېئورگىي ماكارتنىي .

دۆلىتىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇستۇنلۇكىگە تايىنىپ قەشقەردە
تۇرۇشلۇق چەت ئەل دىپلوماتلىرى ئىچىدە مۇتلەق ئۇستۇنلۇكتە
تۇرۇپ ، قەشقەرنىڭ «يېڭى چاغاتاي خانى» دەپ نام ئالغان باش
كونسۇل پېترووۋسكىيمۇ هېدىننىڭ قانۇنسىز چېگرا هالقىش ئە-
شىغا كەلگەندە ئارا تۇرالماي قالدى . ئىشەنچ بىلەن غادىيىپ كەل-
گەن هېدىن قەشقەردە ئارانلا ئون كۈن تۇرۇپ سالپىيىپ چىقىپ
كەتكەنىدى .

هېدىن ئات بىلەن ئىتنى ، سۇ قاچىلايدىغان تۇڭلارنى قەشقەر-
دىن ، تۆگە بىلەن ئېشەك ۋە باشقا لازىملىقلارنى مەكىتتىن سېتىۋ-
ۋالدى . ئۇنىڭدا ئىقتىساد يېتەرلىك ئىدى . ئۇ باكو ۋە پېرسىيىدە[1]
خىزمەت قىلغان چاغلىرىدىكى مائاشىنى تېجەپ سەرپ قىلىپ ،
قىلغۇسى مۇشۇ سەپىرى ئۈچۈن ئازراق پۇل يىغقانىدى . هېدىن
يىگىرمە ياش چېغىدىلا ستوكھولمدىكى هاللىق ئائىلىنىڭ ئىللىق
قۇچىقىدىن ئايرىلىپ باكودا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن
يېرىم يىلدىن ئارتۇقراقلا ۋاقىت ئىچىدە ، ئۇنىڭ ئاجايىپ ئىرادە ،
شىجائىتى ۋە تىل جەھەتتىكى تالانتىنى نامايان قىلىپ نېمىس ،

① پېرسىيە — هازىرقى ئىران .



www.uyghurkitap.com

فرانسۇز تىلىنى ئىگىلىگەندىن باشقا يەنە تاتار ، پارس ، رۇس ۋە تۈرك تىللىرىنىمۇ ئۆگەندى .

— سەندە ئاجايىپ بىر خىل تالانت بار ئىكەن ، — دەپ ھېدىنغا بولغان قايىللىقىنى بىلدۈرگەندى ، ئۇنىڭغا تاتار ، تۈرك ، پارس تىلىنى ئۆگەتكۈچى مۇئەللىمى باجىخان تاتار .

ھېدىن پارس تىلىنى ئۆگىنىۋالغانلىق شاراپىتىدىن شىۋېتسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تەرجىمانى بولۇپ پېرسىيىگە بارغانىدى . ئۇنىڭ باكو ۋە پېرسىيىدە توپلىغان ئازراق پۇلى پۇتۇن ئېكسپېدىتسىيىسى ئۈچۈن ھېچنېمىگە دال بولمايتتى . ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىگە ئېكسپېدىتسىيىگە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شىۋېتسىيە پادىشاھى ھېدىننى قوللاپ مەدەتكار بولدى ، لوپ كۆلى ئەتراپىدا مول تۈز بايلىقى بارلىقىنى پىرژېۋالىسكىينىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن بىلگەن نوبېل جەمەتىدىكىلەرمۇ ئۇنى خېلى زور مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى .

تۆگە ، ئېشەكلەرگە مەكتەپتە مەخسۇس ياقتۇرۇپ قۇرۇتۇۋالغان توقاچ ۋە باشقا يېمەكلىكلەر ، سۇ تۇڭلىرى ، تۇلۇم ، ئىككى شاۋرۇن قېيىق ، ھەر خىل ئۆلچەش ، سۈرەت تارتىشقا كېرەكلىك سايمانلار ئارتىلغانىدى . يەنە تېخى چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىگە ئۆتۈپ قالساق لازىم بولىدۇ ، دەپ سېتىۋالغان ئۇزۇن - قىسقا ھەر خىل جۇۋا ، چاپان ، يوتقان - كۆرپە قاتارلىق نەرسىلەرمۇ خېلى بار ئىدى . ھېدىن ئۈچ مىلتىق ، ئالتە تاپانچا ئېلىۋالغان بولۇپ ، بىر تاپانچىنى يېنىغا ئېسىپ ، ئوقلانغان بىر مىلتىقنى دۈچ كەلگۈسى ھەر خىل خەۋپ - خەتەرنى نەزەرگە ئېلىپ ئالدىغا توغرا قويۇپ تۇتۇۋالدى ، ئۈچ تاپانچىنى مەخسۇس قاپقا سېلىپ ، ئېتىغا غانجۇغىلىۋالدى ، قالغان ئىككى مىلتىق بىلەن ئىككى تاپانچىنى سىنوف بىلەن ئىسلامبايغا بىردىن بەردى .

— جۇۋا ، يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئورنىغا سۇنى جىقراق ئېلىۋالغان بولساق ياخشىدى ، — دېدى مەكتىلىك تۆگىچىنىڭ بىرى .

— تەكلىماكان قۇملۇقىدا جانغا ئەسقاتىدىغىنى يوتقان - كۆر-

www.uyghurkitap.com

په ئەمەس ، سۇ ، --- دېدى يەنە بىر تۆگىچى .

ھېدىن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئېتىبارغا ئېلىپ قويمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن پرژىۋالىسكىينىڭ ساياھەت خاتىرىسى بىردىنبىر قوللانما ئىدى . «خاتىرە»دىكى تارىم ، كۆنچى دەريالىرى دائىم ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىپ تۇرغاندىن باشقا ، ئۇلارنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنى ، ئېقىن ئىزلىرىنى ، چوڭ ـ كىچىك كۆللەرنى ، چۆللەرنى قۇملۇقنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدىكەن ، دېگەن سەترلەر ، كىشىلەردىن ئاڭلىغان : «تەكلىماكان ئېرىش بار ، يېنىش يوق يېلىسرات ماكان ، شامال ـ بورىنى ئادەمنى قۇمغا كۆمۈپ ئۆلتۈرسە ، ئىسسىقى كۆيدۈرۈپ ، چاڭقىتىپ ئۆلتۈرىدۇ» دېگەندەك ۋەھىمە ـ ئەندىشىلىك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ھېدىننىڭ كاللىسىدىن كۆتۈرۈۋەتكەنىدى . قۇملۇق ئېتىكىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، يات ـ يات قۇملۇق ئىچىگە ئۇۋغا كىرىپ تۇرىدىغان يەرلىك كىشىلەرنىڭ مەسلىھىتىنى ئىلىك ئېلىپ قويغان بولسا ، ھېدىننىڭ ئۆزىگە كۆپ پايدىلىق ئىدى ، ئەمما ھېدىن ئۆزىگە ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمراھ ، ياخشى يول باشلىغۇچى دەپ قارايدىغان ئىسلامبايغا بەك ئىشىنىپ كەتتى .

ئىسلامباي ھېدىن 1894 ـ يىلى پامىر تېغى ئارقىلىق تەكلىماكانغا يول ئالماقچى بولغان چېغىدىكى ياللانما ھەمراھىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئوشلۇق ئۆزبېك ئىدى ، تاشكەنتتە ھېدىن ئەترىتىگە يول باشلىغۇچى بولۇپ قوشۇلغان ، شۇنىڭدىن بۇيان ھېدىندىن ئايرىلماي ، ئۇنىڭ يېقىن سەپەرداشلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى .

ھېدىن مەكىتلىك تۆگىچىلەرنىڭ جانغا ئەسقاتىدىغان مەسلىھىتىنى رەت قىلغىنىدا ، تەكلىماكان ئىچىگە قىلغان تۇنجى سەپىرىدىلا مىڭ ئۆلۈپ ، بىر تىرىلىدىغان قورقۇنچلۇق قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى .

## 2

مانا ، مېڭىۋاتقىلى بەش كۈن بولدى . سەپەرنىڭ تۇنجى كۈنى

چۈشتىن كېيىنلا باشلانغان قۇملۇق تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ، بەلكى
ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى قۇملۇق چۆللىشىپ ، تېخىمۇ چەكسىزلە-
شىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى . قۇم دۆڭ ، داۋانلارمۇ كۆز-
دىن - كۆزگە قويۇقلىشىپ ، بىر - بىرىدىن ئېگىزلەپ كېتىۋاتات-
تى . بەزى قۇم دۆڭلىرى يىگىرمە - ئوتتۇز مېتىر ئېگىز بولۇش
بىلەن قورغان - سېپىلدەك ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ،
ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇراتتى . بۇنداق قۇم دۆڭلىرىنى هالقىپ
ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئايلىنىپ ماڭاي دېسە ، قۇيرۇقىغا
يېتىش ئۈچۈنلا يېرىم كۈنگە يېقىن ۋاقىت كېتەتتى ، ئىلاج يوق
قۇم دۆڭلىرىگە يامىشىشقا توغرا كېلەتتى ، هالقىپ ئۇ تەرىپىگە
ئۆتۈپ بولغۇچە ، بىر قەدەم يۇقىرى ئۆرلىسە ، ئىككى قەدەم كەينى-
گە ، تۆۋەنگە سىيرىلىپ يۈرۈپ هايۋانلارنىڭمۇ ، ئادەملەرنىڭمۇ جۇ-
لۇقى چىقىپ بولاتتى .

— مەن قاراقۇم چۆللۈكىگىمۇ بارغان ، لېكىن ئۇ بۇ قۇملۇق-
نىڭ بىر بۇرجىكىگە توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ ، — دېدى هې-
دىننىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان سىنوف .

سىنوف ستوكهولمدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان كازاك ئائىلىسى-
دىن بولۇپ ، هېدىن بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان . هېدىن
ئۇنى ئىشەنچلىك دەپ قاراپ مۇھاپىزەتچىلىككە ياللىۋالغانىدى .

— باسىت ، بىز هازىر قۇملۇقنىڭ قەيېرىدە كېتىۋا-
تىمىز ؟ — هېدىن ئالدىدا تۆگە يېتىلەپ كېتىۋاتقان تۆگىچىدىن
سورىدى .هېدىننىڭ گېپىنى قېڭشى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ
بەردى .

باسىت تەمبەل ، دوغىلاق - خولەك ، قويۇق قارا ساقاللىق ،
ئوتتۇز بەش ياش ئەتراپىدىكى كىشى بولۇپ ، ئۇۋچى ئائىلىسىدە
ئۆسكەچكە ، بۇ ئەتراپ ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى .

— قۇملۇق ياقىسىدا كېتىۋاتىمىز ، — باسىت قوپال ، توم-
تاقلا جاۋاب بەردى .

توغرا مەسلىھەتنى ئاڭلىماي ، ئۆمرىدە بۇ قۇملۇقنى كۆرۈپ

www.uyghurkitap.com

باقمىغان كىشىنىڭ گېپى بىلەن بىھۇدە، ئورۇنسىز نەرسىلەرنى ئېلىپ ئارتۇق يۈك قىلىۋالغىنىغا باستى ھېدىندىن خاپا ئىدى. ئىچىدە: «قېنى، بېشىڭغا كەلگەندە كۆرەرسەن» دەپ گەپ قىلماي كېلىۋاتاتتى. يەنە بىر تۆگىچىنىڭ ئىسمى قايىم، ئۇ ئورۇق، ئېگىز بوي، ئۇزۇن ئېڭەك، ئۆچكىنىڭكىدەك ئۇزۇن، ئەمما شالاڭ، بىر تۇتاملا ساقاللىق، ھېدىنغا ئوخشاش ئوتتۇز ياشنىڭ بوسۇغىسىنى يېڭىلا ئاتلىغان بولۇپ، ئىچى كۆچلۈك، كەم سۆز ئادەم.

— نېمە؟ قومۇلۇقنىڭ ياقىسىدا؟! — باستىنىڭ جاۋابىدىن ھېدىن بېشىغا بىر قاپاق مۇزدەك سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى، — بەش كۈن مېڭىپمۇ بىز تېخىچە قومۇلۇقنى ياقىلاپ يۈردۇقما؟

— بۇ كىچىك قومۇلۇق ئەمەس، بەش كۈندە قانچىلىك يول ماڭاتتۇق، — باستى دوق قىلغاندەك جاۋاب بەردى.

ھېدىن شۇئان يېنىغا ئېسىۋالغان خورما رەڭ خۇرۇم سومكىدىن خەرىتىنى ئېلىپ ئېچىپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگوغىچە كېڭىيىش قارا نىيىتىدە بولۇپ كېلىۋاتقان چار رۇسىيىنىڭ تاشكەنتتىكى دائىرىلىرى چوقان ۋەلىخانوف، كودوپاتكىن، پرژېۋالىسكىيلاردىن ئالالمىغان قانائەتلىنەرلىك ئۇچۇرغا ھېدىن ئارقىلىق ئېرىشىش قالارمىز، دېگەن شېرىن ئۈمىد، تەمەدە ئۇنىڭ سەپىرىگە كۆپ جەھەتتىن ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ، چېگرادىن ئۆتۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ پاسپورت ھەل قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئاسىيانىڭ كىندىكى بولغان شىنجاڭغا دائىر يېڭى خەرىتىلەر بىلەنمۇ تەمىنلىگەنىدى. بۇ خەرىتىلەر ئىچىدە پرژېۋالىسكىي تارىم بويىغا كەلگەندە سىزغان خەرىتە شەكلىدىكى پارچە - پارچە كۆرۈنۈشلەرنىڭ نۇسخىلىرىمۇ بار ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى شۇ خەرىتە ئىدى. ھېدىن خەرىتىدىن خوتەن دەرياسىنىڭ تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدىغان جايىنى ئىزدەۋاتاتتى.

— ياپىر ! — دەۋەتتى ھېدىن ئالدىدا چەكسىز سوزۇلۇپ ياتقان قۇملۇققا قاراپ ، — يىراق ئۇپۇق ئاسماننىڭ چېكى ، لېكىن بۇ قۇملۇقنىڭ چېكى نەدە؟ چەت - چۆرىسى بۇنچىلىك كەڭ ، ئوتتۇرىسى قانچىلىكتۇ بۇ قۇملۇقنىڭ .

ھېدىن قاراقۇم چۆللۈكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى ، بۇ دەشت قۇملۇق ئالدىدا ئۇ ھېچقانچە ئەمەس ئىدى . ئۇ يەنە ئۇز ۋەتىنى — ۋەتىنى شۋېتسىيىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۇردى . قىشى ئىللىق ، يېزى سالقىن ، قۇملۇق ، قاقاسلىق يوق ، مۇنبەت تۇپراقلىق ، كۆللىرى جىق ، سۈيى ئەلۋەك ، بوك باغ - ئورمانلىق كەڭ زېمىن — ئانا قۇچىقى كۆز ئالدىدا نامايان بولدى . ئۇ گۈزەل يۇرت ھېدىنغا ھۇزۇرلا بېرەلەيتتى ، شان - شەرەپ ، شۆھرەت بېرەلمەيتتى ، پەقەت ئۇ تاپقان شان - شۆھرەتكە چاۋاك ئۇرۇپ تەنتەنە قىلىشىپلا بېرەلەيتتى . ھېدىنغا كېلىدىغان شان - شۆھرەتلەر مۇشۇ قۇملۇقتا ئىدى ، بۇنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى .

ھېدىنلار يولغا چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى كەچكىچە سەپىرى كۆڭۈلدىكىدەك راۋان بولۇپ ، ھېچبىر ئاۋارىچىلىك كۆرۈلمىدى . شۇ كۈنكى قونالغۇسىدا شام يورۇقىدا بىر كۈنلۈك سەپەر ئەھۋالى ۋە قىلغان ئىشلىرىنى يېزىپ كېلىپ ، خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى پۈتكەنىدى :

*… « بۈگۈن سەپىرىمىزنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئالدىنقى كۈنلەردىكىدەك ھاۋا ئوچۇق ، سالقىن بولدى . قارىغاندا تەلىيىم ئوڭ ئوخشايدۇ . تۈنۈگۈن كېچىدە تاڭغا يېقىن كۆرگەن چۈشۈم ئوڭۇمدا زاھىر بولىدىغاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ . مەن چوقۇم كۆزلىگەن شەرەپكە ئېرىشىمەن… »*

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئىراق ، ئىران ، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا ، سەمەرقەنتلەردە كۆرۈپ مەپتۇن بولۇپ قالغان قويۇق ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ، بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرنىڭ

يالدامىسى بولغان ئاجايىپ كۆركەم ، ھەشەمەتلىك ئوردا ـ ساراي ، قەلئەلەردىن كۆپ مۇقەددەملىك كۆلشەھەر ، مىرەن ، شەھرى كىتىك ، چاقىلىقتىكى تاش شەھەر قاتارلىق قەدىمكى زامان ئىزنالىرىنىڭ ئۇنىڭغا قوچاق ئېچىپ تۇرغانلىقىنى ھېدىن ئالدىنقى كېچە چۈشىدە كۆرگەنىدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئالتۇن گىرۋەكلىك ، گۆھەر كۆزلۈك شان ـ شۆھرەت تاجى ئۇنىڭ بېشىغا قونغىلى ئەگىپ يۈرەتتى . تاجنىڭ چاقناق جۇلاسى كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ ھەم چاقاتتى ، ھەم قىزارتاتتى . تاج ھېدىننىڭ بېشىغا قونغىلى يېقىنلاپ كېلىپ ، يەنە نېمىشقىدۇر لىڭشىدە يۇقىرى ئۆرلەپ كەتتى . ھېدىن تاجنى تۇتۇۋالغىلى سەكرەۋېتىپ ئويغىنىپ كەتتى . «ئۇ تاجنى چوقۇم كىيىمەن» دېدى ئۇ ، ئويقۇچانلىقتىن سەگىپ ئوڭغا كەلگەندىن كېيىن .

سەپەرنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا ھاۋانىڭ تەرى بۇزۇلۇشقا باشلىدى .

— باست ، بۈگۈن ھاۋانىڭ چىرايى سەتلىشىۋاتىدۇ ، بۇ نېمىنىڭ ئالامىتى ؟ — ھېدىن سورىدى .

باست جاۋابقا ئېغىز ئاچقۇچە ئىسلامباي :

— ھاۋانىڭ بۇنچىلىك ئەپتىدىن قورقۇپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ ، ھېلى ئېچىلىپ كېتىدۇ ، — دېدى .

ئىسلامباينىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلۇشۇپلا قولاق تۈۋىدە غۇرۇلداپ ، قۇملار شىرىلداپ شامالنىڭ شەپىسى كەلدى .

ھېدىن باست بىلەن قايىمغا قارىدى . باست ئاسمانغا قاراپ قويدى ، باشقا ھېچقانداق ئىپادىدە بولمىدى . قايىم بولسا ئاسمانغىمۇ قارىمىدى ، پەقەت مىيىقىدا كۈلۈپلا قويدى . ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ھېدىنغا بىگىز سانجىغاندەك بىلىنىپ كەتتى .

— قايىم ، ئېيتىقىنا ، شامال كۈچىيىپ كېتەرمۇ ؟... — ھېدىننىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى ئاغزىدا قالدى ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىگە شامال ئۇچۇرغان قۇملار يىڭنە سانجىلغاندەك تېگىشكە باشلىدى . قۇملۇقنىڭ شامال ، بورىنى مانا شۇنداق ، «شامال چىقىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ بولغۇچىلىك ، شامال بورانغا ، قۇيۇنغا ئايلىنىپ

بولىدۇ .

غۇر - غۇر شامال بىردىنلا بورانغا ئايلاندى . جاھاننى بوراننىڭ ۋىژىلداشلىرى ، ھۇشقىيتىشلىرى قاپلىدى . بۇنداق چاغدا ، يىلتىزى ھەر يەردە قالغان قامغاقتەك بۇ ئادەملەرنىڭ كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى بولسۇن ، جانمۇجان ئۆزىنىڭ جېنى . پەقەت باسىت بىلەن قايىم بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ، ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان ئالتە تۆگە بىلەن ئۈچ ئېشەكنى دالدا بولغۇدەك بىر يەرگە يىغىپ ، بورانغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇۋالدى . توپا توزۇغاندەك ئۇچقان ئۇندەك قۇملار بىر غېرىچچە يەردىكى نەرسىنى كۆرۈشكىمۇ ئىمكان بەرمەيۋاتاتتى . بۇنداق تېز كەلگەن بوران - قۇيۇن ، بىر - دەملىك قاتتىق ياغقان يامغۇردىن ھاسىل بولغان ئاخىرى يوق شىددەتلىك كەلكۈنگە ئوخشايدۇ . چۈشتىن قايرىلىشىغا چىققان بوران ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكەندىن كېيىن ، ئارمىنىغا يەتكەندەك ئىككى سائەتتەك داۋاملىشىپ شىپپىدە توختىدى . شامالنىڭ شەپىسى كەلگەندە ، ھېدىن باسىت بىلەن قايىمنىڭ تۆگە ، ئېشەكلەرنى بىر يەرگە جىددىي توپلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، شۇئان ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ ، ئۇلار قانداق قىلسا شۇنداق قىلدى . ئەمدى قارىۋىدى ، ھېدىن ئۆزى بىلەن ئىككى تۆگىچى ۋە تۆگە ، ئېشەكلەر ، ھېدىننىڭ ئېتى خاتىرجەم بىر يەردە تۇرغان ، باشقىلار بولسا ئۆزلىرى بىر يەردە ، مىنگەن ، مەسئۇل بولغان ئۇلاغلىرى باشقا بىر يەردە تۇرغان . شۇ چاغقىچە قۇملۇق بورىنىنى كۆرۈپ باقمىغان فېڭشى خۇددى شامالغا ئەگىشىپ كەتكەندەك ، يىراققا كەتكەنىدى . ئۇنى ئىككى تۆگىچى بىلەن پاپباي شامال يۆنىلىشى بويىچە مېڭىپ خېلى يىراقتىن تەستە تېپىپ كەلدى ، ئېشىكى يوق بولدى...

تۆگە ، ئېشەكلەردىكى يۈكلەرنى تەكشەپ فېڭشىغا بىر ئېشەك بوشىتىپ بېرىشكە توغرا كەلدى . كۈنپېتىشقا ئاز قالغانىدى . ئۇلار شۇ يەرگە چۈشكۈن قىلىپ قونماقچى بولۇشتى . تاماقتىن كېيىن ھېدىن چېدىرىدا شام يورۇقىدا شۇ بىر كۈنلۈك ئىشلاردىن خاتىرە يېزىشقا ئولتۇردى . تۇنجى يولۇققان قۇملۇق بورىنى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغاندىن كېيىن ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ

دىققەت قىلىشى ئۇچۇن ساۋاق سۆپىتىدە خاتىرىسىگە چوڭ قىلىپ مۇنداق دەپ يازدى :

*... « سۇنى كۆپرەك ئىلىۋېلىش ئورنىغا جۇۋا ، يوتقان-كۆرپە ئېلىشىم ، ھازىر ئويلىسام كۈلكىلىك ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم مەسخىرە قىلىپ كولدۇرلاتقاندەك ئىش بوپتىكەن . شامال مەسلەسىدىمۇ شۇنداق بولدى . قايىمنىڭ ئاچچىق ھەم مەسخىرىلىك جىلمايغىنىنى كۆرگەندىكىن ، كۈلكىسىنىڭ سەۋەبىنى سورىغان بولسام ، بۇنچىلىك سورۇقچىلىق تارتمايتتۇق . شۇ تۆپىلى بىر ئىشەك ، بىرنەچچە قوي كىيىم يوقالمىغان بولاتتى . ئىسلامباينىڭ سادىق مالايلىقىدا گەپ يوق . لېكىن ، ئۇمۇ ، ئىككى تۆگىچىدىن باشقىلىرىمۇ بۇ قۇملۇقنىڭ تەبىئىتى توغرىسىدا ماڭا ئىشەنچلىك مەسلىھەت بېرەلمىگۈدەك . بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە باشتىن بىلەن قايىمنىڭ مەسلىھىتىنى ئاڭلىشىم ، قۇملۇقنىڭ ئىچىگە ، لوپ كۆلگە بارىدىغان شۇ يەرلىك كىشىلەردىن ياخشى يول باشلىغۇچى ھەم ئىشەنچلىك مەسلىھەتچى تېپىشىم كېرەك ئىكەن . چوقۇم شۇنداق قىلىمەن » .*

بۈگۈن كۈن ئەتىگەندىلا ئىچىلىپ كەتتى ، ھاۋا شۇنچىلىك سۈزۈك . بۈگۈنكى كۈننىڭ كۈلۈپ باققىنىدىن ھېدىن خۇشال ئىدى ، لېكىن باشتىن بىلەن قايىم خۇشال ئەمەس ئىدى . ئەتىگەندىلا كۈن تەپتىنىڭ يۈز ، پېشانىگە ۋىللىدە تېگىشىدىن بۈگۈن ئىسسىقنىڭ قايناپ تۇرغانلىقىنى سەزدى . ئۇلار سىرىمىگە تايىنىپ توغرا مۆلچەرلىگەنىدى . چۈش بولمايلا كۈن ئەتراپنى ئىسسىتىپ ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى . چۈش قىيام بولغاندا ، ئىسسىقمۇ قىيامىغا چىقتى . ئىسسىق تەپتىدىن قىزىپ قوغدەك بولۇپ كەتكەن قۇمدىن ئۆرلەۋاتقان ۋىل - ۋىل ، سۈزۈك ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان نۇر يىڭنىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يۈزلەرنى چاقاتتى ، كۆيدۈرەتتى ، كۆزنى ئاچقۇزمايتتى . ئاسماندا بىرەر ئۇچار قاناتلىق ، يەردە بىرەر

قۇرت ـ قوڭغۇز بولسا كاشكى. شۇلاردىن بىرەرسى چىلىقىپ قالسىمۇ، شۇ تاپتا ھاياتلىقتىن زور ئۈمىد بىغىشلىغان بولاتتى. ئات، ئىشەكلەرنىڭ بۇرۇن پەرەكلىرى يوغىناپ، تىنىقلىرى ئىنى. غىرلىشىپ قالدى، ئىككى ئىتنىڭ تىلى ساڭگىلاپ، ھۇمۇدەپ بولالماي قىلىۋاتاتتى. ئەڭ چىداملىقى يەنىلا تۆگە بىلەن ئادەم ئىكەن.

پاپپايدىن سۇنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ھىيدىن چۆچۈپ كەتتى، ئىسلامبايغا ئىشىنىپ باست بىلەن قايىمنىڭ گىپىگە كىرمىگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى، ھازىر ئاچچىقلىنىپ چىچىلىدىغان چاغ ئەمەس ئىدى. چىچىلىپ ئاچچىق يۇتقانسىرى ئادەمنىڭ ئاغزى تىخىمۇ قۇرۇپ، دىمى كىسىلىپ ھالىدىن كىتەتتى. شۇڭا بۇنداق چاغدا ئۆزئارا مەدەت بىرىشىپ، ئۈمىدلەندۇرۇش كىرەك. ئۈمىد نۆۋەتتە كەلگەندە ئادەمدە ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ، روھىنى قاناتلاندۇرىدۇ.

پاپپاينىڭ دادىسى ئۇيغۇر، ئانىسى ئەنجانلىق ئۆزبىك ئىدى، ئۆزىنى «مەن قەشقەرلىك ئۆزبىك» دەپ يۈرەتتى. ئۇمۇ قەشقەردە ھىيدىنغا ياللانغانىدى.

ھىيدىن چۈشكۈن قىلىپ، قۇدۇق كولاپ باقماقچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدىمۇ بەربات بولدى. بىر مىتىر كولىغۇچە قۇم نەمسەل كۆرۈندى، كولاش چوڭقۇرلاشقانسىرى قۇم شۇنچە قۇرۇق چىقتى. 5 ـ، 6 ـ ئايلار تەكلىماكاندىكى ئۇزۇن ـ قىسقا تارماق ئىقىنلار، كىچىك كۆللەر، كۆلچەكلەر قۇرۇپ كىتىدىغان چاغ، بۇنى ھىيدىنمۇ، ئىسلامبايمۇ بىلمەيتتى، ئەمدى سۇنى تىجىمىسە بولمايتتى. ھىيدىن ئۆزىنىڭ رۇخسىتىسىز سۇ ئىچىشنى چەكلىدى. سۇ ئارتىلغان تۆگىنى پاپپايغا تاپشۇردى.

ھىيدىن يوتقان ـ كۆرپە، جۇۋا، قىشلىق چاپان، چىدىر قاتارلىق يازدا ئىشلەتمەيدىغان، ئەكسىچە يۈك بولىدىغان نەرسىلەرنى تاشلاتقۇزۇۋەتتى، لىكىن غەم يىنىكلىمىدى، بەلكى ئەھۋال بارغانسىرى ئىغىرلاشتى. سىنوف بىلەن فىڭشى بولالماي ئۆزلىرىنى

قۇمغا تاشلىۋەتتى . ھىدىنىنىڭ ئۆزىمۇ قۇملۇقنىڭ ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان قورقۇنچلۇق ۋەھىمىسى ئالدىدا قانداق قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى . قۇملۇقتىن تىرىك چىقىپ كېتىشكە كۆزى يەتمىدى ، ئۆلسەممۇ يېڭى ئېكسپېدىتسىيىچى كىيىم بىلەن ئۆلەي دەپ سىرتقى كىيىملىرىنى يېڭىغا ئالماشتۇرۇۋالدى ، ھەتتا راستىنلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسا ، ئۆلۈكىنى ھايات قالغۇچىلارنىڭ قانداق قىلىشى توغرىسىدا ھەمراھلىرىغا ۋەسىيەتمۇ قىلدى . ئىسلامباي بىلەن پاپبايمۇ بولالماي قېلىۋاتاتتى .

— سۇ ، — دېدى ئىسلامباي قۇمدا پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ ، ئاغزى قۇرۇپ كەتكەچكە ، گەپمۇ ئاران چىقىۋاتاتتى ، — بىر يۇتۇم سۇ بېرىڭلار ، ئاغزىمنى نەمدىۋالاي .

ئۇ گېپىنى ئاران دەپ بولۇپ پاپبايغا قارىدى ، پاپباي ھېدىنىغا قارىدى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئىككى يۇتۇمدىن سۇ ئىچىۋالمىسا ھېچكىم ماڭالمايدىغاندەك ئىدى . ئىككى تۇلۇمدىلا سۇ قالغانىدى . ھەربىر ئادەمگە سۇنى ھېدىن ئۆزى بەردى ، ئۆزىمۇ باشقىلار بىلەن ئوخشاش مىقداردا ئىچتى ، قالغان بىر يېرىم تۇلۇم سۇنى جان تۇمشۇقتا كەلگۈچە ساقلاپ تۇرماقچى بولدى . ئىككى يۇتۇم سۇ ھەممىگە جان بەردى . سەپەر داۋاملاشتى...

ئالدى بىلەن ئىككى ئىت يىقىلىپ يېتىپ قالدى . ئاغزىدىن بىر غېرىچچە چىقىپ تۇرغان قۇرغاق تىلىغا قۇممۇ يۇقۇشمىغانىدى ، كۆزى ئادەملەردىن جان تىلىگەندەك ئاران ـ ئاران لۆمۈلدەيتتى . ئۆز ھالى ، ئۆز جېنى قايغۇسىدا قالغاندا ئۇنىڭغا كىمنىڭ ھەپسىلىسى . ئىگىسى بولغان ھېدىنمۇ ئىتقا قاراپمۇ قويمىدى . بىر ـ بىرىگە كېسەل يۇققاندەك ئات ، ئېشەكلەرمۇ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى گۈلۈپ ـ گۈلۈپ يىقىلىشقا باشلىدى . چاڭقاپ تاڭلىيى قۇرۇپ كەتكەچكە ، جان تالىشىپ قىلىدىغان خارتىلداشمۇ ، پۇتلىرىنى تىپچەكلىتىشمۇ يوق ، جىم ـ جىملا يېتىپ قالدى . ھېدىنىنىڭ ئۆزىمۇ بولالماي قېلىپ ھاراق ئىچىپ باقتى ، ئۇمۇ بولمىدى . باستى بىلەن قايىمدىن باشقىلىرى سەپەردە يېيىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان توخۇ ، قويلارنى بوغۇزلاپ قېنىنى ئىچتى . بولار

ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بەلكى ئەھۋالنى تېخىمۇ بەتتەرلەشتۈرۈۋەتتى .

— قانداق قىلىمىز ؟ — ھېدىن باستتىن سورىدى .

— بولالمىدۇق دەپ قۇملۇقتا قېيىدىغان بىلەن سۇ ئالدىمىزغا كېلىپ بەرمەيدۇ ، يىقىلىپ قالغۇچە ماڭايلى ، — دېدى باست .

تاماق - تاڭلىيى قۇرۇپ كەتكەچكە ، ھېدىن ئىككى ئېغىز سۆزنىمۇ ئاغزىدىن ئاران چىقىرالىغانىدى . باست بولسا چاڭقاپ كەتكەندەكمۇ ئەمەس ، شۇنچىۋالا گەپنى بىمالال قىلىۋاتاتتى . ھېدىن ھەيران بولۇپ باستقا ، ئاندىن قايىمغا قارىدى . قارىدىيۇ ، تېخىمۇ ھەيران قالدى . باست بىلەن قايىم يەنىلا شۇ قېلىن تاشقى كىيىملىرىدە بولۇپ ، شۇنچىۋالا ئىسسىقتىمۇ نېپىزگە ئالماشتۇرمىغانىدى . ئۇلارنىڭ ئەكسىچە باشقىلار ئەتىگەندىكى ئىسسىقتىلا ئۇستىۋېشىنى نېپىز كۆڭلەكلەرگە ئالماشتۇرۇۋەتكەنىدى . بۇ ئىككى سېلىشتۇرمىدىن ھېدىن ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە بەك چاڭقاپ ھالسىزلىنىپ كېتىشىنىڭ سىر ، سەۋەبىنى بىلدى - دە ، ھەمراھلىرىغا ئەھۋالنى ۋە ھازىر بولسىمۇ قېلىن كىيىنىۋېلىشنى ئېيتتى .

— بۇ ئىشنى بىزگە بالدۇرلا دەپ قويساڭلار بولمامدۇ ، — دېدى ئىسلامباي باست بىلەن قايىمغا قاراپ .

— دېگىنىمىز بىلەنمۇ بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلامتىڭ ، — دېدى قايىم دوق بىلەن .

دېگىنىگە ئىسلامباي غىققىدە تويدى . ھېدىنمۇ شۇنداقراق بىر گەپ قىلماقچىدى ، تىلىنى تارتىۋالدى .

راست ، سۇسىز قۇملۇقتا يېتىۋېلىش ئۆلۈم كۈتۈپ ياتقان بىلەن باراۋەر . بىر قەدەم بولسىمۇ مېڭىش كېرەك ، تىركىشىپ بېقىش كېرەك . ھېدىن شۇلارنى ئويلىدى . ئۇنىڭمۇ ئەزرائىلنى كۈتۈپ تۇرغۇسى ، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرگۈسى يوق ئىدى . ھەمراھلىرىنى داۋاملىق مېڭىشقا ، چىداشقا رىغبەتلەندۈردى . يېرىم تۇلۇم سۇنى ئادەملەرگە بىر چۆچەكتىن ، ئات ، ئېشەكلەرگە ئىككى چۆچەكتىن بەردى . سۇ ئىچىۋېلىپ ئۇلار يولىنى داۋاملاشتۇردى ، ماڭدى ، نەچچە قۇم دۆڭ - داۋانلاردىن ئاشتى ، يىقىلغاننى يۆلە-

شىپ ماڭدى... بۇ ، تەڭرىنىڭ ئۇلارنى سىنىغىنىمۇ ياكى قىسمىتى شۇنداقمۇ ، جانلىرى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاندا ، ئۇلارغا تەڭرىنىڭ رەھمى كەلدى چېغى ، ئاخىر ئۇلار بىر دەرياغا ئۇلاشتى . بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىككى ئېتى ، ئۈچ ئېشىكى ، ئىككى ئىنتى ئۆلۈپ ، سىد-نوف ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغانىدى ، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئاران - ئاران تىنىقى قالغانىدى . ئۇلارنىڭ كۆرگىنى دەريانىڭ ئۆزى بولماي ، بۇلتۇرقى دەريا تاشقىنىدا چوڭقۇر چولغا يېغىلىپ قالغان سۇنىڭ ئاخىرقى قالدۇقى ئىدى . سۇ سۇزۇك ھەم تاتلىق ئىدى . ئەزرائىل ئۇلارغا سوزغان قولىنى يىغىشتۇرۇۋالدى . ھې-دىن بۇ سۇ كۆلچىكىگە تەلىيىنىڭ ئۇلى كەلگىنىمۇ ، تاسادىپىي ئېرىشىپ قالدى . ئۇ ئازراق يوقىتىشقا ، مەغلۇبىيەتكە ئاسانلىقچە تەن بەرمەيدىغان قەيسەر ، سۇنماس ئىرادىسى بىلەن ئەتراپقا ئۇمىد-ۋار نەزىرىنى تىكىپ كېلىۋاتاتتى ، بىر قۇشنىڭ باش ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇمىد ئۇنىڭغا باشقىدىن قۇچاق ئېچىپ تەبەسسۇم قىلدى . ھېدىن ھەمراھلىرىنى قوش كەت-كەن تەرەپكە ئىشەنچ بىلەن باشلاپ ماڭدى...

سۋېن ھېدىن بۇ قېتىم زور ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بول-سىمۇ ، مىرەن خارابىلىكى ، كۆلشەھرى خارابىلىكى ، قەدىمكى قەبرىستانلىقلار ، يەنە قانداقتۇر خارابىلىك قىدىرىپ ، ئېكسپېدىت-سىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە كارامەت كۆرسىتىش قىزغىنلى-قى ، ئىرادىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنىلا لاۋۇلدىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ-دىكى بۇ غايە ، روھ ، شىجائەت ۋە قەيسەر ئىرادە قانداق پەيدا بولغان ؟

سۇنىڭ بىشى ، دەرەخنىڭ يىلتىزى بولغىنىدەك ، ھېدىنىدىكى غايە ، نىشان ۋە تەۋەككۇل دەرياسىغا ئۆزىنى ئېتىپ تۇرىدىغان بۇنداق تەۋرەنمەس قەيسەرلىكنىڭ چوڭقۇر مەنبەسى بار .

## 3

ئۇ كېچە سۋېن ھېدىندىن ئۇيقۇ قاچتى . شىمالىي قۇتۇپ

مۇزلۇقنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ قايتىپ كەلگەن «فىگا» ناملىق
پاراخوتنىڭ ستوكھولملىقلار ۋە شۋېتسىيە پادىشاھى تەرىپىدىن كۈ-
تۈۋېلىنغان چاغدىكى قىزغىنلىق ۋە تەنتەنىلىك مەنزىرە ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدىن بىرمۇبىر قايتا - قايتا ئۆتمەكتە . ئۇ كۈنى پۈتۈن ستوك-
ھولم خەلقى پىرىستانغا يىغىلغانىدى . پاراخوت باشلىقى نوردىنىسنى
ستوكھولم خەلقى : «بىزنىڭ پەخرىمىز ، بىزنىڭ غۇرۇرىمىز ! ۋە-
تەنىنىڭ پەخرى ، ۋەتەنىنىڭ غۇرۇرى ! نوردىنىس شۋېتسىيىنى دۇنياغا
تونۇتتى !» دېيىشىپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرمەكتە ، ئاسمانغا ئاتماق-
تا . نوردىنىس ستوكھولملىقلارنىڭ قەلبىدىن سۆيگەن بۈيۈك
شەخسكە ، قەھرىمانغا ئايلانغانىدى . بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇن بەش ياش-
لىق سۆبېن ھېدىنىنىڭ ۋۇجۇدىدا زىلزىلە پەيدا قىلىپ ، ھاياجانلىق
ھېسسىياتى ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك قەلب قىنىغا سىغماي قالدى . خۇد-
دى ئۇنىڭغا تەئەللۇق شان - شەرەپنى باشقا بىرسى تارتىۋالغاندەك
قىزغىنىپمۇ قالدى .

«كەلگۈسىدە ، ياق ، پات ئارىدا مەنمۇ ئاشۇنداق شان - شەرەپ
قۇچىمەن ، شۆھرەت تاجى كىيىمەن ، ۋەتەنىنىڭ ، خەلقىنىڭ ئىپتىخا-
رى ، غۇرۇرى بولىمەن ، سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى ۋەتىنىم
شۋېتسىيەمنى دۇنياغا تونۇتىمەن» .

ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇ شېرىن خىيال ، شۇ شېرىن ئىستەكلەرلا
بار ئىدى .

— ئۆزۈڭچە بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ كېتىپسەنغۇ .

شۇ كۈتۈۋېلىشتىن كېيىنلا سۆبېن ھېدىنىنىڭ كەيپىياتى ،
روھىي ھالىتى غەلىتە بولۇپ قالدى . ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپمۇ ،
كەلگەندىن كېيىنمۇ ، تاماق يەۋېتىپمۇ ، تاماقتىن كېيىنمۇ يەتتە
پەرزەنت ، توققۇز جانلىق مېھىر - مۇھەببەتلىك ، كۆڭۈللۈك بىر
ئائىلە كىشىلىرى كۈتۈۋېلىش يىغىلىشى توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزى-
غا تەگمەي پاراڭ قىلىشسا ، ئادەتتە بەس - مۇنازىرىگە ئامراق
سۆبېن ھېدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قوشماي جىمپىلا كەتكەنىدى .
ئۇنىڭدا پەيدا بولۇپ قالغان نورمالسىزلىق ئاتا - ئانىسى —

ئەر ـ خوتۇن لۇدۋىگلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى . ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئادىتى بويىچە ھويلا ـ ئارامدا گۈل سەيلىسى قىلىدىغان ئىشمۇ يوق ، ئۇ بالدۇرلا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى . ئوغلىدىكى بۇ سەۋدايىلارچە جىممىپ كېتىشتىن خاۋاتىرلانغان ئاتا سەھەردە ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى .

قات ـ قات پۇرژىنىلىق كارىۋاتتا خىيال قايىنىمىغا چۆكۈپ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ ئولتۇرغان سۋېن ھېدىن ئاتىسىنىڭ كىرگىنىنى سەزمىگەنىدى .

— ئاتا ، — دېدى سۋېن ھېدىن ئاتىسىغا خىيالچان قاراپ ، ئۇنىڭ كۆزىدىن يەنە قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى ، — مەنمۇ بارون نوردىنىستەك ئېكسپېدىتسىيىچى بولاي دەيمەن .

ئاتا ئوغلىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى . شۇ قېتىمقى كۈتۈۋېلىش يىغىلىشىدا يەنە تېخى كۆڭۈلگە شادلىق بېغىشلايدىغان ياڭراق مۇزىكا ۋە ئالقىش سادالىرى ئىچىدە پادىشاھ ئوسكار II نوردىنىسنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭغا بارونلۇق نام ـ مەرتىۋە بەرگەنىدى .

— نېمە ، سەنمۇ شىمالىي قۇتۇپ مۇزلۇقىنى كېزەي دەمسەن ؟

— ياق .

— ئەمىسە نەنى ئېكسپېدىتسىيە قىلاي دەيسەن ؟

— نەگە بارىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، ئىشقىلىپ شىمالىي قۇتۇپ ئەمەس .

سۋېن ھېدىن ئەسلىي : «باشقىلار بېسىپ بولغان يەرگە بارمايمەن ، ئۇنداق قىلسام ئۇنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولىدۇ ، ماڭا قانچىلىك شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدۇ . مەن باشقىلار ئاياغ باسمىغان يەرگە بارىمەن» دېمەكچىدى ، لېكىن تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغان گېپىنى يىغىشتۇرۇۋالدى .

لۇدۋىگ ئوغلىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى . ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىدىن يېڭىلا چىققان ئون بەش ياشلىق ئۆسمۈرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتقان گەپنىڭ ۋەزنىدىن ھەيران قېلىۋاتاتتى . بۇ ، پىكرى پىشقان ، ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق ، چوڭقۇر

بىلىم ئىگىلىگەن ، ئۆزىنىڭ غايە ، ئىستىقبالى ئۈستىدە باش قاتۇرغۇدەك قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەر دەيدىغان گەپلەر ئىدى . ئاتا ئوغلىنىڭ بالدۇر يېتىلىۋاتقان ئەقىل - پاراسىتىدىن ، ئارزۇ - ئىستەك غايىسىدىن ئۆزىچە پەخىرلىنىپ قالدى . «مەن بىر ئۆمۈر پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ كىيىملىنى داۋالايمەن ، دەپ شۇلارنىڭ غېمىدە ئوردا تېمىنى ياقىلاپلا ئۆتۈپتىمەن . بۇ بولسا كىشىلەر ئاياغ باسمىغان يەرلەرگە بېرىپ مۆجىزە يارىتىمەن ، دەۋاتىدۇ . «بالدۇر چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپتۇ» ، دېگەن مۇشۇ . يارايسەن ئوغلۇم ! — ئاتا ئىچىدە شۇلارنى دېدى ۋە يەنە ، — ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى جىمىپ كېتىشى ، ئويلىغانلىرىنى ئىچىدە پىشۇرۇۋاتقىنىكەن ئەمەسمۇ » دېگەنلەرنىمۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ، ئۆتكۈزۈلگەن «فىگا»نىڭ غەلىبە قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش خاتىرە يىغىلىشىغا پرژېۋالىسكىي تەكلىپ بىلەن قاتناشقانىدى . يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلغاندا تونۇشتۇرۇپ : «دۇنيا ئەھلىگە ، بولۇپمۇ بىز ياۋروپالىقلارغا نامەلۇم بولغان رىۋايەتلەردىكىدەك سىر - تىلسىملىق زېمىن ، دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق تەكلىماكاننى كېزىپ چىققان مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى» دېگەن گېپى بىلەن ، پرژېۋالىسكىينىڭ تەكلىماكاننى تەرىپلەپ : «ئاشكارا ۋە ئۆزىنى قىلىن قۇم ئاستىغا يوشۇرغان نامەلۇم خارابىلەر ، قەدىمكى زامانلاردىن قالغان سىرلىق قەبرىستانلىقلار ، ئاجايىپ - غارايىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ، بىزنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئېچىشىنى كۈتۈپ ياتماقتا . تەكلىماكان ھەقىقەتەن سىر - ھېكمەتكە تولغان مۆجىزىلىك ماكان» دېگەن گېپى ، گۆدەك سىۋېن ھېدىننىڭ قەلبىگە تاشقا ئويۇلغان نەقىشتەك ئورناپ قالدى .

ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئېكسپېدىتسىيىگە دائىر كىتاب بولسا يىغدى ، ئوقۇدى . ئامېرىكا يازغۇچىسى كوئوپېر ، فرانسىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك يازغۇچىسى ۋارنا ، ئەنگلىيىنىڭ ئېكسپېدىت-

www.uyghurkitap.com

سىيچىسى داۋىد لىۋىنگىستون ، فرانكلىنلارنىڭ كىتابلىرى ئارقىلىق ، ئۇ ئۇلار بىلەن تونۇشتى ، مۇڭداشتى . ئۇلار ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئېكسپېدىتسىيىگە بولغان مەپتۇنلۇق قىزغىنلىقىنى لاۋۇلدىتىپ ئۇلغايتتى . بولۇپمۇ ، فاشىيەن ، شۈەنزاڭ ، ماركوپولو ۋە پرژىۋالىسكىيلارنىڭ كىتابى ، ئۇنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىنى ، ھاياتىنى ، پۈتۈن ئارزۇ ـ ئىستەك ، ئىقبال ، غايە رىشتىسىنى تەكلىماكانغىلا باغلاپ قويدى . ئەمدى ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا تەكلىماكان توغرۇلۇق ئويلايدىغان ، ئۇخلىسا تەكلىماكاننى ، ئۇ يەردىكى نامەلۇم شەھەر ـ قەلئەلەرنى ، خارابىلەرنى ، سىرلىق قەبرىستانلارنى چۈشەيدىغان بولدى .

ئۇ ئۆزىنى جەلپ قىلىۋالغان ماركوپولونىڭ تەكلىماكان ، لوپ كۆلى بويى توغرىسىدىكى تەسۋىري بايانلىرى يېزىلغان بەتلەرنى تەمشىپ تۇرۇپ قايتا ـ قايتا ئوقۇغان بولسا ، تەكلىماكان — «ھالاكەت دېڭىزى»غا تونجى بولۇپ ئاياغ باسقان ياۋروپالىق پرژىۋالىسكىي بىلەن غايىۋانە پاراڭلىشاتتى :

— پرژىۋالىسكىي تاغا ، «فىگا»نىڭ قايتىپ كەلگەنلىك شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش يىغىلىشىدا سىزنىڭ نۇتقىڭىزنى ئاڭلىدىم ، كېيىن «ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر» دېگەن كىتابىڭىزنى ئوقۇدۇم . ماڭا ئەڭ تەسىر قىلىپ ، مېنى ئۆزىگە تارتقىنى تەكلىماكان توغرىسىدىكى گەپلىرىڭىز بولدى . ماڭا شۇ ئېكسپېدىتسىيىڭىز توغرىسىدا گەپ قىلىپ بەرسىڭىز قانداق؟

— گېپىڭىزدىن قارىغاندا ، سەن ئېكسپېدىتسىيىگە قىزىقىدىغاندەك قىلىسەن . ئېكسپېدىتسىيىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى ، جاھانكەزدىلىك . ئەمما ، بۇ تەركىدۇنياچى دەرۋىشلەرنىڭ ئادەتتىكى جاھانكەزدىلىكى ئەمەس . ئېكسپېدىتسىيە مەلۇم بىر نىشان ، مەقسەتنى كۆزلەپ قىلىنىدىغان ، غايىلىك ئادەمنىڭ ئاڭلىق ئىشى . مەن ساڭا ئالدىن ئېيتىپ قوياي ، بۇ بىر دەملىك ھەۋەس ، قىزىقىشقا تايىنىپ ياكى نام ـ شۆھرەتكە ئېرىشىپ كىرىدىغان كوچا ئەمەس . جاپا ـ مۇشەققىتى مۆلچەرلىگۈسىز كۆپ ئېغىر ، رىيازەت چېكىسەن .

بولۇپمۇ، تەكلىماكاندا خەۋپ - خەتەر، ھەتتا ھالاكەتلىك قىسمەت چېلىقىپلا تۇرىدۇ، قۇملۇقنىڭ شامال - بوران، قۇيۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىكلىكىنى دېمەيلا قوياي. ئەمما بۇ ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ، ئەس - يادىڭ بىلەن بېرىلگەن بولساڭ، ھەرقانداق خېيىمخەتەر، مۈشكۈلچىلىكنى يېڭىپ كېتەلەيدىكەنسەن، تېخى سېنى تاۋلاپ، ئىرادەڭنى چېڭىتىپ، قارامىلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ تەۋەككۈلچى قىلىۋېتىدىكەن.

— مەن ھەرقانداق ئېكسپېدىتسىيىچىگە ئىخلاس قىلىمەن، بولۇپمۇ ياۋروپالىقلارغا يول ئېچىپ تەكلىماكانغا تۇنجى بولۇپ بارغان سىزگە بەك ئەقىدە قىلىمەن. ماڭا تەكلىماكاندا كۆرگەنلىرىڭىزنى دەپ بېرىڭە.

مەن سىرلىق ئۇ نامەلۇم ماكانغا تارىم، كۆنچى دەرياسى، لوپ كۆلى ۋە باشقا دەريا - ئېقىن، چوڭ - كىچىك كۆللەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بارغانىدىم. بېرىپ تەكشۈردۈم، كۆردۈم، ئاڭلىدىم، كۆپ نەرسىنى بىلدىم. ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىمدىن ئاڭلىغانلىرىم جىق. كۆرگەنلىرىمنىڭ ئۆزىلا تەسەۋۋۇرۇمدىن تاشقىرى ئاجايىپ نەرسىلەر بولۇپ، تۇرغان - پۈتكىنى مۆجىزىنىڭ ئۆزى. مەن پەقەت جۇغراپىيىدە نائېنىق جايلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات ئەۋرىشكىلىرى يىغىپ، بوتانىكا، زوئولوگىيە جەھەتتە چەكلىك ئىش قىلالىدىم. ئەپسۇس، مەن ئارخېئولوگ بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇچرىغان خارابىلىكلەرنى، تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى كۆرۈپلا قويدۇم، تەكشۈرەلمىدىم، ئارمان بىلەن قايتتىم. ئامان بولسام ئارخېئولوگىيە ئۆگىنىپ، مەخسۇس مۇشۇ جەھەتتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارزۇيۇم بار.

— پرژېۋالسكىي تاغا، تەكلىماكاندا «بوۋېرىنىڭ كونا كىتابى»دەك نەرسىلەر بارمىكەن؟

— ھەي، تېخى بالا - دە، شۇڭا پىكىر قىلىشىڭمۇ بالىدەك ساددا. بارمىكەن دېگىنىڭ نېمىسى، ھەربىر خارابىلىك، ھەربىر

قەدىمي قەبرىستانلىقنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭدەك مىڭ كىتاب. ئالايلۇق، مىرەن خارابىلىكىدىكى تامغا سىزىلغان رەسىملەرگە قارىساڭ ھەيرانۇھەس، لال بولىسەن. ئۇچۇۋاتقان قاناتلىق ئادەم سۈرىتىنىڭ يۈز - چىرايى، قىياپىتى تىرىك ئادەمنىڭكىدەك جانلىق، ئىنىق، جۇلالىق، بېرىلگەن رەڭلەر يارقىن. تامدىكى رەسىملەرنىڭ سىزىلىشىدىكى ماھارەتنى ئىپادىلەپ، تەسۋىرلەشكە تىلىم كېكەچلىك قىلىدۇ. بىز ئاغزىمىز كۆپۈككە تولۇپ كەتكۈچە ماختايدىغان ياۋروپا رەسساملىرىنىڭ تالانت - ماھارەتلىرى ئۇ ماھارەتلەر ئالدىدا كامالىغا يەتكەن ئۇستاز بىلەن يېڭى شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتەك، ھېچنېمە ئەمەس. گېپىمگە ئەجەبلىنىۋاتامسىز، ئۇ رەسىملەرچۇ «بوۋېرنىڭ كونا كىتابى[1]»دىن كۆپ زامان مۇقەددەمكى رەسىملەر جۇمۇ.

تەكلىماكاننى نېمىشقا «سىرلىق ماكان» دەيمىز؟ تەكرار بولۇپ قالدى، دەپ ئويلىساڭمۇ مەيلى، ساڭا بىر ئىشنى تەكىتلەپ دەپ بېرەي: تەكلىماكاندىكى قەدىمكى زامانغا تەئەللۇق قەبرىستانلىقلارنىڭ تۈت تەرىپى، ماڭسا نەچچە كۈنلۈك قاقاس قۇملۇق. قەبرىستانلىققا يېقىن ئەتراپتا ئادەم ياشىغانلىقتىن بەلگە بېرىدىغان ھېچقانداق ئالامەت يوق. ئەمدى ئويلىغىنا، قەبرىستانلىقتىكى شۇنچە كۆپ جەسەتلەر نەدىن ۋە قانداق كېلىپ قالغان؟! جەسەتنى نەچچە كۈن قاقاس قۇملۇقنى بېسىپ، ئادەمزاتتىن شۇنچە يىراق قۇملۇق ئوتتۇرىسىغا ئەكېلىپ كۆمۈش نېمە ۋەجىدىن؟! يەنە تېخى بۇ جەسەتلەر بىر ۋاقىتتا ئەكېلىپ كۆمۈلمىگەندۇ. قەبرىستانلىقتىكى ساناقسىز ياغاچلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، ھاڭ - تاڭلا قالىسەن. ئويلىمامسەن، چىش كوچىلىغۇچىلىكمۇ ياغاچ تېپىلمايدى-

---

[1] «بوۋېرنىڭ كونا كىتابى» -- ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى بوۋېر مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى داگلېيشنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئىزلەپ شىنجاڭغا كېلىپ يىپ ئۇچى ئىزدەپ يۈرگەندە، ئويلىمىغان يەردىن كۇچادا قەدىمكى كۆسەن خارابىلىكىدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى قېيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان ئەللىك بىر بەتلىك بىر كىتابنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۇنى سېتىۋالىدۇ. ئۇنى ياۋروپا شەرقشۇناسلىرى تەتقىق قىلىپ، كىتابنىڭ مىلادىيە 5 - ئەسىر ئەتراپىدىكى تېبابەتچىلىك ۋە بۇددا پاتتارا نومىنىڭ قولىيازمىسى ئىكەنلىكىنى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتقىچە دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي قولىيازمىلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا شەرقشۇناسلىرىنىڭ دىققەت - نەزىرى تارىم - تەكلىماكانغا مەركەزلىشىدۇ. پاتتارا نومى «بوۋېرنىڭ كونا كىتابى» دەپ ئاتىلىپ، بوۋېرنىڭ ئۆزىمۇ مەشھۇر شەخسكە ئايلىنىدۇ.

غان چەكسىز قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى قەبرىستانلىقتا بۇ ياغاچلار قانداق كەلتۈرۈلگەن ؟ ! قېنى ، ئەمدى ئېيتقىنا ، بۇ بىر سىر ئەمەسمۇ ؟ سىر بولغاندىمۇ ، يەشمەك ئىنتايىن قىيىن سىرغۇ ! تەكلىماكاندا مۇشۇنداق سىر پېتى تۇرۇۋاتقان جايلار كۆپ . مېنىڭ كۆرگەنلىرىم كۆرۈنۈپ تۇرغانلىرى ، قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ جاما-لىنى كۆرسەتمەيۋاتقانلىرى قانچىلىك ، بۇنى كىم بىلىدۇ ؟ لوپلۇق-لار ئاغزىدا ئېيتىلىپ يۈرگەنلىرىگە قارىساڭ ، بەك تولا ، بەك تولا !...

سۇۋېن ھېدىن پرژېۋالىسكىينىڭ ساياھەت خاتىرىسىنى ھەر قېتىم ئوقۇغاندا ، ئۇنىڭ بىلەن ئەنە شۇنداق غايىۋى پاراڭلىشاتتى . ھەر قېتىم سۆزلەشكەندە ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەكلىماكانغا نىسبەتەن يېڭى چۈشەنچە ، يېڭى تۇيغۇ ، يېڭىچە تەلپۈنۈش تۇغۇلاتتى . باشقا ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ كىتابى ، سۆزلىرى ئۇنىڭدا قىزىقىش ئۇچقۇنى پەيدا قىلغان بولسا ، پرژېۋالىسكىي ئۇچقۇننى لاۋۇلدىتىپ ئوت ئالدۇرۇۋەتتى . ھېدىن يا دىپلومات بولۇش ياكى ئېكسپېدىتسىيىچى بولۇشنى ئويلايتتى ، كۆڭلى دىپلومات بولۇشقا مايىل ئىدى ، شۋېتسىيە پادىشاھلىق ئەلچىلەر ئۆمىكىدە تەرجىمانلىق سا-لاھىيەت بىلەن پىرسىيىگە بېرىش سەپىرىدە ، ئۆمەكنىڭ بارغانلا يەردە ئالاھىدە مېھمان سۈپىتىدە ئىززەتلىنىپ يۇقىرى ئابروي بىلەن كۈتۈۋېلىنىشى ئۇنىڭ تېخى ھېچ ئىش كۆرمىگەن ، لېكىن شان - شۆھرەتكە چاپچىپ تۇرىدىغان ھېسسىياتچان كۆڭلىگە دىپلو-مات بولۇش ئۇرۇقى چۈشۈپ قالغانىدى . كېيىن شۇەنزاڭ ، ماركو-پولو ، پرژېۋالىسكىيلارنىڭ تەكلىماكان توغرىسىدىكى جازىبىدار تەسۋىرلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇۋېرىپ ، ئۇنىڭ بىرەر مۆجىزىلىك ئىش قىلىپ شۆھرەت قازىنىشقا تەلپۈنىدىغان كۆڭلى دىپلومات بولۇشتىن سوۋۇپ ، سىرلىق تەكلىماكانغا باغلىنىپ قالدى . ئاخى-رى ئېكسپېدىتسىيىچى بولۇشنى ، ئېكسپېدىتسىيىلىك تۈنجى قەدە-مىنى تىلسىماتلىق تەكلىماكانغا بېسىشنى تاللىۋالدى . ئۇنىڭ بۇ غايىسى ئېنىق ، ئىرادىسى قەتئىي ئىدى . سۇۋېن ھېدىن ئېكسپې-

دىتسىيىگە ئاتلىنىشتىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىلا خاتىرىسىگە مۇن-
داق دەپ يازغانىدى :

*«قۇملۇقنىڭ ئەقىل يەتمەس سېھرىي كۈچى مېنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالدى . قۇم دۆۋە - داۋانلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ، گۆرىستان جىمجىتلىقى ئىچىدە چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە تىل-سىمات زېمىن سوزۇلۇپ ياتىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار...»*

سۋېن ھېدىننىڭ مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى بولۇش غايە دەرىخى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇستەھكەم ئورناپ كەتكەنىدى . ئۇ ھېسسىياتى بويىچىلا خەتەرلىك قايناملارغا تەۋەككۈلىگە ئۆزىنى ئاتىدىغان قارام ئېكسپېدىتسىيىچى بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن تەربىيىلىدى ، جۇغراپىيە ئۆگەندى ، گېئولوگىيە ، ئارخېئولوگىيىدىن خەۋەردار بولدى ، سۈرەت تارتىش ، رەسىم ، خەرىتە سىزىشلارغىچە پۇختا ئىگىلىدى . ئۇ بۇلارنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچى بولغۇچى ئۈچۈن زور بىلىملەر ئىكەنلىكىنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئېكسپېدىتسىيە-چىلەرنىڭ يازمىلىرىدىكى تەجرىبە - ساۋاق يەكۈنلىرىدىن ھېس قىلغانىدى .

## 4

— مەن بۇ قۇملۇقنىڭ نېرىسىغا بېرىپ باقمىغان ، نەدە سۇ بارلىقىنى بىلمەيمەن .

— مەنمۇ شۇنداق ، ئۇ تەرەپنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن .

باسىت بىلەن قايىمنىڭ جاۋابى ھېدىننىڭ سۇ غېمىدە قېتىپ ، چىڭقىلىپ كەتكەن كاللىسىنى تېخىمۇ قاتۇرۇپ ، ئۇنى گاراڭ قىلىپ قويدى . كۈنمۇ بۇلار بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك ئۈچ كۈندىن بۇيان بارغانسېرى ئىسسىپ ئەتراپنى تونۇر تەپتىدەك قىزىتماقتا .



www.uyghurkitap.com

ماڭغانسېرى قوملوقمۇ : «بىز مانا مۇشۇنداق ، بەرداشلىق بېرەلەم-سەن» دېگەندەك قىلىپ ، بىر - بىرىگە ياندىشىپ تۇرغان قۇم دۆۋىلىرى مانا ئەمدى ئۆزئارا باغاشلاشقاندەك گىرەلىشىپ كەتكەچ-كە ، ماڭماق قىيىنلاشماقتا ئىدى . ھېلى بىر قۇم دۆۋىسىدىن ئاران ھالقىپ ئۆتسە ، ئۇنىڭدىن ئېگىز يەنە بىر ، يەنە بىر قۇم دۆۋىسى . ئۇلار قۇم دۆۋىلىرىگە ئۆمىلىگەندەك چىقىپ ، دومىلىغاندەك چۈ-شۈپ يۈرۈپ قاتتىق چارچىدى ، قىزىق قۇمغا قول تېگىپ كەتسە قول كۆيەتتى ، قۇمنى تۇتقىلى بولمايتتى . چارچاشقا چاڭقاش قو-شۇلۇپ ئۇلارنى ھالسىرىتىپ قويدى . ئۇلاردا ھازىر بىر تۇلۇملا سۇ قالغانىدى ، چاڭقىدۇق دەپ ئۇنى ئىچىپ بولسا ، ئەتە قانداق قىلىدۇ ، ئۆگۈنلۈككىچۇ ؟ قاچان سۇغا ئۇلىشىدۇ ، شۇ چاغقىچە نېمە ئىچىدۇ ؟ ھالاكەتلىك دەشت قۇملۇقتا بىر يۇتۇم سۇ بىر ھەلقۇم جان دېگەن گەپ . تۇلۇمدىكى سۇنى ئاخىرقى تىنىققىچە ساقلاپ ، سۇنىڭ غېمىنى قىلىش كېرەك . پرژېۋالىسكىي تارماق ، كالتە ئېقىنلار ، كۆل ، كۆلچەكلەر ئۇچراپ تۇرىدىكەن ، دەپ يې-زىپتىكەنغۇ ، ھېدىن شۇلارنى ئويلاۋاتاتتى ، ئۇنىڭ ئوي - خىيالى-نى ئۈزۈپ ، سىنوف ئۇنىڭدىن :

— قانداق ، مېڭىۋېرەمدۇق ياكى ئارام ئېلىۋالامدۇق ؟ — دەپ سورىدى .

— ئارام ئېلىۋالايلى ، — ھېدىن قايىمغا قاراپ ، — سەن ئەتراپقا قاراپ باقە ، يېقىن ئەتراپتا ئېگىز قۇم دۆۋىسى بولسا ، شۇنىڭ باغرىدا چۈشكۈن قۇرايلى ، — دېدى .

قايىم تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى باستىقا تۇتقۇزۇپ قويۇپ يېنىدى-كى بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقتى ، ئەتراپقا قارىۋېتىپ :

— ئالدىمىزدا ئىككى قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتسەكلا ، خېلى ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى بار ئىكەن ، — دېدى .

قايىم يول باشلاپ ئالدىدا ماڭدى ، باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى . «ھارغان ئادەمگە قىرمۇ داۋاندەك بىلىنىدۇ» دېگەندەك ، چارچاپ ، چاڭقاپ بولالماي قالغان سىنوف ، فېڭشى ، ئىسلامباي ،

www.uyghurkitap.com

پاپىيالارغا ئىككى قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتمەك شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى، ھېدىنغا ئەگىشىپ چىقىپ قالغىنىغا ئىچىدە مىڭ پۇشايمان قىلىشتى. ئاھ - ۋايلاپ يۈرۈپ ئاخىرى قايىم دېگەن ئېگىز قۇم دۆۋىسى يامزىلىغا كېلىشتى ۋە ئەپلىك بىر يەرگە چۈشكۈن قۇرۇشتى.

يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ نەرسىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھېدىن سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىنىڭ ئۈچ پۇتلۇق جاھازىسىنى باستىقا كۆتۈرتۈپ، ئۆزىنىڭ قېنىق، كەڭ قىزىل يوللۇق ئىچ كىيىمىنى قولىدا تۇتقىنىچە: «بىز قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ كېلەيلى» دەپ قويۇپ، قۇم دۆۋىسىگە قاراپ ماڭدى. قالغانلار ئۇنى: «نېمە قىلىدىغاندۇ» دېيىشكەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى، ئاندىن يەنە ھېدىن بىلەن باستىقا قاراشتى. ئەتراپنى سۈرەتكە ئالامدىكىن دېسە، ئاپپاراتنى ئالمىغانىدى. سىنوف فېڭشىغا:

— نېمە قىلسا قىلمامدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشى، — دېدى - دە، ئۆزىنى قۇمغا تاشلاپ يانپاشلىدى.

ھېرىپ ھالى قالمىغان ھېدىن بىلەن باست ياماشقاندەك مىڭىپ قۇم دۆۋىسىنىڭ يېرىمىغا چىققانىدى. فېڭشىمۇ ئۇلارغا قاراپ قويۇپ ئولتۇرغانىدى، قولى قۇمغا تېگىپ كېتىپ قىزىققا چىدىماي يەنە شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قايىم بايىلا ئېشەكنىڭ بىر توقۇمىنى ئەكېلىپ ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى. فېڭشى، ئىسلامباي، پاپىيالارمۇ سالغۇدەك نەرسە بولسىلا سېلىپ ئولتۇرۇشۇپ: «ھېدىن نېمە قىلىدىغاندۇ؟» دېيىشكەندەك ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشتى.

ھېدىن قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ بولۇپ ئەتراپقا خېلى ئۇزاق قارىۋەتكەندىن كېيىن، باستىنىڭ قولىدىن جازىنى ئېلىپ پۇتلىرىنى كېرىپ قۇمغا بېسىپ پاتۇردى. باستىقا قول ھەرىكىتى بىلەن بىرنېمە دېگەندەك قىلىۋىدى، باست جازىنىڭ ئۈچ پۇتىنى بىر - بىرىدىن تۇتۇپ بېسىپ يېرىمىغىچە قۇمغا پاتۇردى. ھېدىن قىزىل يوللۇق مايكىسىنى جازىنىڭ ئۈستىگە

چىگىپ قويۇپ ، باستىنى باشلاپ قوم دۆۋىسىدىن يېنىپ چۈشتى . ھېدىننىڭ بۇ قىلغىنىنى پەستىكىلەر يەنىلا بىلەلمەي ، ئۇنىڭغا قاراشتى .

سۇۋېن ھېدىن بىرپەس ئۆزىنى تىڭشىغاندەك تۇرۇپ كېتىپ :

— مېنىڭ سىلەرگە سالىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار ، نېمە دەيسىلەركىن ، — دېدى . ھەممىسى ئىچىدە نېمە مەسلىھەت باردۇ دېيىشىپ ، ئۇنىڭ ئاغزىغا ھەيرانلىقتا قارىشىپ قالدى .

— بىزنىڭ بىر تۇلۇملا سۈيىمىز قالدى . ھازىر يېرىمىنى ئىچسەك ، يېرىمىنى ئەتە ئىچەرمىز ، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ بۇنى ئويلاشمىساق بولمايدۇ . بىز نەدە سۇ بارلىقىنىمۇ ، مەنزىلىمىزگە قاچان يېتىدىغانلىقىمىزنىمۇ بىلمەيمىز . مېنىڭ مەسلىھەتىم ، بىز ئۈچ گۇرۇپپا بولۇپ كۆن پاتقۇچە بولسىمۇ ئەتراپنى ئايلىنىپ باقساق ، بىرەرىمىز سۇغا ئۇچراپ قالساق ئەجەب ئەمەس ، ئارام ئالىمىز دەپ بىكار ياتقاندىن ياخشىراقمىكىن دەيمەن ، قانداق دەيسىلەر ، — دېدى سۇۋېن ھېدىن .

قېچىشىدىن باشقىلىرى ھېدىنغا يالىنىپ كەلگەنلەر تۇرسا ، خوجايىنىغا كىم ياق دېيەلىسۇن ، دېمىسىمۇ سۇ ھەممىگە لازىم ، سۇنى يالغۇز ھېدىنلا ئىچمەيدۇغۇ .

— قانداق بۆلۈنۈپ ، قانداق ماڭىمىز ، چۈشكۈننى تاپالماي قالساقچۇ؟ — سىنوف يانپاشلاپ ياتقان يېرىدىن ئولتۇرۇپ تۇرۇپ سورىدى .

— سەن بىلەن مەن بىر گۇرۇپپا بولىمىز ، — دېدى سۇۋېن ھېدىن سىنوفقا قاراپ ، ئاندىن باشقىلارغا قارىدى ، — ئىسلامباي بىلەن پاپباي بىر گۇرۇپپا ، باسىت بىلەن قايىم بىر گۇرۇپپا بولىسىلەر ، ئېزىپ كەتكۈدەك بولساڭلار ياكى شامالنىڭ شەپىسى بولسىلا دەرھال قايتىڭلار . قوم دۆۋىسى ئۈستىدىكى جازىغا باغلاپ قويغان قىزىل مايكىنى كۆردۈڭلارمۇ ، شۇنى قارىلاپ كېلىدۇ . ۋەرسەڭلار بولىدۇ ، قانداقلا بولمىسۇن كۈن پاتقۇچە كېلىپ بولۇڭلار .

— ماۋۇ قاقۋاشندى ، — دېدى باستىن قايىمغا پەس ئاۋازدا ، — ئۇ بىرنېمىسىگە كۆڭلىكىنى باغلاپ قويۇپ نېمە قىلىدىغاندۇ ، دەپتىكەنمەن ، مۇنداق ئىش ئىكەن ـ دە .

— ئېھتىيات ئۇچۇن تۆگە ئالامسىلەر ، ئېشەكمۇ ، خالىساڭلار بىر ھايۋان ئېلىۋالساڭلار بولىدۇ ، — دېدى ھېدىن ئەسكەرتىپ .

باستلار بىلەن ئىسلامبايلار بىردىن تۆگە ، تۇلۇم ئالدى . سۋېن ھېدىن بىلەن سىنوف يېتىلەپ مېڭىشقىمۇ ، مىنىشكىمۇ قۇلايلىق دەپ ئېشەك ئېلىپ ، ئۈچ گورۇپپا ئۈچ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . فېڭشى نەرسىلەرگە قاراپ چۇشكۇندە قالدى .

مانا ئالتە ئادەم ئىككىدىن ئۈچ گورۇپپا بولۇپ ئۈچ تەرەپكە تارىلىپ كەتكىنىگە ئىككى سائەتتىن ئاشتى . ئىلگىرى بۇ يەرگە قەدەم بېسىپ باقمىغان بۇ كىشىلەر چەكسىز دەشت قۇملۇقتا نەگىچە بارار ، ھازىر نەدە كېتىۋاتىدىكىن ، ئۇلارنى قانداق قىسمەت كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ . ئۇلارنى بۇنداق خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدۇرغان شۇ سۇغۇ . ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن سۋېن ھېدىننىڭ ئويلىغىنى ، مۆلچەرلىگىنى توغرا ئىدى .

«بار ـ يوقى شۇ بىر تۇلۇم سۇ . يەتتە ئادەم ، سەككىز تۆگە ، بىر ئېشەككە نەچچە قېتىم ئىچىشكە يېتەر . تاماق ئەتمەي نان چىلىغاندىمۇ ، يەنە سۇ ئىچمىسە بولمايدۇغۇ . تاسادىپىي ئەھۋالدا دەسلەپتە بىر ئېشەك يوقالغاندى ، كېيىنكى قېتىمدا ئىككى ئات ، ئۈچ ئېشەك ، ئىككى ئىت ئىسسىقتا ، چاڭقاقتا چىدىيالماي بىراقلا يىقىلىشتى . ئەمدى شۇ بىر تۇلۇم سۇ تۈگىسە ، — سۋېن ھېدىن خىيال قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنى قورقۇنچ بېسىپ تەن بويلىرى شۈركۈنۈشتىن تىترەپ كەتتى ، — ھامان ئۆلىمىز ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندىن ، ئادەم بولغاندىكىن سۇنىڭ غېمىنى قىلىپ كۆرەيلى» . ئۇ چۈشتە كېلىشىۋېتىپ شۇلارنى ئويلاپ ، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ كۆڭلىدە پىشۇرۇپ بولغانىدى . ھازىر ئۇ بىر ئېشەكنى يېتىلەپ سىنوف بىلەن كېتىۋاتىدۇ ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ . ئىسلامبايلار بىلەن باستىلار نەلەردە



www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتىدىكەن . ئۈچ گۈرۈپپىنىڭ بىرەرسىگە قانداق سۇ بولسىمۇ ، زەھەر بولمىسىلا مەيلى ، سۇلا بولسا ئۇچراپ قالسا بولاتتى .

— سىنوف ، بۇ يەردىكى ئەڭ ئەجەللىك خەۋپ نېمىكەن ، بىلدىڭمۇ ؟ — سىۋېن ھېدىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدى .

— بۇ يەردىكى جان ئالغۇچى خەۋپ نېمە بولماقچىدى ، مۇشۇ تۈگىمەس قۇملۇق بولىمدۇ .

— ياق ، بىز تەكلىماكاننىڭ پايانسىز ، خەتەرلىك دەشت قۇملۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ كەلدۇق . ئەڭ ئەجەللىك خەۋپ ، سۇسىزلىق ئىكەن ، ئاندىن قالسا قۇملۇقنىڭ ئىسسىقى ئىكەن . سۇلا بولسا ئىسسىقنىڭمۇ كارى چاغلىق . ئىسسىق يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە بولىۋەرمەيدۇ ، ئەمما سۇ ھەرقانداق چاغدا كېرەك . «بېلىق سۇدىن ئايرىلالمايدۇ» دەيمىز ، ئادەممۇ سۇسىز ياشىيالمايدۇ . مانا قارا ، ھازىر بايىقى ئىسسىق يوق ، ھاۋا سالقىنلاۋاتىدۇ . سۇ غېمىچۇ ؟ ! بۇ غەم بىر ياندىن چاڭقىقىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرسا ، يەنە بىر ياندىن روھىمىزنى غاجىلاپ ، بىزنى زەئىپلەشتۈرمەك بولۇۋاتىدۇ . مەن باشتىلا خام مۆلچەرلەپتىمەن ، سۇنى ھەسسىلەپ كۆپ ئالساق بوپتىكەن .

سىۋېن ھېدىن گېپىنى دەپ بولۇپ ئاسمانغا قارىدى . ئاسماننىڭ يىراق بىر يېرى بۇزۇلۇۋاتقاندەك كۆرۈندى . ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىنى گەپمۇ قىلماي سىنوفقا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، ياندىكى ئېگىزرەك بىر قۇم دۆۋىسىگە قاراپ ماڭدى .

— نەگە ؟ — سىنوف ئەجەبلىنىپ سورىدى .

سىۋېن ھېدىن جاۋاب بەرمىدى . قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ بويىنىغا ئېسىقلىق دۇربۇن بىلەن قارىدى . قايسى تەرەپكىلا قارىسا كۆز ئالدىدا چەكسىز سوزۇلۇپ گۆرىستان جىمىلىقىدا ياتقان دۆڭ - تۆپىلىك قۇملۇق . «يارەببىم !» دەۋەتتى ئۇ كومپاسقا قاراپ . ھېدىن نىشانلاپ بەلگە قىلىپ قويغان قۇم دۆۋىسى جەنۇبتا قالدۇرۇپ ئۇدۇل شىمالغا قاراپ ماڭغانىدى ، ئەمدى ئۇ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ قاپتۇ . خوتەن شەرق تەرەپتە ئىدى ، ئەمدى كومپاسنىڭ ئىستىرېلكىسى بويىچە ئېيتقاندا جەنۇبتا قاپتۇ . بۇ سىرلىق قۇملۇق

تىلسىم قىلىپ كومپاسنى باشقىچە قىلىپ قويدىمۇيا . ئۇ قۇملۇققا قاراپ ئىدا قىلدى : «ئەي قۇملۇق ، بىلدىم ، سەن ھەقىقەتەن سىر-لىق ئىكەنسەن ، ئېيتقىنا ، چېكىڭ نەدە سېنىڭ ، نەرىگىدە سۇ بار خوتەن قايسى تەرىپىڭدە !»

ھېدىن يانچۇقىدىن يۈز سوپۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى ئىنجىلنى چىقىرىپ ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ، ئالدى بىلەن ئاغزىغا تەگكۈزۈپ ئۆپتى ، ئاندىن پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ : «خرىستوس[1] ، ماڭا يول كۆرسەتكىن !» دېدى . ئۇ ئىنجىلنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ ، ئۇنى چوقۇندۇرغاندا ئاتىسى بويىنىغا ئېسىپ قويغان كرېستنى چىقى-رىپ ئۇنىمۇ ئۆپۈپ قويۇپ يەنە كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ بو-لۇپ ، باش ، بىگىز ، ئوتتۇرا بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى ھىملەپ ئىك-كى مۈرىسىگە ، پېشانىسىگە ، ئاندىن كۆكرىكىگە تەگكۈزۈپ كرېست شەكلىنى چىقىرىپ قويۇپ قۇم دۆۋىسىدىن قايتىپ چۈشتى .

— قانداق قىلىمىز ، يەنە ماڭامدۇق ، قايتامدۇق ؟ — سىنوف ھېدىندىن سورىدى . بۇ چاغدا كۈنپېتىش تەرەپ قىزىرىۋاتاتتى .

— قايتايلى ، كەچ كىرىپ قالسا چۈشكۈننى تېپىپ بارمىقى-مىز تەس بولىدۇ .

بۈگۈن ۋە ئەتە سەھەرگىچە ئۇلارغا چۈشكۈنگە قايتىش نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ . ئېشەكنىڭ بېشىنى بۇراپ بولغۇچە كۈچ-لۈك بىر قارا قۇيۇن شۇنداق تۇيۇقسىز ، شۇنداق تېز كەلدىكى ، شىددىتىدىن ھېدىنلار بىر - بىرىنى : «ۋاي... !» دەپ چاقىرىشقى-مۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى . قارا قۇيۇن ئۇلارنى ئۇچۇرتۇپ - دومىلىتىپ نە - نەلەرگە ئاپىرىۋېتىپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى . ھېدىن كۆزنى ئېچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ، قۇملارنى يەر - ئاسماندا ئۇچۇرۇپ ھۇشقىيتىپ بوران كەلدى . كۆزنى ئې-چىش تۇگۇل باشنى كۆتۈرۈشمۇ مۇمكىن بولمىدى . ئۇچقان قۇملار يۈزگە يىڭنە سانجىغاندەك تېگەتتى . بوراننىڭ ئۇرۇشىغا

---

[1] خرىستوس — ئېسانىڭ خرىستىئانچە ئاتىلىشى .

ئەلھۆكمىلىلا دەپ ئۆنىڭ يۆنىلىشى بويىچە دەلدۈگۈنۈپ ماڭماي بولمىدى . سىنوف ، ئىشەك توغرىسىدا ياكى ئىسلامبايلارنى ، باستىلارنى ئويلاشمۇ ئۆنىڭ كاللىسىدا يوق ئىدى . ھازىر ئۆنىڭ ئۆزى بوران ئۇرغان قامغاقتەك دومىلايتتى ، قاڭقىيتتى . ئۇ شۇ تاپتا بۇلۇتنى ئۇسۇپ چىقىپ پەلەككە تاقاشقان قار ، مۇزلۇق پامىر تاغلىرىنى غىل - پال ئويلاپ قالدى . ئۇ ئۇ تاغلارنىڭ قارلىق شىۋىرغانلىرىدا ، قار كۆچكۈنلىرىدىمۇ قالغان ، لېكىن تاغنىڭ پاناھلىنىۋالغۇدەك غار - ئۆڭكۈرلىرى بار ئىدى . بۇ قۇملۇقتا چوقچىيىپ تۇرماقتىن باشقا ئىلاج يوق... بوران يېرىم كېچىگىچە چىقىپ ، ئېتىۋېتىلگەن چوشۇرگە سۈيدەك شىپپىدە توختىدى . جاھان ھېچ ئىش بولمىغاندەك تىنچلاندى . ئاسمان يۈزى ئېچىلىپ ، ئاي ، يۇلتۇزلار پايانسىز قۇملۇقتا ياپيالغۇز تۇرغان ئادەمگە ھەيران قېلىشىۋاتقاندەك قاراپ جىمىرلايتتى . سۈبىن ھېدىن كومپاسقا قاردى . چۆشكۈن قىلغان ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئوڭ تەرىپىدە قالدىمۇ ، سول تەرىپىدىمۇ ، بىلەلمىدى . ئۆنىڭ كاللىسى قۇملۇق بوراندا گاراڭلىشىپ تۈرەپ قالغانىدى . يىراق بىر يەردە ئېشەكنىڭ ھاڭگىرىغىنىدەك يېقىمسىز بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى . «ياق ، — دېدى سۈبىن ھېدىن يەنە ئەقلىنى تېپىۋېلىپ ، — ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتقاندۇ» .

ئۇ قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمىگەچكە ، بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئېتىشنى كۈتمەكچى بولدى... بىر تەرەپتىكى ئۇپۇقنىڭ قىزىرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، تەرەپلەرنى بىلىۋالدى ، كومپاسقا قارىۋىدى ، كومپاسمۇ ئۆنىڭ سېزىمىنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىدى... قىپقىزىل ، يوغان بىر شار ئۇپۇق باغرىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك ، كۆن چىقتى . بۇ چاغدىكى شەپەق جۇلاسىغا چۆمگەن سانسىز دۆڭ - تۆپىلىك قۇملۇقنىڭ رەڭدار نەقىشتەك گۈزەل كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلىمەك تەس ئىدى . سۈبىن ھېدىن قۇملۇقنىڭ بۇ سېھرىي گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ ، سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىنىڭ يېنىدا بولمىغىنىدىن ئەپسۇسلىنىپ تۇرغاندا ، ئالدى تەرەپتىكى بىر قۇم دۆۋىسى ئارقىسىدىن

بىر جۈپ ياۋا تۆگە چىقىپ نېرىغا كەتتى. ئۇنىڭ كاللىسى شۇئان: «سۇ!» دېگەن سېزىمدىن جاراڭلاپ كەتتى. ئۇ قۇم دۆۋىسىدىن يۈگۈرگەندەك چۈشۈپ ھېلىقى قۇم دۆۋىسى تەرەپكە ماڭدى.

## 5

— قۇيۇن، قارا! — باستىنىڭ ئاۋازى ئۈندەرەپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈندەك چىقىپ كەتتى.

قايىم باست كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ يىراقتا قويۇق تۇتەك-تەك بىر نەرسىنىڭ تۇرمەكلىنىپ ئاسمانغا سوزۇلۇپ ئۆرلەپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى. قۇملۇق ئوۋچىلىرىغا ئۇنىڭ نېمە-دىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ئايان ئىدى.

— قارا قۇيۇن ئىكەن، — دېدى قايىم.

ئىككىسى مەسلىھەتلەشكەندەك تەڭلا ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. قۇيۇن شامال - بوراندەك ھەممە يەرنى قاساپ كەلمەيدۇ، ئۆز يۆنىلىشى بويىچە ماڭىدۇ. قۇملۇقنىڭ قارا قۇيۇنغا توغرا كېلىپ قالمىغان ياخشى، بولمىسا، يېنىڭ نەرسە بولسا قۇم بىلەن قوشۇپ پىرقىرىتىپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ نەلەرگىدۇ ئىرغىتىپ تاشلە-ۋېتىدۇ، ئادەم ياكى باشقا ئېغىر نەرسە بولسا، قۇم بىلەن تەڭ پىرقىرىتىپ ئايلاندۇرۇپ سالغىدا ئاتقان تاشتەك قاڭقىتىۋېتىدۇ. شۇڭا قۇيۇنغا توغرا كېلىپ قېلىش - قالماسلىقنى ئويلاپ تۇرماي، دەرھال دالدىلانغۇدەك جاي تېپىشنىڭ غېمىنى قىلىش كېرەك. ئۇلار ئالدىراپ قالدى. باست تۆگىنى تېز مېڭىشقا ئالدىرىتىپ چۇلۇۋۇرنى تارتماقتا، قايىم كەينىدىن: «چوك - چو» دەپ ھەيدە-مەكتە. ئۇلار ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يامزىلىغا كېلىشكە، قۇيۇنمۇ يېتىپ كەلدى. ئىككىسىنىڭ تەلىيىگە قۇيۇن ئۇلارنىڭ بېشىغا قۇمنى چېلەكلەپ تۆككەندەك ياغدۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

— خۇدايىم ساقلىدى، ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى قايىم ئۈستىۋې-شىنى قېقىشتۇرۇۋېتىپ.

ئۇ توققۇز يىلنىڭ ئالدىدا ئاتىسى بىلەن قۇملۇقتا جەرەن

ئۇۋلىغىلى چىقىپ ، مۇشۇنداق بىر قارا قۇيۇننىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان چاغدىكى ئىشنى چەككە ئۇنتۇمايدۇ . ئۇلار تۇنجى ئۇۋلىغان جەرەننى كاۋاپ قىلىپ يېگىلى ، دەريا بويىدا ئوت يېقىپ قويۇپ بىر توغراق تۈۋىدە گۆشنى پارچىلاپ ئولتۇراتتى . ۋىشىلدىغان بىر ئاۋاز كەلدى . ئۇلار بۇنىڭ نېمە ئاۋازلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە شىددەت بىلەن كەلگەن قارا قۇيۇن ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى دەم تارتقاندەك پىرقىرىتىپ قوينىغا ئەكىرىپ كەتتى . قايىم ئۆزىنىڭ شالاقىدە سۇغا چۈشۈپ كەتكىنىنى غۇۋا چۈشتەك تۇيدى ، بىرمەھەلدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنى دەريا ئىچىدە كۆردى . قۇيۇننىڭ يورۇشى دەرياغا توغرا كېلىپ قېلىپ ، ئۇنى دەرياغا تاشلىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى . قايىم دەريادىن چىقىپ : «ئاتام نېمە بولغاندۇ ؟ » دەپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى ، كىيىملىرىدىن شىرقىراپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئېسى ئاغرىقچان ئاتىسىدا ئىدى . ئاتىسى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى . «ئاتا ، ئاتا ! » دەپ چاقىرىپ باقتى ، ھېچبىر سادا يوق . قايىم جىددىيلىشىپ قالدى . «ماڭا ئوخشاش دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا… » ، كۆڭلىگە ئەمەس خىياللارمۇ كەچتى ، ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى شۈركۈنۈپ كەتتى . دەريا كەڭ ئەمەس ئىدى ، ئانچىمۇ تېز ئاقمايتتى . دەريادا ئۇ ئويلىغاندەك ئەھۋال يۈز بەرگەندەك قىلمايتتى . شۇنداقتىمۇ ، ئۇ دەريا ياقىلاپ تۆۋەنگە خېلى يەرگىچە باردى ، يەنە بۇرۇنقى ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ئەتراپقا باشقىدىن قارىدى ، ئاتىسى ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى . ئۇ توغراققا چىقىپ قاراپ باقماقچى بولدى ، يېقىنلا يەردىن ئىڭرىغاندەك بەكمۇ زەئىپ ئاۋاز كەلدى . قايىم دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى . ئىڭرىغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى . ئاۋاز توغراقنىڭ سەل نېرىسىدىكى ئازگالدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلدى . قايىم ئۆزىنى ئاتقاندەك كېلىپ ئازگالغا قارىۋىدى ، ئاتىسى بېشى قانغا چىلانغان ھالەتتە نالە قىلىپ ياتاتتى .

قارا قۇيۇن قۇملارنى ئۇچۇرۇپ ـ يۆگەپ ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى قۇم تۇرمىلى ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى . ئېغىر ئىككى گەۋدىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتەلمىگىنىدىن قۇيۇننىڭ جەھلى تۇتقاز-

www.uyghurkitap.com

دەك بولۇپ ، قايمىنىڭ ئاتىسىنى توغراقتا ئۆردى ــ دە ، دومىلە-
تىپ ئاپىرىپ ئازگالغا چۈشۈرۈۋەتتى ، قايمىنى بولسا دومىلاتقىنى-
چە دەرياغا تاشلىۋەتتى . قايمىنىڭ ئاتىسىنىڭ بېشى توغراققا قاتتىق
ئۇرۇلۇپ يېرىلىپ كەتتى . ئۇ بېشى توغراققا ئۇرۇلغاندىلا ھوشى-
دىن كەتكەنىدى ، ئېسىگە كەلگەندە بولسا قان كۆپ چىقىپ كەتكەن-
لىكتىن يېرىم جان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى ، بېشىنىڭ ئاغرىقىغا
چىدىماي ۋاي ـ ۋايلىسا ئاۋازى ئاران چىقاتتى . قايمىنىڭ ئىڭرىغان
ئاۋازىنى دەسلەپتە ئاڭلىيالمىغانلىقى شۇنىڭدىن ئىدى . قايمىنىڭ
ئۆزىمۇ سۇدا بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەنلىكتىن ، سۇدىن چىقىۋالغى-
نى بىلەن كاللىسى گاراڭلىقتىن تېخى سۈزۈلۈپ كەتمىگەنىدى .
— ئاتىڭىز قانداق بولدى ؟ — قايمىنىڭ بۇ كەچۈرمىشىنى
باست بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقان بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ
نالىسى قۇلىقى تۈۋىدە ئاڭلىنىۋاتقاندەك تويۇلۇپ بۆلەكچە تەسىر
قىلىپ كەتكەنىدى .
— قان جىق چىقىپ كېتىپتۇ ، بېشىنى تېڭىشتىن بۆلەك
ئامالنى قىلالمىدىم ، ئاڭغىنىم بىلەنمۇ قان توختىمىدى ، ئېشەككە
ئولتۇرغۇزۇپ ، يېتىلەپ ئېلىپ كەتمەك بولدۇم ، ئۆزۈم يالغۇز
بولغاچقا مىڭ تەستە مىندۇردۇم ، ئەمما ئاتامنىڭ ئېشەكتە ئولتۇر-
غۇدەك ماجالى قالماپتۇ . توغراقنىڭ ياغاچ ـ شاخلىرىدا شىرغا
ياساپ ئىككى ئېشەكتە ئېلىپ ماڭدىم ، ئانچە ئۇزاق ماڭماي...
قايمىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ گېپىنى توختىتىۋالدى . باست
كېيىنكىسىنى كوچىلاپ سورىمىدى .
— ھېلىمۇ ياخشى بىزنى خۇدايىم ساقلىدى ، — دېدى باست
بىرپەستىن كېيىن .
— بىزنىغۇ خۇدايىم ساقلىدى ، ئۇلار قويۇندا قالمىغاندۇ ـ
ھە ، — دېدى قايىم . باست بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى ،
شامالنىڭ شەپىسى كەلدى .
— شامال چىقامدۇ... — باست «شامال چىقامدۇ نېمە»
دېمەكچىدى ، گېپىنى دەپ بولغۇچە شامال ئەمەس ، بوران كېلىپ
ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇم تىقىۋەتتى . بوران تويۇقسىز ، تېز كېلىش

بىلەن شىددىتىمۇ ئالامەت ئىدى. باسىت تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى.

— قانداق قىلىمىز؟! — باسىت بورانغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى. قايىممۇ بورانغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ دەلدۈگۈنۈپ يۈرۈپ باسىتقا يېقىن سىلجىپ كېلىپ:

— بىر-بىرىمىزدىن يىراقلاپ كەتمەي، بىر ئاماللاپ ماۋۇ قۇم دۆۋىسىنىڭ نېرىقى يېنىغا ئۆتۈۋالايلى، تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى ماڭا بېرىڭ، — دەپ قارىماي تۇرۇپ باسىتقا قولىنى ئۇزاتتى.

ئىككى ھەپتىدىن بۇيانقى سەپەر جەريانىدا، باسىت قايىمنىڭ ئۆزىدىن كىچىك بولسىمۇ، سەپەرگە، بولۇپمۇ تۆگە باشقۇرۇشقا كەلگەندە پۇختىلىقىنى، شامال، بوراندا قالغاندىمۇ قانداق قىلىشنى بىلىدىغان سەپەرداش ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. ئۇ: «تۆگىنىڭ تىلىنى بىلىدۇ» دېگۈچىلىكى بار تۆگە يېتىلىگۈچى. بۇنداق بولۇشى، ئۇ قەشقەر، مەكىتلىك كارۋانلارنىڭ تۆگىسىنى يېتىلەپ، قەشقەر-مەكىت-خوتەن ئارىلىقىدا يىلدا تۆت-بەش قېتىم قاتناپ تۇراتتى. مۇشۇ جەرياندا ئۇستا، كونا كارۋانلاردىن ھەم پېشقەدەم تۆگە يېتىلىگۈچىلەردىن كۆپ ئىشلارنى ئۆگىنىۋالغانىدى. تۆگە يېتىلىگۈچىنىڭ ئىشى جىق، تۆگىلەرنى بېقىش، ئاسراش، چوم-توقۇملىرىغا ھېزى بولۇش، يۈكلەرنى چۈشۈرۈش-ئارتىشقىچە. كارۋانلار ناگان-ناگاندا قۇملۇق ئىچى بىلەن مېڭىپ قالمىسا، كۆپىنچە قۇملۇق ياقىسى بىلەن ماڭاتتى، شۇڭا ئىچكى قۇملۇقنىڭ شارائىتىنى ئانچە بىلمەيتتى.

بوران پەسىيىدىغاندەك ئەمەس، باسىت، قايىملار مىڭ بىر بالالىقتا قۇم دۆۋىسىنىڭ نېرىقى قاپتىلىغا ئۆتۈۋالدى. بوراننىڭ يۆنىلىشى قۇم دۆۋىسىنىڭ سوزۇلۇشى بويىچە بولغاچقا، قۇم ئېقىنى ئۇلارغا ئېغىر تەھدىت كەلتۈرەلمىدى. ئۇلار تۆگىنى دالدا قىلىپ بىر قاتار بولۇپ تۇرۇۋالدى. بوران يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئاستا-ئاستا پەسكويغا چۈشتى، ھاۋامۇ ئېچىلدى.

— بىزگە ئۇچرايدىغان سۇمۇ نەدە قالدى، قانداق قىلىمىز، قايتامدۇق ياكى تاڭ ئاتقۇچە مېڭىپ باقىمىزمۇيا؟ — قايىم باسىت-

تىن سورىدى .
— قايتساق نېمىش قىلىمىز ، ئاشۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ ئاغزىغا
قاراپ تۇرىدىغان گەپ شۇ . ئۇلار ھازىر نەدە تېخى . ئايدىڭ بولغان-
دىكىن تاڭ ئاتقۇچە مېڭىپ باقامدۇق ، — دېدى باسىت .
ئۇلار : «سۇ ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېيىشىپ ئالدىغا
ئۇدۇل مېڭىپ كەتتى . بىرەر ئېگىز قۇم دۆڭگە ئۇچرىسىلا ، ئىككى-
سى نۆۋەت بىلەن چىقىپ ئەتراپقا قارايتتى . قۇملۇقنى ئېگىز -
پەس ، چوڭ - كىچىك قۇم دۆڭلىرى بېلىق قاسىراقلىرىدەك قاپلاپ
تۇرغاچقا ، يىراقنى كۆرگىلى بولمايتتى . «يىرىم ئۇمىد ، يىرىم
دىدار» ئەمەسمۇ ، ئۇلار ھارغىنىغا قارىماي ئۆزئۆزىدىن - ئۆزئۆزىغا
سوزۇلغان قۇم دۆڭلىرىگە چىقاتتى ، چۈشەتتى ، گاھىلىرىدىن ئە-
گىپ ئۆتەتتى . ماڭغانسېرى قۇملۇقنىڭ چېكى تېخىمۇ يىراققا
سوزۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ، تاڭنىڭ ئاتمىقىمۇ نەسلىشىپ ، بۇ ئىك-
كىسى زارىققانسېرى ۋاقىت ئىستىرىلكىسى توختاپ قالغاندەك ، ھەت-
تا كەينىگە يېنىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى . ئۇلار
ماڭدى - ماڭدى ، نەچچە قۇم تۆپىلىكلىرىدىن ، دۆڭ - داۋانلىرى-
دىن ئۆتتى ، يەنىلا شۇ تۈگىمەس دەشت قۇملۇق…
ئاخىرى شەپەق جۇلاسىدىن ئوتقاشتەك رەڭلەنگەن ئۇپۇق ئار-
قىسىدىن قۇياش ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى .
— ئاۋۇ نېمە ؟ — قايىم بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپلا
ئوڭ تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھەيران قالغاندەك دېدى ، — ئاۋۇ
يەردە ، ئىككى قۇم دۆڭى ئوتتۇرىسىدا بىر نەرسە تۇرىدۇ .
— نېمىدەك قىلىدۇ ؟ — باسىت ئەجەبلىنىپ سورىدى .
— ھە ، ئەمدى ئېنىق كۆردۈم ، ياتقان ئادەم ئىكەن .
— ئادەمكەن ؟ !
«بۇ دەشت قۇملۇقتا ئادەم نېمىش قىلىدۇ ؟» باسىت ئىچىدە
شۇلارنى ئويلىدى - دە ، تۆگىنى يېتىلەپ قۇم دۆڭگە قاراپ
ماڭدى . تۆگىنى مىنىسىمۇ بولاتتى ، ئەمما ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق-
تىن ھالسىزلىنىپ قالغان تۆگىنى ئايىغۇسى كەلدى .
— ئادەم ئىكەن ، ھە ، ئادەم سىياقىدا كۆرۈنگەن
جىن - ئالۋاستى بولۇپ قالمىسۇن يەنە ، — دېدى باسىت .

— قانداق قىلىمىز ؟
— پىچاقلىرىمىزغا «ئايەتەل كۇرسى» نى ئوقۇپ ، ھۇرۇپ بېرىپ باقايلى .
ئىككىسى غىلاپتىن ئۇزۇن پىچاقلىرىنى چىقىرىشىپ بىر دەسسەپ ، ئىككى دەسسەپ قوم دۆۋىسىدىن چوشكەچ ، باسىت «ئايەتەل كۇرسى»دىن ئۆگىنىۋالغىنىنى ئوقۇپ پىچاققا ھۇرۇپ ماڭماقتا : «كۇللۇن ئامەنە بىللاھى ۋە مەلائىكەتىھى ۋەكۇتۇبىھى ۋە رۇسۇلىھى ، لانۇفەررىقۇ بەينە ئەھەدىن... سۇف... »
ئۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتى . «يالغۇز سەپەرگە چىققاندا ، كېچىسى يول ماڭغاندا ياكى ‹جىنلىق يەر ›گە بېرىپ قالغاندا ئوقۇسا جىن ـ ئالۋاستى قاچىدۇ» دەپ ئاڭلاپ ، شۇنچىلىكىنىلا ئۆگىنىۋالغانىدى .
— ۋۇي ، ئىسلامبايدەك قىلىدۇغۇ ؟ ! — باسىت ئۇن قەدەمچە نېرىدا توختاپ بوينىنى سوزۇپ قارىدى .
راست ، ئۇ ئىسلامباي ئىدى ، قۇمدا سوزۇلۇپ ياتاتتى . شۇنداق بولسىمۇ : «بۇ بىزگە ئىسلامباي سۇرىتىدە كۆرۈنگەن جىن ـ ئالۋاستى بولمىسۇن يەنە» دەپ ئويلىشىپ ، باسىت بايىقى ئايەتنى تەكرارلاپ ئوقۇغاچ ، يېقىن كەلمەي تۇرۇپ تۆت قەدەم نېرىدىن ئىسلامباينى بىر ئايلىنىپ چىقتى . ئۇنىڭ ئىسلامبايلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن يېقىن كەلدى . ئۇنىڭ ئاغزى گەز باغلاپ كەتكەن بولۇپ ، باستىلارغا خۇنى قېچىپ گۇنىسىزلەشكەن كۆزىنى يوغان ئېچىپ ، گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى مىدىرلاتتىيۇ ، ئاغزى قاغجىراپ كەتكەچكە گەپ قىلالمىدى ، بىگىز بارمىقىدا ئاغزىنى كۆرسەتتى . بۇ ئۇنىڭ «سۇ !» دېگىنى ئىدى .
— ئۇ سۇسىراپ بولالماي قاپتۇ ، قانداق قىلىمىز ؟ — باسىت قايىمدىن سورىدى .
قايىم گەپ قىلماي قوينىدىن چارەكچە ئۇزۇنلۇقتىكى ، بىلەكتەك توملۇقتىكى بىر تېرە خالتىنى چىقىرىپ ، ئاغزىنى بوغقان چىگىكنى يەشتى ـ دە ، ئىسلامباينىڭ بېشىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . خالتىنىڭ ئاغزىنى ئىسلامباينىڭ كالپۇكىغا تەگكۈزۈۋىدى ، ئىسلامباي ئاغزىنى ئاچتى ، خالتىدىن ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ

www.uyghurkitap.com

قوْيوْلدى . بىر يوْتوْم ، ئىككى يوْتوْم... بەش يوْتوْم سوْ ئىچكەندىن كېيىن ، ئىسلامبايغا جان كىردى ، كۆزى نۇرلاندى ، چىرايىدا هايات قالغانلىقىنىڭ خوْشاللىقى تەپچىگەندەك بولدى . باسىت باياتىن قايىمنىڭ قولىدىكى تېره خالتىچاقتا هەيران قالغاندەك قاراپ قالغا-نىدى ، كېلىپ ئىسلامبايىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ ، ئۇنىڭدىن سورىدى :

— پاپباي قېنى ؟

— ئۇقمايمەن .

— تۆگىچۇ ؟

— ئۇنى پاپباي يېتىلىگەن .

ئىش ئېنىق بولۇپ ، يەنە سوراۋېرىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى . قارا قوْيوْن بىلەن بورانىنىڭ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكىنى تۇر-غانلا گەپ . تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئىسلامبايغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، باسىت بىلەن قايىم ئايرىم - ئايرىم ئىككى - ئۈچ قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى . نە تۆگە ، نە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈن-مەيتتى .

— قانداق قىلىمىز ؟ — قۇم دۆۋىسىدىن قايتىپ چۈشۈپ قايىم باسىتتىن سورىدى .

— بۇ قۇملۇقتا ئۇلارنى نەدىن تاپىمىز ، ماۋۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىمىزمۇ چوڭ ئىش بولدى . چۈشكۈنگە قايتاي-لى ، — دېدى باسىت .

ئۇلار ئىسلامباينى تۆگىگە مىندۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى .

— ئىككىڭلار قانداق ئايرىلىپ كەتتىڭلار ؟ — باسىت ئىسلام-بايدىن سورىدى .

— كېتىۋاتساق قارا قوْيوْن كېلىپ مېنى دومىلىتىپ ئېلىپ كەتتى . قوْيوْن كېتىپ ، ئەتراپقا قارىسام پاپبايمۇ ، تۆگىمۇ يوق . مېڭىۋەردىم ، ئۇسسىدىم ، چاڭقىدىم ، ماڭغۇدەك هالىم قالمىدى ، يېتىپ قالدىم ، قانچىلىك ياتقىنىمنى بىلمەيمەن ، سىلەر كەلدىڭ-لار ، بولغان ئىش شۇ ، — دېدى ئۇ .

باسىتنى هازىر هەيران قالدۇرۇۋاتقىنى ئىسلامباينى ئۇچرى-تىپ قالغىنىمۇ ، پاپباي بىلەن تۆگىنىڭ يوقاپ كەتكىنىمۇ ئەمەس ،

قايمىنىڭ شۇ كىچىككىنە تېرە خالتىسى بىلەن ئۇنىڭ ھېچكىمگە بىلدۈرمەي شۇ خالتىسىدا سۇ ساقلىغىنى ئىدى . خالتا تۇلۇمچە سويۇلغان جەرەن پاچىقىنىڭ تېرىسى بولۇپ ، ئاشلاپ ، يۇڭى چۇ-شۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن ، تەتۈرىگە — ئىچى تېشىغا ، تېشى ئىچىد-گە قىلىپ ئۆرۈلگەندىن كېيىن ، بىر ئۇچى سۇ ئۆتمەس قىلىپ ھىم بوغۇۋېتىلىپ ئۆرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ . تەجرىبىلىك ئوۋچى ياكى سەپەرچى سۇ ئىنتايىن ئاز ياكى سۇ تېپىلمايدىغان جايغا ماڭغاندا ، شۇ تېرە خالتىغا سۇ قاچىلاپ يېنىدىلا ساقلاپ يۈرىدۇ . خالتا كىچىك بولسىمۇ ھازىرقىدەك چاڭقاقتىن جان تومۇ-شۇقتا كېلىپ قالغاندا ئەسقاتىدۇ ، جانغا ئارا تۇرىدۇ . بۇنى باسىت بىلسىمۇ ، سەپەرگە ئۆزىنىڭ تېخى قايىمدەك پۇختا ئەمەسلىكىنى ، كۆپ چۆلتىلىقىنى ھېس قىلدى .

ئىسلامباي تۆگىلىك ، باسىت ، قايىملار پىيادە كېتىۋاتىدۇ . بۇلار سۇ ئىزدەپ ئۈچ گۇرۇپپا بولۇپ ماڭغاندا ، سۇۋېن ھېدىن بىلەن سىنوف سول تەرەپ چەتتە ، ئىسلامباي بىلەن پاپباي ئوتتۇرى-دا ، باسىت بىلەن قايىم ئوڭ تەرەپ چەتتە ماڭغانىدى . ئىسلامباي قانداق بولۇپ بۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى ؟ باسىت بىلەن قايىم مۇشۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ ، ئويلىماقتا ئىدى . ئىسلامباي بولسا پاپباي بىلەن تۆگىنى ئەمەس ، خوجايىنى سۇۋېن ھېدىننى ئويلايتتى . خۇدايىمدىن ئۇنىڭ تىرىك بولۇشىنى ، ئۆلمەسلىكىنى تىلەيتتى . ئىسلامبايىنىڭ غەم يەيدىغىنى ، ئويلايدىغىنى ، ناۋادا سۇۋېن ھېدىن ئۆلۈپ كېتىپ قالسا ، ئۇنىڭغا يول باشلىغۇچى ، مۇلازىمچى بولغان-لىق ھەققىنى ئالالماي قېلىپ ، باي بولۇش شېرىن ئارزۇسىنىڭ توزغاقتەك توزۇپ كېتىشى ئىدى .

## 6

سۇۋېن ھېدىننىڭ ئالدىنى ئېگىز بىر قۇم دۆڭى كۆندىلەڭ توسۇپ تۇراتتى . ئۇ يانچۇقىدىن كومپاسنى ئېلىپ قارىدى . ئۇلار چۇشكۇن قىلغان جاي دەل كەينى تەرەپتە ئىدى . ئۇ قايتىشنى ئويلىدى . ئاخشاملا قايتىشى كېرەك ئىدى . قالغان ئىككى گۇرۇپ-

پىدىكلەرگىمۇ تونۇگۇن كۈن ئولتۇرۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى قايتىپ كېلىشىنى تاپىلىغانىدى . ھەممىنى بۇزغان تونۇگۇنكى قارا قۇيۇن بىلەن قارا بوران ، ئۇ ئىككى گۇرۇپپىدىكىلەر چۈشكۈنگە قايتىپ بولدىمىكىن ، قايتمىغان بولسا ھازىر نەدىكىن ، قانداق قىلىۋاتقاندۇ . ھايات بولسا تېخى... ھېدىنىنىڭ خىيالى چىگىشلىشىپ ، كۆز ئالدى خىرەلەشكەندەك بولدى .

ئۇ بۇ قۇملۇقنىڭ بۇقەدەر ئادەمگە قەدەمدە بىر توساق قويۇپ ، ئاچلىق ، چاڭقاقلىقتىن ئۆلۈم تەھلىكىسى سېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . ھېدىن قايتماق بولدىيۇ ، يەنە ئالدىدىكى قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ باقماقچى بولدى . سىنوق بىلەن ئېشەك قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ قالغان بولسا ئەجەب ئەمەس . ئۇ شۇ ئۈمىد بىلەن قۇم دۆۋىگە چىقماقچى بولدى . دۆۋىگە قاراپ ئىككى قەدەم ئېلىۋىدى ، خۇددى پۇتىغا بىرسى ئېسىلىۋالغاندەك ياكى ئىككى پۇتىغا يوغان ئىككى تاشنى تېڭىپ قويغاندەك ، پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ يۆتكىيەلمىدى . ئۇ شۇ دەرىجىدە ھارغان ، ھالسىرىغانىدى . ئۇ پۇتىدىكى ئۆتۈككە قارىدى ، ئۆتۈك ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەنىدى . ھېدىن بۇ ئۆتۈكنى تاغقا چىقسام چىدامىلىق بولسۇن ، ئوڭاي يىرتىلىپ كەتمىسۇن ، قۇمغا كىرسەم پۇتۇمنى ئىسسىتىۋەتمىسۇن دەپ ، چەممىنى قېلىن قىلدۇرغاندىن باشقا ، باشلىقىنىمۇ كۆنگىمۇ ، خۇرۇمغىمۇ ئوخشىمايدىغان قېلىن بىر خىل تېرىدە تىكتۈرگەنىدى . ئۆتۈكنىڭ قونچىمۇ ئۇزۇن بولۇپ ، تىزىغا تاقىشىپ تۇراتتى ، ئۆتۈكنى سېلىۋەتسە كۆپ يېنىكلەيتتى . لېكىن ، ھېلىلا قۇم قىزىپ كېتىدۇ ، ئۇ چاغدا ماڭالمايلا قالماي ، دەسسىيەلمەي قالىدۇ ، ئۆلگىنى شۇ ، ھېدىنىنىڭ كۆزىگە ئەزرائىل ئۇنىڭدىن جان ئالماق بولغىنىغا خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي كالچىيىپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . بۇ مۇدھىش قىياپەتتىن ئۇنىڭ بەدىنى تىكەنلەشكەندەك بولۇپ شۈركۈندى . ھېدىن ئۆزىنى بىر سىلكىۋەتتى . «مۇشۇ بىر ئۆتۈكنى كۆتۈرەلمەي سىلىۋېتىپ ، جېنىمنىمۇ سېلىپ بېرىپ مۇشۇ قۇملۇقتا ئۆلەمەنما ؟ !» ئۇ ئويلايتتى ، خىيال قىلاتتى ، ئويلىغانسېرى ئوي - خىياللىرى چوڭقۇرلاپ ، كېڭىيىپ بارماقتا ئىدى .

«پرژېۋالسكىينىڭ ‹ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر › دېگەن كىتابىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشۇم نېمە ئۈچۈن؟ ‹پېرسىيىگە ئەلچىلىككە چىقىش خاتىرىلىرى › بىلەن ‹خوراسان، توركىستان ساياھەت خاتىرىلىرى ›نى يېزىپ، نەشر قىلدۇرۇشۇمچۇ؟ مۇشۇ ئېكسپېدىتسىيىگە يول ئېچىش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ بىرىنچى تېتقا كىرىپ جوغراپىيە، گېئولوگىيە ئۆگىنىشىم نېمە ئۈچۈن؟ يەنىلا مۇشۇ ئېكسپېدىتسىيە ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ مۇشۇ قوملۇقتا مۆجىزە يارىتىپ، دۇنياغا مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى، دېگەن شۆھرەت تاجى كىيمەكچىدىمغۇ، ئارزۇ - ئارمىنىم، غايەم مۇشۇ ئىدىغۇ؟! ئەمدىزە، مۇشۇ بىر ئۆتۈكنى كۆتۈرۈپ ماڭالماي، ئۆزۈمنى ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرەمدىمەن؟ ياق! ياق!!»

سۈۋېن ھېدىننىڭ جىسمانىيىتى، جىسمانىي كۈچى خوراپ، ھارغان، ھالسىرىغان بولسىمۇ، مۆجىزە يارىتىپ، دۇنيادا شۆھرەتلىك ئادەم بولۇش ئارزۇسى، ئىستىكى، غايىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇد قەسرىدە يەنىلا يېنىقلىق ئىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن سورىدى:

— ھېدىن، قانداق قىلىسەن، بولالماي قالدىڭ، بولدى قىلامسەنيا؟

— نېمە؟ بولدى قىلامسەن؟! ئون بەش ياش چېغىمدىلا كۆڭۈل قەسرىمگە ياغقان غايە، ئىرادە چىرىغىم مۇشۇنداقلا ئۆچۈپ قالامدا؟! مەن 1894 - يىلى دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دېيىلىدىغان، تاغ چوققىسىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ قېلىنلىقى يۈز - ئىككى يۈز مېتىر كېلىدىغان، كېچە - كۈندۈز قارلىق شىۋىرغان ئۈزۈلمەيدىغان، قار كۆچكۈنلىرى ھەرقاچان بولۇپ تۇرىدىغان، دېڭىز يۈزىدىن يەتتە مىڭ بەش يۈز قىرىق ئالتە مېتىر ئېگىز پامىر تېغىنىڭ بەش مىڭ مېتىر ئېگىزلىكىگە چىقتىم، ھاۋا يېتىشمەي نەپەس قىسىلدى، تاغ باتۇرى ھېسابلانغان قوتازلار پايلىيالماي ئارقا - ئارقىدىن يىقىلغاندىمۇ، مەن: «غەلىبە قىلمىغۇچە چېكىنمەيمەن» دەپ تىركىشىپ يۈرۈپ ئالتە مىڭ ئۈچ يۈز مېتىر ئېگىزلىككە چىققان ئەمەسمىدىم. شۇ چاغدىمۇ يۈدۈۋالغان يۈكۈم يېگىرمە كى-

لوگرامدىن كەم ئەمەس ئىدىغۇ ! ئەمدىزە ، كۆپ بولسا تـۆت كىـ
لوگرام ئۆتۈكنى سۆرەپ مۇشۇ قۇم دۆڭىگە چىقالمىدىمەن . بۇ
دۆڭىنىڭ ئېگىزلىكى قانچىـلىك كېـلەر ؟— ھېدىـن ئۆزى جا-
ۋاب بەردى ،— ھەرقانچە ئېگىز بولسىمۇ ئوتتۇز مېتىردىن ئاشـ
ماس . مەن بۇ قۇم دۆۋىسىنى چوقۇم بويسۇندۇرىمەن . ئۆلسەممۇ
قۇم دۆۋىسىدىن ھالقىپ ئۆلەي !

ئاچلىق ، چاڭقاقلىق ئۇنىڭ جىسمانىيىتىنى ھالسىراتقان بول-
سىمۇ ، لېكىن روھىيىتىگە يېقىلغان غايە غولۇتمانىنىڭ ئاخىرقى
چوغى ئۆچمىگەنىدى . ئۇ ھازىر يەنە باشقىدىن لاۋۇلداپ روھىي
كۈچى ئۇلغايدى ، ئۇرغىدى . ھېدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرە ماڭغۇ-
دەك مادارى قالمىغان ئەھۋالدا ، ئۇزۇن قونچلۇق ئېغىر ئۆتۈكنى
سۆرەپ ئۆمىلىدى ، قۇم بېغىرلاپ تىركىشىپ ، تىرمىشىپ ئاز -
ئازدىن ئۆرلىدى . غايە ، سۇنماس ، قايتماس قەيسەر ئىرادە ، مۇشـ
كۈلاتلارغا تەن بەرمەس روھىي كۈچ ئاخىر غالىب كەلدى . سىۋېن
ھېدىن قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقتى . ئۇ كۆڭۈل خاتىرىسىگە
مۇنداق دەپ يازدى : «ئۈمىد بىلەن يۇغۇرۇلغان روھىي كۈچ بولمىـ
سا ، جىسمانىي كۈچ دېگەن ئۇ بىر لەقۋا نەرسىكەن . ناۋادا ، مەندە
غايە بولماي ، جىسمانىي كۈچكىلا تايانغان بولسام ، ھارغان ، خوراپ
ھالسىرىغان تېنىم بىلەن قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۇ تەرپىدە چالا ئۆلۈك
ياكى ئۆلۈپ ياتار ئىدىم . مانا مەن ھازىر ئۆز غايەمنىڭ كۈچى ۋە
ئۇ تۇغقان ، پەرۋىشلىگەن ئىرادەم كۈچىدىن قۇم دۆك - داۋىنىنى
بويسۇندۇرۇپ ، ئۇنىڭ يەلكىسىدە تۇرىمەن» .

سىۋېن ھېدىن بىرئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، تىرە-
جەپ ئۆرە بولۇپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى . ئۆزى تۇرۇۋاتقان قۇم
دۆڭىنىڭ سەل نېرىسىدا ، پەسرەك ئىككى قۇم دۆۋىسى ئوتتۇرىسىـ
دىكى ئويمانلىقتا داش قازان چوڭلۇقتىكى كۆكۈچ بىر نەرسە
كۆزىنىڭ ئەتىگەنكى ئاجىز نۇرىدا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇراتتى .

— سۇ ! — دەۋەتتى سىۋېن ھېدىن ، — ھېلىقى تۈگە مۇشۇ
سۇدىن ئىچكەنىكەن - دە .



www.uyghurkitap.com

ئۇ ۋۇجۇدىدا قالغان بارلىق كۈچىنى يىغىپ قۇم دۆۋىسىدىن ئۆزىنى پەسكە ئاتتى، دومىلىدى، دومىلىدى، قانچە قېتىم دومىلىغىنىنى، ئاغزىغا قانچىلىك قۇم كىرىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي دومىلىدى. ئۇنىڭ سەزگۈسىدە هازىر سۇلا بار ئىدى. ئۇ دومىلىغىنىچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ توختىدى. ئۆپكىسى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك ئاران ـ ئاران تىناتتى، هۆمۆدەيتتى، دېمىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنى ئوبدان توختىتىۋېلىپ ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ مېڭىشى نەچچە ئاي كېزىك كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتىپ، كېسەل تۆشىكىدىن هېلىلا قوپقان ئادەمنىڭ مېڭىشىغا ئوخشايتتى، دەلدۈگۈنۈپ بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن، ئاران ـ ئاران ماڭاتتى. سۇغا بولغان تەشنالىق زارىقىشىدىن بىر قەدىمى بىلەن يەنە بىر قەدىمى ئارىلىقى ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ سايدەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. تۈگىمەيدىغان يول، يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل يوق. هېدىن ئاخىرى نىشانلىغان جايغا يەتتى.

«سۇ ! !»

هېدىننىڭ كۆز ئالدىدا، باغرىدا قۇياشنىڭ شولىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بىر كۆلچەك سۇ: «قەدىمىڭ مۇبارەك» دەۋاتقاندەك جىلمىيىپ تۇراتتى. كۆلچەكنىڭ گىرۋىكى تىك ئەمەس ئىدى. هېدىن سۇ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. سۇ كەھرىۋادەك سۈزۈك ئىدى. كۆلچەك ئەتراپىنى گەنجە قىياقلار قاپلىغانىدى. هېدىن سۇدىن ئوچۇملاپ ئېلىپ ئىچتى. بىر ئوچۇم، ئىككى ئوچۇم… بىر تامچە سۇنى زايە قىلماي بەش ئوچۇم سۇ ئىچتى. قاغجىرىغان ۋۇجۇدى ياشارغاندەك بولدى، جېنى يايراپ كەتتى، هالسىرىغان جىسمانىيىتى كۈچ ـ ماغدۇرغا تولدى. چۈشكۈنگە سۇدىن ئېلىپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن سۇ ئالىدىغان قاچا يوق ئىدى. تۇلۇم ئېشەكتە ئىدى. هېدىن ئويلىنىپ تۇرمايلا ئۆتۈكىنى سالدى. ئۆتۈكنى ئىچىگە سۇ كىرىپ كەتمەيدىغان بولۇشنى تاپىلاپ مەخسۇس زاكاس قىلىپ تىكتۈرگەنىدى، ئەمدى ئۆزى ئىچىگە سۇ ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۆتۈكنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، سۇنى بىر ئوچۇم ـ بىر ئوچۇمدىن ئېلىپ، ئىككى ئۆتۈكنى تولدۇردى. ئىككى ئۆتۈك-

www.uyghurkitap.com

نىڭ تـۇتقۇچىدىن پـايتىمىسىنى ئـۆتكۈرۈپ چەگدى . سۇدىن يـەنە قـانغۇچە ئىچىۋالدى ـ دە ، ئىككى ئۆتۈكنى مورىسىگە خۇر- جۇندەك ئارتىپ ئارقىسىغا قايتتى . ئېزىپ باشقا ياققا كېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن پات ـ پات كومپاسقا قاراپ قوياتتى . ئۇ هازىر هالسىز ئەمەس ئىدى . ئادەملىرىگە ئاز بولسىمۇ سۇ ئېلىپ ماڭغى- نىدىن خۇشال ، روهى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى . تۆت قۇم داۋىنىدىن ئۆتكەندە ، پەسرەك بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ياتقان بىر نەرسىنى كۆردى . كۆرۈنۈشىدىنلا ئۇ ئادەمدەك قىلاتتى . سۋېن هېدىن : «سىنوف بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە ئەكېلىپ ، ئىتتىك مېڭىپ تۆپىلىككە چىقتى .

— سىنوف ! — هېدىن تۇۋلىۋەتتى .

ئۇ هەمراهىنى تېپىۋالغىنىدىن هاياجانلىنىپ كەتتى ، كېلىپ سىنوفنىڭ بېشىنى يۆلىدى . ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزى پىلدىرلاپلا قالغانىدى ، كالپۇكلىرى قاغىجىراپ ، قـاقشالـنىڭ قوۋزىقىدەك يېرىق ـ يېرىق بولۇپ كەتكەنىدى . هېدىن ئۆتۈكتىكى سۇدىن ئاغزىغا لىق تولدۇرۇپ ئېلىپ سىنوفقا ئىچۈردى ، ئىككى قوۋۇزلا سۇ ئىچىپ سىنوفنىڭ هالى ياخشىلاندى .

— نىجاتچىم ! — سىنوف هېدىنغا ئۆزىنى ئاتتى .

— بولدى ـ بولدى ، تېپىشتىققۇ مانا ، قانداق بولۇپ بۇ دۆڭگە چىقىپ قالدىڭ ؟

— قۇيۇننىڭ مېنى دومىلىتىپ ئەكەتكىنىنىلا بىلىمەن ، كۆ- زۈمنى ئاچسام بىر ئورىدا ياتىمەن . ئەگەر ئورىغا چۈشۈپ قالمىغان بولسام ، قۇيۇن مېنى نەلەرگە ئەكېتەتتىكىن . ئۈستۈمدىكى قۇملارنى قېقىپ ، ئورىدىن چىقىشىمغا بوران كەلدى . قۇملۇق بورىنىنىڭ بۇ دەرىجىدە ئالامەت بولىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن . بوراندا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قاپتىمەن . قاياققا مېڭىشىمنى بىلمەي ، بىرەرسى بولسىمۇ كۆرۈپ قالار دەپ مۇشۇ قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئولتۇردۇم . يېرىم كۈندۈز ، پۈتۈن بىر كېچە ئولتۇردۇم . ئاچلىقتىن ئۇسسۇزلۇق يامان ئىكەن . تاڭغا يېقىن بولالماي قالدىم ، ئولتۇرغۇدەك ماغدۇرۇم قالماپتۇ ، يېتىپ قالدىم ، بولغان ئەهۋال شۇ .

— ئېشەكچۇ؟
— قوۋۇن ئالدىدا ئۆزۈمگە ئىگە بولالماي قالغان يەردە، ئې-
شەككە قانداق ئىگە بولالايمەن.
ھېدىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ ئورۇنسىز سوئال
سورىغىنىدىن خىجىل بولۇپ قالدى.
— قالغانلار قانداق بولغاندۇ؟ — سىنوف سورىدى.
— باسىت بىلەن قايىم قۇملۇق ئادەملىرى بولمىسىمۇ، قۇم-
لۇقتا قانداق قىلىشنى بىلىدىغان ئادەملەر ئىكەن. بۇ ئىككىسىدىن
ئەنسىرىمەيمەن، ئىسلامباي بىلەن پاپبايدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. ئۇ-
لارمۇ قوۋۇن، بوراندا قېلىپ بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن
بولسا، ھازىر نەلەردە يۈرۈيدىكىن، — ھېدىن گېپىنى دەپ بو-
لۇپ، ئىسلامباي بىلەن پاپباي بىر دۆڭ كەينىدىن لۆممىدە چىقىپ
قالىدىغاندەك ئەتراپقا قارىدى.
— قانداق قىلىمىز، قايتساق ئورنىمىزنى تاپالايمىزمۇ؟ —
سىنوف ھېدىننى نېمە دەيدىكىن، دېگەندەك ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى.
— تاپالايمىز، كومپاسقىلا قارىساق ئورنىمىزنى تاپالاي-
مىز، — دېدى سىۋېن ھېدىن ۋە ئىچىدە: «بۇ جۇڭگولۇقلار كوم-
پاسنى مەن ئۇچۇنلا كەشىپ قىلىپ قويۇپتىكەن، بولمىسا بۇ
قۇملۇقتا قانداق قىلاتتىمكىن» دەپ ئويلىدى.
شۇ ھامان ئۇنىڭ خىيالىغا فېڭشى كەلدى. «… ئۇنىمۇ قو-
يۇن، بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن بولسا…» خىيالىنىڭ ئاخىرىنى
داۋاملاشتۇرۇشقا جۇرئەت قىلالمىدى. ناۋادا، ئالىمادىس بىرەر
كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالسا، قەشقەر ئامبىلىغا قانداق جاۋاب قىلى-
دۇ. ئارىغا پېتروۋسكىي، ماكارتنېيلارنى سېلىپ يۈرۈپ بۇنىڭ-
دىنمۇ قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولار، لېكىن جۇڭگولۇقلاردا ئۆزىگە
نىسبەتەن گۇمان، شەك تۇغۇلۇپ قالسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئېكس-
پېدىتسىيىسىدە قانداق قىلىدۇ؟ ئەمدى ئۇ: «باشقا ھەممىسى يوقاپ
ياكى ئۆلۈپ كېتىپ، فېڭشىلا ھايات قالسا مەيلى ئىدى» دەپ
قالدى. ئۇ ئويلىسا، فېڭشىنىڭ ھايات بولۇش - بولماسلىقى
ئۇنىڭ مۇشۇ قۇملۇقتا مۆجىزە يارىتىپ، دۇنيادا مەشھۇر ئادەم
بولۇش - بولالماسلىقىنى بەلگىلەيدىغان تارازا تېشىدەك ھەل قىلى-

غۇچ مۇھىم ئىدى .

— تېز ماڭايلى ، — دېدى سۇۋېن ھېدىن .

— نېمىشقا ئەمدى ، جان ئاز قېلىپ ئاران كېتىۋاتساق .

— بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشىمىزنى دېسەك ، تېز ماڭايلى .

سىنوف ھېدىننىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتەلمىسىمۇ ، «بىر مۇھىم ئىش يادىغا كېلىپ قالغان چېغى» دەپلا ئويلىدى . ئىككىسى ئۆتۈكتىكى سۇدىن ئۇچ ئوتلامدىن ئىچىۋالدى . ئىككىلىسىگە يەنە بىر ئۇلۇشتىن جان قوشۇلغاندەك بولۇپ مېڭىشنى تېزلەتتى . سىۋېن ھېدىن پات - پات كومپاسقا ، كۈنگە قاراپ قويۇۋاتتى . كۈن خېلى كۆتۈرۈلۈپ ئىسسىق تاۋنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى . سىۋېن ھېدىن ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ، ئالدى بىلەن كومپاسقا ، ئاندىن كومپاس كۆرسەتكەن يۆنىلىش بويىچە چۇشكۇن قىلغان تەرەپكە قارىدى .

— يېقىن كېپتۇق ! چۇشكۇنگە يېقىن كېپتۇق ! — ھېدىن شۇنداق دېگەچ قۇم دۆۋىسىدىن دومىلىغاندەك تېز چۈشتى .

— دۆڭدە ھېلىقى جازا بارمىكەن ؟

— جاھازىنى كۆرمىدىم ، دۆڭدە باستى مۇشۇ تەرەپكە قاراپ ئۆرە تۇرىدۇ .

— ئۇلار ئاخشاملا بېرىپ بولغان ئوخشىمامدۇ ؟

— بارغاندا بىلىمىز .

سىۋېن ھېدىن بىلەن سىنوف مېڭىشنى چامىنىڭ يېتىشىچە تېزلەتتى . سىۋېن ھېدىننىڭ كاللىسىدا : «فېڭشىغا ھېچنېمە بولمىغان بولسا بولىتتى ، خرىستوس ، مەن ئۇچۇن بولسىمۇ ئۇنى ئامان قىلغىن ، ساقلىغىن» دېگەن ئىلتىجادىن باشقا نەرسە يوق ئىدى .

## 7

سىۋېن ھېدىن ، سىنوفلار باستى ، قايىم ، فېڭشى ، ئىسلامبايلار بىلەن ئايرىلىپ كەتكىنىگە ئۇزاق يىل بولغان ساۋاقداشلار

جەم بولۇشقان چاغدىكىدەك بىر - بىرى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ، بىر - بىرىنىڭ ھالىنى سوراشتى .

ھېدىن چۈشكۈنگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى . قارا قۇيۇن بىلەن قارا بوران ئۇچۇرۇپ كېتىدىغانلا نەرسە بولسا ئۇچۇرۇپ ئەكېتىپ ، ئۇچۇرالمايدىغان ئېغىر نەرسىلەرنى دومىلىتىپ ئۇنى ئۇ يەرگە ، بۇنى بۇ يەرگە ئاپىرىپ قويغانىدى . بەزى نەرسىلەر قۇمغا يېرىم كۆمۈكلۈك بولسا ، بەزىلىرىنىڭ بىر يېرى قۇمدىن چىقىپ تۇراتتى . ئۇلار قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ ئىزدەپ يۈرۈپ چېدىر جاھازىسى ، ساندۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى تېپىپ كەلدى . سۇۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيىدە بولمىسا بولمايدىغان بىر قىسىم نەرسىلىرى يوقالغانىدى . ئۇ ئۇھ تارتىپ ئىچىگە تىنىپلا قالدى .

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاچ ، ھېدىن ، سىنوفلاردىن باشقىلىرى ئۇسسۇز ئىدى . ئۇلار ئۆتۈكتىكى سۇنى تۆگە ، ئېشەكنى سۇغىرىشقا لايىق قالدۇرۇپ ، قالغىنىنى بىر بوش تۇلۇمغا قۇيۇپ قويدى . ئىچىشكە قالدۇرۇپ قويغان ئاخىرقى بىر تۇلۇمدىكى سۇدىن ھەربىرى بىر چۆچەك قۇيۇشۇپ ئەتىگەنلىك تاماق يېدى .

— ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ نېنى بولمىغان بولسا ، بۇنچىلىك ئاز سۇ بىلەن بىزنىڭ بولكا دېگەن ئۇ نېمىمىزنى قانچىلىك يېگىلى بولاتتى . بۇ ناننى كۆرۈۋسلىتىپ يەۋەرسە بولىدىكەن ئەمەسمۇ ، — دېدى سىنوف ، يېنىدا كۆرۈۋسلىتىپ ئوقىچاچ يەۋاتقان ھېدىنغا .

— شۇنى دېمەمسەن ، بىز ياۋروپالىقلار نېمىشقا بۇنداق نان قىلىشنى بىلمەيمىزكىن ، — دېدى ھېدىن ۋە شۇئان ئىسلامبايغا قاراپ ، ئۇنىڭدىن :

— ئىسلامباي ، پاپپاي قېنى ؟ — دەپ سورىدى .

ئىسلامباي ئۇدۇق - بۇدۇق بولۇپ :

— قارا قۇيۇننىڭ مېنى دومىلىتىپ ئېلىپ كەتكىنىنى ، كېيىن بوراندا قالغىنىمنىلا بىلىمەن ، پاپپاينىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلمەيمەن ، — دەپ بولۇپ يەنە قوشۇپ قويدى ، — تۆگىنى شۇ

www.uyghurkitap.com

يېتىلىگەندى .

— ئېزىپ قالماي چۈشكۈننى تېپىپ كېلەلىسەڭ ياخشى . ئىسلامباي باستى بىلەن قايىمغا بىر قارىۋېتىپ :

— مېنى ماۋۇ ئىككىسى ئېلىپ كەلدى ، — دېدى . ئىسلامبايلار بىلەن باستىلارنىڭ ماڭغان يۆنىلىشى باشقا-باشقا ئىدى . قانداق ئەھۋاللىقىنى ئىسلامباي ياكى باستىلار ئېيت-مىسىمۇ ، سۈبىن ھېدىن ھەممىنى چۈشەندى . ئۆزى بىلەن سىنوف نېمە بولدى ؟ ئۇلارمۇ شۇنداق بولغان گەپ .

— ھېلىمۇ ياخشى ، باستىلارغا ئۇچراپ قاپسەن .

— مېنىمۇ قويۇن بىلەن بوران نەلەرگە ئاپىرىۋېتىپتىكەن ، چۈشكۈنگە باستى قايىملار ئېلىپ كەلدى ، — دېدى فېڭشى .

سۈبىن ھېدىن ئورنىدىن تۇرۇپ باستى بىلەن قايىمنىڭ ئال-دىغا كەلدى .

— رەھمەت سىلەرگە ، — دېدى ئۇ ئۇيغۇرچىنى يامان ئەمەس يامداپ سۆزلەپ ، ئۇ ئىلگىرى تۈركچىنى ئۆگەنگەن بولغاچقا ، شۇ ئاساستا ئىسلامبايدىن ، مۇشۇ سەپەر جەريانىدا پايپاي ، باستى ، قايىملاردىنمۇ پۇرسەت بولسىلا ئىككى - ئۈچ سۆزدىن ئۆگىنىپ تۇرغانىدى ، — فېڭشىنى قۇتقۇزۇۋېلىپ بەك ياخشى قىپسىلەر ، مەنزىلگە بارغاندا مەن سىلەرنى مۇكاپاتلاپ ، ھەققىڭلارنى ئاشۇرۇپ بېرىمەن .

باستى بىلەن قايىم سۈبىن ھېدىنغا مۇنداقلا ، ئىپادىسىز بىر تەرزدە قاراپ قويدى . چۈنكى ، ئۇلار ئۇنىڭ سەپەر جەريانىدا سى-نوف ، فېڭشى ، ئىسلامباي ، پايپايلارغا ئېتىبار بىلەن قاراپ ، ئىككىسىنى مەنسىتمەي كەلگىنىدىن كۆڭلىدە نارازى ئىدى . با-ستىلار دەسلەپتە ئۆزلىرىنى ياللانغۇچى ، قالغان ھەممىسىنى خوجا-يىنلار ئىكەن ، دەپ تونۇغانىدى . بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا سۈبىن ھېدىن مۇشۇ ئەجنەبىينىڭلا خوجايىن ، قالغانلىرىنىڭ ئۆز-لىرىگە ئوخشاش ياللانغۇچىلار ئىكەنلىكىنى ، لېكىن فېڭشىنىڭ سەل ئالاھىدىرەك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگەنىدى . مانا ، ئىسلامباينى

قۇتقۇزۇۋالغىنىغا رەھمەت يوق، يالغۇز فېڭشى ئۇچۇن رەھمەت
دەۋاتامدۇ. قارىمامدىغان، پاپپاينىڭ يوقاپ كەتكىنى ئۇنىڭ قېتىد-
غىمۇ كەلمىگەندەك، خۇددى تۆگە، ئېشەكنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە
تۇتقان مۇئامىلىدەك.

— ئۇ ئەجنەبىي پۇشقىقىمىزدىن يەل بېرىۋاتىدۇ، — دېدى
باسىت، ھېدىن ئورنىغا كەتكەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا قايىمغا.

— مەن قەشقەرگە بارغاندا كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، ئۆز قۇلد-
قىم بىلەن ئاڭلىغان، بۇ كۆك كۆز پەرەڭلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈ-
نۇشتە تۇزۇكتەك قىلغان بىلەن، ئۆتۈپ كەتكەن ئالدامچىلار
ئىكەن، — دېدى قايىم.

بىر ئېغىز گەپ، باسىت بىلەن قايىم سۋېن ھېدىننىڭ:
«سىلەرنى مۇكاپاتلايمەن، ھەققىڭلارنى ئاشۇرۇپ بېرىمەن» دېگى-
نىگە ئىشەنمىدى.

— باسىت، — سۋېن ھېدىن قاچىدىكى ئاخىرقى ئىككى
يۇتۇم سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن سورىدى، — سىلەر فېڭشى-
نى قەيەردە، قانداق ئۇچرىتىپ قالدىڭلار؟

ئۇ فېڭشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قوي-
ماقچىدەك قىلاتتى.

باسىتمۇ قاچىسىدىكى سۇنى ئىچىپ بولۇپ گەپ باشلىدى.

— بىز ئىسلامباي بىلەن كېلىۋاتاتتۇق، قىياسىمىزچە چۇش-
كۇنگە يېقىن كېلىپ قالغاندۇق...

باسىت ئىسلامباينى قەيەردە، قانداق ھالەتتە ئۇچرىتىپ قې-
لىپ، قانداق قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى دەپ يۈرمەي، فېڭشىنى
قانداق ئۇچرىتىپ قالغانلىقى ۋە باشقا ئىشلارنى ھېكايە سۆزلىگەن-
دەك بايان قىلىپ بەردى.

باسىت، قايىملار بۇنچىلىك يېقىن ئارىلىقتا ئېزىپ قالمايدى-
غانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، يەنىلا ئۇۋچىلارغا خاس ئادەت، ئېھتىياتچان-
لىقى بويىچە ئەتراپقا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. گاھىدا ئېگىزرەك
قۇم دۆڭگە چىقىپ چۇشكۇن قىلغان تەرەپكە قارايتتى، لېكىن

www.uyghurkitap.com

سىۋېن ھېيدىن بەلگە قىلىپ قويغان جازا ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى .
بۇنىڭغا ئۇلار ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى . تۈنۈگۈنكىدەك قاتتىق قويۇن
ۋە قارا بوراندا ئۇنداق ئېگىز قۇم دۆڭىدە دەرەخ بولسىمۇ قومۇرۇ-
لۇپ كېتەتتى . ئۇۋچىلار يۈرۈيدىغان جايلاردا نەدىمۇ يول بولسۇن .
شۇڭا ئۇلار كۆرگەنلىكى نەرسىلەرگە ، مەسىلەن ، دەرەخ ،
ئەگىم - دوقمۇش ، ئوي - دۆڭ ، تاغدا بولسا قورام تاشلارغىچە
زەن سېلىشۋالىدۇ . لېكىن ، قاقاس قۇملۇقتىچۇ ؟ قارىماققا ھەممە
يەر ئوخشاش . ئەمما ، ئۇۋچىنىڭ كۆزى بىلەن قارىغاندا قۇم دۆڭ-
لىرى چوڭ - كىچىكلىكى ، ئېگىز - پەسلىكى ، يانتۇ - تىكلىكى
بىلەن پەرق قىلىدۇ . شامال ، بوران دۆڭلەرنىڭ شەكلىنى ئۆز-
گەرتىۋېتەلىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ . ھېچبولمى-
غاندا دۆڭلەرنىڭ شالاڭ - قويۇقلۇقى ساقلىنىپ قالىدۇ .

باستىلار سىنچى نەزىرى بىلەن ئەتراپقا قاراپ كەلمەكتە ئى-
دى . يىراقتىكى بىر قۇم دۆڭىنىڭ يامزىلىدا بىر ئادەمنىڭ خۇددى
قورتتەك يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇلار
ئۇنى پاپىيامىكىن ، دەپ ئويلاشقانىدى ، يېقىن كەلگەندە فېڭشى
ئىكەنلىكىنى بىلدى . قوناق شېخىدەك ئورۇق ، جانسىز بۇ ئادەم
قويۇن ، قاتتىق بوراندا كۆز غازىڭىدەك ئۇچۇپ ، دومىلاپ چۈشكۈن-
دىن خېلى يىراق يەرگە قاڭقىپ كەتكەنىدى . ئۇ بوران توختىغان
بولسىمۇ ، كېچىدە تەرەپلەرنى پەرق ئېتەلمەي ، كۈننىڭ چىقىشىنى
كۈتۈپ ، بىر قۇم دۆڭىگە چىقىپ ئولتۇردى . كېچىنىڭ ئۆتمىكى
ئۇنىڭغا يىلنىڭ ئۆتمىكىدىنمۇ ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى . ئاخىر
زارىققان تاڭنىڭ شەپىسى كەلدى — ئۇپۇق قىزىرىشقا باشلىدى .
«ھە ، بوران كۈنچىقىش تەرەپتىن كەلگەن ، مېنى بۇ تەرەپكە ئەكې-
لىپ قويۇپتۇ . مەن كۈنچىقىشقا قاراپ مېڭىشىم كېرەك» . فېڭشى
تەرەپنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ، تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتمەي چۈش-
كۈن قىلغان تەرەپكە ماڭدى . تۈنۈگۈن چۈشتە تاماق يېگەنچە بول-
غاچقا ، ئاچلىق مانا ئەمدى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . ئۇ ھەر
قەدەمدە بىر ماغدۇرسىزلانماقتا ئىدى ، تۆپىلەپ ئۇسسۇزلۇقمۇ ئۇنى

قىنىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ قەدەم يۆتكىشى بارغانسېرى ئېغىرلى-
شىپ ، ئاخىر يىقىلىپ قالدى .
باسىت ، قايىم ، ئىسلامبايلار قوم دۆڭلىرىدىنى ئارىلاپ
كەلمەكتە .
— باسىت ئاخۇن ، مېڭىپلاۋاتىمىز ، چۈشكۈن مۇشۇ تەرەپ-
تىمۇ زادى ، ئېزىپ يۈرۈيدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن
يەنە ، — ئىسلامباي مېڭىۋاتقان يولىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ قىلال-
ماي سورىدى .
ئىسلامبايغا قايىمنىڭ ئاچچىقى كەلدى :
— ئۇنداق بولسا ، سەن دېگىنە ، قاياققا ماڭىمىز ؟
ئىسلامباي ئۇدۇق - بۇدۇق قىلىپ قالدى .
— دەيمىنا ئەمدى .
قايىم ئىسلامبايغا مۆلۈيۈپ قاراپ قويدى .
يەيدىغانغا يېمەكلىك ، ئىچىدىغانغا سۇ يوق ئەھۋالدا ، بولۇپمۇ
مۇشۇنداق دەشت قۇملۇقتا ماڭغاندا قانداق قىلىشنى باسىت بىلەن
قايىم ئوبدان بىلىدۇ : ماغدۇرنى خوراتماسلىق ، ئېغىزنى تېخىمۇ
قۇرۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاز گەپ قىلىش ، ياخشىسى ئېغىزنى
يىغىش كېرەك . ئۇلار ماڭدى ، جىم - جىم ماڭدى ، ئەتراپقا
قارىغاچ خېلى ماڭدى . بىر قوم دۆڭى دوقمۇشىدىن ئەگىلىشىگە ،
يەنە بىر قوم دۆڭى يامزىلىدا پۈكۈلۈپ يېتىپ قالغان فېڭشىنى
ئۇچراتتى . ئۇنى دەسلەپ تۆگە ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىسلامباي
كۆردى .
— ۋوي ! ئاۋۇ يەردە بىر ئادەم ياتىدۇ ، — دېدى ئۇ قولى
بىلەن كۆرسىتىپ .
باسىت بىلەن قايىم ئىتتىك ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپلا
قەدىمىنى تېزلەتتى . باسىت كېلىپ فېڭشىنىڭ بېشىنى يۆلىدى .
ھالسىزلىق ۋە چاڭقاقلىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، كال-
پۈكلىرى گەز باغلاپ ، چىرايى قانسىراتقان ئۆپكىدەك تاتىرىپ
كەتكەنىدى . بۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭدىن : «نېمە بولدۇڭ ؟» دەپ سوراش-

مۇ ئورۇنسىز ئىدى . ئۇ جاۋابمۇ بېرەلمەيتتى ، ئاغزى بۇنچىلىك قۇرۇپ كەتكەندە ، تىلى گەپكە كەلمەيتتى . باسىت قايىمغا قارىدى . قايىم بۇ قاراشنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى . قويىندىن كىچىك تېرە خالتىسىنى چىقىرىپ ئاغزىنى يەشتى ـ دە ، ئېڭىشىپ فېڭشىنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى . فېڭشى كالپۇكىغا بىر نەرسە تەگكەنلىكىنى سەزدى ھەم كۆردى . ئۇ كالپۇكىنى مىدىرلىتىپ ئاغزىنى ئاران ئاچتى . تېرە خالتىدا سۇ جىق قالمىغانىدى . قايىم خالتىنىڭ تۈۋىنى سەل كۆتۈرۈۋىدى ، فېڭشىنىڭ ئاغزىغا ئىككى يۇتۇم سۇ كىردى . ئاھ ، سۇ ! ئاھ ، سۇ ! چۆلدە چاڭقىغانىنىڭ قېنى سەن ، جېنى سەن سۇ . ئىككى يۇتۇم سۇ ئىسلامبايغا ئوخشاش فېڭشىنىمۇ ئۆلۈم گىرداۋىدىن تارتىۋالدى ، ھايات قالدى .

باسىت قايىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىۋىدى ، قايىم قىيمىغاندەك بىر ھالەتتە فېڭشىغا سۇدىن يەنە بىر يۇتۇم ئىچۈردى . بۇ چاغدا ، ئىسلامباينىڭ كۆزى بۆلەكچە چەكچىيىپ كەتتى ، كانىيى غورتۇلداپ ، بوغدىيىكى ئۇستۇن ـ تۆۋەن بولۇپ مىدىرلاپ قالدى ، كالپۇكىنى يالاپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى باسىت ، قايىملار كۆردى ، ئەمما كۆرمەسكە سالدى .

— ئىسلامباي ، تۆگىگە فېڭشى مىنىۋالسۇنمۇ ، — دېدى باسىت .

ئىسلامباي ياق دېيەلمىدى . ئۇلار فېڭشىنى تۆگىگە مىندۈرۈپ ، مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى . فېڭشى ياتقان يامزىلدىن ئۆتۈپلا ئۇلار قۇم دۆڭىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغان بىر تۆگە بىلەن بىر ئېشەكنى كۆردى . بۇلار دەسلەپ ئادەملەرنى كۆرۈپ ئۈركۈگەندەك قىلىپ چەكچىيىپ قاراپ قالدى ، يەنە شۇئان باققۇچىسى قايىمنى كۆرۈپ جىم تۇردى . بۇلارنىڭمۇ ئارتۇقچە ھەرىكەت قىلغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى . تونۇگۈن ئۇلاردىن يۈكلەرنى ئېلىۋەتكەندە چوم ، ئۇچىلىقنىمۇ ئېلىۋەتكەنىدى . ئىسلامباينىڭ تۆگە ياكى ئېشەككە مىنىۋالغۇسى بولسىمۇ ، تۆگە ، ئېشەك يايداق بولغاچقا ، ئىلاجسىز جىم بولدى…

ئۇلار ئىككى قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتۈپلا چۈشكۈن قىلغان يەرگە يېتىپ كېلىشتى. ئارامگاھنىڭ ئەھۋالى سۈۋېن ھېدىن كېلىپ كۆرگەن ئەھۋالنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلار ھېچنېمىگە چېقىلمىدى. قۇيۇن بىلەن بوران نەرسىلەرنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكەنىدى. ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىدىكى سۈرەت تارتىش جاھازىسى كۆرۈنمەيتتى. ئېنىقكى، ئۇنى شامال ئۇچۇرۇپ بىر يەرگە ئاپىرىپ قۇمغا كۆمۈۋەتكەنىدى.

— باسىت، نېمىشقا قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردۇڭ؟ — سۈۋېن ھېدىن سورىدى.

— قارىسام بەلگە قىلىپ قويغان ئۈچ پۇتلۇق نەرسە يوق. ئادەملىرىمىز بوراندا ئېزىپ كەتكەن بولسا، تېخىمۇ ئېزىپ يۈرمىسۇن، دەپ قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئولتۇرغانىدىم.

ئىسلامباي ھېدىننىڭ يېنىغا كېلىپ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى.

— قايىم، — دېدى ھېدىن قايىمغا بۇرۇلۇپ، — سەن كىچىك بىر تېرە خالتىدا سۇ ساقلىغانمىدىڭ؟

قايىم جاۋابقا ئېغىز ئاچقۇچە، جاۋابنى باسىت بېرىۋەتتى:

— ھەرقانداق ئۇۋچى، بولۇپمۇ بىزدەك قۇملۇق ئۇۋچىلىرى ئاشۇنداق تېرە خالتا ياسىۋالىمىز. ئۇۋغا ياكى قۇملۇققا ماڭغاندا سۇ قاچىلىۋېلىپ يېنىمىزدىلا ساقلاپ يۈرۈيمىز. ئۇنىڭدىكى سۇنى پەقەت ئامال قالمىغاندا ئىچىمىز، بولمىسا، ھەرقانچە ئۇسساپ كەتسەكمۇ، ئوڭايلىقچە ئىچمەيمىز. مەن بۇ قېتىمقى سەپەردە ئۇ خالتىنى ئالمايتىمەن، ھېلىمۇ ياخشى قايىم ئېلىۋاپتىكەن. ئۇ سۇ ئىسلامباي بىلەن فېڭشىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى، — دېدى باسىت، ئەھۋالنى ئەتەيگە تەپسىلي دەپ. باسىت كېلىپ قايىمغا قولىنى ئۇزاتتى. قايىم ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ھەم نېمە قىلماقچىلىقىنى چۈشەندى، قويىنىدىن تېرە خالتىنى چىقىرىپ باسىتقا بەردى. تېرە خالتىدا يېرىم سۇ قالغانىدى. باسىت تېرە خالتىنى سۈۋېن ھېدىنغا ئاپىرىپ بەردى. سۈۋېن ھېدىن تېرە خالتىنى

ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ ، ئايلاندۇرۇپ قارىدى، خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ سۇدىن بىر يۇتۇم ئىچتى .

— ئويلىماپتىمەن ، — سۆزىن ھېدىن باستىقا ، ئاندىن قايىمغا قاراپ دېدى ، — سىلەر ھەقىقەتەن چۆل سەپىرىگە پۇختا ئىكەنسىلەر . مېنىڭ ئىككى ئادىمىمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قاپسىلەر، سىلەرگە رەھمەت .

قايىم ئىسلامبايغا قاراپ پەس ئاۋازدا :

— قارا يۇز ، نائەھلى ! — دېدى .

سۆزىن ھېدىن قايىم ، باستىلارغا رەھمەت ئېيتقاندا ، ئىسلامـ بای یەرگە كىرىپ كەتمىگەن ، ئۇنىڭ بىرىسى بولغانىدى ، قايىمـ نىڭ قەھرلىك گېپى جان ـ جېنىغا ئۆتۈپ ئۇنى يوقلا قىلىۋەتتى .

سۆزىن ھېدىن بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى ، نەدىندۇر بوغۇق ، ئەمما ئۆلۈك قۇملۇقتا ھايات بېغىشلاپ كولدۇرما ئۇنى ئاڭلاندى .

— بۇ نېمە ئاۋاز ؟ — ھېدىن ئالدىراپ سورىدى .

— كارۋان تۆگىلىرىدىكى كولدۇرمىنىڭ ئاۋازى ، — باستى جاۋاب بەردى .

«كارۋان» دېگەننى ئاڭلاپ سۆزىن ھېدىنغا جان كىردى .

— كارۋان قاياقتىن كېلىپ ، نەگە كېتىۋاتقاندۇ ؟

قايىم گەپ قىلماي قۇم دۆۋىسى ئۇستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى ، ئاندىن يېتىپ قۇلىقىنى قۇمغا يېقىپ بىرنېمىنى تىڭشىـ غاندەك قىلىپ خېلى تۇردى .

— تۆۋەن تەرەپتىن يۇقىرىغا كېتىۋاتقان كارۋان ئوخـ شايدۇ ، — دېدى قايىم قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ ، گېپىگە يەنە قوشۇپ قويدى ، — بىزدىن بەك يىراقتا ئەمەستەك قىلىدۇ ، توۋلاپ باقاي دېسەم ، مېنىڭ ئاۋازىم ئانچە چىقمايدۇ .

باستى ئەتراپتىن چېدىر تىكىشتە ئىشلىتىدىغان ئىككى غوـ لاچە ئۇزۇنلۇقتىكى ئىنچىكە تۇرۇبىدىن بىرنى تاپتى ـ دە ، كۆـ تۈرگىنىچە قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ كەتتى ، ئاندىن كولدۇرما ئاۋازى

كېلىۋاتىدۇ، دەپ پەرەز قىلغان تەرەپكە قاراپ سوزۇپ:
— هاي ـ هۇي! هاي ـ هۇي! — دەپ جېنىنىڭ بارىچە بىرنەچچە قېتىم توۋلاپ بولۇپ، تۇرۇۋېنىڭ ئۇچىغا بەلۋېغىنى چىگىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتقاچ يەنە بايىقىدەك ۋارقىرىدى. ۋارقىراشتىن توختاپ قالسىمۇ، بەلۋېغىنى قايتا ـ قايتا پۇلاڭلاتتى. ئېگىز قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ۋارقىرىغانىنىڭ، لاتا پۇلاڭلاتقانىنىڭ ئۈنۈمى بولغاندەك ئىدى، كولدۇرمىنىڭ ئاۋازى يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك بارغانسېرى ئۈنلۈك، ياڭراق ۋە ئوچۇق ئاڭلانماقتا ئىدى. ھەممىسىدە ئۈمىد تۇغۇلدى. سۈۋېن ھېدىن بۇ سەپىرىدە زور زىيان ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، كېيىنكى سەپىرى ئۈچۈن كۆڭلىدە يېڭى ئۈمىد بىلەن يېڭى چوت سوقماقتا ئىدى.

باستى تۇرۇۋېدىن بەلۋېغىنى يەشمىگەنىدى، ئۇنى كۆتۈرگىنىچە تېخىمۇ ئېگىزگە قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭ كەينىدىن قاسىم ماڭدى. سۈۋېن ھېدىن قىڭشى بىلەن ئىسلامبايغا قاراپ قويۇپ، ئۇمۇ قۇم دۆۋىسىگە ئۆرلەشكە باشلىدى.

## 8

سۈۋېن ھېدىن ئاخىر ئارزۇلاپ تەلپۈنگەن تارىم دەرياسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ تارىم دەرياسىنى ئۆركەشلەپ، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك ئاقىدۇ، دەپ قىياس قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى تارىم دەرياسى مۇڭلۇق باھار كۈيىدەك يىنىك چايقىلىپ ئاقماقتا ئىدى. قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى بولغاچقا، دەريانىڭ ئىككى قېشى ئوخشىمىغان كەڭلىكتە ئىككى غۇلاچتىن، ئۈچ ـ تۆت غۇلاچقىچە مۇز ئىدى. بۇ تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى بولسىمۇ، باش تەرىپى بولغاچقا، دەريا بەك كەڭ ئەمەس ئىدى. ئىككى قاسناقتىكى مۇز دەريا قىنىنى قىسىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. قارىيىپ ئېقىۋاتقان ئوتتۇز مېتىرچە كەڭلىكتىكى سۇ ئۈستىنى غۇۋالاشتۇرۇپ

سۇس ، شالاڭ گىرىمسەن تۇمان لەيلەپ يۈرەتتى . سىۋېن ھېدىن يېنىدىن ئايرىمايدىغان كىچىكرەك كۇندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە :

— «بۈگۈن 1896 ـ يىلى 19 ـ فېۋرال ، دەل مېنىڭ ئوتتۇز بىر ياشقا كىرگەن قۇتلۇق كۈنۈمدە ، دۇنيادىكى بىرىنچى چوڭ قۇملۇق — سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىنمۇ قورقۇنچلۇق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ مېڭىپ ئاخىر لوپ دالىسى بىلەن شاھيار يىرشىقىدىكى[1] خادادۆڭ كەنتىگە يېتىپ كەلدۇق . كەنت تارىم دەرياسىنىڭ بويىدىلا ئىكەن... قىش بولغاچقىمۇ ياكى دەريا قىنى چوڭقۇرمۇ ، سۇ قارامتۇل كۆرۈنىدىكەن ... يېنىك چايقىلىپ ئاستا ئاقىدىكەن... دەريا ئۈستىدە قىشنىڭ ئېغىر تۇمانى لەيلەپ يۈرۈيدىكەن... بۈگۈن بىر كۈن ئارام ئالىمىز ، بۇ ، ھەمـ ـراھلىرىمنىڭ تەلىپى... دەريانىڭ ئوڭ قاسنىقى بۈك ئېپتىدائىي توغراقلىق بولۇپ ، بەزى توغراقلارنىڭ ئايلانمىسىغا تۆت ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيدىكەن... سول قاسناق ئوتلاق... توغراق ۋە چاتقاللار يالىڭاچ... ئوتلاقلار قۇملۇق رەڭگىدە سارغىيىپ تۇرىسىمۇ ، دالا قۇچىقى — تەبىئەت يەنىلا جەلپكار... قۇملۇق خەتىرىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆردۈم... لوپ كۆلىگە كېمە بىلەن بارماقچىمەن . ئىككى كېمە ، ئۇستا ئىككى كېمىچى ، دەريا بويلاپ ماڭىدىغان ھەمراھلىـ ـرىمغا يول باشلاشقا بىر ئادەم ياللىسام بولغۇدەك...» دەپ ، كېيىن يازىدىغان تەپسىلىي خاتىرىسىنىڭ تېزىسىنى يېزىپ قويدى .

سىۋېن ھېدىن خاتىرە دەپتىرىنى سومكىغا سېلىپ قويۇپ ، ئەتراپقا باشقىدىن بىر خىل زوقمەنلىك بىلەن قاراشقا باشلىدى . توغراقلىق ۋە ئوتلاقنى ياز چاغدىكىدەك يېشىل ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلدى : بۇلۇتسىز كۆك ئاسمان بىلەن باغاشلاشقان چەكسىز يېشىل ئوتلاق يازنىڭ لەرزان شامىلىدا يېنىك چايقالماقتا ، خۇددى تىنچ دېڭىز چايقالغاندەك تەڭگە يوپۇرماقلىق ياپيېشىل بۈك توغراقلىق تارىم دەرياسىغا پاراللېل ھالدا يېشىل ئېقىن ھاسىل قىلغان...

---

① يىرشىق -- پاسىل ، چېگرا .

— سۇبىن ، ئالدىنقى قېتىمقى قۇملۇق سەپىرىمىزدە ئاجايىپ كۈننى كۆردۇق - ھە؟ — سۇبىن ھېدىننىڭ خىيالىنى سىنوف ئۈزۈۋەتتى .

سۇبىن ھېدىن كەڭ تەبەسسۇم قىلىپ كۆزىنى ئالماي تۇرۇپ :

— ئۇنى بىر دېمە ، لېكىن ئۇ قېتىمقى سەپەر بىزنى تاۋلىدى ھەم بىزگە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ، قۇملۇققا جىددىي قارىماسلىق بولمايدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويدى ، — دېدى .

شۇنداق ، ئالدىغا قاراش كېرەك ، بەزىدە ئارقىغىمۇ قاراپ قويۇش كېرەك . مۇشۇنداق قىلغاندا ، بىخەستەلىكتىن قىڭغىر بېسىلىپ قالغان قەدەم - ئىزلار كىشىگە ھەربىر قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن بېسىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ . بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش مېڭىنى سەگەكلەشتۈرۈپ ، كىشىنى ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىكلەردىن ، ھەتتا ئورۇنسىز چىقىم ، تالاپەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ .

سۇبىن ھېدىن ئاشۇ قېتىمقى سەپەردە باسىت بىلەن قايىمنىڭ تەكلىپ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىغا سەل قارىغانلىقتىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ ، بىر ئادىمىدىن ، ئىككى ئات ، تۆت تۆگە ، ئۈچ ئېشەك ، قىممەت باھالىق ئىككى ئىت ۋە ئېكسپېدىتسىيىدە كېرەكلىك مۇھىم ئەسۋاب - سايمانلىرىدىن ، يازمىلىق خاتىرىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى . تەلىيىگە كارۋان كېلىپ قالمىغان بولسا ، قانداق ئاقىۋەتكە قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىنمۇ قورقاتتى . ئۇلار گۇمىغا يېقىنلا بىر قۇملۇقتا تۆرەپ قېلىپ ، بىر دائىرىدىلا ئايلىنىپ يۈرگەنىدى . كارۋان بېشى سۇبىنلارنىڭ بوراندا قاڭقىپ كەتكەن بىر تۆگىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئېلىپ كەلگەنىدى .

ئۇ كارۋان قەشقەردىن تەكلىماكان قۇملۇقىنى بويلاپ ئۇدۇل خوتەنگە ماڭغانىدى . گۇما ئەتراپىدىكى قۇملۇققا كەلگەندە تېنەپ يۈرگەن چولۇكلۇك بىر تۆگىنى ئۇچرىتىپ قالدى . كارۋان بېشى ئۇنىڭ ياۋا تۆگە ئەمەسلىكىنى بىلىپ ، ئادەملىرىگە تۇتتۇرۇپ كەل-

دى . ئۇ تۆگىمۇ كارۋاندىكى تۆگىلەرنى كۆرۈپ قېچىپىمۇ يۈرمىدى ، ئۇنىڭ قاچقۇدەك ھالىمۇ يوق ئىدى . تەجرىبىلىك كارۋان بېشى ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ ، خېلى يىراقتىكى بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە بىر ئادەمنىڭ لاتا پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، يولىنى ئۆزگەرتىپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى...

سۈبھى ھېلىقى شۇ چاغدىكى تەسىراتىنى خاتىرىسىگە مۇنداق يازغانىدى :

*... « كارۋاننىڭ كېلىشى بىزگە نىجاتلىق ئېلىپ كەلدى . شۇ چاغدا بىزنىڭ يېمەكلىكىمىز تۈگىگەن ، مەن تېپىپ كەلگەن ئىككى ئۆتۈكتىكى سۇ بىلەن پەقەت يېرىم تۇلۇملا سۈيىمىز قالغانىدى... كارۋان تاسادىپىي كېلىپ قالغان بولماي ، باستىنىڭ لاتا پۇلاڭلاتقىنىنى كۆرۈپ بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا كەلگەنىكەن . ئەگەر كارۋان كەلمىگەن بولسا ، باستى ، قايىملاردىن باشقىلىرىمىز شۇ كۈنى كەچكىچىلا ياكى كېچىچىلا ئۆلۈپ بولاتتۇق . قايىمنىڭ ھېلىقىدەك كىچىك تېرە خالتىسى بار ئىكەن . بىزنىڭ يەيمەن ، ئىچىمەنلا دەپ تۇرىدىغان ئويقان گېلىمىزلا بار ئىدى . بىز ھەقىقەتەن جېنىمىز ھەلقۇمىمىزغا كېلىپ ، ئۆلۈم گىردابىدا قالغاندۇق . كارۋان بىزنىڭ نىجاتچىمىز بولدى ، سۈيىدىن قانغۇچە ئىچۈردى ، ياغلىق توقاچ ، پىششىق گۆشلىرىنى بەردى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بىزگە جان ، ھاياتلىق بەردى . بۇ نەرسىلىرى ئۈچۈن قانچىلىك پۇل دېسە بېرەتتىم ، لېكىن ، پۇل بەرسەم زادى ئالمىدى . ‹قىلغان ساۋابلىق ئىشىمغا پۇل ئالسام ، ئۇ ماڭا ھارام . ھارامنى ئالغىنىم ئۆزۈمگە ئېغىر گۇناھ ئارتتۇالغىنىم› ، دەيدۇ تېخى . بىز ھەممە ئىشتا پۇلنى ئارىلاشتۇرۇۋالىدىكەنمىز ، لېكىن ئۇلار بۇنداق ئىشتا پۇلنى نەزىرىگە ئېلىپمۇ قويمايدىكەن . نېمىدېگەن ئالىيجاناب ، ئاق كۆڭۈل ، ياخشى ئادەملەر بۇ !... »*

كارۋان سۋېن ھېدىنلارنى گۇمىغا ئەكېلىپ قويۇپ ، ئۆزلە-
رى يۇرت ئىچى بىلەن خوتەنگە يۈرۈپ كەتتى . سۋېن ھېدىن
ئېكسپېدىتسىيىدە كېرەكلىك نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالغاچقا ،
سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولماي ، ئىلاجسىز ئادەملىرى
بىلەن قەشقەرگە قايتتى . قەشقەرگە كېلىپلا بۇ يەردىكى ھىماتچىلە-
رى پېتروۋىسكىي بىلەن ماكارتنېينى يوقلىدى . سەپەردىكى ئو-
ڭۇشسىزلىقلىرىنى ، چەككەن جەبىر ـ جاپا ، رىيازەتلىرىنى تەسىر-
لىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى . ئۇ ئىككىسى سۋېن ھېدىنغا خەير-
خاھلىقىنى بىلدۈرۈپ ، كېيىنكى سەپىرى ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت
تىلىدى . ئۇلارنىڭ يەنىمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ، شۋېت-
سىيە ھۆكۈمىتىگە بۇ قېتىمقى قۇملۇق سەپىرى ئەھۋالىدىن مەلۇ-
مات يوللاش بىلەن بىرگە ، كېيىنكى ئېكسپېدىتسىيىسىدە كېرەك
بولىدىغان نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈش قىلىپ ئاتىسىغا
تېزىملىكنى ماڭدۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ مۆلچەرىچە ، ئۇ نەرسىلەر رۇ-
سىيە تەرەپ ھەرقانچە يېقىندىن ياردەمدە بولغان ھالەتتىمۇ تېز
بولغاندا بىر يېرىم ئايدا ، بولمىسا ئۈچ ئايدا ئاران كېلىپ بولالايت-
تى . شۋېتسىيىدىن خەۋەر كەلگۈچە سۋېن ھېدىن خاتىرىلىرىنى
رەتلىگەچ ئۇيغۇر تىلىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ ئۆگىنىپ تۇرماقچى
بولدى . يەنە تۇرۇپ ئىسسىق مەزگىلدە تەكلىماكان قۇملۇقىغا
كىرىپ قېلىشتىن قورقۇپ ، كۈزگىچە پامىر تېغىغا بېرىپ ئالدىن-
قى قېتىمدا تولۇق تەكشۈرۈلمەي قالغان ھەم پەقەت تەكشۈرۈلمە-
گەن جايلارنى تەكشۈرۈپ كەلمەكچى بولدى .
بەزى مۇھىم ئۇسكۈنە ـ سايمانلارنىڭ يوقلۇقى تۈپەيلىدىن ،
بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئىشى كۆپ مۇشەققەتلىك بولدى ، شۇ
سەۋەبتىن پامىر تاغلىرىدا بۇ قېتىم ئۇزاقراق تۇرۇپ قالدى . ئۇ
تاغدىن قايتىپ كەلگەندە ، نەرسە ـ كېرەكلەر شۋېتسىيىدىن ئاللى-
قاچان كېلىپ بولغانىدى . سۋېن ھېدىن ئەسلىدىكى ئادەملىرى
ئاساسىدا گۇرۇپپىنى باشقىدىن ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئون بەش كۈن جىد-
دىي تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن خوتەنگە يۈرۈپ كەتتى…

سۋېدىن ھېدىن خوتەن ئېكسپېدىتسىيىسىدە زور ئۇنۇمگە ئېرىشتى . يەرلىك كىشىلەردىنلا بەش يۈز خىلدىن كۆپ نەرسىلەرنى سېتىۋالدى . بۇ نەرسىلەر ئىچىدە لايدىن ياسالغان بۇيۇملار، مايمۇن ، قوش لوككىلىق تۆگە ، ساپال كوزا ، قاچا ـ قۇچا ، مىس بۇت ، قەدىمىي پۇللار ، ھەتتا خرىستىئانلارنىڭ كرېست ، ئالتۇن لەۋھەلىرىگىچە بار ئىدى . ئۇ بۇ نەرسىلەرنى كىشىلەر قولىدىن ئېلىۋاتقاندا ، «بۇ كىشىلەر بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىنىڭ تەۋەررۈك يادىكارلىقلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك ، ھەي… » دەپ ئويلاپ قالدى .

كىشىلەردىن ئاڭلىغان قەدىمكى شەھەر توغرىسىدىكى ئاجايىپ بىر رىۋايەت ئانچە ئۆتمەي سۋېن ھېدىننىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى . ئۇ كۆزىگە ، كۆرۈۋاتقىنىغا ئىشىنەلمەي قالدى . بۇ ، شۇ چاغقىچە ئارخېئولوگلار ئارزۇلاپ كۆز تىككەن ، ئەمما بايقىيالمىغان دەندەنئۆيلۈك[①] خارابىلىكى ئىدى . ئۇ ھاياجانلىق تەسىراتىنى مۇنداق دەپ يازدى :

*«بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئەزەلدىن بىرەر تەتقىقاتچىنىڭ يۈزەكى تەسەۋۋۇرىمۇ بولمىغان . مەن بۇ يەردە خۇددى ئالۋاستى ئورمانلىقىدىكى شاھزادىدەك تۇرۇپ ، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئۇيقۇدا ياتقان قەدىمىي شەھەرگە يېڭى ھايات بەخش ئەتتىم… »*

خوتەن دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قارادۆڭ خارابىلىكىنى بايقىغانلىقى ، ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى خوتەن ئېكسپېدىتسىيىسىدىكى يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ قالدى . سۋېن ھېدىن بۇ خارابىلىكتىنمۇ تارىخىي ۋە تەتقىقات قىممىتى زور بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋالدى . شۇنداقلا دەندەنئۆيلۈك خارابىلىكىگە ئوخشاش قارادۆڭ خارابىلىكىنىڭمۇ تەپسىلىي خەرىتىسىنى

---

① دەندەنئۆيلۈك — ئۇيغۇرچە مەنىسى «پىل چىشى ئۆيى» .

سىزىۋالدى . ئۇ بۇ ئىككى يادىكارلىقتىن تاپقان مەدەنىيەت يادىكار-لىقلىرىنى ، بولۇپمۇ بەزى قىممەتلىك ، نازۇك بۇيۇملارنى پاختا ، يۇڭلاردا يۆگەپ ساندۇقلارغا ئاۋايلاپ قاچىلاتقۇزۇۋاتقاندا ، سىنوف ئۇنىڭدىن :

— بۇ نەرسىلەرنىڭ قانچىلىك قىممىتى بار ؟ — دەپ سورىغاندا ، سىۋېن ھېدىن :

— قىممىتى بار ، قىممىتى بار ، — دەپ جاۋاب بېرىپلا بولدى قىلغانىدى .

«... قانچىلىك قىممىتى بارلىقىنى ئۇنىڭ ئىگىسى بولغانلار بىلمەيۋاتقان يەردە ، سەن نېمە بىلىسەن . ئۇلارغا ، ساڭا ئەسكى - تۈسكى كۆرۈنۈۋاتقان بۇ نەرسىلەر ، ماڭا ئالامەت زور شان - شۆھرەت ، ۋەتىنىمگە ئەللەر ئارا يۈز - ئابرۇي ، پەخىر ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ ئويلايتتى سىۋېن ھېدىن شۇ ۋاقىتتا .

كىرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ياۋا تۆگىلەرنى ئاتقان چاغدىكى مەنزىرە ھازىرمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا . ئۇلار دەريا بويلاپ كېتىۋاتاتتى .

— تۆگە ! بىر توپ تۆگە ! — ئىسلامباي بىر تەرەپنى كۆرسە-تىپ تۇرۇپ تۈۋلىۋەتتى ، — ئەنە بىر توپ تۆگە ! — ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجانلىق ئىدى .

ھەممىسى شۇ تەرەپكە قارىدى . يىراقتا توققۇز تۆگە بىر بۇغرا تۆگىنىڭ باشلىشىدا قاتارلىشىپ كېتىۋاتاتتى . سىۋېن ھېدىن ئون بەش ياش چېغىدا «فىگا» ماركىلىق پاراخوتنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خاتىرە كۈنىگە تەكلىپ قىلىنغان پرژېۋالىسكىينىڭ ئاغزىدىن تەك-لىماكاندىكى لوپ كۆلى ئەتراپىدا «تۆگە» دەپ ئاتىلىدىغان مۆشۈن-داق بىر جانىۋارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان ۋە «كەلگۈ-سىدە مەنمۇ ئېكسپېدىتسىيىچى بولۇپ تەكلىماكانغا بېرىپ تۆگىدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ ، ستوكھولم خەلقىگە ئۇنىڭ ئەۋرىشكىسىنى كۆر-سىتىمەن» دەپ كۆڭلىگە پۈككەنىدى . ئەمما ، ئۇ كىرىيە دەرياسى بويىدا تۆگە بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . بۇ ئۇنىڭ

خوتەن رايونىدا دەندەنئۆيلۈك ، قارادۆڭ خارابىلىكىنى بايقىغاندىن كېيىنكى ئۈچىنچى چوڭ بايقىشى ئىدى . سىۋېن ھېدىن ھاياجىنىنى باسالماي قىلىۋاتاتتى .

— قانداق قىلىمىز ، ئاتايلىمۇ ؟ — ئىسلامباي سورىدى .

تۆگىلەر يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى . «بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساق ، يەنە تۆگە ئۇچرىتالايمىزمۇ ـ يوق ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ» . سىۋېن ھېدىن شۇنداق ئويلىدى ـ دە ، بۇيرۇق تەرىقىسىدە جاۋاب بەردى :

— ئېتىڭلار !

ئۇنىڭ بۇ بىر ئېغىز ئىجازىتى تۆگىلەرگە ئۆلۈم ئاپىتى ئېلىپ كەلدى .

سىنوف ، ئىسلامباي ، يەنە بىر كازاك مۇھاپىزەتچى — ئۇچى تۆگە ئوۋلاشقا ئالدىرىشىپ ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يامرىلىنى بويلاپ چېپىپ كېتىشتى . ئۇلار قۇم دۆۋىسىنى دالدا قىلىپ مىڭىپ تۆگىلەرگە يېقىنلاشماقچى بولدى .

— بىزمۇ بېرىپ باقايلى ، — دېدى سىۋېن ھېدىن تېقىمى ئاستىدىن مىلتىقىنى ئېلىۋېتىپ قىڭشىغا ،ئۇمۇ تۆگە ئوۋلاپ بېقىشقا قىزىقىپ قالغانىدى .

ئۇلار قۇم دۆۋىسىنىڭ قويرۇقىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا ، تۆگىلەرمۇ بىر خىلدا ئاستا مېڭىپ «ئوۋچى»لارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالدى . «ئوۋچى»لار بىلەن تۆگىلەرنىڭ ئارىلىقى كۆپ بولسا بىر يۈز ئەللىك مېتىر كېلەتتى . «ئوۋچى»لار ئاتلىرىنى پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ پۇتلىرىنى چىڭ چۈشەپ بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويۇپ ، ئۆرىدەپ بايىقى ئورنىغا كېلىپ يېتىشىپ ، تۆگىلەرنى قارىغا ئېلىشتى . بىرىنچى ئوقنى سىنوف ئاتماقچى بولدى .

«پاڭ !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بۇغرا تۆگە سەنتۈرۈلۈپ ـ سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدىلا يىقىلدى . ئوق ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەگكەنىدى . تۆگىلەر ھېچقاچان بۇنداق ۋەھىملىك ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا ، ئۇنىڭ نېمە ئاۋازلىقىنى ، قايسى تەرەپتىن

كەلگەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي ، قومدا سوئايلىنىپ ياتقان باشلامچى بوغرىغا قارىغىنىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى . «پاڭ ! پاڭ !» بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق بىلەن كەينى - كەينىدىن ئىككى تۆگە يىقىلدى . تۆگىلەر پەقەت مۇشۇ چاغدىلا بۇ ئاپەتلىك ئاۋازنىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرغاندەك بولدى - دە ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراشتى . «پاڭ !» يەنە بىر پاي ئوق ئېتىلىپ ، تۆتىنچى تۆگە يىقىلدى . قىزىپ كەتكەن ئىسلامباي : «تۆگىلەر قېچىپ كەتكۈچە ئېتىۋالاي» دەپ ئوق ئۈزگەنىدى .

— ئەۋرىشكىگە بىر تۆگە بولسا بولار ، قالغىنىنى ئېلىپ كېتەلمەسمىز ! — دېدى فېڭشى .

تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭ تەئەددى قىلىۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى . سۈڭبىن ھېدىنىمۇ مىلتىقىدىن ئوق ئۈزۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغاندى ، فېڭشىنىڭ تەنە - ئېتىرازىدىن ھوشىنى تاپقاندەك بولدى . كەينى - كەينىدىن يىقىلىپ تىركاڭلاپ ياتقان تۆگىلەرگە قاراپ ئۇمۇ چىدىيالماي قالدى . ئۇ قاتتىق ۋارقىرىدى :

— بولدى قىلىڭلار ! ئاتماڭلار !

ئادەم ئاۋازىنى ئاڭلىغان تۆگىلەر يەردە ياتقان ھەمراھلىرىنى تاشلاپ لوڭۇلداپ يۈگۈرۈشۈپ پەس بىر قوم دۆۋىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى . سىنوف ئىسلامبايدىن بىر تۆگە كەم ئېتىپ قالغىنىغا ئەپسۇسلىنىپ ، بىرپەس تۆگىلەر كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ، ئاندىن كۆزىنى سۈڭبىن ھېدىنغا يۆتكەپ ، خۇددى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ھەيرانلىقتا قاراپ قالدى...

سۈڭبىن ھېدىن ئۆزى كۆزلىگىنىدىنمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ قەشقەرگە قايتتى . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تۇرلۇك ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلار ئەۋرىشكىلىرىنى ساندۇقلارغا باشقىدىن تۇجۇپىلەپ قاچىلاتقۇزۇپ شۋېتسىيىگە ماڭدۇرۇۋەتتى . ئون كۈن تەييارلىق قىلىۋېلىپ ، ئاقسۇ - شايارغا بېرىپ ، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى تەكشۈرۈپ ، دەريادا كېمىلىك ئۈزۈپ

لوپ كۆلگە بېرىشنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى...

مانا، سۇۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسى خادادۆك كەنتىگە كەلگىلى ئۈچ كۈن بولدى. سۇۋېن ھېدىن بىر كۈن ئارام ئېلىۋېلىپلا مېڭىپ كەتمەكچى بولغانىدى. دەريادىكى مۇزنىڭ تېخى ئەمدىلا ئېرىشكە باشلاۋاتقانلىقى، بەزى جايلاردىكى سۇ يۈزىنىڭ ئىنتايىن تارلىقى ئۈزۈن چاپما كېمە بىلەن ئۈزۈپ مېڭىشقا مۇمكىنچىلىك بەرمىدى. يەرلىك كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كەڭرەك، قىسقا كېمىدىن ئىككىنى ياساتماقچى بولدى.

سۇۋېن ھېدىن كېمىچى ئۇستىلارنىڭ ھۈنەرگە ماھىر، چېۋەر قوللىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. كېمە ھەم سۈپەتلىك، ھەم پۇختا ياسالغانىدى. سۇۋېن ھېدىن تېزرەك لوپ كۆلىنى كۆرۈش تەقەززالىقى بىلەن خادادۆڭلۈك ئىككى كېمىچىنىڭ يول باشلىشىدا ئۆزى سىنوف بىلەن ئىككى كېمىدە، ئىسلامباي، فېگشى ۋە يەنە ئىككى كازاك مۇھاپىزەتچى ئەسكەر يەنە بىر كىشىنىڭ يول باشلىشىدا دەريا بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار مۇشۇ ماڭغىنىچە چارىغا يېقىن يېڭىكۆل دېگەن يەردە ئۇچراشماق بولدى. سۇۋېن ھېدىننىڭ ئالدىدا بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن لوپ كۆلگە تۇنجى قېتىم قەدەم باسقان ياۋروپالىق پرژېۋالىسكىي سىزغان خەرىتە يېپىقلىق ئىدى.

## 9

چۈشتىن قايرىلغان چاغ. ھاۋا ئوچۇق، شامالسىز بولسىمۇ، سوغۇق زەھەردەك ئاچچىق ئىدى. دەريانىڭ كەڭ بىر قولتۇقىدىكى مۇز ئۈستىدە بىرى ياشانغان، يەنە بىرى ياش ئىككى ئادەم ئىككى يەردە مۇزدىن سۇلاق ئېچىپ سانجىغاق بىلەن بېلىق تۇتماقتا. ھەر ئىككىلىسى بېشىغا تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن چاپۇش[1]، پۇتىغا قونچلۇق يۇڭ پايپاق ئۈستىدىن شىۋان[2] ۋە يۇڭ ئىشتان كىيگەن

① چاپۇش — ئالدى سىدام. ئىككى يېنى ھەم ئارقىسىدا يارىقۇچى بار قۇلاقچا.
② شىۋان — پاشنىسىز يۇمشاق ئۆتۈك.

بولۇپ، پەقەت چاپىنىلا ئوخشىمايتتى. ياشتا چوڭى ئۇچۇك[1]، ياشراقى چەچەكەن كىيىۋالغانىدى.

— ئاتا، ئاۋۇلار كىملەردۇ؟ — دېدى ياشراقى دەريانىڭ باش تەرىپىنى ئىمالاپ.

— ۋوي، كىملەردۇ بۇلار، مۇزلۇق دەريادا كېمە تاياپ يۈرگەن؟ كېمىسىمۇ قىسقا كېمىدەك قىلىدۇ.

بۇلار ئاتا - بالا - ئوماق بىلەن ئۆردەك بولۇپ، تولەمخان بىرنەچچە كۈندىن بۇيان بىتابلىقتا ياتقاچقا، يېڭى بېلىق پىشۇرۇپ يەپ، شورپىسىنى ئىچىپ بەرسە ياخشى بولۇپ قالارمىكىن دەپ، بۈگۈن سەھەردە ئاتا - بالا ئىككىسى بۇ تەرەپكە بېلىق تۇتقىلى كەلگەنىدى. ئۆردەك بىلەن دۆلەتخاننىڭ تويى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ئەزىمباقىنىڭ پۈتىنى يولۋاس چاينىۋېتىپ، قانسىراپ، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، تولەمخانلارنىڭ ھالىدىن ئوماقلار خەۋەر ئېلىپ كەلدى. دەريانىڭ بۇ قولتۇق ئەتراپى ئەزىمباقى دائىم بېلىق تۇتىدىغان جاي ئىدى.

ئوماق، ئۆردەك كېمىلىك كېلىۋاتقانلارغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

كېمىلىكلەرمۇ يېقىنلاپ قالدى. ئالدىدا كېتىۋاتقان كېمە كېمىچىنىڭ بىخەستەلىكىدىن جەينەكتەك چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان مۇزغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى. كېمىچى ئوماق بىلەن ئۆردەككە قاراپ قالغانىدى.

— ئالدىڭغا قارا، مۇز! — دەپ ۋارقىرىدى ئوماق.

ئوماقنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن كېمىچى دەرھال دىققىتىنى يىغىپ، شۇرۇقنى مۇزغا تىرەپ، كېمىنى سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكېلىۋالدى. خەتەر ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى كېمە ئوماقلارغا يېقىنلاپ كەلدى. ئىككى كېمىدە بىردىن تۇرغان كۆك كۆز ئىككى ئەجنەبىينى كۆرۈپ، ئوماق، ئۆردەك ئوخشاشلا ھەيران قالدى. ئۇلار كېمىچىلەرنى تونۇمىدى.

---

① ئۇچۇك — تاشلىق جۇۋا؛ يىلاننىڭ پوستى.

— نەدىن كەلدىڭلار؟ — ئوماق كېمىچىلەردىن سورىدى.
— خادادۆڭدىن.
— خادادۆڭدىن؟! قاچان چىققان؟
— بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى.
— ھۆلۈنۈپلاپ قاپسىلەر، ئارام ئېلىۋېلىپ ماڭامسىلەر؟

كېمىچىلەر شۇرۇقنى دەريا تېگىگە تىرەپ كېمىلىرىنى توختاتتى. ئوماق بىلەن ئۆردەك مۇز گىرۋىكىگە يېقىن كەلدى.

— دېمىسەڭلىمۇ ھېرىپ جۇلۇقىمىز چىقتى. بۇلار كېمە تايىشىنى بىلمەيدىكەن، مۇز ئارىلاپ كېمە تاياش بەك تەس ئىكەن، — بايا گەپ قىلغان كېمىچى جاۋاب بەرگەچ كېمىنىڭ ئارغامچىسىنى ئوماقنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

ئوماق بىر كېمىنىڭ، ئۆردەك يەنە بىر كېمىنىڭ ئارغامچىسىنى چىڭ تارتىپ، كېمىنى مۇزغا تاقاپ تۇتۇپ تۇردى. كېمىدىكىلەر مۇزغا چىقتى. قىرغاقتىن يوغان بىر داغا كۆتەكنى ئىتتىرىپ ئەكېلىشىپ، ئىككى كېمىنىڭ ئارغامچىسىنى كۆتەككە باغلاپ قويدى.

— بۇلار نىمە ئادەملەر؟ — ئوماق ئۇلارنى قىرغاققا باشلاپ كېتىۋېتىپ كېمىچىلەردىن سورىدى.

— بىز لوپ كۆلىنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا كەلدۇق، — دېدى ئالدىدىكى كېمىدىن چۈشكەن ئەجنەبىي، خادادۆڭلۈك كېمىچى جاۋابقا ئېغىز ئاچقۇچە، — مېنىڭ ئىسمىم سۋېن ھېدىن، بۇنىڭ، — سىنوفنى كۆرسەتتى، — ئىسمى سىنوف، مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق.

ئوماقمۇ، ئۆردەكمۇ سۋېن ھېدىننىڭ ئۇيغۇرچىنى ئېنىق، راۋان سۆزلىگىنىگە ھەيران قالدى.

— يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا پرژېۋالىسكىي دەيدىغان بىرى لوپ كۆلى بىلەن تارىم، كۆنچى دەرياسىنى تەكشۈرۈپ كەتكەنىدىغۇ، — دېدى ئوماق، ئاندىن ئېچىدە: «ئۇمۇ تەكشۈرسە، بۇلارمۇ تەكشۈرىمىز دېسە، لوپ كۆلىدە بىر نەرسە بار ئوخشىمامدۇ،

بۇلارنىڭ كەينى ـ كەينىدىن كېلىشىدە بىر گەپ بار» دەپ ئويلاپ قالدى .

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز ؟ — باش كېمىچى بېلىق كاۋىپى يەپ ئولتۇرۇپ ئوماقتىن سورىدى .

— ئىسمىم ئوماق ، بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئۆردەك .

— نېمە؟ ئوماق ! ئۆردەك ! ؟

— ھە ، نېمە بولدى ؟ — ئوماق ئەجەبلىنىپ سورىدى .

گەپ قىلغان ھېلىقى كېمىچى ئوماققا تازا بىر قارىۋېتىپ :

— سانجىغاق بىلەن يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئوماق شۇ سىزمۇ ؟[1] بۇ ئوغلىڭىز ئاددىي پىچاق بىلەن چوڭ بىر ئەركەك يولۋاسنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئۆردەك شۇمۇ ؟ بىز سىلەرنى ئاتا ـ بالا ئىكەن ، دەپ ئاڭلىغاندۇق .

ئوماق يا ياق ياكى شۇ بىز ، دېمەي مىيىقىدا كۈلۈپلا قويدى . «يولۋاس ئۆلتۈرگەن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ سىۋېن ھېدىن ئوماق بىلەن ئۆردەككە ھەم ھەيران قالغان ، ھەم قورقۇنچ ئارىلاش بىر ھالەتتە قاراپ كېتىپ :

— سىلەر لوپ كۆلىگە بېرىپ باققانمۇ ؟ — دەپ ئوماقتىن سورىدى .

ئوماق بىر دەقىقە ئويلانغاندەك تۇرۇۋېلىپ :

— ياق ، بىز لوپ كۆلىگە بېرىپ باقمىغان ، — دېدى .

كېمىچى ۋە سىۋېن ھېدىنلار ئارام ئالغاچ قورسىقىنى بېلىق بىلەن ئاز ـ تولا ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن ، يەنە كېمىلىرىگە چۈشۈپ يېڭىكۆلنى كۆزلەپ يۈرۈپ كەتتى...

خودانگىرۇ ، پاكار كوسا ئەمەلدار چارنىڭ ئاقساقىلى ئالىباي- نىڭ ئۆيىدىكى مېھماندارچىلىقنى تۈگىتىپ ، كۆنچى كەنتى تەرەپ- كە قايتىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا ، ئۆيگە سىۋېن ھېدىن ، فېڭشى ، سىنوفلار كىرىپ كەلدى . ئۆيدىكىلەر ئىككى ئەجنەبىيگە ئەجەبلى-

---

[1] شاشقاق بىلەن يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئوماق ئەمەس ، ئۇنىڭ ئاتىسى تۇراق . ئىككىسىنى كېمىچى ئالماشتۇرۇپ قويغان .

نىپ قاراپ قالدى .

سۈپىن ھېدىن تونۇگۇن كەچكە يېقىن يېڭىكۆلگە كېلىپ سو-راشتۇرۇپ ، كورلىدىكى شۆبە نازارەت مەھكىمىسىدىن كەلگەن ئىككى ئەمەلدارنىڭ بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا تىكەنلىك تەرەپكە كەت-كەنلىكىنى ئاڭلىغان ، ئەمما بۇلار بىلەن بۇنچە تېز ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئويلىمىغانىدى . «بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى ، ياردى-مىنى قولغا كەلتۈرسەك ، يول باشلىغۇچىنى مۇشۇلار تېپىپ بې-رەر» دەپ ئويلىدى يەنە سۈپىن ھېدىن . ئۇ يېنىدىن قەشقەر ئامبىلى يېزىپ بەرگەن خەتنى چىقىرىپ خودانگىرۇغا بەردى . خودانگىرۇ خەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ بولۇپ :

— بۇ ، قارا شەھەر باش نازارەتچى ئامبىلىغا ۋە ئۇنىڭ كورلى-دىكى شۆبە نازارەتچى بېگىگە قاراشلىق يەر . سىلەر ئاۋۋال باش نازارەتچى ئامبالنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ كېلىشىڭلار كېرەك ئى-دى . شۇنداق قىلىڭلار ، بىز بىلەن مېڭىڭلار ، — دېدى . ئۇنىڭ ئەلپازى بەكلا سۈرلۈك ئىدى .

فېڭشى خودانگىرۇ بىلەن پاكار كوسا ئەمەلدارنىڭ يېنىغا كېلىپ ، پەس ئاۋازدا :

— خەتنى يازغان قول قەشقەر ئامبىلىنىڭ بولغان بىلەن ، خەتنى يازدۇرغان رۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى پېترووۋىس-كىي ، — دېدى .

«قەشقەرنىڭ يېڭى چاغاتاي خانى» دەپ ئاتىلىدىغان پېترووۋىس-كىينىڭ كىملىكى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن جەنۇ-بىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان زو زۇڭتاڭ - ليۇ جىنتاڭ قوشۇنى-دىكى يۇقىرى - تۆۋەن ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان . ھالقى-لىق پەيتلەردە قوشۇنغا سەپلەپ بېرىلگەن قورال - ياراغ ، ئوق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك تەمىناتلىرىنىڭ ئاشۇ پېترووۋىسكىينىڭ قولى-دىن ئۆتۈپ كەلگەنلىكىنى ئۇلار ئېنىق بىلىدۇ . ئېخى بۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيىدىن ئېلىنىدىغان تۈرلۈك ياردەملەرنىڭ ھەممىسى يەنە ئاشۇ پېترووۋىسكىينىڭ دېگىنى بويىچە بولىدۇ ھەم شۇنىڭ

قولىدىن ئۆتىدۇ ، بۇمۇ بۇلارغا ئايان .
بۇلۇتلۇق ئاسمان ۋىللىدە ئېچىلىپ كەتكەندەك ، خودانگىرۇ-
نىڭ چىرايىدىكى بايىقى سۆرۈنلۈك يۈز تېرىسىگە سىڭىپ كەتكەن-
دەك غايىب بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھىجىيىش ئىگىلىدى .
— ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ ، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ ، قەشقەر ئامبى-
لى نېمە ، بىزنىڭ ئامبال نېمە ، ھەممىسى ئوخشاش چىن ھۆكۈمى-
تىنىڭ ئامبىلى . لوپ كۆلىنى تەكشۈرسەڭلارمۇ ، باشقا يەرنى
تەكشۈرسەڭلارمۇ ، بىز سىلەرگە ياردەم بېرىمىز . ئاخشام كورلى-
دىن چاپار كەلدى ، بىز دەرھال قايتىمىز ساق بولمىغۇدەك ، سىلەر-
گە نېمە لازىم بولسا ، ئاقساقالىغا دەڭلار ، — خودانگىرۇ ئالىباي
ئاقساقالغا قارىدى ، — بۇلارغا نېمە لازىم بولسا ۋاقتىدا
ھەل قىلىپ بېرىڭلار ، — ئۇ يەنە فېڭشىغا قاراپ ، — بۇلارغا
دەپ قوي ، بىز ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇق ، — دېدى - دە ،
ھەمراھىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى...
سىۋېن ھېدىنىنىڭ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىسىگە رۇسىيى-
نىڭ تاشكەنتتىكى گوبېرناتورى مۇلازىم ۋە مۇھاپىزەتچىلىككە ئون
ئىككى ئەسكەر بەرگەنىدى . سىۋېن ھېدىن ئۆز ساۋىقى بويىچە
ئېكسپېدىتسىيىدە ئادەم قانچە كۆپ بولسا شۇنچە كېلەڭسىزلىشىپ
ئاۋارىچىلىكى كۆپ بولىدىكەن دەپ ، ئەسكەردىن ئۈچىنىلا ئېلىپ ،
قالغىنىنى قەشقەردە پېتوروۋىسكىيغا قالدۇرۇپ قويۇپ ، يەتتە كى-
شىلىك گۇرۇپپا ئۇيۇشتۇرغانىدى . ئۇنىڭ بۇ قېتىم قىلىدىغان
مۇھىم ئىشى لوپ كۆلىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى ، كۆلنىڭ
تۇزسىز ياكى تۇزلۇق كۆللۈكىنى ئېنىقلاپ ، ئۇستازى رىچخوفىن
بىلەن پرژىۋالىسكىي ئوتتۇرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىدە ، ئۇستازى-
نىڭ كۆزقارىشىنى دەلىللەش ئىدى . شۇڭا بۇ قېتىم ئۇنىڭغا لوپ
كۆلىگە بارغان ، قۇملۇق يولىنىمۇ ئوبدان بىلىدىغان يول باشلىغۇ-
چى لازىم ئىدى . ھازىر دەريادا شۇرمەل ئاقىدىغان مەزگىل بولغاچ-
قا ، ئابدالغا قۇرۇقلۇق يولى بىلەنلا بارغىلى بولاتتى . ئالىباي
ئاقساقالنىڭ : «مۇز ئېرىپ بولغۇچە بىر ھەپتە تۇرۇۋېلىپ ماڭىد-

نىڭلار ياخشى» دېگەن مەسلىھەتنى بىلەن، سۋېن ھېدىنلار يېڭى-
كۆلدە بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدى. سۋېن ھېدىن بۇ بىر ھەپتىنى
بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەي تىكەنلىكتىن كۆنچى كەنتىگىچە بولغان دائى-
رىنى تارىم، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئىككى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان ھالدا تەكشۈرۈپ خەرىتىگە ئالدى. ئالىباي ئاقساقال ئۇنىڭغا
ئۇماقنى يول باشلىغۇچىلىققا بەلگىلەپ بەردى.

— ئۇ لوپ كۆلىگە بارماپتىكەنغۇ، كېمە تاياشنى بىلەم-
دۇ؟ — سۋېن ھېدىن ئالىباي ئاقساقالدىن سورىدى.

— ئۇماق لوپ كۆلىگە بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم بارغان.
ئۇنىڭ كېمە تايىشىنى ئالساق، لوپ تەۋەسىدە كېمە تاياشتا ئاتا-
بالا بۇ ئىككى يولۋاسچىلىغا يېتىدىغىنى يوق. كېمە تاياشتا ئاتىسىدىن
ئوغلى ئۆردەك يامان تېخى. ئەمما ئۇنىڭ خوتۇنى سەكرەش ئالدىدا
تۇرغاچقا، يول باشلاشقا ئۇماقنى بەلگىلىدىم، — دېدى ئالىباي
ئاقساقال.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۆردەكنىڭ ئالتە ياشلىق قىزى ئۆلۈپ
كېتىپ كۆڭلى بەك يېرىم بولغانىدى، ئۇنىڭ يېرىم كۆڭلىنى
تولدۇرۇپ خوتۇنى يەنە قورساق كۆتۈردى، بۇنىڭدىن ئۆردەك قە-
ۋەت خۇش بولدى. تۆت ئاينىڭ ئالدىدا تۇغۇت ئىشىغا تەجرىبىلىك
بىر قۇتقا دۆلەتخاننى ئوغۇل تۇغىدىكەن دېۋىدى، ئۆردەكنىڭ بېشى
كۆككە يەتكەندەك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆيدىن نېرى
كەتمەيدىغان بولغانىدى. «ھەي، — دەپ ئويلىدى سۋېن ھېدىن
ئىچىدە، — ماڭا يول باشلىغۇچىلىققا مۇشۇنداق يولۋاس يۈرەك
ئادەملەر كېرەك. مەن تەكلىماكاندا بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم
تەكشۈرۈشتە بولىمەن. كېيىن ئۆردەكنى چوقۇم ئۆزۈمگە يول
باشلىغۇچى قىلىۋالىمەن...»

سۋېن ھېدىن ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇماقنىڭ خادادۆڭلۈك
كېمىچىلەر بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكىدەك ئىچىلىپ كەتمەيۋاتقىنى-
غا ئەجەبلىنىپ قالدى. ئۇ سۋېن ھېدىننىڭ سوئاللىرىغا بىر
ئېغىز، قىسقىلا جاۋاب بېرەتتى، قىزغىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ

لوپ كۆلىگە نەچچە قېتىم بېرىپمۇ، بېرىپ باقمىدىم، دېگىنىدىن ھېدىن ئەجەبلىنىپ، ئويلىنىپ باقتى، ئويلىنا ـ ئويلىنا: «ھە، ئۇ بىزدەك ئەجنەبىيلەرنىڭ لوپ كۆلىنى نېمىشقا تەكشۈرەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەي، گۇمان بىلەن قارىسا كېرەك»، دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇ يەنە ئىچىدە: «ئۇنىڭ بۇنداق شۈبھىلىك قارىشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولساممۇ شۇنداق قاراشتا بولغان بولاتتىم» دېدى ئۆزىگە.

ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن قايرىلىشىغا سۋېن ھېدىنلار كونا ئابدالغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار مەھەللىگە يېقىن كەلگەندە ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال بىر توپ كىشى قومۇش ساتمىلىرىدىن چىقىشىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. كىشىلەر ئارىسىدا كۈنچىققانبەگمۇ بار ئىدى.

— كۈنچىققانبەگ! — ئۇماق نېرىدىنلا ئېتىدىن چۈشۈپ ئىتتىك ماڭدى.

«كۈنچىققانبەگ مۇشۇ كىشىكەن ـ دە» سۋېن ھېدىن دەرھال شۇنى ئويلىدى. پرژېۋالىسكىينىڭ تەسۋىرىدىكى كۈنچىققانبەگ بەردەس، ساغلام، سېمىز ئادەم ئىدى، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى چاچ ـ ساقىلى ئۇچتەك ئاقىرىپ كەتكەن، جۇدەڭگۈ، ئالدىغا سەل مۈكچىيىپ، ئىككى قولى بىلەن ھاسىغا تايىنىپ تۇرغان بىر بوۋاي ئىدى. ئۆزىگە يار ـ يۆلەكتە بولغان، يۇرت خەلقىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقىدىغان، قومۇش ساتما «ئوردا»لىق بۇ بەگنى پرژېۋالىسكىي قەلىمىدىن مەدھىيە ۋە قىزغىنلىق تەپچىتىپ تۇرۇپ تەرىپلىگەنىدى. سۋېن ھېدىنمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ بوۋاينىڭ ئالدىغا ماڭدى...

ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا قارا قوشۇن كۆلىنىڭ سۈيى ئادەتتىكىدىن بەكرەك ئۆرلەپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن يېڭى يۇرتچاپقاننىڭ يەرلىرى ئېغىر زەيلىشىپ كەتتى. قۇم ئۈستىگىلا قوپۇرۇلغان تاملارمۇ زەيلەپ، بەزى تاملار ئورنىغىلا ماكچىيىپ ئولتۇرۇپ قېلىشقا باشلىدى. ئۆي ئاستىدا قالغانلارمۇ بولدى. كىشىلەر قورقۇپ

بىر ـ بىرلەپ ئەسلىدىكى جايلىرىغا كۆچۈپ كەتتى . كونا ئابدالدىن بارغانلاردىن بەزىلەر : «ئۇ يەرمۇ زەيلىشىپ كېتىدۇ» دېيىشىپ ، كۆڭلى تارتقان جايلارغا كېتىشتى . كۇنچىققانبەگكە ئەگىشىپ ئون سەككىز ئائىلىلىك كىشىلا ئابدالغا قايتىپ كەلدى . هازىر كونا ئابدالدا پەقەت يىگىرمە بىر ئائىلىلىك ئادەم بار . سۇۋېن هېدىن ئابداللىقلارغا ئاتاپ سوۋغىلارنى يېتەرلىك ئېلىۋالغانىدى . ئەرلەرگە بىردىن قەلەمتىراچ ، ئاياللارغا بىردىن كىچىك ئەينەك ، بىردىن تارغاق ، بالىلارغا بىردىن هەر خىل ئويۇنچۇق تارقىتىپ بەردى . كۇنچىققانبەگكە دالىدا تۇغۇلۇپ ، دالىدا چوڭ بولغان ، دالىنى كۆرۈپ تۇرسا كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدۇ دەپ ، ئۇنىڭغا ئىككى غىرىچچە ئۇزۇنلۇقتىكى بىر كۆزلۈك دۇربۇندىن بىرنى سوۋغا قىلدى . سۇۋېن هېدىن كۆلگە كىرىش تەييارلىقىغا چۈشكەن پۇرسەتتە ، ئوماق تۇلەك بوۋىنىڭ ماقاتىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولدى .

بىر كۈنى سۇۋېن هېدىن ئابدالدىكى چوڭ ياشلىق كىشىلەر بىلەن سۆهبەت ئېلىپ باردى . سۆهبەتتە ئۆز ۋاقتىدا پىرژىۋالىسكىينى كۆلگە باشلاپ بارغان ئۈچ كىشىدىن تالقىن ، هەبتايلارمۇ بار ئىدى ، ئايدىن كېيىنكى يىلىلا باشقا جايغا كۆچۈپ كەتكەنىدى .

— ئۇنىڭ ئەلپازى بىزگە باشقىچە كۆرۈندى ، نىيىتىمۇ دۇرۇس ئەمەستەك قىلدى ، چوڭكۆلگە[1] دۇرۇس نىيەتتە كىرمىگەن كىشىنىڭ كېمىسىنى سۇ ئادەملىرى[2] ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئادەملەرنى كۆل تېگىگە ئەكىرىپ كېتىدۇ . شۇڭا بىز قورقۇپ ، ئۇنىڭغا قارا قوشۇن كۆلىنى چوڭكۆل ، دېدۇق . ئۇ چوڭكۆلنى كۆرۈپمۇ باقمىدى ، — دېيىشتى تالقىن بىلەن هەبتايلار .

ئىش ئايدىڭلاشتى . رىچخوفىننىڭ : «مېنىڭچە ، پىرژىۋالىسكىينىڭ تەكشۈرگىنى لوپ كۆلى ئەمەس ، قارا قوشۇن كۆلى ، لوپ كۆلى تۇزلۇق كۆل» دېگەن هۆكمىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى .

---

① چوڭكۆل - لوپ كۆلى .

② ئابداللىقلار ئارىسىدا : «لوپ كۆلىدە ‹سۇ ئادىمى› بار . كۆلگە كىرگۈچىلەرنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولمىسا ، ئۇلارنىڭ كېمىسىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئۆزلىرىنى كۆل تېگىگە ئەكىرىپ كېتىدۇ . كېچىسى كۆلدىن ئاڭلىنىدىغان هەر خىل ئاۋازلار سۇ ئادەملىرىنىڭ ئاۋازى» دەيدىغان گەپلەر بار .

سۆۋېن ھېدىن بىر ھەپتە پۇختا تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كې-
يىن ، لوپ كۆلىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش-
تىن ئىلگىرى لوپ كۆلى ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك كۆللەرنى
تەكشۈرۈپ چىقماقچى بولۇپ ، ئوماق ، تالقىن ، ھەبىتايىلارنىڭ يول
باشلىشىدا بەش كېمىدە يۈرۈپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب

# بۈيۈك بايقاشلار

*كىروران ، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دىل-*
*تا بويىچە ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسانلار پائالى-*
*يىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە مەركىزى بولۇشقا تېگىش-*
*لىك .*

— خۇشەن (تەتقىقاتچى ، ئارخېئولوگ )

## 1

ئۈچ - تۆت كۈندىن بۇيان ئابدال ئاسمىنىنى شالاڭ ، سۇس قوڭۇر بۇلۇتلار ئەگىپ قالغانىدى . يامغۇر ئىنتايىن ئاز ياغىدىغان بۇ قۇرغاق ۋادىدا ، ئادەتتە بۇنداق ئەھۋال ئاز كۆرۈلەتتى . تۇنۇگۈن-دىن باشلاپ بۇلۇتلار قويۇقلىشىپ رەڭگىمۇ قارامتۇللاشتى ، گويا ئاسمان هازىرلا چېلەكلەپ قۇيۇۋېتىدىغاندەك . بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى يامغۇر قانچە قاتتىق ياغسا ، «ئوتلاقلار ياشىرىدىغان ، قۇملار نەمدىلىدىغان بولدى» دەپ شۇنچە خۇش بولىدۇ . ئەمما يا يامغۇر قۇيماي ياكى كەتمەي ئەگىپ تۇرۇۋالغان بۇلۇتنى : «ياخشىلىقتىن ئەمەس ، قايغۇنىڭ بېشارىتى» دەپ قارايدۇ . كېچىسى بىرەر يۇلتۇز سارقىپ قالىدىغان بولسا ، «بۈگۈن كىم كېتىدىغاندۇ» ، دەپ

ئويلاپ، قايسىبىر ئۆيدىن يىغا ئاڭلىنىپ قالاركىن، دېيىشىپ، قۇلاقلىرىنى تىكىپ تۇرۇشىدۇ، ئۇ كېچىسى تۇزۇك ئۇخلىيالمايدۇ، ھەتتا پۈتۈن بىر كېچە كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزىدۇ. بۇ بىرنەچچە كېچىدە يۇلتۇز سارقىمىغان بولسىمۇ، ئاسماندىن بۇلۇت كەتمەي تۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن كىشىلەر خاتىرجەمسىزلىنىپ قالغانىدى. ئاغزىدىن چىقىرالمىغىنى بىلەن ھەممىسىنىڭ كۆڭۈل ـ باغرى ئوخشاش بىر قايغۇدا پۇچىلانماقتا ئىدى.

— دېمىگىنىم بىلەن، بۈگۈن كەچكىچە سول قاپىقىم تارتىپلا تۇردى، بۈگۈن كېچە ئۇخلىمايلى، — دېدى ئۇجۇلخان ئېرىگە قاراپ.

— بايا بەردىقۇل، تالىشقۇل ئۈچىمىزلا يوقلاپ كىرگەنىدۇق، بەگنىڭ ھالى بەك بوش، — دېدى توختىكۆل.

ئابدال ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت ئەگىپ قالغاندىن بۇيان ئۇجۇلخان ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئاقئۇلامغا ھەمراھ بولۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ نېرىسىغا دىم ـ دام ـ دىم ـ دام كۆز يۇمۇپ تۇزۇك ئۇخلىمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇ ھازىر ھەرقانچە كۆزىنى ئۇۋىلاپ، قاپساپ كېلىۋالغان ئۇيقۇنى قاچۇرۇشقا تىرىشسىمۇ، ئۇيقۇسىراپ كۆزى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئېرىگە قارىسا ئۇمۇ پات ـ پات كۆزىنى ئۇۋىلاپ قوياتتىيۇ، يەنىلا ئۈگدەك بېسىپ ئولتۇراتتى. ئۇجۇلخان ئېرىنى، ئۆزىنى ئەسلىمىلەر ئارقىلىق گەپكە تۇتۇپ ئولتۇرماقچى بولدى.

بىر ئاينىڭ ئالدىدا ئوماق ئائىلىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنى باشلاپ قالاچ قاناقانىڭ ئاگايىنى يوقلىغاچ، كۈنچىققانبەگ ۋە باشقا كونا تونۇشلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ بىر ھەپتە تۇرۇپ كەتكەنىدى. گەپلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىلگىرىكى ئوماق ئەمەس ئىدى.

— ئوغۇللىرىمۇ، بولۇپمۇ ئۆردەك ئاتىسىغا ئوخشاش ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان غەلىتە ـ غەلىتە، ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنداق گەپلەرنى قالاچ قاناقالا

دەيدىغان ، — دېدى توختىكۆل ، ئۇجۇلخان ئوماقنىڭ بەزى گەپلىرىنى ئېسىگە سالغاندىن كېيىن .

ئوماق قايتقان كۈننىڭ ئالدىنقى كېچىسى توختىكۆللەرنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان تايۇق ، بەردىقۇل ، جانقۇلۇ ، تالىشقۇل ۋە يەنە بىر قانچەيلەنلەر ئۇنىڭ قىزىقارلىق ، لېكىن كىشىنى ئويغا سالىدىغان غەلىتە ، ئاجايىپ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، ۋاقىتنىڭ يېرىم كېچىدىن ئۆتكىنىنىمۇ ئۇقماي قېلىشقانىدى .

— قالاچ قاناقانىڭ كىملىكى ھەممىمىزگە ئايان ، — دېدى ئوماق ، ئاندىن گېپىنى باشقىلارغا يۆتكىدى ، — ئۇنىڭدىن كېيىن جاھانبەگ كەتتى ، «دىۋە ئادەم» — چەپەر كەتتى ، تۇلەك بوۋا ، بىزنىڭ ئاۋۇ تەرەپتە مەھەممەت مەرگەن ئاغا كەتتى . ئۇلارنىڭ ئالدى يۈز نەچچە يىل ، كەينى ئەللىك نەچچە يىل ياشىدى . ئۇلار شۇ ئۆمرىدە بىزگە ، كېيىنكى بوغۇنلارغا نېمە قالدۇرۇپ كەتتى ؟ ! — ئوماق ئولتۇرغانلارغا سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى ، — جاھانبەگ پۈتۈن لوپ دالىسىنىڭ بېگى بولۇپ ئۆتكىنى بىلەن ، ئۇنىڭدىن پەقەت ئاشۇ بىر ئاگايلا قالدى . چەپەردىنچۇ ؟ ئۇ بىر توپ جەرەن ، كېيىكلەرنى ئۆگىتىپ ، ئادەم بىلەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭمۇ بىللە ئۆتەلەيدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە يات ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويدى ؛ ئادەمسىز ، سۇسىز ئورمانلىقتا قۇدۇق كولاپ سۇ چىقىرىپ ، قۇرغاقچىلىقتا قالغاندا قاچان سۇ كېلەركىن ، دەپ قۇرۇق ئېقىنغا قاراپ تۇرماي ياكى نەدە سۇ باركىن ، دەپ كۆچۈپ يۈرمەي ، قۇدۇق كولاپ سۇ چىقىرىشنى ئۆگىتىپ قويدى...

— تۇلەك بوۋىغۇ ، — دېدى تايۇق گەپكە ئارىلىشىپ ، — قالاچ قاناقاغا ئوخشاش بىر ئۆمۈر قەبىلىچىلىكنى تۈگىتىپ ، پۈتۈن يۇرتنىڭ ئۈم - ئىناق ئۆتۈشى ئۈچۈنلا غەم يەپ ئۆتتى ، قېنى دېگىنە ، ئوماق ، مەھەممەت مەرگەن ئاغىدىن نېمىنى ئۆگەندىڭ ؟

ئولتۇرغانلار تايۇقنىڭ گېپىگە ئەجەبلىنىپ ، ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى ، ئاندىن نېمە دەركىن ، دىگەندەك ئوماققا قارىدى .

— مەن مەھەممەت مەرگەن ئاغىنى نەچچە ئون يىل كىشىلەردىن ئايرىلىپ ياشاپ ياۋايىلىشىپ كەتكەن چېغى ، دەپ ئويلاپتىمەن ، لېكىن ئۇنىڭ بەزى گەپلىرى ، ئويلىغانلىرى قالاچ قاناقانىڭ گەپلىرىگە ئوخشاش يىلتىزلىق ، بەلكى يىلتىزى بىردەك . ئۇ نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا كۆلشەھىرىگە ئوۋغا بېرىپ قايتاشىدا ، تاسادىپىي هالدا كۆلشەھىرى بىلەن ئارغان ئارىلىقىدىكى كەڭ قۇملۇق ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر ماقاتلىقنى كۆرۈپ قاپتۇ . ماقاتلىقتا يەردىن چىقىپ تۇرغان ھەم تىكلەپ كۆمۈپ قويغان ياغاچلار بەك جىق ئىكەن . ئۇ بۇ ماقاتلىقنى كېسىلى ئېغىرلىشىپ ، تىنىقى ئاستىلىشىپ قالغان چاغدا دەپ بەردى . ئۇ يەنە نېمە دېدى دېمەمسىلەر ، «ئويلاپ باقە ئوماق ، ماقاتلىق دىگەن مەھەللىگە يېقىن جايدا بولىدىغۇ ، ئادەمزاتسىز چوڭ قۇملۇق ئوتتۇرىسىغا ئۇ ماقاتلىق قانداق پەيدا بولۇپ قالىدۇ ، شۇنچە جىق ياغاچلار نەدىن ، قانداق كېلىپ قالغان ياكى ئۇلار بىر ئارۋاق بىلەن پەيدا بولۇپ قالغانمۇ ؟» دېدى . ئويلاپ بېقىڭلار قېنى ، ئادەمسىز قۇملۇقتا قايسىبىرىمىز بىرەر ماقاتلىق كۆرمىدۇق ، لېكىن ئۇ توغرۇلۇق ئاشۇ بوۋايچىلىك ئويلىيالىدۇقمۇ ؟ مەھەممەت مەرگەن ئاغىنىنىڭ ئۇ دېگەنلىرى قالاچ قاناقانىڭ ئۇغۇش - ئەجداد ئىزلىرى توغرىسىدا دېگەن گەپلىرى ، ئويلىغانلىرى بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ ؟ بوۋاي ئېيتقان ئۇ ماقاتلىقنى كېيىن ئىككى ھەپتىدەك ئىزدەپ يۈرۈپ بەك تەستە تاپتىم . كۆرۈپ مەنمۇ ھەيران قالدىم . هازىر تاپالايمەنمۇ - يوق ، بىلمەيمەن ، — دېدى ئوماق . ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئولتۇرغانلارغا قارىدى .

ئولتۇرغانلار ئوماقنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتتىمۇ - يەتمىدىمۇ ، قاراشلىرىدىن بۇنى بىلگىلى بولمايتتى ، لېكىن ئۇلار ئويلىنىپ قالغانىدى...

— راست ، — دېدى توختىكۆل خوتۇننىڭ ئېيتقانلىرىنى

توغرا تېپىپ ، — ئۇ بىز ئويلىمىغاننى ئويلايدىكەن . بۇ ، قالاچ قاناقانىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان تەسىرى .

ئۇنى دېيىشىپ ، بۇنى دېيىشىپ ۋاقىت بىر يەرگە بارىدى بىرنەچچە كۆنلۈك ئۇيقۇسىزلىق ئۇستۈن كېلىپ ، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى مۈگدىتىپ ، ئورۇن يىغقۇچنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر- دىن يۆلەندۇرۇپ قويدى…

ئۇجۇلخان چۆچۈگەندەك ئويغىنىپ كەتتى . توختىكۆل يېنىك پۇشۇلداپ ، ئاستا : «پۇ - پۇ» قىلىپ پۇۋلەپ قوياتتى .

— توختىۋاي ، ھەي توختىۋاي ، — ئۇجۇلخان ئېرىنى يېنىك تۇرتتى .

ئادەتتە سەگەك ئۇخلايدىغان ، «تىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقسىمۇ دەرھال ئويغىنىپ كېتىدىغان توختىكۆل خوتۇنىنىڭ ئاۋازلىق چا- قىرغىنىغا ، تۇرتكىنىگىمۇ ئويغانمايۋاتاتتى .

— توختىكۆل ! بېلىق ، لوخۇ بېلىق ! — ئۇجۇلخان بۇ قېتىم ئېرىنى قاتتىق تۇرتۇپ ، قۇلىقىنىڭ يېنىغا ئاغزىنى ئەكېلىپ ھې- لىقى گەپنى قىلدى .

— لوخۇ بېلىق ! قېنى ؟ — توختىكۆل ئويغىنىپ ، ئۆندەرد- گەندەك سورىدى .

ئۇجۇلخان ئىتتىك ئىشىكتىن چىقىپ ، ئەتراپقا قۇلاق تىكتى . جاھان جىمجىت ئىدى . ئاسماندا ئايمۇ ، بىرەر يۇلتۇزمۇ كۆرۈن- مەيتتى . تۈن قاپقاراڭغۇ ، سۈرلۈك ئىدى . ئۇجۇلخان ساتمىغا قايتىپ كىرىپ ، ئېرىنىڭ يېنىدا ، سۆيىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى .

— «تاخۇ داڭگال چۇشەيدۇ ، ئۆچكۇ جاڭگال» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن ، شۇنچە تووۋلاپ ، تۇرتسەم ئويغانماي ، بېلىق دېسەملا ئويغاندىڭىز - ھە ، — دېدى ئۇجۇلخان .

— قانداق ، تىنچمۇ ؟

— تىنچلىقمۇ تىنچ ، لېكىن مەن غەلىتە بىر چۈش كۆردۈم ، يېقىلغان توغراق مېنى بېسىۋالارمىكىن ، دەپ قورقۇپ قاچىمەن دەپ ئويغىنىپ كەتتىم .

— قانداق چۆش ، نېمە توغراق ؟
ئۆجۆلخان كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بەردى .
ئۇ قويلىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقتى . بۇ قۇم دۆۋىسى ئۆجۆلخانغا تونۇشلۇق ئىدى . ئۇ قويلىرىنىڭ نەدە ئوتلاۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولسا ، مۇشۇ قۇم دۆۋىسىگە چىقاتتى . قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ياش توغراقلاردەك كۆكىرىپ تۇرىدىغان ، ئەتىيازدا ھەممىدىن بۇرۇن بىخلاپ قۇلاق چىقىرىدىغان ، كۈزدە ، ھەتتا كەچ كۈز بېشىغىچىمۇ يوپۇرماقلىرى يېشىل پېتى تۇرۇپ ئاندىن غازاڭ تاشلايدىغان غالىس يوغان بىر تۈپ توغراق بار ئىدى . سايىسى پۈتۈن قۇم دۆۋىسىنى ياپاتتى . تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدا توغراق شۇ ھالەتتە ئىدى ، لېكىن ھازىر ئۆجۆلخان قويلىرىغا قاراشنى ئۇنتۇپ ، توغراققا قارىغىنىچە ئەجەبلىنىپ تۇرۇپلا قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى باغجانلىغان شاخلىرى قۇرۇپ ، بالا شاخلىرى سولاشقان ، ئۆزى ھۆل - قۇرۇقلۇقىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان قېرى بىر توغراق ئىدى . بىركەمدە توغراق بىر يانغا قىڭغىيىۋاتقاندەك قىلدى . ئۆجۆلخان ئۆزىنى قۇم دۆۋىسىدىن پەسكە ئاتتى...
— ۋۇي ، چىقىپ باقايلى ، — توختىكۆل خوتۇنىنىڭ چۈشى توغرىسىدىكى گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا سۆيىدىن چۈشۈپ سىرتقا ماڭدى .
باش سونۇر مەھەل بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسماننى تېخىچە بۇلۇت قاپلاپ تۇرغاچقا ، ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى . ئۇ يەر - بۇ يەردە يۇلغۇنلار قارىيىپ كۆرۈنەتتى .
توختىكۆل بىلەن ئۆجۆلخان كۈنچىققانبەگنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ، ئىچكەركى ، تاشقىرىقى ئۆيدە لىق ئادەم ئىدى . كىشىلەرنىڭ يول بېرىشى بىلەن ئىككىسى ئىچكىرى كىردى . ئىچكەركى ئۆيمۇ ئادەملەر بىلەن لىق ئىدى . توختىكۆل كۈنچىققانبەگنىڭ بېشىغا چىقىپ ئولتۇردى . بەگ ئۇنىڭغا كۆزى بىلەن ئىپادە بىلدۈردى . بەگنىڭ ئەتراپىدا تايۇق ، بەردىقۇل ، توختاخۇن ، جانقۇلۇ ،

تالىشقۇل ، يەنە بىرنەچچە چوڭ ياشلىق كىشىلەر بار ئىدى . ھەممىسىنىڭ كۆزىدە ، چىرايىدا بىر خىل سولغۇنلۇق ، قايغۇنىڭ كۆلەڭگىسى بىلىنىپ تۇراتتى . ھەممىسىنىڭ كۆزى كۆنچىقانىيەگىدە ئىدى . بەگ مۇردىدەك ياتاتتى . ئۇنىڭ بىر ئاينىڭ ئالدىدىكى ئەپتى يوق ئىدى . سېمىز ئادەم ئورۇقلىسا ھەقىقەتەن مۇردىغا ئوخشاپ قالىدىكەن . ئۇنىڭ گۆشلىرى سىزىپ ، بىلەك ، قوللىرى بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى . ئېڭەكلىرى ئىچىگە كىرىپ ، ئىككى زاڭقى ، بۇرنى چوقچىيىپلا چىقىپ قالغانىدى . پەگاھتا ئاياللار قوشنىلار ئەكىرىپ قويغان دۆشۈلگىلەردە ئولتۇرۇشاتتى .

— ۋىيەي ، — دېدى ئۇلامخان ئۇجۇلخاننىڭ كۆرگەن چۈشى تۇغرىسىدىكى گېپىنى ئاڭلاپ ، — مەنمۇ خۇددى سىز كۆرگەندەك چۈشنى كۆرگەن ، ما ئىشنى ، ئەجەب ـ ھە .

— نىمە دەيسىلەر ، باياتىن ئاغزىمدىن چىقىرالماي تۇرغان . مەنمۇ كېچە مۇشۇنداق چۈش كۆرگەن ، — دېدى جانقۇلۇنىڭ خوتۇنى .

— ئۇماق كەلگەن بولسا بولىتتى ، — تايۇق گەپ قىلىۋېتىپ توختىئاخۇنغا قارىدى .

توختى تۇرپانغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان قاراقوشۇنلار مەھەللىسىگە بېرىۋېلىپ ئىمامەتچىلىك قىلىپ يۈرگەچكە ، كىشىلەر ئۇنى بۇرۇنقىدەك توختى ، توختىبەگ دەپ ئاتىماي ، توختىئاخۇن دەپ ئاتايدىغان بولغانىدى .

— ئالدىنقى كۈنى ئادەم ماڭدۇرۇۋەتكەن ، — دېدى جانقۇلۇ ، ئاكىسىنىڭ ئورنىغا جاۋاب بېرىپ .

تايۇق : «ھەي» دەپ بېشىنى ئىرغىتتى . مۇشۇ چاغدا سىرتتا دۈپۈرلىگەن ، گۇدۇڭلاشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ ، تاشقىرىقى ساتمىدىن بىر ئايالنىڭ :

— ئۇماق ، ئايغۇتلار كەلدى ! — دېگىنى ئاڭلاندى .

سۈپىدىكىلەر شۇئان ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئورۇن بوشاتقاچ ئىشىككە قارىدى . ئۇماق ئىشىكتىن كىرىپ ، ئۆيگە بىر قۇر كۆز

يوگورتۇپ قويۇپ ، كۆنچىققانبەگنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردى .
ئايقۇت ئىشىكتىن كىرىشىگە ئاقئۇلام ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆپ-
كىدەپ يىغلاپ كەتتى . ئىچكەركى ، تاشقىرىقى ساتمىدىكى ئايالللار-
نىڭ ھەممىسى جورىسىنى ئىزدەپ بۇقۇلداشقان دەمدەرلەردەك بۇ-
قۇلدىشىپ يىغلاپ كېتىشتى...
ئوماق كۆنچىققانبەگنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ :
— بەگ ، مەن كەلدىم ، ئايقۇتمۇ ، ئۈچ ئوغلۇممۇ
كەلدى ، — دېدى .
ئاخشامدىن بېرى قولىنى مىدىرلاتقۇدەك ھالى يوق ياتقان بەگ
ئۇڭ قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئوماققا سوزدى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ
ئەتراپىدا تۇرغانلارغا لەپپىدە بىر قارىدى - دە ، كۆزىنى يۇمدى .
بۇ ئۇنىڭ ئوماققا ، شۇنداقلا كىشىلەرگە ئاخىرقى قېتىم قول
سوزۇشى ، مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمۇشى بولۇپ قالدى...
كۆنچىققانبەگنى سۇغا ئېلىش ، كېپەنلەش ئىشىنى چوڭ ئوغ-
لى توختى ، يېقىنلىرىدىن ئوماق ، توختىكۆل ، بەردىقۇللار قىل-
دى . كىچىك ئوغلى جانقۇلۇ بىلەن تايۇق ئارىلىقتا يەتكۈزىدىغان ،
ھازىرلايدىغان نەرسە بولسا تەقلەپ تۇردى . كۆنچىققانبەگنىڭ ئۆلۈ-
مى قالاچ قاناقانىڭكىدەك ، جاھانبەگنىڭكىدەك ئۇنداق دەبدەبىلىك
بولمىدى . بەگنىڭ مېيىت نامىزىغا ئابدال ، قارا قوشۇن مەھەللى-
سى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ھازىر بار كىشىلەرلا قاتناشتى . بەگنىڭ
ۋەسىيىتى بويىچە يىراقتىكىلەرگە خەۋەر قىلىنمىدى . جەستى
ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئابدالدىكى ئەڭ ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى ئۈس-
تىگە ، بۇك باغجانلىغان چوڭ بىر تۇپ يۇلغۇن تۈۋىگە قويۇلدى .
شۇنداق قىلىپ ، ئابدال بەگلىكىنىڭ ئاخىرقى چىرىغى ئۆچتى .
ئابدال ئاسمىنىنى مۇسىبەت بۇلۇتلىرى قاپلىغان مۇشۇ چاغدا ،
دۇنيانىڭ باشقا بىر يېرىدە تەنتەنىلىك مۇبارەكلەشلەر بولۇۋاتاتتى .

## 2

ئۇنىڭ بېشىغا قوشلاپ شان - شەرەپ قۇشلىرى قونماقتا

ئىدى . ئۇ ئۆزىگە بۇنچىۋالا شۆھرەت تاجلىرى كىيدۈرۈلۈشىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى .

پادىشاھ شىمالىي قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيىسىدىن قايتىپ كەلگەن نانسون بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئاتاقلىق مۆتىۋەرلەر قاتناشقان سەككىز يۈز كىشىلىك تەنتەنىلىك كاتتا زىياپەت بەردى . پادىشاھ ئۇنى :

— سەن شۋېتسىيە روھىنىڭ پېشۋاسى ، — دېدى .

ئۇنىڭ بېشى ئىپتىخاردىن كۆككە تاقاشقاندەك بولدى .

پادىشاھ يەنە ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە «فىگا» ناملىق ئالتۇن مېدال تاقىدى . ئۇنىڭ شادلىق ۋە ھاياجاندىن يۈرىكى كۆكرىكىگە سىغماي قالدى . ئۇ : «مېنىڭ ھاياتىم پادىشاھقا ، شۋېتسىيەگە مەنسۇپ !» دەپ ۋارقىرىماقچىدى ، قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن ، زۇۋانى چىقماي ئاغزى ئېچىلغىنىچە تۇرۇپ قالدى .

خاتىرىسىنى ۋاراقلىۋىدى ، ئۇ شۇ قېتىمقى 1897 - يىلى 5 - ئايغىچە پامىر تاغلىرى ، خوتەن - كېرىيە ، لوپ كۆلى ۋە چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىگە قىلغان ئۈچ يىل ئالتە ئايلىق ئېكسپېدىتسىيىلىك سەپىرىدە يۇرت ئارىلاپ ، تاغ ۋە قۇملۇقتا بولۇپ ، يىگىرمە بەش مىڭ كىلومېتىر يول بېسىپتۇ . ئون مىڭ تۆت يۈز قىرىق توققۇز كىلومېتىر دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ مىڭ بەش يۈز ئەللىك ئىككى پارچە خەرىتە سىزىپتۇ . ياۋروپالىقلارغا تېخىچە مەلۇم بولمىغان خوتەندىكى دەندەنئۆيلۈك ، كېرىيىدىكى قارادۆڭ خارابىلىكىنى بايقاپ ، شۋېتسىيىگە ئون نەچچە ساندۇق ئىلمىي ، تەتقىقات قىممىتى زور مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەم ياۋا تۆگە تېرىسى قاتارلىق تۈرلۈك ھايۋانات ، ئۇچار قۇش ، ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرى ئېلىپ كەپتۇ . ئۇ لوپ كۆلىنىڭ تۇزلۇق كۆل ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ، ئۇستازى رىچخوفىننىڭ ھۆكمىنى دەلىللەپ ، پرژېۋالىسكىي ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن رىچخوفىن ئوتتۇرىسىدىكى يىگىرمە يىلغا يېقىن سوزۇلغان

«لوپ كۆلى تاتلىق سۇلۇق كۆلمۇ ياكى تۇزلۇق كۆلمۇ؟» دېگەن
بەس - مۇنازىرىگە خاتىمە بەردى. ئۇ يەنە لوپ كۆلىنىڭ جۇغراپى-
يىلىك ئورنىنىڭ جۇڭگو خەرىتىلىرىدىكى ئورنى بىلەن ئانچە پەرق-
لەنمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، يەنە كۆلىنىڭ
جەنۇب، شىمال تەرەپلىرىنىڭ لاي - لاتقا ۋە تۇرلۇك ئالامەتلىرىگە
قاراپ، ئۇنىڭ كاللىسىدا: «لوپ كۆلى كۆچۈم كۆلمۇ قانـ-
داق؟» دەيدىغان سوئال ۋە تەسەۋۋۇر تۇغۇلۇپ قالدى. لېكىن،
ئۇنىڭ ئۇ قېتىم ئۇ يەردە تۇرۇش ۋاقتى بەك قىسقا بولغاچقا،
تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى، شۇنداقلا تەلىيى ئوڭ-
دىن چىقىپ، پەقەت قۇمدەرياغا[1] سۇ كېلىپ، لوپ كۆلگە بىۋاسى-
تە قۇيۇلىدىغان بولغاندىلا، تەسەۋۋۇرنى دەلىللەشكە بولاتتى.
شۇڭا لوپ كۆلى توغرىسىدىكى شۇنچىلىك نەتىجە بىلەن قايتتى.
بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە نەتىجىلەرگە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ
كۆزى قىزىرىپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، شۋېتسىيىنىڭ ئېپتى-
خارلىقى ئاشتى.
بېرىلگەن شان - شەرەپ، مېداللار، ئوقۇلغان مەدھىيىلەر
ئۇنىڭ هاردۇقىنى چىقاردى، ئۈچ يېرىم يىل تارتقان جاپا -
مۇشەققەت، رىيازەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى، شۇنداقلا ئېكىسپېدىتسى-
يىگە بولغان مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۇ مەكتىلىك قا-
يىم، باستلاردىن، خوتەن، كېرىيىلىك ھەم ئوماققا ئوخشاش يول
باشلىغۇچىلىرىدىن ئۇزاق قەدىم زاماندىكى ئىنسانلار پائالىيىتى-
دىن دېرەك بەرگۈچى رىۋايەت ھەتتا ئەپسانە تۇسلۇك ئاجا-
يىپ - غارايىپ مەپتۇنكار پاراڭلارنى ئاڭلىدى. ئۇ شۇ ئاڭلىغانلى-
رىنى ئويلىۋىدى، كۆز ئالدىدا سىرلىق قەبرىستانلىقلار، ئېچىلىپ
قالغان جەسەتلەر، قۇرغاق شامال، قۇملار يالاپ سەدەپتەك ئاقىرىپ
كەتكەن ھەر خىل سۆڭەك، ئۇستىخانلار، قارىيىپ كۆرۈنىدىغان

① قۇمدەريا — كۆنچى دەرياسىنىڭ لوپ كۆلگە قۇيۇلىدىغان بۇرۇنقى غول ئېقىنى، «قۇرۇق دەريا»مۇ دېيىلىدۇ.

چوڭقۇر چاناقلار، چىشلار ھىڭگىيىپ قورقۇنچلۇق ئېچىلىپ تۇرغان ئېڭەكلەر، چېچىلىپ ياتقان ھەر خىل يادىكارلىقلار، تەڭگە پۇللار، ھەر خىل يېزىقتىكى تارىشا، قەغەز پۈتۈكلەر، قاغجىراپ كەتكەن، قويۇق ئورماندەك چوقچىيىپ تۇرغان ياغاچلار، ئېگىز - ئېگىز تۇرلار نامايان بولدى. ئۇ شۇئان: «بۇلار ماڭا ھەم شۋېتسىيەمگە ئايىغى ئۈزۈلمەس بايلىق، شان - شۆھرەت ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ ئويلىدى.

ئۇنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن سىنوف، ئىسلامبايلارغىمۇ: «ياخشى ھەمراھ» دېگەن نام ۋە مېدال بېرىلدى.

ئۆز جېنى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، يېقىن دوستى، ھەمراھى پاپباينىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە مىت قىلىپ قويمىغان ئىسلامبايغا مېدال بەرگەن يەردە، ئاشۇ ئىسلامباينى، سىنوف، فېڭشىلارنى ئۆلۈم ھەلقۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا يېڭى ھاياتلىق بەرگەن قايىم، باسىتلارنى، لوپ كۆلىدە كېمە كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندە، خەۋپ ئىچىدە قالغىنىغا قارىماي، ئۇنى ئۆلۈم ئاغزىدىن تارتىۋالغان ئوماقنى ئاغزىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. بۇنىڭغا ھەرقانداق ئادەمنىڭ زەردىسى قاينايتتى.

بايلىق، شان - شۆھرەت، نام - ئاتاققا ئۆزىنى ئۇرغان ئادەم جاھانسازلىقتىن خالىي بولالمايدۇ، ھەتتا ۋىجدانىنى بۇلغاپ، ئار - نومۇسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەرقانداق قۇربانلىق بېرىشتىنمۇ ئايانمايدۇ…

سۋېن ھېدىن يەنە بىر قېتىملىق مەخسۇس تەكلىماكانغا قىلىنىدىغان ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىگە جىددىي تەييارلىق بىلەن بولۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى لۇدۇگلار باشقا بىر ئىش ئۈستىدە غەم قىلىشىۋاتاتتى.

— ئۇ ھازىر ئوتتۇز ئۈچ بىلەن ئوتتۇز تۆت ياش ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ، قېرى يىگىت بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئۆيلىنىۋالغان بولسا بولىتتى، — دېدى سۋېن ھېدىننىڭ ئاتىسى ئايلىغا.



www.uyghurkitap.com

— مەنمۇ مۇشۇ غەمدە . ئوغۇللىرىمىز ئۆيلىنىشنى ، قىزلىرىمىز ئەرگە تېگىشنى خالىمىغان . بالىلىرىمىز نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدىغاندۇ ، هېچ بىلەلمىدىم ، — دېدى زارلىنىپ سىۋېن هېدىننىڭ ئانىسى لۇدۋىگ خانىم[1] .

— قىزىمىزنىڭ ئەڭ كىچىكىمۇ ئون يەتتە ياشقا كىرىپ قالدى .

— شۇ ئەمەسمۇ . سىۋېنغا ئوبدانراق گەپ قىلىپ باقسىڭىز كەن .

— سىۋېننىڭ كاللىسىغا بۇنداق گەپلەر كىرمەيدىغاندەك قىلىدۇ ، ئاڭلايدىغان تەلەتى يوق . ئۇنىڭ كاللىسىدا «ئېكسپېدىتسىيە» ، «تەكلىماكان» دېگەندىن باشقا نەرسە يوق ئىكەن . ئۇ ئاشۇ جايغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ . ئۇنىڭدىكى بۇ ئاشىق - مەپتۇنلۇق ئوتى ئۇكىسى رالسىنغىمۇ تۇتىشىپتۇ ، ئۇمۇ ، بۇ قېتىم ئاكام بىلەن بىللە ئېكسپېدىتسىيىگە چىقىمەن دەيدۇ ، — دېدى لۇدۋىگ ئەپەندى .

لۇدۋىگ خانىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ كەتتى ، گەپ قىلمىدى ، ئۇ هەسرەتكە چۆمگەنىدى .

بۇ ئىشتا لۇدۋىگ ئەپەندى ئىلاجسىز قالدى . ئۇنىڭ ئارمانلىق هەسرىتى ئايلىنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىدى ، شۇڭا ئىچىگە تىنغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . ئۇ يېقىندا ئوغلىدىن مۇشۇ قېتىمقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆڭلى تارتقان بىر قىز بىلەن توي قىلىپ بېشىنى قوش قىلىۋېلىشنى هەمدە ئۇكىسى ۋە سىڭىللىرىغا يول ئېچىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە ، سىۋېن هېدىن :

— بۇ مەسىلە بەك قىزىقارلىق . مەن بىرنەچچە قېتىم مۇهەببەتلىشىشكە ئۇرۇنۇپ كۆردۈم ، لېكىن باشتىن - ئاخىرغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ، جۇملىدىن تەكلىماكان ، تارىم ، لوپ كۆلى مېنىڭ هەقىقىي مۇهەببىتىم ، ئايالىم بولۇپ كەلدى . مەن ئۇنىڭ تىلسىم

---

[1] سىۋېن هېدىننىلار يەتتە بالا — ئىككى ئوغۇل ، بەش قىز بولۇپ ، سىۋېن بالىلارنىڭ چوڭى . بۇ بالىلاردىن پەقەت ئۈچىنچى قىز ئاننا مېئالا تۇرمۇشلۇق بولغان بولۇپ ، باشقىلىرى ئۆمۈر بويى نىكاهلانمىغان .

قۇچقىغا ئەسىر بولۇپ قاپتىمەن. شۇڭا ئۇ كۈنداشلىق قىلىپ، مېنىڭ باشقىلارنى سۆيۈشۈمگە يول قويمايۋاتىدۇ. مەن تېخى «قى-رى يىگىت» بولۇپ قېلىش دەرىجىسىگە يەتمىدىمغۇ. شۇنداق بول-سىمۇ نېمە بولغۇدەك. بۇ توغرىدا كېيىن بىر نېمە دەيلى، ھازىر مەن نۆۋەتتىكى سەپىرىم غېمىدە، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى...

مانا، ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. سۈۋېن ھېدىن بۇ ئىككى يىلنى ئۆزىنىڭ «ھەقىقىي مۇھەببىتى» بولغان تەكلىماكان - تارىمنىڭ قۇچىقىغا تەلپۈنۈپ، تەقەززالىق بىلەن ئالدىراشلىقتا ئۆتكۈزدى. ئاخىر ئۇ ئىنتىزار بولغان كۈن كەلدى. ئۇ 1899 - يىلى ياز پەسلىنىڭ ئىككىنچى ئېيىدا، دەبدەبىلىك ئۇزىتىش سادالىرى ئىچىدە، يەنە بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە ئاتلاندى. ئۇنىڭ بۇ سەپىرى «شىنجاڭ - شىزاڭغا قىلىنغان ئىك-كىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە» دەپ ئاتالدى.

## 3

قەھرىتان قىشنىڭ ئۇچۇق، سوغۇق ھاۋاسىنى يىرىپ، يىراق-تىن قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ئۈمىد - ئىستەك ئارىلىشىپ كەتكەن مەزمۇندا ئېيتىلغان قوشاق ئاڭلىنىپ، ئۇستىدە ئېگىز ھەم قويۇق باغجانلىغان ھەيۋەت يوغان بىر توپ توغراق بار، ئەتراپىنى يول-غۇن، سايغاق قومۇشلار قاپلىغان بىر قۇم دۆۋىسى كەينىدىن بىر ئاتنى يېتىلىۋالغان ئىككى ئاتلىق ئادەم چىقىپ كەلدى. يېتىلەك-لىك ئاتقا بوغۇزلانغان چوڭ بىر كېيىك بىلەن بىر جەرەن ئارتىق-لىق بولۇپ، ئاتلىقلارمۇ ئارقىسىغا بىردىن جەرەننى غانجۇغىلىۋال-غانىدى. ئۇلار كېلىۋاتقان يەر تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى ئارىلىقىدىكى كۆز يەتكۈسىز كەڭ يايلاق ئىدى.

يانىپ ماڭدۇق دىلپاردىن،
ئانام ئايقۇت ئاماندۇ.
جىق ئۇۋ تۇتۇپ يانار دەپ،

يولغا قاراپ قالغاندۇ .
خەقلەر ھەر نېمە دەيدۇ ،
كىشى سۆزۈ يالغاندۇ .

كىشى سۆزۈ يالغاندۇ ،
قوزام سادىق[1] ساق بولغاي .
خۇدايىمدىن تىلەيمەن ،
ئۆمرۈ ئۇزاق ، ئاق بولغاي[2] .
شۇنداق جەمە قىلغاننىڭ ،
ئاغزىغا قۇم تولغاي .

قوشاق ئېيتقان ئۆردەك بولۇپ ، قويۇق قارا ساقىلى ئۇنىڭ تەمبەل بەست ـ بويىغا يارىشىپ ، ئۇنى تېخىمۇ قامەتلىك ، كېلىشكەن كۆرسىتىپ تۇراتتى . يېنىدىكى ئوماق بولۇپ ، ئاتا ـ بالا ئىككىسى دىلپار تەرەپكە قىشلىق ئوۋغا چىققانىدى . ئوماقنىڭ ئاتىنا بەردەم ، تىك ، روھلۇق ئولتۇرغىنىغا قاراپ ، ھېچكىم ئۇنى سەكسەن بىر ياشلىق بوۋاي دېمەيتتى . ئۇلار ئۆيدىن چىققىلى توققۇز كۈن بولدى . قىشلىق گۆشى تۈگىمىگەن بولسىمۇ ، «سەل كەلگۈچە تۇغان تۇت» دېگەندەك ، گۆش ئۇزۇكچىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئوۋغا چىققانىدى . ئۈچ جەرەننى ئېتىپ قايتىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا ، تەلىيى كېلىپ ، بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە يوغان بىر كېيىك كۆرۈنۈپ قالدى . ئوماق شۇئان ملتىققا ئوق سالدى . ئۆردەكنىڭ كېيىكنى ئاتقۇسى يوق ئىدى . ئىچىدە : «ھەي ، تېز قاچ ، تېز قاچ» دەپ تىت ـ تىت بولۇپ تۇراتتى . كېيىكنىڭ يىقىلىشىدا گەپ يوق . چۈنكى ، ئاتىسىنىڭ قانداق مەرگەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان .

«پاڭ !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كېيىك جايىغىلا يىقىلدى . تەرەپ ـ تەرەپتىن پۇر ـ پۇر ئاۋاز چىقىرىشىپ ئوتلاقتا دانلىشىپ يۈرگەن تورغاي ، قىرغاۋۇل يەنە قانداقتۇ بىر خىل قۇشلار قور-

① سادىق ــ ئۆردەكنىڭ ئىككىنچى بالىسى ، 1896 ـ يىلى تۇغۇلغان .
② ئۆمرۈ ئاق بولغاي — ھاياتى كىرسىز ، پاك بولغاي دېگەن مەنىدە .

قۇنچىتىن ئۆز توپىنى تېپىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئارىلىشىپ ئۇچۇپ كېتىشتى .

— ئۆردەك ، قارىغىنا ، ئاۋۇ چېدىر ، كەپىلەرنى كىملەر تىككەندۇ ؟

يېڭىكۆلنىڭ چارا تەرەپتىكى دەريادىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر تۈزدە ئىككى چېدىر ، ئىككى كەپە ، يەنە قومۇشتا توسۇلغان قوتاندەك بىر نەرسىلەر تۇراتتى . نېرىدا بىر توپ تۆگە ئوتلاپ يۈرەتتى . ئۆردەك سانىۋىدى ، ئون بەش چىقتى .

— پاھ ، نېمانچە جىق تۆگە . نەدىن كەلگەن ، نېمە ئادەملەردۇ بۇ ؟ — ئۆردەك ھەيران قېلىپ ئاتىسىغا قارىدى .

شۇ ئارىدا كىچىك چېدىردىن بىر ئادەم چىقتى . ئۇنى ئوماقمۇ ، ئۆردەكمۇ تونۇۋىدى . ئۇ سۈيۈن ھېدىن ئىدى .

— ۋوي ، ھېلىقى يىلى مېنى لوپ كۆلىگە باشلاتقۇزۇپ بارغان ھېلىقى ئەجنەبىي كۆك كۆز يەنە كەلگەن ئوخشىمامدۇ ، ئەمدى نېمىدەپ كەلگەندۇ ؟ — دېدى ئوماق ئەجەبلىنىپ .

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمىتا ؟

— بىر ئايدەك بىللە يۈرۈپمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ زادى نېمىلىكىنى بىلەلمىدىمغۇتاڭ ، ھېلى بىرسى سۈيۈن دېسە ، يەنە بىرى ھېدىن دەيدىكەن . يەنە تۇرۇپ سۈيۈن ھېدىنمۇ دەيدىكەن . مەن ھېدىن دەۋەردىم ، — دېدى ئوماق .

ئوماق يېڭىكۆل مەھەللىسىگە كىرمەي ، يىراقتىنلا ئەگىپ ، ئودۇل چارا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانىدى . بىر ئىشنى يېپىدىن - يېڭىسىگىچە بىلىشكە قىزىقىدىغان ئۆردەك : «بېرىپ باقايلى» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى .

ئوماق ئوۋچىلار ئىشلىتىدىغان ئىككى پۇتلۇق ئۇزۇن پىلتىلىق مىلتىق ، ئۆردەك ئوقيا ئېسىۋالغانىدى . بۇ ئوقيا قالاچ قاناقنىڭ ئوقياسى شەكلىدە ياسالغان بولۇپ ، ئادەتتىكى ئوقيالاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى . قورال ئاسقان ئىككى ئادەمنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن بىر مۇھاپىزەتچى ئەسكەر بەشئاتار مىلتىقنى مۈرىسىدىن ئېلىۋېتىپ :

— قورالليق ئىككى ئادەم كېلىۋاتىدۇ ! — دەپ توۋلىدى . چېدىر ، كەپىلەردىن ئادەملەر چىقىشتى .

— ھە ، ھېلىقى ھېدىن ، ئىسلامباي ، فېڭشىلار ئىكەنغۇ ، — دېدى ئوماق ، — مەن تونۇمايدىغان يەنە بىرنەچچىسى بار ئىكەن .

ئاڭغىچە ئوماقلارمۇ يېقىن كەلدى . بۇلارنى ھېدىن تونۇۋال-دى ، ئەمما باشقىلىرى تونۇيالمىدى . چۈنكى ئىككىلىسى ئۇچىسىغا ئۇچىسى ، بېشىغا كۆزىگىچە چۈكۈرۈپ چاپۇش كىيىۋالغانىدى . ئۇلار-نىڭ ئاتلىرىدىكى كېيىك ، جەرەنلەرنى كۆرۈپ ، شىركىن رۇس تىلىدا :

— كېيىك ، جەرەن ! — دەپ خۇشاللىقىدا توۋلىۋەتتى .

سۈۋېن ئۇنىڭغا : «جىم بول» دېگەن مەنىدە ئالىيىپ قاراپ قويدى .

سۈۋېن ھېدىن ئاتا - بالا ئىككىسىنى ئۆز چېدىرىغا تەكلىپ قىلدى ھەم ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭمۇ كىرىشىنى ئېيتتى . ھېلىقى مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىگە قاراپ تۇرۇش-نى ئېيتىۋىدى ، سۈۋېن ھېدىن :

— سەنمۇ كىر ، بۇ يەردە ئوغرى يوق ، — دېدى .

ئۇ ئالدىنقى قېتىمدىكى لوپ كۆلىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ، لوپ رايونىدا ئوغرى يوق ، دەپ ئاڭلىغان بولسىمۇ ، ئىشەنمەي ، بىرنەچچە قېتىم مۇھىم ، كۆرۈنۈشى چىرايلىق پىچاق ، قەلەمتى-راچىنەك نەرسىلەرنى ئەتەي كىشى كۆرگۈدەك يەردە قويۇپمۇ قوي-غان ، ئۇ نەرسىلەر نەچچە كۈنگىچە تۇرسىمۇ يوقالمىغان ، بەزىلىرى-نى تېخى : «ماۋۇ نەرسىڭىز...» دەپ ئەكېلىپ بەرگەن . خىيال قىلسا لوپ تەۋەسىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان ھېچنېمىسى يىتمەپتۇ . ئۇ شۇنىڭدىلا لوپ تەۋەسىدە ئوغرى يوقلۇقىغا ، بولۇپ قالغان ھالەتتىمۇ (بۇنداق غەيرىي ئىش سىرتتىن كېلىپ قالغانلاردىن بەزىلىرىدىلا سادىر بولىدۇ ) ئاشكارىلىنىپ قالىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەنىدى . ئۇ شۇ چاغدا خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغانىدى :

*... « ناۋادا بۇ ئىشنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزمىگەن بولسام ،*

*بۇ گەپكە مەنمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم . ئەگەر جاھاندا ئوغرى ـ يالغاندىن خالىي ، ئادەملىرى پاك ھەم سەمىمىي ، ئاق كۆڭۈل ، جاي بار دېيىلسە ، ئۇ جاي دەل مۇشۇ لوپ زېمىنىدۇر ، بەلكى ئادىمى بۇنداق تۇز ، ئاق كۆڭۈل ، كىشىنىڭ نەرسىسىگە كۆز قىرارتمايدىغان ، ھەسەت قىلمايدىغان جايدىن دۇنيادا بۇ يەردىن باشقا يەنە بىرى يوقتۇر··· »*

سۈپىن ھېدىن ئوماق بىلەن ئۆردەكنى بۇ قېتىمدا يېڭى قوشۇلغان ھەمراھلىرىغا تونۇشتۇردى :

— ئاتا ـ بالا بۇ ئىككىسىنى بىلىپ قېلىڭلار ، بۇ ئوماق ، بىلىق تۇتىدىغان ئاددىي سانجىغاق بىلەن يولۋاس ئۆلتۈرگەن باتۇر[1] . ئوغلى ئۆردەك بولسا بىر قولىنى يولۋاسنىڭ ئاغزىغا تىقىپ تۇرۇپ ، يەنە بىر قولىدا يولۋاسنى پىچاق بىلەن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەن باتۇر ، — دەپ ئىككىسىنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرۈش جەريانىنى ئاڭلىغىنى ، ئېسىدە قالغىنى بويىچە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى .

پاھ ! دېيىشىپ كەتتى ئۇلار ئاتا ـ بالا ئىككىسىگە ھەۋەس ۋە ئەيمىنىش بىلەن قاراپ .

تۇراق بىلەن ئۆردەكنىڭ ئاددىي ئۇسۇل بىلەن يولۋاس ئۆلتۈرۈشى كۆرگەنلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىنتايىن قارامىلىق قىلغانلىق بولسىمۇ ، يەم ـ پاراستى ، جۈرئەت ـ جاسارىتى ، باتۇرلۇقى ئاڭلىغانلىكى كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇراتتى ، قايىل قىلاتتى . سۈپىن ھېدىننىڭ ئۇ ئىككىسىنى بۇنداق يۈزتۇرا ئاغزىغا بىر ئېلىپ ماختاپ كېتىشىدە كۆڭلىگە پۈككىنى بار ئىدى . «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك ، تەۋەككۈلچى سۈپىن ھېدىن مۇشۇنداق تەۋەككۈلچى ، قارام ، قورقماس ئەزىمەتلەرنىڭ ئۆزىگە يول باشلىغۇچى بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى ، قورقۇنچلۇق ، ئۆلۈم تەھدىتى پۇراپلا تۇرىدىغان ھالاكەتلىك تەكلىماكان قۇملۇقىدا

---

[1] بۇ يەردىمۇ ئوماق بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى تۇراق ئالماشتۇرۇپ قويۇلغان .

ئېكسپېدىتسىيە قىلىشتا ئۇ مۇشۇنداق باتۇر ئەزىمەتلەرگە موھتاج ئىدى . ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئۇچ يىل ئىلگىرى ئۇنى لوپ كۆلىگە باشلاپ بارغان چاغدىكى ئوماق ئەمەس ئىدى . لوپ كىشىلىرىدە سەكسەن ياش قېرىلىق بوسۇغىسىغا ئەمدىلا قەدەم باسقانلىق ھېسابلانسىمۇ ، لېكىن تۇرمۇش غېمىدىكى ھەلەكچىلىك بۇ ئۇچ يىل ئىچىدە ئۇنى خېلىلا قېرىتىۋەتكەندەك ئىدى . بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى يەنە ماڭا يول باشلىغۇچى بول دېيىشكە ئۇنىڭ تىلى بارمايتتى . ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئۆردەكنى دەسسىتىۋالسا ، كۆڭ-لىدىكىدەك يول باشلىغۇچىغا ئېرىشىۋالغان بولاتتى .

— ئوماق ، سېنىڭ مېنى لوپ كۆلىگە باشلاپ بارغان چاغدىكى ئەجىر ، جاپالىرىڭغا لايىق كۆڭلۈمنى بىلدۈرەلمەي كېتىپ قالغان-دىم ، ئەمدى بولسىمۇ كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈۋالاي ، — سىۋېن ھېدىن شۇنداق دېگەچ چېدىردا ئېسىقلىق بىر مىلتىقنى ، ياستۇق ئاستى-دىن كىچىك بىر تېرە قاپچۇقنى ئالدى ، — بۇ مىلتىق بىلەن ئوقنى ساڭا سوۋغا قىلاي ، كۆڭلۈمنى قوبۇل قىل ، — دەپ مىلتىق بىلەن تېرە قاپچۇقنى ئوماققا تۇتتى .

ئوماق نېمە قىلىش ، نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى ، چۈنكى ئۇ چاغدىكى ھەققىمنى بېرىپ بولغان ، دەپ قارايتتى . شۇنداقتىمۇ شەيتىنى «مىلتىقنى ئال» دەپ تۇراتتى . بۇلارنىڭ مىلتىقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىلتىقىدىن كۆپ ياخشىلىقىنى ، ئوقىنىڭ يىراققا با-رىدىغانلىقىنى ، دەل تېگىشتىمۇ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ھەتتا سۇمبىلاپ ، پىلتىلاپ ئاۋارە بولمايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ، بىر - ئىككى قېتىم ئېتىپمۇ باققان ، «مېنىڭمۇ مۇشۇن-داق بىر مىلتىقىم بولغان بولسا» دەپ ئارمانمۇ قىلغانىدى . سىۋېن ھېدىن ئۇنىڭ ئاشۇ ئارزۇسىنى بىلىۋالغاندەك ، مىلتىقنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ مىلتىقى توغرىسىدا ئوماق ئۆيدە-كىلەرگە سۆزلەپ بەرگەنىدى . شۇڭا ئۆردەك مىلتىققا قىزىقىپ قاراپ قالدى . بۇنى سەزگەن سىۋېن ھېدىن :

— بۇ قېتىمقى سەپىرىمنى تۈگىتىپ قايتىدىغان چاغدا ، چو-قۇم ئۆزۈم تۇتۇۋاتقان مىلتىقنى ساڭا بېرىمەن ، سەندەك باتۇر

www.uyghurkitap.com

ئەزمەتكە ئون مىلتىق بەرسىمۇ ئەرزىيدۇ ، — دېدى .

ئۇنىڭ گېپى ئوۋغا ھېرىس ئۆردەكنىڭ ۋۇجۇدىنى گۈلخانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى .

ئۇلارنىڭ ھەممىسى چېدىردىن چىقتى . بايا ئوماق بىلەن ئۆرـ دەك تۆگىلەر بىلەن ناتونۇش ئادەملەرگىلا قاراپ قېلىپ ، ئەتراپقا ئانچە دىققەت قىلمىغانىدى . مانا ئەمدى دەريا قېشىدا ھەيۋەت ئۇزۇن ھەم كەڭ ، ئوتتۇرىسىدا كەپكە ئوخشايدىغان بىرنېمىسى بار بىر كېمىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى .سۈيىن ھېدىن ئوماقلارنىڭ ئۆيەـ نىڭ نەدىلىكىنى سورىغاندىن كېيىن :

— ھە ، چاردىن ئۆتىدىكەنسىلەر . ئالىباي ئاقساقال سىلەرـ نىڭ ئوۋدىن تېزرەك قايتىشىڭلارنى ساقلاپ تۇرىدۇ ، — دېدى .

ئوماقنىڭ كېمىنى تەپسىلىي كۆرۈپ باققۇسى بار ئىدى ، لېكىن ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئۆيدىكىلەردىن خاتىرجەمسىزلىنىپ ئالدىراپ تۇرغىنى ئۇستىگە ھېدىننىڭ كېيىنكى گېپى قامچا بولۇپ تېگىپ ، بىتاقەتلىكىنى تېخىمۇ چاپچىتىۋەتتى . ئۇلار نېرى ـ بېرى گەپنى قويۇپ ، ئاتلىرىغا مىندى ـ دە ، چارا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

## 4

ئوماقلار كۆپرەك بىر نەرسە ئوۋلاپ ، ئۆردەكنىڭ قېينانىسى تولەمخانلارغىمۇ ئوۋ غەنىيمەتىنىڭ بىر قىسمىنى بېرىشنى كۆڭلىـ گە پۈككەنىدى . ئوۋلىغان جەرەنلەرنى دىلپاردىكى بىر تونۇشىنىڭـ كىگە قويۇپ قويۇپ ، قايتا ئوۋغا ئاتلىنىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ، بىر «قاغا»نىڭ : «كۆزلەك تەرەپتە چېچەك دەمدۇ ، قىزىل دەمدۇ بىر خىل كېسەل تارقىلىپ ، كىچىك باللار ئۆلۈپ كېتىۋېتىپتۇ» دېگەندەك «قاقىلدىشى» ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى . ئۆردەك بىردىنبىر بالىسىدىن خاۋاتىرلىنىپ تۇرالمايلا قالدى . ئوماقمۇ بۇ نەۋرىسىگە ئامراق ئىدى . لوپ خەلقىگە قۇرغاقچىلىق ، قۇم ، بوران ئاپىتى قانداق قورقۇنچلۇق بولسا ، كېسەل ، بولۇپمۇ قىزىل ، چېـ چەك ئاپىتى تېخىمۇ بەتتەر قورقۇنچلۇق . قۇرغاقچىلىق ، قۇم ـ

بوران ئاپتىدىن بىر ئامال قىلىپ ، ھېچبولمىغاندا قېچىپ كېتىپ قۇتۇلغىلى بولىدۇ ، قىزىل ، چېچەك ئاپتىدىن قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ ، كېسەل ئادەم بىلەن بىللە ماڭىدۇ .

بۇۋىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، بىر يۈز ئەللىك يىللار ئىلگىرى ئابدال تەرەپتە بولغان بىر قېتىملىق چېچەك ئاپىتىدە نۇرغۇن باللار قىرىلىپ كەتكەنىكەن . بەزى باللار ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاۋېتىپ ، بەزىلىرى ئانىسىنىڭ كۆكسىدىن ھاياتلىق كەۋسىرى سۇمۇرۇۋېتىپ ، جىم - جىملا كېتىپ قالغانىكەن . كىشىلەر كېسەلگە ھېچ توغرا تۇرالماي ، يۇرت - ماكانىنى تاشلاپ ، كۆرپە - تۆشەكلىرىنىمۇ ئالماي تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىشكەنىكەن . ھەتتا بەزىلەر كۆمگۈچە بىرگىمۇ يۇقۇپ قالىدۇ ، دەپ قورقۇپ ، ئۆلگەن باللىرىنىمۇ كۆممەي تاشلىۋېتىپ ، خۇددى ئارقىسىدىن ئەزرائىل قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي قاچقانىكەن . شۇ قېچىشتا بەزىلەر خوتەن ، كېرىيە تەرەپكە ، يەنە بەزىلەر قۇمۇل تەرەپكە كەتكەنىكەن . كېيىن كىشىلەر شۇ قېتىمدا ئابدالدا يۈز بەرگەن چېچەك ئاپىتى ھەم ئۇستىلەپ باسقان قۇرغاقچىلىق ، قۇم - بوران ئاپىتىدىكى دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ نۇرغۇن قوشاق توقۇغانىكەن . شۇ قوشاقلارنىڭ بىرىدە ئېيتىلغان :

بۇلتۇرقۇ ئابدالداقى ،
شۇ قىيامەت دۇنيا ئىدى .
....................

دېگەن مىسرادا ئابدالدا يۈز بەرگەن ئاشۇ بالايىئاپەت ئەسلەنگەن .

ئوماق بىلەن ئۆردەك : «ئالىباي ئاقساقالنىڭ بىزنى ئۇۋدىن تېزرەك قايتىسكەن دېيىشى ، بەلكى بىزنى كېسەل ئاپىتى يېڭى مەھەللە — ئوماقنىڭ تاختىسىغا يېتىپ كەلگۈچە ئامالىنى قىلىۋالسىكەن ، دېگەن ياخشى نىيىتىدۇ » دەپ ئويلىشىپ ، چارىغا كىرمەي چىكە سوقۇپ مېڭىپ ، ئۇدۇل ئۆيىگە كەتمەكچى بولدى . «قاچقانغا

www.uyghurkitap.com

ياندا‌شقان» دېگەندەك ، چارىنىڭ دائىرىسىدىن چىقماي تۇرۇپلا ئالىـ
باي ئاقساقال بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى .

— هە ، ئوماق ، چارىغا كىرمەي يانداپ مېڭىشىڭلار مەندىن قاچقىنىڭلارمۇ ياكى تۇتقان ئىلۋەسۇنلىرىڭلارنى قۇداڭ تولەمخاندىن قاچۇرغىنىڭلارمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئالىباي ئاقساقال .

ئوماق ئىتتىكلا :

— ئۇنداق ئەمەس ، باللاردىن ئەنسىرەپ ئالدىراپ مېڭىۋىدۇق ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— باللاردىن ئەنسىرىگۈدەك نېمە ئىش بوپتىكەن ؟

— كۆزلەك تەرەپتە ياۋا چېچەك تارقىلىپتۇ ، دەپ ئاڭلىدۇق .

— بۇ قايسى شۇم ئېغىزنىڭ تاپقان جەمەسى ، مەن تېخى ئالدىنقى كۈنى تىكەنلىككە بېرىپ ناسىربەگ بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىشىمدا كۆزلەكتە يېرىم كۈن تۇرۇپ ئۆتتۈم ، هېچقانداق كېسەلنىڭ گېپى يوققۇ .

ئوماق بىلەن ئۆردەك بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى .

— ئۇنداق بولسا ، سەن نېمىشقا بىزنى تېزرەك قايتىسكەن دېدىڭ ؟ — ئوماق ئەجەبلىنىپ ئالىباي ئاقساقالدىن سورىدى .

— هە ، بۇ گەپنى ئۆيدە قىلىشايلى . ۋوي ،— ئالىباي ئاقساقال ئوماقنىڭ مورىسىگە تىكىلىپ قېلىپ سورىدى ، — بۇ مىلتىقنى نەدىن ئالدىڭ ؟

— هېلىقى ئەجنەبىي هېدىن بەردى .

— سىلەر ئۇ سەپىسىن تۆرە بىلەن كۆرۈشتۈڭلارما ؟

— سەپىسىن تۆرە ؟

— هە ، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا : «سەپىسىن تۆرە» دەپ ئات قويۇۋالدى .

— مۇنداق دېگىن ، بىز ئۇنىڭ بىلەن يېڭىكۆلدە كۆرۈشۈپ قالدۇق .

— ئۇ بۇ قېتىمقى سەپىرى هەققىدە سىلەرگە گەپ قىلمىدىمۇ ؟

— ياق ، هېچنېمە دېمىدى .

— يورۇقلار، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى.

ئالىباي ئاقساقال ئىتىنىڭ بېشىنى چارا تەرەپكە بۇراپ ماڭدى. ئۇماق بىلەن ئۆردەك: «ئاقساقالنىڭ نېمە گېپى بار بولغىيتتى» دېگەندەك، بىر - بىرىگە قاراپ قويۇپ، ئاقساقالنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۇماق بىلەن ئۆردەك ئاتلىرىنى تۇلەمخانىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى لاشىڭغا باغلىۋېتىپ، ئوۋلاپ كەلگەن ماللىرىنى يۇلغۇن، توغراق شاخلىرى بىلەن قاشالانغان هويلىغا ئەكىرىپ قويۇپ، ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كىردى.

— «سەپسىن تۆرە» بىزدىن ئۆزىگە ئوبدان بىر يول باشلىغۇچى تېپىپ بېرىشنى سورىغانىدى، بىز ئۆردەكنى لايىق كۆردۇق، — دېدى ئاقساقال چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ.

ئۆردەك ئاتىسىغا قارىدى.

— ئۆتكەن ئايدا خودانگىرۇ: «ئەمدى لوپ — كۆنچىدە ناهىيە قۇرۇلۇپ هاكىم بار بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن هاكىم ئىجازەت قىلمىغۇچە، ئەجنەبىيلەرگە هەرقانداق كىشىنىڭ يول باشلىغۇچى بولۇشىغا بولمايدۇ» دېگەنىدىغۇ، — دېدى ئۇماق.

— ئۇ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىكى گەپ بولسا، بۇ هازىرقى گەپ، — ئالىباي ئاقساقال ئۇماققا قاراپ كۈلۈمسىرەپ دېدى، — «هەر كۈننىڭ بۇلۇتى ئوخشمايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

ئۇماق ئاقساقالنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي، ئۇنىڭغا قارىدى.

سۆزنى هېدىن قەشقەردە بۇ قېتىمقى سەپىرىگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ جىددىي تەييارلىق قىلىپ يۈرگەن گۇاڭشۇيىنىڭ 25 - يىلى[1] لوپ - كۆنچىدە «شىنفېڭ» ناملىق ناهىيە قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 7 - ئايدا چېن يەنسەن ناهىيىنىڭ تۇنجى هاكىمى بولۇپ هاكىملىق كۇرسىدا ئولتۇردى. خودانگىرۇ هاكىمنىڭ ۋەكىلى بولۇپ پۈتۈن ناهىيىنى ئايلىنىپ چىققانىدى. ناسىر-

---

[1] گۇاڭشۇينىڭ 25 - يىلى — مىلادىيە 1899 - يىلى.

بەگ تەۋەسىدىكى ئاقساقال ، بەگلەرنى تىكەنلىككە چاقىرتقۇزۇپ ، هاكىمنىڭ باج ـ سېلىق توغرىسىدىكى تۇنجى پەرمانىنى يەتكۈزۈپ بولۇپ ، ئوماق ئېيتقان هېلىقى گەپنى تاپىلاپ تەكشىلىگەنىدى لېكىن ، ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ناسىربەگنىڭ ئۆيىدە ناسىربەگ ، ئالىباي ئاقساقال ، خودانگىرۇلار بىلەن سۈپىن هېدىن ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان پاراڭدىن ئوماقلارنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى .

سۈپىن هېدىن گەپنى توغرىلا قىلىپ :

— ئوماق ياشىنىپ قاپتۇ ، ئۆردەكنى ماڭا يول باشلىغۇچى قىلىپ بەرسەڭلار ، — دېدى .

ناسىربەگ بىلەن ئالىباي ئاقساقال خودانگىرۇغا قارىدى . خودانگىرۇ خۇددى تىل قىسىنچىلىقى باردەك ئۇدۇق ـ بۇدۇق بولۇپ گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشتا بولىدۇ ، بولمايدۇ ، دەپ ئۇزۇپ بىرنېمە دېمىكى تەس ئىدى . سۈپىن هېدىن شۈبىت بولغىنى بىلەن ئۇنىڭغا ئارقا تىرەك بولۇۋاتقانلارنىڭ كىملىكى ، هازىرمۇ زو زۇڭتاڭ ـ لىيۇ جىنتاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر بۆلەك ئوزۇق ـ تۈلۈك تەمىناتىنى يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقانلارنىڭ كىملىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . «كىچىك ئىش»نى دەپ چوڭ ئىشقا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشقا بولمايتتى . «ئەتراپنى ئايلىنىدىكەن ، كۆرىدىكەن ، ئۆلچەيدىكەن . بەزى خارابىلىكلەردىن ئەسكى ـ تۈسكى بىرنېمىلەرنى يىغىپ ئەكېتىدىكەن شۇ . يەرنى ، قۇملۇقنى ، دەريا ، كۆللەرنى كۆتۈرۈپ كېتەلەمتى…» خودانگىرۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى ، سۈپىن هېدىن خۇرجۇنىدىن بىرىگە ئالتۇن هەل بېرىلگەن ، بىرىگە كۈمۈش يالىتىلغان ئىككى يانچۇق سائىتىنى چىقىرىپ :

— ئاددىي بولسىمۇ بۇ مېنىڭ سىزگە سوۋغام ، — دەپ كۈمۈش يالىتىلغان سائەتنى خودانگىرۇغا بېرىپ ، — بۇنى چىن هەزرەتكە ئالغاچ بېرىڭ ، — دەپ ئالتۇن هەل بېرىلگەن سائەتنى بەردى .

خودانگىرۇ ئۆزىگە بېرىلگەن سائەتنىڭمۇ ئالتۇن هەل بېرىلگەن بولمىغىنىدىن كۆڭلى بىرقىسما بولغاندەك قىلسىمۇ ، چىن

هاكىم بىلەن ئۆزىنىڭ مەنسەپ دەرىجىسىنى خىيال قىلىپ يەنە قانائەت تاپتى .

— رەھمەت ، بۇنداق قىلىش كەتمەيتتى ، — دېدى . ئۇ ھىجىيىۋىدى ، شالاڭ ، سېرىق چىشلىرى كۆرۈنۈپلا قالدى .

— بۇ سىلەرگە ، — سىۋىن ھېدىن سومكىسىدىن ئىككى قەلەمتىراچ چىقىرىپ ناسىربەگ بىلەن ئالىباي ئاقساقالغا بىردىن بەردى . ئۇ بۇ قەلەمتىراچلارنى قەشقەردىن سېتىۋالغانىدى . قەلەمتىراچنىڭ ساپىقىنىڭ ئېسىللىقىغا خودانگىرۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ قاراپلا قالدى .

— جانابلىرىغىمۇ بىرنى بېرەي ، — سىۋىن ھېدىن شۇنداق دەپ ، سومكىدىن ھېلىقىغا ئوخشاش قەلەمتىراچتىن بىرنى چىقىرىپ خودانگىرۇغا بەردى .

ئىككى سوۋغىدىن خودانگىرۇنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەندەك بولدى...

— خودانگىرۇ سىزنىڭ ئۇنىڭغا يول باشلىغۇچى بولۇشۇڭغا قوشۇلدى . سىۋىن ھېدىنغا سەندەك يولۋاس ئالدىغىمۇ ئېتىلىپ بارالايدىغان قورقماس ، جىگەرلىك ھەم قۇملۇقنىڭ كۆپ يېرىنى بىلىدىغان ئادەم كېرەككەن ، — دېدى ناسىربەگ .

— ئۇ بۇ قېتىم نەگىچە بارىدىكەن ؟ — ئۆردەك سورىدى .

— ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ بۇ قېتىم يېڭىكۆلدىن يولغا چىققىنىچە قۇملۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ، چەرچەنگە بېرىپ قايتىدىكەن . سەن ئالتۇنتاغقا بىر قېتىم بارغانغۇ ؟

— ئالتۇنتاغقا بارغان ، ئەمما چەرچەنگە بارمىغان .

— ئالتۇنتاغقا بارغىنىڭ چەرچەنگە بارغىنىڭ شۇ . تاغنى قارا كۆرۈپ كۈنپېتىشقا مېڭىۋەرسەڭ ، چەرچەنگە بارىسەن .

— قاچان ماڭىدىكەن ؟

— كۆپ بولسا بەش كۈندىن كېيىن ، ئۇ ھازىر ساڭىلا قاراپ قالدى .

خودانگىرۇمۇ ، بەگ ، ئاقساقالمۇ بارغىن دەۋاتسا ، ئۇ نېمىمۇ دېيەلەيتتى ، ئۆزىمۇ ئەتراپنى ئايلىنىشقا ، كۆپنى ، جايلارنى كۆرۈشكە ھېرىس بولغاچقا ، ئۆردەك «ياق» دېمىدى .

www.uyghurkitap.com

## 5

قۇملۇقنىڭ 12 ـ ۋە 1 ـ ، 2 ـ ئايلىرىنىڭ سوغۇقى سۆڭەكتىن ئۆتۈپ ، جاننى چاقىدۇ . بۇ كۈنلەردە ، كېچىسى قۇم مۇزىنىڭ ئۆزى بولىدۇ . مۇشۇ بىر ھەپتىدىلا دەريانىڭ قارىسى تۈگەپ، ئىككى تەرەپتىكى مۇز تۇتىشىپ كەتتى . مۇزدىن ، قۇمدىن ئۆرلىگەن سوغۇق ھاۋانىڭ سوغۇقى بىلەن قوشۇلۇپ ، تېمپېراتۇرىنى نۆلدىن ئوتتۇز نەچچە گرادۇسقا تۆۋەنلىتىۋېتەتتى . سۇگەتتاغ تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇرغان غۇر ـ غۇر شامال ، بىر سوغۇقنى ئىككى قىلىۋېتەتتى .

ھەممە تەييارلىق ئاخشاملا تەقلەپ قويۇلغانىدى . سىۋېن ھېدىننىڭ ئون ئاتلىق ، ئون بەش تۆگىلىك ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسى ئالدىغانلىرىنى ئېلىپ ، قويىدىغانلىرىنى قويۇپ ، ئەتىگەن سونۇردىلا يولغا ئاتلاندى . ئاخشام بۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئۆزلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغاچقىمىكىن ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولسا ، بەزىلىرى پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشقانىدى ، مانا ئەمدى قاق سەھەردىكى قەھرىتان قىش ھاۋاسىدا كولدۇرمىلارنىڭ بوم ـ بوغۇق ، ئوچۇق ـ جاراڭلىق ئارىلاش سۇرلۇك ئۈنلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ ، ئۇلار ئۆي ـ ئۆي ، ساتما ، كەپىلىرىدىن چىقىشىپ ، ئۇزۇن بىر قاتار سەپ بولۇپ تۆۋەن تەرەپكە[1] كېتىۋاتقان «كارۋان» غا قاراپ تۇرۇشاتتى . بېشىغا تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن چاپۇش ، ئۈچىسىغا چەكمەن ئۈستىدىن ئىچىگە پاخلان تېرىسى ئېلىنغان ئۈچۈ ، پۇتىغا قويما كىگىز پايپاق ئۈستىدىن بوز رەڭ كۆن ئۆتۈك كىيگەن ئۆردەك گويا مۇشۇ كارۋاننىڭ خوجايىنىدەك سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى . ئۇ ھازىر ھەقىقەتەن سىۋېن ھېدىننىڭ يول باشلىغۇچىسى بولغانىدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ماڭغان سىۋېن ھې-

---

[1] تۆۋەن تەرەپ — جەنۇب تەرەپ .

دىن بۆلغۈن تېرىسىدىن قۇلاقچا ، ئۈچىسىغا يەنە شۇ رەڭدىكى
بۆلغۈن تېرىسىدىن ياقىلىق قويغان ئۇزۇن خۇرۇم پەلتو ، پۇتىغا
ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈك ئۈستىدىن سىپتا قويۇلغان كىگىز كالاچ
كىيىۋالغانىدى . ئۇ كىگىز كالاچنى يەركەندە ئۇنى ئۇزاتقىلى كەل-
گەن پېتروۋىسكىينىڭ بىر ئادىمىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن سېتىۋال-
غانىدى . باشقىلارمۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قىشتىكى قۇرغاق
شاماللىق ، زەھەردەك ئاچچىق سوغۇقىغا لايىق كىيىنىشكەنىدى .
— مۇزنى مۇنچىۋالا جىق ئېلىۋالغۇچە ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېمەك-
لىك ئېلىۋالساق بولماسمىدى ؟ — دېدى شىركىن ئالدىدا كېتىۋات-
قان سىنوفقا .
— سەن بىلمەيسەن ، — سىنوف بىلىۋالغىنى بويىچە دەپ
بەرمەكتە ، — بۇ لوپلۇقلارنىڭ يەيدىغىنى قارىماققا بەك ئاددىي
بولغىنى بىلەن ، ئازراقلا يېسەڭ قورسىقىڭ تويىدىكەن ھەم تېز
ھەزىم بولىدىكەن ، ھەم قورسىقىڭنى ئاچۇرمايدىكەن .
سۋېن ھېدىن ئېكسپېدىتسىيىدە لازىم بولىدىغان نەرسە -
كېرەك تەييارلىقلىرىنى شۋېتسىيىدىلا تەقلەپ بولغانىدى . ھەر
خىل سىزىش - ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ، تۆت پۇتلۇق سۇرەت تارتىش
ئاپپاراتى ، مىلتىق - تاپانچا ، ئوق ، رەسىم سىزىشقا كېرەك بولى-
دىغان ماتېرىياللار ، لوپ كۆلىگە بارغاندا ئىشلىتىدىغان قاتلىنىد-
غان قېيىق ، چېدىر ۋە يەرلىك كىشىلەرگە بېرىلىدىغان سوۋغا -
سالاملىقلار بولۇپ يىگىرمە ئۈچ ساندۇقلۇق يۈك بولغانىدى . رە-
سىم پىلىيونكىسىدىنلا ئىككى مىڭ پارچە بار ئىدى . يەتتە ئادەم
رۇسىيە چېگراسىدىن يىگىرمە سەككىز ئات - قېچىر بىلەن ئۆتكە-
نىدى ، يىگىرمە ئاتنى قەشقەردە قالدۇرۇپ ، ئون بەش تۆگە سېتى-
ۋالغانىدى . يېڭىكۆلدە ئۆردەكتىن باشقا يەنە تۆگىلەرگە قارايدىغانغا
ئېتى بىلەن ئىككى ئادەم ياللىۋالدى . بۇ سەپەرگە ئارتۇقچە دەپ
قارالغان نەرسىلەرنى ئالىباي ئاقساقالغا ئامانەت قالدۇرۇپ ، ئالتە
تۆگىگە مۇز ، بەش تۆگىگە ئات - قېچىر ، تۆگىلەرگە بوغۇز ،
ئىككى تۆگىگە چېدىر ، ئۈچ تۆگىگە ئون ئادەمنىڭ يېمەكلىكىنى

ئارتقاندىن باشقا ، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ يوتقان - كۆرپىسى بىلەن ئۈچ كۇنلۇك يېمەكلىكىنى ئاتلىرىغا غانجۇغىلىۋالغانىدى .

شىركىن ئاتنىڭ تىزگىن تاسمىسىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ ، ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىنى قاتتىق ئىشقىلاپ تۇرۇۋېپ سوئالىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى :

— سىۋېنىنىڭ بۇ سەپىرىدىكى مەقسىتىنى بىلەلمىدىمغۇ ، نېمە قىلماقچىدۇ ؟

— تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتمەكچى ، دېدىغۇ .

— قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ نېمىگە ئېرىشىدىكەنمىز ؟

— نېمىگە ئېرىشىشىمۇ ئۆزى ئېرىشىدۇ ، بىز دېگەن ياللانما ھەمراھ شۇ .

— سەنمۇ «ياخشى ھەمراھ» دېگەن نامغا ، مېدالغا ئېرىشىپسەنغۇ ؟

«ياخشى نام ، مېدالمىش» سىنوف ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق دېدى ، بۇ ئۇنىڭ ئىچىدە غودۇڭشىغىنى ئىدى . سىۋېن ھېدىنگە تەرەپ - تەرەپتىن ، ئۇستى - ئۇستىلەپ كېلىۋاتقان شان - شۆھرەت ، مۇكاپاتلار ، ئىئانە - ياردەم پۇللار ، يازغان كىتابلىرى ئۈچۈن بېرىلىۋاتقان قەلەم ھەققى ، پۇللار - ئاقچىلار سىنوفنىڭ كۆزىنى قىزارتىپ ، ھەسىتىنى قوزغاپ قويغانىدى . سىۋېن ھېدىن ئۇنىڭ قارىشىدىن ، كۆزىدىن ئىچىدىكىنى بىلىۋالغاندەك :

— ھازىرقى پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى نۆۋەتتىكى ئېكسپېدىتسىيىگە سەرپ قىلماقچىمەن . شۇڭا ساڭا توختامدىكىدىن باشقا پۇل بېرەلمەيمەن . بۇ سەپىرىمدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن ، — دېگەندە ، سىنوف «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە ئايان» دېگەندەك ، ئۆزىنىڭ ئويىدىن ئۇيۇلۇپ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتكەنىدى .

ھازىر يەنە ئۇ : «ئېرىشىشىمۇ ئۆزى ئېرىشىدۇ» دەپ قويغىنىغا

پۇشايمان قىلىپ قالدى . چۈنكى ، سىۋېنغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن شىركىتنى بۇ گەپنى ئۇنىڭغا دەپ قويمايدۇ ، دېگىلى بولمايدۇتى . قەشقەردە سىنوف ئۇنىڭ بىر ئىشتا سىۋېن ھېدىنغا چېقىمچىلىق قىلىۋاتقىنى قۇلىقىغا كىرىپ قالغانىدى . چېقىمچىدىن پاناھ بەر ، تەڭرىم !...

سىۋېن ھېدىننىڭ ئارزۇسى چوڭ ياغاچ قېيىق ۋە قاتلىما يەل قېيىق بىلەن تارىم دەرياسىدا ئۈزۈپ بېرىپ ، لوپ كۆلىنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەمراھ كۆللەر بىلەن قوشۇپ ئەتراپلىق ، ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈپ - ئۆلچەپ چىقىش ئىدى . دەريا مۇز تۇتۇپ كەتكەچكە ، كېمىلىك بېرىشقا مۇمكىن بولماي قالدى . مۇزنىڭ ئېرىشىنى كۈتۈپ تۇرسۇنمۇ ؟ بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ۋاقىتنى ھەپتە ، كۈنلەپ ئەمەس ، سائەتلەپ ھېسابلاپ ئۆتكۈزىدىغان سىۋېن ھېدىنغا كۈتۈپ تۇرۇش چەككە مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇ بارلىق ، جۈملىدىن ھەرقانداق چوڭ ئىشلار ، ئۇلۇغ نەرسىلەر شۇ بىلىنمەس قىسقىغىنا ۋاقىت زەررىسىدىن باشلىنىپ ، چەكسىز ھاياتىيلىققا ئىگە بولىدۇ ، دەپ قارىغۇچىلاردىن بولغاچقا ، ۋاقىتنى چەككە بوش ئۆتكۈزۈۋەتكۈسى كەلمىدى . قانداق قىلىش كېرەك ؟ سىۋېن ھېدىن ئويلانغاچ دۇنيادىكى جاپالىق ئۇزۇن سەپەرچىلەرگە دائىر خاتىرىسىنى ۋاراقلاپ كۆرۈۋىدى ، جۇڭگو راھىبى فاشيەن مىلادىيە 400 - يىلى تۇنجى بولۇپ بۇ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپتۇ . ئالتە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ئىتالىيىلىك ماركوپولو ئادرىياتىك دېڭىز ساھىلىدىكى سۇ ئۈستى شەھىرى — ۋېنېتسىيىدىن چىقىپ ، جەنۇبىي يىپەك يولى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنى ياقىلاپ مېڭىپ ، دۇخان[1] ئارقىلىق خانبالىق[2] تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ . شۇنىڭدىن ھازىرغىچە بىرەر ياۋروپالىق بۇ قۇملۇقنى توغرىسىغا بېسىپ باقماپتۇ . «مەنمۇ ئۇ قىلغان تەۋەككۈلچىلىكنى قىلىپ باقاي ، لېكىن مەن ئۇنىڭ ئىزى بىلەن ماڭمايمەن . باشقىلارنىڭ ئىزىدىغا دەس-

① دۇخان — لوپنۇرلۇقلار دۇڭخۇاڭنى «دۇخان» دېگەن نامدا ئاتايدۇ .
② خانبالىق — بېيجىڭ .

سىسەڭ ، ئۆز ئىزىڭ چىقمايدۇ» . سۆيىن ھېيدىن شولارنى ئويلىدى ـ دە ، خورۇم سومكىسىدىن جوڭگو خەرىتىسىنى چىقى-رىپ ، تەكلىماكان قۇملۇقىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى .

— مانا ، مانا ، — سۆيىن ھېدىن ھاياجانلىنىپ كېتىپ ئاۋازى-نىڭ چىقىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي قالدى . ئۇ خەرىتىدىكى ئۆزى بەلگە قىلىپ قويغان يېڭىكۆلدىن باشلاپ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئۇدۇل سۈرۈپ ‹چەرچەن› دەپ خەت بىلەن كۆرسىتىلگەن توچ-كىغا ئەكېلىپ ، — بىز مانا مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە ماڭىمىز ، — دېدى .

ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان سىنوق بىلەن فېڭشى ، ئىسلامبايلار خەرىتىگە ئېڭىشىپ قاراشتى .

— ئارىلىقتا قۇملۇقتىن بۆلەك بىرەر ئېقىنمۇ يوق ئىكەن ، سۇنى قانداق قىلىمىز ؟ — فېڭشى سورىدى .

— ساندۇقلارغا مۇز قاچىلىۋالىمىز…

مانا بۈگۈن سەپەرنىڭ سەككىزىنچى كۈنى . ئالتىنچى كۈندىن باشلاپ بۇلار ئوتسىنىپ باقمىدى . چۈنكى ، ئۈچ كۈندىن بۇيان جەزىرە قۇملۇقتا يېڭىنە ـ بىگىز چاغلىق ياغاچ ، بىرەر قۇلاقلىق بولسىمۇ ئوت ـ خەس يولۇقمىدى . مۇزدەك سوغۇق قۇمدا يېتىش مۇمكىن بولمىغاچقا ، ئات ، تۆگە ئۈستىدە دىم ـ دام ئۇخلاپ كۆزلىرىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشتى ، قورسىقى ئاچسا بىلىق پوستلىقى قويمىسىدىن بىر ـ ئىككى كېسىم ياكى ئۈجۈل ـ جىگدە تالقىنى بولمىقى قاتمىسىدىن بىرەر پارچە يەۋالاتتى ـ دە ، مۇزدىن قاقچىلىك چېقىپ ئاغزىغا سېلىپ شۈمەيتتى .

بۇلار بۈگۈن سەھەردىلا ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ قالدى . ئۇلار تاڭ قاراڭغۇسىدا بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ قويرۇ-قى ئۈستىگە چىقىپ قالغىنىنى بىلەلمىگەنىدى ، مېڭىپ ـ مېڭىپ ئۆرلەۋېرىپ ، قۇملۇقنىڭ يار لېۋىگە كېلىپ قالغانىدى .

— ئاۋۇ نېمە ئاق ! — شىركىن شۇنداق دېيىش بىلەن تەڭ ، ئېتىنىڭ ئالدى بىر پۇتى پەسكە سىيرىلىپ كېتىپ ئېڭىشىپ

قالدى ، تۇيۇقسىز ئولتۇرغان شىركىن ئاتنىڭ بېشىدىن ھالقىپ چۈشۈپ ، دومىلىغىنىچە ئېگىز قۇم دۆۋىسىنىڭ يىراق بىر يېرىگە بېرىپ توختىدى . ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىدىن قۇم دۆۋىسىدىكىلەرگە ئۇ كىچىك بىر تەكىيىدەك كۆرۈنەتتى . ئۇنى دەرھال يۆلەپ تۇرغۇزۇۋالمىغاندا ، بۇنچە ئېگىز قۇم دۆۋىسىدىن دومىلاپ چۈشكۈچە خۇدىنى يوقاتقان شىركىن قۇمدا ياتقىنىچە توڭلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى .

ئۆردەك ئېتىدىن چۈشۈپ گەپمۇ قىلماي چۇلۇۋۇرنى ئىسلامبايغا تۇتقۇزۇپ قويدى ، بېلىدىن بەلۋېغىنى يېشىپ ، جۇۋىسىنىڭ ئىككى پېشىنى چىڭ تارتىپ كىرىشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ ، ئۇستىدىن بەلۋېغىنى قايتىدىن چىڭ باغلىدى ، قولاقچىسىنى ئۇستىدىن بېسىپ چۆكۈردى ، ئاندىن پەسكە بىر قارىۋېتىپ ، قۇم دۆۋىسىدىن يىلان باغرى شەكلىدە يۇگۈرۈپ پەسلەپ كەتتى . ئۇ گاھىدا تىزلىنىپ قالسا ، گاھىدا يېنىچە بولۇپ سىيرىلىپ كېتەتتى ، يەنە بىر ئاماللاپ ئۆرە بولۇپ يۈگۈرەتتى... ئۆردەك ئاخىر شىركىننىڭ يېنىغا يېتىپ باردى . تاڭ تولۇق سوزۇلۇپ كەتمىگەچكە ، ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ قىمىرلاۋاتقانلىقىنىلا غۇۋا ئىلغا قىلغىلى بولاتتى . بىركەمدە ئۇنىڭ بىرنېمىلەر دەپ تۈۋلىغان ئۈنىلا ئاڭلاندى .

— ئۆردەك نېمە دەيدۇ ؟ — سۋېن ھېدىن ئەتراپىدا تۇرغانلاردىن سورىدى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ جىددىيلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى .

— دەرھال پەسكە چۈشۈڭلار دەيدۇ ، — دېدى تۆگىگە قارىغۇچىلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ ئىسمى سالقىنباي ئىدى . ئۇ يېڭىكۆللۈك بولۇپ ، ئۇستا تۆگىچى ھەم قۇملۇق سەپىرىگە پۇختا ئادەم ئىدى . يېشى قىرىق بەشلەردە بولسىمۇ ، تېخى قىرىققا بارمىغاندەك كۆرۈنەتتى . يەنە بىرىنىڭ ئىسمى نۇر بولۇپ ، ئەمدى يىگىرمە بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان يىگىت ئىدى ، ئۇستىخانلىق ھەم ساقاللىق بولغاچقا ، قارىماققا ئوتتۇز ياشتىن ئاشقاندەك كۆرۈنەتتى .

www.uyghurkitap.com

كىشلەر ئۆنى نۆرەك ، دەپ چاقىراتتى ، ئىشتا پۆختا ، لېكىن كەم سۆز ، گىزى ئېغىرراق ئىدى .

سالقىنباي نۆرەككە :

— سەن بۆلارنى قۆم دۆۋىسىنىڭ ئەپلىك بىر يېرى بىلەن باشلاپ چۆشۆر ، مەن ئۆردەكنىڭ يېنىغا باراي ، — دەپ قويۆپ ، يۆكى يەڭگىلرەك تۆگىدىن بىرنى يېتىلەپ ، قۆم دۆۋىسىدىن يانباغىرلاپ پەسلەپ چۆشۆپ كەتتى .

ئۆردەك شىركىنىنى بىر ياندىن تۆۋلاپ ، بىر ياندىن خېلى سىلكىشلىسىمۆ ، ئۆ بىرنېمىلەرنى دەيتتىيۆ ، ئورنىدىن تۆرىدىغان ماجالى يوقتەك ئىدى ، ئېگىز قۆم دۆۋىسىدىن دومىلاپ چۆشكۆچە خېلى سوقۆلۆپ ھەرەج تارتقانلىقى ئېنىق ئىدى . ئۆردەك ئۆنى دەس كۆتۆرۆپ تۆرغۆزۆپ تۆتۆپ تۆردى ، تۆتۆپ تۆرمىسا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك ئىدى . ھەركەت قىلماي بۆنداق تۆرنۆەرىسىمۆ ، زىدىمىستان قىش ئەتىگىنىنىڭ ئاچچىق زەھەردەك سوغۆقىدا تىوڭلاپ قېلىشى تۆرغانلا گەپ ئىدى . ئۆردەك ئـۆنى مۆرىسىگە ئالـدى ـ دە ، ئۆيان ـ بۆيان ئايلاندۆرغاچ سىلكىدى ، ھەركەتلەندۆردى ، بۆنىڭ ئۆنۆمى بولدى ، شىركىن پۆت ـ قولىنى ئاستا ـ ئاستا ھەركەتلەندۆرۆپ ئۆز تىلىدا بىرنېمىنى دېدى . ئۆردەك ئۆنى يەرگە دەسسىتىپ قويۆپ ، «ماڭ» دېگەننى قىلىپ ئۆزى مېڭىپ كۆرسىتىپ ئىمالىدى . ئۆمۆ ئۆردەكنىڭ ئىشارىسىنى چۆشىنىپ ، پۆتىنى ئېگىز كۆتۆرۆپ ، ئىككى قولىنى سىلىپ مېڭىشقا باشلىدى . ئۆنىڭغا باشقىدىن جان كىرگەندەك بولدى .

سالقىنباي يېتىپ كېلىپ ، ئانچە ئۆتمەي سۆيۈن ھېدىنلارمۆ كەلدى . شىركىنىنىڭ ئۆرە تۆرغىنىنى كۆرۆپ ، سۆيۈن ھېدىنىنىڭ كۆڭلى جايىغا چۆشتى .

## 6

قۆياش قىزىل شاردەك شەپەق ئارىسىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەمەكتە ، بىلىق قاسىراقلىرىدەك بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن

قۇم دۆۋىلىرى ، كۈنگەي تەرەپتىكى يانباغىرلار چوغ رەڭ شەپەق نۇرىدا باشقىچە تۇس ئالماقتا .

— بابا سەن نېمىنى كۆرگەنىدىڭ ؟ — سۇۋىن ھېدىن شىر- كىندىن سورىدى .

ئۇ ھازىر تولۇق ئەسلىگە كەلگەن بولۇپ ، تېخى ئۇجۇل تالقى- نى ئۇيۇتمىسىدىن بىر كېسىم يەۋالغانىدى .

— ئۇنىڭ كۆرگىنى مۇز ، — شىركىن ئېغىز ئاچقۇچە ئۆر- دەك جاۋاب بەردى .

شىركىننىڭ كۆرگىنى يەرگە ئاق خەسىدىن يوپۇق يېپىپ قويغاندەك كۆرۈنگەن ئانچە كەڭ ئەمەس ، سوزۇنچاق بىر نەرسە بولۇپ ، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئويلىنىپ بولغۇچە ئاتتىن يىقىلىپ ، قۇم دۆۋىسىدىن دومىلاپ چۈشۈپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالغا- نىدى .

— مۇز ! ؟ ھېلىقى كۆرۈنگەن ئاق ، مۇزما ؟ — سۇۋىن ھېدىن ھاياجانلىنىپ كەتتى . ئۇ ئاقنى ئۇمۇ كۆرگەن ، «ئاۋۇ نېمىدۇ ؟ » دەپ باشقىلاردىن سوراپ بولغۇچە ، شىركىن ھېلىقىدەك بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوي - خىيالىنى غەم - ئەندىشىگە ئايلاندۇرۇۋەت- كەنىدى .

ئۆردەك چوڭ ياشلىق ئوۋچىلاردىن : «چەرچەن دەرياسىنىڭ قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان بەزى تارماقلىرى بەزى يەردە قۇمغا سىڭىپ كېتىپ ، يەنە بىر يەرلەردىن ئۆرلەپ چىقىپ ئېقىپ ، بىر يەرلەرگە بارغاندا يەنە سىڭىپ كېتىپ ، ئاخىر يوق بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى .

— سەن بۇرۇن بۇ تەرەپكە كېلىپ باققانمۇ ؟ — سۇۋىن ھېدىن ئۇلاپ سورىدى .

— ياق ، كېلىپ باقمىغان .

— ئۇنداق بولسا ، نېمىشقا ئۇزۇپلا مۇز دەيسەن ؟

— مۇز بولمىسا ، قارمۇ ؟

سۇۋىن ھېدىن ئۆردەكنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي قال-

دى . راست ، بۇ قۇملۇقتا مۇزدىن باشقا يەنە نېمە ئاق كۆرۈنىدۇ ، قارىمىكىن دېسە ، بۇ يىل قىش بولۇپ تېخى قار ياغقىنى يوق ، ھازىر قاراپ باقاي دېسە ، ئالدىنى قۇم دۆۋىلىرى توسۇپ تۇرۇپتۇ . سۈبىھى ھېيدىن ئۇ كۆرۈنۈشكە ئەجەبلەنمەكتە ئىدى . تۇرۇپلا پىرژىۋالىسكىينىڭ تەكلىماكان قۇملۇقى توغرۇلۇق يېزىپ كېلىپ ، بۇ قۇملۇق ھەقىقەتەن ئاجايىپ سىرلىق ئىكەن ، ئادەم ئويلىمىغان ئىشلارغا ئۇچرايدىكەن . ئاڭلىشىمچە ، چوڭ قۇملۇق ئىچىدە باش – ئاخىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان كىچىك ، ئۇزۇك – ئۇزۇك ئېقىنلار بار ئىكەن ، دېگەنلىرى ئېسىگە كېلىپ ، ھاياجانلىنىپ كەتتى . «سۇ بولغانىكەن ، ئەتراپىدىن چوقۇم ئوت قالغۇدەك بىر نەرسە تېپىلىدۇ . ئوتتا ئىسسىنغاچ چاي قاينىتىپ ئىچىۋالساق ، گۆشلىرىمىزنى ئىسسىتىپ يەۋالساق...» سۈبىھى ھېيدىن شۇلارنى ئويلىغۇدى ، ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى .

— ماڭايلى ، — دېدى ئۇ ، — ھاردۇقنىمۇ ئېلىۋالدۇق ، مۇز بار يەرگە بارايلى ، — ئۇ كېيىنكى گەپنى ئىشەنچ بىلەن ئېيتتى .

ئېگىز قۇم دۆۋىسىدىن قارىغاندا يېقىن كۆرۈنگەن بىلەن ، ئۇ يەرگە دامجوق ۋاقتىغا يېقىن ئاران يېتىپ كەلدى . ھەممىسىنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى . ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئەللىك قەدەمچە كەڭلىكتە ، خېلى يەرگىچە سوزۇلغان كرىستالدەك سۈزۈك ، كۆپ-كۆك مۇز پاياندار يېيىلىپ ياتاتتى . مۇزلۇقنىڭ ئىككى تەرىپى غۇچچىدە قويۇق يېكەن بولۇپ ، توزغاقلىرى توزۇپ كەتكەنىدى . مۇزلۇق ساھىلى چاتقال ئارىلاش يۇلغۇنلۇق بولۇپ ، بەزى يۇلغۇنلارنىڭ غولى ئادەمنىڭ يوتىسىدەك يوغان ئىدى .

سالقىنباي بىلەن نۇرەك ئات ، تۆگىلەرنى جايلاشتۇرۇپ ئوتقا قويۇۋەتتى ، قالغانلار تەرەپ – تەرەپتىن ئوتۇن يىغىپ كېلىشكە باشلىدى . ئۆردەكنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە ، ئىسلامباي ئون قەدەم ئارىلىق قويۇپ ئۇزارتىپ ئىككى يەرگە غولۇتمان يېقىۋەتتى ، ئاندىن ئابدۇشنى قويۇپ ئاستىغا ئوت قالىدى . فېڭشى بىلەن سىنوف مۇزنى پارچىلاپ قازان – ئابدۇشقا ئۇدۇللۇق تاشلاپ تۇردى .

ھەممىسى ئىككى غولۇتمان ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇشۇپ راھەتلىنىپ ئوتىسىنىشقا باشلىدى .

— گۇلخاننى نېمىشقا مۇنداق ياقىمىز كىن دېسەم ، ئالدى ـ ئارقىمىزدىن تەڭ ئىسسىيدىكەنمىز ئەمەسمۇ ، — دېدى ئىسلامباي .

— شۇنداق ، — دېدى فېڭشى ، — بولمىسا ئالدىمىزنى ئىسسىتساق ، ئارقىمىز مۇزلاپ ، ئارقىمىزنى ئىسسىتساق ، ئالدى تەرىپىمىز مۇزلاپ ، بۇنچىلىك ئىسسىمايتتۇق ، ئۆردەك ، بۇ ئۇسۇل بەك ياخشىكەن .

— قىشتا ئوۋغا چىقىپ دۈزدە قالساق ، مۇشۇنداق قىلىمىز ، — دېدى سالقىنباي .

— ئۇماچ پىشتى . كېلىپ ئىسسىقىدا ئىچىۋېلىڭلار ، — دەپ توۋلىدى گۇرۇپپىنىڭ ئاش ـ تامىقىغا مەسئۇل مۇلازىم .

ئۇنىڭ ئەتكىنى ئۇماچ ئەمەس ، ئۇجۇل ـ جىگدە تالقىنىغا بېلىق يېغى ئارىلاشتۇرۇپ چالغان تالقان بولمىقى ئىدى . بولماقنى قانداق چېلىشنى ئۇنىڭغا ئۆردەك ئۆگىتىپ قويغانىدى .

سىۋېن ھېدىن لوپ كۆلىگە قىلغان شۇ قېتىمقى سەپىرى جەريانىدا بۇنداق بولماقنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىملا ئىچىپ ، بۇ تاماقنىڭ ئەتمەك ئاسان بولۇش بىلەن ئەۋزەللىكىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلگەنىدى . بۇ قېتىمقى سەپىرى ئۈچۈن ئالىباي ئاقساقالغا دەپ يۇرۇپ ئازراق تالقان تەييارلىۋالغانىدى .

— سىنوف ، ئىسلامباي ، بىز ماۋۇ مۇزلۇقنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەپ كېلەيلى ، سايمانلارنى ئېلىۋېلىڭلار ، — دېدى سىۋېن ھېدىن .

— ئۇزۇنى يەتتە يۈز قەدەمدىن سەل ئاشىدىكەن ، كەڭلىكى قانچىكىن بىلمىدىم ، — دېدى ئوماق .

— يەتتە يۈز قەدەمدىن ئاشىدىكەن ؟ بۇنى قورسىقىڭدىن چىقىرىپلا دېدىڭ ـ ھە ؟

— ئىشەنمىسەڭلار ئۆزۈڭلار ئۆلچەپ بېقىڭلار .

سىۋېن ھېدىن ئۆردەك قارىسىغىلا گەپ قىلدى ، دەپ ئويلىـ

دى . سىنوفىنىڭ قولىدىن دۇربۇننى ئېلىپ ، ئارىلىق كۆرسەتكۈچ-
نى تەڭشەپ توغرىلاپ قويۇپ كۆزىگە تۇتۇپ قارىدى . مۇزلۇق ئۇنى
بىر ئىلاھىي كۈچ قىسىپ - يىغىپ قويغاندەك ، ئۇنىڭ ئالدىدا
تۇراتتى . سىۋېن ھېدىن ئارىلىق كۆرسەتكۈچكە قارىدى . كۆرسەت-
كۈچتە «تۆت يۈز•••» دېگەن سان تۇراتتى . دۇربۇن پۈتۈن ساننىلا
كۆرسىتىپ ، پارچە سان ئورنىغا كۆپ چېكىت چىقىرىپ تۇراتتى .
خۇددى ئۆردەكنىڭ «يەتتە يۈز قەدەمدىن ئاشىدىكەن» دېگىنىگە
ئوخشاش .

«ئۆردەكنىڭ بىر قەدىمىنى ئاتمىش سانتىمېتىر دېسەك ، يەتتە
يۈز قەدىمى قىرىق ئىككى مىڭ سانتىمېتىر ، يەنى تۆت يۈز يىگىرمە
مېتىر بولىدۇ» . سىۋېن ھېدىن مۇشۇنداق ھېسابلاپ ، نەتىجىنىڭ
ئۆردەكنىڭ دېگىنىدەك چىققىنىغا ئەقلى يەتمەي ئەجەبلىنىپ ، ئەم-
دىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۆردەككە قاراپلا قالدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا
باشقىلارمۇ ھەيران قالدى . ئۇلار بىر ئۆردەككە قارايتتى ، ئۇنىڭ-
دىن كۆزىنى ئېلىپ سىۋېن ھېدىنغا قارايتتى .

سىۋېن ھېدىن ئۆردەكنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇنىڭدىن :
— ئۆردەك ، مۇزلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ يەتتە يۈز قەدەمدىن
ئاشىدىغانلىقىنى قانداق بىلدىڭ ياكى شۇنداقلىقىنى ئەسلىدە بىلەم-
تىڭيا ؟ — دەپ سورىدى .

ئۆردەك دەسلەپ : «بۇ ئەجنەبىي كۆك كۆز مېنى سىناپ بېقى-
ۋاتىدۇ ، — دەپ ئويلىدى ، يەنە تۇرۇپ ، — ئۇ ئاشۇ نېمىسى بىلەن
ئۆلچەپ ئۆگىنىپ قېلىپ ، بىزدەك قولى بىلەن ئۆلچەشنى بىلمەي-
دىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالدى .

— بۇنداق ئۆلچەيمىز ، — ئۆردەك ئوڭ قولىنى ئالدىغا ئۇدۇل
سوزۇپ ، باش بارمىقىنى ئېگىز چىقىرىپ ، قالغان تۆت بارمىقىنى
پۈكتى ، — ئوڭ كۆزىمىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ ، باش بارمىقىمىزنى
بىز بىلمەكچى بولغان يەرنىڭ بىر جايىنى نۇقتا قىلىپ بەلگىلىۋالى-
مىز ، ئاندىن قولىمىزنى مىدىرلاتماي ، يۇمغان كۆزىمىزنى ئېچىپ
سول كۆزىمىزنى يۇمىمىز . بۇ چاغدا ، باش بارمىقىمىز ئىلگىرىكى

نۇقتىدىن يۆتكىلىپ ، باشقا بىر نۇقتىغا توغرىلىنىدۇ . ئاشۇ ئىككى نۇقتا ئارىلىقىنى كۆڭلىمىزدە ئۆز قەدىمىمىز بويىچە قانچە قەدەم چىقىدىغانلىقىنى ئۆلچەپ ، ئاندىن ئۇنى ئون ھەسسىلىسەك ، بىلـ ـمەكچى بولغان ئارىلىق چىقىدۇ . ئۇۋچىلار ئۆزىمىز بىلەن ئۇۋلۇق مال ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى مۇشۇنداق تېپىپ چىقىمىز ، — دېدى .

سۋېن ھېدىن ئۆردەكنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى . «ۋۇي ، — ئۇ ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى دېمەكتە ، — يىراق ئارىلىقنى دۇربۇن ئارقىلىق يېقىنلاشتۇرۇپ ئۆلچەش ئۇسۇلىنى بىز ياۋروپالىقلار كەشىپ قىلدۇق دېسەك ، ماۋۇلار ئۇنىڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇلىنى ئاللىقاچان يارىتىپ بوپتىكەن ئەمەسمۇ !...» ئۇ يەنە نېمىلەرنى ئويلارتتىكىن ، خىيالىنى ئىسلامباينىڭ :

— مۇز ياقىسىدىكى قۇملۇقتا تۆگە ھەم باشقا ئاچا تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ ئىزى جىق ئىكەن ، — دېگەن ئاۋازى ئۈزۈپ قويدى . سىنوف ، شىرگىن يەنە باشقا ئىككى مۇلازىمەتچىمۇ تەڭلا :

— قېنى ، نەدە ؟ — دېيىشىپ كەتتى .

سۇ بولغانىكەن ، سۇنىڭ ئەتراپىدا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپقۇ .

— بولدى ، باشقا خىياللاردا بولماي ، ئارىمىڭلىنى ئېلىڭلار ، نەرسىلىرىڭلارنى رەتلىۋېلىڭلار ، — دېدى سۋېن ھېدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ .

ئۇنىڭچە ، دەشت قۇملۇق ئىچىدە مۇز ـ سۇنىڭ بولۇشىنىڭ ئۆزىلا بىر مۆجىزە ، يەشمەك قىيىن بولغان بىر سىر ئىدى . شۇڭا ئۇ بۇ مۆجىزە — بۇ سىر ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى ھەم بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونماقچى بولدى .

سۇيى بار ، ئوتى بار ، قالايدىغانغا ئوتۇن ـ ياغىچى بار بۇنداق ياخشى يەردە قونىدىغانلىقىنى گېپىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەۋەت خۇش بولۇپ كەتتى ـ دە ، كېچىچە قالايدىغانغا ئوتۇن يىغىشقا كىرىشتى .

www.uyghurkitap.com

چۆشلۆككە ئازراق گۆش ، ئازراق قاق بىلىق پىشۇرۇپ يەپ ، سۇيىگە بۇلماق چىلىپ ئىچمەكچى بولۇشتى . ئاشخىچە سۇۋىن ھىدىن سىنوف بىلەن ئىسلامباينى ئىلىپ ، ئالدى بىلەن مۇزدىن سۇلاق ئىچىپ ، سۇنىڭ چوڭقۇر ـ تىيىزلىكىنى ئۆلچەپ ، ئاندىن يىقىن ئەتراپنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولدى . ئۇلارغا ئۆزلۈكىدىن فىكىشى قوشۇلدى . مۇزلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سۇلاق ئىچىپ تەكشۈرۈۋىدى ، مۇزنىڭ قىلىنلىقى ئوتتۇز ئۈچ سانتىمىتىر ، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى قىرىق بىر سانتىمىتىر چىقتى . مۇزلۇقنىڭ ئىككى بىشى بىلەن ئىككى يىنىدىنمۇ سۇلاق ئىچىپ تەكشۈرۈۋىدى ، ئوتتۇرىسى بىلەن ئىككى بىشىنىڭ ئوي ـ تىيىزلىق پەرقى چوڭراق ، ئىككى يىنى بىلەن بولغان پەرقى ئانچە جىق بولمىدى ، ئاندىن تۆت ئەتراپنى ئايلىنىپ كەلگىلى ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى .

گۆشنىڭ پىشىشىغا ئۇلگۈرۈپ ئۇلار قايتىپ كەلدى .

— بۇ ئەتراپمۇ بىز كىلىۋىتىپ كۆرگەن قۇملۇق ، قۇم دۆۋىلىرىگە ئوخشاش ، قۇمدىن بۆلەك ھىچنىمە يوق دەشت ـ جەزىرە ئىكەن ، — دىدى ئىسلامباي گۇلخان ئەتراپىغا كىلىپ ئولتۇرۇۋىتىپ .

گۆش يىيىلىپ بولۇندى .

سۋېن ھىدىن يەكەندە يولغا چىقىش ئالدىدا ئون بەش پاقلان گۆشى سىتىۋىلىپ ، ئۇششاق پارچىلىتىپ ، توڭلىتىپ تۆت تۆمۈر ساندۇقتا قاچىلىتىۋالغان ، قاق بىلىقنى يىڭىكۆلدە يىپ ـ يىگىنە ، پىچاق ، قەلەمتىراچ دىگەندەك نەرسىلەرگە تىگىشىۋالغانىدى . بىلىق گۆشىمۇ يىيىلدى ، گۆش شورپىسىدا ئەتكەن ئۇجول ئۇمىچىمۇ ئىچىپ بولۇندى .

ھەممىسى كۆچلۈك ئوت ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئاياغلىرىنى سىلىپ پايپىقلىرىنى ئوتقا قاقلىۋالماقچى بولۇشتى . كۆچلۈك ئوتنىڭ يالقۇنىدا ئولتۇرغان يىرىمۇ ئىسسىپ قالغانىدى ، ئىسسىق قۇم تازا خۇشياقتى . سۋېن ھىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۆردەك ، سالقىنباي ، نۇرەكلەرنىڭ ئۆتۈكىدىن چۈشكەن توزغاقتەك

نەرسىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى .
— بۇ نېمە ، ئۆتۈكۈڭلاردىن چىققان ؟ — ئىسلامباي ئۆردەك-تىن سورىدى .
— توزغاق .
— توزغاق ؟ نېمە توزغاق ؟
— يېكەننىڭ توزغىقى .
— نېمىشقا ئۇنى ئۆتۈكۈڭلارنىڭ ئىچىگە سېلىۋالدىڭلار ؟
— ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە توزغاق سېلىۋالسا ياكى پايتىمىنىڭ قېتىغا ئېلىۋالسا ، ھەرگىز پۇت توڭلىمايدۇ .
— شۇنداقمۇ ؟ مۇنداق دېگىن ، نەچچە كۈندىن بۇيان باشقىلار پۇتى توڭلاپ قاقشاپ كەتسە ، سىلەر ئۇچۇڭلار سوغۇق كۆرمىگەندەك يۈرگىنىڭلار شۇنىڭدىن ئىكەن - دە ، — سىۋېن ھېدىن ھەمراھلىرىغا قاراپ دېدى ،— بىلدىڭلارمۇ ، مانا بۇ مۇھىم تۇرمۇش ساۋاتى ئىكەن ، شۇنچىلىك ئىشنىمۇ بىلمەيدىكەنمىز ، سىلەر-مۇچۇ ، ئاۋۇ يېكەن ئارىسىدا تېخى توزۇپ كەتمىگەن توزغاقلار بولسا يىغىپ كېلىپ ، ئۆتۈكۈڭلارنىڭ ئىچىگە سېلىۋېلىڭلار .
سىۋېن ھېدىننىڭ ھەمراھلىرى ئاياغلىرىنى ئالدىراپ - ئۇش-قاپ كىيىشتى - دە ، بىر - بىرىدىن قىزغىنىشقاندەك يېكەنلىك ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى .

## 7

بۈگۈن ئۇلار ھامامدا ياتقاندەك راھەتلىنىپ ئۇخلىدى .
سىۋېن ھېدىننىڭ ئۆزىمۇ 1900 - يىلىنىڭ تۇنجى ئېيىنىڭ تۇنجى كېچىسىنى بۇنداق ھوزۇرلۇق ئۆتكۈزۈشنى خىيالىغىمۇ كەل-تۈرمىگەنىدى . ئۇنىڭ كۈنتەرتىپى بويىچە بولغاندا ، توڭلاپ يۈر-گەندىن تاڭ سەھەردىلا قوزغىلىپ يۈرۈپ كېتىش ئىدى ، لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ ئورنىدىن تۇرغۇسى يوق ئىدى ، بولسا نەچچە كۈندىن بۇيانقى كەم ئۇيقۇسىنى تولدۇرۇپ ئۇخلىۋالغۇسى بار ئىد-

دى ، ئەمما كاللىسىغا دەۋرەپ كېلىۋالغان خىيال ۋە تەسەۋۋۇرلار ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى نەچچە قۇم دۆۋىسىنىڭ نېرىسىغا ئۇلاقتۇرۇۋەتكەندى .

مانا ، يېڭىكۆلدىن قۇملۇقنى غەرب تەرەپكە يانتۇ توغرىسىغا كېسىپ ماڭغىنىغا ئون نەچچە كۈن بوپتۇ . شۇ ئون نەچچە كۈندىن بېرىسىگە كۆرگىنى كۈندۈزلىرى كۈن ۋە ئارىلاپ قاتلىمىدا نېمى ئاز بۇلۇتلار بولسا ، كېچىلىرى كۆرگىنى ئاي ، يۇلتۇز ، ئۇنىڭدىن باشقا چەكسىز دەشت قۇملۇق ، قۇم دۆۋىلىرى بوپتۇ . ئون كۈندەك بوپتۇ ، ئۇچۇپ يۇرگەن پاشا ، ئۆمىلەپ يۇرگەن بىرەر قۇرت چاغلىق جانلىق كۆرمەپتۇ . قارىماققا جاھاننىڭ كۆز ، قۇلىقىدىن يىراق ، ھاياتلىقتىن خالىي ، تىپتىنچ ، لېكىن دەھشىتى قورقۇنچلۇق ئۆلۈك قۇملۇقتا قىدىرىپ يۇرۇش ، ھېچ ئەھمىيەتسىز ، ھەتتا ئەخمىقانىلىكتەك ، قارىماققا شۇنداق . لېكىن ، سۆيەن ھېدىن بۇنداق قارىمايتتى . ئۇ ئۆزىنى ئۆزگىچە ئىنسان بالىسى ، توغرىسى مۇشۇ ۋادىنىڭ سىرتىدىكى ئىنسانلاردىن ھېچكىم ئاياغ باسمىغان بۇ تىلسىملىق قۇملۇقتا ئىزىنى چۇشۇرگەن ئادەملەرنىڭ تۇنجىسى ، بۇنىڭدىن كېيىن قەدەم باسقۇچىلارنىڭ باشلامچىسى ، پېشۋاسى ، دەپ ھېسابلىماقتا ئىدى . مۇشۇ نۇقتىدىنلا ، ئۇ بېشىغا قونىدىغان شۆھرەت تاجىنىڭ سالمىقى ، قىممىتىنى چامىلاپ باقتى . ئۇ شۇنداق خۇلاسىلىدىكى ، بۇنداق شۆھرەتنىڭ قىممىتىنى تۇتقىلىمۇ ، كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ ، پەقەت ھېسلا قىلىدۇ كىشى .

ئۇ ئاخشام يازغان خاتىرىسىنى ۋاراقلاپ ، خىيالى ئۆردەككە كېلىپ توختاپ ، تۇنۇگۇن چۇشتىن كېيىنكى بىر ئىشنىڭ تەپسىلىي جەريانى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتۈشكە باشلىدى .

تۇنۇگۇن چۇشتىن كېيىن سۇ ، ئوتۇن بار يەردە ، ئۇلار ئات ، تۆگىلەرنى راسا قاندۇرۇپ سۇغىرىۋالماقچى بولدى . مۇشۇنداق قىلىش تەكلىپىنى ئۆردەك ئوتتۇرىغا قويغانىدى .

— ئون نەچچە كۈندىن بۇيان ئات ، تۆگىلەر سۇ ئىچىش ئورنىغا مۇز يالاپ كەلدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، يېگىنى قۇرۇق ئوت

بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئۇچەي ـ باغرى سۇسىراپ كەتتى . يەنە نەچچە كۈن ماڭىمىز ، ئارىلىقتا سۇ بارمۇ ـ يوق ، بىلمەيمىز . بۇ يەردە سۇ ، ئوتۇن بولغاندىكىن ، سۇنى ئازراق ئىلىمان قىلىپ بەرسەك ، راسا قېنىپ ئىچىۋالسا قانداق ، — دېدى ئۆردەك ، سۇۋېن ھېدىنغا قاراپ .

— ئىللىتىمىز دەپ ئاۋارە بولغۇچە ، سۇلاقتىن ئىلىپلا سۇغىرىۋەرسەك بولىدۇغۇ ، — دېدى ئىسلامباي .

— ئۆردەكنىڭ دېگىنى توغرا ، — فېڭشى سۇۋېن ھېدىنغا يۈزلىنىپ كېيىنكى گېپىنى دېدى ، — توڭلاپ ئاران تۇرغىنىمىزدا ئاغزىمىزغا ئىسسىق سۇ ئېلىشىمىزغا ، ئىچىمىز ، تومۇر ـ تومۇرىمىز ئىسسىقتىن يايراپ كەتتىغۇ ، ئات ، تۆگىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش .

فېڭشى ئىرىنچەك ئىسلامباينى بىقىنىدىغاندەك قىلغان بىلەن ئۇنىڭ گېپى چوڭ خوجايىن سۇۋېن ھېدىنغىمۇ تەگدى .

— بىزدە ، — دېدى ئۆردەك فېڭشىغا دېگەن بولۇپ ، — «ئات ـ ئۇلىغىڭغا ياخشى قارىساڭ ، سېنى يولدا قويمايدۇ» دېگەن گەپ بار .

— سىنوف ، شىركىن ، سىلەر سۇ ئەكىلىپ بېرىڭلار ، ئىسلامباي بىلەن ئىككى مۇلازىم سۇ ئىسسىتسۇن ، سالقىنباي بىلەن نۇرەك ئۆزلىرى قاراۋاتقان تۆگىلەرنى سۇغارسۇن ، ئاندىن ھەركىم ئۆز ئېتىنى سۇغارسۇن ، — دېدى سۇۋېن ھېدىن .

ھەمراھلىرى ئات ، تۆگىلەرنى سۇغىرىش بىلەن بولۇۋاتقاندا ، سۇۋېن ھېدىن چېدىرىغا كىرىپ خاتىرە يازماقچى بولدى . ئۇنىڭ چېدىرى چوڭمۇ ئەمەس ، كىچىكمۇ ئەمەس ، ئوتتۇرا ھال چېدىر ئىدى . چېدىر ئۇنىڭغا نۆۋەتتە ياتاق ، يەنە بىر نۆۋەتتە يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئىشخانا ، كىتاب ئوقۇيدىغان كۇتۇپخانا بولۇپ خىزمەت قىلاتتى . يازدا ئىسسىق ، قىشتا سوغۇق ئۆتمەسلىك ئۈچۈن بىرىزېنتنى ئىچى تەرىپىدىن قېلىن پاختىلاپ شىرىپ ئەستەرلىۋالغانىدى . «ئالتاي ئاتقان پاختا بىر چاپانغا يارىماپتۇ» دېگەندەك ،

شۇنچە ھەشەم بىلەن قىلىنغان «مۇداپىئەسى» بۇ قۇملۇقنىڭ سوغۇ-
قىغا دالدا بولالمىدى . سوغۇقنىڭ زەھەردەك نەشتىرى «مۇداپىئە
تىمى»دىن غەلۋىردىن ئۆتكەندەك ئۆتۈپ كەتتى . سۇۋىن ھىيدىن
خەت يېزىش تۇگۇل قولىنىمۇ قوۋۇشتۇرالماي قالدى . قەلەم ۋە
قۇتىدىكى سىياھمۇ ئاللىقاچان توڭلاپ قالغانىدى . ئۇ بۇ خاتىرىنى
چوقۇم يېزىشى ، تەپسىلىي يازالمىسىمۇ ، مەزمۇنىنى تېزىس قىلىپ
بولسىمۇ يېزىۋېلىشى كېرەك ئىدى . ئۇ بۇنىڭ چارىسىنى قىلالماي
تۇرغاندا ، چېدىرغا ئۆردەك بىلەن فېڭشى كىرىپ كەلدى . بىرەر
مۇھىم ئىش بولمىسا خىزمىتىگە دەخلى قىلمايلى ، دەپ ھەمراھلىد-
رى سۇۋىن ھىيدىنىڭ چېدىرىغا ئۇڭايلىقچە كىرمەيتتى .

«ھە ، نېمە ئىش ؟» دېگەندەك ، سۇۋىن ھىدىن ئىككىسىگە
قارىدى .

— ئۆردەكنىڭ بىر تەكلىپى بار ئىكەن ، ئويلىسام بولىدىغان
تەكلىپكەن ، — دېدى فېڭشى . ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى
سۇۋىن ھىدىن بىللە ئۇيغۇرچىنى ھاجىتىدىن چىققۇدەك
دەرىجىدە ئۆگىنىۋالغانىدى .

— قانداق تەكلىپ ؟ — سۇۋىن ھىدىن ئۆردەككە قارىدى .
ئۆردەك فېڭشىغا قارىدى .

— ئۆزۈڭ دە ، — دېدى فېڭشى .

— كۈندۈزنىڭغۇ ئىككى غولۇتمان ئوتتۇرىسىدا ئىسسىنىپ ئۆت-
كۈزۈۋالىمىز ، كېچىدە قانداق قىلىمىز ؟ چېدىرنىڭ ئىچىگە ئوت
قالىغىلى بولمايدۇ . سىرتتا كېچىنى ئوت قالاپلا ئۆتكۈزەيلى دې-
سەك ، ئۇخلىمىساق بولماس . قۇمنىڭ ئۈستى ئوتنىڭ تاۋىدا ئىس-
سىغاندەك قىلىغان بىلەن ئاستى ـ ئاستىدىن مۇزدەك سوغۇق ،
ياتقىلى بولمايدۇ . شامال چىقىپ قالسا ئوت نەدە قالىدۇ ، بىز نەدە .
شۇڭا... — ئۆردەك تەكلىپىنى دەپ بولۇپ ، ئاخىرىدا قوشۇپ
مۇنداق دېدى ، — ئۇۋچىلار ئەتىياز ، كۈز مەزگىللىرىدە قۇملۇققا
ئوۋغا چىققاندا ، مۇشۇنداق قىلىپ قۇم ئۈستىدە ئۇخلاۋېرىدۇ .

سۇۋىن ھىدىن ئۆردەكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ :

— سىلەر لوپلۇقلارنىڭ ئاماللىرىڭلار قالتىسكەن. قارىماققا ئىپتىدائىيدەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتچانلىقىمۇ، ئىلمىيلىكىمۇ كۈچلۈككەن. چېدىرنى يۆتكەمدۇق؟ — بولدۇ، ئۇ قانچىلىك ئىشتى، — دېدى ۋە ئۆردەككە قاراپ قايىللىقىنى بىلدۈرگەندەك قىلىپ بېشىنى بىرنەچچىنى ئىرغىتتى.

ئۇلار قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ، ھەربىر چېدىر ئورنى چوڭ-لۇقىدا تۆت يەرگە ئاتمىش سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورا كولىدى، يەنە قولمۇقول ھەرىكەت قىلىپ، قۇرۇق ئوتۇننىڭ چوڭ - چوڭلى-رىنى يىغىپ كېلىپ ئورىغا تاشلاپ ئوت ياقتى. ئوتۇنلار كۆيۈپ ئالدى چوغلىشىشقا باشلىغاندا، ئۈستىگە يەنە ئوتۇن تاشلىدى. ئوتتۇز سانتىمېتىر قېلىنلىقتا چوغ چۈشكەندىن كېيىن، چوغنىڭ ئۈستىنى قۇم بىلەن ياپتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە چېدىرلارنى تىكتى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي چېدىرلارنىڭ ئىچى ھۆپپىدە ئىسسىپ كەتتى. دەمال قۇمنىڭ ئۈستىگە سېلىنچا سېلىپ ئولتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى، قۇم شۇنچىلىك قىزىپ كەتكەنىدى.

— ئۆردەك، — دېدى ئىسلامباي، — سېنىڭ بۇ چارەڭ ئالامەتكەن جۇمۇ، كېچىچە توڭلىماي راھەتلىنىپ ئۇخلاپ چىقىدى-غان بولدۇق، ساڭا قول قويدۇم.

ئىسلامباينىڭ گېپىدە ئۆردەككە قايىل بولغانلىق بىلىنىپ تۇرسىمۇ، يەنە ئۇنىڭدىن تەنە پۇرىقىمۇ گۈپۈلدەپ تۇراتتى. ئۇ ئۆردەكنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرگەن باتۇرلۇقىنى ئاڭلىغان چېغىدىلا ئۇنىڭغا ھەم ھەۋەس قىلىپ، ھەم ھەسەت قىلىپ قالغانىدى. كېيىن ئۇنىڭ سىۋېن ھېدىن تەرىپىدىن يول باشلىغۇچىلىققا تاللىن-غىنىنى ئاڭلاپ، ئىچى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك كۆيۈپ - ئېچىشىپ تولغىنىپ كەتتى. سەپەر ئۈستىدە سىۋېن ھېدىننىڭ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشى، ئۇنى ئورنى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈ-رۈپ قويغانىدى. شىركىن قۇم دۆۋىسىدىن دومىلاپ كەتكەندە، ئۆردەكنىڭ شۇئان پەسكە چۈشۈپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشى، 1895 - يىلىدىكى مەكىت سەپىرىدە ئۆزى، سىنوف ۋە فېڭشىلار

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈم گىردابىدا قالغاندا ، باسىت ، قايىملارنىڭ كېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ، «ئاجايىپلا خەقكەن بۇ ، سەپەرداشلىرىنىڭ هاياتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ نېمە بولۇشىنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن . يەنە بىر كېلىدىغان جان بولمىسا يا بۇ» دەپ ئويلاپ قالغاندى . «مانا ئەمدى بۇ يەنە···»

سۈبى هېدىن ئىسلامباينىڭ گېپىدىن ئۇنىڭ ئۆردەكنى كۆرەلمەي هەسەت قىلىپ ، گەپ بىلەن چېقىۋېلىۋاتقىنىنى سېزىۋالدى . ئۇ ئىسلامبايغا قاراپ :

— ئىسلامباي ، ئەگەر يېرىم كېچىدىن كېيىن چېدىرنىڭ ئىچى سوۋۇپ كەتسە ، قانداق قىلساق بولار ؟ — دەپ سورىدى .

ئىسلامباي سۈبى هېدىننىڭ ئۆزىدىن بۇنداق دەپ سوراپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى ، شۇڭا ئۇ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى .

ئۆردەك جاۋاب بەرمەككە تەمشىلىۋىدى ، سۈبى هېدىن ئۇنى قولى بىلەن جىمىلەپ گەپتىن توختىتىپ قويدى . سۈبى هېدىن ئۆردەكنىڭ : «بەك سوۋۇپ كەتمەيدۇ» دەيدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى . ئۇنىڭ قىياسىچە شۇنداق بولىدىغاندەك ئىدى ، ئەمەلىيەتتە تېخى قىياس قىلغىنىدىنمۇ ياخشى بولدى . سۈبى هېدىننىڭ ئۆزىدىمۇ ئىسسىق تۆشەكتىن تۇرغۇسى كەلمەي يېتىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئاخشام يازغان خاتىرىسىنىڭ ئۆردەككە بېغىشلانغان كېيىنكى ئابزاسىغا ئىختىيارسىز كۆز يۈگۈرتتى :

*··· « ئۇنى يول باشلىغۇچىلىققا تاللاپ توغرا قىپتىكەنمەن . ئۇنىڭدا يولۋاسقا خىرىس ـ هەملە قىلغۇدەك جۈرئەت ، قاراملىق ، قارا كۈچلا بولۇپ قالماي ، بەلكى ئەقىل ـ پاراسەت ، سەگەكلىك ، كىشىلەرگە كۆيۈمچانلىق ، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى تەپچىپلا تۇرىدىكەن . مەن قارىسام ، ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇشۇ زېمىنىنى ، يۇرتىنى ، قۇملۇق بولسىمۇ مۇشۇ كەڭ دالىنى سۆيىدىكەن ، ئائىلىسىنى ، جورىسىنى سۆيىدىكەن ، مەن چېغىمدا : «بۇ يەرگە كۆڭلۇم*

چۈشۈپ قاپتۇ ، دەيمەنغۇ . ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىنى ، ئائىلىسىنى سۆيۈ-شى ، سېغىنىشى ھەقلىققۇ . ئۇ دائىم بىر قوشاقنى تەكرارلاپ ئېيتىدۇ . دىققەت قىلىپ ئاڭلاپ قوشاقنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭقىرىۋالدىم . ئۇ قوشاقنى مەنمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم . بايا مەن ئۇنى چاقىرىپ ھېلىقى قوشىقىڭنى ئېيتىپ بەر ، مەن يېزىۋېلىپ يۇر-تۇمغا ئالغاچ كېتەي دېسەم ئېيتىپ بەردى . مانا يېزىۋېلىۋاتىمەن :

تولا ماڭىپ قاپىرىپ كەتتى پۇتۇم ،
زېرىكمەيمەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم .
سەن يادىمغا يەتكەندە جانالىقىم ،
لاچىن بولۇپ قاناتلانىپلا ئۇچتۇم .

ئەللەر دەيدۇ : تولا ماڭدىڭ چاراغا ،
قارامادىڭ پۇتۇڭداقى ياراغا .
سەن يارنى دەپ يۇرەك - باغرىم يىغلايدۇ ،
سەن بىلمىسەڭ ئايان ھالىم خۇداغا .

تولا ماڭسا نېمە بوپتۇ ، ئۆز يۇرتۇم ،
يول ماڭىشقا يارىتىلغان بۇ پۇتۇم .
بۇ دۇنيادا مەن باشقىنى دېمەيمەن ،
دۆلەتخانىم جاھاندا بىر جان قۇتۇم .

ئۇنىڭ قوشىقىدىن يۇرىكىدىكى يۇرتىغا ، يار - جۇپتىگە لاۋۇلداپ تۇرغان سۆيگۇ مۇھەببەت ئوتىنى ، ۋۇجۇدىدىكى ۋاپادار-لىق ، مېھرىبانلىقنى كۆرگەندەك بولدۇم… »

«ئوت كېتىدۇ ئۇكەش[1] قالىدۇ ، سۇ كېتىدۇ نوكەش قالىدۇ »

[1] ئۇكەش    قوغ - قوقاس ، ئوتنىڭ تاۋى .

دىگەندەك ، سەپەرچىلەر ئىسسىق ئوت ـ قوغنى ، سۇ ـ مۇزنى
قويۇپ ئاخىرى قوزغالدى . سەپەر كارۋىنى بىر قاتار بولۇپ ئۇزۇن
سەپ تارتىپ ، تىلسىملىشۋەتكەندەك سۇرلۇك ، ئۆلۈك قۇملۇقتا ئىز
قالدۇرۇپ ، ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى يامزىلىدىن ئەگىدى . تۆگىلەر-
نىڭ بىر خىلدا لوڭۇلداپ قەدەم ئېلىشى بىلەن تەڭ كولدۇرمىلار-
دىن چىققان بوم ـ بوغۇق ، زىل ـ ئىنچىكە ئاۋازلار يىراق ـ
يىراقلارغا كەتمەكتە ۋە بارغانسېرى سۇسلاپ بوش ، ئاران ـ ئاران
ئاڭلانماقتا ئىدى .

مۇزلۇقتىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە بىرنەچچە ياۋا
تۆگە ، يەنە بىر يەردە بىر توپ كېيىك ، جەرەنلەر خۇددى تۇيۇقسىز
پەيدا بولۇپ قالغان بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ يەردىن تېزرەك كېتىپ
كۆزىدىن يوقىلىشىنى كۈتۈپ ۋە كۆزىتىپ تۇرغاندەك قورقۇنچ
بىلەن بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراپ تۇرۇشاتتى . مۇشۇ سۇرلۇك
ئاۋازلار تۇنۇگۈن ئۇلارنى چۆچۈتۈپ ، قۇملۇقنىڭ يىراق ئىچكىرى-
سىگە كەتكۈزۈۋەتكەنىدى . ئۇلار بىر كېچە ـ كۈندۈز مۇز يالىيال-
ماي ، ئىچى قۇرۇپ چاڭقاپ كەتكەنىدى . سەپەرچىلەرنىڭ قارىسى
كۆزدىن ، كولدۇرما ئاۋازى قۇلاقتىن ئۆچكەندىن كېيىن ، قۇم-
لۇقنىڭ بۇ ئەركىلىرى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ، يەنە پات ـ پات
ئەتراپقا قاراپ ـ قويۇپ ، ئاستا ـ ئاستا قەدەم بېسىپ ،
مۇزلۇققا تەشنالىق بىلەن يېقىنلاپ كەلمەكتە .

## 8

ئاخشام تاغ تەرەپتىن كەلگەن غۇر ـ غۇر شامال ئەلياتقۇ
مەھەلدە بىردىنلا كۈچىيىپ ، ئالەمنى ـ مالەم قىلىۋەتكىلى
تاس ـ تاماس قالدى . ھېلىمۇ ياخشى ، ئۆردەك ئۆيگە ماڭار
چېغىدا : «مۇشۇ مەزگىلدە بۇ يەرنىڭ تاغ تەرەپتىن ئۇرىدىغان شا-
مال ـ بورىنى بەك قاتتىق ، چېدىرىڭلارنى ئۇچۇرۇپ كەتسە ، سو-
غۇقتا تۈزدە قالىسىلەر ، چېدىر ئەتراپىنى ئېغىر نەرسىلەر بىلەن

باستۇرۇپ چىڭ تارتىۋېتىڭلار» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويغىنى، بولمىسا تۇزدە قېلىپ كۆرگۈلۈكنى كۆرۈشەركەن. شامالنىڭ ھەرقىسما ھۇشقىيتقان، ھۇۋلىغان ئاۋازىغا ئۇچۇرۇلغان قۇملارنىڭ «شار - شۇر»لىغان ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ شامالنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇراتتى. ئۇچقان قۇملار شۇرقىراپ كېلىپ چېدىرغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلسا، كىشى قۇملار خۇددى بەدىنىگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك سېزىمدە بولاتتى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، بولدىلا، ئۇرۇلىۋېرىپ ئۆزىمىزنى خورىتىۋەتمەيلى، كۆچمىز كېيىنكىمۇ قالسۇن، دېگەندەك، شامالنىڭ ھەيۋىسى بوشاپ، سۇرلۇك ئاۋازى سۇسلاپ، غۇرۇلداپ قالدى. ھازىرمۇ غۇر - غۇر…

سىۋېن ھېدىن يەرگىلا يېيىۋالغان جۇڭگو خەرىتىسى بىلەن پرژېۋالىسكىي سىزغان لوپ كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ خەرىتىلىرىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئولتۇراتتى.

— مەن قارىسام، — دېدى ئۇ يېنىدا ئۆرە تۇرغان سىنوفقا، — لوپ كۆلى رايونى پۈتۈن تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ كىندىكىدەك قىلىدۇ.

سىنوف سىۋېن ھېدىننىڭ گېپىگە ياندىشىش ئورنىغا:

— سىۋېن تۆرەم، — يەرلىك كىشىلەرنىڭ سىۋېن ھېدىننى «سەيسىن تۆرە» دەپ ئاتىغىنىغا قاراپ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بەزىدە ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتايدىغان بولدى، — بۈگۈن قانداق كۈن؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈنما؟ — سىۋېن ھېدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىرپەس تۇرۇپ كېتىپ، سىنوفقا قاراپ، بىلەلمىدىم، دېگەننى قىلىپ بېشىنى يېنىك ئىرغىتىپ قويدى.

— بۈگۈن 19 - فېۋرال ئەمەسمۇ.

— ھە، راست، شۇنداق - شۇنداق، ھەرگىز ئېسىمگە كەلمەپتۇ. بۈگۈننى ئوبدان خاتىرىلەيلى، — دېدى سىۋېن ھېدىن.

بۈگۈن 1900 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، سىۋېن

هېدىننىڭ ئوتتۇز بەش ياشقا تولغان كۈنى بەش يىللىق ئالدىدا تۇنجى سەپىرىنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا تۇغۇلغان كۈنى ئېسىدە يوق يۈرگەندە، ھەمراھلىرى مەكىت ئەتراپىدىكى ئۆز چېدىرىدە ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. مانا، ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپتۇ. ئارىلىقتا ئائىلىسىدە ئاتا ـ ئانىسى، ئىنى ـ سىڭىللىرى بىلەن جەم بولۇپ تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسىنى بىرگە ئۆتكۈزگەنىدى، ئەمما ھازىر بۇ كۈننىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىدە يوق ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى كۆپ زامانلار بۇرۇن لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان، ئەمما كېيىنكى چاغلاردا ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىپ، قۇرۇپ كەتكەن كونا دەريا ئىزلىرىنى تەكشۈ-رۈش، ئۆلچەشتە، نەتىجىنىڭ ئۆزى قىياس قىلغاندەك بولۇش ـ بولماسلىقىدا ئىدى.

سۋېن ھېدىن ئەمدى ئويلىسا، 19 ـ ئەسىر چىقىپ كېتىدى-غان ئاخىرقى ئاينىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ تۇنجى ئېيىنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئون كۈنى ئۇنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىنى شىمالدىن جەنۇبقا — چەرچەنگىچە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئالتۇن ئايلىرى ئىكەن. سەپەر جەريانىدا بىرەر ئالاھىدە ئەھۋالغا يولۇقمىغان ياكى بىرەر مۇھىم نەرسە بايقىمىغان بولسى-مۇ، فاشىيەن ۋە ماركوپولودىن كېيىن قۇملۇقنى توغرىسىغا بېسىپ ئۆتكىنىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە تارىخىغا ئۆچمەس ئىز سالغانلىق ئىدى، شۇنداقلا بۇ يىلقى تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەشكە ئەرزىيتتى. شۇ تاپتىلا گۈپپىدە ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش كەچتى.

— خاتىرىلەيلى، سەن چىقىپ، — سۋېن ھېدىن سىنوفقا ئىش تاپشۇردى، — ھەمراھلارنى چېدىرىمغا چاقىرىپ كىر.

سىنوف چېدىردىن چىقىپلا، قالغان بەش ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىردىن ئاتاپ چاقىرىپ، «سۋېن تۆرە»نىڭ چېدىرىغا كى-رىڭلار، دەپ توۋلىدى.

— بۈگۈن مېنىڭ ئوتتۇز بەش ياشقا تولغان كۈنۈم، — ھەمراھلىرى چېدىرغا كىرىپ ئېگىز چويۇن مەشنى چۆرىدەپ سو-

غۇق برېزېنت پالاسنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، گېپىنى باشلىدى ، — بۇ قېتىمقى سەپەردە مەن بىلەن تەڭ جاپا چەككىنىڭلار . توغۇلغان كۈنۈمنىڭ خاتىرە سوۋغىسى ئورنىدا ھەممىڭلارغا يېرىم ئايلىق ئىش ھەققىڭلار باراۋىرىدە پۇل قوشۇپ بېرىمەن ، — ھەممىسى خۇش بولۇشۇپ بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى ، — بىر ھەپتىدىن كېيىن لوپ كۆلى ئەتراپىنى تەكشۈرۈشكە ئاتلىنىمىز . بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن ، بەلكى مۇشەققەتلىك بولار ، تەييارلىقنى پۇختا قىلايلى .

سەپەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەنە بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى . ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى بايىقى خۇشلۇقىنىڭ كۆلەڭگىسى سەل سۇسلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى...

سۋېن ھېدىن ئوتتۇز بەش ياشقا تولۇپ بەشىنچى كۈنى ، لوپ كۆلىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى تەكشۈرۈش ئېكسپېدىتسىيىسىگە ئاتلاندى . ئۇ يېڭىكۆلگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن بۇيان يەرلىك كىشىلەر بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالدى . ئۇ ئادەتتە مۇھىم ئىشى بولمىسا مەھەللە ئىچىگە كىرمەيتتى ، ھەمراھلىرىنىڭمۇ مەھەللىگە كىرىپ بەزى ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن ئارىدا سۈركىلىش پەيدا قىلىپ قويۇشىدىن بەك ئەنسىرەيتتى ، ئۇلارنىڭ مەھەللىگە خالىغانچە كىرىشىنى توسايتتى . ئۇ ھەمراھلىرىغا يەرلىك كىشىلەردىن بىر نەرسە ئالماقچى بولسا ، چوقۇم ھەققىنى بېرىپ ئېلىشنى تۇزۇم قىلىپ بەلگىلىدى . ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولغانىدى :

سنوف بىلەن ئىسلامباينىڭ بىر كىشى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان چوڭ بىر بېلىقىقا كۆزى چۈشىدۇ . سنوف بېلىق ئىگىسىگە :

— بېلىقنى بىزگە بەرسەڭ ، — دەيدۇ .

ھېلىقى كىشى نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالىدۇ . «ياق» دېگۈسى بولسىمۇ ، سنوفنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى كۆرۈپ قورقۇپ قالىدۇ - دە ، بېلىقنى يەرگە تاشلاپلا كېتىپ قالىدۇ . سنوفلار

بېلىقنى پىشۇرۇپ يېيىشكە تەمشىلىپ تۇرغاندا، ئالىباي ئاقساقال مەھەللىدىكى بىرنەچچە كىشى بىلەن چېدىرغا كىرىپ كېلىدۇ.

— سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز بىر ئادىمىمىزنىڭ بېلىقىنى ئېلىۋاپتۇ. ھازىر مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۆيۈمگە كېلىپ سىلەرنىڭ كېتىشىڭلارنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. لوپ ئادەملىرى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالىدىغان ئىشنى بەك ئېغىر ئالىدۇ، — دەيدۇ ئالىباي ئاقساقال، سۋېن ھېدىننىڭ تەكەللۇپىنى كۈتمەيلا.

سۋېن ھېدىن «بۇ نېمە ئىش» دېگەننى قىلىپ، ئادەملىرىگە قارايدۇ. سىنوف يەرگە قارىۋالىدۇ. ئىسلامباي نائىلاج بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

— ئادەملەر ھازىرمۇ ئۆيىڭىزدىمۇ؟ — سۋېن ھېدىن ئاقساقالدىن سورايدۇ.

— ئۆيۈمدە، مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنى كۈتۈپ ساقلاپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا، بىز ھازىرلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارايلى، سىنوف، — سۋېن ھېدىن سىنوفقا قارايدۇ، — پىشۇرغان بېلىقنى بىرنېمە بىلەن يۆگە، — ئاندىن باشقا ھەمراھلىرىغا دەيدۇ، — ھەممىڭلار مەن بىلەن مېڭىڭلار.

سۋېن ھېدىن ھەمراھلىرىنى باشلاپ ئالىباي ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، چوڭ ۋە ئوتتۇرا ياشلىق بولۇپ يىگىرمە نەچچە كىشى غالدىراڭ قومۇش بىلەن ئېگىز قاشالانغان ھويلىدا سوغۇقنى سوغۇق دېمەي تۇرۇشقانىكەن.

— مېنىڭ بۇ ئادىمىم، — دەيدۇ سۋېن ھېدىن سىنوفنى كۆرسىتىپ كۆپچىلىككە قاراپ، — ئاراڭلاردىكى بىر كىشىنىڭ بېلىقىنى ھەق بەرمەيلا ئاپتۇ. بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېرىم ئايلىق ھەققىنى تۇتۇپ قالىمەن ھەم مەن سىلەرگە ناماقۇل بولۇش بىلەن مۇنداق بىر ئىشنى سىلەرگە دەپ قوياي: بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئادەملىرىمدىن بىرەرسى سىلەردىن بىر نەرسە ئالماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ھەققىنى بېرىپ ئالىدۇ. ھەققىنى بەرمىگۈچە

سىلەرمۇ ھېچنېمە بەرمەڭلار . ناۋادا بۇگۇنكىدەك ئىش سادىر بو-
لۇپ قالىدىغان بولسا ، ئۇدۇل مېنى ئىزدەڭلار . ماڭا دەڭلار .
ئالىباي ئاقساقال كۆپچىلىككە قاراپ :
— «سەپىسىن تۆرە»نىڭ دېگىنىدىن رازى بولدۇڭلارمۇ ؟ رازى
بولغان بولساڭلار ئۆيۈڭلەرگە كېتىڭلار ، — دەيدۇ .
كىشىلەر ئورنىدىن قوزغىلىشىغا ، سۈۋېن ھېدىن :
— توختاڭلار ، يەنە مۇنداق بىر ئىش بار ، ھېلىقى بېلىق
كىمنىڭكىدى ؟ — دەپ سورايدۇ .
توپنىڭ ئىچىدىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن ، ئالىباي ئاقسا-
قال ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ :
— مۇشۇ كىشىنىڭ بېلىقى ئىكەن ، — دەيدۇ .
سۈۋېن ھېدىن سىنوفنىڭ قولىدىن يۆگەكلىك چوڭ بىر بوپې-
نى ئېلىپ :
— بۇ سىزنىڭ بېلىقىڭىز ، — دەيدۇ ھېلىقى كىشىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ .
ھېلىقى كىشى ئالىباي ئاقساقالغا لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ :
— بولدى ، بۇ ئىش تۈگىدىغۇ ، ئۆزۈڭلار ئېلىپ كېتىپ
يەڭلار ، — دەيدۇ .
سۈۋېن ھېدىن بېلىقنىڭ ئازراق بىر قىسمىنى ئېلىپ قېلىپ ،
قالغىنىنى ھېلىقى كىشىگە بېرىۋېتىپ ، يانچۇقىدىن ئادەتتىكىچە
بىر قەلەمتىراچنى چىقىرىپ بېرىدۇ . ئۇ مەسىلە شۇنىڭ بىلەن
«زىخمۇ كۆيمەي ، كاۋاپمۇ كۆيمەي» چىرايلىق ھەل بولىدۇ . ئۇ
ئىش سۈۋېن ھېدىنغا ئاچچىق ساۋاق بولۇپ ، شۇنىڭدىن كېيىن
يەرلىك كىشىلەر بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتتە سەزگۈر يۈرۈيدىغان
بولىدۇ .
ئۇ بارگاھقا ئىسلامباي بىلەن شىركىنىنى ، يەنە ئون تۆگىنى
قالدۇرۇپ ، تۆت ھەمراھىنى ، تۆگىچى سالقىنباينى ئېلىپ ، ئۆر-
دەكنىڭ يول باشلىشىدا يۈرۈپ كەتتى .
ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسى يېڭىكۆلدىن ئۇدۇل مېڭىپ دىل-

پارغا كەلدى . بۇ مەھەللىدە يىگىرمە تۆت يىل بۇرۇن پىرژىۋالىس-
كىي كەلگەندە ئۇن نەچچە ئائىلە ئادەم بار ئىدى . تارىم دەرياسىنىڭ
بىر كىچىك تارماق ئېقىنى مەھەللىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى .
ئۇن بەش يىلنىڭ ئالدىدا دەريانىڭ ئېقىش يولى تۆۋەنگە تارتىلىپ
كەتكەندىن كېيىن ، كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى چارا ، كۆزلەك تەرەپ-
لەرگە كەتتى ، ئاز بىر قىسمىلا كىچىك بىر كۆل بويىغا يۆتكىلىپ
كېلىپ ساتما تىكىپ ئولتۇرۇشقانىدى . كەچكە يېقىن گويا يەر
تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلانغان كولدۇرما ئاۋازى كىشىلەرنى
ھەيران قالدۇردى . بۇ كىشىلەر يىگىرمە تۆت يىلدىن بۇيان بۇنداق
بوغۇق ، ئەمما سۈرلۈك ئاۋازنى ئاڭلىمىغان ، بەلكى ئۇنتۇپ كەتكە-
نىدى . لوپ ئادەملىرى ئادەتتە مەھەللىدە تۆگە ۋە باشقا ھەرقانداق
ھايۋانغا كولدۇرما ـ قوڭغۇراق ئېسىپ يۈرمەيتتى . پەقەت يىراق
سەپەرگە چىققاندا ، زۆرۈرىيەت بىلەن قومۇلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە
كىرىشكە توغرا كەلگەندىلا مىنگەن ، ھەيدىگەن ئۇلاغلىرىغا كول-
دۇرما ئاساتتى .

كولدۇرما ئاۋازى بارغانسىرى يېقىنلاپ كەلمەكتە .

— بۇ قاتتىق سوغۇقتا يىراقتا سەپەر ئالغان كىملەردۇ ؟

— نەگە ماڭغاندۇ ؟

— دۇخان تەرەپكە ماڭدى ھەقىچان .

— دۇخانغا قاراقوشۇن كۆلى ، ئابدال تەرەپ بىلەن ماڭماي
بۇ يەردە نېمىش قىلىدۇ ، بۇنداق ماڭسا پىچان تەرەپكە كېتىپ
قالامدۇ ؟

كېلىۋاتقان «كارۋان» توغرىسىدا چوڭلار ئەنە شۇنداق دېيىـ-
شەتتى ، بالىلار بولسا ۋەھىمە ھېس قىلىۋاتقاندەك ئانىلىرىنىڭ
بېقىنىغا كىرىۋېلىشماقتا ئىدى .

كولدۇرما ئاۋازى توختاپ ، ئادەملەرنىڭ گۈدۈڭلاشلىرى
ئاڭلاندى .

— ئۆردەك كېپتۇ ، يېڭىكۆلدىكى سالقىنباي كېپتۇ ، —
كىمدۇر بىرى توۋلىدى .

چوڭ ياشلىق ئەرلەر ساتمىلىرىدىن چىقىشتى ، ئاياللار ، بالىلار ئىشىكتىن باشلىرىنى چىقىرىپ كەلگۈچىلەرگە ھەيرانلىقتا قارىشاتتى . بولۇپمۇ ، ياشلار بىلەن باللار كەلگەنلەر ئارىسىدىكى كۆك كۆز ، سېرىق چاچ ، بىر قىسمىلا كىيىنىۋالغان سۈپىن ھېيدىن ، سىنوف ، شىركىنلەرگە قاراپ ھەيران قېلىشاتتى ، ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى . ئۆردەكتىن كۆك كۆزلەرنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، ئۇلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى ، بەلكى : «كونا ئېقىن ئىزىنى ، كۆل ئەتراپىنى تەكشۈرۈپ نېمە تاپىدىكىن ، ئەخمەقتەك ئىش قىلىدىغان بىرنېمىلەركىنە بۇ» دېيىشتى شۇ .

سۈپىن ھېدىنلار دىلپاردا بىر كېچە قونۇپ ، ئەتىسى سەھەردە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ، لوپ كۆلىنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى .

سول تەرەپ قۇرۇقتاغ ، ئوڭ تەرەپ چەكسىز دەشت قۇملۇق . يەتتە ئات ، بەش تۆگىلىك گۇرۇپپا قۇرۇقتاغنىڭ ئېتىكىنى ياقىلاپ شەرققە كېتىۋاتماقتا . ناگان ـ ناگاندا ئۇچراپ قالىدىغان چاكاندا ، يۇلغۇنلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بۇ قۇملۇقتا مۇشۇ يولۇچىلاردىن باشقا ھاياتلىق يوقتەك ئىدى . سۈپىن ھېدىن ئاتلىق كېتىۋېتىپ ياكى قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ دۇربۇن بىلەن ئەتراپقا قارايتتى ، بەزىدە تېخى تۆش يانچۇقىدىن كىچىك ئىنجىلنى چىقىرىپ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ : «مېنى ئىزدىگىنىمگە يەتكۈز» دەيتتى . ئۇنىڭ ئىزدەيدىغىنى كۆنچى دەرياسىنىڭ كۆپ زامانلار بۇرۇنقى ئېقىن ئىزى ئىدى . ئۇنىڭغا بۇرۇن مۇشۇ ئەتراپتا چوڭ بىر دەريانىڭ بولغانلىقىنى چەرچەن سەپىرىدە ئۆردەك سۆزلەپ بەرگەنىدى . ئۆردەك سۈپىن ھېدىنغا ، بۇ دەريا توغرىسىدا ئۆزىگە قالاچ قاناقانىڭ نېمىلەرنى دەپ بەرگەنلىكىنى ، قالاچ قاناقانىڭ كىملىكىنىمۇ سۆزلەپ بەرگەنىدى . شۇڭا سۈپىن ھېدىن ئۆردەكنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە ، دەپ قارايتتى ، دەريا ئورنىنى تاپالماسلىقىغا ئىشەنمەيتتى ، ھېلى بىر ـ ئىككى ئادەمنى

تاغ تەرەپكە ماڭدۇرۇپ باقسا ، ھېلى بىر ـ ئىككى ئادەمنى پەسكە — قۇملۇق تەرەپكە ماڭدۇرۇپ كۆرەتتى ، ئۆزىمۇ ئىز دەيتتى . مۇشۇنداق مېڭىش بىلەن بەش كۈن ئۆتتى . ئالتىنچى كۈنىگە ئۆتكەندە قۇمدا چوقچىيىپ چىقىپ قالغان ، قۇرۇپ داغىغا ئايلىنىپ كەتكەن توغراق كۆتەكلىرى ئۇچراشقا باشلىدى . سۇېن ھېدىن سەپسېلىپ قاراپ ، توغراق كۆتەكلىرىنىڭ بىر يۆنىلىشتە تۇرغانلىقىنى بايقىدى ـ دە ، كونا دەريا ئورنىنى تاپقاندەك خۇش بولۇپ كەتتى .

— سالقىنباي تۆگىلەرگە قاراپ تۇرسۇن ، باشقىلىرىمىز ئەتراپقا تارقىلىپ ، بۇرۇن سۇ ئاققانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر ئالامەت بارمۇ ئىزدەيلى ، — دېدى سۇېن ھېدىن .

ھەممىسى تارقىلىپ مېڭىشتى .

— تۆرە ، بۇ يەرگە كېلىڭلا ، بۇ يەردىكى ئورەكلەردە ئاجايىپ بىرنېمىلەر تۇرىدۇ ، بەك جىق ئىكەن ! — دەپ توۋلىدى ئۆردەك ، پەس بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ تۇرۇپ .

«ئۇ قانداق نەرسىلەردۇ ، سۇدا ياشايدىغان نەرسە بولۇپ قالسا...» سۇېن ھېدىن ئىچىدە شۇنداق دېدى ـ دە ، ئۆردەك تەرەپكە ئات سالدى .

## 9

خۇددى مۇز چىراي ئادەمنىڭ قىياپىتىدىن مېھرى ئىللىق ئادەمنىڭ ئوبرازىنى يارىتىۋاتقان ماھىر قىزىقچىدەك ، سۇېن ھېدىننىڭ خۇشلۇقىغا جور بولۇپ ھاۋانىڭ بايامقى سۈرۈن ، تۇمانلىق ، سوغۇق تەلەتى يوقاپ ۋاللىدە ئېچىلىپ كەتتى . كۆنچى دەرياسىنىڭ لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان بۇرۇنقى غول ئېقىن ئورنى تېخى تېپىلمىغان بولسىمۇ ، تارماق ئېقىن قىنىنى تاپقانلىقىمۇ چوڭ بايقاش ئىدى .

سۇېن ھېدىن ئۆردەك تۇرغان يەرگە كېلىپ بىرنەچچە

ئورەك ـ ئازگاللارغا يىغىلىپ قالغان نورغۇن قۇلۇلە قاپلىرىنى كۆردى ـ دە ، ئاتتىن چۈشۈپ ئازگال يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . بۇ چاغدا ، باشقىلارمۇ كېلىپ بولغانىدى . سۇۋېن ھېدىن قۇلۇلە قاپلىرىنى تۇتۇپ بېقىۋىدى ، ئۇندەك ئۇۋۇلۇپ كەتتى . ئۇزاق يىل-لاردىن بۇيان ئاستى تەرىپىدىن قىزىغان قۇم قىزىتىپ ، ئۈستىدىن ئاپتاپ كۆيدۈرۈپ ، ئۇلارنى پوزمانغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى . سۇۋېن ھېدىن قىياسى بويىچە ئېقىننىڭ كەڭلىكىنى مۇقىملاپ ئۆلچىدى ، يۇقىرى ـ تۆۋەن مېڭىپ تەكشۈردى ، خەرىتىسىنى سىزدى . بۇ يىل ئۇنىڭ ئامەتلىك يىلى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك ، ئۇ ھەم خۇشال ، ھەم ئۈمىدۋار ئىدى . تارماق ئېقىن بولغان يەردە چوقۇم غول ئېقىن بولماي قالمايدۇ ، دەپ ئىشىنەتتى . «خىيال خىيال تۇغىدۇ» سۇۋېن ھېدىن يېڭى خىيال ، ئاجايىپ تەسەۋۋۇر بىلەن كېتىۋاتاتتى ، سىنوف بىر گەپ بىلەن ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالى-نىڭ بېلىگە تېپىپ ، پەجىرىنى ئۈچۈرۈۋەتتى .

— بۇنداق دەشت قۇملۇقتا قۇلۇلە قاپلىرى نېمىش قىلىدۇ ، راستىنلا بۇ يەر بۇرۇن ئېقىنمىدىكىنە ؟

«ئاقىلنىڭ قىلغان بىر ئىشىغا نادان مىڭ كۈن باش قاتۇرار » دېگەن شۇ...

سەپەر ، ئىزدەش داۋاملاشماقتا . ئەتىسى چۈشكە يېقىن ـ يىراقتىكى ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە بىر ئاتلىق ئادەم كۆرۈندى . سۇۋېن ھېدىن ، ئۆردەكلەر ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق بۇ جەزىرىدە يالغۇز يۈرگەن ئادەمگە ھەيران قالدى . ئۇمۇ بۇلارنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن بولسا كېرەك ، قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ بۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئۆردەك يىراقتىنلا ئۇنىڭ تاغلىق ئوۋچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى . ئۇ بىر شاغدار مىلتىقنى ئالدىغا توغرىسى-غا قويۇۋېلىپ ، مۈرىسىگە ئوقيا ئېسىۋالغانىدى . يېقىن كەلگەندە ئۆردەك ئۇنىڭغا ، ئۇ ئۆردەككە قاراپ قالدى .

— نەدىن كەلدىڭلار ، نەگە كېتىۋاتىسىلەر ؟ — ئوۋچى ئۆر-دەكتىن سورىدى .

www.uyghurkitap.com

— يېڭىكۆل تەرەپتىن كەلدۇق ، لوپ كۆلى تەرەپكە كونا بىر ئېقىننى ئىزدەپ كېتىۋاتىمىز .

— بۇلار... ؟ — ئوۋچى سۋېن ھېدىن ۋە باشقىلارنى ئىما قىلدى .

— ھە ، كونا ئېقىننى ئىزدەيدىغانلار مۇشۇلار ، بۇ كىشى ، — ئۇ سۋېن ھېدىننى كۆرسەتتى ، — «سەپىسىن تۆرە» ، مۇشۇلارنىڭ باشلىقى ، مەن يول باشلىغۇچى ، ئات جونۇم ئۆردەك .

— ئۆردەك ! چارلىق ئوماقنىڭ بۇقىدەك يوغان بىر يولۋاسنى بوغۇزلىۋەتكەن ئوغلى ئۆردەك سىزمۇ ؟

ئۆردەك جاۋاب بېرىش ئورنىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى .

— مۇنداق دەڭ ، مېنىڭ ئات جونۇم ئابدۇرېھىم ، كىشىلەر ئابدۇرېھىم جەگرەن[1] دەيدۇ .

— سىڭىرلىق ئابدۇرېھىم ئوۋچى دېگەن سىزمۇ ؟ — ئۆردەك ئۇنىڭ ئالدىغا باردى . ئىككىسى ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . ئابدۇرېھىم قىرىق بەش ياش ئەتراپىدا ، قىسقا شالاڭ بۇرۇت ، كەكە ساقاللىق بولۇپ ، تاغلىقلارغا خاس پالاس رەختتە تاشلىغان ئۇچىۇ ، بېشىغا چاپۇش كىيىۋالغانىدى .

«سىڭىرلىق ئابدۇرېھىم» دېگەننى ئاڭلاپ ، سۋېن ھېدىن شۇئان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— سەن كوزلۇقا يول باشلىغان سىڭىرلىق ئوۋچى ئابدۇرېھىممۇ ؟ ئۇ سەن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن ، — دېدى ۋە ئابدۇرېھىمغا قولىنى سۇندى .

ئابدۇرېھىم سۋېن ھېدىنغا ئانچە ئىرەنشىمەي قولىنى تەڭلىدى . ئۇنىڭ كۆرۈشكەندىكى كەيپىياتى سۇس ، سالقىن ئىدى . ئابدۇرېھىمنىڭ بۇ كەيپىياتىدىن ئۆردەك ھەيران قالدى . لوپلۇقلارنىڭ ئادىتىدە ئىلگىرى زادى كۆرۈشۈپ باقمىغانلارمۇ بۇنداق دەشت قۇملۇقتا ئۇچرىشىپ قالغاندا ، بىر - بىرىگە ئۆۋەك بولۇش يۈزىسىدىن قىزغىن بولۇشىدۇ ، ئەمما ئابدۇرېھىم ئۇنداق

---

[1] جەگرەن — جەرەن .

قىلمىدى .
كوزلوف 1883—1885 - يىللىرى پرژېۋالسكىينىڭ ئېكس-پېدىتسىيە گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ كۆنچى دەريا ۋادىسىنى ، تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇرۇق دەريا قىنىنى ئۆز ئالدىغا تەكشۈرگەندە ، ئابدۇ-رېھىم ئۇنىڭغا يول باشلىغۇچى بولغان . كوزلوفنىڭ كۆرەڭ ، تە-كەببۇرلۇقى ئابدۇرېھىمنىڭ كۆزىگە سىغمىغانىدى ، شۇڭا ئۇنى دېگەن يېرىگە باشلاپ ئاپىرىپ قويۇپ ، باشقا ئىشلىرى بىلەن چاتىقى بولمىغانىدى . «كۆنچى دەريا ۋادىسىنى بەش قولدەك بىلى-دىغان» ، لېكىن «ياۋىلىقى كەتمىگەن تاغلىق»نىڭ گەدەنكەشلىكى كوزلوفنى سەل ئەيمەندۇرۇپ قويغانىدى . ئۇ كېيىن سۋېن ھېدىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ، ئابدۇرېھىم توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمى-غان . سۋېن ھېدىن پەقەت ئۇنىڭ يازمىسىنى ئوقۇپ ئابدۇرېھىم توغرۇلۇق خەۋەرگە ئېرىشكەنىدى . ھازىر ئۇنىڭ : «سەن توغرۇ-لۇق كوزلوف ماڭا سۆزلەپ بەرگەن» دېيىشى ، مۇشۇ ئارقىلىق ئابدۇرېھىمنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئىدى . ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىدىكى مۇھىم مەقسىتى ، كۆنچى دەرياسىنىڭ قەدىمى-كى غول ئېقىن ئورنىنى تېپىپ ، شۇ ئارقىلىق لوپ كۆلىنىڭ بۇرۇنقى ئورنى توغرىسىدا دەسلەپكى ئاساسقا ئىگە بولۇش ئىدى . ئۆردەكنىڭ بۇ تەرەپلەر بىلەن تونۇشلۇقى يوقلۇقى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى . ئۇ ئابدۇرېھىمدەك بىر ئادەمنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . مانا ھازىر دەل شۇنداق ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى .
سۋېن ھېدىن بوينىغا ئېسىپ قويىنىغا تىقىۋالغان كىچىك خورۇم قاپچۇقتىن ئىنجىلنى چىقىرىپ ، ئالدى بىلەن ئۆپتى ، ئاندىن پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ يەنە قويىنىغا سېلىپ قويدى .
— ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ ؟ — ئابدۇرېھىم ئۆردەكتىن سورىدى .
— ئۇ پات - پات مۇشۇنداق قىلىدۇ ، نېمىشكىنتاڭ ئۇ ، — دېدى ئۆردەك .
سۋېن ھېدىن خورۇم تاشلىق سۆسەر پەلتوسىنىڭ يانچۇقى-دىن پارقىراق ساپلىق بىر قەلەمتىراچنى چىقىرىپ :

— بۇ بىزنىڭ مۇشۇ قۇملۇقتا ئۇچرىشىپ قالغانلىقىمىزنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن، مېنىڭ سوۋغام، — دەپ ئابدۇرېھىمغا تەڭلىدى.

ئابدۇرېھىم سۇۋىن ھېدىننىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىپ، ئۆردەكتىن سورىدى:

— بۇ بىزچىنى ئوبدان بىلىدىكەنغۇ؟

— ئۆگىنىۋاپتۇ.

بىر كىشى دوستلۇقتا قول سوزۇۋاتسا، قولىنى ئارقىغا ئېلىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئابدۇرېھىم سۇۋىن ھېدىننىڭ كۆزىگە سىنچى نەزىرى بىلەن قارىۋېتىپ، ئۇنىڭ قولىدىن قەلەمتىراچنى ئالدى. «قول قولنى يۇسا، قول يۈزنى يۇيىدۇ»، ئابدۇرېھىم ئۆردەكتىن:

— بۇلار نەگە بارىدىكەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۆردەك ئېغىز ئاچقۇچە، سۇۋىن ھېدىن:

— ئېنىق بىر مەنزىلىمىز يوق، كۆنچى دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى غول ئېقىن ئورنىنى تاپساق بولىتتى، — دېدى.

— مەن ئاتمىشبۇلاقتا ماڭغان، بىر ئېۋىتۇ، كونا دەريا ئورنىنى ئىزدىشىپ بېرەي، — دېدى ئابدۇرېھىم.

سۇۋىن ھېدىننىڭ ئۈمىدىگە يەنە بىر ئۈمىد قوشۇلدى. ئۇ ئۆردەك، ئابدۇرېھىملارنىڭ يول باشلىشىدا كونا دەريا ئىزىنى ئىزدىشىنى داۋاملاشتۇردى، نەچچە قۇم دۆۋىلىرىدىن ئاشتى، ئاتلارمۇ ھاردى، ئادەملەرمۇ ھاردى. ئۇلار چۈشكۈن قىلغۇدەك جاي ئىزدەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلارغا دەريا قىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇزۇن بىر سوزۇق ئۇچراپ قالدى.

— قېرىلار مۇشۇ ئەتراپتا دەريا ئىزى بار، دەيدىغان، مۇشۇ شۇمىكىنە، — دېدى ئابدۇرېھىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا سۇۋىن ھېدىن ئېتىدىن چۈشتى ـ دە، سىنوفقا بىر تۆگە ئۇستىدىكى يوككە باغلاپ قويغان تۆمۈر گۈرجەكنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۆزى سوزۇقنىڭ ئىچىدىكى قۇملارنى بىر يانغا



www.uyghurkitap.com

كۆرەشكە باشلىدى . باشقىلار ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىـ
ىنى چۈشىنەلمەي ھەيران بولغىنىچە ئەتراپىدا قاراپ تۇرۇشتى .
يېرىم مېتىردىن ئارتۇقراق كولىغاندىن كېيىن ، كىچىكلىرى ياـ
ڭاقتەك ، چوڭلىرى قوش مۇشتۇم ھەم ئادەمنىڭ بېشىچىلىك قۇلۇـ
لە قاپلىرى چىقىشقا باشلىدى .

— كۆردۈڭلارمۇ ؟ ! — دېدى سۈۋېن ھېدىن بېشىنى كۆتۈـ
رۈپ ، — بىز ئىزدىگەن غول ئېقىن مۇشۇ بولسا كېرەك .

ئۇ بىرپەس دېمىنى ئېلىۋېلىپ ، گۈرجەكنى بايىقىدەك تىك
پاتۇرۇپ سالماي ، يېنىچە سىلىپ قۇملارنى تارتىشقا باشلىدى ،
ئاندىن گۈرجەكنى سىنوفقا تەڭلەپ تۇرۇپ :

— سەن بىردەم گۈرجەكنى مەندەك سىلىپ قۇمنى كۆرەپ
باق ، — دېدى .

سىنوف ئانچە خالاپ كەتمىگەن تەرزدە گۈرجەكنى ئىككى سىېـ
لىۋىدى ، ئاپئاق بىر نەرسە كۆرۈندى .

— توختا ، — سۈۋېن ھېدىن شۇنداق دەپلا ئورنىغا چۈشۈپ
سىنوفنىڭ قولىدىن گۈرجەكنى ئېلىپ ، قۇمنى ئۆزى خۇددى
بىر نەرسىنى ئاۋايلاۋاتقاندەك ، ئاستا ، پەم بىلەن كۇرىدى . سۈۋېن
ھېدىنمۇ ، باشقىلارمۇ تەڭلا : «ۋاھ ! » دېيىشىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ
كۆز ئالدىدا تۇرغىنى ئومۇرتقا سۆڭىكى ئادەمنىڭ يوتىسىدەك ،
قىلتىرىق ـ قوۋۇرغىلىرى چىمچىلاق چوڭلۇقىدىكى بېلىقنىڭ
ئىسكىلىتى تۇراتتى ، ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىۋىدى ، ئىككى مېتىر ئون
سانتىمېتىر كەلدى . سۈۋېن ھېدىن بېلىق ئىسكىلىتىنى بىرنەچچە
قېتىم رەسىمگە تارتىۋالغاندىن كېيىن ، بىرنەچچە پارچە قىلىپ
بۆلۈپ ساندۇققا قاچىلىماقچى بولۇپ ، ئۇنى ئورنىدىن قوزغىشىغا
ئۇگە ـ ئۇگىلىرىدىن ئاجراپ پارچىلىنىپ كەتتى . ئۇ ئومۇرتقا
سۆڭىكى بىلەن قوۋۇرغا سۆڭىكىدىن قولغا چىققۇدەكلىرىنى ئېلىـ
ۋالغان پاختىلارغا ئوراپ ساندۇققا قاچىلىدى .

«دەريا بولغاندىكىن ساھىلىدا بەلكى ھاياتلىقنىڭ ئىزى تېپىـ
لىپ قالار » . سۈۋېن ھېدىن شۇنداق ئۈمىد بىلەن ئادەملىرىنى

ئەتراپقا قاراپ بېقىشقا ماڭدۇردى .

فېڭشى بىلەن ئۆردەك بىللە ماڭغانىدى ، ئانچە يىراققا بارمايلا ئۆردەك :

— مايەرگە كېلىڭلار ! ئۆي… تام… ! — دەپ تۈۋلىدى .

سۈبىن ھېدىن كېلىپ ھاياجىنىنى باسالمايلا قالدى ۋە كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى . ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى يېرىمى قۇم ئاستىدا ، يېرىمى قۇمدىن چىقىپ تۇرغان ، بىرنەچچە كېسەك ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي خارابىلىرى ئىدى . سۈبىن ھېدىن ياغاچلارنى تۇتۇپ بېقىۋىدى ، ئۇستى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئاپتاپ چېقىپ پوزماندەك يۇمشاپ كەتكەنىدى . سۈبىن ھېدىن ئاتلىق يۇقىرى - تۆۋەن مېڭىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈۋىدى ، بۇنداق خارابىلىكتىن بىرنەچچىنى كۆردى . يەنە بىر دۆڭ يامزىلىدا ئېچىلىپ قالغان ئادەم كاللىسى ، پارچە - پارچە ئۇستىخانلار تۇراتتى . سەدەپتەك ئاقىرىپ كەتكەن باش سۆڭىكىدىكى قاپقارا چوڭقۇر چاناقلار يىراق - يىراقلارغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . سۈبىن ھېدىن خارابىلىكلەردىن ساپال كومزەك پارچىلىرىنى ، بىرنەچچە ياغاچ تاۋاق ، ياغاچ لېگەن ، داتلىشىپ كەتكەن تەڭگە پۇللارنى ، بىر پالتا تېپىۋېلىپ ، بۇ نەرسىلەرنى ئاۋايلاپ ئوراپ ساندۇقلارغا قاچىلىماقچى بولۇۋاتقاندا ، ئۆردەك بىلەن ئابدۇرېھىم ئەجەبلىنىپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى . ئۇلار ئىچىدە : «ئۇ بۇ ئەسكى - تۇسكى ، داغال - دوغال[1] نەرسىلەرنى نېمە قىلمىدىغاندۇ» دەپ ھەيران قېلىشىۋاتاتتى . بىر گەپ ئۆردەكنىڭ ئېسىگە كېچىپ ، سۈبىن ھېدىنگە قاراپ جىددىي تۇستە :

— سۈبىن تۆرە ، بۇ نەرسىلەرنى قان قىلماي تورۇپ ئالسىڭىز ، بىزنى پالاكەت باسىدۇ ! — دېدى .

سۈبىن ھېدىن بۇ سۆزنى : «مېنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغىنىمغا ئۆردەك نارازى بولۇۋاتقان چېغى» دەپ ئويلاپ ، ئىتتىك ئۆردەككە قارىدى ، يەنە شۇئان دەندەنئۆيلوكتىمۇ

① داغال - دوغال — ئۇششاق - چۇششەك ، پارچە - پۇرات .



www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق گەپنى ئاڭلىغىنى ئېسىگە كېلىپ ، مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە ، ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى . ئۇ ئەتىراپقا نەزەر سالدى... قىنىغا لىپمۇلىق تولۇپ كۆۋجەپ ئېقىۋاتقان دەريا ، ئىككى ساھىلدا دەريا بىلەن پاراللېل ئۇزۇنغا سوزۇل-غان بوك ئورمان ، كەڭرى كەتكەن ياپيېشىل ئوتلاق ، يايلاپ يۈر-گەن ئۆيۈر ـ ئۆيۈر ئاتلار ، توپ ـ توپ قوي ـ كالا پادىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى...

سىۋىن ھېدىن بۇ قېتىمقى زور بايقاشتىن مەمنۇن بولۇپ ، تېخىمۇ چوڭ بىر بايقاش ئۈنىڭغا قۇچاق ئېچىپ تۇرغاندەك قۇم دۆۋىلىرى ئارا سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا ، ئەمما سۇنىڭ ئاز قېلى-ۋاتقىنى ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى ئاشۇرماقتا ئىدى . ئۇلار چۈشتىن قايرىلغان مەھەلدە ئېگىز ـ پەس ، ئۇزۇن ـ قىسقا قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىرىدا كېتىۋېتىپ ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى ئازگاللاردا نەمسەل كۆكىرىپ تۇرغان يۇلغۇن ، قاغداللارنى كۆرۈپ ، سىۋىن ھېدىندا بۇ يەردە سۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ، دېگەن ئۈمىد تۇغۇلدى . ئۇ يۇلغۇن ئۈنگەن ئازگالنى كولىماقچى بولدى . گۈرجەككە شىركىن مەسئۇل ئىدى . ئۇلاردا شۇ بىرلا گۈرجەك بار ئىدى . ھەممىسى كونا ئېقىن ، خارابىلىكنىڭ تېپىلغانلىق خۇشاللىقىدا بولۇپ كې-تىپ ، گۈرجەك ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى . ئەمدى شۇ گۈرجەكنى تېپىپ كەلمەي بولمىدى . شىركىننى ئۆزۈڭ تېپىپ كەل دېسە ، ئۇ شۇ كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمەسلىكى ئېنىقلا ئىدى .

— مەن تېپىپ كېلەي ، — دېدى ئۆردەك .

سېۋىن ھېدىننىڭ كۆتكىنىمۇ ئۆردەك بىلەن ئابدۇرېھىم ئىك-كىسىنىڭ بىرىنىڭ بېرىشى ئىدى .

— مېنىڭ ئېتىمنى مىنىپ بار ، — دېدى سىۋىن ھېدىن .

— ئۆزۈمنىڭ ئېتىنى مىنەي ، — ئۆردەك شۇنداق دەپلا ئېتىغا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى .

ئۇ كېتىپ ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ، چاپقۇنلاپ قارا بوران

كەلدى . بوراننىڭ شىددىتىدىن ئۇلار نە ـ نەلەرگە ئۇچۇپ تىرىپىە-رەن بولۇپ كېتىدىغاندەك ئىدى . ھەممە يەرنى قۇم باستى ، بوران-نىڭ يىرتقۇچلاردەك ھۆركىرىگەن ، ھۇشقىيتقان ۋە ئۇچقان قۇملار ۋىژىلدىغان ئاۋازلىرىدا كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ۋارقىراپ چاقى-رىشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى . سۆيۈن ھېدىنلار ئات ، تۆگىلەرنى دالدا قىلىپ ، ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە تاڭنى ئاتقۇزدى ، ئەتىسى چۈشمۇ بولدى ، ئۆردەك كەلمىدى . ئابدۇرېھىم ، سالقىنبايدىن باشقىلىرى ئۆردەكنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزدى ، يەنە ساقلاۋېرىشكە بولمايتتى ، بىر كۆنلۈكلا سۇ قالغانىدى . ئابدۇرېھىم ، سالقىنباي-لارنىڭ ساقلايلى ، دېگىنىگىمۇ قارىماي سۆيۈن ھېدىنلار قايتىشقا تەمشىلىۋاتقاندا ، ئۆردەك گۈرجەكنى تىقىمىغا قىستۇرۇپ ، بىر قولىدا كىچىكرەك ئىككى تاختاينى كۆتۈرگىنىچە قايتىپ كەلدى .

سۆيۈن ھېدىن ئىتتىك كېلىپ ئۆردەكنىڭ قولىدىن تاختايلار-نى ئېلىپ قارىدى . ئۇ بىر ـ بىرىدىن كۆركەم نەقىش ئويۇلغان تاختايلار ئىدى . ئۆردەك يەنە يانچۇقىدىن بىرنەچچە تەڭگە پۇللارنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى .

— بۇلارنى نەدىن تاپتىڭ ؟ ! — سۆيۈن ھېدىن ھاياجىنىنى باسالماي قالدى .

ئۆردەك بوراندا ئېزىپ قېلىپ باشقا بىر تەرەپكە كېتىپ قالغىنىنى ، ئەتىسى قارىسا ، چوڭ بىر خارابىلىكتە تۇرغىنىنى ، ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى ، پەقەت مۇشۇ تاختايلار بىلەن ھېلىقى ئۇششاق نەرسىلەرنىلا ئېلىپ ماڭغىنىنى ، ئاندىن تونۇگۈنكى يەرگە بېرىپ گۈرجەكنى تېپىپ كەلگەنلىكىنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى .

خۇشاللىقتىن سۆيۈن ھېدىنىنىڭ ھاياجىنى ۋۇجۇدىغا پاتماي قېلىۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئۇ تەكلىماكان تىلسىمىنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا چۈشۈرگەندەك ھېسسىياتتا ئىدى . ھازىرلا ئۆردەكنى يول باشلىتىپ ، ئۇ كۆرگەن خارابىلىككە بارغۇسى كېلىپ كەتتى .

# سەككىزىنچى باب

# مۆجىزىلىك بايقىلىش

*«تەكلىماكان ئارخېئولوگىيە ۋە گېئولوگىيىنىڭ سىرلىق ئامبىرى ، يەنى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى قىدىرىش ۋە تارىخىي ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىش ئىشلىرىدا ئاجايىپ مۆجىزىلەر بىلەن تولغان سىرلىق جاي بولۇپ تۇرماقتا» .*

— ئابدۇققېيۇم خوجا .

*«ئۇلار ئوخشاشلا ئۆزىگە ۋە ئۆز مەدەنىيەت تارىخىغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يوقاتقانىدى» .*

— ئەسئەت سۇلايمان .

## 1

سۇۋىن ھېدىن بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۆردەكتىن ئەندىشە قىلىپ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى .

— شۇنداق ياخشى ئاتنى مىنمەي ، ۋىجىك ئېتىنى مىنىپ كەتتى ، قايتىپ كېلەلەرمۇ ؟

— قايتىپ كەلمىسە ، سۇسىز قېلىپ تۈگەشكىنىمىز شۇ .

سىنوف بىلەن ئىسلامبايىنىڭ پارىڭى سىۋېن ھېدىننىڭ كاللىسىنى قوچۇپ ، بىر غىمدىنى ئىككى قىلىپ ئوغىسىنى قايىنتىۋەتتى .

— بولدى قىلىڭلار ، كۆزىنى ئېتىپ قويساڭلارمۇ ، ئۇ بۇ قۇملۇقتا ئېزىپ قالمايدۇ .

— ئۇ ئۆزىغۇ ئېزىپ قالماس ، ئېتىنى پايلىماسمىكىن دەيمىزغۇ ، — دېدى سىنوف .

سىۋېن ھېدىن جىمىپ قالدى . بۇ ئۇنىڭ ئۆردەكنىڭ ئاشۇ ئىنجىمارۇق ئېتى بىلەن قايتىپ كېلەلىشىگە ئىشەنچ قىلالماي ، سۈكۈت قىلىپ تۇرغىنى ئىدى . گۇرۇپپىدىكى شۇنچە ئادەمنىڭ ھاياتى ئۆردەكنىڭ تۆمۈر گۇرجەكنى تېپىپ كېلەلىشىگە باغلىق بولۇپ قالغانىدى . شۇڭا سىۋېن ھېدىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ «بوران» ئاتلىق ئېتىنى مىنىپ بېرىشنى ئېيتقانىدى . ئۇنىڭغا بۇ ئاتنى رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا گوبېرناتورى ئالاھىدە سوۋغا قىلىپ تۇتقانىدى . بىرنەچچە قېتىملىق قۇملۇق سەپىرىدە بۇ رەسى ئېتى سىنالغانىدى . بۇ ئاتنىڭ بېشى چوڭ ، كۆكرىكى كەڭ ، سىنى ئۇزۇن ، بويى ئېگىز ، پاچاقلىرى ھەم ئۇزۇن ، ھەم توم ، مېڭىشى قوپاللىراق ئىدى ، ئەمما چېپىشتا تېز ئىدى . يەرلىك كىشىلەر بۇنداق ئاتنى «رەسى ئارغىمىقى» دەپ ئاتايتتى . ئۆردەكنىڭ ئېتى جۇغى ئىنچىكىرەك ، قىسقا ، سەل پاكارراق ئىدى ، ئەمما قۇملۇقتا تۇغۇلۇپ ، قۇملۇقتا ئۆسكەن بولغاچقا ، بۇ يەرنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنىغا ، بوران - قۇيۇنىغا ، تومۇز - ئالۇۋىنىغا پىشقان ، كۆنگەنىدى . ئۆردەككە ئۆز ئېتى باشقا ھەرقانداق ئاتتىن ئىشەنچلىك ئىدى . سىۋېن ھېدىن ئېتىنى مىنىپ بېرىشنى ئېيتقاندا ، ئۆردەك گەپمۇ قىلماي ئۆزىنىڭ ئېتىنى مىنىپ ماڭغاندا ، ھەممىسى ھەيران قېلىشىپ ، بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشۇپ ، ئاندىن ئۆردەكنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغىنى شۇنىڭدىن ئىدى . سىۋېن ھېدىن ئۆردەك كەتكەن تەرەپكە بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، بېشىنى سىلىپ چېدىرىغا كىرىپ كەتتى .

ئۆردەك بىر قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى .

— ئۇ مۇشۇ ماڭغىنىچە جېنىنى ئېلىپ كېتەمدىكىن دەيمەن، — دېدى شىركىن.

— مەنمۇ شۇ ئويدا، ئۇنىڭ گۇرجەكنى تېپىپ كېلەلىشى بىر گەپ، تېپىپ كەلگەن ھالەتتىمۇ بۇ يەردىن سۇ چىقىشىغا كۆزى يەتمەي، جېنىنى ئېلىپ قاچتىمىكىن دەيمەن، — دېدى سىنوف.

— بىز لوپلۇقلارنى گېپىدە تۇرمايدىغان، يالغانچى سانىماڭلار. بۇ يەردىن ئۇنداق ئادەم چىقمايدۇ! — ئابدۇرېھىم زەردە بىلەن شۇنداق دېدى-دە، نېرىغا كەتتى.

ئۆردەك ئۆزلىرى كەلگەن ئىزنى بويلاپ يولىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئات، تۆگىلەرنىڭ ئىزلىرى ھېلى بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يامرىلىنى بويلاپ ياكى ئەگىپ كەتكەن بولسا، ھېلى يەنە بىر قۇم دۆۋىسىدىن ھالقىيتتى. ئۆردەك چەكسىز قۇملۇقتا يولىنى يېگانە داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇ پات-پات ئاسمانغا قاراپ-قاراپ قوياتتى، شامال چىقىپ قالماسلىقنى تىلەيتتى. بۇ كۈن چۈشتىن قايرىلغان چاغ ئىدى. قۇملۇقتا شامال كۆپ ھاللاردا مۇشۇ چاغدا چىقىپ، ئەتىسى تاڭغا يېقىن توختايدۇ. ناۋادا، ئۇ چاغدا توختىمىسا، كېيىنكى كۈنى دەل چىققان چېغىدا توختايدۇ. ئۆردەك ئۆز مۆلچەرىدە يولنىڭ تەڭدىن تولىسىنى مېڭىپ بولدۇم، كۈن پاتقۇچە گۇرجەك قالغان جايغا بېرىپ بولىمەن، دەپ قىياسلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەندىشە قىلغىنىدەك شامالنىڭ شەپىسى كېلىپ، قۇملار شىر-شىرلاشقا باشلىدى. ئۇ ئىز بويلاپ يىراققا ئوبدان سەپسېلىپ قارىۋېلىپ ئېتىدىن چۈشتى-دە، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇۋدىن چىڭ تۇتۇۋالدى. غۇر-غۇر شامال بارغانسېرى كۈچەيىپ-ئەدەپ بورانغا ئايلاندى. بوران قۇملارنى ئۇچۇرۇپ ھەر خىل ئاۋازدا ھۇشقىيتاتتى، گۈركىرەتتى. پايانسىز قۇملۇق شۇ ئەلپازىدا گويا ھالاكەت دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئۆردەك ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، قولىنى قوۋۇشتۇرۇۋېلىپ، بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە يېنىچە بولۇپ، ھەربىر قەدەمنى داۋاندىن ئاشقاندەك مىڭ مۈشكۈلدە ئېلىپ، بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى دېڭىز-ئوكياننىڭ دەھشەتلىك

دولقۇن ـ بۇژغۇنلىرى ئىچىدە قالغان كىچىككىنە قولۋاقا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ھازىر نىشان، تەرەپ دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. قانچىلىك ماڭدى، ھازىر قايسى ۋاقىت ـ كېچىمۇ، كۈندۈزمۇ، قايسى تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ، بۇنى ئۇ بىلمەيتتى. بىلىپ باقماقچى بولسىمۇ، بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بوراننىڭ يۆنىلىشى بويىچە مېڭىشلا بىردىنبىر ھايات قېلىش يولى ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ بىردىنبىر ئويلايدىغىنى، بوراندىن ئامان قۇتۇلۇپ قېلىش ھەم بوراننىڭ توختىشىنى تىلەش ئىدى...

تۇرۇپلا بوران ئاجىزلاپ قالغاندەك بىلىندى. قۇملارمۇ يۈزگە بايىقىدەك ئۇرۇلمايتتى، لېكىن ھۇشقىيتقان، ۋىڭ ـ ۋىڭلىغان ئاۋازلار يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئەمما قۇلىقى تۈۋىدە ئەمەس، يىقىن ئەتراپتىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. ئۆردەك ئەجەبلىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى.

— مەن نەگە كېلىپ قالدىم؟ — ئۆردەك ئەتراپقا قاراپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سورىدى.

ئۆردەك ئۆزىنى يارداڭلىققىمۇ ئوخشىمايدىغان ئېگىز ـ پەس تۆپىلىكلەر، دۆڭ ـ يوتىلار، يېرىم ـ يارتا تاملىق، قوشاملار ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. كېچە بولغاچقا، بۇلارنىڭ نېمىلىكىنى، كېچىنىڭ قايسى ۋاقتىلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. ئۇ ئەتراپىدا يەردىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان بىرنەچچە ياغاچنى كۆرۈپ قالدى، كۆزىگە ئىشەنمەي ئۇلارنى تۇتۇپ ـ سىلاپ باقتى، ئۇلار راستتىنلا ياغاچ ئىدى.

— بۇ قۇملۇقتا قانداق كېلىپ قالغان ياغاچلاردۇ بۇ؟

ئۆردەك ئۆزىدىن شۇنداق سورىغىنى بىلەن، جاۋابىنى بىلمەيتتى، ھەيران بولاتتى شۇ. ئۇ بوراندا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ چارچىغانىدى، ئۇيقۇمۇ كۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. تاڭ ئاتمىغۇچە ئەتراپنى پەرق ئەتكىلى، گۇرجەك قالغان تەرەپنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئازراق كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، قالغان ئىشنى تاڭ ئاتقاندا كۆرمەكچى بولدى ـ دە، ئاتنى بىر ياغاچقا باغلاپ قويدى، ئۆزى يارتا تامدەك بىرنېمىگە يۆلەنگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇ-



www.uyghurkitap.com

روپ ئۇيقۇغا كەتتى...

ئۆردەك ئاتىنىڭ كىشنىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا تاڭمۇ يورۇغان، شامالمۇ شىپپىدە توختىغانىدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ باقماقچى بولۇپ، تۇرغا ئوخشاپ كېتىدىغان تىك، ئېگىزرەك بىر دۆڭگە تەستە چىقتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ - غارايىپ، ئەمما بىر خىل خانىۋەيرانلىق مەنزىرە قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى. ئۆردەك دۆڭدىن چۈشۈپ خارابىلىكنى ئارىلىدى. ئارىلىرىغا يۇل-غۇن، قومۇش قويۇپ سوقۇلغان، شامال يالاپ خىلمۇخىل شەكىل-گە كىرىپ قالغان يېرىم - يارتا، پۇچۇق، پارچە تاملارغا، چېچى-لىپ ياتقان، تىك تۇرغان، سىڭايان بولۇپ قالغان ياغاچلارغا، ئۇ يەر - بۇ يەردە تۇرغان كوزا - كومزەك پارچىلىرى، تەڭگە پۇللار، چوڭ - كىچىك شال، تاختايلارغا قاراپ ھەيران قالدى.

«قالاچ قاناقا ئاتامغا ئېيتقان، ئاتاممۇ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدى-غان بوۋا - ئۇغۇشلار ئىزى، سەپسىن تۆرە ئىزدەپ يۈرگەن قەدىمى-كى شەھەر خارابىسى مۇشۇنداق بىر جايمىكىنە؟»

ئۆردەكنىڭ كاللىسىدا مۇشۇ سوئالدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇ يەنە شۇئان يولىغا تەقەززا بولۇپ ئۆزىنى زور ئۈمىد بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ھەمراھلىرىنى ئويلىدى. ئۇ گۈللۈك نەقىش ئويۇلغان كىچىكرەك تاختايدىن ئىككىنى، تەڭگىدىن بىرنەچچىنى ئېلىپ، گۈرجەكنى ئىزدىگىلى ماڭدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ تۇيغۇ-سىغىلا تايىناتتى، ماڭغان يولىدا ئۇچرىغان ھەربىر قۇم دۆۋىسى، بىرەر تۈپ يۇلغۇن، يانتاق، چاكاندا، ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ ئېچى-لىپ قالغان سۆڭەكلىرىگىچە لوپلۇقلارنىڭ سىنچى نەزىرى بىلەن ئىنچىكىلەپ سەپسېلىپ ماڭدى. ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا، ئالدىنقى كۈنى قۇلۇلە قاپلىرى، بېلىق ئىسكىلىتى تاپقان كونا ئېقىن ئورنى-نى تېپىۋالدى. ئۇ گۈرجەكنى ئېلىپ قايتتى...

سۆھبەتتىن ھېيدىن شۇ تاپتا تەكلىماكان قۇملۇقىدا غايىب بولۇپ كەتكەن تىلسىم شەھەرلەرنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىۋالغاندەك، خۇشال-لىقتىن ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي قىلىۋاتاتتى. ھازىرلا شۇ تىلسىم دەرۋازىلارنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تارىخىي ئاجايىباتلارنى جا-

ھانغا ئاشكارىلاپ كۆرسەتكۈسى ، «بۇلارنى مەن تاپتىم !» دەپ جاكارلىغۇسى كېلىپ كەتتى ، ئەمما سۇنىڭ تۈگەپ قېلىشىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇراتتى . ئۇ ھازىر ھېسسىياتى بويىچە ئىش قىلىپ ، قورام تاشلىق ، شىددەتلىك قاينام ئېقىنىغا كىيمە سېلىشقا پۇرسەت قارام ، تەنتەك تەۋەككۈلچى ئەمەس ، ئەقىل بىلەن «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان» ئېھتىياتچان ، تەجرىبىلىك ، پىشىشقان ئېكسپېدىتسىيىچى ئىدى . ئۇ ھازىرچە قايتىپ كېتىپ ، پۇختا تەييارلىق قىلىپ ، قايتا كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، گۇرۇپپىنى باشلاپ ، قاراقوشۇن كۆلى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

«تاختايدىكى گۈل ـ نەقىشلەر نېمانچە كۆركەم ، قاچانقى تاختايلاردۇ ، تەڭگىلەرچۇ ؟ ئۇ قانداق خارابىلىكتۇ ، ئۇنىڭ ئۆردەك ئۇچراپ قالغىنى ـ ھە ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئېكسپېدىتسىيىلىرىمدە ئۇنىڭغا چېلىك يېپىشاي ، قولدىن چىقارماي» سۇۋېن ھېدىن كېتىۋېتىپ شۇنداق ئويلايتتى ، ئەس ـ يادى ئۆردەك ئېيتقان خارابىلىكتە ، كۆزى كەينىدە ئىدى .

سۇۋېن ھېدىن يېڭىكۆلدىكى بارگاھىغا قايتىش يولىدا قاراقوشۇن كۆلىنى يەنە بىر تەكشۈرگەچ ، كۆل سەيلىسى قىلىشنى ، سۇ قۇشلىرىنى ئوۋلاشنى ئارزۇ قىلاتتى .

— مەن قاراقوشۇن كۆلى ، ئابدال تەرەپلەرگە كەلمىگىلى يىگىرمە نەچچە يىل بوپتىكەن ، سىلەر بىلەن بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلەي ، — دېدى ئابدۇرېھىم ئۆردەككە .

— جانقۇلۇنى يوقلاپ ئۆتەي دېمىسەم ، مۇشۇ يەردىنلا مەھەللىمگە كەتكۈم بار ، — دېدى ئۆردەك .

كۆلگە يەسىل قۇشلىرىنىڭ ئالدى كېلىشكە باشلىغانىدى . لوپ ـ قاراقوشۇن كۆللىرى قۇشلارنىڭ جەننىتى . 5 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ كۆللەردە جاھاندا بارلىكى قۇشلارنىڭ جىمىسى جەم بولىدۇ . ئاققۇلام ، سۇقسۇر ، ئۆردەك ، چۆمگەك ، چىل ، قارۇناغا ئوخشاش يەرلىك قۇشلار بىلەن بىرگە بىلىقئالغۇچ ، ئاقچاپاق ، ھاڭگىت قاتارلىق يەسىل قۇشلىرىمۇ بوك قومۇش ، يېكەن ئارىلىرىدا سوغۇقتىن دالدىلىنىپ قىشنى تۈگىلە-

ماي ئۆتكۈزۈپ ئۆگىنىپ قالغان. 3 - ئاي كېلىش بىلەن بۇ قۇشلارغا پەسىل قۇشلىرىدىن يەنە غاز، قو، ئاق قۇ قاتارلىق قۇشلار كېلىپ قوشۇلىدۇ. بۇ قۇشلار گۈزەرىدە بىر ئۇچىدىغان بولسا، ماركوپولو تەرىپلىگەندەك: «كۆن يۈزىنى كۆرگىلى بولمايدۇ».

سۈپى ھېيدىن قارا قوشۇن كۆلىدە ئۈچ كۈن سەيلە - ساياھەت قىلىپ، خۇمارىدىن چىققۇچە قۇش ئوۋلاپ تاماشا قىلدى. ئابدالغا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئىسلامباي ئۇشتۇمتۇتلا سۈپى ھېيدىندىن:

— مۇشۇ يەردىن يېتەرلىك سۇ ئېلىۋېلىپ، ئۆردەك ئېيتقان ھېلىقى جايغا بېرىپ باقمايمىزمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

تۇيۇقسىز بۇنداق سوراپ قالغىنىدىن سۈپى ھېيدىن ئەجەبلىنىپ ئىسلامبايغا قاردى، چۈنكى بۇنداق خارابىلىكنى قىدىرىش - قېزىش ئۇچۇن مۇۋاپىق ئۇسكۇنە - سايمانلار، يېتەرلىك ئىشلەمچىلەر كېرەك ئىدى، سۇ بولغان بىلەنلا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسسىق كۈنسايىن قىستاپ كېلىۋاتاتتى. بولمىسا ئۇ تولۇق تەييارلىق قىلىپ باشقىدىن كېلىدىغانلىقىنى ھەمراھلىرىغا ئوچۇق ئېيتقانىدى.

ئىسلامباي باشقا ياققا قارىغان بولۇپ سۈپى ھېيدىندىن كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. سۈپى ھېيدىن تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ، ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرى ئېسىگە كېلىپ، ئىسلامبايدىن گۇمانلىنىپ قالدى.

دەندەنئۆيلۈك، قارادۆڭ خارابىلىرىنى قىدىرغان چاغدا، ئىسلامبايىنىڭ پات - پات يانچۇقىغا، قوينىغا قولىنى سالغىنىنى، يەنە ئارىلاپ ئۆزى يالغۇز چېدىرغا بېرىپ - كېلىپ يۈرگىنى سۈپى ھېيدىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغانىدى. سۈپى ھېيدىن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ئۇدۇللا چۈشەنگەنىدى. قۇملۇقتىن، دەشتنى كېزىشتىن بىزار ئىسلامبايىنىڭ ئەمدى خارابىلىككە قىزىقىپ قالغىنىدىن «بىر گەپ بولمىسا قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا» دېگەندەك، ئۇنىڭ بىر ئىشى بولمىسا خارابىلىككە قىزىقىپ قالامدۇ؟ دېگەن شۈبھىگە

قالغان سىۋىن ھىدىن ئىسلامباينى «ئىشەنچسىز ئىكەن» دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى .

قەشقەر ، خوتەندە يەرلىك «گۆھەر قازغۇچى» ، «كىپەن ئوغرىلىرى»نىڭ خارابىلەردىن تېپىپ كەلگەن «ئەسكى ـ تۇسكى كونا» نەرسىلەرنى پېترووۋسكىي ، ماكارتنىيى ۋە باشقا ئەجنەبىيلەرگە ساتقانلىقىنى ئىسلامباي كۆرگەن ھەم ئاڭلىغانىدى . دەندەنئۆيلۈك ، قارادۆڭ خارابىلىرىنى قىدىرغاندا ، ئىسلامباي ئۆزى «پۇلغا ياراپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ قارىغان بەزى نەرسىلەرنى باشقىلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ، يانچۇقىغا پاتسا يانچۇقىغا ، قويىنىغا پاتسا قويىنىغا سىلىقىپ ، يانچۇق ، قوينى پومپىيىپ قېلىپ چىنىپ قالغۇدەك بولسا ، باشقا بىر ئامالىنى قىلىپ يوشۇرغانىدى . ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتقان پۇرسەتتە ئۇ نەرسىلەرنى تاشكەنت ، پېتىربورگتا ئانچە ـ مۇنچە سۇ قىلىپ ، خارابىلىكنىڭ نىيىتى يەپ قالغانىدى . ئۇنىڭ لوپ كۆلى ئەتراپىدىكى خارابىلىككە قىزىقىپ قېلىشى ، شۇ «نان» ۋەجىدىن ئىدى .

ئۇلار ئابدالغا چۈش مەھەلدە يېتىپ كېلىشتى .

كونچىققانبەگ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئابدالنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ ، ئامىتى قاچقاندەك ، ئۇ يەرنى تىخىمۇ زەي بېسىپ ، كىشىلەر تىرىكچىلىك غېمىدە تەرەپ ـ تەرەپكە كېتىشتى . كونچىققانبەگنىڭ ئاگاپىنى دەپلا بىر جەمەتتىن يەقەت جانقولۇبەگ بىلەن يەنە ئۈچ ئائىلىلىكلا كىشى قالغانىدى . ئۆيلەر زەيلەپ ئۆرۈلۈپ ، ئىگىسىز قالغان قومۇش ساتمىلار شامال ـ بوراندا چۇۋۇلۇپ ، ئەتراپىنى قوم بېسىپ ، ئابدال پۈتۈنلەي ۋەيرانە ، خارابىلاشقان تۈسكە كىرىپ قالغانىدى . بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى لوپ كۆلى رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئاۋات ئابدال مەھەللىسىنىڭ بۇ كۆڭۈلسىز ۋەيرانە قىياپىتىگە قاراپ ، ئۆردەك بىلەن ئابدۇرېھىمنىڭ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى ، دىللىرى ئېچىشتى ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى ، بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرگە قاراپ تۇرغۇسى كەلمىدى .

— سىنى بىز بىلەن كەت دېسەكمۇ كەتمەيسەن ، بىزمۇ سىنى بىز بىلەن كەت دېيەلمەيمىز ، — ئۆردەك شۇنداق دەپلا جانقولۇ

بىلەن باشقىدىن يەنە بىر قۇچاقلىشىپ ، «جىانىم ساڭا ، چىق ـ چىق ـ چىق» دەپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئۈچ قېتىم شاپىلاقلاپ قويۇپ ئاجرالدى ـ دە ، كۆزى لىققىدە ياشقا تولغان هالدا ئېتىغا مىنىپ ، هېچكىمگە گەپمۇ قىلماي ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ، ئۇن نەچچە يېشىغىچە تۇرغان ئانا مەھەللىسىدىن يورۇپ كەتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئابدۇ-رېھىم ماڭدى . سۈپۈرگىن هېدىن بىلەن ئۇنىڭ هەمراھلىرى ئۆردەك-نىڭ كەينىدىن ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ، ئاندىن هەمما-سى سۈپۈرگىن هېدىنغا قارىدى . سۈپۈرگىن هېدىن بېشىنى ئىككى يانغا ئىرغىتىپ قويۇپ ئېتىغا مىندى ـ دە ، گەپمۇ قىلماي ئۇ ئىككىسىد-نىڭ كەينىدىن ماڭدى ، ئاندىن باشقىلارمۇ...

ئۆردەك كېتىۋېتىپ ئابداللىقلارنىڭ ئەڭ مۇڭلۇق بىر ئاهاڭىد-دا قوشاق ئېيتتى :

چوڭ بەگ[1] بىلەن تەڭ كەتىپ ،
ئۆچكەنمەدى چىراغىڭ .
ئابدال دەپ ئاتىڭ قاپتۇ ،
ئەجەب سۇنۇق سىياقىڭ .
سېنى تاشلاپ كەتكەنگە ،
كىمگە بولار سوراقىڭ .
..............
..............

## 2

ئابدۇرېھىممۇ ، سۈپۈرگىن هېدىنمۇ ئۆردەككە بىرنەچچە قېتىم گەپ بىلەن سۈۋشىپ باقتى ، لېكىن ئۇنىڭ گەپ قىلىدىغان رەغدى يوق ، بەلكى هامان قوشۇمىسى تۈرۈك ، ئويچان ئىدى . سۈپۈرگىن هېدىن ئۇنىڭ بۇنداق جىمىپ ، خىيالچان بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋە-بىنى بىلەلمەي هەيران ئىدى . «ئۇ ئابدالنىڭ تۇگەشكەن قىياپىتىد-

[1] چوڭ بەگ — كونچىقىقانبەگ . بۇنداق ئاتاش ئۇنىڭ ئوغلى جانقۇلۇبەگكە سېلىشتۇرۇلغان .

نى كۆرۈپ ئىچىگە تىنىپ قالدى . بۇ لوپ دالىسىدا كەلكۈندە
قېلىپ ، زەي بېسىپ ، بوران سوقۇپ ، قۇم بېسىپ يوقىلىپ
كەتكەن يۇرت - مەھەللىلەر ئازمۇ؟ ئابدالنى زەي باسسا ، ئادەملە-
رى باشقا ياققا كېتىپ جېنىنى جان ئېتىۋېتىپتۇغۇ . ئۇ ئېمانچە
قىلىپ كېتىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئابدۇرېھىم .
ئۆردەكنىڭ ئويلايدىغىنى ئابدۇرېھىمنىڭكىدەك ئۇنداق ئاددىي
ئەمەس ئىدى . بولۇپمۇ ، ئابدالنىڭ خارابلاشقان قىياپىتىنى كۆ-
رۈپ ، ئۇنىڭ كاللىسى ئۇيقۇنلۇق خىيال قاينىمىغا ئايلىنىپ قال-
دى . ئۇ گۈرجەكنى ئىزدەپ مېڭىپ ، بوراندا ئېزىپ بېرىپ قالغان
يەردە چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ، ئاپئاق ساقال بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرى-
نى ئابدالنىڭ خاراب مەنزىرىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلايتتى .
«ئويلاپ باقتىڭمۇ ، — دېگەنىدى چۈشىدە ھېلىقى بوۋاي ئۆر-
دەككە ، — ئۇ يەرنى سۇ باستى ، بۇ يەرنى قۇم باستى دەپ ، بىر
يەرنى زەي ئۆرلىدى ، يەنە بىر يەرنى قۇرغاقچىلىق قاپلىدى دەپ ،
ئاپەتكە تاشلاپ بېرىپ يۈرۈۋېرىپتۇق ، ‹يا سۇ كەلگۈچە تۇغان
ياسىماپتۇق ، ياكى كەلگەن سۇنى ئۆز يولىمىزغا سېلىشنى بىلمەپ-
تۇق ، شۇڭا يۇرتلىرىمىز ئاۋاتلاشماپتۇ ياكى ئۆزىمىزمۇ روناق
تاپماپتۇق . تۇرغان تۇرقىمىز مانا مۇشۇ . قۇمدا قالغان يۇرتلىرى-
مىز بىلەنمۇ كارىمىز بولماپتۇ ، ھەتتا ئۇلارنى ئۇنتۇپتۇق . ھالا
بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ، جاھاننىڭ يىراق بىر يەرلىرىدىن باشقا
بىر تائىپىدىكى كىشىلەر قۇم ئاستىدا ياتقان يۇرت - مەھەللىلىرى-
مىزنى تاپقىلى ، ئاچقىلى كېپتۇ ، يەنە كېلىدىغان ئوخشايدۇ . ئۆزد-
مىز تاپساق ، ئۆزىمىز ئاچساققۇ ياخشى بولىتتى ، ئەمما بىز ئۇ
نەرسىلەر كۆزىمىزگە پۇتلىشىپ يۈرسىمۇ ، ‹بۇ نېمىدۇ؟› دېسەك
دەيمىزكى ، يا دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىمىز ياكى كۆزىمىزنىمۇ سېلىپ
قويمايمىز . بىز ئۆزىمىز ئىزدەشنى ئويلىمىغاندىكىن ، بوپتۇ ، ئۇ-
لار بولسىمۇ ئىزدىسۇن ، تاپسۇن ، ئاچسۇن ، تېپىلمىغاندىن تېپىل-
غىنى ، ئېچىلمىغاندىن ئېچىلغىنى ياخشى . ئۆزىمىزنىڭ تېگى -
تەكتىمىزنى ، كىملىكىمىزنى ئاز - تولا بولسىمۇ بىلگەندىن كې-
يىن ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بولارمىز» .

ئۆردەك بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەيتتى ، سۆزلەرنىڭ تەكتىگە يېتىشنى ئويلايتتى . ئابدالنىڭ هازىرقى هالىتىنى كۆرۈپ ئۇنى تېخىمۇ خىيال چۇلغىۋالدى . زەي باستى دەپ كىشىلەرنىڭ باشقا جايلارغا كەتكىنى ، ئانا يۇرتىنى نېمە بولساڭ بول ، دەپ ئاپەتكە تاشلاپ بەرگىنى بولماي نېمە ؟ ! ئۇنى مانا شۇنداق ئوي ـ خىياللار چۇلغىۋالغاچقا ، ئابدۇرېهىمنىڭ ، سىۋېن هېدىن ۋە يەنە بىرلىرىنىڭ گەپلىرى قۇلىقىغا كىرمىگەنىدى .

ئۆردەك چۇشىدە كۆرگەن بوۋاينىڭ گەپلىرىدىكى مەنە تېرەنلىكىنى ، ئۇنىڭ سىن ـ چىرايىنى ، قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ ، ئۇنى : «ئاتام ئاغزىدىن چۇشۇرمەيدىغان قالاچ قاناقا دېگەن كىشى شۇمىكىن» دەپ ئويلايتتى...

ئۇلار ئەتىسى چۇشتىن قايرىلغاندا قارادايغا كەلدى . ئۆردەكنىڭ خارابىلىك ۋە چۇشىدە كۆرگەن بوۋاي توغرىسىدىكى خىيال ، ئەسلىمىلىرى ، ئاتىسى ئوماق تولەك بوۋىدىن ئاڭلىغانلىرىدىن ئېيتىپ بەرگەن ، بىر زامانلاردا ئابدال بەگلىكى بىلەن تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ قاراداي كېچىكىدە بولغان ئۇرۇش ـ جەڭلەر توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر بىلەن ئالماشتى . «شۇنداق زور ، كۆچلۈك قوشۇننى يەڭگەن غالىس ئابدال قېنى ئەمدى ؟ !» ئۇنى يەنە باشقىدىن خىيال باستى .

— ماۋۇ تۆرە قاقشاللىقنى كۆرسەم دەيدۇ ، قانداق قىلىمىز ؟ — ئۆردەكنىڭ خىيالىنى ئابدۇرېهىم ئۇزۇۋەتتى .

— يول ئۇستىدە بولغاندىكىن كۆرىمەن دېسە كۆرسۇن ، ئازراق قايىمىز شۇ ، — دېدى ئۆردەك .

سىۋېن هېدىن يولدا كېلىۋېتىپ قاقشاللىقنى تەكشۇرۇپ ، ئۆلچەش ئارزۇسى بارلىقىنى ئابدۇرېهىمغا ئېيتقانىدى . سىۋېن هېدىن كوزلوفنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسىدىن قاقشاللىق توغرۇلۇق ئاز ـ تولا ئۇچۇرغا ئىگە ئىدى ، «كېيىن شۇ تەرەپكە بېرىپ قالسام ، چوقۇم تەپسىلىي تەكشۇرۇپ خەرىتىگە ئېلىۋالىمەن» دەپ كۆڭلىگە پۈككەنىدى .

ئۆزىنى پرژېۋالىسكىينىڭ شاگىرتى ۋە ئىشلىرىنى داۋاملاش-

تۇرغۇچىسى دەپ قارايدىغان كوزلوف 1883 — 1885 ـ يىللىرى پىرژېۋالىسكىينىڭ ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسىدا، 1893 — 1895 ـ يىللىرى دوبوروسكىينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسىدا بولۇپ، ئىككى قېتىم تارىم — كۆنچى دەريالىرى بويلىرىغا كېلىپ، ئابدۇرېھىمنىڭ يول باشلىشىدا قاقشاللىق خارابىسىنى، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇرۇق ئېقىنىنى تاپقان بولسىمۇ، ئۇ جايلارنى تەپسىلىي، ئىنچىكە تەكشۈرمىگەنىدى، لوپ كۆلى مەسىلىسىدە باشتىن ـ ئاخىر پرژېۋالىسكىينى ياقلاپ كەلگەنىدى.

سۋېن ھېدىنلار قاقشاللىققا كەچئارىسى مەھەلدە يېتىپ كەلدى. سۇ بولسىلا، بۇ يەر ئوتۇن ـ ياغاچ، چاتقال ـ ئۆسۈملۈكلەر كۆپ، قونالغۇ بولىدىغان ئوبدان جاي. شىمالدا شىگدى تېغى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. قاقشاللىقنىڭ جەنۇب، شىمال، غەرب تەرەپلىرى قاقاس قۇملۇق، شەرق تەرىپى ئېدىر ـ تۆپىلىك ئىدى. تۆپىلىك قاقشاللىقتىن بىر يېرىم كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇ يەردە قەبرىستانلىق، زامانلارنىڭ ئېكەكلىشى، غاجىشى، قۇملۇق شامال ـ بورانىنىڭ تىنىمسىز يالىشى بىلەن ئۇپراپ، كىچىكلەپ كەتكەن بىر تۇر بار ئىدى. كوزلوف بۇلارنى بىر قۇرلا كۆزدىن كەچۈرۈپ بولدى قىلغانىدى.

سۋېن ھېدىنلار قاقشاللىق ئىچىگە چۈشكۈن قۇرۇپ، يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈردى، چېدىر تىكتى، ئات، تۆگىلەرنى چۇشەپ چاتقاللىققا قويۇپ بېرىپ، قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ تاماق تەييارلاشتى.

ئەتىياز مەزگىلى بولغاچقا، كېچە ئاسمىنى شالاڭ تۇتەك قاپلىغاندەك غۇۋا ئىدى. ئاي خىرە كۆرۈنەتتى، يۇلتۇزلار سۇس جىمىرلايتتى. بەش ـ ئالتە كۈندىن بۇيان قېنىپ ئۇخلىمىغان، كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئات ـ ئۇلاغدىن چۈشمەي مېڭىپ ھارغان، بەللىرى تالغان بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۆشەكلىرىگە سوزۇلۇپلا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشتى. پەقەت ئۈچ كىشىلا كىرپىك قاقماي خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. بىرى، سۋېن ھېدىن، ئۇ ئەتە

قىلىدىغان تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى ، بىرى ، ئۆردەك بولۇپ ، ئائىلىسىدىكىلەرنى ، بىردىنبىر ئوغلى سادىقنى ، ئۇنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە يەنە چۈشىدە كۆرگەن بوۋاينىڭ گەپلىرىنى خىيال قىلىپ ياتاتتى . يەنە بىرى ، ئىسلامباي بولۇپ ، «ئەجەب ھېلىقى خارابىلىككە بارمىدۇق... سۈيۈن ھېيدىن تۆرە مەندىن گۇمانلىنىپ قالغان-دەكمۇ ـ قانداق ؟» دەپ ، ئۆزىچە خۇدۇكسىرەپ ئۇيقۇسىز ياتاتتى...

كېيىنكى قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە تەييارلىقىغا ئالدىرىمىسا بولمايتتى . شۇڭا ئۇلار ئەتىگەنلىك تاماقنى بالدۇر يەپ ئىشنى باشلىۋەتمەك بولۇشتى .

سۈيۈن ھېيدىننى ھەيران قالدۇرغىنى «قاقشاللىق» دەپ ئاتال-غان بۇ جاينىڭ چۆرىسىدىكى تۆت چاسا دۆڭلۈك بولۇپ ، سۈيۈن ھېيدىن ئۇنى قورغان ـ سېپىلنىڭ خارابە ئىزى ، دەپ مۇقىملىدى . ئۇنىڭ تۆت تەرىپى ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ ، شەرق ـ غەرب تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە روبىرو ئىككى ئۈزۈكلۈك بار ئىدى . بۇ ئۈزۈكلۈك شەرقىي ـ شىمال تەرەپتىكى تاغدىن كەلگەن كەلكۈن سۈيى ئېقىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان كىچىك ئېقىن ئىزىغا ئوخشايتتى . سۈيۈن ھېيدىن ئەتراپنى ، ئىككى ئۈزۈكلۈكنى ئىنچىكە تەكشۈرگەن-دىن كېيىن ، ئۇنى قورغاننىڭ شەرق ـ غەربتىكى ئىككى قوۋۇق ئورنى دەپ قارىدى . بۇ جاينىڭ نېمىشقا «قاقشاللىق» دەپ ئاتىلى-دىغانلىقىنى ئۆردەك بىلەن ئابدۇرېھىمدىن سورىدى .

— ئۆز ۋاقتىدا كوزلوفمۇ مەندىن مۇشۇنداق سورىغان . مەن تاغدا تۇغۇلۇپ ، تاغدىلا يۈرگەن بولغاچقا ، بۇ تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيمەن ، دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم ، — دېدى ئابدۇرېھىم .

سۈيۈن ھېيدىن ئۆردەككە قارىدى .

— ئاتامغا قالاچ قاناقانىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، بۇرۇن بۇنىڭ ئىچى بۆك يۇلغۇن ، قاقشاللىق ، ئارىلاپ قاغدان ، چاكاندىلىق ئى-كەندۇق . كېيىن تاغدىن كېلىدىغان كەلكۈن باشقا تەرەپلەر بىلەن ئاقىدىغان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدىكى يۇلغۇن ، قاقشاللار قۇرۇپ

كېتىپ ، قاغدان ، چاكاندىلارلا قالغانىكەن ، — دېدى ئۆردەك .
— دائىرىسىنىڭ چوڭ ئەمەسلىكىگە قارىغاندا ، بۇ مەخسۇس چېرىكخانا بولغان بولسا كېرەك ، — دېدى فېڭشى .
دۆڭلۈك ئىچىدە ئالاھىدە دىققەتنى تارتقۇدەك خارابە ئىزلىرى كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئابدۇرېھىمنىڭ باشلىشىدا شەرق تەرەپتىكى تۆپىلىككە باردى . تۆپىلىكتە تىك ، يانتۇ ۋە چېپچىلىپ تۇرغان نۇرغۇن ياغاچلارنى كۆرۈپ ، سۈيۈن ھېدىننىڭ كۆزى چۆچەك-تەك بولۇپ ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى . ياغاچلارنىڭ بەزىلىرى تۆت چاسا ، بەزىلىرى يۇمىلاق تېشىلگەن بولۇپ ، چېتىق چېتىلغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى . سۈيۈن ھېدىن كۆرۈنۈشلەردىن نۇرغۇن سۈرەت تارتتى . بۇ بىر قەبرىستانلىق ئىدى ، لېكىن كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى . بەزى قەبرىلەر ئېچىلىپ قالغان بولۇپ ، جەسەت ئۈستىدىن يۆگەلگەن كېپەنلىكنىڭ قانداق توقۇلمىلىقىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى . بەزى لەھەتنىڭ تۆت چۆرىسى كېسەكتە قوپۇرۇلغان بولسا ، بەزىلىرىنىڭ يۇلغۇن قىپچىلىرىدا توقۇپ چە-قىرىلغان ، يەنە بەزىلىرىنىڭ شال بىلەن توسۇلغانىدى . سۈيۈن ھېدىن قەبرىستاننىڭ دائىرىسىنى ، ئەتراپىنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ ئۆلچىدى ، خەرىتىسىنى سىزدى .
قەبرىستاننىڭ يېنىدىلا تۆت مېتىرچە ئېگىزلىكتە دۆگىلەك تىك دۆڭ بار بولۇپ ، قاتلىرىغا يۇلغۇن ياغىچى قويۇلغىنىدىن ئۇنىڭ تۇرنىڭ قالدۇقى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ . ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەنە شۇنداق ئارىسىغا يۇلغۇن شاخلىرى قويۇلۇپ ، چىڭ-داپ ياسالغان كىچىك - كىچىك سەككىز دۆڭچەكمۇ بار ئىدى . سۈيۈن ھېدىن بۇلارنىڭ نېمىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى قىياس قىلال-مىدى . سۈيۈن ھېدىن قاقشاللىق بىلەن تۆپىلىكتىكى قەبرىستان-لىقنى تەكشۈرۈش ، ئۆلچەش ، خەرىتىگە ئېلىش ، تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇش بىلەنلا چەكلەندى . ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارمىدى...
— مەن مۇشۇ يەردىن ئۆيگە كېتەي ، — دېدى ئۆردەك چوڭ

داشىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە سىۋېن ھېدىنغا ، ئاندىن ئابدۇرېھىمغا قاراپ ، — سەن بۇلارنى يېڭىكۆلگىچە باشلاپ ئاپىرىپ قويۇپ تاغقا چىقىپ كەتسەڭ بولار ، يولۇڭمۇ شۇ بولغاندىكىن ، — دېدى .

— شۇنداق قىلارمەن ، — ئابدۇرېھىم قىسقا ، ئەمما نەق جاۋاب بەردى .

ئۆردەك مەھەللىسى — ئوماقنىڭ تاختىسىغا كەتمەكچى بولۇۋاتقىننى بىلىپ ، سىۋېن ھېدىن ئېتىدىن چۈشۈپ ئۆردەك تەرەپكە ماڭدى ، ئۆردەكمۇ ئېتىدىن چۈشتى . سىۋېن ھېدىن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ ، ساناپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇرۇپ :

— ئۆردەك ، بۇ سىنىڭ ئىش ھەققىڭ ، بۇ ساڭا بەرگەن مۇكاپاتىم ، — دەپ ئۆردەككە تەڭلىدى .

ئۆردەك «ئىش ھەققىڭ» دېگەن پۇلنى گەپ قىلماي ئالدى ، يەنە بىر بۆلەك پۇلنى بولسا ، سىۋېن ھېدىننىڭ كۆزىگە قاراپ :

— بۇ پۇلنى··· — دېدى ، ئالمىدى .

— ئال ، مۇكاپات دېگىنىم بىلەن ئەمەلىيەتتە ئىش ھەققىڭ ، سەن ھەممىمىزدىن بەك جاپا چەكتىڭ . ماڭا قارا ، ئۆردەك ، ئىككىمىزنىڭ يېشىدا بىر ياشلا پەرق بار ، سەن يېرىم يېشىڭنى ئېلىۋەتسەڭ ، مەن يېرىم ياش قوشۇۋالسام ، ئىككىمىزنىڭ يېشى تەپتەڭ بولىدۇ ، بىر يىلدا تۇغۇلغان قوشكېزەكتەك بولىمىز ، ئال ، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ، — دېدى سىۋېن ھېدىن .

ئۆردەك ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ شۇنداق ياكى شۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلەلمىدى ، كۆزىگە قاراپ شۇنداقتەك ھېس قىلدى - دە ، پۇلنى ئالدى . سىۋېن ھېدىن يانچۇقىدىن بىر ئۇچۇم ئوقنى چىقىرىپ :

— بۇ ئوقلارنى ئاتاڭ بىلەن ئىشلىتىپ تۇرۇڭلار . ئۆتكەندە مەن ئاتاڭغا بەرگەن مىلتىققا چۈشىدۇ ، — دېدى . ئۇ كېيىنكى گەپنى ئالاھىدە قوشۇپ قويدى .

ئۆردەك ئوقلارنى ئالدى - دە ، «خوش» دەپ قويۇپلا ئېتىغا مىنىپ تۆۋەنلەپ يۈرۈپ كەتتى . سىۋېن ھېدىنمۇ ئېتىغا مىندى . ئۆردەك بۇيانغا ماڭدى ، ئۇلار ئۇيانغا .

## 3

بۇ يىل تارىم — كۆنچى دەرياسى بويىدا ئىسسىق ئىمىتىقىدۇر ئۆتكەن يىللاردىكىدەك پاھ ـ ۋاھ دېگۈدەك دەرىجىدە قاتتىق بولمىدى . بۇغدايلارنىڭ پىشىشى كېچىككەچكە ، يىغىم ئىشلىرىمۇ كېيىنگە تارتىلىپ كەتتى . خامان تېپىش ، خامان ئېلىش خۇشاللىق ئىش ئىدى ، ئەمما بۇ يىلقى خامان ئىشى كىشىلەرنىڭ بىر غېمىنى ئىككى قىلىپ ، بەك ئالدىرىتىۋەتتى . سەۋەبى ، خامان كېچىكىپ كەتكەچكە ، خاماننىڭ ئاخىرى كەلكۈن ۋاقتى بىلەن قىستىلىپ قېلىپ ، كىشىلەرنى بەكلا ئالدىراش قىلىۋەتتى . خاماننى تېز يىغىشتۇرۇۋالمىغاندا ، ئالتە ئاي ياز قىلغان ئەجىر كەلكۈندە قېلىپ ، بىكار بولۇپ كېتەتتى . يەنە بىر غەمگە كەلسەك ، تىكەنلىك ، كۆزلەك ، چارىلىقلار ئاغزىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن قوشاق ـ ناخشىلارغا قۇلاق سالسىڭىز ، ئۇنىڭ قانداق غەملىكىنى بىلىسىز :

ئاڭىزنى چارلاپ چىقتى ،  
داڭزا[1] تۇتۇپ قولۇغا .  
بىزگە ئۇۋال قىلغانغا ،  
يولبارس تۇرسۇن يولۇغا .  
كېچەسى ئۇخلاغاندا ،  
ئەزرائىل كىر قويىنۇغا .

ئىككى مىڭ كۈرە ئاشلىقنى ،  
خەتلەۋاپتۇ داڭزىغا .  
قاراپ قالدى كۆزلەكچى ،  
سەركار بەگنى ئاغزىغا .  
بىزگە زار ئۇۋال قىلىپ ،  
باسىپ ئۇرار باڭزىغا .

① داڭزا — هۆكۈمەت ئالاقىسى ، بىرەر خەت پۈتۈلگەن قەغەز .

ئالى[1] ئاقساقال بولسا ،
گەپكە توغرا تۇرار ئىدى .
كۆچۈلا بەرۈر بولساڭ ،
ئۆمۈرلۈك قۇرار ئىدى .
ساچلىقنى[2] زورلۇقۇدۇن ،
يۇرتمۇ قۇتۇلار ئىدى .

كەتتى ئاڭىزنى چۆرۈلۈپ ،
غودۇرانى[3] قويما سۇغا .
قارالاشىپ يۇرۇسەڭ ،
يۇرت قالار قايغۇسۇغا .
هالالى يوق جاننىڭ ،
هارام قوش ئۇيقۇسۇغا .

كەلگىلى بىر ئاي بولدۇ ،
كۇنۇگە ئۈچ قوي يەدى .
ئاچ قالغانمۇ ئۆيۇدە ،
بىرچە[1] تويدۇم دەمەدى .
بالاسى بولۇر بىزگە ،
ئۇۋالىنى بىلمەدى .

سەركار بەگىم ئۇسادى ،
قاۋۇن پىچىڭلار ئاسىغداپ
پىچىڭلار تاتتىقنى[5] ،
ئىچىگە ئاغۇ[6] چالقاپ[7] .

---

① ئالى ئاقساقال -- چاربدىكى ئالىباي ئاقساقال .
② چاچلىق -- مانجۇ ئەمەلدار ، چىرىڭلىرى .
③ غودۇرا -- جاي نامى .
① بىرچە — بىر قېتىم .
⑤ تاتتىق - تاتلىق .
⑥ ئاغۇ - ئوغا .
⑦ چالقاپ - چايقاپ ، سىلىپ .

چوڭقۇر كۆمۈۋەتكەنلەر ،
كەتمەسۇن ساسىق تاراپ .

ناھىيىدە ھاكىم ـ ئامباللىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغىنىغا ئىككى يىلدىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ ، تۆۋەن ئەلگىرىكىدەك بەگ ، ئاق-ساقاللىق تۈزۈمىدە قېلىۋەردى . ناھىيىنىڭ دائىرىسى كەڭ ، يۇرت ـ مەھەللىلەر بەك تارقاق بولغاچقا ، ناھىيىدىكىلەر تۆۋەننىڭ ئىشىنى بەگ ، ئاقساقاللارغا تاشلاپلا قويدى . پەقەت باج ـ سېلىق يىغقۇچى ئەمەلدارلار خامان ۋاقتىدىلا كەينىگە نەيزە ، قىلىچ ، مىلتىق تۇتقان ئىككى ـ ئۈچتىن چېرىك ئەگەشتۈرۈۋېلىپ ئالدى بىلەن ئېتىزمۇئېتىز يۈرۈپ ، ئاشلىق تېرىلغان يەرنى ئۆلچەيتتى . پىشىشىق يەرمۇ ـ خام يەرمۇ ، ئاپەت تەگدىمۇ ـ تەگمىدىمۇ ، سۇ كەلدىمۇ ـ كەلمىدىمۇ ، ئاشلىق بولدىمۇ ـ بولمىدىمۇ ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن كارى يوق ، بەلگىلىۋالغان مو بېشى باج ـ سېلىقنى سېلىۋېرەتتى ، پۇقرالار زارلاپ ـ قاقشاپ قېلىۋېرەتتى ، ئۇلارنىڭ دادىغا يېتىدىغان ئادەم يوق . بۇ ئىشلارغا بەگ ، ئاقساقال-لارمۇ ئارا تۇرالمايتتى . چارىنىڭ ئاقساقلى ئالىبايلا پۇقرالارنىڭ كۆيۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئانچە ـ مۇنچە گەپ قىلالايتتى . ئەمما ھازىر ئۇ يوق ، ۋاپات بولغىلى يېرىم يىل بولۇپ قالدى ، ئورنىغا تېخىچە بىرەرسى سايلانمىدى . چارىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇماقنى سايلايمىز دەيتتى ، ئەمما ئۇماق :

— ياشىنىپ قالدىم ، بۇ بىر ؛ يەنە بىرى ، يېڭى مەھەللىدىن («ئۇماقنىڭ تاختىسىدىن» ) كەتمەيمەن ، — دەپ چىڭ تۇرۇ-ۋالدى .

ئۆردەك قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، چارىلىقلار ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىۋالدى . بۇ توغرۇلۇق ناسىربەگ ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆزلەشتى .

— چارىلىقلار ئاتىسى ئۇماق ئاقساقال بولمايمەن دېسە ، ئوغلى ئۆردەك ئالتۇننى ئاقساقال قىلىمىز ، دەپ تۇرۇۋالدى ، نېمە دەي-

سەن ؟ — دېدى ناسىربەگ ، ئۆردەك ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ئۆچىنـ-
چى كۈنى .

— مەنمۇ چارىغا بارمايمەن ، مۇشۇ يەردە دېھقانچىلىقىمنى
قىلىمەن ، — دېدى ئۆردەك ئۇزۇپ جاۋاب بېرىپ .

ئۇنىڭ يۇقىرىلارنىڭ غېمىنى قىلىش ، يۇقىرىلار ئۈچۈن ئىشـ-
لەشتىن باش تارتقۇسى يوق ، لېكىن ئۇنىڭ ئاقساقال بولۇشنى رەت
قىلىشىدا ئويلىغانلىرى بار ئىدى .

ئۆردەك قايتىپ كەلگەندە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ساق -
سالامەت ئىدى . تۆت ياشلىق ئوغلى سادىق چۈچۈك تىلى بىلەن
«ئاتا !» دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋىدى ، ئـۆردەك خۇددى چوڭ
بىر كۆل ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغاندەك قەۋەت خۇش بولۇپ كەتتى .
ئوغلىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ ، «جـانىم ساڭا ، جـانىم ساڭا ،
جان باغرىم» دەپ ، پېشانىسىگە ، ئىككى مەڭزىگە سۆيدى ، ئاندىن
بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ : «مېنىڭ پالۋىنىم» دەپ ئەركىلەتتى .
تۇنجى تۇغۇلغان قىزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان ئوغلىغا
ئۆردەك قالتىس ئامراق ئىدى . ئوغلى ئاتىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ،
ئايقۇتنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ، «ئاتىسىنىڭ يۈز تېرىسىنى كـىـ-
يىپ چۈشكەندەك» ئوخشايتتى . شۇڭا ئۇنى ئۆيدىكىلەرمۇ ، مەھەلـ-
لىدىكىلەرمۇ «كىـچىك ئـۆردەك» ، «بـالا ئـۆردەك» دەپ ئەر-
كىلىتەتتى .

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئوغلى ئۆردەكنىڭ قۇچىقىدىن چۈشمىدى ،
چۈڭگۈلداپ سۆزلەپ ، ئۇنى - بۇنى سوراپ ، ئەر - خوتۇن ئىككىسىـ-
نىڭ مۇڭدىشىشىغا پۇرسەت بەرمىدى . ئىككىسىمۇ «كىچىك ئۆر-
دەك»تىن زوقلىنىپ ، گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، سورىغانلىرىغا جاۋاب
بېرىپ ئولتۇردى . بالا ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدا — خۇددى تەختتە
ئولتۇرغاندەك غەمسىز ، بەھۇزۇر گەپ قىلىپ ئولتۇرۇپ ، ئانا
سۈتىنى پۇرىتىپ يېنىك - يېنىك تىنىپ ئۇخلاپ قالدى . ئۆردەكـ-
نىڭ ئوغلىنى قۇچىقىدىن ئالغۇسى كەلمىدى ، لېكىن ئۇمۇ ئۇخلىـ-
مىسا ، ھاردۇقىنى چىقارمىسا بولمايتتى ، شۇڭا بالىنى ئاستا ،

ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويدى.

— ئەمدى يەنە يول باشلىغۇچى بولدۇم، دەپ ئۆيدىن يىراققا كەتمەڭ، سادىق ھە دېسىلا: «ئاتام قەنى، ئاتام كەلمەيدۇغۇ» دەپ تولا سورايدۇ. «كەچتە كېلىدۇ، ئەتە كېلىدۇ» دەپ بالىنىڭ ئالدىدا يالغانچىمۇ بولۇپ كەتتىم. ئەمدى كەتمەڭا، — دېدى دۆلەتخان مۆكۈدىشىپ ئولتۇرۇپ.

ئۆي — ئائىلىنىڭ مېھرى، قوچىقى نېمىدىگەن ئىللىق، ئىسسىق. ئۆردەك بىر ئايغا يېقىن قومۇلۇق دالىدا ئات ئۈستىدە يۈرۈپ، ئوچۇق دالىدا كىيىمى بىلەن يېتىپ ـ قوپۇپ، قوم ـ بوراندا قېلىپ، گاھى توق، گاھى ئاچ، ئۇسسۇز يۈرۈپ، ئۆي راھىتىنى، ئائىلە ھۇزۇرىنى خوپ سېغىنغانىدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۇزاققىچە مۆكۈداشتى. ھەر ئىككىسىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، مۆكۈدىشىپ ـ مۆكۈدىشىپ، قاچان ئۇخلاپ قېلىشقىنىنى بىلمىدى، ئاخىر ئۇخلاپ قېلىشتى، ئىككىسىنىڭ تىنىقى بىرلىشىپ كەتكەنىدى...

— قېنى، ئېيتقىنا، ئۇ ئەجنەبىي كۆك كۆزلەر بىلەن بىللە يۈرۈپ نېمىلەرنى كۆردۈڭ، ئۇلار بىزنىڭ بۇ قومۇلۇقتا نېمە قىلىدىكەن، نېمە ئىزدەيدىكەن، — دېدى ئوماق، ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئۆردەكنى ئۆيىگە چاقىرتقۇزۇپ.

ئۆردەك ئاتىسىغا ھېدىن بىلەن بىللە بارغان جايلىرىنى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى، كۆنچى دەرياسىنىڭ كونا قۇدۇق ئىزىدىن قۇلۇلە قاپلىرى، بېلىق ئۈستىخانلىرىنى تېپىپ خۇش بولۇپ كەتكەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— قۇرۇق ئېقىننى تاپقىنىغا ئۇ بەك خۇش بولۇپ كەتتى. «دەريا سۈيى ئېقىشىنى تۆۋەنگە ئۆزگەرتىپ، بۇ دەريا قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، لوپ كۆلى ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنگە سۈرۈلۈپ كەتكەن، بۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزاق بولغان» دەيدۇ، — دېدى ئۆردەك.

— ئۇزاق بولغانلىقىنى قانداق بىلىدىكەن؟

— قۇلۇلە قېپى بىلەن بىللىق ئۇستىخىنىغا قاراپ، ئاندىن سازلىق ئەتراپىنى كولاپ، قۇم، توپا قاتلىمىنى بىرنېمىلىرى بىلەن كۆرۈپ شۇنداق دېدى.

— سەن، گۇرجەك تاپقىلى بېرىپ ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى نەرسىلەرنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ كەتتى، ياندۇرۇپ - ياندۇ-رۇپ ئىنچىكىلەپ سوراپ كەتتى، دېدىڭ. ئەجەب ئۇ يەرنى تەك-شۈرگىلى بارماپتۇغۇ؟

— سۇ تۇگەپ قالدى، «بۇ مۇھىم جايدەك قىلىدۇ. سۇ ۋە باشقا نەرسىلەرنى تولۇق تەييارلاپ، ئادەمنى جىقراق ئېلىپ كېلىپ تەكشۈرسەك بولغۇدەك» دەپ قايتتى. بۇ يىل كەچ كۈزدە كېلىدى-غان ئوخشايدۇ.

«ئۇ كونا - قۇراق نەرسىلەرنى يىغىپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟» ئوماق ئويلىنىپ قالدى. قالاچ قاناقانىڭ ئۇغۇش - ئەجدادلار ئىزى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى. «بىز دائىم كۆرۈپ تۇرۇ-دىغان ئاشۇ خارابىلەر، ئەسكى - تۇسكى قۇراق نەرسىلەر ئۇغۇش - ئەجدادلار ئىزى بولۇپ قالمىسۇن يەنە» ئوماق ئويلىنىپ - ئويلىنىپ بىر نەرسىنى ھېس قىلغاندەك بولدى - دە، ئۆردەككە جىددىي تۇستە قاراپ:

— ئۆردەك، مەن سېنى ئەمدى ئۇلار بىلەن مېڭىپ يۈرمىسە بولامدىكىن، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ياق، بۇ ئويۇم بولماپتۇ. قالاچ قاناقانىڭ گېپى بىلەن، سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن بوۋاينىڭ دېگەنلى-رىنى ئويلىنىپ كۆرسەم، ئۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ شۇنچە يىراقتىن بىزنىڭ بۇ چۆل قۇملۇقىمىزغا كېلىپ تەكشۈرۈپ، كونا - قۇراق نەرسىلەرنى يىغىپ يۈرۈشىدە چوقۇم بىر گەپ بار، بىز ئۆزىمىز بىلەلمىگەن بىلەن، ئۇلار بىلىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار يەنە بىز بىلەن بار دېسە، چوقۇم بار، ئۇلار كۆرگەن، تەكشۈرگەن جايلارنى ئوبدان كۆرۈۋال. يېقىندىن بۇيان سەل ئاجىزلاپ قالدىم، بولمىسا مەنمۇ باراتتىم. ئۆينىڭ ئىشلىرىدىن غەم قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، مەن بار، ئىككى ئاكاڭ بار. ناسىربەگ يەنە كېلىپ

ئالىباي ئورنىغا ئاقساقال بول دېسە ، ھەرگىز ماقۇل دېمە ، قالاچ قاناقانىڭ دېگىنىدەك قىلىش مۇھىم ، — دېدى

ئۆردەك دەسلەپ ئاتىسىنىڭ ئاغزىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى ، كېيىنكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، بۇ ئىشنىڭ قايسى دەرىجىدە مۇھىملىقىغا ئەقلى يەتمىسىمۇ ، «مۇھىم ئوخشايدۇ» دېگەن تۇيغۇغا كەلدى . ئۇلار نەگە بارسا بىللە بارىدىغان ، ئوبدان كۆرۈۋالىدىغان بولدى .

## 4

2 ـ ئاينىڭ ئۈچىنچى ئون كۈنى بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، سوغۇق بوشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى ، كېچىنىڭ سوغۇقى قاپاق ياردى چېغىدىكىدەك ئاچچىق ، قەھرلىك ئىدى . لوپ كۆلىگە يېقىن بولغاچقىمۇ ، ھەر كۈنى شامال بار ئىدى . كېچىسى چىقسا ئەتىگىنى توختاپ ، كۈندۈزى تىنچ بولاتتى ، كۈندۈزى چىقسا ، كېچىسى جىم بولاتتى . شامال كۆپ بولغاندا تۆت سائەتتەك چىقىپ توختاپ قالاتتى ، «يېڭىلىنىپ» تۇراتتى ، ۋاقتى قىسقا بولغىنى بىلەن ئاچچىقى يامان ، قەھرى قاتتىق ئىدى ، جاندىن ئۆتۈپ كېتەتتى . شامالدا ئۇچقان قۇملار ئادەمنى بەك بىزار قىلىۋېتەتتى .

شىڭدى ـ سىڭىر تاغلىرىنىڭ ئىبدىرلىق باغرىدىكى كەڭ قۇملۇقتا ئۈچ ئاتلىق ، تۆت تۆگىلىك بىر گۇرۇپپا ئادەم يولدىن ئېزىپ قالغاندەك ، پات ـ پات ئالدىغا ، ئىككى يېنىغا ، كۆپرەك چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان قۇملۇققا ئۇزاق قاراپ قوياتتى . ئالدىدا كېتىۋاتقان سۆسەر ياقىلىق خۇرۇم پەلتو كىيىۋالغان ئاتلىق كىشى بىردەم ـ بىردەم مەيدە يانچۇقىدىن يۇمىلاق بىر نەرسىنى چىقىرىپ بىر ئۇنىڭغا ، بىر ئالدىغا قاراپ قوياتتى .

— ئېزىپ قالمىغاندىمىز ـ ھە ؟ كومپاس··· — يانىدىشىپ دېگۈدەك مېڭىۋاتقان يەنە بىر ئاتلىق ئالدىدا كېتىۋاتقان كىشىدىن سورىدى ، لېكىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى .

www.uyghurkitap.com

خۇرۇم پەلتولۇق كىشى جاۋاب بېرىش ئورنىغا قولىدىكى نەرسىگە ، ئاندىن ئالدىغا ، ئىككى تەرىپىدىكى كەڭ قۇملۇققا قاراپ قويدى ، زۇۋان سۈرمىدى . ئېگىز ـ ئېگىز قۇم دۆۋىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى توسۇپ تۇرغاچقا ، ھەرقانچە قارىغىنى بىلەنمۇ يىراقنى كۆرەلمەي ئىچى تىت ـ تىت بولاتتى . ئۇ يەنە ئىچ تۆش يانچۇقىدىن ئۇزۇن تاسمىلىق كىچىكرەك تۆت چاسا خۇرۇم قاپچۇقنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر كىتابنى چىقىرىپ ، بىر قولىدا تۇتۇپ پېشاندىسىگە ، ئىككى مۇرىسىگە ، مەيدىسىگە تەگكۈزدى ، ئاخىرىدا كالپۇكىغا تەگكۈزۈپ ئۆپۈپ قويۇپ يەنە قاپچۇققا سېلىپ بوينىغا ئېسىۋالدى .

قاتارنىڭ كەينىدا يانمۇيان كېلىۋاتقان تۆگىلىك ئىككى كىشىمۇ پەس ئاۋازدا سۆزلىشىپ كەلمەكتە .

— ئاتمىشبۇلاققا ئەجەب كەلمەيمىزغۇ ؟

— ئېزىپ قالمىغاندۇق ـ ھە ؟ قۇمۇلدىن يول باشلىغۇچىلىققا ئالغان كىشىمۇ بۇ تەرەپكە ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر قېتىملا كەلگەنىكەن .

— تۆگىلەر سۇ ئىچمىگىلى ئون ئىككى كۈن ، ئاتلارغا ئۈچ كۈن بولدى . ئاتمىشبۇلاقنى تاپالمىساق تۆگە ، ئاتلىرىمىز ئۇسسۇزلۇقتىن يىقىلىپ قالىدۇ .

— ئۇسساپ كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇق ئوت ـ چۆپنىمۇ يېيەلمەي ئاچ قېلىپ ئاجىزلاپ كەتتى ، يىقىلىپ قېلىپ بىزنى يەردە قويامدىكىن ، دەپ قورقۇۋاتىمەن .

— ھېلىقى ئوۋچى ئابدۇرېھىم دېگەن ئادەم يالغان ئېيتمىغاندۇ ـ ھە ؟

— بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنى سەن تېخىچە بىلىپ يەتمەپسەن . لوپ ئادەملىرىچۇ ، يالغان گەپ قىلىشنى ، ئادەم ئالداشنى بىلمەيدۇ ، بۇنداق ئىشنى بەك ئېغىر ئالىدىكەن .

— ئۇنداق بولسىغۇ ياخشى ، خوجايىنىنىڭ كومپىسى چاتاقمۇيا ؟

— بۇنى بىلمىدىم ، بەلكى چاتاقمۇ ئەمەستۇ .

.........

ئۆزئارا سۆزلىشىپ كېلىشۋاتقان بۇ ئىككىسى سىنوف بىلەن شىركىن ئىدى .

ئۆردەك ئۇنتۇلۇپ قالغان گۇرجەكنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ قاتتىق بوراندا ئېزىپ قېلىپ تېپىپ كەلگەن نەرسىلەرنى كۆرگەن سىۋېن ھېدىن ، ئۇ خارابىلىكنىڭ بايقىلىشى ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ، قۇچقان ، يەنە قۇچىدىغان شان ـ شەرەپ ، شۆھرەتلىرىنىڭ گۈلتاجى بولۇپ قالىدىغاندەك ھېسسىياتقا كەلگەنىدى ، كۆڭلى ، تۈيغۇسى شۇنى تۈيۇپ تۇراتتى . كۆڭلى شۇئان قاناتلىنىپ خارابىلىككە ئۇچۇپ بېرىشقا تەقەززالىنىپ تۇرسىمۇ ، سىۋېن ھېدىن ھېسسىياتىنى ، ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ ، ئويلىغىنىدەك يىراققا سەكرەش ئۇچۇن بىر ـ ئىككى قەدەم كەينىگە داجىپ تۇرغاندەك ، ئۇ قېتىم ۋاقتىنچە قايتىپ تۇرۇشنى توغرا تاپتى . بۇنداق قىلىشقا سۇنىڭ تۈگەپ قېلىشى بىر سەۋەب ئىدى ، لېكىن ئاساسلىق سەۋەب ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، ئاتمىشبۇلاقتىن ياكى يېڭىكۆلدىن سۇ ئېلىپ كېلىشكە بولاتتى . بىر ئىشنى ئىككى قىلماسلىق ، نەرسە ـ كېرەك ، قورال ـ جابدۇقلارنى يېتەرلىك تەييارلاپ ، ئادەمنى جىقراق ئېلىپ كېلىپ ، بىر قېتىمدىلا زور ئۇنۇم ھاسىل قىلىش ، ئۇنىڭ قايتىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىدى .

«ۋاقىت — ئۇنۇم» دەپ قارايدىغان سىۋېن ھېدىن يازنى خاتىرىلىرىنى رەتلەش ياكى باشقا ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكۈسى كەلمەي ، كۈزگىچە شىنجاڭنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئېلىپ بارماقچى بولدى . يېڭىكۆلدىن شاھيار ـ ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگە قايتتى . بۇ قېتىم ئادەتتىكىدەك قولغا قىلىنغان تاپقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۇدۇللۇق ستوكھولمغا ئەۋەتىدىغان ئىشنى قىلماي ، ئۇنى مەخپىي تۇتۇپ ، كېيىن ئىلىم دۇنياسىدا قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلماقچى

بولدى . تاپقان يادىكارلىقلارنى پاختا ، يۇڭ ، لاتا ـ پۈتىدەك يۇمشاق نەرسىلەر بىلەن ئوراپ ، ساندۇقلارغا ئاۋايلاپ قاچىلاپ ، قۇلۇپلاش بىلەن كۆڭلى تىنماي ، ساندۇقلارنى ئايلاندۇرۇپ ئۈزۈنىسىغا ، توغرىسىغا تۆت يەردىن پىچەتلىدى . يېقىن دوستى ، قوللىغۇچىسى پېترووۋىسكىيغىمۇ ئىشەنمەي ، ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي ، قەشقەردە دائىم تۇرۇشلۇق شۋېتسىيىلىك بىر سودىگەرگە ئامانەت قويدى . شىرىڭ ئېگىزلىكىگە قىلىدىغان سەپىرىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋېلىپ ، خو-تەندىن قاراقۇرۇم تېغىنى ياقىلاپ مېڭىپ ، قۇمۇلدىن كۆكنۇر[1] تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى .

— شىرىڭ تاغلىرىنى ئۆلچىگەندىن باشقا ، خوجايىن نېمىگە ئېرىشتى ؟ — شىركىن سىنوفتىن سورىدى .

— قار ـ مۇز ، سوغۇقلۇقىدىن باشقا ، خەتەرلىكلىكچۇ ، تاس قالدىم ھېلىقى قېتىم مۇزدا تېيىلىپ ئۇچۇپ كەتكىلى . ھېلىمۇ ياخشى ئاتنى قويۇپ بېرىپتىمەن . بولمىسا… ھازىر ئويلىسامۇ قورققۇم كېلىدۇ .

ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسى بىر مۇزلۇق چوققىدىن ھالقىۋات-قاندا ، سىنوفنىڭ ئېتى تېيىلىپ كېتىپ ئۆزىنى توختىتالما-دى . سىنوف قورقۇپ كېتىپ ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى قويۇپ بەردى . ئات شۇ تېيىلغىنىچە مۇز داۋاندىن ئۇچۇپ چۈشۈپ كەتتى .

— ئۇنداق بولۇپ ، بۇنداق بولۇپ ، ئون ئىككى ئاتتىن ئونى ، يەتتە تۆگىدىن ئۈچى ، ئۈچ ئېشەكنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى ـ ھە .

— شۇنى دېمەمسەن ، تۆگىگە قالدۇق مانا ، — سىنوف ئېگى-كىنى كۆتۈرۈپ ئالدى تەرەپنى ئىمالىدى ، — ئاۋۇ ئىسلامباينىڭ ئېتىغا ھېچنېمە بولمىدى ـ ھە ؟

— ئۇنىڭ ئېتىغا بىر ئىش بولدى نېمە ، بولمىدى نېمە ، ئوخشاشلا تۆگىگە قالاتتۇق . ھازىرقى گەپ ، بۇلاق بار جاينى تاپساق بولىتتى ، — دېدى شىركىن .

---

[1] كۆكنۇر — چىڭخەي .

سىڭىرلىق ئوۋچى ئابدۇرېھىم ئالدىنقى يىلى يېڭىكۆلدە سىۋېن ھېدىنلار بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا، ئاتمىشبۇلاق يولىدا كىشىلەر ئانچە بىلمەيدىغان، ئوۋچىلارلا بىلىدىغان ئۇچبۇلاقنىڭ ئورنىنى، ئەتراپىدىكى بەلگە ئالامەتلەرنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. سىۋېن ھېدىن قۇمۇللۇق يول باشلىغۇچى غىياس جەرەندىن ئاتمىشبۇلاقنىڭ قايسى تەرەپكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، كومپاسنى شۇ تەرەپكە توغرىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ پات - پات كومپاسقا قاراپ قويۇشى شۇنىڭدىن ئىدى. ئۇ كومپاسقا قارىغانسېرى، ئاتمىشبۇلاق ئۆزىنى تېخىمۇ بىر پىنھانغا يوشۇرۇۋېلىۋاتقاندەك كۆرۈنمەيۋاتاتتى.

— غىياس، ھېلىقى ئۇچبۇلاق نەدە؟ — سىۋېن ھېدىن تەقەززاسى چېكىگە يېتىپ سورىدى.

— ئاتمىشبۇلاق يولىدا شۇنداق بۇلاقلار بارلىقىنى مەنمۇ ئاڭلىغان، مەن بۇ تەرەپكە بىرلا قېتىم كەلگەچكە، ئۇ بۇلاقلارنىڭ بار يېرىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمايۋاتىمەن.

غىياس جەرەننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ سىۋېن ھېدىن بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ تۆكۈلگەندەك، تەن - بويى مۇزلاپ كەتتى. ئۇ ئۈمىدسىز بىر كەيپىياتتا كېتىۋاتاتتى، كۆڭلىدە: «قارا!» دېگەندەك بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، ئۇنىڭدا ئۈمىد پەيدا بولدى، يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان غەم تېغى ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىكلەپ قالدى. ئۇ چوڭ بىر مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىرنەچچە تۆگە قاتارلىشىپ يىراقتىكى سىڭىر تېغى ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. «تۆگىلەر سۇ ئىچكىلى مېڭىپتۇ. تاغ ئىچىدە چوقۇم بۇلاق بار». سىۋېن ھېدىن شۇنداق جەزم قىلدى - دە، ھەمراھلىرىغا شۇ تەرەپكە تېز مېڭىشنى بۇيرۇپلا، ئۆزى ئېتىنىڭ يۈرۈشىنى تېزلەتتى.

«كۆڭۈل تۇيغاق» دېگەن شۇ. سىۋېن ھېدىنلار تاغ ئىچىگە كىرىپ ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا، كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان ئۇزۇن بىر سوزۇقنى كۆردى. ئۇ بۇلاق سۈيىدىن ھاسىل بولغان ئېرىقتى-

كى مۇز ئىدى .

— تۆگە ! — سىنوف قولى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى .

شىركىن : «تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدە ياۋا تۆگە جىق ئىكەن» دەپ ئاڭلىغان بولسىمۇ ، تېخىچە بىرەر ياۋا تۆگە كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئۇ ئىتتىك قولىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ يەلكىسىدىن مىلتىقنى ئېلىۋاتقىنىنى سۋېن ھېدىن كۆرۈپ قالدى .

— نېمە قىلاي دەيسەن ! — سۋېن ھېدىن ئۇنىڭغا ئالىيىپ تۇرۇپ قاتتىق تەگدى ، — بىلدىڭمۇ ، مۇشۇ تۆگىلەر ھازىر بىزنى مۇشكۈللۈكتىن قۇتۇلدۇردى ، جېنىمىزنى ساقلاپ قالدى دېسەكمۇ بولىدۇ . بۇ تۆگىلەر ئاشۇ قۇملۇقتا بولمىغان بولسا ، سۇ ئىچكىلى بۇ تەرەپكە ماڭمىغان بولسا ، بىز ئاشۇ مېڭىشىمىزدا بۇ تاغ ئىچىدىكى بۇلاقنى تاپالامتۇق ؟ ! مەن دەپ قوياي ، بۇنىڭدىن كېيىن گۇرۇپپىمىزدىكى ھەرقانداق كىشىنىڭ ياۋا تۆگىنى ئېتىشىغا بولمايدۇ . كىم ئاتىدىكەن ، ئۇنى شۇ يەردىلا كەتكۈزۈۋېتىمەن .

شىركىن خوجايىنىنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقلانغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئۇ ئىچىگە تىنىپلا قالدى .

تۆگىلەر سۇنى ئىچىپ بولۇپ بۇ تەرەپكە ماڭماقچى بولغانىدى ، ئادەملەرنى كۆرۈپ جىلغىنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈگۈرۈشۈپ قېچىپ كەتتى...

سۋېن ھېدىن سىنوف بىلەن شىركىننى تاغ ئىچىگە بېرىپ ، قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئابدۇرېھىم ئۇۋچىنى چوقۇم تېپىشنى ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ئاتمىشبۇلاق مەھەللىسىگە بېرىپ ، مەھەللە ئاقساقىلى بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئىشلەمچى توغرۇلۇق سۆزلىشىشنى ، ئىشلەمچى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، يەنە بەزى ئىشلارنى تاپىلاپ ، ئىككىسىنى تۆگىلىك يولغا سالدى . ئىسلامباي بىلەن فېڭشىغا مۇشۇ بۇلاق بويىدا قېلىپ تاپىلىغان ئىشلارنى چالا قالدۇرماي تولۇق ئادا قىلىشنى تاپشۇرۇپ ، ئۆزى غىياس جەرەننىڭ يول باشلىشىدا ئۆردەكنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ شۇ كۈنىلا

يۈرۈپ كەتتى .

ھازىر ئۇنىڭغا ئۆردەك بولمىسا زادى بولمايتتى. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قولغا كەلتۈرىدىغان، قازىنىدىغان شان ـ شۆھرىتى، ئېكسپېدىتسىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە كېيىندىغان ئالىتۇن تاجى ئۆردەكنىڭ بولۇشىغا باغلىق ئىدى .

— ئۆردەك ، ئۆيۈڭدە بار بولغايسەن ! — سۋېن ھېدىن قويىنىدىن ئىنجىلنى چىقىرىپ ، كالپۇكىغا ئېلىپ بېرىپ ئۆپتى ، ئاندىن پېشانىسىگە تەگكۈزدى .

## 5

مۇشۇ كۈنلەردە ، سۋېن ھېدىننىڭ ئەس ـ يادى ، ئارزۇ ـ ئۈمىدى ئۆردەكنى تېپىشتىلا قالدى . ئۆردەك تېپىپ كەلگەن ھېلىقى نەرسىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا ، مۇشۇ قېتىمدا مۆجىزە يارىتىلىدىغانلىقى ، كۆڭۈل دالىسىدا چوڭ بىر گۈلخان كۆيۈۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . بۇنى ئۇنىڭ تۈيغۇن كۆڭلى سېزىپ تۇراتتى . يېنىدا غىياس جەرەننىڭ بارلىقى ئېسىدە يوق ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ كېتىۋاتاتتى .

— ئۆردەك ، ئۆيۈڭدە بارمۇسەن ، — ئۇ ئىچ تۆش يانچۇقىدىكى ئىنجىلنى پەلتو ئۈستىدىن ئوڭ قولى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلدى ، — خرىستوس ، مېنى ئۆردەك بىلەن ئۇچراشتۇرغايسەن !

غىياس جەرەن سۋېن ھېدىننىڭ چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر ئارىلاشقان سۆزلىرىگە ئەجەبلىنىپ ، ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ ، ئىچىدە : «بۇ كۆك كۆزگە ئۆردەكنىڭ جىنى چاپلاشتىمۇ نىمە ، ئۇنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇغۇ ، ئۆردەك دېگىنى قانداقراق ئادەمدۇ ؟» دەپ ئويلايتتى ، ئۆزىدىن سورايتتى . شۇنداقلا ئۇنىڭمۇ ئۆردەكنى كۆرگۈسى ، ئۇنىڭ بىلەن تېزرەك ئۇچراشقۇسى كەلدى . سۋېن ھېدىن ئۆردەكنى تېزرەك تېپىۋېلىش تەقەززا-

سىدا مېڭىشىنى تېزلەتتى . ئۇلار ئەتىسى چۈشتىن قايرىلغاندا تە-
كەنلىككە يېتىپ كەلدى . سۇپىن ھېدىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ
ناسىربەگ بىلەن كۆرۈشتى .

— ئۆردەك ئۆيىدە بار ، — ناسىربەگ سۇپىن ھېدىننىڭ
گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ دېدى ، — ۋاقتىدا كېپسىلەر ، بىرنەچچە
كۈندىن كېيىن سۆگەتتاغقا ئوۋغا بارماقچىدى ، مەن ھازىرلا ئۆر-
دەككە ئادەم ماڭدۇراي .

ئىشنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەك ئوڭ كەلگىنىدىن سۇپىن ھېدىن
بەك خۇش ئىدى . «مېنىڭ بۇنداق ئامەتلىك بولۇشۇم خرىستوسنىڭ
مېنى قوللاۋاتقىنىدىن ، مېنى يۆلىگەنلىكىدىن» دەپ قارايتتى ئۇ .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، بۇلار تامىقىنى يەپ بولۇپ تۇرۇشىغا
سىرتتا ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگىنى ، ئاندىن ئادەملەرنىڭ ئۈنى
ئاڭلاندى .

— ئوماقمۇ كەلگەن ئوخشايدۇ ، چىقىپ باقايلى ، — دېدى
ناسىربەگ .

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا سىرتقا ماڭدى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
سۇپىن ھېدىن ، غىياس جەرەنلەر ماڭدى .

— ئوماق ئاغا ، سەنمۇ كەپسەنغۇ ، ۋۇي ، تۆمۈرمۇ بىللە
كېپتۇغۇ .

ناسىربەگ ئوماقنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى ، ھال - ئەھۋال-
لاشتى ، ئاندىن تۆمۈر ، ئۆردەكلەر بىلەن كۆرۈشتى . سۇپىن ھې-
دىن ، غىياس جەرەنلەرمۇ كېلىپ كۆرۈشتى . بولۇپمۇ ، غىياس
جەرەن ئۆردەككە ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى . چۈنكى ، ئۇ ئاتمىش-
بۇلاق ئاقساقىلى تۇرغان ئاتىدىن ئۆردەك توغرۇلۇق ئاڭلىغانىدى ،
«يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئۆردەك مۇشۇ شۇكەن - دە» .

— گەپ مۇشۇنداق ، — دېدى ناسىربەگ سۇپىن ھېدىننىڭ
كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ ، — ئۆردەكنى ئاشۇ خارابىلىككە
باشلاپ بارسىكەن دەيدىكەن . بۇ بىر ؛ يەنە بىر ئىش ، ئۇ بۇ يەردىن
ئۇندەك ئىشلەمچى ، بىرنەچچە ئات ، تۆگە ياللىماقچىكەن .

www.uyghurkitap.com

— ئۆردەكنىڭ ماڭا دەپ بەرگىنىگە قارىغاندا، يىگىرمە تۆت يىلنىڭ ئالدىدا كۈنچىققانبەگ بىلەن بىرقانچىمىز بارغان «كۆلشەھىرى» دېگەن يەر شۇ ئوخشايدۇ. شۇ قېتىمدا تۆمۈرمۇ بىز بىلەن بىللە بارغان. ئۇ چاغدا بۇ ئون يەتتە ياشتا ئىدى، يول ئاز-تولا ئېسىدە قالغاندۇ، دەپ بۇنى باشلاپ بېرىشسۇن دەپ بىللە ئېلىپ كەلدىم، — دېدى ئوماق.

— ۋۇي، «كۆلشەھىرى» دېگىنىڭ، «مەردەك شەھىرى» شۇغۇ.

— ھەئە، بەزىلەر ئۇ كونا-قۇرامساقلىقنى: «كۆلشەھىرى» دېسە، چوڭ ياشلىقلار، ئوۋچىلار: «مەردەك شەھىرى» دەيدىكەن. «كۆلشەھىرى» بولسۇن، «مەردەك شەھىرى» بولسۇن، قايسى زاماندىكى شەھەر بولغىيدى، ئۇ؟

باياتىن ناسىربەگ بىلەن ئوماقنىڭ پاراڭلىرىنى قۇلىقىنى تىكىپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان سۋېن ھېدىن بىتاقەت بولۇپ گەپ قوشتى:

— «كۆلشەھىرى»، «مەردەك شەھىرى» دەيسىلەر، نەدىكى، قانداق شەھەرلەر ئۇ؟

— ئىككىسى بىر شەھەر، — ناسىربەگ جاۋاب بەردى، — بۇرۇنقىلار «مەردەك شەھىرى»[1] دەيدىكەندۇق، ئۇ لوپ كۆلگە يېقىن بولغاچقا، كېيىنكىلەر «كۆلشەھىرى» دەپ ئاتىۋاپتىكەن.

سۋېن ھېدىننىڭ ئېسىگە ئۇستازى رىختوفىننىڭ «يىپەك يولى» توغرىسىدىكى باياناتلىرى كەلدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا «يىپەك يولى» بويىدىكى تارىخىي شەھەر-ئۆتەڭلەر، سودا ئالماشتۇرۇش نۇقتىلىرى كۆرسىتىلگەن سخېمىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، ناسىربەگكە قاراپ:

— بەگ، ھازىر ھاۋا بارغانسېرى ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەگەر ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىساق، كۈن ئىسسىپ كەتسە، ئىشىمىز چالا

---

① تارىم بويىدىكى تارىخىي شەھەرلەر قاتارىدا «مەردەك شەھىرى» دېگەن بىر شەھەر نامى زىكرى قىلىنىسمۇ، تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئورنى نامەلۇم، دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ.

قالىدۇ . بۇگۇنلا مېڭىپ كەتسەك ، ياردەم بەرسەڭلار ، — دېدى . ئۇ ئۆردەك بايقىغان ، لوپلۇقلار «مەردەك شەھىرى» ، «كۆلشەھەرى» دەپ ئاتايدىغان خارابىلىككە بېرىشقا ئالدىراۋاتاتتى .

— بۇنى بىز «سىيتىنىڭ تاختىسى»غا تۇنجى كەلگەن يىلى قۇم ئاستىدىن تېپىۋالغان ، قايسى چاغدىكى كەتمەنكىن؟ — ئوماق ئېرىققا ئېچىق ئالماقچى بولغاندا قۇم ئاستىدىن چىققان ھېلىقى كەتمەننى سۋېن ھېدىنغا كۆرسەتتى .

سۋېن ھېدىن كەتمەننى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ قارىدى . داتنىڭ قېلىنلىقىغا قاراپ ، ئۇزاق بىر زامانلاردىكى كەتمەنلىكىنى قىياس قىلسىمۇ ، ئارخېئولوگ بولمىغاچقا ، ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىدى ، لېكىن : «بۇلارنىڭ تېرىقچىلىققا كىرىشىشى يېقىنقى ئىش بولسىمۇ ، بۇ كەتمەن بۇلارنىڭ يىراق قەدىمدىكى ئۇغۇش - ئەجدادلىرىنىڭ بۇ زېمىندا ئاللىقاچان دېھقانچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ ، كەتمەننى سېتىۋالدى .

ناسىربەگ سۋېن ھېدىننىڭ تەلىپى بويىچە ئىشلەمچىلىككە ئېتى بىلەن بارىدىغان ئالتە ئادەم ، تۆگىسى بىلەن بارىدىغان ئۈچ ئادەم تېپىپ بەردى . بۇ ئۈچ ئادەم ئىچىدە داڭلىق قوشاقچى سالتاڭ قاسىممۇ بار ئىدى .

تىكەنلىك ، لوپ دالىسىدىكى يۇرت - مەھەللىلەر ئىچىدە دائىرىسى كەڭ ، ئاھالىسى كۆپ ، يېرى مۇنبەت ، تۇرپان ، توقسۇنلاردىكىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ تۇرىدىغان يەر ئىدى ، ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس ، بېلىقچىلىق بىلەن ئوۋچىلىقنى قوشۇمچە قىلاتتى . سۋېن ھېدىن يېتەرلىك يېمەكلىكنى تىكەنلىكتىن تەييارلىۋالماقچى بولدى . بۇ يەردىكىلەرنىڭ تەييارلىماق ئاسان ، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى ، ئازراق يېسىلا قورساق تويىدىغان ، قورساقتا تۇرىدىغان ، ئەمما قورساقنى ئاچۇرمايدىغان ، تېز ھەزىم بولىدىغان تائاملىرى سۋېن ھېدىنغا ياراپلا قالماي ، بەلكى ئۆزىدەك ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئېلىپ يۈرۈشىگە قۇلايلىق تائاملار ئىدى . سۋېن ھېدىن «پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي» بىر خالتا

ئۇجۇل تالقىنى ، بىر خالتا جىگدە تىرىپى ، بىلىق تالقىنى بىلەن پىشۇرۇلغان توخۇ ، غاز ، ئۆردەك تۇخۇملىرىنىڭ سىرتقىدىن يېرىم خالتىدىن سېتىۋالدى . بۇ يەردىكىلەرمۇ ئۇ نەرسىلەرنى «پۇلنى ئاز بەردى» دېمەي ، بەگ ـ ئاقساقالنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن ئۆي ـ ئۆيدىن بىر ئوچۇم ـ بىر ئوچۇمدىن يىغىش قىلىپ ھازىرلاپ بەردى . بەش قوينىڭ گۆشىنى ئۇستىخىنىدىن ئاجرىتىپ ، ئۇششاق چانىتىپ ، سۇدا پىشۇرغۇزۇۋالدى .

— نېمانداق پىشىپ كەتكەن ئادەم بۇ ، — دېدى ناسىربەگ .

— مەنمۇ بۇلارغا شۇنى دەۋاتىمەن . گۆشنى ئۇششاق چانىتىپ پىشۇرۇۋالغىنىدىن بۇ كۆك كۆزنىڭ قۇملۇق سەپىرىگە پىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ . ئويلاپ باقسام ، بەزى جەھەتلەردە بىز تېخى خام ئىكەنمىز ، — دېدى ئوماق .

— بىز قايسى تەرەپتە ئۇنىڭغا يەتمەيدىكەنمىز ؟

— بىز يول ـ سەپەرگە گۆشنى مەيلى خام ئېلىۋالايلى ، مەيلى پىشۇرۇپ ، بۇنىڭدا بىرىنچىدىن ، يۈك ئېغىرلايدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۇستىخان بىلەن ماشاپ سالغان گۆش چانالغان گۆشتەك تولۇق پىشىپ كەتمەيدۇ ، قورساققا ئېغىر كېلىدۇ ، پىشىشىمۇ تېز بولمايدۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ .

— توغرا ـ توغرا ، مەن بۇ تەرەپلىرىنى ئويلىماپتىمەن ، — دېدى ناسىربەگ .

سۇبىن ھېدىن ئىشلەمچىلەرگە ئات ، تۆگە ، يەم ـ بوغۇزلارنى تەييارلاتقۇزۇپ ، يۈك ـ تاقلارنى سەرامجانلاتقۇزۇش بىلەن بەند بولۇۋاتقاندا ، ئوماق تۆمۈر بىلەن ئۆردەكنى يانغا تارتىپ :

— گەپ بىز ئۆيدە دېيىشكەندەك بولسۇن ، بېرىپ ـ كېلىشتە يولغا ئوبدان قارىۋېلىڭلار ، ئاندىن ئۇنىڭ زادى نېمە قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار ، سىلەرنى باشقا ئىشقا سېلىپ قويۇپ ، ئۆزى باشقا بىر ئىشنى قىلىپ يۈرگۈدەك بولسا… — ئوماق ئوغۇللىرىغا يەنە نېمىلەرنى دېيىشنى ، نېمىلەرنى تاپىلاشنى بىلەلمىدى ، — مېنىڭ

دەيدىغىنىم ، دىققەت قىلىڭلار ، كېيىن گۆنۈپ[1] قالىدىغان ئىش بولمىسۇن ، — دېدى .

سۈبىن ھېدىنىنىڭ بۇ قېتىم تىكەنلىككە كەلگەن ۋاقتى ، ناھىيىنىڭ ئامبال ـ ھاكىمى چىن يەنسەننىڭ ئورنىغا ليۇ گوجى دېگەن بىرى ئالماشقان ، ئەمما يېڭىسى تېخى كەلمەي ، كونىسىنىڭ قولى ئىشقا بارماي ، كۆڭلى ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ ، نەدە توختىشى بىلەن بولۇپ قالغان مەزگىلگە توغرا كېلىپ ، ئىشلىرىنى بىمالال پۈتكۈزۈۋېلىشىغا پۇرسەت چىقىپ قالغانىدى .

ۋاقىت كەچكە تارتىپ قالغان بولسىمۇ ، يوسۇقىدە بىر يەردىن كاشىلا چىقىپ قېلىپ يولى توسۇلۇپ قالىدىغاندەك ، سۈبىن ھېدىن ناسىربەگ ، ئوماقلار بىلەن خوشلىشىپ ، ئادەملىرىنى باشلاپ مېڭىپ كەتتى . كېچىچە ماڭسىمۇ ئېزىپ قالمايدىغانلىقىغا ئۇنىڭ ئىشەنچى كامىل ئىدى . چۈنكى ، مۇشۇ توپىلا ئۆردەك ، تۆمۈر ، غىياس جەرەنلەردەك يول بىلەر ، ئىزچى يول باشلىغۇچىلار بار ئىدى .

مەھەللىدىن چىقىپ ئانچە ئۆزىمايلا قوشاقچى سالتاڭ قاسىم كۆڭلىدىكى غۇم ـ غېمىنى قوشاق قىلىپ ئېيتىشقا باشلىدى .

كۆكچى[2] يەي ھارامزادە ،
قوشۇپ مەنى تۆگىگە ؛
ياندىق بولۇپ ماڭغىن ، دەپ ،
تۇتۇپ بەردى تۆرىگە .
تۆرە خوجام ئوخشايدۇ ،
چېقىر كۆزلۈك بۆرىگە .

كۆكچى مەنى ساتىپتۇ ،
ماڭا تەگمەدى نەپى .
ئەمدى باشىمغا كەلدى ،

---

① گۆنۈپ — ئەپسۇسلىنىپ ، پۇشايمان يەپ .
② كۆكچى — بۇ ناسىربەگكە دارتىما .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكتى ئادرېسى

ئاغامنى قىلغان گەپى
قاچىپ كەتەي دەسامما ،
ماڭا كەلمەدى ئەپى .

كۆكچى يەي هارامزادە ،
دەسسەتىپتۇ قاپقانغا .
ئىچىم ئوتتا كۆيۈدۇ ،
مەنى خەققە ساتقانغا .
خۇدايىم قانات بەرسە ،
ئۇچۇپ كەتسەم ئاسمانغا...
.................

— ئۇ كىم ؟ نېمە دەيدۇ ؟ — سۆبى هېدىن يېنىدا كېتىۋاتقان ئۆردەكتىن سورىدى .

سۆبى هېدىن ئۇيغۇرچىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلىگۈدەك دەرىجىدە ئۆگىنىۋالغان بولسىمۇ ، سالتاناڭ قاسىم قوشاقنى پەس ئاۋازدا ئېيتقاچقا ھەم سۆز ئارىسىدا لوپ شېۋىسى بولغاچقا ، ھەم يەنە قوشاق ئاھاڭلىق ، سوزۇپ ئېيتىلغاچقا ، بەزى سۆز ، مەزمۇنلارنى ئاڭقىرالمىغانىدى .

— ئۇنىڭ ئىسمى قاسىم ، داڭلىق قوشاقچى . كېچىدە قۇملۇق چۆلدە يول مېڭىپ زېرىكىپ قالمايلى ، دەپ بىشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قوشاققا قېتىپ ئېيتىۋاتىدۇ ، — دېدى ئۆردەك .

تۆمۈر ئۇكىسىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى .

يولتۇزلار بىر - بىرلەپ چىقىپ جىمىرلاشماقتا ، يۇلمۇ ، قوشاقمۇ داۋاملاشماقتا .

## 6

نىمشقىدۇر بۇگۈن بالدۇر كەچ كىردى ، يەنە كېلىپ ئاسماندا

نە ئاي ، نە يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى . كېچە قاپقاراڭغۇ ئىدى ، خۇددى زېمىن ئۈستىگە قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك . سىۋېن ھېدىن يېنىدا كېتىۋاتقان ئۆردەكتىن :

— ماڭغان يولىمىز توغرىدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

ئۇ ، يولدىن ئېزىپ قېلىپ ، بۇلاق بويىدا قېلىپ قالغان ھەمراھلىرى بىلەن تېپىشالماي قېلىشتىن ، ھېلىقى خارابىلىكنى تېپىشتەك چوڭ ئىشنىڭ كېيىنگە سۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرە-ۋاتاتتى . سىۋېن ھېدىن بۇ ئىشنى ھاۋا ئىسسىپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا تۈگىتىۋېلىشقا ئالدىراۋاتاتتى .

— مەن بۇ تەرەپ بىلەن مېڭىپ باقمىغان ، — ئۆردەك جاۋاب بېرىپ بولۇپ ئاكىسىغا قارىدى .

تۆمۈر يىگىرمە تۆت يىلنىڭ ئالدىدا ئون يەتتە ياش چېغىدا كۆندۈزى ماڭغان . بۇنداق تۈم قاراڭغۇدا ئۇ ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەيۋاتاتتى ، شۇڭا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . ئۇنىڭ باش لىڭشىتقىنىنى يېنىدا كېتىۋاتقان ئۆردەك ئاران ئىلغا قىلغان يەر-دە ، راست ، ئەتراپنى قانداق كۆرگىلى بولىدۇ .

— سەن بىلەلىدىڭمۇ ؟ — ئۆردەك غىياس جەرەندىن سورىدى .

— ھېچنېمىنى كۆرەلمەيۋاتىمەن .

شۇ تاپتا سىۋېن ھېدىننىڭ كاللىسىنى : «ئېزىپ قېلىپ باشقا ياققا كېتىپ قالمىساق بولىتتى» دېگەن غەم - ئەندىشە چىرمىۋالغا-نىدى . ئۇ كومپاسقا قاراپ باقماقچى بولۇپ نەچچە تال سەرەڭگە كۆيدۈرۈپ بولدى ، كومپاسنىڭ ئىستىرېلكىسىنى كۆرگىلى بولمىدى .

— ئوت ، غولۇتمان !

كەينىدە كېلىۋاتقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىرى توۋ-لىدى .

دېگەندەك ، شەرقىي - شىمال تەرەپتە ، خېلى يىراقتا كۆچلۈك ئوت يالقۇنى كۆرۈندى .

— ماڭغان يولىمىز توغرىكەن ، بۇ ئىسلامبايلار ياققان

ئوت ! — سۋېن ھېدىننىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك خۇشال بولۇۋاتقىنىنى بىلگىلى بولاتتى ، — تېز ماڭايلى ، — ئۇ كىشىلەر-نى مېڭىشنى تېزلىتىشكە دەۋەت قىلدى .

سۋېن ھېدىن تىكەنلىك تەرەپكە ماڭىدىغاندا ، ئىسلامبايغا ئىككىنچى ئاخشامدىن باشلاپ ھەر كۈنى كېچىچە گۈلخان يېقىپ تۇرۇشنى تاپىلىغانىدى . بۈگۈن ئۈچىنچى كېچىسى ئىدى . سۋېن ھېدىنلار كەلمىگەنسېرى ئىسلامبايلار ئەنسىرەپ ، بۇ كېچە ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ ياققانىدى . ئۇلار تۇرغان تاغ ئېغىزىدا ئوتۇن جىق ئىدى .

سۋېن ھېدىنلار يېرىم كېچىگە قالماي تاغ ئېغىزىغا كېلىپ بولدى . گۈلخان ئەتراپىدا ئاتمىشبۇلاق تەرەپكە كەتكەن سىنوف ، شىركىنلار بىلەن بىللە ئابدۇرېھىم ئوۋچى ، كۈنچىققانبەگنىڭ چوڭ ئوغلى توختىئاخۇن ، يەنە بىرنەچچە كىشى تۇراتتى . سۋېن ھېدىن ئابدۇرېھىم ئوۋچىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى .

— ۋوي ، توختى ، سەنمۇ كېپسەنغۇ ، — ئۆردەك توختى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئابدۇرېھىم ئوۋچى بىلەن كۆرۈشتى ، ئاز-دىن يەنە توختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ، — ئاتمىشبۇلاققا كەلگەنمىدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

تۆمۈرمۇ توختى بىلەن كۆرۈشۈپ قىزغىن ئەھۋاللاشتى .

— مەن ئاتمىشبۇلاق ئارقىلىق سىڭىر ، قۇرۇقتاغ ، سۆگەت-تاغقا بېرىپ ، ئۇ يەردىن چارىغا بارماقچىدىم . بۇلارنىڭ خوجايىنى-نىڭ سېنى تېپىپ كەلگىلى كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، بۇلار بىلەن بىللە كەلدىم ، — دېدى .

كونا دوستلار كۆرۈشكىنىگە خۇش بولدى .

سۋېن ھېدىنلار كېچىنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى بىرنەچچە يەر-گە گۈلخان يېقىپ ، شۇنىڭ ئەتراپىدا يېتىپ ـ ئۇخلاپ ئۆتكۈزدى .

سۋېن ھېدىن ئەتىگەندىلا تەييارلىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كە-چۈردى . ماڭىدىغان چاغدا ، ئۇ بۇ يەردە قالىدىغانلارغا سۇ ئالسا بولىدىغانلىكى نەرسىلەرگە سۇ قاچىلاپ تەييار قىلىپ تۇرۇشنى

www.uyghurkitap.com

تاپىلغانىدى . سۇنى قاچىلاشنىڭغۇ قاچىلاپتۇ ، ئەمما ھازىر ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغانىدى . ئۇ چاغدا يەتتە ئادەم ، ئۈچ ئات ، تۆت تۆگە بولغان بولسا ، ھازىر ئادەممۇ ، ئات ، تۆگىلەرمۇ يىگىرمىدىن ئېشىپ كەتتى . سۇ بىلەن ئات ، تۆگىلەرنىڭ ئوت - چۆپ مەسىلىسى مۇھىم ئىش بولۇپ قالدى . ئۆردەكنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلار بارماقچى بولغان خارابىلىك ھەم ئۇنىڭ ئەتراپى دەشت - چۆل بولۇپ ، سۇ ، ئوت - چۆپ دورىلىققىمۇ تېپىلمايدىكەن . خارابىلىكتە ئىش ئاخىرلاشماي سۇ ، ئوت - چۆپ تۈگەپ كەتسە ، ئىشنىڭ چاتىقى شۇ ئىدى . بۇنى قانداق ھەل قىلىشتا سۋېن ھېدىنىنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ قاتتى ، تېشىمۇ قاتتى . ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ باش ئاغرىقىنىڭ «دورىسى»نى تاپالمىدى . «قوينى قاسساپ سويسۇن» دېگەندەك ، بۇ ئىشتا يەرلىك كىشىلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقماقچى بولۇپ ، ئۆردەك ، ئابدۇرېھىم ، غىياس جەرەنلەرنى ، ئۇلارغا قوشۇپ ئىسلامباي ، سىنوفلارنىمۇ چاقىرىپ مەسلىھەت سالدى .

— ئالدى بىلەن بېرىپ باقمايمىزمۇ ، تۆگىگەندە بىر گەپ بولمامدۇ ، — دېدى ئىسلامباي .

ئۇنىڭ گېپىنى سىنوف قوللىدى .

— ئېلىۋالغان يېمەكلىكىمىز گەپ يوق بىر ئاي يېتىدۇ ، ئېلىۋالغان ئۇسسۇلىقلىرىمىزمۇ بىر ھەپتىگە يېتىدۇ . تۆگە ، تۇلۇملارغا قاچىلىۋالغان سۇ تاماققىلا ئىشلەتسەك بىر ھەپتە يېتىپ قالار . ئەمما ئات ، تۆگىلەر نېمە يەيدۇ ، نېمە ئىچىدۇ ؟ بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىرلا يولى بار . بىز ئالدى بىلەن بارىدىغان يېرىمىزگە بارايلى ، ئاندىن ئىككى ئادەم ئات ، تۆگىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ مۇشۇ يەردە بېقىپ تۇرسۇن . كېرەك بولۇپ قالار دېسەك ، ئۇ يەردە ئاتتىن بىرنى ئېلىپ قالساق بولىدۇ ، — دېدى ئۆردەك .

تىكەنلىك ، كۇزلەكتىن كەلگەنلەرنىڭ بىردىن يوغان قاپاقنى ئېلىۋالغىنىنى كۆرۈپ ، سىنوف ، شىركىن ، ئىسلامبايلار ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشكەنىدى . قاپاقتىكى سۇنىڭ تومۇز ئىسسىقتا ئىسسىپ كەتمەي ، قىشتا توڭلاپ قالماي ، ئۆز پېتى ، ئۆز تەمى

بىلەن تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى.

ئۆردەكنىڭ تەكلىپى سىۋېن ھېدىنغا ياغدەك ياقتى، ئۇنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى. ئۇ: «قانداق قىلسام بولار؟» دەپ، يولنى تاپالماي بېشىنى قاتۇرغان يەنە بىر ئىشنىڭمۇ «چىرايلىق» يولى تېپىلىپ قالغاندى.

— بۇ ياخشى تەكلىپ بولدى، ئات، تۆگىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ بېقىپ تۇرىدىغان ئادەمنى شۇ يەرگە بارغاندا بىرنېمە دېيەشەيلى، — دېدى سىۋېن ھېدىن. تۇمانلىق ھاۋا بىردىنلا ۋىلىلدە ئېچىلىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بىر غەملىك خىيالمۇ يوقىلىپ، كەيپى يېنىكلەپ قالغاندى.

ئۇلار تاماقتىن كېيىنلا يولغا چىقتى. ئەگەر سىۋېن ھېدىننىڭ مەيلىچە بولسا، قولىدىن كەلسە بىر ئەپسۇن قىلىپ قاناتلىنىپ ئۇچۇپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا خارابىلىككە يەتسە، ئۇ ھازىر شۇنداق بىتاقەتتە ئىدى.

كېچە ئۇ بىر چۈش كۆرگەنىدى. چۈشىدە ئۇ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك قورغىنى بار، قوۋۇق - دەرۋازىسى مەملىكىتىدىكى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىدىنمۇ ھەشەمەتلىك دەرۋازىلىق بىر يەرگە كېلىپ قالدى. دەرۋازىنىڭ يوغان ئىككى قانىتى ئۇلۇغ ئوچۇق ئىدى. قورغان ئىچىدىكى ئېگىز، چىرايلىق، كۆركەم ئۆيلەر، ئىبادەتخانىلار، مۇنارلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قارىغاندا قورغان ئىگىسىز قالغاندەك ئىدى. سىۋېن ھېدىن قورغان ئىچىگە كىرمەكچى بولۇپ، بوسۇغىغا قەدەم ئېلىشىغا، غايىبتىن پەيدا بولغاندەك، ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيگەن، قىلىچ، نەيزە تۇتقان ئىككى ياساۋۇل پەيدا بولۇپلا، ئۇنى ياندىكى لەھەتكىلا ئوخشايدىغان بىر يەرگە دارقىرىتىپ سۆرەپ ماڭدى. ئۇ: «مەن… مەن… !» دەپ توۋلاپ ئويغىنىپ كەتكەنىدى…

ئۇلار ئالدى بىلەن گۇرجەك ئۇنتۇپ قېلىنغان كونا دەريا ئېقىن ئىزىغا بارماقچى بولدى. ئۆردەكنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، خارابىلىك ئۇ يەردىن ئانچە يىراقتا ئەمەس ئىدى. پۈتۈن بىر كۈن

سەپەر بىلەن ئۆتتى ، كەچ كىرىپ قالدى . ئۈستىدىن ھالقىپ ، يېنىدىن ئەگىپ ئۆتكەن قۇم داۋانلىرىنىڭ سانى يوق ئىدى ، ئۇلار بارغانسېرى دەشت قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى ، تېخىچە بىرەر ئېقىن ئىزى باردەك قىلمايتتى . زېمىن ئاپىرىدە بولغان ئەزەلدىن تارتىپ بۇ يەردە مۇشۇ ئۆلۈك قۇمدىن بۆلەك سۇ ئېقىپ باقماندەك ، ھاياتلىق بولۇپ باققاندەك قىلمايتتى . سۈرۈن ھېدىن ئويلىغانسېرى مۇشۇنداق ھالاكەت پۈراپ تۇرىدىغان دەھشەتلىك مۇدھىش قۇملۇق قورشاۋى ئىچىدە ، بۇ لوپ ئادەملىرىنىڭ جاھاننىڭ كۆلدۈر - قاراس ، تاراق - تۇرۇقلىرى ، ئالامەت چوڭ قىرغىنچىلىقى ، دەھشەتلىك ئۇرۇش - جەڭ مالىمانلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمەي ، گويا دۇنيادا ئۆزلىرىدىن ، ئەتراپىدىكى چۆلدەرىگەن مۇھىتتىن باشقا ھېچنېمە يوقتەك خالىي ، پىنھان - بېكىندىلىك ئىچىدە شۇنچە بىغەم ، خاتىرجەم ھالدا كۈنلۈك رىزقىنى كۈنلۈك دېگۈدەك تېپىپ يەپ ، قۇملۇق تىلسىمىغا يەم بولۇپ كەتمەي ياشاپ كېلىۋاتقىنىنى ھېچ ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى . بۇنداق خىيالدا بولۇۋاتقان يالغۇز سۈرۈن ھېدىن ئەمەس ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ شۇ خىيال ، شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدى . ھېلىلا بىر قۇم دۆۋىسى كەينىدىن غەلىتە بىر مەخلۇق چىقىپ ھەممىسىنى «ھاپ» ئېتىپ يەۋېتىدىغاندەك ، «بۇ قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتسەك ، يەنە قانداقىغا يولۇقارمىز ؛ بوران چىقىپ قالارمۇ ، چىقىپ قالسا…»

دېگەندەك غەم - ئەندىشىدە ئىدى . قەدەمدە بىر ئالدىغا ، ئىككى يېنىغا ئەلەڭلەپ ئەندىشىلىك قاراشلىرىدىنلا ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەھىمىلىرىنى بىلگىلى بولاتتى .

ئۆردەك ، تۆمۈر ، ئابدۇرېھىم ۋە باشقا يەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئەكسىچە خۇددى مەھەللىسىدە تويغا ياكى قوشاق ئېيتىشىشقا كېتىشىۋاتقاندەك چاقچاق پاراڭلار بىلەن شۇنچە خاتىرجەم كېتىۋاتاتتى . تېخى سالتاڭ قاسىمنىڭ بەخىرامان قوشاق ئېيىتىپ مېڭىشلىرىچۇ !

قارايىپتۇ يۈرەكىمنى كاۋابى،
قانچە باردۇ يار سۆيگەننى ساۋابى،
يارىم سېنى سۆزلۈرۈڭنۇ ئويلاسام،
ماڭا نېمە بۇ يوللارنىڭ ئازابى.

پۇل، بايلىقتا بەگچەڭىزگە يەتمەيمەن،
ئەسقاتىشتا ئۆزۈمگە تەڭ ئەتمەيمەن.
ئۆلۈغ تارىم گۇۋاھ بولسۇن سۆزۈمگە،
بەگچەڭىزدەك ياردىن تانىپ كەتمەيمەن.
........................................

ئۆردەك قوشاقـنىڭ مەزمۇنـنى سۆيـۈن ھېدىنغا سۆزلەپ بەردى.

«بۇ خەقنىڭ بىغەملىكىمۇ بىر گەپ، تەكلىماكاننىڭ ھالاكەتـلىك تەھلىكىسىگە تەن بەرمەيدىغان ئۇمىدۋارلىقى، قۇملۇقتا يەم بولۇپ يوقىلىپ كەتمەي ياشاپ كېلىشىدىكى بىردىنبىر كۈچ ـ قۇدرەت، جاسارەت مەنبەسى ئىكەن. خۇددى تەڭرىتاغ، پامىر، قۇرۇم تاغلىرى باغرىدىن باشلىنىپ، شۇنچە بىپايان قىلىن قۇمـلۇقتا سىڭىپ كەتمەي، تەڭرى سۇيىدەك بىمالال ئېقىپ ئۆز قارار مەنزىلىگە يېتىپ بارىدىغان تارىم دەرياسىدەك، يىللاپ ـ يىللاپ تامچە سۇ كۆرمەيمۇ، نە ـ نەلەردىن سىرغىپ كېلىپ قالىدىغان ئانچىكى نەملىككە تايىنىپ قۇملۇق باغرىدا كۆكلەپ قەد تىكلەپ تۇرغان توغراقتەك، بۇلار شۇنچە بەرداشلىق، قەيسەر ئىكەن. بۇلاردىكى بۇ ئۆلمەس روھنى، بۇ بەرداشلىق، ئۇمىدۋارلىقنى، قەيسىرانىلىكنى يەنىلا ئەقىلغا سىغدۇرغىلى، ئۇنىڭ تەكتىگە يەتـكىلى بولمايدىكەن، خۇددى تەكلىماكاننىڭ سىرىدەك سىرلىق ئىـكەن. لېكىـن، ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇلار ئۆتمـۈشى توغرۇلۇق ھېچقانـداق ئەسلىمىگە، چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغـىنىدەك، ئەتىـسى ـ كەلگۈسى توغرۇلـۇقمۇ ھېچقانداق ئويـلىنىشتا ئەمەس

ئىكەن...» سۈيىن ھېدىن شۇنداق ئويلاپ كەلمەكتە ئىدى، ئوي - خىياللىرىنىڭ ئاخىرى ئۇيان دوقۇرۇپ، بۇيان ئۇسۇپ يەنە شۇ ئۆزى زور ئۈمىد باغلىغان خارابىلىككە تاقىلىپ توختايتتى. «ئۇ قانداق خارابىلىكتۇ...»

سۈيىن ھېدىن تېز بېرىشقا ئالدىرىغان خارابىلىكنىڭ، كونا دەريا ئىزىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي، كېچىنىڭ قارا پەردىسى ئاستا - ئاستا يېپىلىپ كەلمەكتە. ئەمدى ئەپلىك بىر جاينى تېپىپ قونماي بولمىدى..

ئۇلار لوپچە تاماقلىنىپ بولۇشىغا، قۇملار شىر - شىرلاشقا باشلىدى.

— شامال چىقامدۇ قانداق؟ — سۈيىن ھېدىن ئەندىشىلىك سورىدى.

— شەپىنىڭ تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا، ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ، شامال ئانچە قاتتىق بولمايدۇ، — دېدى ئۆردەك.

ئۆردەكنىڭ گېپى بىلەن سۈيىن ھېدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ قورقۇنچى تارقاپ، كۆڭلى جايىغا چۈشتى. دەسلەپ دەككە - دۈككىدە يېتىشقان بولسىمۇ، قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن، بىر - بىرلەپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۇلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. چاشكا مەھەل بولغاندا، غىياس جەرەن:

— ئاۋۇ كۆرۈنگەن نېمە؟! — دەپ ئۈنلۈك سورىدى.

ھەممىسى ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئالدى تەرەپتە پاكار - پاكار قۇم دۆۋىلىرىنىڭ نېرىسىدا، قۇم دۆۋىسىگە ئوخشىمايدىغان يۇمىلاق، تىك بىر دۆڭ ئايرىملا چوقچىيىپ تۇراتتى.

— كېپتۇق، كېپتۇق! — دېدى ئۆردەك، — مەن كۆرگەن خارابىلىكتىكى دۆڭ شۇ!

— ئەجەب مەن كۆلشەھىرىدە ئىچىگە كىرىپ قالغان توپا ئۆيگە ئوخشايدىكىنە! — دېدى تۆمۈر ھاياجانلىنىپ.

www.uyghurkitap.com

سۈيېن ھېدىنىنىڭ سورىشى بىلەن تۆمۈر ئۇ توپا ئۆيگە قانداق بولۇپ كىرىپ قالغىنىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە كۆرگىنىنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ گەپلىرىدىن خۇشال بولغان سۈيېن ھېدىنىنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىنى چېقىپ تاشلايدىغاندەك ئويناپ، تېپىچەكلەپ كەتتى. ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي قىلىۋاتاتتى.

— تېز ماڭايلى! — ئۇ شۇنداق دەپلا گوبېرناتور گېنېرال فون.كائوفمان سوۋغا قىلىپ يوللۇق تۇتقان ئۆزۈن پاچاق ئارغىمىقىنى دېۋىتقىنىچە چاپتۇرۇپ كەتتى.

## 7

سۈيېن ھېدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خارابىلىككە تېزرەك يېتىپ بېرىشقا ئالدىرىغانسېرى، ئات، تۆگىلەرنىڭ قەدىمى ئاستىلاپ كېتىۋاتقاندەك، يەنە تېخى بۇلار بىر قەدەم ماڭسا، تىك دۆڭ ئون قەدەم يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. تۇيغۇ ھامان تۇيغۇ، «مېڭىۋەرسەڭ يېتەرسەن» دېگەن گەپ بار.

سۈيېن ھېدىنلار ئاخىر خارابىلىكنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدى. ئەمدى تىك دۆڭدىن باشقا پۈتۈن، يېرىم تامغا ئوخشايدىغان كۆرۈنۈشلەر، تىك ـ يانتۇ تۇرغان ياغاچلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا نامايان بولماقتا. سۈيېن ھېدىنغا ئوخشاش ئىسلامبايمۇ نەچچە كۈن ئاچ ـ زېرىن قالغان كىشى تاماقنى كۆرۈپ، يېيىشكە جېنى تاقىلداپ كەتكەندەك، كۆڭلى خارابىلىكتە تىمىسقىلاپ يۈرمەكتە ئىدى. ئۇ ئېتىنىڭ مېڭىشىنى تېزلەتتى.

— توختا! توختاڭلار!

بۇيرۇقنى ئاڭلاپ ھەممىسى توختاشتىيۇ، ھەيران بولۇشۇپ خوجايىنىغا قاراشتى.

— سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ قاراپ كېلەي، — سۈيېن ھېدىن شۇنداق دېدى ـ دە، ئېتىنى ئىسلامبايغا

تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، فوتو ئاپپاراتى بىلەن دۇربۇننى بويىنىغا ئېسىپ ، ھاسىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ مېڭىپ كەتتى .
ئىسلامباي ئىچىنى نەچچە يۈز قۇرت غاجىلاۋاتقاندەك تۇرالماي قالدى .
سۈپى ھېدىن كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە قاراپ كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى . ياغاچتا ، كېسەكتە ، سېغىز توپىنى چىڭداپ قوپۇرۇلغان پارچە - پۇچۇق تاملار ، ياغاچ ۋە كېسەك ئۆيلەرنىڭ يېرىم تاملىق قالدۇقلىرى ، تاملاردىكى بۇزۇلغان ، تېشىلىپ كەتكەن ئويۇق ، تەكچىلەر ، ئىشىك ، دېرىزىلەردىكى چېقىق - چۇۋۇق كېشەكلەر ؛ ئېگىز - پەس ، يانتۇ - سىڭايان ھالەتتە يەردە چېچىلىپ تۇرغان ، قاغجىراپ چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن ياغاچلار ، ئۇزۇن - قىسقا ، كەڭ - تار شاللار ؛ قەدەمدە بىر چېلىقىپ تۇرىدىغان «ئەسكى - تۇسكى» ، «كونا - قۇرامساق» نەرسىلەر سۈپى ھېدىنىنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىپ ، يۈرىكىنى ئوينىتىۋەتكەنىدى .
سۈپى ھېدىن تىك دۆڭنى ئايلىنىپ كۆردى . كېشەكسىز ئەگمە ئىشىكتىن ئىچىگە كىرىپ قاراپ باقتى ، ئىچىدە ھېچنېمە يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئاستى ئۆي ، ئۈستى كۆزنەكتىن مۇنارى بولسا كېرەك ، سانسىز يىللار ، زامانلار ، شامال - بورانلار شىلىپ - ئېكەكلەپ مۇشۇنچىلىك قىلىپ قويغان چېغى ، دەپ قارىدى . ئۈستىگە چىقىپ بېقىش ئۈچۈن خېلى ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ، دەسسىگەن يېرى چۈشۈپ كېتىپ چىقالمىدى . ئۇ ئېگىزرەك بىر تام ئۈستىگە چىقىپ تۆت ئەتراپقا دۇربۇن بىلەن قارىدى ، دۇنيانىڭ چوڭلۇقىنى ، چەكسىزلىكىنى مۇشۇ يەردە كۆرۈۋاتقاندەك ، مۇشۇ يەردە بىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى . خارابىلىك كىچىك ئەمەس ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ جۇغراپىيە ، گېئولوگىيىلا ئۆگىنىپ ، ئارخېئولوگىيىنىمۇ ئۆگىنىپ قويمىغىنىغا مۇشۇ يەردە بىرىنچى قېتىم قاتتىق ئۆكۈندى . جاھانغا خىتاب قىلىۋاتقاندەك ئۆزىگە ئۆزى : «بىز دۇنيادىن ئايرىلغاندۇق ، ئەمما مەن ئۆزۈمنى پايتەختتە

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرغان پادىشاھتەك ھېس قىلىۋاتىمەن ! بەر شارىدا ھېچقانداق بىر كىشى بۇ يەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قىلچە ھېس قىلغان ئەمەس . بۇ يەرگە مەن بىرىنچى بولۇپ قەدەم باستىم ! بۇ يەرنىڭ قانداق جايلىقى ، پات يېقىندا دۇنيا ئەھلىگە ئايان بولغۇسى ! » دېدى .

ئۇ ئادەملەر ئاياغ بېسىشتىن ئىلگىرى كۆرۈنۈش ـ مەنزىرىلەرنى ئۆز ھالىتى بويىچە خاتىرىگە چۈشۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ، ھەر خىل فوكۇس ـ كۆرۈنۈش بويىچە نۇرغۇن سۈرەتكە تارتىۋالدى . قىلماقچى بولغان ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكۈۋېلىپ ، نېرىدا قالغان ئادەملەرنى كېلىڭلار ، دەپ ئىشارە قىلدى .

سۋېن ھېدىن چۈشكۈننى مۇنار تۈۋىگە قورۇشنى مۇۋاپىق تاپتى . يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈرۈۋاتقاندا ، شىركىن ئارقىسىغا غادىجۇغىلىۋالغان تۇلۇمنى تۈگە ئۈستىدىنلا يەرگە تاشلىۋېتىۋىدى ، تۇلۇم ۋاققىدە يېرىلىپ كېتىپ ، تۇلۇمدىكى سۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قۇمغا سىڭىپ يوق بولدى . ھەممىسى «ئىسىت» دېيىشىپ ، تامىقىنى چاكىلدىتىپ كەتتى . سۋېن ھېدىن قەھرىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ :

— كېرەك يوق ، كېرەك يوق ، بۇلاق يىراقتا ئەمەسقۇ ، سۇ يەتمىسە شۇ يەردىن ئەكەلسەك بولىدۇ ، — دەپ قويدى .

بولىدىغان ئىش بولدى ، ھەرقانچە ئاچچىقلانسىمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ ، مۇھىمى ، ساۋاقتىن ئەقىل تېپىش . سۋېن ھېدىن تارىم ۋادىسىدا بىرنەچچە يىل ئېكسپېدىتسىيىدە بولۇش جەريانىدا ، ئۇيغۇرلاردىن : «ياۋنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس ، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر » دېگەن ھېكمەتنى ئۆگىنىۋالغانىدى . ئۆردەك ، ئابدۇرېھىم ئوۋچىنىڭ تەكلىپى بىلەن سۋېن ھېدىن مۇھىم نەرسىلەرنى ، يېمەكلىكلەرنى مۇنار ئاستىدىكى قازناققا ، بىر قىسىم نەرسىلەرنى شامال ، بوران ئۇچۇرۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن دالدىلىق يەرگە ئورۇنلاشتۇرغۇزدى . ئىشلار سەرەمجانلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، سۋېن ھېدىن :

— بۇ خارابىلىكنى ئاخىر تاپتۇق . بۇ يەر ھازىر بىزنىڭ

مۇھىم نۇقتىمىز . بۇ يەردە كەم بولغاندا ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قالىمىز . بۇ ئىككى ھەپتىدە بىزگە ئەڭ كېرەكلىك نەرسە سۇ . ئېلىۋالغان سۇيىمىز ئاياپ سەرپ قىلساق ، ئادەملەرگىلا ئىككى ھەپتىگە ئاران يېتىدۇ . بۇ يەردە ئات ، تۆگىلەرگە سۇمۇ ، ئوتمۇ يوق . شۇڭا ئات ، تۆگىلەرنى ئاتمىشبۇلاق يېنىدىكى بۇلاق بويىدا بېقىپ تۇرمىساق بولمىغۇدەك . ئىسلامباي ، غىياس ، يەنە··· — سۆھبەتنىڭ ئىشلەمچىلەردىن بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى ، — ئۈچۈڭلار ئات ، تۆگىلەرنى قايتۇرۇپ كېتىپ بېقىپ تۇرۇڭلار . ئارىدا ۋاقىت چىقىرىپ ئاتمىشبۇلاققا بېرىپ ساندۇق سېتىۋېلىڭ-لار ، ساندۇق ئاز بولۇپ قالسا ، شال سېتىۋېلىڭلار ، ئاندىن بەش كۈندىن كېيىن ، بىرىڭلار ساندۇق ، شاللارنى بەش - ئالتە تۆگىگە ئارتىپ ئەكېلىپ ، بىكار بولغان تۇڭ ، تۇلۇملارنى ئېلىپ كېتىپ سۇ قاچىلاپ كېلىسىلەر . بۇنى ئىسلامباي ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ . قېنى ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي ھازىرلا مېڭىڭلار ، — دېدى .

ئىسلامباي چوغقا تاشلانغان قىلدەك تولغىنىپ كەتتى ، لېكىن ئۇنىڭ خوجايىنىنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈرمەكتىن ئۆزگە ئىلاجى يوق ئىدى . غىياس جەرەن بىلەن يەنە بىر ئىشلەمچىگە نەدىلا بولسا بەربىر ئىدى . كۈنىگە ھېسابلاپ ئۆزى ۋە ئات ، تۆگىسى ئۈچۈن ھەققىنى ئالسىلا بولدى .

سۆھبەتتىن قەدىناس «سادىق ھەمراھ»نى چىرايلىقچە يولغا سېلىپ يېنىدىن چەتلەتكىنىدىن كۆڭلى تىنىم تېپىپ خۇش ئىدى . ئىسلامباي بولسا كەكرە يەۋالغاندەك ئىچى ئېچىشىپ ، خو-جايىنىنى مىڭنى تىللاپ - قارغاپ ماڭدى .

سۆھبەتتىن ئۆزىنىڭ ئېتىنى ئېلىپ قالدى . ھەربىر ئات ، تۆگىدە بىر - ئىككى كۈنگە يەتكۈدەك ئوت - بوغۇز بار ئىدى . بۇلار ئاتقا ئون نەچچە كۈن يېتىدۇ . بىر ئىشلەمچى ئاتنى مۇنارنىڭ يېنىدىكى ئىككى تاملىق بىر بۇلۇڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈ-چۈن ئېلىپ كەتكەندى ، بىركەمدە :

— ماۋۇ نېمە؟ — دەپ بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ كەلدى .

ئۆردەك بىر قاراپ ئۇنى ياغاچ قونچاققا ئوخشاتتى. سۋېن ھېدىن ئىتتىك قولىغا ئېلىپ ئۇيان ـ بۇيان ئايلاندۇرۇپ سەپسېلىپ قارىدى.

— بۇنى نەدىن تاپتىڭ؟

— ئاۋۇ تامنىڭ تۈۋىدىن، — ئىشلەمچى قولى بىلەن ئۇ يەرنى كۆرسەتتى، — ئادەمنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان كىچىك بىر نەرسە توپىدىن چىقىپ قاپتۇمىكىن دەپ كولىسام، مۇشۇ چىقتى.

مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان قونچاق دەندەنئۆيلۈك، قارادۆڭ خارابىلىكىدىنمۇ تېپىلغانىدى. شۋېت، گېرمان ئارخېئولوگلىرى ئۇنى لاي بۇت، دەپ بېكىتتى. سۋېن ھېدىننىڭ قولىدا تۇرغىنى ياغاچ ئىدى. دېمەك، بۇ ياغاچ ئويما بۇت، ئالدىنقىسىدەك لاي ئەمەس. بۇ، ياغاچتىن ئويۇپ ـ قىرىپ ياسالغىنىدىن باشقا، پۈتۈن گەۋدىسى — باش قىسمى، كۆز، بۇرۇن، ئاغزى، قول ـ پۇتى، كۆكرەك، قورساق قىسمى، پەشمەت، ئىشتىنى — بەلۋېغى، شۇ قەدەر ئېنىق، سىپتا، ئىشتان ـ چاپىنىدىكى يول ـ يول سىزىقلارمۇ ئۇ بېشىدىن ـ بۇ بېشىغىچە تۈپتۈز، ئازراقمۇ قىيسىق كەتكەن يەر يوق، خۇددى گۈزەل، مۇكەممەل ياسالغان ھەيكەلدەكلا، بىر كۆرگەن كىشى بۇ ياغاچ بۇتنى ئويغان قولنىڭ ماھىر ـ چېۋەرلىكىگە قايىل بولاتتى، ئاپىرىن ئوقۇيتتى.

سۋېن ھېدىن شاھانە تاج تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتى، قىدىرىشنى باشلىۋېتىش ئۈچۈن ئادەملەرنى توققۇزدىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، بىرىگە سىنوفنى، يەنە بىرىگە شىركىننى مەسئۇل قىلدى، ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ:

— ھەربىر گۇرۇپپىدىكىلەر توغرىسىغا بىر قاتار بولۇپ ماڭسىلار. ماۋۇنىڭغا ئوخشايدىغان، — قولىدىكى ياغاچ بۇتنى كۆرسەتتى، — قونچاق، ھەر خىل سايمان، قاچا ـ قۇچا، كوزا ـ كوپ، ئۇلارنىڭ سۇنۇق پارچىلىرى، چوڭ ـ كىچىك تارىشا، لاتا ـ پۇتا، قەغەزدەك نەرسىلەر ئۇچرىسىلا يىغىسىلەر. ھېچكىمنىڭ ھەرقانداق نەرسىنى تىقىۋېلىشىغا بولمايدۇ. كىم شۇنداق



www.uyghurkitap.com

قىلىدىغان بولسا، ئىش ھەققىنى بەرمىگەندىن باشقا، قايتقاندا مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ كېتىمىز، — دېدى.

تۆمۈر بىلەن ئۆردەك ئۇنىڭ گېپىگە ئەجەبلىنىپ، بىر-بىرىگە قاراپ قويۇشتى.

توختى بۇ ئاكا-ئۇكىلارنىڭ يېنىدا ئىدى، پەس ئاۋازدا:

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ تۆرە خوجام. ئۇۋچىلار ئۇيان-بۇيان ماڭغاندا كەچ قالسا قونۇپ ئۆتىدىغان قونالغۇ ئىدىغۇ بۇ. ئەمدى ئۇ بۇ يەرنىڭ ئىگىسىدەك گەپ قىلىدۇغۇ، — دېدى.

— شۇنى دەيمىنا، — دېدى تۆمۈر.

— ئۇ زادى نېمە قىلماقچى، تاپماقچى بولغىنى نېمە؟ قېنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى ئۆردەك.

سۇۋېن ھېدىن سىنوف بىلەن شىركىننى يانغا تارتىپ تۇرۇپ:

— بىز ئالدى بىلەن يەر ئۈستىدىكى يىغىۋېلىشقا بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېلىشىمىز لازىم، تاللىغۇدەك بولسا، كېيىن تاللىساق بولىدۇ. بۇلارغا ئوبدان كۆز-قۇلاق بولۇڭلار، مەن ئۆزۈم قىلىدىغان ئىشلىرىمنى قىلىمەن. ئەگەر بىرەر خەت پۈتۈلگەن ياكى قونچاقتەك نەرسە ئۇچرىسا، دەرھال ماڭا خەۋەر قىلىڭلار، — دەپ تاپىلىدى.

ئىككى گۇرۇپپا ئىككى سەپ بولۇپ قىدىرىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئۆردەك بىلەن توختى ھېچقايسىسى گۇرۇپپىدىكىلەر بىلەن ماڭماي جايىدا تۇرىۋەردى. ئىككىسىگە سىنوفمۇ، شىركىنمۇ گەپ قىلالماي قالدى. ئۆردەك ياللانغۇچى ئەمەس، ئۇنى سۇۋېن ھېدىن ئالدىغا بېرىپ تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن. بۇ خارابىلىكنى تاپقانمۇ، ئۆزلىرىنى باشلاپ كەلگەنمۇ شۇ. سۇۋېن ھېدىنمۇ ئۆردەككە، توختىغا ھەيران بولغاندەك قاراپ قويدى. ئۇ ئۆردەككە ئارتۇقچە تەلەپ بىلەن گەپ قىلالمايدىغاندەك، توختىغىمۇ يېنىچە قىر چىقىرىپ بىرنېمە دېيەلمەيتتى. سۇۋېن ھېدىنغىمۇ، سىنوف، شىر-

كىنغىمۇ ئايانكى ، ئۇ بۇلارغا ياللىنىپ كەلمىگەن ، ئۆردەكنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، بۇلار بىلەن بىللە كەلگەن.شۇ.

ئاتمىشبۇلاقتىكىلەر توختىنى كۈنچىققانبەگنىڭ ئوغلى ، بەگ-چە[1] دەپ ، بىردەك توختىبەگ دەپ ئاتىدى . يول بويى ئۇنىڭ ئىس-مىنى ئاتاش توغرا كەلسىلا ، شۇنداق ئاتىدى . تىكەنلىك ، كۆزلەك تەرەپتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرمۇ توختىبەگ دەپ ئاتايدىغان بول-دى . تۆمۈر بىلەن ئۆردەك — ئىككىسى ئۇنى ئۆزلىرىگە يېقىن دوست كۆرۈپ توختى دەپ ئاتايتتى . سۈيۈن ھېدىن ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ، ئىچىگە تىنىپ ئۈھسىنىپ قويدى . ئۇ فىڭ-شىنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغانىدى ، ئۇنىڭ بىلەن ياغاچ بۇت تېپىلغان يەرگە كەتتى .

ئۆردەك بىلەن تۆمۈر ، توختىلار ئەتراپنى كۆرگەچ ئايلىنىپ كەلگىلى باشقا تەرەپكە ماڭدى . سۈيۈن ھېدىن ئۇلارنىڭ ئارقىسى-دىن قاراپ قويدى .

توختى بۇنىڭدىن يىگىرمە تۆت يىلنىڭ ئالدىدا تايۇق ، تۆمۈر ، تالىشقۇللار بىلەن بىللە كۆلشەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان ، يەنە بەزى قېرىلار مەردەك شەھىرىمۇ دەيدىغان بۇ خارابىلىككە كەلگەن چاغنى ئەسلىدى . كەلگەن كۈنىلا قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپ ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىپ ، بىرلىرىنى دوملىتىپ يارداڭلىققا ئاپىرىپ قويغان بولسا ، يەنە بىرلىرىنى ئازگالغا چۈشۈرۈۋەتكەنىدى . تۆمۈر بولسا بوران خۇددى كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ قويغاندەك ، مۇناردۆڭ ئاستىدىكى قازناقتىن چىققانىدى ، قولىدا يۇزىگە بىرنېمىلەر جى-جىلغان كىچىك بىر تاختاي بار ئىدى . تۆمۈر ئۇنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويغان . ھازىر ئۇ نەرسە ئورنىدا بارمىكىن ، توختى شۇ چاغدا بەك قورقۇپ كەتكەچكە ، بۇ «ئالۋاستى ئۇۋىسى»دىن كېتەي-لى ، دەپ تۇرۇۋالغانىدى . باشقىلار ئۇنى بەگ ئوغلى دەپ ئاغزىغا قاراپ ، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن كۆلشەھىرى — بۇ خارابىلىكنى تو-

---

① بەگچە — بەگزادە ، بەگ بالىسى .

زۆكرەكمۇ كۆرمەيلا كېتىپ قالغاندى .

سۈبىن ھېدىن بىلەن فېڭشى ياغاچ ئۆيما بۇت تېپىلغان يەرگە
كېلىپ قاردى . چالما ـ داڭگال ، توپا ، قۇم ، يۇلغۇن ياغاچلىرى ،
توم ـ ئىنچىكە ياغاچتىن باشقا يادىكارلىق دېگۇدەك بىرەر نەرسە
چېلىقتۇرمىدى . قىدىرىش قىلىۋاتقانلار قانداق قىلىۋاتىدىكىن ،
سۈبىن ھېدىن ئۇلارنىڭ ئەھمىيەتلىك بىر نەرسىلەرنى تېپىپ قې-
لىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . ئۇ بۇگۇن ئالدى بىلەن خارابىلىكنىڭ
ئەتراپىنى ئايلىنىپ ، دائىرىسىنى ، جۇغراپىيىلىك ئورنىنى ئۆل-
چەپ ، بېكىتىۋالماقچى بولدى . ئۆردەك گۇرجەكنى ئىزدەپ كې-
تىپ ، بۇ خارابىلىكتىن تېپىپ بارغان نەرسىدىنلا سۈبىن ھېدىن
ئۆزىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يۇقىرى
پەللىسى مۇشۇ خارابىلىك بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى .
مۇكەممەل ساقلانغان ، ماھىر قوللار ياسىغان نەپىس ياغاچ ئۆيما
بۇتنىڭ تېپىلىشى ، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئۇمىدىنى ئىشەنچكە ئايلاندۇرۇ-
ۋەتتى . ئۇ ھازىرمۇ شۇ ئىشەنچتە .

سۈبىن ھېدىن ئالدى بىلەن خارابىلىكنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ
دائىرىسىنى بىلىپ باقماقچى بولدى . فېڭشىنى ياندۇبىلىپ ، خارا-
بىلىك چېتىدىكى بىر دۆڭلۈككە چىقىپ ماڭدى . دۆڭلۈك
ئېگىز ـ پەس بولسىمۇ ، بىر سىزىق بويىچە پەيدا بولغاندەك تۈز
ئىدى . ئىككىسى ماڭدى ، ماڭدى ، تەخمىنەن ئۈچ يۈز مېتىردەك
ماڭغاندىن كېيىن ، دۆڭلۈك توقسان گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل
قىلىپ بىر تەرەپكە بۇرۇلغانىدى ، بۇنىڭغا سۈبىن ھېدىن ئەجەبلە-
نىپ ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى ، ئالدىغا قارىدى . دۆڭلۈكنىڭ
ئاستى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى ئوخشاشتەك كۆرۈندى . ئۇلار مېڭىش-
نى ، تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى . تەخمىنەن ئۈچ يۈز مېتىر
ماڭغاندا ، دۆڭلۈك يەنە توقسان گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قى-
لىپ ، ئالدىنقى دۆڭلۈككە ئۇدۇلمۇئۇدۇل پاراللېل سىزىقتەك بۇ-
رۇلدى . سۈبىن ھېدىن بىلەن فېڭشى تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ ، «قې-
نى ، بۇنىمۇ مېڭىپ باقايلى» دېيىشىپ ماڭدى . غەربىي جەنۇب

تەرىپىدىكى دۆڭلۈكنىڭ ئىزناسىلا بولۇپ ، ئىككى تەرىپىدىكى يەر-
دىن تۈز سىزىق بويىچە سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغىنىدىنلا پەرق ئەتكى-
لى بولاتتى . ئۈچ يۈز مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن ،بۇمۇ يەنە
توقسان گرادۇس بۇرۇلدى .

— بۇ چاسا شەكىللىك قورغاننىڭ خارابىسى ئوخشايدۇ ، —
دېدى فېڭشى .

— توغرا ، بۇ دۆڭ قورغان قالدۇقىدەك قىلىدۇ ، ئۇنداق
بولمىسا تۆت تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش بولامتى . تۆت ئەتراپى
قورغان بىلەن ئىھاتىلەنگىنىگە قارىغاندا ، بۇ چوقۇم مۇھىم ئو-
رۇن ، — سۈيىن ھېدىن جانلىنىپ كەتتى ، — بىز قورغان ئىزىنى
ئوبدان ، ئىنچىكە ئۆلچەپ كۆرەيلى .

تەكشۈرۈش ، ئۆلچەشتىن ئايان بولدىكى ، قورغاننىڭ ياخشى-
راق ساقلانغان قالدۇقىنىڭ كەڭلىكى بەش مېتىردىن توققۇز مې-
تىرغىچە بولۇپ ، قورغان توپا ، يۇلغۇن ۋە باشقا شاخ - شۇمبىلار
ئارىلاشتۇرۇلۇپ چىڭداپ ياسالغان . سۈيىن ھېدىن شۇ تاپتا گۆھەر
كانى تېپىۋالغاندەك خۇشال ئىدى . ئەمدى ئۇ كۆڭلىدە گۆھەرنى
قانداق قېزىۋېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدى .

## 8

بۇگۈنكى قىدىرىشنىڭ ھاسىلاتى ئۈنۈگۈنكىسىدىن سان جەھەت-
تىن پەرقلەنسىمۇ ، تېپىلمىلار تۈر جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى ، ئاز
ئەمەس ئىدى . چىنە - قاچا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ سۇنۇق پارچى-
لىرى ، يىپەك رەخت ، يۇڭ رەخت ، پاختا رەخت ، كىيىم -
كېچەك پارچىلىرى ؛ تۇرمۇشتا ، ئېگىرىش - توقۇشتا ئىشلىتىل-
دىغان ھەر خىل نەقىشلىك ياغاچ بۇيۇملار ، ھەر خىل قەدىمكى
پۇللار ، ئالتۇندىن ياسالغان تۇرلۇك زىننەت بۇيۇملىرى ، مىس
كۆرگۈ ، ھەر خىل مارجان ، ياغاچ ئۆلچىگۈچ — مېتىر ، سىرلان-
غان ھەر خىل ياغاچ جابدۇقلارنىڭ پارچىلىرى ، بېلىق تۇتۇش

قورالللىرى ، بىلىق تورى توقۇش سايمانلىرى قاتارلىق نەرسىلەرگە قاراپ سۈبىن ھېدىن خۇشلۇقىدىن قىنىغا پاتماي قالدى . لېكىن ، پارچە - پۇچۇق ، يېرىم - يارتا بولسىمۇ بىر-بىر يېزىق چۈشۈرۈلگەن نەرسىنىڭ تېپىلمايۋاتقىنى ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاپتىپىغا سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى .

سۈبىن ھېدىن كۆڭلىدە چوت سوقۇپ كېتىۋاتاتتى ، ئۆردەك بىلەن توختىنىڭ مۇناردۆڭ ئاستىدىكى قازناقتا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى . «ئاۋۇلارغا قارا» دېگەندەك قېچىشقا ئىشارە قىلدى . «ئۇنىڭ ئىچىدە مېنىڭ مۇھىم نەرسىلىرىمدىن باشقا ، ئاساسلىق يېمەكلىكلەر بار ، ئۇلار نېمىگە كىرىدىغاندۇ ؟» سۈبىن ھېدىن ئۇلاردىن شەكلىنىپ ، كۆڭۈل ئاسمىنىدا كۆل رەڭ بۇلۇت پەيدا بولدى . قېچىشقا : «بېرىپ باقايلى» دەپ ، شۇ تەرەپكە بۇرۇلۇشىغا ئۆردەك ، توختى قازناقتا قانداق كىرگەن بولسا شۇ پېتى تېزلا يېنىپ چىقتى . سۈبىن ھېدىن ، قېچىشلار ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ خارابىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتى ، يەردىن ئۈنگەندەك ئۆردەك ، توختى ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى . سۈبىن ھېدىن : «بۇ ئىككىسى ھەرىكىتىمنى نازارەت قىلىۋاتامدۇ نېمە» دېگەن گۇمانغا كېلىپ قالغانىدى ، ئارىدىن ئانچە ئۆتمەي : «ئۇنداق ئەمەستەك قىلىدۇ» دەپ ئويلاپ خاتىرجەم بولدى . لېكىن ، بۇ ئىككىسىنىڭ قازناققا كىرگەنلىكى سۈبىن ھېدىننىڭ ئىچىنى قۇرت غاجىلىغەتكەندەك بىئارام قىلماقتا ئىدى .

— بايا مۇناردۆڭ ئاستىدىكى قازناقتا نېمىگە كىرگەنتىڭلار ؟ — ئىچىدە قۇتراپ ئارام بەرمەيۋاتقان شۈبھە سۈبىن ھېدىننى ئۇدۇللا سوراشقا مەجبۇر قىلدى .

ئۆردەك يىگىرمە تۆت يىلنىڭ ئالدىدا ئاكىسى تۆمۈر ، توختى ۋە باشقىلار بىلەن بىللە مۇشۇ خارابىلىككە كەلگەندە قويۇن ئارىلاش قاتتىق بوران چىقىپ كەتكەنلىكىنى ، تۆمۈر ئاشۇ قازناققا كىرىپ قېلىپ ، تامدىكى ئويۇقتا يۇزىگە سىزىقتەك بىر نېمىلەر چېكىلگەن تاختاينى كۆرگەنلىكىنى دەپ بېرىپ :

— شۇ تاختاينى بارمىكىن ، دەپ كىرسەك يوق تۇرىدۇ ، — دېدى .

— نېمە؟ ! يۈزىگە سىزىق چېكىلگەن تاختاي ! يېگىرمە تۆت يىلنىڭ ئالدىدا؟ يوقمىكەن؟ — سۈپىن ھېدىن گويا دۇنيانى يوقىتىپ قويغاندەك ، بىرسى يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېلىۋاتقاندەك تۇرالماي كەتتى . «سىزىق»نى خەت بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى ئۇ .

— ھازىرچە تەكشۈرۈشىمىزنى قىلىپ تۇرايلى ، قازناقنى سەل تۇرۇپ ئاختۇرساقمۇ بولىدۇ . قازناقتىلا بولسا ھېچنەگە كەتمەيدۇ ، زادى ئۇنىڭ ئىچىدە بولمىسا... — سۈپىن ھېدىن گېپىنى توختىتىۋالدى .

ئۇلار مېڭىپ ـ مېڭىپ خارابىلىكنىڭ شەرق تەرىپىدە كېسەكتىن ياسالغان سەككىز بۇرجەكلىك ، ئۈستى تەرىپى يۇمىلاق بىر مۇنار خارابىسىنى ئۇچراتتى ، ئۆلچىۋىدى ، قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىردىن سەل ئاشتى . مۇنار خارابىسى ئەتراپىدىن ياغاچتا ياسالغان بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن ياغاچ ئويمىلار ، رەختكە گۈل بېسىشتا ئىشلىتىدىغان ياغاچ قېلىپ قاتارلىقلار ، مۇنار خارابىسىگە يېقىن يەردىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق چوڭ بىر تۇركۇم ئۆي خارابىسى ئەتراپىدىن ئەينى چاغدىكى ئىشلەك ، كېشەك پارچىلىرى ، ئۆي ئىچىدىن خېلى جىق بۇغداي قالدۇقلىرى تېپىلدى . سۈپىن ھېدىن بۇ خارابىلەرنى رەسىمگە تارتتى ، شەكلىنى سىزىۋالدى . مۇنارنىڭ ئۆزىلا سۈپىن ھېدىننى قالتىس شادلاندۇرۇۋەتتى .

ئۇنى ھەيران قالدۇرغان بىر نەرسە ، ئۇچىنچى كۈنى ئۇ ئۇچراتقان ئون توققۇز ئۆي بولدى .

سۈپىن ھېدىن ئۆردەك ، توختى ، فېڭشىلار بىلەن خارابىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىنى قىدىرىپ يۈرەتتى ، بىر توپ ئۆينىڭ ئۇل قالدۇقىنى ئۇچرىتىپ قالدى ، ساناپ كۆرۈۋىدى ، ئون توققۇز چىقتى . بۇلارنىڭ ئون سەككىزى ئىككى ئېغىزلىقتىن بولۇپ ، بىرىلا ئۈچ

ئېغىزلىق ئىدى . سۆبىن ھېدىن بىلەن فىڭشىنى ئويلاندۇرغىنى ئۆيلەرنىڭ جايلىشىشتىكى ئاجايىبلىقى ئىدى . ئۈچ ئۆي بىر كەـ چىك توپ قىلىنىپ ، بىرى ئالدىغا ، ئىككىسى ئۇنىڭ كەينىگە ، ئىككى يانغا بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ سېلىنغان . مۇشۇنداق ئۈچ كىچىك توپ — توققۇز ئۆي بىر چوڭ توپ قىلىنىپ ، بۇلار مۇشۇ شەكىلدە بىر كىچىك توپ ئالدىغا ، ئىككى كىچىك توپ كەينىگە ، ئىككى يانغا بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ سېلىنغان ، ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ئىككى چوڭ توپنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان ، سۆبىن ھېدىن ئۆيلەرنىڭ جايلىشىشىنى سىخېملاشتۇرۇپ كۆرۈۋىدـ ى ، ئاجايىپ قىزىق گېئومېتىرىيىلىك شەكىل ھاسىل بولدى ، گويا گېئومېتىرىيىلىك شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن سەنئەت بۇيۇمى — گۈزەل نەقىشتەك .

سۆبىن ھېدىن ئوتتۇرىدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆينى ئالاھىدە ئۆي بولسا كېرەك ، دەپ قىياس قىلىپ قازدۇرۇپ كۆرۈۋىدى ، كۆڭلىدـ ىكىدەك ئىش بولدى . توپا ئاستىدىن گېرمان تىلشۇناسلىرى قاـ رۇشتى يېزىقى دەپ ئاتىغان ، ئازلا يېزىق پۈتۈلگەن بىر تارىشا ، يەنە بىر خەنزۇچە خەت يېزىلغان پۈتۈك پارچىسى چىقىپ قالدى . بۇ سۆبىن ھېدىننى قەۋەت خۇش قىلىۋەتتى . قەغەز سەل قېلىن ، يىرىكرەك بولۇپ ، توپا رەڭگە كىرىپ قالغىنىدىن ئۇنىڭ خېلى قەدىمكى قەغەز ئىكەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى . سۆبىن ھېدىن قەـ غەزگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇزايىدىن ئۇ خىيالغا چۆكـ كەندەك ئىدى . ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى : «مەن شۇنىڭغا ئەجەبلىنىمەن ، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ شۆبىتسىيىدە بۇ يەردىن چىققان تارىشا پۈتۈك ۋە قەغەزدەك قەدىمىيرەك بىرەر ئابىدە يوق ؟ »

خەنزۇچە كلاسسىك كىتابلارنى بىمالال ئوقۇيالايدىغان فېڭشى پۈتۈكتىكى خەتنى زادى ئوقۇيالمىدى . خەتلەر سىزىقلىرى كۆپ بولۇش بىلەن مۇرەككەپ شەكىلدە يېزىلغانىدى .

فېڭشى بۇ خارابىلىكنىڭ لوپ كۆلىگە يېقىنلىقىنى ئويلاپ ،

قەدىمكى يازمىلاردىكى قۇرىغار[1]غا دائىر بەزى مەزمۇنلارنى ئېسىگە ئالدى. قۇرىغارغا مىلادىيىدىن بۇرۇن ئەلچى بولۇپ كەلگەن جاڭ چيەن: «لولەن ۋە قۇسىنىڭ بەزى شەھەر ھەم قورغانلىرى لوپ كۆلىگە يۈزلىنىپ تۇرىدىكەن». «لولەن تۇزلۇق كۆلگە يېقىن ئىكەن» دېسە، ھونلارنىڭ پادىشاھى باتۇر تەڭرىقۇت خەن ۋېندىگە يازغان بىر خېتىدە: «... تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن... كروران، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يىگىرمە ئالتە ئەل تىنجىتىلدى، ھەممىسى ھونلارغا تەۋە بولدى...» دېيىلگەن. جاڭ چيەن ئېيتقان «لولەن» بىلەن باتۇر تەڭرىقۇت خېتىدىكى «كروران» بىر جايمۇ، بىر جاي ئەمەسمۇ؟ فېڭشى شۇنچە ئويلاپ بىر يەكۈنگە كېلەلمىدى. ئۇ قارۇشتى يېزىقىنى بىلگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. شۇنداق بولغاندا، بۇ خارابىلىكنىڭ ئەسلىي نامى ئايان بولار ئىدى. فېڭشى يۇقىرىدىكى ئىككى خەتتىكى مەزمۇن بىلەن ئۆزىنىڭ قىياسلىرىنى ئېيتىۋىدى، سۇۋېن ھېدىن تارىشا پۈتۈك بىلەن قەغەز پۈتۈك پارچىسىنى قايتىدىن سىلاشتۇرۇپ قاراپ كەتتى. خۇددى پۈتۈكلەردىن «مەن ××× شەھەر شۇ» دەپ ۋەزۋان چىقىپ قالىدىغاندەك.

بۇ ئىككى پارچە پۈتۈك كۇپايە قىلمايتتى. مۇناردۆڭ ئاستىدىكى قازناقتىنمۇ ھېچنېمە چىقمىدى. ماددىي نەرسىلەردىن بىرەر ئىسىمنى تاپقىلى بولمايتتى. يېزىق ماتېرىيال بولسا، قانچىكى كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى ئىدى. قىدىرىش تۈتىنچى كۈنىگە ئۆتكەندە، سۇۋېن ھېدىن دەندەنئۆيلۈك، قارادۆڭ خارابىلىكىدە قىلغان: «ئۇچرىسا يىغىش، ئۇقتىلىق قېزىش، كەڭ دائىرىدە قازماسلىق، ئۆلچەپ خەرىتىگە ئېلىشنى ئاساس قىلىش» دەيدىغان مىزاننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ: «ئالا قويماي قېزىش، قانائەت تاپمىغۇچە بولدى قىلماسلىق»نى يۇرگۇزمەك بولدى. كىم بىرىنچى بولۇپ ياكى كۆپرەك يېزىق پۈتۈلگەن نەرسىنى تاپسا مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

[1] قۇرىغار - غەربىي يۇرت، غەربىي دىيار.

سۇپى ھېيدىنىڭ ئادەملىرى ، ئىشلەمچىلەر مۇكاپاتنىڭ رىغ-بىتىدە گۇرجەك ياكى يەر كولاشقا بولىدىغانلىقى نەرسە بولسا ، قوللىرىغا ئېلىپ يەر كولاش - قېزىشقا ماڭدى .

— توختاڭلار !

بۇ توختىنىڭ ئاۋازى ئىدى . سۇپى ھېيدىنمۇ ، ئۇنىڭ ھەمە-راھلىرىمۇ ، ئىشلەمچىلەرمۇ كېتىۋاتقان يېرىدە چىپپىدە توختاپ ، توختىغا ھاڭ - تاڭلىقتا قاراپ قالدى . سۇپى ھېيدىن بىر لەھزە ئېسىنى يوقاتقاندەك تۇرۇپ كېتىپ :

— نېمە گەپ ، نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى .

— يەر ئۈستىدە ئېچىلىپ ، چېچىلىپ قالغان نەرسىلەرنى ئالساڭلارمۇ بىر گەپ ، لېكىن يەرنى كولاپ - قېزىپ ئالىمىز دېسەڭلار ، ئالدى بىلەن بىرەر مال ئۆلتۈرۈپ قان قىلمىساڭلار بولمايدۇ ، — دېدى توختى . ئۇنىڭ تەلەپپۇزى جىددىيرەك ئىدى .

سۇپى ھېيدىن بۇنداق گەپنى دەنىدەنئۆيلۇك ، قارادۇڭلەردە قېزىش ، يىغىش قىلغاندىمۇ ئاڭلىغاندى ، شۇڭا ئانچە ئېرەن-شىمەي :

— نېمىشقا بولمايدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

توختى جاۋاب بەرگۇچە ئۆردەك ئېغىز ئاچتى :

— توختىبەگ راست دەيدۇ . مۇشۇنداق جايدىن بىر نەرسىلەر-نى ئالماق بولغان كىشى بىرەر مالنى ئۆلتۈرۈپ قان قىلمىسا ، ھەممىمىزنى پالاكەت باسىدۇ .

توختىنىڭ گېپى بىلەن تېڭىرقاپ قالغان ئىشلەمچىلەر ، ئۆر-دەكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىردىن - بىردىن كېلىپ توختىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ تۇردى .

سۇپى ھېيدىن ئۆردەكنىڭ توختىنى «توختىبەگ» دەپ ئاتى-غىنىدىن ، ئىشلەمچىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېلىۋالغىنىدىن ، بۇ ئىشقا جىددىي قارىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى . لېكىن ، قان قىلاي دېسە ، بۇ يەردە ئاشۇ ئېتىدىن باشقا توشقان چاغلىق بىر نەرسە يوق ئىدى . ئەگەر توختى بولدى قىلمىسا ،

ئىشلەمچىلەرنى ئىشقا سالالمايدىغاندەك ئىدى. ئۇ ئويلاندى- ئويلاندى، ھازىر تارتىدىغان زىيىنى بىلەن كېيىن تاپىدىغان پايدىسىنى دەڭسەپ كۆردى. پايدىسى ئالدىدا زىيىنى ئېغىرلىقىمۇ ئالغۇچىلىكى يوق، ئەرزىمەس نەرسە ئىدى. ئۇ لېۋدىنى چىشلەشكە مەجبۇر بولدى.

— ئاتنى سويۇپ قان قىلىڭلار.

سۋېن ھېدىن شۇنداق دەپلا نېرىغا كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاتنىڭ بوغۇزلانغىنىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگىنى ئىدى.

توختى بىر ئىشلەمچىگە ئىشارە قىلدى. ئۇ: «قانداق بولار؟» دېگەننى قىلىپ توختىغا قارىدى.

— بوغۇزلاۋەر، ئۇ بىزنىڭ ئېتىمىز ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېتى[1]، — دېدى توختى.

ھېلىقى ئىشلەمچى ئۆردەكنىڭ پىچىقىنى ئېلىپ ئات تەرەپكە ماڭدى. قېچىشى ئۆردەك بىلەن توختىغا تەرىپ بەرمەك تەس بولغان بىر خىل ئىپادىدە قاراپ قويۇپ، سۋېن ھېدىن كەتكەن تەرەپكە ماڭدى.

ئاخشام ئابدۇرېھىم ئۇۋچى ئۆردەككە سىنوفتىن ئاڭلىغىنىنى بويىچە، سۋېن ھېدىن بۇگۇندىن باشلاپ خارابىلىكتە ئالا يەر قويماي قېزىش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى. ئۆردەك بۇ ئىشنى شۇئان توختى بىلەن ئاكىسى تۆمۈرگە ئېيتتى.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى توختى، — مۇشۇ «سەپسەن تۆرە» خوتەندە خارابىلىكنى تەكشۈرەيمىز، دەپ قان قىلماي قالايمىقان كولاپتىكەن، كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدى مېڭىپ، كەينى قوزغىلىپ بولغۇچە قويۇن ئارىلاش قارا بوران چىقىپ، خارابىلىكنى قۇمغا كۆمۈپ يوق قىلىۋېتىپتۇ. بۇلاردىن بىرنەچچە ئادەم، ئات، تۆگە ئۆلۈپتۇ. بۇلارغا ئىشلەمچى بولۇپ يەر كولىشىپ بەرگەنلەرنىڭ مەھەللىلىرىنىمۇ قۇم بېسىپتۇ. بۇلار بۇ يەردىمۇ قان قىلماي يەر

---

① لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىسىدە، ئات، تۆگە، ئۇي (كالا) ئاساسلىق قاتناش قورالى بولغاچقا، بولۇپمۇ، ئۆزلىرى باققان مۇنداق مالنى پەۋقۇلئاددە، ئامالسىز ئەھۋال بولۇپ قالمىسىلا ئۆلتۈرمەيدۇ.

كولاپ بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىدىغان بولسا ، بۇلارمۇ ، بىزمۇ قۇم ، بوران ئاپىتىگە قالىمىز . شۇڭا ئۇلارنى قان قىلىڭلار ، دەپ تۇرۇۋالايلى . بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قان قىلغۇدەك ھېچنېمىسى يوق ، شۇ بىرلا ئېتى بار . «سەپسىن تۆرە» ئېتىنى ھەرگىز قان قىلىڭلار دەپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيدۇ . بىز ئۇلارنى قان قىلمىساڭلار بولمايدۇ ، دەپ تۇرۇۋالساق ، ئۇلار ئامالسىز كېتەمدىكىن ، دەيمەن .

— بۇ ياخشى گەپ بولدى . سەن كۆپ يۇرت ئارىلاپ ، كۆرگەننىڭ ، ئاڭلىغىنىڭ جىق ، گەپنىمۇ جايىدا قىلىسەن . قان قىلىش ئىشىنى سەن دېگىن ، مەن ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرەي ، — دېدى ئۆردەك .

توختى دىنىي تەلىم ئالىمەن ، دەپ تۇرپان ، توقسۇنلارغا بىرنەچچە قېتىم بېرىپ ـ كېلىپ يۇرۇپ كۆزى ئېچىلىپ ، بىرنەچچە زامان موللاملاردا ئوقۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۇگۇتلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۆزىمۇ سۆزلەپ ، تىلىمۇ ئۇزىراپ قالغانىدى . ئۇلار شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ كېلىشىۋالغانىدى . ئويلىمىغان يەردىن سۈيىن ھېدىن مانا ، دەپ ئېتىنى تاشلاپ بەردى .

قېزىش ـ كولاش داۋاملاشماقتا . قېزىش مۇناردۆڭنىڭ ئالدىدىن باشلاندى . رۇس ئارغىمىقىنى ئۆلتۇرگۇزۇۋەتكەن ۋاقىتتىن باشلاپ سۈيىن ھېدىن ئۆردەك ، توختى ، تۆمۈرلەردىن ئېھتىيات قىلىدىغان ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ھوشيارلىق بىلەن نەزەر سېلىپ تۇرىدىغان بولدى . ئۇنىڭغا ئۇ ئۇچى گېپىنى بىر قىلىۋالغاندەك ، بۇ قېتىم ئەتەي بىللە بولۇشقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى . ئاخشام ئۇ سىنوف بىلەن شىركىننى چېدىرىغا چاقىرىپ ، ئۆزىنىڭ گۇمان ، ئەندىشىسىنى ئېيتىپ :

— ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلايلى ، لېكىن بىلىندۇرمەيلى ، ئوتتۇردا سۇركىلىش بولۇپ قالمىسۇن ، بىرەر ئىش چىقىپ قالسا ، بىز بۇ ھالاكەتلىك قۇملۇقتا نېمە قىلالايمىز ، — ئۇ : «مېنىڭ پۈتۈن ئارزۇ ـ ئۇمىدلىرىم كۆپۈككە ئايلىنىدۇ» دېمەكچىدى ، مەقسىتىم يالىڭاچلىنىپ قالغۇدەك ، دەپ ئويلاپ ، ئۇ گېپىنى ئاغ-

زىدىن چىقارمىدى ، — بۇنىڭدىن كېيىن بۇيەرگە كىلىشكە توغرا كەلسە ، يەنە مۇشۇلارغا تايىنىمىز . شۇڭا گەپ ـ سۆزۈڭلەرگە دىققەت قىلىڭلار . يەنە دەپ قويا ي ، ئېهتىيات قىلىش ، هوشيار بولۇش هەرقاچان يادىڭلاردا بولسۇن ، — دەپ قاتتىق تاپىلىدى .

سۇۋېن هېيدىن بىر گەپنى ئاغزىدىن ئۇچۇق چىقارمىغىنى بىلەن ئۇنىڭ بېشارىتىنى سىنوف سېزىۋالدى .

— ئەتە يان قوراللىرىمىزنى ئېلىۋالايلى ، — دېدى سىنوف ، چېدىردىن چىقىپ بولۇپ . بۇلاردا ئۈچ چېدىر بولۇپ ، چوڭراقى سۇۋېن هېيدىنىڭ هەم ياتىقى ، خىزمەتخانىسى ، هەم باش بارگاھ ئىدى . يەنە بىرى سىنوف بىلەن شىركىنىنىڭ ، يەنە بىرى ئىسلامباي بىلەن ئۆردەكنىڭ ئىدى . ئىسلامباي بولمىغاچقا ، ئۇنىڭ ئورنىغا توختى ، تۆمۈرلەر ئورۇنلاشقانىدى . ئىشلەمچىلەر كېيىن مۇناردۇڭ ئاستىدىكى قازناقتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى .

سۇۋېن هېيدىنمۇ تاپانچىسىنى يېنىدىن ئايرىمايدىغان بولدى ، ئولتۇرسا ـ قوپسا ئويلايدىغىنى يېزىق چۈشۈرۈلگەن بىرنەچچە ئاساسقا ئىگە بولۇش ئىدى ، يەنە پات ـ پات : «شۇنداق بىر ئېسىل ئېتىم مۇشۇ خارابىلىكنى دەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . شۇنىڭ قېنى ئۈچۈن بولسىمۇ ، بىرنېمە تاپمىسام بولمايدۇ» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىنى قوچۇپ تۇراتتى .

قېزىش داۋاملاشماقتا . مۇناردۆڭنىڭ ئەتراپى سوقىدا ئاغدۇرۇلغاندەك قىلىۋېتىلدى ، ياغاچ ، شال پارچىلىرىدىن باشقا هېچنېمە چىقمىدى . سىنوف بىلەن شىركىن ئۆز گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى ئىشقا سېلىۋاتقان كۆرۈنۈشتە ، چاتاق چىقىپ قالسا تاقابىلغا تەييار هالەتتە كۆز ـ قۇلىقىنى تىكىپ تۇراتتى . ئىككىلىسىنىڭ كۆزى توختى بىلەن ئاكا ـ ئۇكىلاردا ئىدى . ئۆردەكنىڭ كاللىسىدىن : «ئاكام كۆرگەن تاختاي قانداق تاختاي بولغىيدى ، نەگە يوقالغاندۇ» دېگەن نەرسە نېرى بولمىدى . ئۇ هازىرمۇ مۇنارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى .

— بىر يېرىم كۈن قازدۇق ، بۇ ئەتراپتا ئۇنداق نەرسىلەر

يوق ئوخشايدۇ . بىر گۇرۇپپا ئادەمنى ھېلىقى ئۈچ ئېغىزلىق
ئۆينى ، ئەتراپىنى قېزىشقا ، يەنە بىر گۇرۇپپىنى سەككىز بۇرجەك-
لىك مۇنار ئەتراپىنى قېزىشقا سالساق دەيمەن ، — دېدى فېڭشى .

سۈبىن ھېدىن شۇ چاغدىلا كاللىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئىتتى-
نىڭ قېنىدەك قىزىلىقتىن بۇژۇلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قى-
لىپ قالدى . ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ سىنوق بىلەن شىر-
كىنىنى چاقىرىپ ۋەزىپە تاپشۇردى . سىنوق ئادەملىرىنى سەككىز
بۇرجەكلىك مۇنار بويىغا ، شىركىن ئوتتۇرىدىكى ئۈچ ئېغىزلىق
ئۆي تەرەپكە ئېلىپ كەتتى .

ئۆردەك مۇناردۆڭ ئەتراپىدا يۇتىدا توپا ، قۇملارنى تۇرتكەچ
خىيال بىلەن مېڭىپ يۇرەتتى . يۇتىغا بىر نەرسە ئۇرۇلغاندەك
بولدى ، ئېڭىشىپ قولىغا ئېلىۋىدى ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى غېرىچ ،
كەڭلىكى بىر غېرىچچە كېلىدىغان نېپىز تاختاي . ئۆردەك تاختاي-
نىڭ ئۈستىدىكى توپىنى يېڭى بىلەن پاكىز ئېرتتى ، ئاندىن كۆچەپ
پۈۋلىدى . تاختاي يۈزىدە سىزىقچىدەك بىر نەرسىلەر تۇراتتى .

— ئاكا ، ماۋۇنىڭغا قاراپ باقە ، سەن كۆرگەن ھېلىقى تاختاي
شۇمۇ ، — دېدى ئۇنلۇك ئاۋازدا .

تۆمۈر بىلەن توختى نېرىدا پاراڭلىشىپ تۇراتتى . سۈبىن
ھېدىن ئۇلارنىڭ نېرىسىدا ئىدى . ئۆردەكنىڭ گېپىنى ئۇمۇ ئاڭلى-
دى ، قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ ، تۆمۈر ، توختىلاردىن بۇرۇن
كېلىپ بولدى . ئۆردەكنىڭ قولىدىن تاختاينى ئېلىپ قاراپلا :

— تارىشا يۇتۇك ! — دەۋەتتى .

تۆمۈر ، توختىلارمۇ كەلدى . تۆمۈر تارىشىغا قول ئۇزاتتى .
سۈبىن ھېدىن قانداق قىلارىنى بىلمەي قالدى . تۆمۈر ئۇنىڭ قولى-
دىن تارىشىنى ئېلىپ كۆرۈپ :

— شۇ ، شۇ . يىگىرمە تۆت يىلنىڭ ئالدىدا قازناقتىكى ئويۇقتا
كۆرگەن تارىشا شۇ ، — دېدى .

سۈبىن ھېدىنىنىڭ كۆزى تارىشىدىلا ئىدى .

— قازناقتىن قانداقسىگە سىرتقا چىقىپ توپىغا كۆمۈلۈپ

قالغاندۇ؟ — سۋېن ھېدىن گەپ قىلغاچ تۆمۈرنىڭ قولىدىن تارىشىنى ئېلىۋالدى ـ دە:

— مەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىڭلارنى كاتتا مۇكاپاتلايمەن، — دەپ قويۇپ چېدىرى تەرەپكە ماڭدى.

ئۇ كۈندىكى قېزىشتىن ھاسىلات قالتىس بولدى. ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئوتتۇز ئالتە پارچە قارۇشتىچە، خەنزۇچە تارىشا پۈتۈك، قەغەز پۈتۈكلەر تېپىلدى. سەككىز بۇرجەكلىك مۇنار ئەتراپىدىن چوڭ ـ كىچىك ياغاچ ئويما بۇت، ئويما بۇتنىڭ قول، پۇت، باش سۇنۇقلىرى؛ ئادەم، ھايۋان ئۇستىخانلىرى، گۈللۈك، سىدام رەڭلىك گىلەم، پالاس، ھەر خىل توقۇلما بۇيۇم پارچىلىرى قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلدى. سۋېن ھېدىننىڭ بۇ خارابىلىكنى داۋاملىق قازغۇسى، يەنە جىق نەرسىلەرنى تاپقۇسى بار ئىدى، لېكىن تېپىلغان پۈتۈكلەرنى ئوقۇتۇپ، ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تېزرەك دۇنياغا جاكارلىغۇسى، تونۇلغۇسى كېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قېزىشنى دەرھال توختىتىشنى ئۇقتۇردى. بۈگۈنلا تېپىلمىلارنى تۈرگە ئايرىپ، قاچىلاش تەييارلىقىنى قىلماقچى بولدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا غىياس جەرەن بەش تۆگىگە ساندۇق، شاللارنى ئارتىپ كېلىپ قالدى. سۋېن ھېدىنلاردا بىر ساندۇق ياغاچچىلىققا دائىر ھەرە، بولقا، مىخلار بار ئىدى. شىركىن ياغاچچى ئىدى. ئىشلەمچىلەر ئارىسىدىمۇ ياغاچچىلىقتىن خەۋىرى بارلار بار ئىدى. ئۇلار دەرھال ساندۇق ياساشقا كىرىشىپ كەتتى.

## 9

سۋېن ھېدىن خارابىلىك بىلەن خوشلىشىۋالماقچى بولۇپ، ئېگىز بىر يارداڭ ئۈستىگە چىقىپ دۇربۇن بىلەن قارىدى. دۇربۇننىڭ كۆزى قالايمىقان ئاغدۇرۇۋەتكەن يەردەك ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن ئىككى جايغا كەلگەندە، ئۇ:

— قازغان يېرىم پۈتۈن خارابىلىكنىڭ يۈزدىن بىرىچىلىكمۇ ئەمەسكەن . شۇنچىلىك يەردىن مۇشۇنچىۋالا نەرسە تېپىلغىنىغا قارىغاندا ، راستىنىلا بۇ خارابىلىك گۆھەر كانى ئىكەن . مەن چوقۇم يەنە كېلىمەن ، قالغان گۆھەرلەرنى ئۆزۈم قازىمەن ، — دېدى ئۆزىگە ئۆزى ئەھدە قىلغاندەك .

لېكىن تەۋەككۇلچىلىكتە ، ئەسەبىيلىكتە ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان بىراۋنىڭ ئۇ سىزغان خوتەن - نىيە خارابىلىكلىرى ، تارىم بويلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان خەرىتىلەرنى ئالدىغا يېيىپ قويۇپ ، پات ئارىدا بۇ تەرەپكە ئاتلىنىشىنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتقانلىقىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى .

سۋېن ھېدىن قالغان گۆھەر - بايلىقنى قويۇپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغاندەك ، خارابىلىككە قاراپ - قاراپ قويۇپ ، يارداڭدىن چۈشمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى ، يەردىن چىقتىمۇ ، ئاسماندىن چۈشتىمۇ ، ھېچكىم بىلمەي قالدى ، بىر قۇيۇنتاز توپا ، قۇم ، توزاندىن تۈۋرۈك ھاسىل قىلىپ ۋىشىلداپ كەلگىنىچە سۋېن ھېدىننى دومىلىتىپ يارداڭدىن تاشلىۋەتتى . يارداڭنىڭ ئېگىزلىكى تۆت غۇلاچچە كېلەتتى . سىنوف بىلەن شىركىن يۈگۈرۈپ يارداڭ ئاستىغا كەلدى . سۋېن ھېدىننىڭ يۈز - كۆزىنى توپا بېسىپ تونۇغۇسىز ھالەتتە ياتاتتى . ھېلىمۇ يارداڭ تۈۋى قېلىن ، يۇمشاق قۇم ئىدى . سۋېن ھېدىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغىنىنى دېمىگەندە ، ھېچنېمە بولمىغانىدى . ئۇلار ئۇنى يۆلەشتۇردى ، كىيىمىنى قېقىشتۇردى ، يۈز - كۆزىنى سۈرتتى . سىنوف بىلەن شىركىن ئۇنىڭ بايىقى ئەپتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ پىخىلداپ كۈلۈۋېتىشتى . سۋېن ھېدىن تېرىكىپ :

— نېمە بولۇشتۇڭ ؟ «ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك قىلىپ» مېنى مازاق قىلىشىۋاتامسەن ، — دەپ ھومايدى .

ئىككىسى جىم بولۇپ ، ئۇنى يارداڭ ئاستىدىن ئېلىپ چىقتى .

— تاجىپەت - تاجىپەت ، — دېدى غىياس جەرەن ، — بۇ

جىۋار[1] باشقا ھېچكىمگە ئۇرۇلماي ، شۇنىڭغا ئۇسكىنىنى .

— ئەمدى بۇ تەرەپكە كەلگۈچى بولما ، دەپ خەۋەرداندۇرۇپ[2] قويغىنىدۇ بۇ جىۋارنىڭ ، — دېدى توختى .

ئۇنىڭ گېپىگە تۆمۈر ، ئۆردەكلەر كۈلۈپ كەتتى . بىرىدا ئۆزى مىنىدىغان ئاتنىڭ تۆشلۈكىنى چىگىتىۋاتقان ئىسلامباي :

— كۈلۈپ كەتتىڭلارغۇ ، نېمىگە كۈلدۈڭلار ؟ — دەپ سورىدى .

غىياس جەرەن ئېلىپ كەلگەن ساندۇق ، شاللارنى چۈشۈرۈۋېتىپ ، بوشىغان تۇلۇك ، تۇلۇملارنى ئېلىپ ، ھەممە تۆگىلەرنى قايتۇرۇپ كەلگىلى شۇ كۈنىلا بۇلاق بار جايغا مېڭىپ كەتتى . سىۋېن ھېدىن ئۇنىڭغا ئىسلامباينىڭ ئابدالغا بېرىۋېلىش ئۈچۈن ياخشىراق ئاتتىن ئىككىنى ياللاپ ئېلىپ كېلىشىنى تاپىلاپ قويغانىدى . ئىككى ئاتتىن بىرنى سىۋېن ھېدىن تاللىۋېلىپ ، يەنە بىرىنى ئىسلامباينىڭ مىنىشىگە بەرگەنىدى .ئىسلامباي ئۆزىنى بۇ خارابىلىكتىن چەتلەتتۇرۇۋەتكەنگە غوم تۇتۇپ ئۈچ كۈندىن بۇيان ھېچكىمگە ، ھەتتا سىۋېن ھېدىنغىمۇ چىراي ئېچىپ گەپ قىلمىغانىدى . بايا ئۇنى قۇيۇن ئۇچۇرۇۋەتكەندە ، ئىچىدە : «خوپ بولدى» دېگەنىدى ، تۆمۈر ، توختىلارنىڭ كۈلكىسىنىڭ ئاخىرى چۈشۈپ بولار - بولمايلا كۆڭلى ئېچىلىپ قالغانىدەك : «نېمىگە كۈلدۈڭلار ؟» دەپ سورىشى شۇنىڭدىن ئىدى .

— ماڭ ، بېرىپ «سەپسىن تۆرە»نى يۆلەپ ئېتىغا مىندۈرۈپ قوي ، — دېدى ئۆردەك .

تۆمۈر ، توختىلار كۈلۈشۈپ كەتتى . ئىسلامباي ئۆردەككە ئالىيىپ قويۇپ ، ئېتىنىڭ تۆشلۈكىنى چىگىتىش بىلەن بولدى .

چۈشكە يېقىن ھەممە نەرسە تەق قىلىندى . بارلىق يۈكلەر چوڭ - كىچىكلىكى ، ئېغىر - يېنىكلىكى تەڭشىلىپ ، بىر تۆگىگە ئۈچ ساندۇقتىن ، ئون بەش تۆگىگە ئارتىلدى . بۇلاردىن ئوتتۇز

---

① جىۋار -- قۇيۇن ؛ شىۋىرغان .
② خەۋادان — ئاگاھ .

ئالته ساندۇقتا مەخسۇس گۆھەر ، ياق ، ياق ! باھاسىنى ، قىممىتىـ
نى ھەرقانداق ماددىي نەرسە بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان
نەرسە — مۇشۇ خارابىلىكنىڭ ئۇن نەچچە ئەسىردىن بۇيان قۇم
ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان جېنىنىڭ ، روھىنىڭ بىر قىسمى قاچىلانـ
غاندى !

ماڭايلى !

مەخسۇس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارتىلغان تۆگىلەر توقـ
قۇز - توققۇزدىن تۆت توپقا ئايرىلدى . بىرىنچى توپنى سالتاڭ
قاسىم ، ئىككىنچى توپنى غىياس جەرەن ، ئۈچىنچىنى ئىسلامباي ،
تۆتىنچى توپنى ئاتمىشبۇلاقلىق بىر ئىشلەمچى يېتىلەپ ماڭىدىغان ؛
ئىككىنچى توپنىڭ كەينىدە شىركىن ، ئەڭ ئاخىرىدا سىنوف ماڭىـ
دىغانغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . نېمىشقا مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلـ
غانلىقى سىنوف بىلەن شىركىنگە ئايان . ئاخشام سۇۋېن ھېدىن
ئىككىسىنى چېدىرىغا چاقىرىپ ، ئەتە مېڭىپ كېتىدىغانلىقى ، قانـ
داق ماڭىدىغانلىقى ، لوپ دائىرىسىدە ئوغرى - قاراقچى دېگەن
نەرسە بولمىسىمۇ ، ئېلىپ ماڭغان نەرسىلەرنىڭ مۇھىملىقىنى ،
شۇڭا سەگەك ، ھوشيار بولۇش كېرەكلىكىنى ، ئۆردەك ، توختى ،
تۆمۈرلەرنى ھەر ۋاقىت نەزىرىدىن ساقىت قىلماسلىقنى جېكىلىگەـ
نىدى . ئۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ ئۆزىنى چاقىرمىغانغا ئىسلامباينىڭ
ئىلگىرىكى غۇمىغا بۇ غۇم قوشۇلۇپ قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ ، ئۆتىـ
نى ئوغا يۇتۇۋالغاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتكەنىدى .

بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ، ئېگىز - پەس قۇم
دۆۋىلىرى بىلەن تولغان قۇملۇق ، ئۈچ تەرىپى بىپايان قۇملۇق .
شىمال تەرەپتە ، يىراقتا سىڭىر ، شىڭدى تاغلىرى قۇملۇقنىڭ بىر
تەرەپ چېكى بولۇپ ، لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئاستىدا خىرە -
شىرە كۆرۈنەتتى . بۇنىڭدىن تاغنى ئەتىيازنىڭ تۇمانلىق ئېغىر
ھاۋاسى ئورىۋالغىنىنى بىلگىلى بولاتتى . تۆگىلەر ئۇزۇن بىر سەپ
بولۇپ ، كولدۇرمىلارنىڭ رىتىملىق ، لېكىن سۇرلۇك ئاۋازى بىـ
لەن تەڭ ئېغىر چامداپ ئىلگىرىلىمەكتە . سەپنىڭ بېشى بىر قۇم
دۆۋىسى ئۈستىگە چىقسا ، قۇيرۇقى قۇم دۆۋىسى يامزىلىدا ؛ بېشى

قۇم دۆۋىسىدىن چۈشسە، ئاخىرى قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقاتتى. بەزىدە قاتارنىڭ ئوتتۇرىسى قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە بولسا، باش تەرىپى چۈشۈۋاتقان، ئاخىرى يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان بولاتتى. بۇ ئالامەت قىزىق، بولۇپمۇ سىۋېن ھېدىننىڭ ۋەتىنىدە، ياۋروپادا تېپىلماس مەنزىرە ئىدى. شۇڭا ئۇ پات - پات فوكۇس توغرىلاپ بىرنەچچە كۆرۈنۈش سۈرەت تارتىۋالاتتى. سەپەر داۋاملاشماقتا..

ئىككىنچى كۈنى يالغۇزبۇلاق ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئابدۇرېھىم ئۆۋچى:

— مەن مۇشۇ يەردىن ئاتمىشبۇلاققا قايتاي، — دېدى.

سىۋېن ھېدىن ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا؟» دەپمۇ سورىمىدى. چۈنكى، ئۇ بولمىسىمۇ يول بىلەر يەنە بىرنەچچەيلەن بار ئىدى. ئابدۇرېھىم ئۆۋچى سىۋېن ھېدىن بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىشىپ بولۇپ ماڭاي دەپ تۇرغاندا، غىياس جەرەنمۇ:

— مەنمۇ قايتاي، ئۆيىمىزنىڭ گۆشى ئۈكسۈپ قالغان، تاغقا ئۆۋغا بارمىسام بولمايدۇ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككىسى كەتتى. مېڭىش داۋاملاشماقتا. سىۋېن ھېدىننىڭ سىنوفقا گېپى بولسا كېرەك، ئۆز ئورنىدا قېڭشىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى سەپنىڭ ئاخىرىنى ساقلاپ توختاپ تۇردى. توختى، تۆمۈر، ئۆردەك ئۈچى ئۇدۇل بىر قاتار بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— مەن ماۋۇنى تېپىۋالدىم، — توختى يېنىدىن قاتلاقلىق بىر نەرسىنى چىقىرىپ ئاچتى. ئۇ ئۇچلۇق ئېگىز تۆپىلىك قۇيما كى-گىز قالپاق ئىدى. تۆمۈر، ئۆردەكلەر قالپاقنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈشتى.

— مەن بۇنى تېپىۋالدىم، — دېدى تۆمۈر قوينىدىن كىچىك بالىنىڭ بىر پاي كۆن ئايىغىنى چىقىرىپ.

— بۇنىڭغا قاراڭلار، — دېدى ئۆردەك، قوينىدىن ئۈچ تۇمە-شۇقلۇق بىر نەرسىنى چىقىرىپ.

— ۋوي، — توختى ئۇ نەرسىنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى، — بۇ چىراغ، مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان چىراغنى تۇرپاندا

بىر خەلپەتنىڭ ئۆيىدە كۆرگەنىدىم. ئەمما ئۇ بۇنىڭدەك ئەمەس ئىدى، تۇمشۇقى ئىككى ئىدى، — دېدى ئۇ.

ئۇ ھەقىقەتەن چىراغ ئىدى. پىلىك كۆيدۈرىدىغان تۇمشۇقى ئۈچ بولۇپ، ياغ قۇيىدىغان ئوتتۇرىسى يۇمىلاق ئىدى. ئۇنىڭدا ئۈچ تۇمشۇققا ئۇدۇل ئۈچ تۆشۈك بار ئىدى. ئۇ چىراغنى ئېسىش ئۈچۈن يىپ بېكىتىدىغان تۆشۈك ئىدى. چىراغنىڭ ئاستىدا تۆت ئىلىك قېلىنلىقتا چىراغ بىلەن ئۇيۇل يۇمىلاق بىرنېمىسى بار بولۇپ، چىراغنىڭ تەگلىكى ئىدى. ئۇلار چىراغنىڭ نېمىدىن ياسالغىنىنى بىلەلمىدى. تاشمىكىن دېسە، تاشقا ئوخشىمايتتى، چويۇن - تۆمۈرمىكىن دېسە، ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاپ كەتمەيتتى.

— قالتىس نەرسىنى تىقىۋاپسەن، «سەپسىن تۆرە» كۆرىدىغان بولسا نېمە بولۇپ كېتەر. ماڭا بەر ياكى سېتىپ بەر دېسە قانداق قىلىسەن؟ — توختى ئۆردەككە قارىدى. ئۇنىڭ قارىشى مەنىلىكتەك ئىدى.

— بەر دېسىمۇ بەرمەيمەن، سېتىپمۇ بەرمەيمەن. ئۇ شۇنچىۋالا نەرسىنى ئېلىپ ماڭدىغۇ، بۇنى ئالسام نېمە بوپتۇ.

— ئەمىسە تىقىۋېلىپ يۈرگۈچە ئاشكارا ئالساڭ بولمامدۇ؟

— قىزىقكەنسەن، ئۇنداق قىلسام تالالۇن[1] بولمامدۇ. ئالدىغان ئىش بولغاندىكىن، تىقىۋالسامۇ ھېساب دېدىم. بىز بۇياققا ماڭىدىغاندا، ئاتام بىزگە: «ياخشىراق نەرسە كۆرسەڭلار ئېلىۋېلىڭلار، لېكىن ئاردا تالالۇن چىقىپ قالمىسۇن» دەپ تاپىلىدىغان، — دېدى ئۆردەك.

— ئوماق ئاغام قالتىس ئادەم - ھە، — دېدى توختى…

سەپەر داۋاملاشماقتا. ئۇلار ئالتىنچى كۈنى ئابدالغا يېتىپ كەلدى. ئابدال ئېغىر زەيلىشىپ، ئوزاقى يىلدىكىدىنمۇ تۈگىشىپ كەتكەنىدى. جانقۇلۇبەگ بىلەن بىر جەمەتتىكى ئۈچ ئائىلە بولۇپ، يەنە شۇ تۆت ئائىلىلا بار ئىدى. جانقۇلۇبەگ ئەمدىلا قىرىق توققۇز ياشقا كىرگەن، ئاكىسى توختىدىن تۆت ياش كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يىگىرمە ياش چوڭ ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۆردەك،

---

① تالالۇن - جېدەل - ماجىرا، توقۇنۇش.

توختى ، تۆمۈرلەر جانقۇلۇبەگ ۋە باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا ، جانقۇلۇبەگنى ئېلىپ قالاچ قاناقا ، جاھانبەگ ، كۈنچىققانبەگ ۋە تۆلەك بوۋىلارنىڭ ئاگايىنى يوقلاپ كەلگىلى ماڭدى . ئۇلارغا سالتاڭ قاسىممۇ ئەگەشتى .

— نەگە بارىسىلەر ؟ — ئىسلامباي ئۆردەكتىن سورىدى .

— بىرنەچچە ئۇلۇغ ئۇغۇشلارنىڭ ئاگايىنى يوقلىغىلى ماڭدۇق ، — ئۆردەك قارىماي تۇرۇپ جاۋاب بەردى .

سىۋېن ھېدىن ئۇلارنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ئىسلامبايدىن ئۇقۇپ ، باشقىچە ئويدا بولماي ، ئۆز پىلانى بويىچە ئىشنى قىلىۋەردى . ئىشلەمچىلەر ئارىسىدىكى تۆگە ، ئات ساتىدىغانلاردىن ئۈچ ئات ، بەش تۆگە سېتىۋالدى ، يۈكلەرنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇردى . ئۆردەكلەر ئەلياتقۇدىن ئۆتكەندە قايتىپ كەلدى .

— مەن چاقىلىققا بارىمەن ، سەن ئۆتكەندە مېنى يىگمىكۆلدىن چەرچەنگىچە باشلاپ بېرىپ ، چاقىلىق بىلەن ئېلىپ كەلگەنىدىڭ . يولنى ئوبدان بىلىسەن ، مېنى چاقىلىققا باشلاپ بارساڭ ، — دېدى ئۆردەككە سىۋېن ھېدىن .

— ئوغلۇم سادىق ئاغرىق ئوخشايدۇ ، مەن بارالمايمەن ، سالتاڭ قاسىم يول باشلىغۇچى بولۇپ بارسۇن ، — دېدى ئۆردەك .

ئوغلىنىڭ ئاغرىپ قالغىنى يالغاندى ، ئۇ مۇشۇنداق بىر سەۋەب كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى . بۇنداق ئەھۋالدا سىۋېن ھېدىن تۆمۈرگىمۇ ئېغىز ئاچالمايتتى ، توختىغا تېخىمۇ . ئۇ سالتاڭ قاسىمغا قارىدى . ئۇنىڭ يول باشلىغۇچى بولۇپ چاقىلىققا بېرىشقا كۆڭلى تارتمىسىمۇ ، ئۆردەكلەرنىڭ يۈزىدىن ماقۇلغا باش لىڭشىتتى .

قاسىم كەمبەغەل ئائىلىنىڭ بالىسى ئىدى . ئۇ ئون ياشقىمۇ تولماستا ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ ، قارا يېتىم بولۇپ قالدى ، كىشىلەر ئىشىكىدە چوڭ بولدى ، ئىلكىدە قۇرۇق ئالقىنىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى ؛ شۇڭا ئۇنىڭغا «سالتاڭ» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالدى . ئۇنىڭ تارتىشقۇدەك قوتۇر ئوغلىقىمۇ يوق ئىدى .

سىۋېن ھېدىننىڭ پىلانى ، يۈكلىرىنى بىر - ئىككى ئادىمى



www.uyghurkitap.com

بىلەن چاقىلىققا قويۇپ قويۇپ ، كۆزگىچە شىزاڭدا ئېكسپېدىتسىيىدە بولۇپ ، 11 - ئايلاردا ۋەتىنىگە قايتىش ئىدى .

ئەتىسى سەھەردە ئۆردەك ، تۆمۈر ھەم تىكەنلىك ، كۆزلەكتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر تارىم دەرياسىنى بويلاپ كونا يول بىلەن بۇياققا ماڭدى ، سۋېن ھېدىنلار چاقىلىقنى نىشان قىلىپ ئۇياققا ماڭدى .

— ئۆردەك ، مەن قاچانلا كەلسەم يول باشلىغۇچىلىققا سېنى تاپىمەن ، — دېدى سۋېن ھېدىن ئۈنلۈك قىلىپ .

ئۆردەك ئىنكاس قايتۇرمىدى .

ئاتمىشبۇلاقتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ بىر قىسمى ئابدالدىلا قېلىپ قالدى .

سالتاڭ قاسىم ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپلا قوشاق باشلىدى :

يار ، كۆزۈڭ خۇما (ر) ئىدى ،
بوينۇڭدىكى تۇما (ر) ئىدى .
بۇلتۇرقۇ ئابدالداقى ،
شۇ قىيامەت دۇنيا ئىدى .
چىرايىڭ بۆلەك جۇسۇن[1] .

بۆلەك جۇسۇن چىرايىڭ ،
ماڭا يوقمۇ سالامىڭ .
ئوتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم ،
ماڭا بولۇر ئۇۋالىڭ ،
ئۇ ئالەمدە سوئالىم .

— ھەي... — ئۆردەك ئۇھسىندى ، — قولنىڭ قىسقىلىقى... ئۇ قايتىپ كەلگۈچە ئۇنىڭغا ئوبدان بىر جورا تېپىپ قويايلى...

① جۇسۇن — تۇرق ، يۈز ؛ قىياپەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## توققۇزىنچى باب

# بوْنداق قىلماڭلار

*«بىكىنمىچىلىك ، نادانلىق ، جاھاندىن خەۋەرسىزلىك ، ئۆز - ئۆزىنى ئۇنتۇش ، يوقىتىش ، بۇزۇش قورقۇنچلۇق ھالەتكە كۆتۈرۈلدى» .*

*«ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى پائالىيەتچان مەدەنىيىتى ، مىنىڭچە ، مۇشۇ قانال ساھىلىغا كۆمۈلگەن . ئۇ مۆجىزە شەكلىدە ئېچىلغۇسى ۋە بىزنىڭ قاتمال تارىخىي قاراشلىرىمىزغا يېڭى مەزىرە ، يېڭى ئوزۇق بېغىشلىغۇسى» .*

— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

## 1

بىر جەمەت كىشىلىرىدىن ھازىر ئۆيدە بارلىرى چوڭ ئۆيدە جەم بولۇشۇپ يوقلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى . بۇ چاغدا ئوماق - ئايقۇتلار چوڭ جەمەتكە ئايلىنىپ ، ئوغۇل - كېلىن ، قىز - كۈيئوغۇل ، نەۋرە - چەۋرىلەر بولۇپ يىگىرمە نەچچىگە يېتىپ ، «ئوماقنىڭ تاختىسى» — يېڭى مەھەللە ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىگەنىدى . توختاقىنىڭ چوڭ نەۋرىسىلا سىرتتا ئاغىنىلىرى بىلەن ئويناۋاتقان بولۇپ ، قالغان ھەممىسى

ئۆيدە ئىدى .

— توختاقىنىڭ قاچان كېلىشىنى بىلمەيمىز ، تۆمۈر ، ئۆردەك-لەر بولسىمۇ تېرىلغۇغا ئۈلـگۈرۈپ كـەلسە بولىتتى ، — دېدى ئوماق .

ئايقۇت ئىتتىك كىچىك نەۋرىسىنى قۇچىقىدا ئەركىلىتىپ ئولتۇرغان ئايسۇلۇغا قارىدى . ئېرىنىڭ ئىسمى چىقىشى ھامان ئايسۇلۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوماققا لەپپىدە قارىدى - دە ، كۆڭلى بۆلەكچە بولۇپ ، نەۋرىسىنى ئويناتقان بولۇپ يەرگە قارىۋالدى .

— ئاڭلىسام ، ھاشارمۇ ئاز قالغان ئوخشايدۇ ، — دېدى ئايقۇت ، گويا تەڭقىسلىقتا قېلىپ ، باشقىلارغا موھتاجلىقىنى بىلـ-دۈرۈۋاتقان ئادەمدەك تۆۋەن ئاۋازدا .

ئايسۇلۇ ئىچىدە : «قېيناتام ئەھۋالنى بىلمەمدىغاندۇ ياكى كۆڭلۈمنى ياساپ شۇنداق دەۋاتامدىغاندۇ» دەپ ئويلاپ ، ئايقۇتقا قارىدى . ئايقۇت ئايسۇلۇدىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ باشقا يەرگە قارىۋالدى .

تۆمۈر ، ئۆردەكلەر ناسىربەگنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن سۈيىن ھېيدىنغا يول باشلىغۇچى بولۇپ كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى ، بىر يايى كېلىپ ناسىربەگنى ناھىيىگە چاقىرىپ كەتتى . ناسىربەگ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا شاھياردىن سېتىۋېلىپ كەلگەن مەپىسىدە ماڭدى . مەپە مۇشۇ يەرنىڭ قۇملۇق يولىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ ئۇلتىڭى كەڭ قىلىپ ياسىلىپ ، ئاتنىڭ يۈگەن - نوختا ، تۆشۈكلىرىگىچە مىس ، كۈمۈشتىن نەقىش قويۇلۇپ ، مەپە جابدۇقلىرىمۇ كۆككۈل قويۇپ بېزەلگەنىدى . ناسىربەگ مەھەللىگە مەپىنىڭ تۈچ قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ كىرىپ كەلگىنىدە ، يارىيار ، كۆتەك ھارۋىدىن باشقا خىلدىكى ھارۋا كۆرۈپ باقمىغـان كىشـىلەر مـەپـىنى كـۆرۈپ ، «ھۇ... !» دەپ كېتىشكەنىدى . كۆنۈكۈش بىر خىل ئۆزئارا سىڭد-شىش بولسا كېرەك ، ئادەم بىر نەرسىگە كۆنۈپ قالسا ، ئۇنى دەسلەپ كۆرگەندە ھەيران قالغان بولسا ، كېيىن ئۇنىڭغا ئېرەنسى-مەيدىغان بولۇپ قالىدۇ ، ناسىربەگ مەپىنى مۇشۇ بىر - ئىككى

يىل ئىچىدە خېلى ھەشەمەتلىدى ، چۈچا ، قوغۇزاقلىرىنى كۆپەيتـ
تى ، لېكىن بۇ كىشىلەردە ھېچقانداق يېڭى ئىنكاس قوزغىمىدى ،
«يەنە شۇ» دەپ بىلدى . ناسىربەگ چوڭ يولدىن قايرىلىپ «ئوماقـ
نىڭ تاختىسى»غا كىرىپ ئۆتكەندە ، ھېچكىم پىسەنت قىلىپ قويـ
مىدى . ئۇ ناھىيىگە كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى ھېلىقى يايى ، يەنە
ئىككى چېرىك بىلەن قايتىپ كەلدى . ئۇ ناھىيىگە تويغا ماڭغاندەك
خۇشال كەتكەنىدى ، قايتىپ كەلگەندە بولسا ، يوقىتىپ قويغان
مۇھىم بىر نەرسىسىنى ئىزدەۋاتقاندەك يەردىن ئۈستۈن قارىمايتـ
تى . تىنچلىق سوراشقانلارغا گەپ قىلمىشقىمۇ خۇشياقمايتتى . كىـ
شىلەر بۇنىڭغا ھەيران ئىدى . ئۇ ناھىيىدىن كېلىپ ئىككىنچى
كۈنىلا يېقىن ئەتراپتىكى بەش مەھەللە ئاقساقاللىرىغا يىغىن ئاچـ
تى . «ئوماقنىڭ تاختىسى»دىن ئوماق بارغانىدى . ئۇ ئۆيگە روھى
چۈشكەن ھالدا ئويچان قايتىپ كەلدى .

— نىمىگە چاقىرىپتۇ ، ياخشى گەپ يوقمۇ ، قانداق ؟ —
ئوماقنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن چاغدىكى ھالىتىگە قاراپ ئايقۇت
ئۇنىڭدىن سورىدى .

— ھاشار ، ئۆستەڭ چاپىدىغان ئىش چىقىپتۇ .

— ھاشار ؟ نەدىكى ئۆستەڭنى چاپىدىكەن .

— ناسىربەگ ، «شىڭ پىڭ ئۆستىڭى[1]» چاپىدىكەنمىز دېدى .
بىر ئۆيدە ئۇن ئالتە ياشتىن يۇقىرى ، ئاتمىش بەش ياشتىن تۆۋەن
ئىككى ئەر بولسا ، چوقۇم بىرى ھاشارغا بېرىشى كېرەك ئىكەن ،
ئەگەر ئۈچ ئەر بولسا ، بىر ئادەم ، يەنە بىر ئات ياكى كالا ئېلىپ
بېرىشى كېرەك ئىكەن...

ئوماقلار ھاشار ـ پاشار دېگەن نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا ،
نېرى ـ بېرىسىنى چۈشىنەلمىدى .

ئەتىسىلا ھېلىقى يايى ئىككى چېرىك بىلەن ناسىربەگنى ئېـ
لىپ ئۆيمۇئۆي بېرىپ ، توختاقنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى .

---

[1] شىڭ پىڭ ئۆستىڭى — «شىڭ پىڭ» لوپنا ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا قويۇلغان ناھىيىنىڭ تۇنجى ئىسمى . ناھىيە ئورگىنى ھازىرقى شىڭ پىڭ يېزىسىنىڭ قاراقۇم كەنتىدە بولغان . كورلىدىن باشلاپ چېپىلىدىغان ئۆستەڭ ناھىيە نامى بىلەن «شىڭ پىڭ ئۆستىڭى» دەپ ئاتالغان .

— سەندە ئۈچ جان بار ، ئۆستەڭ چاپقىلى بىر ئادەم ، بىر ئات ياكى بىر كالا ئېلىپ بارىدۇ . ئىككى ئوغلۇڭنىڭ قايسىسى بارىدۇ ؟— يايىنىڭ گېپىنى تىلماچ ئۆرۈپ بەردى . چېرىكنىڭ بىرى تۇڭگان بولۇپ ، تىلماچ ئىدى .

توختاقنىڭ ئوغۇللىرى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا تاغقا ئوۋغا كەتكەنىدى .

— ئوغۇللىرىڭ تاغدىن كەلگۈچە ھاشارغا سەن بېرىپ تۇرد-سەن . ئورنۇڭغا بىر ئوغلۇڭ بارغاندىن كېيىن ، سەن قايتىپ كەلسەڭ بولىدۇ ، — تۇڭگان تىلماچ يايىنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى . يايى يەنە ئەتە ئەتىگەندە ئوماقنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ تۇرۇشنى ، كىم بارمىسا ، يەرگە ياتقۇزۇپ تۇرۇپ دۇمبى-سىگە ئون غولدا ئۇرىدىغانلىقىنى دەپ قويۇپ كەتتى .

يايى بىلەن ئىككى چېرىك ئەتىسى چۈشكە يېقىن تىكەنلىك ، كۆزلەكتىن بىر توپ ئادەمنى ھەيدەپ كېلىپ ، «ئوماقنىڭ تاختى-سى»دىن ئون نەچچە ئادەمنى ئېلىپ چارا تەرەپكە كەتتى . بۇ ئادەملەرنىڭ ئاز بىر قىسمى ئات ياكى كالا مىنىۋالغان بولۇپ ، كۆپىنچىسى پىيادە ئىدى . توختاق ئات مىنگەنىدى . ئۇنى ئوماق ، ئايقۇت ، ئايسۇلۇ ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۇزىتىپ قويدى . بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھاشارنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى ، شۇڭا ئۇلارنىڭ چىرايىدا ئانچە جىددىيلەشكەنلىكى كۆرۈلمەيتتى ، لېكىن ئايسۇلۇنىڭ كۆزى ياشلىق ئىدى .

هاشار كەلدى دەپ يايى ،
ئالىپ كەتتى جۇپتۇمنۇ .
كەتكەن يولۇغا قاراپ ،
ئۆتكۈزەرمەن كۈنۈمنۇ .
ياندىق بولسۇن قوشۇقۇم ،
يوللۇق قىلاي ئۇنۇمنۇ .
.........................

ئايسۇلۇنىڭ قوشىقىغا ئۇلاپلا ئايقۇت بۇ قوشاقنى ئېيتتى :

ئامانىڭنى تىلەيمەن ،
ئاقىۋل بولسۇن توختاقىم .
كېلەر يولۇڭغا قاراپ ،
نېمە بولار قاراقىم .
ئۇڭ قولۇڭدىن ئايرىلدى ،
ئاتاڭ — مېنىڭ ئوماقىم .
.................................

ئايسۇلۇنىڭ ئون بىر ياشلىق نەۋرىسى تالادىن تۇۋلىغىنىچە كىرىپ ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھاشار ، توختاق توغرىسىدىكى خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى :

— ئوماق دادۇي ، تۆمۈر ئاتام بىلەن ئۆردەك ئاتام كەلدى ! — بالا خەۋەر يەتكۈزۈپ بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

ئۆيدىكىلەر غەش كۆڭلىگە خۇشاللىق بېغىشلىغان ياخشى خەۋەردىن سۆيۈنۈپ تالاغا مېڭىشتى ، ئۆيگە تۆمۈر ، ئۆردەكلەر كىرىپ كەلدى . چوڭلارنىڭ ئۆزئارا ھال - ئەھۋال سوراشلىرىنى بالىلارنىڭ چۇقۇلداشلىرى بېسىپ كەتكەنىدى . ئۆينى ئالامەت بىر خۇشاللىق ، قىزغىنلىق قاپلىغانىدى . ئۆزئارا ھال - ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن ، ئوماق بالىلارنى ئويناپ كىرىشكە چىقىرىۋېتىپ ، تۆمۈر ، ئۆردەكلەردىن :

— ھە ، نەگىچە باردىڭلار ، «سەپسەن تۆرە» زادى نېمە قىلماقچىكەن ؟ — دەپ سورىدى .

تۆمۈر ، ئۆردەكلەر بارغان يەرلەرنى ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ، «سەپسەن تۆرە»نىڭ ئىشلىرىنى بىرقۇر سۆزلەپ كېلىپ :

— ئۇ نېمىلەرنى نېمىشقا يىغدىكىن ، تېخى ئۇلارنى يۇمشاق بىرنېمىلەر بىلەن ئوراپ ساندۇققا قاچىلاپ كېتىشلىرى ، ھېچ

چوْشەنگىلى بولمايدىكەن ، — دېدى تۆمۈر .
— ياغاچ قونچاقتا ئوخشايدىغان نېمىلەر تېپىلىپ قېلىشۇدى ، گۆھەر تېپىشۇالغاندەك خوْش بولوْپ كەتتى . ياغاچ قونچاقنىڭ سوْنوْقلىرى بولسىمۇ يىغدى ، ساندۇقلارغا ئاۋايلاپ قاچىلاپ ئېلىپ كەتتى ، — دېدى ئۆردەك .
— ھە ، راست ، — تۆمۈر مۇھىم بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغان چېغى ، — يىگىرمە تۆت يىلنىڭ ئالدىدا تايوْق تاغام ، توختىئاخوْنلار بىلەن كۆلشەھىرىگە بارغىنىمدا ، بوراندا بىر توپا ئۆيگە كىرىپ قېلىپ ، تامدىكى ئويوْقتا بىر تاختاي كۆروْپ قالغانىدىم . تالىشقوْل تاغام ئوْنى ئوۋچىلارنىڭ هارام ئوت چىقىرىدىغان تاختىيى ئوخشايدۇ ، دېگەنىدى . مەن ئوْ تاختاينى جايىغا قويوْپ قويغان . بوْ قېتىم قارىسام تاختاي يوق . ئۆردەك ئوْنى تالادا توپىنىڭ ئارىسىدىن تېپىۋېلىپ ، «سەپىسىن تۆرە»گە بېرىۋدى ، تاختايغا بىر قاراپلا ئالامەت خوْش بولوْپ ، چىرايى ياز بولوْپ كەتتى . شوْنچىۋالا خوْش بولوْپ كەتكوْدەك ئوْ تاختاي ـ تارىشلاردا قانداق خاسىيەت باردوْ ـ ھە ، مەنغوْ ئوْنىڭ ئاشوْنداق داغال ـ دوْغال ، قوْراماساق نەرسىلەرنى يىغىپ يوْرگىنىگە قاراپ ، تازىموْ گادايى[1] بىرنېمە ئوخشايدوْ ، دەپ قالدىم ، — دېدى .
— مەن سېنىڭ ، — دېدى ئۆردەك ئاتىسىغا قاراپ ، — بىزگە دەپ بەرگەن قالاچ قاناقانىڭ ئەجداد ـ ئوْغوْشلار ئىزى توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئېسىمگە ئېلىپ ، قوْملوْق ئارىسىدىكى بوْ خارابىلىك ، ماقاتلىقلار قانداق پەيدا بولوْپ قالغان ، بوْلار قاچانقى نەرسىلەر بولغىيدى ، ئوْلار ئالەمنىڭ شوْنچە يىراق ئوْ چېتىدىن كېلىپ بوْ نەرسىلەرنى يىغىپ كېتىشىدە بىر گەپ بارموْ ـ قانداق ، دەپ ئويلاپ قالدىم . «تۆرە»نىڭ دىققەت قىلمىغان چېغىدا ماۋوْ نەرسىنى تىقىۋالدىم ، — ئۆردەك توۋرىغا ئوخشاپ قالىدىغان يان خالتىسىدىن ھېلىقى چىراغنى چىقىرىپ ئاتىسىغا بەردى ، — كۆروْپ باقە .

[1] گادايى — ئەخمەق .

— مەنمۇ بۇنى تىڭشىۋالغان ، — تۆمۈر خۇرجۇندىن كىچىك بالىنىڭ كۆندە تىكىلگەن ئۆتۈكىنى چىقاردى . ئۆتۈكنى ئايقۇت قولىغا ئېلىپ :

— تاجىپەت - تاجىپەت ، بەك سىپتا ، چىرايلىق تىكىلگەن ئەتۈك ئىكەنغۇ ، — ئايقۇت ئۆتۈكنىڭ ئۇيان - بۇيېنىغا قارىدى ، سىلىدى ، — ۋۇي ، باشلىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بېسىپ چىقارغان چىرايلىق ئەۋەيلە[1] سىزىقلار بار ئىكەن ، — دېدى .

— ۋۇي ، بىز تېخى بۇ تەرىپىنى كۆرمەپتۇق ، — دېيىشتى تۆمۈر بىلەن ئۆردەك .

ئۆتۈكنى ئايقۇتنىڭ قولىدىن ئايسۇلۇ ئېلىپ قارىدى . ئايسۇلۇدىن ئابلاق ، تىلەشلەرنىڭ خوتۇنلىرىمۇ ئېلىپ ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتىشتى . بۇ چاغدا ئوماق چىراغنىڭ ئۈچ تۇمشۇقى ، تۆشۈكلىرىگە ، ئاستىدىكى تەگلىكىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراۋاتاتتى .

— قالاچ قاناقا بەشىنچى چوك بوۋىسىدىن مۇشۇنىڭدەك ئۈچ تۇمشۇقلۇق ، ئۈچ تەرەپتىن پىلىك سالىدىغان ، ئاستىدا تەگلىكى بار بىر چىراغ قالغىنىنى ، قارا قوشۇنلۇقلار مەھەللىسىدىن مەجبۇرىي كۆچكەن چېغىدا ، سەپەر جەريانىدا نەگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى . بۇرۇنقىلار مۇشۇنداق چىراغ ئىشلىتىپتىكەنمۇ قانداق - ھە ، — ئوماق ھەيران قىلىۋاتقان بولۇپ ، ئۆردەكتىن ، — بۇ چىراغنى كۆلشەھىرىنىڭ قەيېرىدىن تېپىۋالدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئىشلەمچىلەر ئۈستى تەرىپى قىر - بۈرجەكلىك ، تۈرغا ئوخشايدىغان بىر مۇنارنىڭ ئەتراپىنى كولىغاندا ، تۇپىنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ قوينۇمغا تىقىۋالدىم ، — دېدى ئۆردەك .

— ئوبدان نەرسىنى تىقىۋاپسەن ، — ئوماق شۇنداق دەپ بولۇپ ، يان مورىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان تەبىئىي تاش چىراغدىكى بىلىق يېغىنى ئۆردەك ئەكەلگەن چىراغقا تۆكتى ، ئىشكىلىك پىلىكتىن ئۈچنى سىلىپ ئوت ياقتى ، ئاندىن ئۇنى يان ئوچاقنىڭ

---

[1] ئەۋەيلە — ئەگرى - بۈگرى ، يىلان باغرى ، ئەگرى - دوناي .

ئۈستىگە قويۇپ بولۇپ، — ياق، بۇ يەرگە قويساق بولمىغۇدەك، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاسساق بولغۇدەك، — دېدى.

— ھە، چوڭ ئاكام قېنى، كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — ئۆردەك ئايسۇ-لۇدىن سورىدى.

ئايسۇلۇ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— توختاقنى سىلەر كېتىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە، يايى، چې-رىكلەر ھاشارغا تۇتۇپ كەتتى، — دېدى ئايقۇت.

— ھاشار؟! نېمە ھاشار؟ — تۆمۈر، ئۆردەك تەڭلا سورىدى.

ئوماق جەرياننى بىرقۇر سۆزلەپ بېرىپ:

— ئۇنىڭ ئالدىدا يايى بىلەن ناسىربەگ ھەربىر ئۆيدىكى ئەر-لەرنى تىزىملىغاندا، ئۇچۇڭلارنىڭ ئۆيىنى ئايرىم قىلىپ تىزىملاپ-تىكەن. ھاشارغا ئادەم ئالدىغاندا، مەن قېرى كېلىپ قالدىم. ئىككىڭلارنىڭ بالىلىرى كىچىك بولغاچقا، سىلەرگە ھاشار كەلمە-دى. ئابلاق بىلەن تىلەش ئۆيدە يوق بولۇپ قېلىپ ئاكاڭلار كەت-تى. ئۇلار ئوۋدىن كەلسە، ئىككىسىنىڭ بىرى توختاقنىڭ ئورنىغا بارىدۇ، — دېدى.

— ئۆيلىرىمىزنى ئايرىم تىزىملاپ قويغاچقا مۇشۇنداق بوپتۇ، بولمىسا بىزگىمۇ ھاشار كېلەر ئىكەن-ھە. بىر ئۆيدىن ئاكامنىڭ بارغىنى بولار، ئورنىغا مەن باراي، — دېدى ئۆردەك.

— ھەر ئىش ئۆز نۆۋىتى بىلەن بولسۇن. بېشىدا ئاكام بارغاندىكىن، ئەمدى مەن باراي. ئۈچىنچى قېتىمدا نۆۋىتى بىلەن سەن بار، — دېدى تۆمۈر.

ئوماق گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرۇۋىدى، ئۆيگە ناسىربەگە كىرىپ كەلدى. ھاشار ئىشى چىققاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۆيى ئالدىغا ناسىربەگ كېلىپ قالسا، «ئۇنىڭ كېلىشى ياخشىلىقتىن ئەمەس» دەپ چىراي ئاچمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا سوغۇقلا قاراپ قويۇشتى.

— ھە، يەنە نېمە ئىش چىقتى؟ — ئوماق ناسىربەگكە قارىماي

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ سورىدى .

— تايۇق ، ئۇلامخانلار كېلىۋېتىپتۇ .

— نېمە ؟ ! — ئوماق ، ئايقوت ، ئايسۇلۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى .

— سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كۆچۈپ كېلىۋېتىپتۇ ، هازىر مەھەللىگە كېلىپ بولغاندۇ .

ئۆيدىكى چوڭلارنىڭ ھەممىسى تالاغا ئېتىلغاندەك مېڭىشتى .

## 2

تايۇق ، ئۇلامخانلار ئىككى جان بولغاچقا ، ئورۇنلاشتۇرماق ئاسان بولدى . يېڭى مەھەللىدە ئارتۇق بىكار ئۆي يوق ئىدى ، شۇڭا ۋاقىتلىق بىر ئېغىزلىق قومۇش ساتما ئۆيگە ئورۇنلىشىپ تۇردى . ياز يورۇغاندا ئۇلارغا ئۈچ ئېغىزلىق قىلىپ تام ئۆي سېلىپ بەرمەكچى بولۇشتى . تايۇقنىڭ : «مەنمۇ تېرىقچىلىق قىلىپ ئۆگەنسەم» دېگەن تەلىپى بويىچە ، ئوماقلارنىڭ يېرىنىڭ چېتىدىن ، خالىسا كېڭەيتىپ ئېچىۋالسا بولىدىغان جايدىن ئىككى كورلىك يەرنى بۆلۈپ بەردى . يەر تېرىش باشلىنىش ھامان ئابلاق بىلەن تىلەش ئالدى بىلەن تايۇقلارنىڭ يېرىنى تېرىپ بەردى . تايۇق تېرىقچىلىقنىڭ ھەربىر ھالقىلىرىغا سەپسىلىۋالدى . يېرىنى ئىككى نەۋرىسىنىڭ تېرىپ بەرگىنىدىن تايۇق بىلەن ئۇلامخان قەۋەت سۆيۈنگەن بولسىمۇ ، كۆيئوغلىنىڭ ھاشاردا بولۇپ قېلىپ ، يېنىغا كۆچۈپ كەلگىنىدە يوق بولۇپ قالغىنىدىن كۆڭۈللىرى بەك يېرىم ئىدى .

ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تۈگەش ھامان تۆمۈر : «قېيناتاڭلار كۆچۈپ كەلدى» دەپ ئاكىسىنى قايتۇرۇۋېتىپ ، ئورنىدا ئۆزى ئىشلىگىلى كەتكەنىدى . قاراقۇمغا بارغاندا چېرىك باشلىقلىرى ئۇنى ھاشارچىلار ئىشلەۋاتقان يەرگىمۇ بارغۇزماي ، «ھاشار يېڭى باشلاندى ، ئادەم ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ» دەپ ، ئېتىنى تارتىۋېلىپ ،

ئۆزىنى قايتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭدىن كۆڭلى ئەمەس بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەھەللىدىن كورلىغا بېرىپ كەلگەن بىرەيلەن تايۇقنىڭ ئۆزىگىلا:

— ھاشارچىلار بەك قىيىن كۈندە قاپتۇ، تاڭ ئاتمىغان سونۇردا ئىشقا چىقسا، كەچئارىسىدىن كېيىن بىكار بولىدىكەن. ھاشارچىلارنى قېچىپ كېتىدۇ، دەپ، كېچىسى بىر - بىردىگە ئون - ئوندىن چېتىپ قويىدىكەن. ھاشارچىلار بەك جىق ئىكەن، كېتىۋېتىپ يىراقتىن كۆردۈم، چۈمۈلىدەك مىغ - مىغلا قىلىدۇ. چېرىكلەر دۆڭ - دۆڭلەردە تۇرۇپ ئۇلارغا قارايدىكەن. كىم قاچماق بولسا ئاتىدىكەن. ئاڭلىسام، قاچقانلاردىن بىرنەچچىسىنى ئېتىۋېتىپتۇ، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تايۇق ئىچىگە تىنىدىغان بولۇپ قالدى، گېپى ئازلىدى، لېكىن ئاڭلىغانلىرىنى خوتۇنىغا ئېيتمىدى. ئاقئۆلامخان ئېرىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى ئانا مەھەللىدىن، قالاچ قاناقانىڭ ئاگايىدىن بەك يىراقلاپ كەتكەنلىكتىن بولدى دەپ چۈشەندى. كاللىسىنى ھەر خىل خىياللار چىرمىۋالغان تايۇق: «مايسىلارنى كۆرسەم كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالار» دېگەن ئوي بىلەن ئاستا ئېتىز تەرەپكە ماڭدى، كېلىۋېتىپ ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ئولتۇرغان تۆمۈر بىلەن ئۆردەكنى كۆرۈپ قالدى. «ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئىچى تىت - تىت بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەنمىكىنە» دەپ ئويلىدى - دە، يولىنى ئۆزگەرتىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بارماقچى بولدى.

— كېلىڭ، كېلىڭ، تايۇق ئاغا، — دېدى تۆمۈر، ئۆردەك تەڭلا، تايۇقنىڭ قۇم دۆۋىسىگە چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— باشقا يەر يوقتەك، بۇ دۆڭگە چىقىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىلەرغۇ، — دەپ سورىدى تايۇق، قۇم دۆڭگە چىقىپ بولۇپ.

— بۇ بىز تاشلىيالمايدىغان، ئۇنتۇيالمايدىغان دۆڭ، — دېدى ئۆردەك.

— تاشلىيالمايدىغان ، ئۇنتۇيالمايدىغان دۆك ؟ چۈشىنەلمىدىمغۇ ، بۇ قانداق دۆك ؟

تۆمۈر ئۆردەكنىڭ كېيىككە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ :

— كېيىك بالىسى دەسلەپ ئۆردەكنىڭ ئىدى ، ئۆردەك بىلەن ئىجىل بولۇپ كەتكەنىدى ، كېيىن - كېيىن ھەممىمىزگە ئىجىل بولۇپ كەتتى ، چوڭ بولۇپمۇ بىزدىن ئايرىلمىغانىدى ، — دېدى .

— شۇ كەتكىنىچە كېيىن ئانىسى بىلەن ياكى ئۆزى يالغۇز قايتا كەلمىدىمۇ ؟

— مانجۇ ئەمەلدارىنىڭ ئاتلىق قوغلىشىدىن ، ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن چېغى ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەرەپكە ئاياغ باسمىدى ، — دېدى تۆمۈر .

— مۇھەممەت مەرگەن ئاغىنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ يەردە كېيىك ، جەرەنلەر جىق ئىكەندۇق ، بىز كەلگەندىن كېيىن ، تېزىپ كەتتى ، — دېدى ئۆردەك .

ئۇ ئەسلىدە : «ئادەملەر بۇ يەرگە كېلىۋەرگەنسېرى ، كېيىك ، جەرەنلەر ئازلاپ ، ئاخىرى ھەممىسى كېتىشتى» دېمەكچىدى ، تايۇقنى ئۆزىگە ئېلىپ كېتەرمىكىن دەپ ، ھېلىقىدەك دېدى .

— ھەممە ئادەم دېۋە ئادەم — چەپەردەك بولسا قانچە ياخشى - ھە ، — دېدى تايۇق .

— ئۇ ئادەم توغرۇلۇق ئاتام بىزگە سۆزلەپ بەرگەن . ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئويلىسام ، ئوۋ قىلغۇمۇ كەلمەيدۇ . ئوۋلىماي باققىنىمىزنى يەيلى دېسەم ، ئۇمۇ ھايۋان ، ئۇمۇ جان ، ئوخشاش ئىكەن . ئوۋلىماي ، باققانىمۇ يېمەي ، بېلىقلا يېسەك بولغۇدەك دەپمۇ ئويلىدىم ، خىيال قىلسام ، ئۇمۇ بىر جانلىق . يەرگە تېرىپ ، يەردىن ئالغىنىمىزنىلا يەپ ياشىساق قانداق ، دەپمۇ ئويلاپ باقتىم . ئويۇمنىڭ ئاخىرىغا يېتەلمىدىم ، ھازىر يەنىلا ئوۋمۇ قىلىۋاتىمەن ، بېلىقمۇ تۇتۇۋاتىمەن ، — دېدى ئۆردەك .

تۆمۈر گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى ، چوڭ بالىسىنىڭ قىرمۇقىر

پالاقشىپ يوگورۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى .
— نېمە ئىش چىققاندۇ ؟ — تۆمۈر شۇنداق دەپلا قوم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ ئوغلىنىڭ ئالدىغا ماڭدى .
تايۇق ، ئۆردەكلەرمۇ : «بىرەر ئىش بولغان چېغى» دەپ ئەندىشە قىلىشىپ بالىنىڭ ئالدىغا ماڭدى .
بالا يۈگۈرۈپ كەلگەچكە ، ھۆلۈسلاپ تۇرۇپ ئاران :
— ئوماق دادام سىلەرنى تېز كەلسۇن دەيدۇ ، — دېدى .
ئۇلار بالىدىن گەپ سوراپ تۇرمايلا ئۆي تەرەپكە ماڭدى .
تايۇقلار ئۆيگە كىرگەندە ، ئوماقنىڭ چوڭ ئۆيى جەمەت ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك ئادەملەر بىلەن تولغانىدى . سۇپىدا قاسىم قاق ئولتۇراتتى .
— قاسىم ئاغاڭلار مەھەللىگە بىر دۇكان سالسام ، دەپ كېپتۇ ، — دېدى ئوماق ، ئۇلار كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن .
— ياخشى گەپ ، ياخشى گەپ ،— دېيىشتى تۆمۈر بىلەن ئۆردەك .
ئۇلار كورلىغا بىرقانچە قېتىم بارغىنىدا بازار ئارىلاپ ، كىشىلەرنىڭ سودا - ئوقەت قىلىپ ، كەم - كۈتىلىرىنى دۇكاندىن ئېلىپ ئېھتىياجىنى غەملىشىپ يۈرگىنىنى كۆرگەن ، «بىزدە نېمىشقا بۇنداق ئىش يوق» دەپ ئويلاپ قېلىشقانىدى .
— مەنمۇ شۇنداق دېدىم . قاسىم ئاغاڭلار دۇكاننى ئورمىغىچە تەييار قىلىۋالسام دەيدىكەن . تايۇق تاغاڭلارغا ئۆي سالغاچ بىللە سېلىۋەتسەكمىكىن دەيمەن ، — دېدى ئوماق .
ھەممىسى بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل تاپتى .
تايۇقنىڭ ئۆيىگە ، دۇكانغا يەتكۈدەك ياغاچ مەھەللىدىن چىقىپ قالدى . ئۆيلەرنىڭ ئۈستىنى ياپىدىغان قومۇش دەريا ، كۆل بويلىرىدا جىق . مەھەللىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن چىقىپ قالغان كېسەك بىلەن تايۇقلارنىڭ ئۆيى پۈتتى . بىر ئېغىز دۇكانغا ھېچقانچە كېسەك كەتمەيتتى ، تايۇقنىڭ ئۆيى پۈتكۈچە كېسەكلەرمۇ قۇيۇ-

لۆپ ، قۇرۇپ تەييار بولدى . قاسىم قاق راستىنلا پىشىپ كەتكەن قاق ئىكەن . كىشىلەر دۇكاننى پۈتتۈرۈپ بولغىـۇچە قاسىـم قاق ئۇماق بىلەن تـۇردۇشقا ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈپ ياغاچ - شال تەييارلاتقۇزۇپ ، ياغاچچى تاپقۇزۇپ ، ئۆزى كۆرسىتىپ ، دەپ يۈرۈپ دۇكان ئىچىگە ، ئالدىغا قويىدىغان تاختا - پەرە ، ساندۇقچىلارنى ياساتقۇزۇپ بولدى . دۇكان ، جاھاز - تاختىلارنى ياسىتىشقا كورلىدا بولسا پالان پۇل خەجلىمىسە بولمايتتى ، بۇ يەردە مانا بىر پۇلسىز ھەممىنى تەق قىلدۇرۇۋالدى . «بەرىكەت ئۆملۈكتە ، كۈچ بىرلىكتە» دېگەن شۇ .

تايۇقلار يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن ، قاسىم قاق دۇكانغا سالىدىغان مال ئېلىپ كەلگىلى يەنە شۇ ئۇماق بىلەن تۇردۇش ئارقىلىق ، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن بەش ئېشەك ئارىيەت ئېلىپ كورلىغا يۈرۈپ كەتتى .

قاسىم قاقنىڭ چېكەرمەن نەشىكەشلىكى ، قىمارۋاز ، ئوغرىلىقى بىزگە ئايان . ئىلگىرى ئۇ شۇنداق ئادەم ئىدى . تاپالىسا كۈنلىرى خۇدانىڭ قۇرۇق سوغۇق سۈيىگە زاغرا چىلاپ يەپ ، خورۇلدىتىپ ئولتۇرۇپ نەشە چېكىش ، قىمار ئويناش بىلەن ئۆتەتتى ، قىمارغا پۇلى يوق جەزگە ئويناپ ئۇتتۇرۇپ قەرز بولۇپ قالغاندا ، تام تېشىپ كىشىلەرنى قاڭغىر قاقشىتىش بىلەن ئۆتەتتى . ئۆيىدە يەيدىغىنى ، كىيىدىغىنى يوق خوتۇن ، بالىلىرى ئاچ - توق ، يېرىم يالىڭاچ يۈرەتتى . ئۆزىمۇ تاپالىسا يەپ ، تاپالمىسا كىشىلەرنىڭ مورىسىدىن چىققان ئىسقا قاراپ تامىقىنى چاكىلدىتىپ ئۆتەتتى . كېيىن - كېيىن ئۇماق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ تۈز ، ئاق كۆڭۈللۈكى ، راستچىل ، سەممىيلىكى ، باشقىلارغا قارا سانىمايدىغان ، ھەتتا قىلچىمۇ ساختىلىقنى ، يالغان گەپ قىلىشنىمۇ بىلمەيدىغان ئاجايىپ ئېسىل ، ئالىيجاناب خىسلەتلىرى ئۇنىڭدىكى كۆڭۈل قارىلىقنى ، چىركىنلىك كىرلىرىنى يۇمشاتتى ، يۇدى ، تازىلىدى . ئۇ ئۆزىدىكى چىركىنلىكلەردىن ئاللىقاچان قول ئۈزگەندى ، بۇنىڭغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى .



www.uyghurkitap.com

ئۇ خوتۇن ـ بالىلىرىنىمۇ يۆتكەپ كېلىپ ، كېيىنكى ئۆمرىنى ئاشۇ ياخشى ئادەملەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلگەنىدى . ھا-زىرچە ئۆزى ئورۇنلىشىپ ، ئۇلۇغ ـ چېپىنى ئوڭشىۋالغاندىن كې-يىن ، ئۇلارنى كۆچۈرۈپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى...

ئورمىغا بىر ھەپتىدەك ۋاقىت قالغاندا ، قاسىم قاقىنىڭ دۇكى-نى ، «ئوماقنىڭ تاختىسى» — يېڭى مەھەللىنىڭ ئەڭ ئاۋات ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئەتراپىدىن ئادەم ئۈزۈلمەيدىغان قايناق مەر-كىزىگە ئايلىنىپ قالدى .

— ئورغاقنى قانداق ساتىسىز ؟

— كەتمەنىچۇ ؟

— مەن بىر تاختا چاي ئالاي .

— ماۋۇ پالاسقا نېمە بېرىسىز ؟

— مۇشۇ بىر ئارغامچام بار ئىدى...

— قەشقەر چەكمىنى قانچە پۇل ؟

— مەن قاق ئالىمەن .

— مەن چىلان ئالىمەن .

— ئاۋۇ قىزىل يوللۇق شاتىۋارنى ئېلىۋېتىڭا .

— ماۋۇ نەرسەمگە نېمە بېرىسىز ؟

مانا شۇنداق ، دۇكاننىڭ ئالدىدىن چوڭلارمۇ ، بالىلارمۇ ، ئەر-لەرمۇ ، ئاياللارمۇ ئۈزۈلمەيتتى .

قاسىم قاق سودا ـ ئوقەتنىڭ ئېپىنى ئوبدانلا بىلىۋاپتۇ . دەسلەپتىلا ئېلىپ كەلگەن ، قولۇپتىن باشقا ماللىرىنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە ئاقىدىغان ماللار ئىدى .

بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىلىرىدىن ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن كەلگەنلەر بولۇپ ، ئۆمرىدە سودا قىلىپ كۆرمى-گەن ئادەملەر ئىدى . بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ، تىكەنلىك ، كۆزلەكلەردىكى تۇرپان ، توقسۇنلۇق تىجارەتچىلەردىن ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ يۈرۈپ ، سودا قىلىش يولىنى ئاز ـ تولا بىلىۋېلىشقانىدى . بۇ كىشىلەردە پۇل ئاساسەن يوق ئىدى . ئەگەر ماللىرىنى پۇلغىلا

www.uyghurkitap.com

ساتىمەن دېسە ، سودىسى ئاقمايتتى . قاسىم قاق بۇنىڭ يولىنى ئوڭاي ھەل قىلدى . دۇكاندىكى نەرسىلىرىنى نەق قىممەت باھادا مالنى مالغا ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويدى . خېرىدار ئالماقچى بولغان نەرسە ئەكەلگەن نەرسىسىدىن يۇقىرى قىممەتتە بولغان بولسا ، راستىنى ئېيتىپ ، كېمىنى تولدۇرغۇزدى ، خېرىدارنىڭ ئالماقچى بولغان نەرسىسىدىن ئەكەلگەن نەرسىسى يۇقىرى قىممەتتە بولغان بولسا ، بۇنىڭدىمۇ راستىنى دەپ ، ئارتۇقىغا نىمە ئالىمەن دېسە ، ھېسابلاپ شۇنى بەردى .

بىر كۈنى تۇردۇش خاپان چاقچاق قىلىپ :

— قاسىمئاخۇن ، بىزنىڭ شەھەر كۆرمىگەن ئادەملىرىمىزنى گوللاپ يۇرمەڭ جۇمۇ ، — دېدى .

ئۇ چاقچاق قىلغاندا ئۇماقمۇ بار ئىدى .

— بەش ۋاخ ئوقۇمىسامىمۇ ، بىر ۋاخ ناماز ئوقۇيمەن جۇمۇ ، تۇردۇشئاخۇن . سىلەر كۆرمىسەڭلارمۇ خۇدايىم كۆرۈپ تۇرىدۇ . ئىنشائاللا ، ھالال تېپىپ يېيىشىمگە نېسىپ قىلسۇن ، — قاسىم قاق ئۇماققا قاراپ قويۇپ ، — شۇنداق ئەمەسمۇ ، — دېدى .

— شۇنداق ، شۇنداق ، بارغانسېرى لوپلۇقلارغا ئوخشاۋاتسىز ، — دېدى ئۇماق .

بۇ گەپكە ئۇچېلىسى ، ھەممىدىن بەك قاسىم قاق كۈلۈپ كەتتى . بۇ كۈلۈشنىڭ تېگى مۇنداق ئىدى :

قاسىم قاق دۇكىنىغا تۇنجى سالغان ماللىرى ئىچىدە چوڭ - كىچىك ئوندەك قۇلۇپ بار ئىدى . كىشىلەر ئۇنىڭ نىمىلىكىنى ، نەگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى سورىدى ، قاسىم قاق قۇلۇپنىڭ ئۆينى ئوغرىدىن ساقلايدىغان رولىنى ، ئۇنى قانداق تاقاپ ، قانداق ئېچىشقۇچە ئېرىنمەي ئېزىپ - ئېچۇرۇپ سۆزلەپ بېرىۋېدى ، كىشىلەر كۈلۈپ كېتىشكەندە ، قاسىم قاق ھەيران قالغان بولسىمۇ ، كۈلكىدىكى سىرنى بىلىپ كېتەلمىدى . شۇ كۈلكە بولۇپ ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن ، قاسىم قاق ئۇماقنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بولۇپ قېلىپ ، دۇكىنىغا قوش مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتا بىر قارا

قۇلۇپنى سېلىپ قويغانىدى. دۇكان بىلەن ئۇماقنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى «ئون قەدەم» كېلەتتى، يېقىن ئىدى. شۇنچىلىك ئاردىلىققا بېرىپ كەلگۈچە دۇكىنىغا قۇلۇپ سالغىنىنى ئۇماق شۇ چاغدىلا ئاڭلاپ قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە دۇكان ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

— قاسىمئاخۇن، دۇكىنىڭىزدىكى ماللارنى يولغا چېچىۋەتسىڭىز، قاق، جىگدىلەرنى كىچىك باللار ئېلىپ قالسا قانداقكىن، بولمىسا بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە قاراپمۇ قويمايدۇ، — دېگەنىدى.

ئۇ ھېلىقى كۆلكىلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەندەك، ئۇماقنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالمىغانىدى، تۇردۇش خاپان:

— بىز بۇ يەردە ئۆيگە قۇلۇپ سالمايمىز، يىراق بىر يەرگە كەتسەكمۇ ئۆيىمىز شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ، ئىشىكنى يېپىپلا قويىمىز شۇ، — دەپ ئوچۇقلا دەۋەتتى.

قاسىم قاق شۇنىڭدىلا بۇ يەردە قۇلۇپ سېلىنغان بىرمۇ ئۆينى كۆرمىگىنىنى ئېسىگە ئالدى، تېخىچە بىرمۇ قۇلۇپ سېتىلمىغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلدى، خىجىل بولدى.

شۇنداق، ئۇ بىر قېتىم دۇكىنىغا قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ، يۈزىنى يەرگە ئۇرۇۋالغانىدى. شۇ چاغدىلا ئىشىكتىن ھالقىنى قومۇرۇپ ئېلىۋەتتى، ئەكەلگەن قۇلۇپلارنى قايتۇرۇپ ئاپىرىپ سېتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن كورلىغا نەچچە قېتىم بېرىپ كەلدى، دۇكىنىدىكى قىلمۇ تەۋرىمىدى.

ئورما تۈگىدى. كۈزمۇ كەلدى. قاسىم قاقنىڭ سودىدا ئادىل، راستچىل، سەممىيلىكى تىكەنلىك، كۈزلەك، چارا ۋە باشقا مەھەللىلەرگە ئاڭلىنىپ، ئۇ مەھەللىلەردىكى تۇرپان، توقسۇنلۇق سودىگەر، دۇكاندارلارنىڭ خېرىدارلىرىنى تارتىۋالدى. دۇكىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە يۇڭ، تېرە، پالاس، ئارغامچا، تەڭنە، چۆچەك قاتارلىق نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ كېتىدىغان بولدى. ئۇنىڭ سودا ـ تىجارىتى يۇرۇشۇپ خېلىلا ھاللىنىپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئۆيىنى كۆچۈرۈپ چىقىشنىڭ كويىغا چۈشتى.

www.uyghurkitap.com

# 3

ئاردىن بەش يىل ئۆتتى. كېلىپ ـ كەتكەن ئاشۇ بىرنەچچە
تەۋەككۇلچى ئېكسپېدىتسىيىچىلەردىن باشقا، تېخىچە دۇنيانىڭ
ئەس ـ يادىدىن يىراق بۇ يۇرت، بۇ مەھەللىدە بەش يىلنى بۇرۇنقى-
دەك ئۆز يولىدا كەلدى ـ كەتتى دېسىمۇ، ئۆزگە تۇشلۇق
ئاز ـ تولا ئىشلار بولۇپ ئۆتتى، دېسىمۇ بولىدۇ.

مۇشۇ بەش يىل ئىچىدىلا ئامبال دارىندىن ئۈچى كېتىپ،
تۆتىنچىسى كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە لىيۇ گوجى دېگىنى بىر يىل،
تاڭ نيەنسى دېگىنى دارىنلىق كۇرسىدا ئاران ئىككى ئاي ئولتۇر-
دى. جاڭ دارىننىڭ ئورنىغا يېڭىدىن گەن دارىن دەيدىغان يەنە
بىرى كەپتۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، سىرلارنى ئۆزلىرى بىلىشىدۇ.

— شىڭ پىڭ شيەننى① ئۆزلىرى قورۇپتۇ، ئۆزلىرى
كېلىپ ـ كېتىشىدىكەن شۇ.

— ئېگىزمۇ، پاكارمۇ، پاناقمۇ، چاپاقمۇ، كىم كۆرۈپتۇ ئۇ
دارىنلىرىنى.

پۇقرالار ئامباللارنىڭ كېلىشى ـ كېتىشىگە ئۆزلىرى بىلەن
قىلچە ئالاقىسىزدەك، ئەنە شۇنداق قارايتتى. خۇددى ھوۋەيدا:
«بىلمىدىم بۇ شەھەرنىڭ مۇپتىسى، موللاسى كىم؟»
دېگەندەك.

بەش يىلنىڭ بەزىسى يۇرتتىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىپ كەتسە،
بەزىلىرى كەلگەندە بەزى يېڭىلىق، ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئالغاچ كەل-
دى. 1903 ـ يىلى، يۈز يىل ياشىغان ناسىربەگنى ئېلىپ كې-
تىپ، ئۇنىڭ جەمەتىنى مۇسىبەت قايغۇسىغا تاشلىغان بولسا،
ئۆستەڭ پۈتۈپ، ھاشارنىڭ تۈگىگەنلىكى جاكارلىنىپ، ھېيت بول-
غاندەك پۈتۈن يۇرت خەلقىنىڭ چېھرىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى؛ سال-
تاڭ قاسىمنىڭ ئۆيىگە خوتۇن كىرىپ، مورىسىدىن ئىس چىقتى.

① شىڭ پىڭ شيەن — شىڭ پىڭ يەنى ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسى.

1904 ـ يىلى ، «ئوماقىنىڭ تاختىسى» — يېڭى مەھەللىدە يېڭىلىق دېگۈچىلىكى بار بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى . قاسىم قاق كورلىدىن تامچى ، ياغاچچى ئېلىپ چىقىپ دۇكىنىنىڭ ئارقىسىغا مەدىل ئاسقالىنىڭكىدەك چوڭ هويلا چىقىرىپ ، ئالدىنى ئايۋانلىق قىلىپ ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ، هويلىنىڭ بىر چېتىگە چوڭ ـ چوڭ ئىككى ئېغىز قوتان سالدى . يەنە بىر چېتىگە يۇڭ ، تېرە قاتارلىق ماللارنى قويىدىغان لاپاس قىلدى . هويلىنىڭ ئىككى قاناتلىق يوغان دەرۋازىسى ، ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك ، روجەكلىرى بۇ يەردىكى يۇرتتىن چىقىپ باقمىغان كىشىلەرنى بەكلا قىزىقتۇردى . شەكىل چىقىرىپ چېتىقلىغان روجەكلەر كىشىلەرنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى . بۇ يەردە قۇملۇق بوران كۆپ چىقىدىغان بولغاچقا ، ئۆيلەرنى پاكار سالاتتى ، پەنجىرىنى كىچىك قويۇپ ، ئۈچ غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا ، كىچىك بالىنىڭ بېلىكى تومۇلۇقىدىكى ياغاچتىن بەش ـ ئالتىنى تام ئارىسىغا ئېلىپ پەنجىرە قىلاتتى . ئۆي ئىچى كۈندۈزلىرىمۇ غۇۋا تۇراتتى .

قاسىم قاق دۇكىنىمۇ چوڭايتىپ باشقىدىن سالدى . شۇنىڭغا يارىشا تاختا ـ پەرىلەرنىمۇ يېڭىلىدى ، ماللىرىنىڭ سانىمۇ ، تۈرىمۇ كۆپەيدى . سىرتقا چىقىرىپ يايغان يايمىسىنىڭ بىر تەرىپىگە تۆت كىشىلىك ئۇزۇن ئورۇندۇقتىن بىرنى قويۇپ ، ئۇدۇلدىكى بىر كىشىلىك ئورۇندۇقتا ئۆزى ئولتۇردى . ئۇ كۆرگەن كىشىنىڭ زوق ـ ھەۋىسىنى قوزغىغۇدەك ئىسكەتكە كىرىپ قالدى : پۇتىغا يېڭى مەسە ـ كالاچ كىيىپ ، مەسىنى ئازراق سۇيېغى ئارىلاشتۇرۇلغان قارىگۈل سۈيى بىلەن مايلاپ ، كالاچنى پات ـ پات ھۆل لاتا بىلەن ئېرتىپ پارقىرىتىۋېتەتتى . قارا چەكمەندىن ئىشتان ـ پەشمەت كىيىپ ، پەشمەت ئۈستىدىن گۈش رەڭ چەكمەندىن بەلۋاغ باغلىۋالاتتى . بېشىغا كىيگەن يۇمىلاق توم گىرۋەكلىك كەمچەت تۇماق قوشۇلۇپ ، ئۇنى بايۋەچچە سىياقىغا كىرگۈزۈپ قويغانىدى . تۆمۈر ، ئۆردەك ئۇنىڭدىن :

— قاسىم باي ، بۈگۈن ئوقەت قانداقراق ؟ — دەپ سوراپ قويسا ، بەزىدە :

— قاسىم بەگ، بۈگۈن نېمىش قىلمىسىز؟ — دەپ چاقچاق قىلاتتى. يەنە بەزىدە:

— قاسىم بايۋەچچە، بۈگۈن دۇكاننى ئاچماپتۇق، ئىنىش باشقىدىچىمۇ، نېمە؟ — دەپ قوياتتى.

ئۇماق، تايۇق دېمەتلىكلەر ئۇنى بەزىدە: «قاسىمئاخۇن» دەپ چاقىراتتى. قېرىلار ئۇنىڭ دۇكىنى ئالدىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا «جاھاننىڭ پارىڭى»نى قىلىشىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا ئولتۇرۇشاتتى، ئەتىگەندە كېلىپ ئولتۇرسا، چۈش قىلاتتى. چۈشلۈك تامىقىنى يەپ كېلىپ ئولتۇرسا، مۈڭلىرى تۈگىمەي كۈننى كەچكە ئۇلىشىۋېتەتتى. «قاسىم باي» كورلىغا بىر بېرىپ كەلسە قېرىلارغا بولۇپ بېرەتتى، ئۇنى گەپكە سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. «قاسىم باي» پاراڭچى ئادەم بولغاچقا، كورلىدا ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىنى يېنىدىن قوشۇپ سەمرىتىپ، ماڭلاي - پۈپۈك چىقىرىپ سۆزلەپ بېرەتتى. سۆزلىگۈدەك گەپ تاپالمىغاندا، ئۆزىنىڭ ھېلىقىدەك چاغلىرىدا تام تېشىپ تۇتۇلۇپ قېلىپ رەسۋالاشقان ئىشلىرىنى باشقىلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن، ئاڭلىغان قىلىپ سۆزلەپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇراتتى، بەزىدە لەتىپە توقۇپ ئېيتىپ، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى. ئۆزى يوق يەردە ئۇنىڭ ئىسمى يەنىلا قاسىم قاق ئىدى. ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدى مانا مۇشۇنداق ئادەم ئۈزۈلمەيدىغان پاراڭ سورۇنى ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ دۇكىنى ئالدىغا توپلاشقانلار ئارىسىدا تىكەنلىك، كۈزلەكتىن كەلگەن خېرىدارلار بىلەن تۇردۇش خاپان قاسىم قاقنى گەپكە سېلىپ ئولتۇراتتى، تۆمۈرنىڭ چوڭ ئوغلى كېلىپ:

— تۇردۇش دادا، سىزنى ئۇماق دادام چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

تۇردۇش نەۋرىسىدىن گەپ سوراپ تۇرماي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى.

— تۆمۈر ئەجەبمۇ مەمەجال بولۇپ قاپتۇ، قاچان تېپىۋالغان بولغىيدى بۇ كېسەلنى، — دېدى كۈزلەكلىك بىر كىشى.

— قاچان بولىتتى ، ھېلىقى ھاشاردىن بولامدۇ ، — دېدى يېڭى مەھەللىلىك بىرى .

— ئوماقنىڭ مۇشۇ بالىسى قالغان بالىلىرىغا قارىغاندا ئاجىزراق چوڭ بوپ قاپتىكەن ، بارمىسىمۇ بوپتىكەن ، — دېدى يېڭى مەھەللىلىك يەنە بىرى .

— نۆۋەت مېنىڭ ، مەن بارىمەن ، دەپ تۇرىۋاپتىكەن ئەمەسمۇ .

— تۆمۈر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇلاردىن ھاشارغا ئادەم بارمىدىغۇ ؟

— بىزنىڭ ئۆيدىن ئاتا - بالا ئىككىمىز بىرىمىز بارساق بىرىمىز قايتىپ كېلىپ يۇرۇپ ھاشار تۈگىگۈچە ئىشلىدۇق . خۇدايىم ئۇنداق كۈننى ئىككىنچىلەپ كۆرسەتمىسۇن ، ئۇ چاچلىقلارنىڭ زۇلمى...

— ئاڭلىسام جادەي دارىن[1] دەيدىغان چوڭ بىر دارىن ئوماقنىڭ قولىغا بىر پارچە خەت قىلىپ بېرىپتىكەن ، شۇڭا تۆمۈرنىڭ ئورنىغا ھاشار پۈتكۈچە ئادەم بارماپتۇ ، دېگەن گەپ بارغۇ ، — دېدى كۆزلەكلىك كىشى .

— بۇ قانداق گەپكىن ، بىلمەيدىكەنمىز ، — دېيىشتى قالغانلىرى .

ئايقۇت تۆمۈرگە قورساق كۆتۈرۈپ ، ئېغىرلىشىپ قالغان كۈنلىرىدە ئامالسىز كۆچۈپ ، قۇملۇقتا بوراندا قېلىپ ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ قەرەلىدىن بۇرۇن تۇغۇپ قويغىنى ، شۇ سەۋەبتىنمىكىن ، تۆمۈرنىڭ سەل جۇغى كىچىك ، ئاجىزراق ئادەم بولۇپ قالغىنى قاسىم قاقىا نامەلۇم بولسىمۇ ، ھاشاردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئادەم بارمىغانلىقى ، جاڭ دارىننىڭ[2] ئوماقنىڭ قولىغا خەت قىلىپ بەرگەنلىكى ، خەت مەزمۇنى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . تېخى بەزى ئىشلار ئۇنىڭ مەسلىھىتى ، ۋاستىچىلىكىدە بولغانىدى . ئۇلار ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار ئىدى .

① جادەي — ليۇشۆجادەي ، قاراشەھەر دوتەي يامۇلىنىڭ ھاشاردىكى باش نازارەتچى ئامبىلى .
② جاڭ دارىن — جاڭ شۇمىڭ ، شىڭ پېڭنىڭ 5 - نۆۋەتلىك ھاكىمى .

... هاشار باشلانغىلى بىر يىل بولدى . توختاقنىڭ ئورنىغا ھېچكىم بارمىدى . بارغان بولسىمۇ ، باشقۇرغۇچىلار تۆمۈرنىڭ جانسىز تۇرقىغا قاراپلا : «توختاق ساپساق تۇرسا ، ئالماشتۇرماي-مىز » دەپ ، تۆمۈرنى قايتۇرۇۋەتتى . ئۆردەك مەن باراي دېسە ، تۆمۈر ئۆزۈم بارىمەن ، بۇ قېتىم ماقۇل دەپ قالار ، دەپ بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئايسۇلۇ ھاشاردا بولغان ھەر خىل قورقۇنچلۇق ئىشلار توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرى ئېرىدىن ئەنسىرەپ ، غەم بېسىپ شۇكلەپلا كەتتى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ناسىربەگ بوۋاي ئوماقنىڭ ئۆيى ئالدىدا مەيسى بىلەن پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ لوپ - كۆنچىگە[1] بۆلۈنگەن چامغا مەسئۇل بولۇپ مەھەللىگە كەلمىگىنىگە يېرىم يىلدىن ئاشقانىدى .

— ھە ، بەگ بوۋاي ، كېپقاپسەنغۇ ، تىكەنلىكتىن كەلدىڭمۇ ، ھاشاردىنمۇ ؟ — ئوماق سورىدى .

— ھاشاردىن ئۇدۇل ئۆيۈڭگە كەلدىم . ئەمدى توختاقنى ئال-ماشتۇرايلى .

— قاچان ماڭسا بولىدۇ ؟ — ئوماق بەگدىن نىرى - بېرى گەپ سورىمىدى .

— ھازىر مەن بىلەن ماڭسۇن .

— ئۆيۈڭگە بارمامسەن ؟

— ياق ، ھاشارغا قايتىمەن .

بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا ، ئايسۇلۇ ئىشىكتە ئىدى . ئۇنىڭ چىرا-يى تاتىرىپ ، كۆزى ئەلەڭلىگەندەك بولۇپ قالدى . ئايسۇلۇنىڭ بۇ ھالىنى ناسىربەگ كۆرۈپ قېلىپ ، ئۇنىڭدىن كۆزنى ئېلىپ قې-چىپ ئوماققا قارىۋالدى . ئوماق ئايسۇلۇنى كۆرمىگەنىدى ، كۆرمى-گىنى ياخشى بولدى . ئەگەر ئايسۇلۇنىڭ تاتارغان چىرايىنى ، ياش ئەگىپ قالغان كۆزىنى كۆرۈپ قالسا ، كۆڭلىگە ھەر خىل خىياللار كېچىپ ، بۇ بوۋايمۇ تۇگىشىپ كەتكەن بولاتتى .

بۇ ۋاقىتتا ئۆردەك ئۆيدە يوق ئىدى . چوڭ داشقا بىلىق

[1] ناھىيىگە ئۇيغۇرچە نام بېرىلمىگۈچە ، «لوپ - كۆنچى» دەپ ئاتالغان .

تۇتقىلى كەتكەنىدى . ھاشارغا يەنىلا تۆمۈرنىڭ بىرىنچىسىغا تۇغرا كەلدى .

ئايبەختەم ئىرىنىڭ يوتقان ـ كۆرپە ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تەخلەپ بولۇپ ، ئات ئەكەلگىلى ماڭدى .

— ئىتىمنى توقۇپ ئەكېلىپ بېرىڭلار ، — دېدى ئۇماق .

— ئاتنى نېمە قىلىسەن ؟

ئۇماق ئەجەبلەنگەندەك ناسىرىبەگكە قارىدى .

— تۆمۈر بىلەن بىللە بېرىپ توختاقنى قايتۇرۇپ كەلمەمدىمەن .

— بولدى ، مەيدە بار . تۆمۈرمۇ مەيدە بارسۇن .

— يېنىشتىچۇ ، توختاق بىلەن ئىككىمىز قانداق قايتىمىز ؟

— مەنمۇ قايتىپ كېلىمەن ، بىللە قايتىمىسلەر .

پەقەت مۇشۇ چاغدىلا ساددا ، تۈز ئۇماقنىڭ كاللىسىغا گۇيپىدە بىر گۇمان كەچتى . «بەگ بۇ قېتىم بىز ئۇچۇنلا مېڭىۋاتقاندەك قىلىدۇغۇ ، توختاققا بىر ئىش بولدىمۇ نېمە ؟ !» ئۇماق ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئەندىكىپ كەتتى . نېمە ئىش بولغانلىقىنى ناسىرىبەگدىن سوراپ باقماقچىمۇ بولدى ، لېكىن تۆمۈرنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ : «نېمىلا بولسا بارغاندا كۆرەي» دەپ ، غەم ـ ئەندىشىسىنى ئىچىگە تىنىۋالدى .

راست ، توختاققا بىر ئىش بولغانىدى . بۇ ئىش بۈگۈن ئەتىگەندە يۈز بەرگەنىدى . توختاق تۈنۈگۈن ئىشىنى يىغىشتىن سەل ئىلگىرى ئۆستەڭ قېشىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىپ قالغان يوغان بىر تۈپ توغراقنىڭ ئاستىنى كولاپ ، يىلتىزلىرىنىڭ يېرىمىنى چىقىرىپ قويغانىدى . بۈگۈن ئەتىگەن ئىشنى باشلاپلا توغراقنى يىقىتىۋەتمەكچى بولۇپ ، بىر يۈتىنى يۆكۈپ ، يەنە بىر يۈتىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ يىلتىز ئاستىغا ئىككى كەتمەن چېپىشىغا ، كېچىچە شامالدا لىڭشىپ ، قۇمساڭغۇ تۈپىدا يىلتىزلىرى بوشاپ قالغان توغراق ئۆستەڭنىڭ ئىچى تەرىپىگە شەپىسىز ئۆرۈلۈپ ، ئۇنىڭ يوغان بىر دوناي شېخى توختاقنىڭ سوزۇپ ئولتۇرغان

پۈتنى بېسىپ چۈشۈپ، يوتىسىنى سۈندۇرۇۋېتى...

مانا، توختاق ياتقىلى يېرىم يىل بولۇپ قالدى، يىلمۇ ئۆرۈلدى. تېڭىقچىلار پات - پات كېلىپ كۆرىدۇ، «ساقىيىپ كېتىپ قاپتۇ»لا دەيدۇ، تېڭىقنى يەڭگۈشلەپ قويىدۇ. تىكەنلىككە تۈرۈپ ئىدىن كېلىپ قالغانلاردىن تېڭىقچىلىقنى بىلمەن دېگەنلەرمۇ تېڭىپ باقتى، تېخىچە يەر دەسسىگىنى يوق. توختاقۇ ياتىدۇ، ئۇماق بىلەن ئايقۇتنىڭ يەنە بىر غېمى تېنى ئاجىز تۇمۇردە قالغانىدى. ئۇ بىرەر ھادىسىگە ئۇچرايدىغان بولسا تۈگىشىپلا كېتىدۇ. ئۇماق ھەرقانچە ئويلاپمۇ تۇمۇرنى ئۇ بالا - قازا قويىنىدىن ئېلىپ چىقىۋېلىشنىڭ بىرەر ئەپلىك يولىنى بىلەلمىدى. ئاخىر قاسىم قاقنى ئويلىدى. ھەر - ھەر قازاندا قايناپ باققان قاسىم قاق بىر ئامالىنى قىلالامدىكىن، كۈنچىققانبەگنى ئۈزۈن چاچ قويۇۋشتىن قۇتۇلدۇرۇشتا يولنى شۇ كۆرسەتكەن.

— بۇلارنى بىكارغا چىرىك دېمەيمىز، چىرىپ كەتكەچكە شۇنداق دەيمىز. ئاڭلىسام بۇ سوغۇقچان دارىنلار بۇغا گۆشى بىلەن بۇغا مۈڭگۈزى دېسە جېنىنى بېرەرمىش. سىلەردە نېمە تولا، شۇ تولا، جادىي دارىن بىلەن جاڭ دارىنغا بىردىن بۇغا مۈڭگۈزى بېرىپ باقساڭلار ئىش پۈتەمدىكىن دەيمەن، — دېدى قاسىم قاق.

— مۈڭگۈزغۇ مەھەللىدىن تېپىلىدۇ.

— يېڭىراق بولغىنى ياخشى. مۈڭگۈزنىچۇ، ئۇلارغا بىر - بىرگە يولۇقتۇرماي ئايرىم يەردە بېرىڭلار، — دەپ قاسىم قاق ئەسكەرتىپ قويدى.

تەلىيىگە مەھەللىدىن كېسىلگىنىگە بىر ئايمۇ بولمىغان ئىككى بۇغا مۈڭگۈزى تېپىلىپ قالدى. ناسىربەگ بىتاب بولۇپ قېلىپ، بىر ھەپتىدىن ئۆيىدە ئارام ئېلىپ، ھازىر سەل ياخشىلىنىپ ھاشار مەيدانىغا مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇراتتى. ئۇماق كېلىپ مۇددىئاسىنى ئېيتتى.

— بۇ بولىدىغان ئامال ئىكەن، مەن ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيمەن، قاسىم قاقنى ئانچە - مۇنچە بىلىدىكەن دەيدۇ. ئۇنى ئېلىۋا-



www.uyghurkitap.com

لايلى ، — دېدى ناسىربەگ ۋە بەزى ئىشلارنى كېڭىشىۋالدى .

ئۇلار بوغا موڭگۈزلىرىنى تورقا تالاسىدا چىرايلىق توقۇلغان ئىككى رەختكە ئايرىم - ئايرىم يۆگەپ مەيگە سالدى . قاسىم قاق ئۆزىنىڭ ئېتىنى مىندى ، ئوماق بىر ئاتنى مەيىنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ قويۇپ ، ئۆزى ناسىربەگ بىلەن مەيگە چىقتى . ئۇلار ئاردىلىقتا كۆنچىدە قونۇپ ، ئەتىسى ۋاخچە يولغا چىقىپ ، قاراقۇمغا چۈشتە يېتىپ كەلدى . ناسىربەگ چوڭ - كىچىك دارىنلارنىڭ بۇ چاغدا نەلەردە ، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندى . باش نازارەتچى جادەي دارىن يېڭىلا قولدىن چىققان ، چېپىدىلىپ بولاي دەپ قالغان ئۆستەڭ بۆلەكلىرىنى يۆپۈكلۈك ، رەڭدار ئىنچىكە تايىقىنى كەينىگە تۇتۇپ ئويناتقاچ مېڭىپ كۆزدىن كەچۈرەتتى . لوپ - كۆنچى ئامبىلى جاڭ دارىن بىر كىتابنى كۆتۈرۈۋېلىپ ۋاڭ - چۇڭدىن خالىي جايلارنى ئايلىناتتى . ئۇ ماڭغاچ كىتاب ئوقۇمدۇ ياكى كۆرۈنۈشكە شۇنداق قىلامدۇ ، بۇ تەرىپىنى بىلگىلى بولمايتتى .

ناسىربەگ بىلەن قاسىم قاق لوپ - كۆنچىلىك هاشارچىلارنى ئارىلىغان بولۇپ ، ئۆستەڭ ياقىلاپ مېڭىپ جادەي دارىنغا يېقىنلاشتى ، گەپ قىلماي يانچۇقىدىن بوغا موڭگۈزىنىڭ بىر كېسىمىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى . موڭگۈز يېڭى بولغاچقا ، تېرە ئىچىدە ئۇيۇپ قالغان قان مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . موڭگۈزنى كۆرۈپ دارىننىڭ ئىككى كۆزى چاقناپ كەتتى ، كالچىيىپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى . جادەي دارىن ناسىربەگكە قارىدى . بەگ : «يەنە بار» دېگەننى قىلىپ مەيە تەرەپنى كۆرسەتتى . قاسىم قاق بەگنىڭ ئىشارىتىنى كېلىشىۋالغىنى بويىچە تىلغا ئايلاندۇرۇپ «ئۆرۈپ» بەردى . مەيگە يېقىن قالغاندا ، ناسىربەگ ئوماققا :

— چوڭ دارىنغا تەييارلىغاننى ئال ، — دېدى ئۇنلۇك قىلىپ .

ئوماق بوپىنى مەيدىن ئېلىپ تۇتۇپ تۇردى . ناسىربەگ بوپىنى ئېچىپ جادەي دارىنغا كۆرسىتىپ ، ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە «گىي نى» دېدى . جادەي دارىن خۇددى بىراۋ بوپىنى شاققىدە

www.uyghurkitap.com

تارتىۋالىدىغاندەك ، ناسىربەگنىڭ قولىدىن ئېتىنىڭ ئېلىپ قولتۇ-
قىغا قىسىۋېلىپ تۇرۇپ : «نېمە گەپ بار» دېگەندەك ، ئۇچىگە قا-
راپ چىقتى . قاسىم قاق تاقا ـ تۇقۇ بىرنېمە دەپ يۇرۇپ : «تۈمۈر-
نىڭ خوتۇنى ئېغىر كېسەل··· » دېگەننى ئۇقتۇردى . جادەي دارىن
ئوماقنى : «كەينىمدىن ماڭ » دېگەن ئىشارىنى قىلىپ شىيەن يامۇل
تەرەپكە ماڭدى . ئوماق كەينىدىن ماڭدى . جادەي دارىن كېتىۋاتات-
تى ، كەينىگە تۇتۇۋالغان پۆپۈكلۈك تايىقى باشقىچە پۇلاڭلاپ كېتى-
ۋاتاتتى . جادەي دارىننىڭ كېتىشىگە ناسىربەگ قاسىم قاقنى كەي-
نىگە سېلىپ جاڭ دارىننىڭ يېنىغا كەتتى···

جادەي دارىن بىر پارچە خەت يېزىپ ئوماقنىڭ قولىغا بەرگەن-
دىن سىرت : «بالاڭنى ئېلىپ كەت» دەپ ، ئۇنىڭغا بىر ئادەمنى
قوشۇپ قويدى . تىلماچتىن بىلدىكى ، خەتتە «ئوماقنىڭ ئائىلىسى
هاشار سېلىقىدىن پارىغ قىلىندى» دەپ يېزىلغانىدى .

ئوماق تۈمۈرنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ ، ئۆزىنى يوقىتىپ
قويغىلى تاس قالدى . ئۇ جۇدەپ بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان ، خۇددى
تىرىك مۇردا بولۇپ قالغانىدى . ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ مەيگە چىقار-
دى . بۇلار ماڭايلى دەپ تۇرغاندا ، تىلماچ كېلىپ قالدى . ئۇ جاڭ
دارىننىڭ بىر پارچە خېتىنى ئوقۇپ ـ تەرجىمە قىلىپ بولۇپ
ئوماقنىڭ قولىغا بەردى . خەتتە : «ئوماق ئائىلىسىدىن هەرقانداق
سېلىق كەچۈرۈم قىلىندى» دەپ يېزىلغانىدى···

— سىلەرنىڭ بەگلىرىڭلار ئاجىز ـ ئورۇقلارنى كۆرسە ،
گېلىغا كىرىپ بولغاننى ياندۇرۇپ چىقىرىپ ، شۇلارغا بېرىدىكەن-
دۇق ، بۇ دارىنلار پۇقرانىڭ تاماقلىرى ئاچلىقتىن چاكىلداپ تۇر-
سىمۇ ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئاران تاپقان بۇردا ناننى تارتىۋېلىشنىڭ
كويىدىلا يۈرۈيدىكەنمە ، — دېدى قاسىم قاق كېلىۋېتىپ···

مانا شۇنداق يول بىلەن تۈمۈر يېرىم يىللىق هاشاردىن قۇتۇ-
لۇپ قالغانىدى···

تۇردۇش تۈمۈرنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ، بىر جەمەتتىكى
چوڭلارنىڭ هەممىسى ئۆيدە ئىدى . ئوماق ، ئايقۇت ، ئايبەختەملەر

تۆمۈرنىڭ بېشىدا چۆرىدەپ ئولتۇراتتى . ئاتىسىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئايىغىدىن تۇرۇپ ئاتىسىغا ئورۇن بەردى . شۇ ئارىدا تىللاخانمۇ كىردى .

تۆمۈر قىشتا ئۆپكىسىگە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالغانىدى . ھاشاردا داۋالىنىش ئىمكانىيىتى بولماي ، كېسىلى ئېغىرلاپ كەتتى . ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكەلگەندىلا ئۆپكىسى ئىششىپ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى . كۆرسەتمىگەن ئەمچى ، قىلمىغان ئامال قالمىدى ، ئۇنۇمى بولمىدى ، قىشنى ئاران - ئاران ئۆتكۈزدى . ئاخىر ھەممە تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىدا لۆمۈلدەپ قاراپ يېتىپلا قىرىق ئالتە يېشىدا بۇ ئالەمدىن كېتىپ قالدى .

تۆمۈرنىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ - تاراپ ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئاق يوپۇق يېپىلغان بىر بۇغرا تۆگىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ چارىغا ئېلىپ ماڭدى .

— ئاتامنىڭ ئاگايى شۇ يەردە . مەنمۇ ئۆزۈمنى قالماي چارىغا كۆچۈپ كېتىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى ئوماق ، «ئۆزىڭىز بەرپا قىلغان مەھەللىدە قويسىڭىز بولمامدۇ» دەپ سورىغانلارغا .

ئوماق ئوغلى ئۆردەك ، قاسىم قاق ۋە بىرقانچە مەھەللىداشلىرى بىلەن تۆمۈرنىڭ مېيىتىنى چارىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا ، يىراق ئىقلىمدىن كەلگەن بىرنەچچە «مېھمان» خوتەن - نىيىلەردە دەندەنئۆيلۈك ، قارادۆڭ ، ئەندىر خارابىلىرىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىپ بولۇپ ، بۇ تەرەپتە قىلىدىغانلىرىنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدى .

## 4

ئوتتۇرا قىش ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى . يېرىم كېچىدىن كېيىن لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىغان قار چۈشكە يېقىن توختىدى . پۈتۈن زېمىن ، كوچا - كوي ، ھويلا - ئارام ، ئۆگزىلەر ، باغ - ئورمان ، ئېتىز - داللار ئاپئاق قارغا پۈركەلگەنىدى . كۆجۈم بوستانلىق بۇ كىچىك يۇرت ، ماتۇقتەك يۇمشاق قار ئاستىدا قىش-

www.uyghurkitap.com

لىق ئۆيقۇسىدا ياتقاندەك تىمتاس ئىدى . جەنۇبتىكى ئالتۇنتاغ تەرەپتىن ئۆرۈلۈۋاتقان ئاچچىق غۇر ـ غۇر شامال دەرەخ شاخلىرىدا ماكانلىغان قارلارنى ئۇچقۇنلاپ ئۇچۇرۇپ ، بىر يەرلەرگە ئاپىرىپ تاشلايتتى . تۇرخۇنلاردىن ئۆرلىگەن قويۇق قارا ئىسلار تۇمانلىق هاۋادا يۇقىرى ئۆرلىيەلمەي ، شامالغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولاتتى . مورىلاردىن ئىس چىقىۋاتقىنىنى ، بەزى هويلىدا بىرەر بىر ئادەمنىڭ چەللىدىن ئوت ـ خەشەك تاشلاۋاتقىنىنى هېسابقا ئالمىغاندا ، يۇرتتا ئادەم يوقتەك ئىدى .

قىلىن جۇۋا ، قۇلاقچىلارغا ئورىنىۋالغان توققۇز ئاتلىق ئادەم ئون سەككىز تۇگىنى يېتىلەپ ، يۇرتقا ئوغرىلىققا كەلگەندەك شەپە چىقارماي ئاستا كىرىپ كەلمەكتە . ئۇلاردىن قايسىبىرى بولمىسۇن ، قاياقتىن بىر ئادەم چىقىپ قېلىپ بىزنى كۆرۈپ قالاركىن ، دەپ خۇدۇكسىرىگەندەك ، ئىككى تەرەپتىكى ئۆيلەرگە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى . كۆپكۆندۈزدە شۇنچە جىق ئات ، تۆگىلىك كەلگىنىدىن ئۇلار ئوغرى ـ بۇلاڭچىغا ئەمەس ، كارۋانغا ئوخشايتتى ، ئەمما شەپە بەرمەي جىمجىم كەلگىنىدىن كارۋانغىمۇ ئوخشىمايتتى . بۇنچىلىك تۆگىلەر بىلەن ماڭغان كارۋان كولدۇرمىلىرى بىلەن يىراقتىنلا كېلىۋاتقانلىق شەپىسىنى بېرىپ ، سارايۋەن ، سودىگەرلەرنى يولغا قارىتاتتى . ئوغرىغىمۇ ، كارۋان ـ سودىگەرگىمۇ ئوخشىمىسا ، ئۇنداقتا بۇلار كىملەردۇ ، نېمە قىلىدىغان ئادەملەردۇ ؟

ئۇلارنىڭ ئالدىدىن يولنىڭ بۇ تەرىپىدىكى بىر هويلىدىن ئوتتۇرا ياشلىق ، كۈرۈك جۇۋا ، ئاق سالۋار تۇماق كىيگەن بىر كىشى چىقىپ كەلگۈندىلەرنى كۆرۈپ هەيران قالغاندەك جايىدا تۇرۇپ قالدى .

ئاتلىقلاردىن بىرى ئۇنىڭدىن :

— تۇرسۇنباينىڭ ئۆيى قايسى ؟ — دەپ سورىدى .

هېلىقى كىشى ئۇنىڭغا ، ئاندىن باشقىلارغا بىر ـ بىردىن قاراپ چىقىپ :

— سىلەر بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغانما؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، كېلىپ باقمىغان.

— پىيۋالىسكىي بىلەن «سەپسىن تۆرە»نى بىلەمسىلەر؟

گەپ قىلغان ئاتلىق كىشى ئۆز توپىدىكى قىسقا بۇرۇتلۇق كىشىگە قاراپ بىرنېمىلەرنى دېدى، ئۇمۇ ئاتلىققا بىرنېمىلەرنى دېدى. ئاتلىق ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ھېلىقى كىشىگە ئۆرۈپ بەردى:

— سەن ئۇلارنى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن. «سەپسىن تۆرە» تۇرسۇنباينىڭكىگە چۈشكەن. مەن ئۇنى ئاتمىشبۇلاققا باشلاپ بارغان. تۇرسۇنباينىڭ ئۆيى كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى يوغان دەرۋازىلىق ئۆي شۇ. يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، — دېدى ھېلىقى كىشى.

بۇرۇتلۇق كىشى گېپىنى ئۆرۈپ بەرگەن ئاتلىققا بىرنېمىلەرنى دەپ قويۇپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئاتلىق تىلماچ ھېلىقى كىشىگە:

— ئەتىگىچە بىز سىنى ئىزدەيمىز، — دەپ قويۇپ، باشقىلار بىلەن بىللە بۇرۇتلۇقنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى.

ھېلىقى كىشى ئۇغرىدەك كىرىپ كەلگەن بۇ «كارۋان»نىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قويۇپ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ «كارۋان»نىڭ چەرچەندىن كېلىشى بولۇپ، كولدۇرمىسىز جىممىدە مېڭىشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى. ئۇلار چەرچەنگە بىرنەچچە كولدۇرمىنىڭ ساداسىدا ھەيۋەتلىك كىرىپ كەلگەندە ھەم ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئەتراپىغا كىشىلەر ئولىشىۋېلىپ، ئۇ نېمىسىنى، بۇ نېمىسىنى تۇتۇپ ـ تارتىشتۇرۇپ، خېلى ئاۋارە قىلغانىدى. شۇڭا يول بويى ئۇچرىغانلىكى كىشىلەردىن بارىدىغان مەنزىلىنى سوراپ مېڭىپ، ئۇن يېتىم ئارىلىققا كەلگەندە، كولدۇرمىلارنىڭ ئىچىگە پاختا تىقىپ، ئۈستىگە لاتا يۆگىۋەتكەنىدى. بۇ «كارۋان» سىر ئاۋرېل ستەيننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىغا قىلغان ئىككىنچى قېتىم-

لىق ، لوپ رايونىغا قىلغان تۆنجى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىلىك سەپىرى ئىدى . ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ نىشانى چاقىلىقنى بازا قىلىپ ، لوپ كۆلىنىڭ ئەتراپىنى ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈپ ، شۋېنزاڭ ۋە ماركوپولولار ماڭغان قەدىمي يولنى بويلاپ جەنۇبقا مېڭىپ ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ دۇخانغا بېرىش . «كارۋان»لار ئارىسىدىكى قىسقا ، قىرقىم بۇرۇت قويۇۋالغان ، يۇمىلاق يۈز ، كېلىشكەن كىشى ستەين بولۇپ ، قىرىق تۆت ياشتا ئىدى .

ستەينلەر دەرۋازا ئالدىغا كەلدى . دەرۋازا يوغان بولغىنى بىلەن ، نائۇستا ياغاچچى قولىنىڭ ئۇچىدا ياساپ قويغاندەك ئىشلەكسىز ، ئاددىي ئىدى . ھەممىسى ئاتلىرىدىن چۈشتى . تىلماچ دەرۋازىنى قاقتى .

دەرۋازا ئېچىلىپ ، يىگىرمە ئىككى ياش ئەتراپىدىكى بىر يىگىت چىقىپ ناتونۇش ، غەيرىي - غەيرىي چىراي ئادەملەرگە قاراپ سەل مەڭدەپ تۇرۇپ قېلىپ :

— كىمنى ئىزدەيسىلەر ؟ — دەپ سورىدى . تىلماچ ئالدىغىراق ئۆتۈپ :

— تۇرسۇنباي بىلەن كۆرۈشمەكچىدۇق ، — دېدى .

ئاڭغىچە ھويلىدىن تاشلىق جۇۋا ، تۇلكە تېرىسىدىن قۇلاقچا كىيگەن ، قويۇق كەكە ساقاللىق ، ئەللىك بەش ياشلار ئەتراپىدىكى خولەك بىر كىشى چىقتى . ئۇمۇ بۇ ناتونۇش ، غەيرىي - غەيرىي چىراي ئادەملەرگە تەكشى قارىۋېتىپ :

— نەدىن ، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى .

— بىز سۈبىن ھېدىنىنىڭ ئىشداشلىرى ، ئۇنىڭ قىپقالغان ئىشلىرىنى قىلغۇەتكىلى كەلدۇق ، — دېدى تىلماچ .

شۇنداق دېيىشنى ئۇنىڭغا ستەين ئۆگىتىپ قويغانىدى .

— ھە ، «سەپىسىن تۆرە»نىڭ ئادەملىرى دەڭلار ، قېنى ، ئۆيگە كىرىڭلار .

ئۇلار چوڭ بىر ساراي ئۆيگە باشلاندى . ئۆي ئانچە ياسىداق

بولمىسىمۇ، پاكىز، رەتلىك ئىدى.

مېھمانلارنىڭ ئاتلىرى ئات ئېغىلىغا، تۆگىلەر ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدىكى لاپاس ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ستەين ئىشلىرىنى ئالدىن ئەتراپلىق پىلانلىۋالاتتى، ۋاقتىنى چىڭ ئىگىلەش بىلەن ئىشلىرىنى پىلانى بويىچە ئىشلەشكە ئادەتلەنگەندى. ئۇ ئەتىسى ناشتىدىن كېيىنلا جاڭ شىيېنى ئېلىپ، تۇرسۇنباينىڭ باشلىشىدا ئامبالنى ئىزدەپ كەتتى.

ستەيننىڭ بۇ قېتىمقى گۇرۇپپىسى ھىندىستاندا ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ،[1] تەركىبىدە ئۈچ ھىندى، كەشمىرلىك ئىككى مۇسۇلمان، ئىككى ئۇيغۇر، ستەين بولۇپ سەككىز كىشى، قەشقەردە قوشۇلغان جاڭ شىي بىلەن توققۇز ئادەم ئىدى. بۇلارنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى بولۇپ، رائى رامسىنغ پىشقان ئۆلچىگۈچى، نايىك رامسىنگ بىلەن جاسۇئات سىنگېر ياساۋۇل، كەشمىرلىك ئىككى مۇسۇلماننىڭ بىرى تۇرمۇش مۇلازىمەتچىسى، يەنە بىرى بىلەن بىر ئۇيغۇر ئات، تۆگىلەرگە قارايتتى. يەنە بىر ئۇيغۇر تىلماچ ئىدى. جاڭ شىيېنى ئەنگلىيىنىڭ باش ۋاكالەتچىسى ماكارتنىي تاللاپ ستەينگە تونۇشتۇرغان. جاڭ شىي ستەيننىڭ خەنزۇچە ئوقۇتقۇچىسى ھەم كاتىپى بولۇش بىلەن، گۇرۇپپىدا ستەيندىن قالسىلا يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىككىنچى نومۇرلۇق باش رولچىسى ئىدى.

تۇرسۇنباي ستەينلەرگە ئامبالنىڭ تۇرالغۇسىنى كۆرسىتىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. 1899 ـ يىلى لوپ ـ كۆنچىدە شىڭ پىڭ ناھىيىسى قۇرۇلغاندا، چاقىلىق يېرىم ناھىيە بولۇپ ۋاكالەتچى ئامبال قويۇلغان. 1903 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، چەن شاچياۋ ئامبال بولدى. ئامبالنىڭ خىزمەت ئورگىنى تېخى پۈتمىگەچكە، شەخسىنىڭ قورۇسىدا ئىدى. ئامبال كۆك كۆز، قانسىز چىراي ئەجنەبىيلەرنى ئىلگىرى كۆرگەن بولسا كېرەك،

[1] بۇ چاغدا ھىندىستان ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ، بېنگال، پاكىستان، ئافغانىستاننىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

www.uyghurkitap.com

ستەينگە ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدىيۇ، جاك شىپكە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئەمەلدارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ پىششىپ كەتكەن ماكارتىنىي ستەينگە تەجرىبىلىرىنى كۆپ سۆزلەپ بېرىپ، بۇنىمۇ پىشۇرۇۋەتكەنىدى.

ئۇ ئالدى بىلەن چەن دارىنغا قەشقەر ۋالىيسىنىڭ ھاۋالە خېتىنى بېرىپ بولۇپ، «ئۆزۈمنىڭ سوۋغىسى» دەپ، ئۈستىدىكى تۆت تەرەپلىك ئەينەك ئىچىدە توختىماي ئايلىنىپ، ھەر سائەتتە ئۈچ قېتىم قاۋاپ بېرىدىغان پىستە كۈچۈك مودېلى بار سائەتتىن بىرنى تەقدىم قىلدى. ھاۋالە خەتنى كۆرۈپ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ قالغان دارىن سائەتنى كۆرۈپ، جۇدۇندىن كېيىن چىققان ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى. ئەمەلدارلارنىڭ چىرايىغا قاراپ تىلنى ئىشقا سېلىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالغان ستەين، ئۆزىنىڭ فاشىيەننىڭ يازمىلىرى ۋە «تاڭ راھىبىنىڭ غەربىي دىيار خاتىرىلىرى»نى ئوقۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدا بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىدا مېڭىپ بېقىشقا قىزىقىپ قالغانلىقىنى، شۇ ھەۋەس بىلەن كېلىپ قالغانلىقىنى ھېسسىياتلىق سۆزلەش بىلەن، ئۇلارنىڭ خاتىرىلىرىدىكى بەزى تەسىرلىك تەسۋىرلەرنى يادقا دەپ بېرىپ، چەن دارىننى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى.

— سىلەرگە قانداق ياردەم قىلسام بولىدۇ؟ — چەن دارىن سورىدى.

— بىز لوپ كۆلى ئەتراپىدا ئون بەش كۈندىن يىگىرمە بەش كۈنگىچە ئۆلچەش، يەر ئۈستىنى، يەر ئاستى قاتلاملىرىنى كولاش-قېزىش (خارابىلەرنى قېزىش دېمىدى)، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە يېتەرلىك ئاشلىق سېتىۋېلىشقا، ئوتتۇزدەك ئىشلەمچى ياللاشقا، ئات، تۆگىلەرگە يەم-بوغۇز ئېلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. قۇملۇققا ئالتىمىز ئالتە ئات، ئون تۆگە بىلەن كىرىمىز، قالغان ئۈچ ئادىمىمىز ئۈچ ئات، سەككىز تۆگە بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرىدۇ. بىز ئۇ يەردىكى تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ، مۇشۇ يەردىن شۇەنزاڭ باسقان ئىزنى بويلاپ مېڭىپ

دۇخانغا بارىمىز ، — دېدى ستەپىن .

ئامبالدىن نېمە كېتەتتى ، تۆۋەنگە بىر ۋاراق قەغەزدە يارلىق كېتىدۇ شۇ . چەن دارىن شۇ كۈنىلا مەھەللىلەرنىڭ بەگ ـ ئاقسا-قاللىرىغا ستەپىنگە ئاشلىق سېتىپ بېرىش توغرىسىدا كونكرېت ۋەزىپە بەلگىلەپ يارلىق چۈشۈردى . ئىككى كۈن ئىچىدە مەجبۇرىي ھالدا ستەپىنلەرگە يېتەرلىك ئاشلىق ، يەم ـ بوغۇز سېتىپ بېرىلدى .

ستەپىن تۇرسۇنبايغا مىرەن ۋە كۆلشەھىرى خارابىلىكىگە باش-لاپ بارىدىغان بىر ئادەم تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈۋىدى ، تۇر-سۇنباي :

— مىرەن ، كۆلشەھىرىگە بىرنەچچە قېتىم بارغان بىر ئادەم بار ، شۇنى باشلاپ كېلەي ، — دەپ چىقىپ كەتتى .

ئۇزاققا قالماي تۇرسۇنباي ئوتتۇز بەش ياش ئەتراپىدىكى بىر ئادەمنى باشلاپ كىردى . ستەپىن ئۇ ئادەمگە ، ئۇ ئادەم ستەپىنگە قاراپ كۈلۈپ كېتىشتى .

— تونۇشامسىلەر ؟ — تۇرسۇنباي ستەپىندىن سورىدى .

ستەپىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :

— ياق ، تونۇشمايمىز ، ئەمما بۇنىڭ تاسادىپىي ۋە قىزىق تەرىپى شۇكى ، بىز چاقىلىققا كەلگەن كۈنى بىزگە تۇنجى ئۇچرى-غان ، سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى كۆرسىتىپ قويغان كىشى مۇشۇ ، — دېدى .

تۇرسۇنبايمۇ كۈلۈپ كەتتى .

ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئىبراھىم ، لەقىمى تاغ بولۇپ ، ستەپىنگە يول باشلىغۇچى بولىدىغان بولدى .

— ئالدى بىلەن نەگە بارىمىز ؟ — چاقىلىقتىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي رامسىنخ ستەپىندىن سورىدى .

ستەپىن ئۆزىنىڭ يوروش يۆنىلىشىنى سۋېن ھېدىن سىزغان خەرىتىلەرگە قاراپ بەلگىلەپ بولغانىدى . سۋېن ھېدىن لوپ كۆلى بويىدىكى خارابىلىككە شىمال تەرەپتىن كەلگەن بولسا ، ئۇ جەنۇب

تەرەپتىن بارماقچى بولدى.

— ئالدى بىلەن ئابدالغا بارىمىز، — دېدى ستەيىن.

ستەيىن ئاشلىقنىڭ يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئابدالدىن يەنە بىر ئاز ئاشلىق غەملىۋېلىشنى ئويلىدى. ئۇلار مىرەن خارابىلىكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يولدا مېڭىپ، ئىككى يېرىم كۈندە ئابدالغا يېتىپ كەلدى. ستەيىن سۇۋېن ھېدىننىڭ خاتىرىسىدىكىگە ئوخشىمايدىغان، خارابىلاشقان ئابدالنى كۆرۈپ لاسىدە بولۇپ قالدى. ئابدالدا ئاشلىق تۇگۇل، بېلىقچى تۆت ئائىلىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئاشلىق غەملەش ئۈمىدى يوققا چىققان ستەيىن، ئىككى تاغار گەدەرمە بېلىق سېتىۋېلىپ، شۇ كۈنىلا ئارقىسىغا — مىرەن خارابىلىكىگە قايتتى.

سۇۋېن ھېدىن مىرەن خارابىلىكىگىمۇ كەلگەن، لېكىن ئۇزاق تۇرمىغان. تەكشۈرۈش، ئۆلچەشلا قىلىپ، قېزىش قىلماي، خارابىلىكنىڭ، كونا دەريا ئىزلىرىنىڭ خەرىتىسىنى چۈشۈرۈپلا يۆتكىلىپ كەتكەنىدى.

ستەيىن مىرەنگە كېلىپ ئالدى بىلەن بىر قورغان مۇنارى خارابىسىنى تاپتى. مۇنار خارابىسى بەش كىلومېتىردەك كەڭلىكتىكى شېغىللىق تۈزدە چوقچىيىپ تۇراتتى. ستەيىن مۇنارنىڭ دائىرىسىنى، ئېگىزلىكىنى، توپا ـ كېسەك قاتلىمىنى تەكشۈردى، ئۆلچىدى. چاقىلىقتىن كەلگەن بىر ئىشلەمچىنىڭ تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ئىچىگە ئەخلەت، قۇم، لاۋا ـ لاتىلار تولۇپ كەتكەن نۇرغۇن ئۆينى تاپتى. ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئىشلەمچىلەر ئەخلەتلەرنى تازىلاپ چىقىرىپ تۆت يۈزگە يېقىن تارشا ۋە قەغەزلەرگە يېزىلغان تۈبۈتچە ۋە باشقا يېزىقتىكى پۈتۈكلەرنى تاپتى.

ستەيىننىڭ سۇۋېن ھېدىندىن بىر ئارتۇقچىلىقى، سۇۋېن ھېدىن ئارخېئولوگىيىنى ئانچە بىلمەيتتى، ستەيىن بولسا، ئارخېئولوگىيىنى مەخسۇس ئۆگەنگەندىن باشقا، گرېك، لاتىن، فرانسۇز، ئىنگلىز تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ۋېنا، لېيپسىگ، توبىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا سانسكرىت يېزىقى ۋە پارس تىللىرىنى



www.uyghurkitap.com

ئۆگەنگەندى . ئۇ يەنە ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە لوندون مۇزېيلىرىدا قەدىمىي شەرق تىلى ، سىپ-لىشتۇرما تىلشۇناسلىق ۋە شەرق ئارخېئولوگىيىلىرىنى ئۆگەندى . شۇڭا ئۇ بۇ يوتوكلەرنىڭ ۋاقتىغا 8 - ، 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ، دەپ ھۆكۈم قىلدى .

ئۇنىڭ مىرەندە يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ قېزىش قىلغۇسى بار ئىدى ، لېكىن باشقا ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ لوپ كۆلى بويىدىكى خارابىلىككە ئۆزىدىن بۇرۇن بېرىپ قېلىش ئېھتىمالىنى ئويلاپ ، مىرەندىكى قېزىشىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ ، تېپىلمىلارنى قاچىلاپ ، كەچ كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ، دەرھال لوپ كۆلى بويىدىكى خارابىلىككە قاراپ يولغا چىقىشنى بەلگىلىدى .

## 5

يولغا چىققىلى ئىككى يېرىم كۈن بولدى ، ئۇلار بىر سوتكىدا ئالتە سائەت ئۇخلاپ ، كېتىۋېتىپ نان غاجىلاپ مېڭىشتى . ستەيىن-نىڭ ئويىچە سۈرئەت ئاستا ئىدى ، لېكىن بۇنىڭدىن بەك تېزلەتكى-لى بولمايتتى ، ئىشلەمچىلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك كالا مىنگەندى .

ستەيىن مىرەندىن چىقىپ مانا ھازىرغىچە ئېگىز - پەس ، ئۇزۇن - قىسقا قۇم دۆڭلىرى بىلەن قاپلانغان ، ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق قاقاس قۇملۇقتا كېتىۋاتىدۇ .

— كۆلشەھىرىگە قانچىلىك قالدى ؟ — ستەيىن ئىبراھىم تاغىدىن سورىدى .

— يەنە بىر كۈن ماڭساق يېتىپ بارارمىز .

ئىبراھىمنىڭ «بىر كۈن» دېگىنى ، ياساۋۇل سىنگىرغا بىر ئاي دېگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

— تېز - تېز مېڭىشامسەن ! — ياساۋۇل ئىشلەمچىلەرگە قوپال ۋارقىرىدى . ئۇ ئىنگلىزچىنى ئوبدان بىلەتتى ، ئۇيغۇرچىنى-مۇ يامىداپ سۆزلىگۈدەك بىلەتتى .

— ئۇنداق ۋارقىرىما، — دېدى ستەيىن ياساۋۇل سىنگىرغا. ئۇ مۇشۇ ئادەملەرگە تايانماي ھېچ ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، تېز ماڭساق، مەنزىلگە تېزرەك يەتسەك، دەپ ئويلايتتى، سۇرئەتنىڭ ئاستىلىقىدىن تىت - تىت بولاتتى.

ماكارتنىيىنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتىشىچە، گېرمانىيە، شۋېتسىيە، فرانسىيە، رۇسىيەلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تارىم بويلىرىغا كېلىشكە تەييارلىنىۋاتقان، بەزىلىرى يولغا چىقىپ بولغانىدى. سۋېن ھېدىننىڭ خوتەن رايونى بىلەن لوپ كۆلى بويلىرىدىن ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك ئاسارئەتىقىلەر ياۋروپا ئىلىم ئەھلى ئارىسىدىكى تەكلىماكانغا قىزىقىش ھەۋىسىنى ئوت ئالدۇرۇۋەتكەنىدى. نامەلۇم جايلارنى ئىزدەش، يېڭى بايقاشلارنى بايقاش، دەۋر كەيپىياتى، شۇنداقلا شان - شەرەپ قازىنىش ۋە تېز بېيىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىسى بولۇپ قالدى. ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەرگە نىسبەتەن ئەڭ قىزىقارلىق، جەلپكار رايون شەرق، جۇملىدىن تارىم بويى — تەكلىماكان ئىدى. بۇ قىزىقىش ستەيىندە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ۋاقىت جەھەتتە سۋېن ھېدىندىن كېيىن قالغان بولسىمۇ، ئارخېئولوگىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىدە تېپىلمىلارنىڭ سانى، قىممىتى جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

سەپەر داۋاملاشماقتا. قۇملۇق، چەكسىز قاقاس، ئادەمگە ئەجەل ۋەھىمىسى سېلىپ تۇرىدىغان ھالاكەتلىك قۇملۇق. ستەيىن ئىچىدە: «دۇنيادا بىردىنبىر ھەقىقىي قۇملۇق، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئەڭ يامان، ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ ھالاكەتلىك قۇملۇق» دەپ، ئۆزىنى ئۆزى ئاگاھلاندۇرۇپ كېلەتتى. ئىككى ئىش ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا ئىدى. بىرى، ئات، تۆگە، كالىلارنى بېقىش، يەنە بىرى ئىسسىقنىش مەسىلىسى. سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقى ئۆستەڭ، كۆل ئارىلاپ چىقىپ تۇرىدىغان شۇۋىرغان جانغا تېگەتتى. مەرەندىكى كونا دەريا بويلىرىدىن ئېلىۋالغان ئوتۇنلار تۆگەپ قال-

دى . قۇملۇقتا چىش كۆلىغۇدەكمۇ ياغاچ — قۇمدىن بۆلەك ھېچ-نېمە يوق ، نەگىلا قارىسا قۇم - قۇم - قۇم...

سەپەرنىڭ تۆتىنچى كۈنى ، قۇملۇق ئۇپۇقىغا گۈگۈم پەردىسى يېپىلىپ چۈشۈۋاتقان مەھەل ئىدى .

— كەلدۇق ، ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن كۆلشەھىرىدىكى ئېگىز تۇر شۇ ، — ئىبراھىم قولى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى .

ستەين ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۆز يېتىم يەردە ، گۈگۈم ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر نەرسىنى ئىلغا قىلىشتى . ئۇلار كۆلشەھىرى خارابىلىكىگە يېتىپ كەلگەندە كۈن پېتىپ بولغانىدى . تەبىئەت خۇددى خۇي - پەيلى نائېنىق بۇ كىشىلەردىن خارابىلىكنى يوشۇرۇۋاتقاندەك ، پۈتۈن قۇچىقىغا قاراڭغۇلۇق پەردىسىنى يېپى-ۋالغانىدى . ئاسماندا نە ئاي ، نە بىر يۇلتۇز بولسۇن . قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئوغرىلاردەك ، سەپەرچىلەر ھېلىقى تۇرنى تې-پىپ ، ئۇنىڭ يېنىغا چۈشكۈن قىلدى . ئۇلاغلارنى تۇرى بويى-چە بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇۋەتتى . ئىبراھىمنىڭ دېگىنى بويى-چە ، تۇرنىڭ ئەتراپىدىن ياغاچلارنى تېرىپ كېلىپ بىرنەچچە يەرگە ئوت يېقىشتى . بۇ كېچە سوغۇق قاتتىق بولدى ، كېچىنى ئۇخلىماي گۈلخان ئەتراپىدا مېڭىپ يۈرۈپ ئۆتكۈزۈشتى .

ستەين بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىدە خوتەن رايونىغا كېلىپ ، 1900 - يىلى 9 - ئايدىن 1901 - يىلى 5 - ئايغىچە دەندەنئۆيلۈك (يەنە بىر ئاتىلىشى ئۇزۇنتات) ، قارادۆڭ ، ئەندىر ، خادىلىق خارابىلىكلىرىنى قېزىپ ، ئون ئىككى ساندۇق ئاسار - ئەتىقە ، سەككىز يۈز پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت نېگاتىپىنى كەشمىر — ھىندىستان ئارقىلىق ئەنگلىيىگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى .

سۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن تەكلىماكاندىن ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ، شىنجاڭنىڭ قەدىمىي بايلىقلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە چىدىيالمايدىغان ئەنگلىيىنىڭ ئاچ كۆزلۈكىگە ياغ چې-

چىپ ، ئىچىنى ئۆرتىۋەتتى . ئەنگلىيە ئۆزىنى «كۈن پاتمايدىغان ئىمپېرىيە» ھېسابلىغىنى بىلەن ، ئۆزىدە سىۋېن ھېدىن بىلەن رىقابەتلىشەلىگۈدەك ئېكسپېدىتسىيىچى ، ئارخېئولوگ يوق ئىدى . ئىچى ھەسەتتىن ئاداپ تۇرغان پەيتتە يەھۇدىي ستەين ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ، ئۈممىدىنى ئاشۇ «كۈن پاتماس ئىمپېرىيە»گە باغ- لاپ ، ئۆزى تۇغۇلغان ھۇنگرىيىگە ئارقىسىنى قىلىپ ، ئەنگلىيىگە كەلدى . ئەنگلىيە ئۇنى ئىقتىسادىي جەھەتتە قوللاش بىلەنلا قالماي ، ئۇ ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە جەھەتتىن قوللىدى ، ئۇنىڭغا ھىمات قىلدى .

ستەين ئەتىسى ئېگىز بىر يارداڭلىق ئۇستىگە چىقىپ خارابى- لىككە دۇربۇن بىلەن ياندۇرمىلاپ ئالا قويماي قارىدى ، قېزىش قىلىنغان جايلارنى كۆردى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇزاق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىدىن بېشارەت بېرىپ ، ئاجايىپ كۆرۈنۈشلۈك بىر خارابىلىك يېيىلىپ تۇراتتى . بەزى جايدا شامال ـ بورانىنىڭ تىنىم- سىز يالىشىدىن كىچىك ـ كىچىك يارداڭلار پەيدا بولغان ؛ يېرىم ـ يارتا كېسەك ۋە سوقما تاملار ، ئۆيلەرنىڭ ئىككى ـ ئۈچ تاملىق قالدۇقلىرى... ستەين سىۋېن ھېدىندىن بالدۇر كەلمىگىنى- گە ئۆكۈنگەن بولسىمۇ ، كۆڭلى يەنە ئەمىن تاپتى ، سىۋېن ھېدىن كەڭ دائىرىدە قېزىش قىلمىغانىدى . سىۋېن ھېدىن ئۇچرىغانىنى يىغىپ ، كۆرۈنۈپ قالغانىنى قازغانىدى . ستەيننىڭ ئۇسۇلى ، ھې- دىندىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن ئالا قويماي قېزىش ، نېمە بولۇشىغا قارىماسلىق ، بولۇشىغا ئېلىۋېلىش . ئۇ مۇشۇ ئۇسۇلى بويىچە كى- چىك خارابىلىك خادىلىقتا ئۈچ كۈن ئىچىدىلا براخما ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل سانسىز- رىت يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر ، يارماقلار ، تام رەسىملىرى بولۇپ سەككىز ساندۇق ئاسارئەتىقىنى تاپتى . ئادەتتىن تاشقىرى مول پۈتۈكلەر ستەينگە ئامەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تەمىنى تېتىتتى ، شۇڭا ئۇ ئىشلەمچىلەرنى كۆپەيتكەنىدى .

— بۇ يەردىمۇ خادىلىقتىكىدەك قازىمىزمۇ ؟ — رامسىنغ

سورىدى .

— بۇ خارابىلىك ئۆنىڭدىنمۇ مۇھىم . مەن بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىنى ئالا قويماي قېزىڭلار ، — دېدى ستەين .

ئىبراھىمنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئىشلەمچىلەردىن تۆتى ، كەشمىرلىك بىر مۇسۇلمان مۇھاپىزەتچى بولۇپ بەشى ئۇلاغلارنى بېقىپ تۇرغىلى سىنگىر تېغى ئېچىدىكى يېتىمبۇلاققا ئېلىپ كەتتى . قالغان يىگىرمە ئالتە ئىشلەمچىنى ئىككى توققۇز ، بىر سەككىزدىن ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىپ قېزىشقا چۈشۈپ كەتتى . ئىشلەمچىلەر قېزىپ نېمىنى تاپىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى ، قېزىشنىلا بىلەتتى ، ھەربىر گۇرۇپپىنىڭ ئۈستىدە ستەيننىڭ ئىككى ئادىمى مىختەك قادىلىپ تۇراتتى . بىرەر تاختا ـ تارىشا ، لاتا ـ رەخت ، پالاس ، گىلەم پارچىسى ، يارماق ، ساپال پارچىلىرى چىقسىلا ، ئۇلار : «توختا !» دەپ توۋلايتتى ، ئۇ نەرسىلەرنى ئۇدۇللۇق تورى بويىچە ئايرىم يەرگە يىغىپ تۇراتتى... ۋاقىتنى تېجەش ، ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ستەين ئۆزى ئايرىم تەكشۈرەيدىغان ، ئۆلچەش ئىشلىرىنى رائى رامسىنغ بىلەن جاڭ شىيې بىللە قىلىدىغان بولۇپ بۆلۈندى .

— ھېلىدىن قېزىپ بولغان جايلارنى قانداق قىلىمىز ؟

— ئازراقلا ئالا قالغان جاي بولسا ، قېزىۋېرىڭلار .

«بولسا چىقار ، بولمىسا ماڭا نېمە ؟» مانا بۇ ستەيننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئىدى . كۆلشەھىرى خارابىلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن ھاسىلاتلار ، خارابىلىكنىڭ سانى ، ساقلىنىش دەرىجىسى ، ئۇ ئۈمىد قىلغاندىنمۇ كۆپ ، ياخشى ئىدى . مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئون نەچچە ئۆينىڭ ھەربىرىدىن ئۇ ئويلىمىغان دەرىجىدە مول قەدىمىي پۈتۈكلەر قېزىۋېلىندى . بىر ئەخلەت دۆۋىسىدىنلا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق تارىشا ۋە قەغەزگە يېزىلغان خەنزۇچە ۋە قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر تېپىلدى . بۇلاردىن باشقا قۇرۇلۇش ياغاچ نەقىشلىرى ، يۇڭ گىلەم پارچىلىرى ، سىرلانغان ئۆي سايمانلىرى ، ئاياللارنىڭ نەپىس تىكىلگەن

گۈللۈك كەشلىرى ، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىق نەرسە-
لەر تېپىلدى . ياغاچ ئويما ھەيكەللەر ، قاپارتما ھەيكەللەرمۇ ئاز
ئەمەس ئىدى . ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ، يىپەك توقۇلما بۇيۇم-
لار ، نىيىدە بايقالغان شۇ خىلدىكى نەرسىلەر بىلەن كىشىنى ھەيـ-
ران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئوخشاش ئىدى . بۇنى ستەيىن بىر
قاراپلا بىلىۋالدى .

— بۇ ئالامەت خارابىلىككەنغۇ ، كىچىكلا يەردىن مۇنچىۋالا
نەرسە چىقتى . ھەممە يېرىنى قازىدىغان بولساق… — رائى رام-
سىنىخ تېپىلغان نەرسىلەرگە ھەيران ئىدى .

شۇ كىچىككىنە بىر يېرىدىن تېپىلغان بۇ نەرسىلەر ، بۇ خارا-
بىلىكنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىگە ۋەكىللىك قىلىش ۋە ئۇنى چۈشەندۈ-
رۈشكە كۇپايە ئىدى . ستەيىن خەرىتىگە چۈشۈرۈلگەن بۇ خارابىلىككە
«LA» دەپ شەرتلىك بەلگە قويدى .

ستەيىن باشقا ياۋروپالىقلارنىڭ مىرەنگە ئۆزىدىن بۇرۇن كې-
لىپ ، قېزىلما يادىكارلىقلارنى ئېلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى ،
شۇڭا قېزىلمىلارنى ئېلىپ مىرەنگە قايتماقچى بولدى . شۇڭا تۇنۇ-
گۈنلا ئىبراھىمنى ئات ـ ئۇلاغلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ماڭدۇرۇ-
ۋەتكەنىدى .

— كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتامدۇق ؟ — نايىك رامسىنىخ
ستەيىندىن سورىدى .

— بۇ ئەتراپتا بۇنىڭدىن باشقا خارابىلىك بارمۇ ؟ — ستەيىن
ئىبراھىمدىن سورىدى .

— بۇ يەردىن يىگىرمە چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى تۆۋەن تەرەپتە
بۇنىڭدىن كىچىكرەك بىر خارابىلىك بولىدىغان ، كىچىك چېغىمدا
ئاتام بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆرگەن ، — دېدى ئىبراھىم .

— ئاڭلىشىمچە ، ئۇ يەر جىن ـ ئالۋاستىلار ئۇۋىسىمىش .
ئاشكارىلاپ قويغۇچىنىڭ ئاغزى قىڭغىر كېتەرمىش ، پۇتى ئېقىپ
تۇگەرمىش . مەن ئاڭلىمىغان بولاي ، سەن دېمىگەن بول . سەن
بىر قېتىم ئاشكارىلىدىڭ ، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق

كىشىگە ئاشكارىلاپ قويساڭ ياكى باشقىلارنى باشلاپ بارىدىغان بولساڭ ، ئاغزىڭ قىڭغىر كېتىپ تىلدىن قالىسەن ، پۇتۇڭ باسماس بولۇپ قالىدۇ ، — دەپ ستەين ئۇنىڭغا قورقاق سالدى .

ئادەمنى قورقۇتۇپ ئاغزىنى تۇۋاقلايدىغان بۇنداق گەپ قىلىنىشىنى ئۇ خوتەن تەرەپتە ئۆگىنىۋالغانىدى . بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئىبراھىم ئېيتقان خارابىلىككە بارىدىغان ۋاقتى يوق ئىدى ، مىرەنگە ، ئاندىن ئۇ يەردىن دەرھال دۇخانغا بېرىشقا ئالدىرايتتى .

— دۇخاندىكى ۋاڭ يۇنلۇ دەپ ئاتىلىدىغان بىر راھىبنىڭ قولىداساندۇق - ساندۇقلاپ پۈتۈك ، قولىيازمىلار بار ئىكەن ، بۇلارنى بىر غاردا مەخپىي ساقلاۋېتىپتۇ . بۇ يازمىلارنى سىۋېن ھېدىن قولغا چۈشۈرەلمەپتۇ . بىز چوقۇم قولغا چۈشۈرۈشىمىز لازىم . بۇ ساڭا يۇكلەنگەن ۋەزىپە ، — دېگەنىدى ماكارتنېي ، ستەين قەشقەردىن ماڭىدىغان چاغدا ئالاھىدە تاپىلاپ . ماكارتنېي گېرمانىيىلىك ئارخېئولوگ لىكوكنىڭمۇ دۇخانغا بېرىپ قېلىشىنى ئەسكەرتىپ ، ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويغانىدى .

ستەين ئىبراھىم ئېيتقان ئۇ خارابىلىككە ، بۇ خارابىلىككىمۇ دۇخاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئوبدان تەييارلىق قىلىپ باشقىدىن كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى…

ئۇلار مىرەنگە مېڭىپ توققۇز كۈندىن كېيىن ، كۆلشەھىرى خارابىلىكىگە ئۈچ ئاتلىق كىشى كېلىپ قالدى . مۇنارنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە يەردە دۆۋىلىنىپ كەتكەن كۈلنى ، كۆيۈپ بولالمىغان يۇمىلاق ، تۆت قىرلىق ياغاچلارنى ، شاللارنى كۆردى . بىرى ئاتتىن چۈشۈپ ، كۈلنى ئۆتۈكى بىلەن ئۇيان - بۇيانغا ئىتتىرىۋېتىپ ، ئاستىدىكى كۈلنى سىقىملاپ بېقىپ :

— قوغ بەك سوۋۇپ كېتىپتۇ ، ئۆت ئۆچكىلى ئون كۈندىن ئاشقان ئوخشايدۇ ، — دېدى . يەنە بىرىمۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئوت قالىغان يەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆرۈپ :

— ئوت ياققۇچىلار ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كېلىپ قالغان ئوۋچىلار ئەمەس ، قالانغان ئوتتىن ، ئىزدىن قارىغاندا ، جىق ئادەم ، —

دېدى .

— بۇنچىۋالا جىق نېمە ئادەملەردۇ ، ئاتام ئېيتقان ھېلىقى جىق ئادەملەر مۇشۇمۇيا ؟ ئىچىگە قاراپ باقايلى ، — دېدى دەسلەپ ئاتتىن چۈشكەن كىشى .

بۇ ئۈچەيلەن ئۆردەك ، تايۇق ، تۇردۇشلار ئىدى .

تايۇق «سەپسىن تۆرە»نىڭ بۇ خارابىلىككە كېلىپ ، كىشىلەرگە پۇل - ھەق بېرىپ توپىلارنى كولىتىپ ، ئەخلەتلەرنى ئاختۇرتۇپ تاپقان كىچىك - كىچىك تاختاي - تاردىشا ، لاتا - پاتا ، چىنە - قاچا ، ساپال پارچىلىرى ، تەڭگە پۇللارنى كۆرۈپ ، بولۇپمۇ بىر يىللاردا تۆمۈر كۆرۈپ ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويغان تاختاينى قولىغا ئېلىپ قاراپلا گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆردەكتىن ئاڭلاپ ، «سەپسىن تۆرە» قىزىقىپ قالغان ، ئەتىۋارلىغان بۇ خارابىلىككە ئۇمۇ قىزىقىپ قالدى .

— كۆلشەھىرىگە بېرىپ باقمىغىنىمغا ساق ئوتتۇز يىل بوپتۇ . گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ ئۇ يەرگە يەنە بىر بارغۇم كېلىۋاتىدۇ ، تېرىقچىلىقنى تۈگىتىپ بىر بېرىپ كېلەيلى ، — دېدى تايۇق .

— ئاڭلىشىمچە ، يېقىندا چاقىلىق تەرەپتىن كەلگەن ئوتتۇز نەچچە كىشى مىرەندىن يۇقىرى تەرەپكە كەتكەن ئوخشايدۇ . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاق - سېرىق چىراي ، كۆك كۆزلۈكلەرمۇ ، قارىمۇتۇق ئادەملەرمۇ باردەك ، ئەگەر بارغۇڭلار بولسا ، سوغۇق دېمىسەڭلار بېرىپ باقساڭلار بولىدۇ ، تاۋىم ياخشى بولغان بولسا ، مېنىڭمۇ بارغۇم بار ئىدى ، — دېدى ئۇماق .

ئۆردەك ئۆتكەندە سۈۋېن ھېدىننى كۆلشەھىرىگە باشلاپ بارغان چاغدا ، سۈۋېن ھېدىن ئۇنىڭغا تارىشا تاختاي ، قەغەز ، رەخت پارچىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ : «بۇ نەرسىلەر قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقىنىغا مىڭ يىللاردىن ئاشقاندۇ . بۇ ئاشۇ زامانلاردىن قالغان نەرسىلەر ، بۇلارنىڭ تېپىلغىنى بەك ياخشى بولدى» دېگەنىدى . مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى ئۇ نەرسىلەر كىمدىن قالغان ؟ قالاچ قاناقا ئېيتقان ئۇغۇش - ئەجدادلار شۇلارمۇيا ؟

— سوغۇق بولسىمۇ مەيلى ، بىرىپ باقساق قانداق ؟ — دېدى ئۆردەك .

— مەن كۆلشەھىرى دەپ ئاڭلىغىنىم بىلەن بىرىپ باقماپتىمەن . سىلەر بىلەن بىللە بىرىپ كۆرۈپ كېلەي ، — دېدى تۇردۇش .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ئىككى ھەپتىلىك يېمەكلىك ، سۇ ئېلىپ ماڭغاندى . ئۆردەك قالايمىقان ، ئوڭ - تەتۈر كولىغۇېتىلگەن ، توپىلار دۆۋىلىنىۋېتىلگەن يەرلەرگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى .

— قاراپ كەتتىڭغۇ ، ئۆتكەن قېتىم سەن كەلگەندە مۇنداق ئەمەسمىدى ؟ — تايۇق ھەيران قالغاندەك بولۇپ ئۆردەكتىن سورىدى .

— كىمنىڭ قىلغان قىلىقىدۇ بۇ ، ئۆتكەن قېتىمدىمۇ كولىغان ، ئازراقلا يەرنى كولىغان ، بۇنچىۋالا جىق يەرنى كولاپ ، بۇنداق ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتمىگەن . توپىلارنىڭ يۇمشاقلىقىغا قارىغاندا ، مۇنار ئەتراپىغا ئوت ياققانلار كولىغان ئوخشايدۇ .

— نېمىشقا كولىغاندۇ ؟ — تۇردۇش سورىدى .

— ھەقىچان ھېلىقىدەك نەرسىلەرنى تاپىمىز دەپ كولىغاندۇ .

— ئۇ ئەسكى - تۈسكى ، كونا - قۇرامساق نەرسىنى نېمە قىلار ؟ — دېدى تۇردۇش .

— بىر يىرى بولمىسا پرژۋالىسكىي[1] ، «سەپسىن تۆرە»لەر شۇنچە يىراقتىن بۇ يەرگە كەلمەس .

— ئەمىسە ئۇلار نەگە كەتكەندۇ ؟

— ئىزغا قارىسام ، تۆۋەن تەرەپكە كېتىپتۇ ، — دېدى تايۇق .

— كەينىدىن بىرىپ باقايلى ، ئۇلار نەدىن كەلگەن ، نېمە ئادەملەر ، يەنە نەگە بارىدۇ ، بىلىپ باقمايلىمۇ ، — دېدى ئۆردەك .

بۇ ئىشقا تايۇق بىلەن تۇردۇشمۇ قىزىقىپ قالدى . ئۇلار ئۆردەكنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ ، كەتكەنلەرنىڭ ئىزى ئۈستىدىن بىسىپ مېڭىپ كەتتى...

---

① پرژۋالىسكىي — پرژېۋالىسكىينىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى .

ستەين كۆلشەھىرى خارابىسىنى قويۇپ، مىرەن خارابىلىكىگە كەلگەنلىكىدىن بەك مەمنۇن بولدى. نەچچە كۈن ئىچىدىلا قولغا كەلتۈرگەن تېپىلمىلارنىڭ كۆپلۈكى، قەدىمىيلىكى، ئىلمىي تەت-قىقات قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇ مى-رەن خارابىلىكىدە كۆپ بولغاندا بەش كۈن تۇرۇشنى پىلانلىغان-ىدى، ئەمما بۇ يەردىكى ئاسارئەتىقىلەرنى، تام رەسىملەرنى قېزىپ بولالماي، ئېلىپ كېتەلمەي قويۇپ كېتىشكە كۆزى قىيمىدى. قېزىلغان، تېپىلغان بىر قىسىم نەرسىلەرنى ساندۇقلارغا قاچىلاپ ئالتە تۆگىگە ئارتىپ ئالدىن چاقىلىقتا ماڭدۇرۇۋېتىپ، باشقىدىن يەك شىمايلىدى. بىر ئىبادەتخانىدىن گەجدە ياسالغان مۇكەممەل بىر ھەيكەل بېشىنى، بىر پارچە پاتتارا نومىنى؛ تاملاردىن بىر تۈركۈم تام رەسىملىرىنى، بىر پەرىشتە رەسىمىنى، يەنە بىر ئىبا-دەتخانىدىن قارۇشتى يېزىقىدىكى ئايەت پۈتۈلگەن شايى لېنتىلارنى، ھەيكەللەرنى تاپتى ھەم بىر قاناتلىق پەرىشتە رەسىمىنى سويۇۋال-دى. ستەين مىرەندە قاناتلىق پەرىشتە رەسىمىنى تۇنجى بايقىغان كىشى بولۇپ قالدى. ستەين تام رەسىملىرىنى ئېلىشتا «توخۇنى ئۆلتۈرۈپ تۇخۇمىنى ئېلىش» ئۇسۇلىنى قوللاندى. تامنىڭ بۇ تەرىپىدىكى بىر رەسىمنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەتراپىدىكى، تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر تالاي رەسىملەرنى، تامنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ مۇ-شۇنداق قىلىۋاتقاندا، خارابە ئۈيگە ئۆردەك، تايۇق، تۇردۇشلار كىرىپ كەلدى.

يەردە پارچە - پارچە بولۇپ دۆۋىلىنىپ ياتقان گەج سۇۋاقلار-غا، قومۇرۇۋېتىلگەن كېسەك - خىشلارغا، چوڭ تۆشۈك ئېچىۋې-تىلگەن، سۇۋاقلىرى سويۇۋېتىلىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان تاملارغا قاراپ، ئۆردەكنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى.

— بۇلار نەدىن كەلدى، كىملەر بۇلار؟ — ئۆردەك ستەيننىڭ يېنىدا تۇرغان ئىبراھىمدىن سورىدى.

ئىبراھىم ستەينگە قارىدى، ستەين كىرگەنلەرنىڭ ئەلپازىغا قاراپ چاتاق چىققىدىغان بولدى، دەپ ئەنسىرەپ قالدى. بۇ ئۈچەي-



www.uyghurkitap.com

لەندىمۇ مىلتىق بار ئىدى. كەشمىرلىك تەرجىمان ئۆردەكنىڭ گېپىنى ئۆرۈپ بەردى.

— بىز «سەپسىن تۆرە» — سۆۋېن ھېدىننىڭ ئادەملىرى، بىزنى بۇ يەرگە ئۇ ئەۋەتكەن، — دېدى ستەين، تەرجىمانى ئارقىلىق. ئۇ ئابدالدا بۇ يەردىكىلەرنىڭ سۆۋېن ھېدىننى ئانچە يامان دېمەيدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ باقماقچى بولدى.

— مەن «سەپسىن تۆرە»نى مۇشۇ مىرەنگە باشلاپ ئەكەلگەن، كۆلشەھىرىگىمۇ باشلاپ بارغان، ئۇ بۇنداق قىلىۋەتمىگەن، بۇنداق قىلماڭلار! — دېدى ئۆردەك.

ئۆردەكنىڭ بۇ گېپىنىمۇ تەرجىمان ستەينگە ئۆرۈپ بەردى. گەپتىكى: «سەن سۆۋېن ھېدىنگە ئوخشىمايدىكەنسەن» دېگەن تەئەددى ستەيننى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. لېكىن، يەنە ئۇنىڭ سۆۋېن ھېدىنغا يول باشلىغۇچى بولغان ئادەملىكى ئۇنى قىزىقتۇردى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — ستەين تەرجىمانى ئارقىلىق سورىدى.

— ئۆردەك.

— ئۆردەك! — ستەين ئىنكاس قايتۇرۇپ بولغۇچە ئىبراھىم تاغ ھەيران قېلىپ ئۆردەككە قارىدى، — سىز تۇراق يولۋاسنىڭ نەۋرىسى ئۆردەك يولۋاسما؟

— ھەئە، بۇقىدەك يوغان يولۋاسنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ تۇرۇپ بوغۇزلىۋەتكەن باتۇر ئۆردەك يولۋاس مۇشۇ شۇ، — دېدى تۇردۇش پەخىرلىنىپ تۇرۇپ.

ئىبراھىم تاغ ئىتتىك كېلىپ ئۆردەك بىلەن كۆرۈشتى. تامنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن خىش - كېسەكلەرنى سۇغۇرۇۋېلىۋاتقان ئىشلەمچىلەر ئىشلىرىدىن توختاپ ئۆردەككە قارىدى.

— بىز ئۆزىمىزچە كەلمىدۇق، مەھەللە بەگ - ئاقساقاللىرى بىزنى مۇشۇ كىشىگە ئىشلەمچى بولۇپ بارىسىلەر، دەپ ئەۋەتتى، — دېدى ئىشلەمچىلەرنىڭ بىرى.

تەرجىمان بۇ گەپلەرنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. ستەين بۇ كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى نارازىلىقنى، ئىشلەمچىلەرنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ، ئەھۋالنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

ئۇنىڭ بايقىغان، ئېلىۋالغان نەرسىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، شۇ-ڭا، سۈركىلىش بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن ئىشنى يىغىشتۇرماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئالغىنى ئالغانچە بولدى، ئالماقچى بولغانلىرى شۇ پېتى ئورنىدا قالدى. ئۇ ئۆزى بىللە ئېلىپ ماڭىدىغان مۇھىم يادىكارلىقلارنى ساندۇقلارغا قاچىلاپ بولغانىدى، شۇڭا شۇ كۈنىلا ئادەملىرىنى باشلاپ قۇيرۇقىنى قىسىپ، چاقىلىق تەرەپكە راۋان بولدى.

ئۆردەك، تايۇق، تۇردۇشلار مىرەن خارابىلىكىنى ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن، قالاچ قاناقا بىلەن كۆنچىققانىبەگ، تۇلەك بوۋى-لارنىڭ ئاگاينى يوقلىغىلى ئابدالغا يۈرۈپ كەتتى.

## 6

ئوماق بۇلتۇرلا بۇنداق ئەمەس ئىدى، ساغلام، تېتىك، جۇش-قۇن ئىدى، تېخى ئورمىمۇ ئورغانىدى. ئالدىنقى يىلى مەھەللىدە يەتمىش ياشتىن توقسەن ياشقىچە بولغان قېرىلارنىڭ پالاق بىلەن كېمە تاياپ تارىم دەرياسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش ئويۇنى[1] بولغاندا، ئون سەككىز كېمىچى توققۇزدىن ئىككى توپقا بۆلۈندى. بىر توپتىكىلەردىن باشقىلار دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، ئوماق قاشقا چىقىپ بولغانىدى، يەنە بىر توپتا تۇردۇش ئۆتۈپ چىقتى. تۇردۇش ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ دەريا، كۆلدە كېمە تاياپ ئۆس-كەن ئۇستا كېمىچى ئىدى. ئەمدى ئىككىسىنىڭ كارامىتىنى كۆ-رۈشكە توغرا كەلدى. ئىككى قـۇدا كېـمە بەيگـىسـىـگە چۈشتى، بىرى بىرىدىن قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگۈچە ئىككىسى تەپتەڭ ئۈزدى. قىرغاقتىكىلەر تۇردۇشنى ئال-دىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ قاراشقانىدى، چۈنكى ئۇ ئوماقتىن ئون ياشقا يېقىن كىچىك ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن قىرغاققا بەش غۇلاچچە ئارىلىق قالغاندا، ئوماق ئېتىلغان ئوقتەك بىر شۇڭغۇپلا تۇردۇشنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى.

---

[1] ئويۇن — مۇسابىقە.

— غالس ، ـ غالس ، — دېگەندى ئاتسى ناسىربەگنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان ئىمىنبەگ ، ئـوماقنىڭ قـولىنى تـۇتۇپ تۇ-رۇپ ، — بۇ مەھەللىدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى كىمە تاياش ئويۇنىغا سالسا ، ئۆردەك بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغانلى-رى يوققۇ دەيمەن .

ئىمىنبەگ راست دەيدۇ . يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا چارا ، تى-كەنلىك ، كۆزلەكتە كىمە تاياشتا ئوماقنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى . كىمىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇۋېلىپ پالاق بىلەن تايىسا ، كىمىسى ئۇچمايتتىيۇ ، كىمىنىڭ باش تەرىپى سۇدىن ئىككى غې-رىچچە كۆتۈرۈلۈپ ، خۇددى بىلىقا ئېتىلغان قۇش شۇڭغۇغاندەك غۇيۇلداپ ئۈزۈپ كېتەتتى . كىمىنىڭ ئارقىسىدا كۆپۈكچىلەر ئۇ-زۇن سوزۇلغان بىر يول ھاسىل بولاتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئاتىسىنىڭ ئورنىنى بالىسى بېسىپ ، بۇ ئەتراپتىكى توققۇز مەھەل-لىدىكىلەردىن كىمە تاياشتا ھېچكىم ئۆردەكنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ باقمىدى ، شۇنداقلا بۇلتۇرغىچە ھېچكىم ئوماقنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ باقمىغانىدى . ئۇ شۇنداق ساغلام ، چەبدەس ئىدى ، ئەمما مۇشۇ يىل ئىچىدىلا شىپپىدە بوشاپ ، بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى ، بۇلتۇرغىچە چار تۇرغان چاچ ـ ساقىلى ئاقئۇلامىنىڭ پېيىدەك ئاپئاق بولۇپ كەتتى . ئوماقنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ھەممىدىن ئايقۇت ياخشى بىلەتتى .

بىر ئېغىز گـەپ — تۆمـۈرنىڭ ۋاپـاتى ئاتىغا بەك ئېغىر كەلدى .

ئوماق تۆمۈرنى قالاچ قاناقانىڭ ئالدىدا تۇغۇلغان دەپ ، خۇددى قاناقانىڭ پېشىگە تۇغۇلغاندەك ، شۇنداق چوڭ بىلەتتى . قالاچ قانا-قانىڭ گېپى بولۇنسىلا : «تۆمۈر قالاچ قاناقانىڭ كۆز ئالدىدا تۇغۇل-غان ، قاناقا ئۇنى كارامەت ئادەم بولىدۇ دېگەن» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى . ئۇ كېتىپ قالغىلى مانا بىر يىل بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشى ، بالدۇر ئۈزۈۋېتىلگەن قوغۇننىڭ بىخىدىكى زەخىم پىلەككە ئۆتۈپ كېتىپ ، پىلەكنىمۇ سولاشتۇرۇپ قويغان-

دەك ، ئوماقنى بوشاشتۇرۇۋەتتى .

چوڭ ئوغلى توختاقنىڭ پۈتى ساقايغاندەك قىلغان بىلەن ، تېخىچە قولتۇق تاياقنى تاشلىيالمىدى ، بۇ ئىشلار ئوماقنى ئايىغى يوق خىياللارغا سۆرەپ ئەكىرىپ ، خىيالچان ، جىمىغۇر قىلىپ قويدى . ئۇ ئۆيدىن چىقماي خىيالغا پېتىپ ئولتۇرىۋېرىپ ، بېلى تېلىپ ئاغرىپ ، يېنى يەر تارتىپ يانپاشلاپ ياتىدىغان بولدى ، ئاخىر مانا بىر ئاي بولدى ، يېتىپلا قالدى .

ئوغۇل ، كېلىن ، نەۋرىلەر ئوماقنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى ، ئايقۇتقۇ يېنىدىن نېرى بولمايتتى ، بۇ مېھرىبان قەدىنىسىنىڭ ھالىغا قاراپ ، ئۇمۇ تەڭ تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى . مەھەللىدىكىلەر‐مۇ بۇ مەھەللىنى بەرپا قىلغۇچىنىڭ ئۆيى ئەتراپىدىلا يۈرەتتى . كۆرسەتمىگەن ئەمچى قالمىدى ، ھېچقايسىسى ئۇ يېرى ياكى بۇ يېرى ئاغرىيدىكەن ، ئۇنداق كېسەلىكەن ، بۇنداق كېسەلىكەن دېيەل‐مىدى ، ھەممىسىنىڭ دېگىنى : «بالا كۆيۈكى» ، «بالا ئىچ ئاغرىقى» .

— چارىغا كۆچۈپ كېتەيلى ، — دېدى ئوماق بۈگۈن ئەتىگەن ناشتا قىلىپ بولۇپلا .

ئايقۇت بۇ گەپنىڭ ھامان بىر كۈنى ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، يەنىلا ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ئاڭلانغاندەك بىلىندى .

— نېمىشقا ؟ قۇدىلار مۇشۇ يەردە تۇرسا ، تايۇق ، ئۇلامخانىلار بىزنى دەپ كەلدىغۇ .

— ئۇغۇ شۇنداق ، ئاتا ‐ ئانامنىڭ ، تۇمۇرنىڭ ئاگايى شۇ يەردە تۇرسا .

— بېرىپ يوقلاپ تۇرساق بولىدۇغۇ .

— سىلەرغۇ بېرىپ يوقلاپ كېلەرسىلەر ، مەنچۇ ؟ مەن بارال‐مىسام ، ئاتا ‐ ئانامنىڭ تۇپرىقىنى تاشلىۋەتسەم بولمىغۇدەك . كېچە ئۇلار چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ ، «بىز يالغۇز قالدۇق ، بىزنى تاشلىۋەتتىڭ… » دەۋاتىدۇ . توختاق بىلەن ئۆردەكنى چاقىر ، ئۇ‐لارغا گەپ تاپىلايمەن .

ئوماق ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن ، ئايقۇت ئۇنىڭ ئىچىدى‐

كىنى بىلىپ بولدى ، كۆڭلى بۇزۇلدى ، ئىچىدە يىغلىغىنىچە سىرتقا ماڭدى .
هايال ئۆتمەي ئۆيگە ئوغۇل ، كېلىن ، نەۋرىلەر كىرىپ بولدى . بۇلارنىڭ كەينىدىنلا تايۇق ، ئۇلامخان ، تۇردۇش ، تىللاخان هەم قاسىم قاق ، ئۇنىڭ خوتۇنى خەلچىخانلارمۇ بىر - بىرلەپ كىرىپ كېلىشتى . چوڭلار سۇپىغا چىقىپ ئوماقنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراشتى .
— چارىغا كەتسەك دەپسەن ، بىزنى تاشلاپ كېتەمسەن ، — دېدى تايۇق .
— كېچە ئاتا - ئانام چۈشۈمگە كىرىپ قالدى ، «بىزنى تاشلىۋەتتىڭ...» دەپ ، مېنىڭدىن رەنجىگەنلىكىنى بىلدۈردى . قېشىغا يېقىنراق باراي دەيمەن .
تايۇق ئوماقتىن قايتا گەپ سورىمىدى ، ئۆزىنى تىڭشاپ خىيالغا چۆككەندەك بولدى - دە ، سۇپىدىن چۈشۈۋېتىپ تۇردۇش ، توختاق ، ئۆردەكلەرگە ئىشارەت قىلىپ سىرتقا ماڭدى . تايۇقنىڭ ئىشارىسىنى ئايغۇت سېزىپ قېلىپ ، ئۇنى باشقىچە چۈشەندى چېغى ، ئۇنىسىز يىغلىغىنىچە سىرتقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى ، كەينىدىن ئۇلامخان ، خەلچىخانلارمۇ ماڭدى .
— ئوماقنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى بىردىنبىر ئۈمىد - تىلىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاگايىنى پات - پات يوقلاپ تۇرۇش ئىكەن . تۆمۈرنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ ماڭغاندىلا ، هامان بىر كۈنى چارىغا كۆچۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىغۇ . كېتىشىنىڭ ۋاقتى مۇشۇ ئوخشايدۇ . بوپتۇ ، كۆچۈرۈپ قويايلى . بۈگۈنلا بىر ئادەم چارىغا بېرىپ ، چۈشىدىغان ئۆيلەرنىڭ هازىرلىقىنى قىلسۇن ، بىز بۇ يەردە كۆچۈرۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغاچ تۇرايلى ، — دېدى تايۇق .
— چارىغا مەن باراي ، — ئۆردەك شۇنداق دەپلا ئېتىنى ئەكەلدۈرگىلى ئۆيى تەرەپكە ماڭدى .
مۇشۇ مەسلىھەت بولۇپ ئۈچىنچى كۈنىلا كۆچۈشنىڭ ھەممە

تەييارلىقلىرى تەق بولدى . لوپ ئادەملىرىنىڭ قانچىلىك بىساتى بولاتتى ، ئوماقلارنىڭ ئۆيۋاقلىرى ئۈچ كالا ، بىر ئېشەككە ئارتىلـ. دى . قىرىق يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا ئوماقلار سۆگەتتاغ ئېغىزىدىن قارا قوشۇن كۆلى تەرەپكە كۆچۈپ ماڭغاندا ، پۈتۈن يۈكى ئۈچ كالىغا ئارتىلغانىدى ، مانا شۇنىڭدىن ھازىرغىچە بىر ئېشەكلىك بىسات كۆپىيىپتۇ . «ئارتۇق مال ئېشەككە يۈك» دېگەن گەپ مۇشۇنداق ئىشتىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك .

ئوماق ئات ـ ئۇلاغدا ئولتۇرالمايدىغان بولغاچقا ، شىرغا يا. ساپ ، ئىككى تۆگىنى قاتتى .

— بۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىگە كۆچۈپ كېلىدىغانلار بولسا ، بوش ئۆيلەرنىڭ قايسىسىدا ئولتۇرۇشنى خالىسا ئولتۇرىۋەرسۇن ، بۇرۇنقىدەك ئادەم ئولتۇرماي ئۆينى تۈگەشتۇرۇۋېتىدىغان ئىشنى قىلمايلى ، — دېدى تايۇق بىلەن تۇردۇشقا ، شىرغىغا ئورۇنلىشىپ بولۇپ ئوماق .

ئايقۇت ، ئۆردەكلەر يۇرت ـ جامائەت بىلەن خوشلاشتى . ئاي. قۇت ئۇلامخان بىلەن يەنە بىر قېتىم خوشلىشىپ ئېتىغا مىنىپ ، شىرغىنىڭ يېنىدا ئوماققا ياندىشىپ ماڭدى . ئايسۇلۇ ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ ، ئانىسى بىلەن قايتا ـ قايتا قۇچاقلىشىپ ، ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ، تەستە ئايرىلىشتى . ئۇلار ئون قەدەممۇ ماڭمىغانىدى ، ئۇلامخان قوشاق باشلىدى :

سىلەر كەتىپ ئابدالدىن ،
بىز قالغان كۆزنۇ ياشلاپ .
قۇرۇپسىلەر ياڭى يۇرت ،
بۇ يەردە ئەلنى باشلاپ .
سىلەردىنمۇ كۆرمەيمىز ،
كەتكەنگە بىزنى تاشلاپ .
خۇدايىمدىن تىلەيمەن ،
ئوماق ئاغىغا ساقلىق .

ھەممەڭلەرنى ئۇنايمەن[1] ،
تاماقىمدا ھەر ۋاقلىق .
ئۆمرۈڭلارغا يار بولسۇن ،
خۇشاللىق بىلەن ئاقلىق .
.......................

ئۇلامخان قوشاق ئېيتىشتىن توختىغان ھامان ئايقۇت بۇ قو-
شاقنى ئېيتتى :

ماكانلىق بولۇپ ئۆتمەك ،
بىزگە بەكمۇ ئۆتۈلگەن .
يوقتى بىزنى كۆچكۈمۈز ،
شۇنداق چاغى پۈتۈلگەن .
دوست - يارانلار چوڭ بىلىپ ،
ئىدۇق ئوبدان كۈتۈلگەن .

ئايقۇتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، قوشاق ئېيتىشتىن بىر تىنىق
توختاپ قېلىۋىدى ، «قېينانام قوشاق ئېيتىشتىن توختىغان چېغى»
دەپ ئويلاپ قالغان ئايسۇلۇ شۇئان تۆۋەندىكى قوشاقنى ئېيتتى :

يەنە كۆچۈپ قايتىپ ماڭدۇق چاراغا ،
ئىجىلىم دوست ئوغۇل - قىزلار ياخشى قال .
كۆنلۈرۈمۈز ئەجەب ئۆتتۇ تۇغقاندەك ،
قۇچاقى باغ قىر - ئېتىزلار ياخشى قال .
ئۇنتۇمايمەن ، ساپان ، سۆرەم كەينىدىن ،
داڭگال سوقۇپ باسقان ئىزلار ياخشى قال .
....................................

[1] ئۇناش - ياد ئېتىش ، ئەسلەش .

ئوماقلارنىڭ چارىغا يۆتكىلىپ كەلگىنىگە يېرىم يىلدىن ئېشىپ، كۆز ئۆتتى، قىشمۇ ئۆتتى، يىل ئۆرۈلۈپ، كېيىنكى يىلنىڭ ئەتىياز پەسلىمۇ كېلىپ قالدى. يەردىن يەرگە يۆتكىلىپ، تۇپراق، مۇھىت ئالماشقاچقىمۇ، ئوماقنىڭ سالامەتلىكىدە ياخشىلىنىش بولغانىدى، كېلىپ بىر ئايدىن كېيىنلا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇپرىقىغا ئېشەككە مىنىپ بارالايدىغان بولدى.

— سېنى بالدۇرلا كۆچۈرۈپ ئەكەلسەك بوپتىكەن، — دېدى ئالىبايىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن چارىنىڭ يېڭى ئاقساقىلى مۇتالى، — سېنى تۇراق يولۋاس ئورنىدا چوڭ بىلگەندەك، ئۆردەك ئالتۇنىنىمۇ چوڭ بىلىمىز.

— بولدى، بولدى، مېنى قۇرۇق ئالقادۇۋەرمەي[1]، قېنى، گېپىڭنى قىل، بىزنىڭ باللار قايسى يەرنى تېرىيدۇ؟

— قايسى يەرنى دەيسەنغۇ، ئوماق ئاغا، چارىدىن كېتىشتىن بۇرۇن ئاچقان، تېرىغان يېرىڭلار بارغۇ. بىز ئۇ يەرنى ھەر يىلى ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ تېرىشىغا بېرىپ تۇرغان، شۇ يېرىڭلارنى تېرىساڭلار بولىدۇغۇ.

— مېنىڭ يەنە بىر دېمەكچى بولغىنىم، تۇلەمخانلارنىڭ يېرىنى بىزنىڭ تېرىشىمىزغا بەر، تۇلەمخانلار ئۈچۈن بىز تېرىپ قويايلى، بۇنى تۇلەمخانغا ئېنىق قىلىپ دەپ قويساڭ قانداق؟

— ئۆتكەندە ئۆردەكمۇ قېيىنانامنىڭ قانچىلىك يېرى بولسا بىز تېرىپ بېرەيلى، دېگەن. بۇ ئىشنى تۇلەمخانغا ئېيتسام، ئۇلارغا ئېغىر چىلىقىمىزنى سالارمىزمۇ، دېگەن. مەن ئويلىسامىمۇ شۇنداق، توختاق تېخى تولۇق ساقىيىپ بولالماپتۇ، ئۆردەككە ئېغىر كېلىپ قالارمىكىن. يەنىلا باشقىلارنىڭ تېرىپ تۇرغىنى ياخشىمىكىن.

— ياڭشاما[2]، قۇدىسى، كۈيئوغلى تۇرغان يەردە، باشقىلار-

---

① ئالقادى — ئالقىشلىدى؛ ماختىدى، مەدھىيىلىدى.
② ياڭشاش — بىلجىرلاش، ۋايساش، غۇدۇراش.
«بىر ئول ياڭشار ئەسەر كېرەكسىز سۆزۈگ»
(بىرى، كېرەكسىز سۆزنى كۆپ بىلجىرلاش).
«قۇتادغۇبىلىك»

نىڭ بەرگىنىگە قاراپ تۇرامدا ؟
— بولىدۇ ، بولىدۇ ، ئاچچىقلانما ئاغا ، دېگىنىڭدەك
قىلايلى...
شۇنداق بولدى . ئۆردەكلەر ئۆز يېرىنىمۇ ، تۇلەمخانىنىڭ يېرد-
نىمۇ قەرەلىدە تېرىپ تۈگەتتى . ئۆردەكنىڭ چارىدىمۇ دوست -
ئاغىنىلىرى جىق ئىدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دېھقانچىلىقنى ئاساس
قىلىپ ، بېلىقچىلىقنى قوشۇمچە ئېلىپ بارسا ، بەزىلىرى يەنىلا
كونا ئىگىلىك يولىدا مېڭىپ ، ئاساسلىق بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇل-
لىناتتى . ئۇلارنىڭ يېرى ئاز بولغاچقا ، ئۈچ كۈندىلا بېسىقىپ
بولۇپ ، ئۆردەككە ياردەملەشتى .
ئوماقنىڭ ياخشىلىنىشى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدىن ئۆ-
تۈۋېلىش ئۈچۈنلا بوپتىكەن ، 4 - ئاينى كۆرۈپلا خېمىغا يېنىپ
ئورۇن بېسىپ ياتتى ، كۈندىن - كۈنگە تامىقى ئازلىدى ، ئاز كۈن
ئىچىدىلا كۆرۈنەرلىك ئورۇقلاپ ، باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قال-
غاندەك هالغا چۈشۈپ قالدى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ
ئۆردەكنى يېنىغا چاقىرىپ ، بىر چاغدا مەھەممەت مەرگەن سۆزلەپ
بەرگەن ، كېيىن ئۆزى بىر هەپتە ئىزدەپ تەستە تاپقان قەبرىستان-
لىق توغرۇلۇق سۆزلەپ كېلىپ :
— سەن شۇ ماقاتلىقنى ئىزدەپ تاپ ، كۆلشەھىرى بىلەن
ئارغان ئارىلىقىدىكى چوڭ قۇملۇق ئوتتۇرىسىدا ، شۇنداق قاقاس
قۇملۇق ئوتتۇرىسىغا نەدىن پەيدا بولۇپ قالغان ماقاتلىق ، كۆلشە-
هىرى ، مىرەندىكىدەك بىرەر ئۆينىڭ يارتا - يېرىم تېمىمۇ كۆرۈن-
مەيدۇ .مەن كەتسەم ، ئاتىم ئۆتەر[1] ، لېكىن ئۇ ماقاتلىق قېلىۋېرد-
دۇ . سەن دېگەن هېلىقى «ئايدىن تۆرە» كۆرۈپ قالمىسۇن .
ئۆمرۈڭگە ياشىم كىرسۇن[2] ، ئۇ ماقاتلىقنى كۆرسەڭ سەنمۇ هەيد-
ران قالىسەن ، — دېدى .
ئوماق بىلگەندەك ۋەسىيىتىنى قىلىۋاپتىكەن ، ئارىدىن توققۇز

[1] ئاتىم ئۆتەر نام - نىشانىم ئۆچەر .
[2] ياشىم كىرسۇن - مېنىڭ يېشىم سېنىڭ يېشىڭغا قېتىلىپ كەتسۇن ، مېنىڭ يېشىمنى قوشۇپ ياشا ، ئۇزۇن ياشا ، دېگەن مەنىدە .

كۈن ئۆتۈپ ، ئايقۇتنىڭ ئالدىدا ياتقىنىچە جەمىدە كېتىپ قالدى . قىزىق ، شۇنچە يىلدىن چارىغا كەلمىگەن قاسىم قارى ، ئۇماق جان ئۈزگەن كۈنى كېلىپ قالدى . قاسىم قارى مەھەللىنىڭ چوڭلىرى بىلەن بىللە ئۇماقنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تەييارلاپ ، مېيىتنى ئۆز قولى بىلەن سۇغا ئالدى . ئۇماقنىڭ ئۆلۈمى تۇلەك بوۋىنىڭكىدىنمۇ داغدۇغىلىق ئۆزىدى ، مېيىت نامىزىغا تىكەنلىكتىن كۆنچىگىچە بولغان چوڭ - كىچىك مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ ھەممىسى كەلدى . مېيىت نامىزىنى قاسىم قارى چۈشۈردى . ئۇماقنىڭ جەستى ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇپرىقىنىڭ يېنىغا قويۇلدى . يەتتە كەتمەن توپا تاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، قاسىم قارى بىر مۇسىبەتلىك دىلنى ئون قىلىپ ئېزىپ ، تىترەڭگۈ ئاۋازدا بىر سوزۇپ ، بىر ئۈزۈپ ، ئۈزۈندىن - ئۈزۈن قىرائەت قىلدى .

قاسىم قارىنىڭ كېلىپ قىلىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى . ئۇماق ئېغىرلىشىپ قالغان كۈنلەردە ، قاسىم قاق ئاق رەختىنىڭ غېمىنى قىلىپ كورلىغا بارغاندا ، ئۇماقنىڭ ئەھۋالىدىن قاسىم قارىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغانىدى ، دىدار كۆرۈشۈۋالاي دەپ كېلىپ ، ئۈلگۈرەلمەي قالدى شۇ .

ئايقۇتنىڭ قەدىنىسىنى ياد ئېتىپ توقۇپ ئېيتقان قوشاقلىرى ئۈزۈنغىچە ئۈزۈلمىدى ، مەھەللىدىن مەھەللىگە ئۆتۈپ كەڭ تارقىلىپ كەتتى .

## 7

— نېمانداق ئالدىرىتىدىغاندۇ ؟

— شۇنى دەيمىنا ، چىنىباغنىڭ[1] يولى بولمىسا بۇ .

ستەيىننىڭ ئالدىراتقىنىغا قەشقەرلىك ئىككى ياللانما خادىم ئۆزئارا ئۇنىڭغا نارازىلىقىنى دېيىشىپ كەلمەكتە .

ستەيىن ھەقىقەتەن ئالدىراۋاتاتتى . ئۇنىڭ بۇ ئالدىرىشى ، بى-

---

① چىنىباغ — قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى تۇرۇشلۇق جاي .

رى ، رىقابەتچىلىرىدىن كېلىۋاتسا ، يەنە بىرى ، خوجايىنىنىڭ قىستىشىدىن ئىدى . ئۇ 2 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىدە بۇنداق ئالدىرىمىغانىدى ، بۇ قېتىم ئىختىيارسىز ئالدىرىدى ، بۇ قېتىم گېرمانىيە ، فرانسىيە ، رۇسىيىلەرنىڭ ئارخېئولوگىيە ـ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنىڭ كۈچلۈك رىقابىتىگە دۇچ كەلدى .

سۇۋېن ھېدىن 1901 ـ يىلى ئۆردەك ، تۆمۈر ، توختىلارنىڭ يول باشلىشىدا كۆلشەھىرىگە كەلگەندە ، ئۆردەك بۇددا ئىبادەتخانىسى مۇنارى يېنىدىكى توپا ئارىسىدىن تېپىۋالغان ، يۈزىگە قارۇشتى يېزىقىدا خەت پۈتۈلگەن تاختاينى كۆرۈپ گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتكەن . سۇۋېن ھېدىن ئۇنى شۋېتسىيىگە ئېلىپ كېتىپ تىلشۇناسلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى . ئۇنى گېرمانىيىلىك ھىملىر ، يەنە بىر گېرمانىيىلىك خەنزۇشۇناس كۇنراد[1] لار تەتقىق قىلىپ ، تاختايدىكى خەتنىڭ غايىب بولۇپ كەتكىنىگە بىر مىڭ بەش يۈز يىل بولغان ، تارىختا تارىم ـ تەكلىماكان بويىدىكى مەركەز شەھەرلەرنىڭ بىرى ، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دېلتا بويىچە ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە مەركىزى[2] نىڭ نامى — كروران ئىكەنلىكىنى دۇنياغا جاكارلىدى . شۇنىڭ بىلەن «بۈيۈك بايقىغۇچى» سۇۋېن ھېدىننىڭ بېشىغا شان ـ شۆھرەت تاجلىرى قونۇش بىلەن تەڭ ، خۇددى تاتلىقنىڭ ھىدىنى ئېلىپ قالغان چۈمۈلىلەر شۇ تەرەپكە يوپۇرۇلغاندەك ، ياۋروپا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئارخېئولوگ ، ئېكسپېدىتورلارنىڭ دىققەت ـ نەزىرى كروران خارابىلىكىگە تىكىلدى . تەرەپ ـ تەرەپتىن ئارخېئولوگ ـ ئېكسپېدىتسىيىچىلەر كروران ، مىرەن ۋە باشقا خارابىلىكلىرىمىزگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى . گېرمانىيە ، فرانسىيە ، رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى . بۇلارنىڭ بەزىلىرى دىيارىمىزغا كىرىپ بولغان ، بەزىلىرى سەپەر ئېتىنىڭ ئۈزەڭ-

[1] كۇنرادنىڭ خەنزۇچە ئىسمى خۇلۇڭ خاۋگۇ .
[2] بۇ نەقىل – خۇ شەننىڭ «لوپنۇر ئەسلىمىلىرى»گە قاراڭ .

گىسىگە پۇت قويۇۋاتاتتى .

— تاچىبانازىيچۇنىڭ[1] كروران ، مىرەنلەردىن ئىمىلەرنى ئې-لىپ كەتكىنىنى بىلەمسەن؟ سۈرئىتىڭ ، ھەرىكىتىڭ تېز بول-سۇن ، — دېگەندى ماكارتىنىي ، ستەيىننى ئاگاھلاندۇرۇپ .

ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئون سەككىز ياش-لىق ئەزاسى تاچىبانازىيچۇ يەنە بىر ھەمراھى بىلەن 1909 - ، 1910 - يىللىرى كروران ، مىرەنگە كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم كېلىپ ، بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندى . ستەيىن ئۇنىڭ پەقەت «لى بو پۈتۈكلىرى» دەپ ئاتالغان بىر قەدىمكى پۈتۈكنى تاپقانلىقىنى بىلىسمۇ ، ئەمما كرو-رەندىن يەنە ئىمىلەرنى تاپقانلىقىنى ، مىرەندىن ئىمىلەرنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى .

«لى بو پۈتۈكلىرى» دەپ ئاتالغان ئۇ تېپىلما جۇڭگونىڭ بەش غوز ، ئون ئالتە بەگلىك دەۋرىدە ئالدىنقى لياڭ خانلىقى غەربىي رايونغا ئەۋەتكەن دورغا لى بو مىلادىيە 328 - يىلى لوپ كۆلى رايونىغا كەلگەندە ، كىنگىت[2] خانى قاتارلىق بىرقانچە خانلارغا ياز-غان يوللانمىلار بولۇپ ، تارىخىي قىممىتى يۇقىرى ئىدى . ستەيىن ئالدىنقى قېتىمدا ئۆردەكلەر كېلىپ قېلىپ ، ئالالماي قالغان تام رەسىملىرىنى تاچىبانا ئەكەتتىمىكىن ، دەپ بەك ئەنسىرەپ يۈردى .

— بۇ قېتىم كرورانغا قايسى يول بىلەن ماڭىمىز ؟ — رال سىنگخ ستەيىندىن سورىدى .

ئالدىنقى قېتىم چاقىلىقتىن مىرەن تەرەپكە ماڭغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى . بۇ قېتىم مىرەننىڭ بىرىسىدىن يانداپ يۇقىرىلاپ كېتىۋاتاتتى . ستەيىن ئادەتتە ئېكسپېدىتسىيىگە مۇناسىۋەتلىك كى-چىككىنە پىلانىنىمۇ رىقابەتچىلىرىنىڭ قولىغا يېتىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ مەخپىي تۇتاتتى ، شۇڭا بۇ سەپىرىنىڭ يۆنىلىشى توغرۇلۇقمۇ ھېچكىمگە تىنمىغانىدى . ئۇ ئەتراپقا قارىۋېتىپ رال

---

[1] تاچىبانازىيچۇنىڭ خەنزۇچە ئىسمى جۇ رۇيچاۋ .
[2] كىنگىت — قارا شەھەر .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىنگخقا پەس ئاۋازدا :

— قورۇقتاغ تەرەپ بىلەن ماڭىمىز ، — دېدى .

ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە گورۇپپىسىمۇ توققۇز كىشىلىك بولۇپ ، ئاساسلىق ئەزالىرى رال سىنگخ ، جاسۋات سىنگېر ، قەشقەردە قوشۇلغان لى شىيې ئىدى . ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سادىق ھەمراھى جاڭ شىيېنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كەتكەچكە ، ماكارتنېي ئۇنىڭ ئورنىغا لى شىيېنى تونۇشتۇرغانىدى . لى شىيې گىزى ئېغىر ، سۆزى قىممەت ئادەم بولۇپ ، بىر قېتىم سۆزلىشىپلا ستەين ئۇنى ياقتۇرمىدى . ئۇنى خوجايىنى تونۇشتۇرغاچقا ، ئىلاجىسىز گورۇپپىسىغا قوشۇۋالدى . ستەيننىڭ بۇ قېتىم كىرورانگە تاغ تەرەپتىن كەلمەكچى بولۇشى ، ئالدىنقى قېتىمدىكى ساۋاقتىن كەلگەنىدى . قوملۇق ئېكسپېدىتسىيىسىدە ھەممىدىن مۇھىمى سۇ ، ئاندىن قالسا يېمەكلىك ئىدى . ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئالدىدا مىرەنگە ، ئاندىن كىرورانغا بېرىپ ، يەنە مىرەنگە قايتىپ يۈرمەي ، ئالدىدا كىرورانغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن مىرەنگە كېلىپ ، ئاندىن چاقىلىق ئارقىلىق خوتەن - قەشقەرگە قايتىشنى پىلانلىغانىدى . ئۇ تارىم دەرياسىنى ياقىلاپ مېڭىپ چارىغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرىلاپ ، ئاندىن قورۇقتاغ تەرەپكە بارماقچىدى ، ئۆردەكنىڭ چارىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ ، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا سەزدۇرمەسلىك ئۈچۈن ، قارادايدا سۇ غەملىۋېلىپ ، شۇ يەرلىك بىر كىشىنىڭ يول باشلىشىدا ، قارادايدىن كۆن ئاستىغا[1] بېرىپ ، بىر قورۇق ئېقىن ئىچى بىلەن مېڭىپ يامبۇلۇق توغراق دېگەن يەردىن فېڭشى بىر ۋاقىتتا «يىڭپەن» ئىكەن دەپ قويغان قاقشاللىقنى يىراقتىن يانداپ ئۆتۈپ ، شىڭدى تېغى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى .

ستەين ئۆردەكتىن ئۆزىنى قاچۇرغىنىدەك ، ھەرقانداق يەرلىك ئەمەلدارلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولدى . ھازىرغىچە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقانداق بىر ئەمەلدارى چەت ئەللىكلەر-

---

[1] كۆن ئاستى جاي ئىسمى .

نىڭ بۇ رايوندا قەدىمىي مىراسلارنى تەكشۈرۈشىنى ، قىزىشىنى توسمىغان . 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى مەنچىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ ، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت تىكلىگەن بولسىمۇ ، جايلاردىكى بىردىنبىر ئۆزگىرىش ، ئامباللار مەنچىڭچە قالپاقنى تاشلاپ ، ئىنگلىزچە قالپاق كىيگەنىدى . شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تىنچ ئىدى ، ئىنقىلاب ئېلىپ كەلگەن داۋالغۇشلارمۇ بېسىققانىدى . لېكىن ، بۇنداق پايدىلىق پۇرسەت يەنە قانچىلىك داۋاملىشىشىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى ، شۇڭا ستەين جۇڭگودىكى ئەقلىيىلىك ھېكمەت «پەشنى قېقىپ كېتىش» ئۇسۇلى بويىچە ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىق تاكتىكىسىنى قوللانماقچى بولدى .

قارادايلىق يول باشلىغۇچى بىر چاغلاردا ئۆردەكنىڭ : «قاقشاللىق مۇھىم جايدەك قىلىدۇ ، ئۇ يەرنى كەلگەنلا ئادەملەرگە كۆرسىتىپ قويمايلى» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالغانىدى . شۇڭا ستەيننى يىراقتىن ياندىتىپ ئېلىپ ماڭغانىدى .

ستەين ئابدۇرېھىم ئۆۋچىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ تەستە تاپتى .

— تۆگە ، ساندۇقلىرىڭلار جىق ئىكەن ، بوش ساندۇقلارنىڭ ھەممىسىگە مۇز قاچىلايلى ، 2 ـ ئايغىچىمۇ مۇز ئېرىپ كەتمەيدۇ . تاغلىقلاردىن تۇلۇم سېتىۋېلىپ ، ئۇنىڭغىمۇ يېتىمبولاقتىن سۇ قاچىلايلى . توڭلاپ كەتسە كېرەك يوق ، تۇلۇملارنى كېسىپ ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى مۇزنى ئىشلىتىسىلەر . تۆگىدىكى مۇزلارنى مىرەنگە بارغۇچىلىك يولدا ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ ، — دېگەن مەسلىھەتنى بەردى ئابدۇرېھىم ئۆۋچى .

بۇ مەسلىھەت ستەينگە ياغدەك ياقتى . ئابدۇرېھىم ئۆۋچىنىڭ بەش تۆگىسى بار ئىدى ، ئۇلارنىمۇ ئىجارىگە ئالدى...

ستەيننىڭ كىرورانغا كېلىپ نىملەرنى قىلىپ ، نىملەرنى ئالغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئۆز قەلىمىدە ، ئۆز قولى بىلەن يازغان خاتىرىسىدىن بىلەيلى :

«مەن ئىككى قەدىمىي قورغاننى زىيارەت قىلدىم . ئۇلارنى
ئالدىنقى قېتىم مەن بىلەن لوپ كۆلى رايونىغا كىرگەن توختاخۇن
بۇرۇنقى يولنىڭ غەربىدىكى قۇملۇقتا بايقىغانىدى... ئۇلاردىن ئانچە
يىراق بولمىغان جايدا يەنە بىر مەھەللە بايقىلىپ ، ئۇ يەردىن خەنزۇ
يېزىقى ، قارۇشتى يېزىقى ، بۇرۇنقى سوغدى يېزىقى ، براخما يېزى-
قىدىكى پۈتۈكلەر ۋە كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، توقۇلما بۇ-
يۇملارنىڭ قالدۇقلىرى قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى . بۇ خارابىلىكلەر
ۋە شۇ ئەتراپتىكى قەدىمىي دەريا يولىنىڭ ئورۇنلىرى ئىنتايىن
مۇھىم ئىدى .»

«بۇ ھەقىقىي بىر ھالاكەتلىك جاي ئىدى... گەرچە يەر يۈزى
ئېغىر يىمىرىلىشكە ئۇچرىغان ، نۇرغۇن تاش ۋە مىس يادىكارلىق-
لارنى بايقىغان بولساقمۇ ، لېكىن كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانلاندۇ-
رىدىغان پەيت ئەمدى كەلگەنىدى — بىر غايەت زور ۋە شۇ تۆپەيلى
كۆچمە قۇملارغا كۆمۈلۈپ كېتىشتىن ئامان قالغان ، شامالنىڭ
يىمىرىلىشىگە ئۇچرىغان تۆپىلىكتە بىر پارچە قەدىمىي قەبرىستان-
لىقنى بايقىدۇق . گۆر ئىچىدە كۆتۈلمىگەن بىرتالاي ئاسارئەتىقىلەر
— ھەر تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە چىرىگەن كىيىم - كېچەك-
لەر تولۇپ ياتاتتى ; قارىغاندا بۇرۇنقىلار بۇنىڭدىنمۇ قەدىمكى گۆر-
لەر ئىچىدىن بۇ نەرسىلەرنى بولۇشىغا يىغىشتۇرۇپ ئەكېلىپ ،
جەسەت بىلەن بىرگە مۇشۇ جايغا كۆمۈپ قويغانمۇ قىلاتتى .
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نەپىس كىمخابلار ، يىپەك كەشتىلەر ، چىراي-
لىق توقۇلغان گىلەم ۋە ھەر خىل رەخت پارچىلىرى كۆزلەرنى
ئالا چەكمەن قىلىۋېتەتتى . مېنىڭچە ، بۇ نەرسىلەر شەرقىي خەن
سۇلالىسى زامانىغا تەئەللۇق بولۇپ ... شۇنچە كۆپ چىرايلىق گۈل
نۇسخىلىرى بىلەن رەڭدار بوياقلارنىڭ قايتىدىن يورۇقلۇققا چىققاز-
لىقى ، توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى تارىخىدا بىر يېڭى سەھىپە
ئاچىدۇ ، دەپ قارايمەن . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گىرۋىكى نەقىشلەنگەن
مۇكەممەل مىس ئەينەك قاتارلىق نۇرغۇن باشقا نەرسىلەرمۇ
بار ئىدى» .

— بۇ نەرسىلەرنى يىغىۋاتىسىلەر، نېمە قىلىدىسىلەر بۇنى؟ — ئابدۇرېھىم ئۆۋچى كەشمىرلىك شەمشىدىندىن سورىدى.

— بىلمەمسەن؟ — شەمشىدىن ئەجەبلەنگەن چېغى، — ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەربىرى پاللان پۇل، شۇڭا كېلىدۇ ئۇلار، — دېدى.

— سىلەر بىر ئەمەسما، ئايدىن تۆرە نەددىن كېلىدۇ؟ — ئابدۇرېھىم ئۆۋچى شەمشىدىندىن بەكرەك ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— ئۇ بىزگە پۇل بېرىدۇ، بىز ئۇنىڭغا ئىشلەيمىز شۇ، تاپقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ، ئۇنىڭ كېلىدىغان يېرى بەك يىراقتا.

ئابدۇرېھىم ئۆۋچى ئۆزىنى تىڭشاپ قالغاندەك جىمىپ كەتتى.

ستەين بۇ قېتىم كرورراندا نومۇر قويۇپ تۇرۇپ ئون ئۈچ نۇقتىنى قېزىپ، يۇقىرىقىدەك مول تېپىلمىلارغا ئېرىشتى. پەقەت ئۈچىنچى، تۆتىنچى نومۇرلۇق ئۆيلەردىن ھېچ نەرسە چىقمىدى، بىر نەرسە چىقمىغانسىرى ئۇلار - تەتۈر قېزىپ، خارابىلىكنى تېخىمۇ تۈگەشتۈرۈۋەتتى. ئابدۇرېھىم چىدىيالماي قالغاندەك بولدى.

— بۇنداق قىلىۋەتمىسەڭلار بولىتتى، سىلەر كېتىسىلەر، كېيىن بالاسى بىزگە بولىدۇ، بولدى، مەن كېتىمەن، — ئابدۇرېھىم ئۆۋچى شۇنداق دېدى - دە، تۆگىلىرىنى يېتىلىگىنىچە كېتىپ قالدى.

ستەين ئابدۇرېھىم ئۆۋچىنىڭ ئۇنداق دېيىشىنى، كېتىپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى، ئۇنى قولىقى يۇمشاق، ياۋاش دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ گېپىگە، بولۇپمۇ پېشىنى قېقىپ كەتكىنىگە تېخىمۇ ھەيران قالدى. «ئادەم باشلاپ كېلەمدۇيا؟» ستەين ئۆزىنىڭ ئويىدىن ئۆزى چۆچۈپ، يۈرىكى ئېغىپ كەتتى.

— قېزىشنى توختىتىپ، نەرسىلەرنى قاچىلاڭلار! — ستەين ئادەملىرىگە بۇيرۇق قىلدى.

ھېلىمۇ ئۇلار قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تۈرى بويىچە ئۇدۇللۇق قاچىلاپ تۈرغانىدى ، كېيىنكى ئىككى نۇقتىدىن ھېچ نەرسە چىقمىغاچقا ، ساندۇقلارغا قاچىلايدىغان نەرسىلەر جىق قالمىغانىدى . ئۇلار شۇ كۈنىلا قاچىلايدىغاننى قاچىلاپ ، تۆگىلەرگە ئارتقۇدەك قىلىپ تەقلەپ قويىدى . ستەيىننىڭ مەيلىچە بولسا ، كېچە دېمەي ھازىرلا مېڭىپ كەتسە . سوغۇقنىڭ ئۇستىگە ھاۋا تۇتەكلىشىپ كەتتى ، قەھرىتان كۇپتىغا چىققانىدى ، گويا ھاۋا ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ يولىنى توسۇپ تۇرۇۋاتقاندەك ياكى يولغا چىقىشقا كاشىلا پەيدا قىلىۋاتقاندەك ئىدى . ئۇنىڭ تۈيغۇسى «ئوغرى گۇمانخور» دېگەندەك بولۇۋاتاتتى . كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزمەي بولمىدى . تۆگىلەرنىڭ كۆشەپ چىقارغان «غارت - غۇرت»لىرى ۋە باشقا ئاۋازلار ستەينىگە يىراقتىن بۇ تەرەپكە قاراپ ئاتلىقلار كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، كۆز يۇمماي تاڭ ئاتقۇزدى . كۈنچىقىش تەرەپ بىلىق قورسىقى رەڭگە كىرىشكە باشلىغان ھامان ئۇلار ساندۇق ۋە باشقا يۈك - تاقلارنى تۆگىلەرگە ئارتتى - دە ، ناشتىمۇ قىلماي يولغا چىقتى ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئۆز سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ قاچتى !...

ستەينلەر ئىككى كۈن قاتتىق سوغۇقنى دېمىگەندە ، يېنىك شامالدىن باشقا ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىمىدى ، لېكىن ستەيىننىڭ يۈرىكى پوك - پوك ئىدى . ئۇچىنچى كۈنى غەرب تەرەپتىن ئۇرغان شامال ئۇلارنىڭ مېڭىشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى . شامالنىڭ ئاچچىق ، سوغۇق زەھرى بىر يەردە قېلىپ ، ئۇچقان قۇملار يۈزلەرگە يىڭنە سانجىلغاندەك تېگەتتى ، كۆزنى ئاچقۇزمايتتى ، تەرەپلەرنى پەرقلەندۈرۈشمۇ تەسلەشتى ، كومپاسقا قاراشمۇ مۇمكىن بولماي قالدى .

— ھەي ، ئابدۇرېھىمنىڭ كەتكىنى ياكى باشقا يەرلىك ئادەمدىن بىرنى ئېلىۋالماپتىكەنمىز ، — دېدى رال سىنگخ .

ئۇنىڭ بۇ گېپى ستەيىننىڭ ئاغرىقىنى تېخىمۇ ئېچىشتۇرۇۋېتىپ تۈز سەپكەندەك بولدى - دە ، ئۇنىڭغا گۈلىيىپ قويدى . بۇ ئەلۋەتتە

www.uyghurkitap.com

قاراڭغۇدا ئالىيىۋالغاندەك بىر ئىش ئىدى. شامال بوشايدىغاندەك ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كۈچىيىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مېڭىۋېرىشكە بولماي قالدى. تەلىيىگە ئۇلار پاكار ـ پاكار يارداڭلىق بىر يەرگە كېلىپ قالدى. كۈن كەچ بولۇۋاتقاندەك كۆكۈم پەردىسى يېيىلماقتا ئىدى. ئۇلار كېچىنى يارداڭلىقنىڭ دالدىسىدا ئۆتكۈزمەكچى بولدى… كېچىنى كىرپىك قاقماي تۈنەپ ئۆتكۈزۈشتى. شامال پۈتۈنلەي توختىمىغان بولسىمۇ، تۈنۈگۈنكىدىن، كېچىدىكىدىن كۆپ بوشىغانىدى. ئۇلار يۈك ـ تاقلارنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ يولغا چىقتى. «قورققانغا قوش توقۇناق» دېگەندەك، ئۇن قەدەم ماڭار ـ ماڭماي، ئىككى تۆگىدىكى يۈكنى تاڭغان تانىلار ئۈزۈلۈپ كېتىپ، يۈكلەر يېشىلىپ ئىچىدىكى نەرسىلەر چېچىلىپ كەتتى. ئۇلار يىمەكلىك ئىدى، چېچىلىپ كەتكەن يىمەكلىكنىڭ يېرىمىنى يىغىۋالالىدى. سوغۇق قۇمغا قول تەگكۈزمەكمۇ تەس ئىدى. يىغىۋالغانلىرىنى مىڭ تەسلىكتە تېڭىپ ئارتىپ ماڭدى. ئۇلار بىرەر سائەت مېڭىپلا مىرەنگە يېتىپ كەلدى. ئەسلىدە ئۇلار ئاخشاملا مىرەنگە يېقىن كېلىپ قالغانىدى، شامال، قۇم كۆزنى ئاچۇرمىغاچقا، بىلەلمىگەنىدى.

ئۇلار يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ، ئات، تۆگىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى ـ دە، ئۆزلىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى ئىچىگە كىرىپ بىرقۇرلا تاماقلىنىۋالدى.

— بۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايمىز، ئالدىنقى قېتىمدا ئالالماي قالغان بىرنەچچە تام رەسىملىرىنى ئېلىۋېلىپلا مېڭىپ كېتىمىز، — ستەيىن بىر ئادەمنى مۇنار ئۈستىگە چىقىپ قاراپ تۇرۇشنى، بىرەر ئادەم كېلىۋاتقۇدەك بولسا خەۋەر قىلىشنى تاپىلاپ قويۇپ، قالغان ئادەملىرىنى ئىشقا تەقسىم قىلدى، — … مۇشۇنداق قىلىمىز، قېنى، ئىشقا كىرىشەيلى، — دېدى.

بۇ قېتىممۇ «توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، تۇخۇمىنى ئېلىش» ئۇسۇلى بويىچە ئىش قىلدى. ئالغىنى بىر «قاناتلىق پەرىشتە» رەسىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇن بىر تام رەسىمى بولۇپ، بۇزۇۋەتكەنلىرى

ئۆنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى . ئۇ مىرەندىن ئالغان تام
رەسىملىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئالتە چوڭ سۇ تۇڭىغا قاچىلىدى .
ئۇنىڭ يەنە جىق نەرسىلەرنى ئالغۇسى بار ئىدى ، «قاناتلىق پەرىش-
تە» ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەردى . «قاناتلىق پەرىشتە»نىڭ بىر
ئۆزىلا ستەيىن ئۈچۈن باشقىلار ئوڭاي ئېرىشەلمەيدىغان ، «تەڭرى
پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئاتا قىلغان» چوڭ غەنىيمەت ئىدى…

ستەيىن بۇ دىيارىمىزدىن قانچىلىك نەرسە ئېلىپ چىقىپ
كەتتى ؟

بىلىسىز ، خوتەن - نىيىلەردىن يەتتە ساندۇق مەدە-
نىيەت يادىكارلىقىنى ، قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردىنلا يەتتە يۈز
يىگىرمە سەككىز پارچىنى ، كىروران - مىرەن خارابىلىكىدىن توق-
سان ساندۇقتىن ئارتۇق ، قارا شەھەر - كورلا ئارىلىقىدىكى شىك-
شىن مىڭئۆي خارابىلىكىدىن ئون ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى-
نى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . بۇلارغۇ چەت ئەللەردىكى ھەرقايسى
مۇزېيلاردا ساقلىنىدۇ ، ئەمما بۇلارنى ئالىمەن دەپ بۇزۇۋەتكەنلىرى
ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىرىدىن جىق ، بۇ ، مەڭگۈگە ئورنىغا سەپ-
لىگىلى بولمايدىغان يوقىتىش . بۇنى ئويلىسىڭىز ئازابلى-
نىسىز .

دۇنخۇاڭدىن قانچىلىك نەرسە ئەكەتتى ؟

بۇنىمۇ بىلىپ باققۇڭىز كېلىۋاتامدۇ ؟ ستەيىن دۇنخۇاڭدىكى
تاش كېمىرلەردە مۇكەممەل ساقلانغان ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ،
قىرىق ئالتە كۋادرات مېتىرلىق قولىيازمىلار ئىچىدىن ئاز بولغاندا
ئىككى قېتىمدا ئىككى يۈز ئوتتۇز باغلام ، يىگىرمە تۆت ساندۇق
نوم ، پۈتۈكلەر ، بەش ساندۇق تام رەسىملىرىنى تاللىۋالغاندىن
باشقا ، ۋاڭ راھىبقا مائاشىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغان[1] بەش يۈز
رۇپىيە قىممىتىدىكى تۆت تاقا كۈمۈش بېرىپ ، ئۇنىڭ قولىدىن
يەنە ئەللىك باغلام يۆگەلمە كىتاب ، بەش باغلام تۇبۇتچە نەرسىلەرنى
ئېلىپ كەتتى…

---

[1] ستەيىننىڭ ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىن ئالىدىغان ئايلىق مائاشى 1250 رۇپىيە ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئېلكىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 8

— ئەجەب قۇملۇق ئىچىگە كىرىدىغان بولۇپ قاپسەنغۇ؟
— بۇ ئاتامنىڭ ۋەسىيىتى ئەمەسمۇ؟
— مىجەز ـ تاۋىم ئانچە ياخشى ئەمەس، كېلەر يىلى بارساڭ بولمامدۇ؟
— بۇ يىل قانداق يىل؟
— قانداق يىل؟ — ئايقۇت ئۆردەكنىڭ سوئالىنى تەكرارلاپ دېدى، — ئادەتتىكى يىلغۇ.
— ئادەتتىكى يىل دەمسەن، — ئۆردەك ئانىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ دېدى، — ئاتام هايات بولغان بولسا، قانچە ياشقا كىرەتتى؟
ئايقۇت بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ:
— يۈز ياشقا كىرەتتى، — دېدى.
— شۇنداق، — دېدى ئۆردەك، — ئەسلىدە مەن بولتۇر ئەللىك ياشقا تولغان يىلىمدا قۇملۇققا كىرىشنى ئويلىغانىدىم، خىيال قىلسام، ئاتام بۇ يىل يۈز ياشقا كىرىدىكەن، شۇڭا بۇ يىل كىرمەك بولدۇم.
— بىلدىم، بىلدىم، ئاتاڭنىڭ ۋەسىيىتىنى يۈز ياشقا كىرىدىغان يىلىدا ئورۇندىماق بوپسەن. ئۇ يەر يىراقمۇ؟
— بېرىپ باقمىسام قانداق بىلىمەن، بىلمەيمەن.
— قاچان ماڭاي دەيسەن؟
— كېيىنكى هەپتىدە.
— يالغۇزمۇ، يا ...
— بېرىپ باقمىغان قۇملۇققا يالغۇز بارسام بولمايدۇ، ماقۇل دېسە، سالتاڭ قاسىم بىلەن بىللە بارايمىكىن، دەيمەن.
— قۇملۇق سەپىرىدە ئاشۇنداق بىر ئادەمنىڭ بولغىنى ياخشى، قوشۇق ئېيتىپ ئادەمنى زېرىكتۈرمەيدۇ.

ئۆردەك قۇملۇق سەپىرىگە ھەمراھلىققا سالتاڭ قاسىمنى تاللاشتا، ئۇنىڭ كىشىنى زېرىكتۇرمەيدىغان تەرىپىدىن باشقا، سەپەرگە چىداملىقلىقى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقى ئىدى. ئۇ ئېغىر جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە چوڭ بولغاچقا، خېلى - خېلى ئېغىرچىلىقلارغا چىدايتتى، ۋايساپ كەتمەيتتى.

سالتاڭ قاسىم ئۆردەكنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل تاپتى. ئۇمۇ كۆڭلىدە: «قاچان ئۆردەكلەرنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرارمەن» دەپ يۈرەتتى. ئۆردەك ئەينى يىللىرى ئاكىسى بىلەن مېڭىپ يۈرۈپ، ئۇنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويغانىدى. تېخى ئۇنىڭ ھازىر ئالدىدا ئويناقلاپ يۈرىدىغان ئالتە ياشلىق ئوغلىمۇ بار.

— بولىدۇ، ئۆردەك ئاكا، سەن مېنى نەگە باشلىساڭ بارىمەن، نېمە قىل دېسەڭ قىلىمەن، — دېدى سالتاڭ قاسىم ئويلانماستىنلا.

ئايقۇت بىر ھەپتىدىن بېرى ئىككىسىگە ئىككى ھەپتىلىك يېمەك - ئىچمەك تەييارلىدى. ئالدى بىلەن سۇ قوشماي سۈت بىلەنلا يۇغۇرۇپ توقاچ يېقىپ يېپىۋەتتى، ئاندىن ئىككىسى كۈنىگە بىردىن يېسە، دەپ ئىچىگە ئۇجۇل تالقىنى، جىگدە تىرىپى، بېلىق تالقىنى بىلەن بېلىق يېغى سېلىپ ئون بەش بېلىق پوستلىقى قۇيدى، قايناق سۇغا ئىككى جاۋۇر سۈت ئارىلاشتۇرۇپ، ئون سەككىز تال جىگدە سېلىپ، مەخسۇس بىر تۇلۇم ئۇسالىق تەييارلىدى. ئۇجۇل تالقىنى، جىگدە تىرىپىگە بېلىق گۆشى تالقىنى، پىشۇرۇلغان غاز، ئۆردەك تۇخۇمىنىڭ سېرىقىنى ھەم بېلىق يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر ئاپقۇر ئارىلاشما تالقان تەييارلاپ بەردى. ئۆردەك بىلەن سالتاڭ قاسىم ئىككى ئات بىلەن ئىككى تۆگىنىڭ يەم - بوغۇز، سۇ تەييارلىقىنى قىلدى.

10 - ئاي قۇملۇقتا سەپەر قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى. بۇ ئايدا ئىسسىقنىڭ تاۋى بوشايدۇ، بەلكى كۈنسېرى سالقىنلاپ بارىدۇ. شامالمۇ تىنىۋالىدىغان ئاي. ئۆردەكلەر بىر تۆگىگە ئۆزلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى، بىر تۆگىگە ئات، تۆگىلەرنىڭ

يەم ـ بوغۇز ، سۈيىنى ئارتىپ يولغا چىقتى . ئۇماق ئۆردەككە قايسى تەرەپ بىلەن مېڭىشنى ئېيتىپ بەرگەندى . ئارغانغا بارغۇ- چىلىك چوڭ يولدا مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . كىشىلەرنىڭ دىققىتى- نى قوزغىماسلىق ئۈچۈن تۆگىگە كولدۈرما ئاسمىدى . يولدا سورۇ- غانلارغا : «ئابدالغا ماڭدۇق» دەپ قويدى . تىكەنلىككە بارغاندا بۇ- لارنى ئىمىنبەگ كۆرۈپ قالدى .

— نەگە ماڭدىڭلار ؟ — ئىمىنبەگ ئۆردەكتىن سورىدى .

— ئابدالغا ، — ئۆردەك قىسقىلا جاۋاب بەردى .

— سالتاڭ قاسىمنى ئېلىۋالغىنىڭغا قارىغاندا ، قوشۇق ئېيتىد- شىش بولامدۇ نېمە ؟

ئۆردەك نېمدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي ، بىر تىنىق تۇرۇپ قالدى . شۇنداق دېسە ، ئەتىلا مەھەللىدىكىلەر قوشاق ئېيتىشقاننى كۆرگىلى ، ئاڭلىغىلى قومۇرۇلۇپلا ماڭىدۇ . دەقىقە ئىچىدە ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر گەپ كەلدى .

— ئەسلىدە ئارغان تەرەپكە ئوۋغا ماڭغان ، ۋاقىت چىقىپ قالسا ئابدالغا بېرىپ قايتارمىز ، دەپ ئويلاۋاتىمىز ، — دېدى ئۆردەك .

ئىمىنبەگ تۆگىلەردىكى يۈكلەرگە قاراپ ، بۇلارنىڭ ئوۋغا ماڭمىغانلىقىنى پەملىگەن بولسىمۇ ، ئۆردەكنىڭ نېمىشقا يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي ، بىر ئۆردەككە ، بىر سالتاڭ قا- سىمغا قاراپ قويدى .

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ، ناھىيىدە ئامبال ، تۆۋەندە بەگ ـ ئاقساقاللىق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدى . ئىمىنبەگ تىكەنلىك — كۆزلەكنىڭ شاڭجىڭى بولغان بولسىمۇ ، كىشىلەر ئۇنى ئادەتلەنگەن ئاتىقى بويىچە «بەگ» دەۋېرەتتى . ئۇنىڭ گۇماڭ- لانغىنىنى ئۆردەكمۇ سېزىپ قالدى ، يەنىلا نەگە ماڭغانلىقىدا راس- تىنى دېمەسلىكنى لايىق تاپتى .

ئۆردەكلەر ئۈيدىن چىقىپ ئىككىنچى كۈنى چۈشتە ئارغانغا يېتىپ كەلدى . ئۇلار مۇشۇ يەردىن كۈنچىقىشقا قاراپ مېڭىپ قۇملۇققا كىرىپ كەتمەكچى ، ئات ، تۆگىلەرنى يۇمشاق توغراغان

هۆل بېدىگە قوناق ، پۇرچاق يارمىسى ئارىلاشتۇرۇلغان بوغۇز بىلەن ئوبدان باقتى ، قانغۇدەك سۇغىرىۋالدى . بۇلارنىڭ قۇم ئىچىگە نېمىگە بارىدىغانلىقىنى بىلمىگەن بىرنەچچە بوۋاي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى . بۇ قېرىلار ئۇلار كېتىۋاتقان قۇملۇققا بېرىپ باقمىغان بولسىمۇ ، ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئۇنى : «ئەڭ يامان قۇملۇق» دەپ ئاڭلىغانىدى .

ئۆردەكلەر مەھەللىسىدىن ئۇزاپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز بىر قۇملۇق قۇچاق ئېچىپ كۆرۈندى . قۇمنىمۇ كۆردى ، سالتاڭ قاسىمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قوشاق باشلىدى :

كىمنى بولسا قوي - مالى ،
شۇنىڭ ئىكەن زامانمۇ .
تارتقان جاپا ، دەرد تولا ،
بىز شۇنداق يارالغانمۇ ؟ !
بايلار ئۇچۇن سۆزلەركەن ،
بەگ ، خوجاملار ، ئىمامىمۇ .
بولۇپ قالدىم قاق يېتىم ،
ماڭا قالدى «سالتاڭ»لىق .
بەرگەنىكەن ئاتامغا ،
بۇ ئات - نامنى سالداملىق[1] .
تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ ،
بولدۇم خەققە قاراملىق .

بۇ ئالەمنى ئىشىنى ،
بولمايدۇكەن بىلگەلى .
يارالغانمۇ بىز ئىشلەپ ،

---

[1] سالدام — جاي نامى .

بايلار ياتىپ يىگەلى .
بولماسا بەگ ئالدىدا ،
ھەقنى ھەقچە دەگەلى .
....................

— ھە ، توختاپ قالدىڭغۇ ، ئىچىڭدە گېپىڭ جىق ئوخشايدۇ ، قېنى ، ئېيتە ، ئېيتىۋال ، — دېدى ئۆردەك .

ئۆردەكنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا سالتاڭ قاسىم بۇ قوشاقنى ئېيتتى :

ئايتاي دەسەم گەپ تولا ،
كىم ئاڭلايدۇ قۇملۇقتا .
ئوتتۇز ياشقىچە سالتاڭ ،
ئۆتۈپتۇمەن قۇللۇقتا .
سەتاقتار شەيتاننى ،
كۆكچى[1] دېگەن شۇملۇقتا .

سالتاڭ باشىم جۇپ بولدۇ ،
ئۆردەك سىلاپ باشىمنى .
ئىس چىقارىپ مورامدىن ،
ئىچەر بولدۇم ئاشىمنى .
ئارا بولسۇن خۇدايىم ،
قوشۇپ ياشا ياشىمنى .

— بولدى ـ بولدى ، قوشاق ئېيت ، دەپ قويسام ئېيتقان قوشقىڭىنى قارا . سېنىڭ يېشىڭنى مەن ياشامدىمەن ، ئۆزۈڭچۇ… — ئۆردەك گېپىنى دەۋېتىپ كۈلدى .

سالتاڭ قاسىممۇ كۈلۈپ كەتتى…

---

[1] كۆكچى — ئادەم ئىسمى .

مانا، ئۇلارنىڭ قۇملۇق ئىچىگە كىرگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولدى. ئارغاندىن چىقىپ بىر يېرىم كۈنگىچە كۈنچىقىشقا قاراپ ئۇدۇل ماڭدى، ئاندىن يۇقىرى تەرەپكە بۇرۇلۇپ ماڭدى. سالتاڭ قاسىم ھەر - ھەر قۇملۇقنى كۆرگەن، لېكىن بۇ قۇملۇقنى كۆرۈپ ئۇنى سۇر باسقاندەك بولدى.

— ئۆردەك ئاكا[1]، بۇ ئاجايىپ بىر قۇملۇقكەنغۇ، قۇم دۆۋىلىرىمۇ باشقىچە، يونۇۋەتكەندەك، يارداڭغىلا ئوخشايدىكەن، — دېدى سالتاڭ قاسىم.

— مەنمۇ بۇ قۇملۇقنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن. ئابدال، ئويتوغراق ئەتراپىدىكى، مىرەن، كۆلشەھىرىدىكى قۇملۇقلارنىمۇ كۆرگەن، لېكىن بۇنداق غەلىتە كۆرۈنۈشلۈك، قورقۇنچلۇق قۇملۇقنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى ئۆردەك.

ئۇلار كۈن پاتارغا يېقىن كۈنچىقىش، كۈنپېتىش تەرىپى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان، بىر تەرىپى تىك قىيادەك غەلىتە، ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى يېنىغا كېلىپ قالدى.

— قاسىم، — ئۆردەك ئۇنىڭ قۇم دۆۋىسى توغرىسىدىكى گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك باشقا بىر گەپنى قىلدى، — بىز ئۆيدىن چىققىلى بۈگۈن نەچچە كۈن بولدى؟

— ھېسابلاپ باقايمۇ، — سالتاڭ قاسىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناشقا باشلىدى، — ئۆيدىن ئارغانغا بىر يېرىم كۈندە كەلدۇق، ئارغاندىن كۈنچىقىشقا قاراپ بىر يېرىم كۈن ماڭدۇق، ئاندىن يۇقىرى تەرەپكە بىر كۈن ماڭدۇق، مۇشۇ ئەتراپتا تۆت تەرەپكە مېڭىپ يۈرگىلى بەش كۈن بولدى. ھېسابلىسام، بىز ئۆيدىن چىققىلى توققۇز كۈن بوپتۇ.

— توغرا ھېسابلىدىڭ، — دېدى ئۆردەك، — ئاتام ماڭا ماقاتلىقنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان غەلىتە شەكىلدىكى ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى، ماقاتلىقنىڭ يېنىدا ئۆس-

---

[1] لوپلۇقلاردا ئاكىسىدىن باشقا چوڭ كىشىلەرنى ئاغا دەيدۇ، ھەرگىز «ئاكا» دېمەيدۇ. سالتاڭ قاسىم ئۆردەكنى ئۆز ئاكىسىدىن چارە كۆرگەچكە، ھۆرمەتلەپ «ئاكا» دېگەن.

تەڭچىلىك چوڭلۇقتا بىر ئېقىن ئىزىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان، بۇگۇن بىز مۇشۇ يەردە قونۇپ، ئەتە ئەتراپقا ئۇبدان قارايلى.

مەسلىھەت بويىچە ئۇلار ياپراقلىق قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىدا ياتىدىغان بولدى. كەچلىك تاماقنى يەپ، ئات، تۆگىلەرنىمۇ بېقىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆردەك تۇرۇپلا قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ياتىدىغان بولۇپ قالدى.

— نېمىشقىدۇر، — دېدى ئۆردەك، سالتاڭ قاسىمنىڭ نېمىشقا ئەمدى، دېگەن سوئالىغا قارىتا، — كۆڭلۇم قۇم دۆۋىسى ئۇستىدە يېتىشنى تارتىپ تۇرىدۇ، — دېدى - دە، ئىككى پالاسنى كۆتۈرۈپ، قۇم دۆۋىسىگە قۇيرۇق تەرىپى بىلەن چىققىلى يۈرۈپ كەتتى.

سالتاڭ قاسىم ئىچىدە: «غالىس ئادەم - دە، بۇ» دېگىنىچە ئۆردەكنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى… قايسى چاغ بولۇۋىدىكىن، خىيال بىلەن يېتىپ سالتاڭ قاسىمنىڭ كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، ئۆردەك:

— قاسىم، ئويغاقمۇسەن؟ — دەپ توۋلىدى.

— ئەمدى ئۇخلاي دېگەن، ھە، نېمە بولدى؟

— ئىتتىك قېشىمغا چىققىنا، ئاۋۇ تەرەپتە ئوت كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

«نېمە دەيدىغاندۇ» سالتاڭ قاسىم ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق دېسىمۇ، «بۇ ئادەمسىز دەشت قۇملۇقتا كۆرۈنگەن نېمە ئوتتۇ» دەپ قىزىقىپ، ئۇمۇ قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ كەتتى.

سالتاڭ قاسىم ئۆردەك كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپلا ھەم ھەيران قالدى، ھەم قورقتى. يىراق بىر يەردە ئوت چاچراندىسىدەك، لېكىن يېشىل - كۆكۈچ بىرنېمە ئۈزۈك - ئۈزۈك يالىلداپ تۇراتتى.

— ئاتام تۆمۈر ئاكام بىلەن بىللە «سەپسىن تۆرە»گە يول باشلاپ قاقشالىقتا بارغاندا، كېچىسى يىراق بىر يەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئوت چاچرانىسىدەك بىرنېمە كۆرۈنۈپتىكەن. ئەتىسى

شۇ تەرەپكە بېرىپ ، بىر تۆپىلىكتە چوڭ بىر ماقاتلىقنى كۆرۈپتىكەن . «سەپسىن تۆرە» كېچىدە كۆرۈنگەن كۆكۈچ پال - پالنى پوس دەپتىمۇ ، پور دەپتىمۇ[1] ، بىرنېمە دەپتۇ . ماقاتلىقتا ئېچىلىپ قالغان سۆڭەكلەردىن پالىلداپ ئوت كۆرۈنەرمىش ، ئەتە بىز شۇ تەرەپكە بېرىپ باقايلى ، — دېدى ئۆردەك ھەم ئەتىگەنلىككە نىشاننى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ، ھاسا قىلىشقا ئېلىۋالغان تاياقنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ قويۇپ ، يەنە بىر ئۈچىنى قۇم بىلەن باستۇرۇپ قويدى .

ئۆردەك خىيال بىلەن يېتىپ كېچىنى تەستە تاڭغا ئۇلىدى . سونۇر بىلەن تەڭ كېچە «پال - پۇل» كۆرۈنگەن تەرەپنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى . ئۆردەككە ئات ، تۆگىلەر ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ ئەتەي ئاستا مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى ، ئۆردەك تەقەززالىقتا ئالدىرىغانسېرى يول ئاۋۇماپتاتتى .

— قاسىم ، قارىغىنا ، ئېقىن ، ئېقىن ئىزى ! — ئۆردەك ھاياجانلىنىپ توۋلىۋەتتى .

راست ، ئۇلار كىچىكرەك ، يوقىلىپ كېتەي دەپ قالغان ئېقىن ئىزى بويىغا كېلىپ قالغانىدى . ئېقىننىڭ بۇ تەرىپى پەس ، ئۇ تەرىپى ئېگىز ياردائىلىق ئىدى . ئۇلار يۇقىرى - تۆۋەن مېڭىپ يۈرۈپ ، ئەپلىك بىر يەرنى تېپىپ ئۇ قاتقا ئۆتتى . ئۆتتىيۇ ، ئالدىغا قاراپ كۆزلىرى ئېچىلىپلا قالدى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەرەخلەرنىڭ ئالدى ئادەمنىڭ بېلىدەك ، كەينى پاچاقتەك بولغان بۈك ، ياش ئورمانلىق نېمىشقىدۇر قۇرۇپ ، قاغجىراپ كەتكەندەك ، قويۇق ياغاچلار ئېگىز - پەس چوقچىيىپ تۇراتتى ، يەردە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقانلىرىمۇ نۇرغۇن ئىدى .

— ماقاتلىقنىغۇ تاپتۇق ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — سالتاڭ قاسىم سورىدى . «قانداق قىلىمىز ؟» بۇ سوئالغا ئۆردەك جاۋاب بېرەلمەيتتى . ئۇ پەقەت ئاتىسىنىڭ : «ئۇ ماقاتلىقنى تاپ ، باشقىلارغا ئېيتىپ بەرسەڭمۇ ھېساب . كىشىلەر بىلمەي قالغاندىن بىل-

---

[1] فوسفورنى دېمەكچى .

گىنى ياخشى » دېگەن ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بۇ ماقاتلىقنى ئىزدىگەن .

— ئەتراپىنى ئايلىنىپ ، ماقاتلىقنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقتى بىلىپ باقايلى ، — دېدى ئۆردەك . ئۇلار ماقاتلىقنىڭ ئىچىگە كىرمىدى ، ئەتراپىنى ئايلاندى . ماقاتلىق خېلىلا چوڭ ئىدى .

— قاسىم ، — دېدى ئۆردەك ، — سەن بىر نەرسىنى خىيال قىلدۇڭمۇ ، مەھەللە ـ يۇرت بار يەردە ماقاتلىق بولىدۇ . ماقاتلىق بار يەردە ، ئۇنىڭغا يېقىن ئەتراپتا چوقۇم يۇرت ـ مەھەللە بولىدۇ . بىز بەش كۈندىن بۇيان مۇشۇ ماقاتلىق ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇق ، بىرەر يۇرت ـ مەھەللە تۇگۇل ، ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمىدۇق . ئويلاپ باقە ، بۇ دەشت قۇملۇقتا بۇ ماقاتلىق قانداق پەيدا بولۇپ قالغاندۇ ، شۇنچىۋالا ياغاچلار نەدىن كېلىپ قالغاندۇ ؟

بۇ سوئالغا سالتاڭ قاسىم ئەمەس ، ئۆردەكنىڭ ئۆزىمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى . ئۇنىڭدا مۇشۇنداق «قانداق» ، «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش ، چوڭ ئۆزگىرىش . ئاتىسى ئوماق ماقات توغرۇلۇق تېخى بۇنداق سوئال قويۇپ ئويلىنىپ كۆرمىگەنىدى .

ئۇ ماقاتلىقنى تاپتى ، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇندىدى ، ئەمدى بۇ يەردە ئۇ قىلىدىغان باشقا ئىش يوق ئىدى .

— قاسىم ، بىز هازىر قەيەرگە ئۇدۇل تۇرۇۋاتقاندىمىز ؟

— ماڭغان يولىمىزنى ئويلىسام ، قارادايىغا ئۇدۇل كېلىپ قالغاندەك قىلىمىز .

— مەنچىمۇ شۇنداق ، ئاتىنىڭ بوغۇزى تۇگىگۈچە قارادايىغا بېرىۋالايلى ، — دېدى ئۆردەك .

ئۆردەكنىڭ گېپى سالتاڭ قاسىمغا ياغدەك ياقتى . «قاچان كېتىمىز» دەپ سوراشقا نەچچە قېتىم ئۇمتۇلسىمۇ ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىغانىدى . ئېتىنىڭ بېشى قارادايى تەرەپكە بۇرۇلۇپ مېڭىشى هامان ئاغزى قوشاققا ئېچىلدى :

www.uyghurkitap.com

ئاچ - توق سەتاقىپ يۈردۈق ،
قۇملۇقتا تۆگە ، ئاتلىق .
توققۇز كۈندە ئاران بىر ،
تاپقانىمىز ماقاتلىق .
ئالدىرىدىم قايتىشقا ،
ئەجەب ئىكەن جان تاتلىق ،
.........................

ئۆردەك سالتاڭ قاسىمغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى ، گەپ قىلمىدى...

## 9

مىلادىيە 1934 - يىلى . مىنگونىڭ 23 - يىلى 4 - ئاينىڭ بېشى .

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسىدىن بىرگە تونۇش سۆزىن ھېدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن يۈ يىنچاۋ ، شېڭ رۇيخېڭلار چىقتى . ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئەتىياز ھاۋاسىنىڭ بۇلۇتسىز ئاسمىنىدەك ئوچۇق ئىدى . بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى .

يۈ يىنچاۋ ، شېڭ رۇيخېڭلار 1927 - يىلى بېيجىڭدا تەشكىللەنگەن سۆزىن ھېدىن باشچىلىقىدىكى «جۇڭگو - شۋېتسىيە غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى»نىڭ ئەزالىرىدىن بولۇپ ، تارىم بويىغا تۇنجى كېلىشى ئىدى . ئۇلار ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قالغان كورلىدا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئىككى يېرىم ھەپتىلىك ۋەھىمىلىك نەزەربەندتىدىن قۇتۇلۇپ ، قىرغىنچىلىقتىن يىراق ، تىمتاس بۇ خىيالىي جەننەتكە كەلگىنىدىن خۇشال ، كۆڭۈللىرى خاتىرجەم ئىدى . بېقىنىدىلا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشتىن كېيىن ، كۆڭلى تېخى جايىغا چۈشمىگەن ھاكىم گاۋ ۋېيۇ مېھمان-

لارغا قىزغىن ئىلتىپات كۆرسىتىپ ، يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئۇلارنى تېخىمۇ مەمنۇن قىلىۋەتتى . ئۇلار دەريا بويىغا كەلدى . دەريانىڭ ئىككى ۋادىسى ئېگىز يارداڭ ، سۇ يۈزى تۆۋەن بولۇپ ، بەزى جايلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىردىن ئاشاتتى . سۇنىڭ ئېقىشى ئاستا ئىدى ، بۇ ، سۇنىڭ خېلىلا تېرەنلىكىنى ھەم يەرنىڭ تەكشىلىكىنى كۆرسىتەتتى .

— ئەنە ئاۋۇ سىلەرگە تەييارلاپ قويۇلغان كېمە ، — دېدى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر خادىمى غارغالتىدا باغلاقلىق تۇرغان ئىككى چاپما كېمىنى كۆرسىتىپ .

ئىككىلا كېمە ئۈچ مېتىردىن ئۇزۇنراق بولۇپ ، خېلى كەڭ ئىدى . كېمىلەردە بىردىن ئىككى كېمىچى تەق بولۇپ تۇراتتى .

سۋېن ھېدىن ئالدىنقى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىلىرىدە لوپ كۆلىنىڭ كۆچمە كۆللۈكىنى ئىلمىي ، نەزەرىيە جەھەتتىن كۆرسىتىپ بېرەلىگەن بولسىمۇ ، جۇغراپىيىلىك ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن دەلىللەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدى . پەقەت كۆنچى ، تارىم دەريالىرى بۇرۇن قوشۇلۇپ ئاققان قۇرۇقدەرياغا سۇ كەلگەندىلا بۇ ئىش ئاندىن روياپقا چىقاتتى . ئۇ پۇرسەتمۇ كەلدى . سۋېن ھېدىن 1928 - يىلى تۇرپاندا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولۇۋاتقاندا ، تۇرپان بىلەن كۆنچى - لوپ ئارىلىقىدا سودا ئىشى بىلەن قاتناپ تۇرىدىغان ئابدۇرېھىم ، خوجا ئابدۇللا دېگەن كىشىلەردىن قۇرۇقدەرياغا سۇ كەلگىلى يەتتە يىل بولغانلىقىنى ، سۇنىڭ نەگە ئېقىپ بارىدىغانلىقىنى سىنچىرلىق ئوۋچى ئابدۇرېھىمدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى . ئاڭلىغان خەۋەردىن سۋېن ھېدىن قالپىقىنى ئاسمانغا ئاتمىغان بولسىمۇ ، شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كەتتى ، ئەمما جىددىي ئىش سەۋەبىدىن چاقىرتىلىپ شۋېتسىيىگە كېتىپ قالغانىدى . مانا بۈگۈن ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغان لوپ كۆلىنىڭ شىمالغا سىلجىۋاتقانلىقىنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى .

دەريا ئەگىملىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى . كېمە بىر ئە-

گىمدىن ئۆتۈپ بولماي تۇرۇپ يەنە بىر ئەگىمگە دوقۇرۇپ قالاتتى، كېمە بېرىپلا قىرغاققا سوقۇلىدىغاندەك. لېكىن، كېمىچىلەر كې-مىنى ھېلى پالاق بىلەن، ھېلى شۇرۇق بىلەن تاياپ، تار، ئۆتكۈر بۇلۇڭلۇق ئەگىملەردىن بېلىقتەك ئۈزۈپ، غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتەت-تى. سۈۋېن ھېدىن بۇنداق چاغدا قورقۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالاتتى. ئەگىملەر شالاڭلاپ، سۈۋېن ھېدىن ئۆزىنى خېلى خاتىرجەم ھېس قىلدى، ئېغىپ تۇرغان يۈرىكى جايىغا چۈشتى. دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يوپۇرماقلىرى تەڭگىدەك بولغان يېشىلزار بۈك توغ-راقلىق كىشىگە باھار ھۇزۇرى بېرەتتى. سۈۋېن ھېدىن ئۆز ئېلى-دە كۆرەلمەيدىغان، دەريا بىلەن پاراللېل بولۇپ ئۆزۈندىن - ئۈزۈنغا سوزۇلغان يېشىللىقتا مەپتۇن بولۇپ كېلىۋاتاتتى، كېمە-چىنىڭ:

— ئۆردەك! ئۆردەك! — دەپ ھاياجانلىنىپ توۋلىشىدىن سۈۋېن ھېدىننىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ، كېمىچىدىن سورىدى:

— قايسى ئۆردەكنى دەيسەن، قېنى ئۆردەك؟

— بىزنىڭ ئۆردەك، بىزنىڭ ئۆردەك يولۇۋاسچۇ، ئەنە توغراق-لىقتا كېتىۋاتامدۇ.

سۈۋېن ھېدىن كېمىچى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئىككى ئاتلىق كىشى بۈك توغراقلىق ئىچىدە تۆۋەن تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئىككىلىسىنىڭ مۈرىسىدە مىلتىق بار ئىدى.

— چارلىق ھېلىقى ئۆردەك يولۇۋاسما؟ — سۈۋېن ھېدىن ئاتلىقلارنى تونۇيالماي كېمىچىدىن سورىدى.

— ھەئە، بىزنىڭ بۇ لوپتا ئۆردەك يولۇۋاستىن شۇ بىرىلا بار.

سۈۋېن ھېدىننىڭ خۇشاللىقىغا يەنە بىر خۇشاللىق قوشۇلدى. «بۇ قېتىممۇ مېنىڭ ئامىتىم كېلىدىغان ئوخشايدۇ»، ئۇ ئىچىدە شۇنداق ئويلىدى، كېمىچىگە كېمىنى قىرغاققا يېقىنلىتىپ، ئۆر-دەكنى چاقىرىشنى ئېيتتى.

ئۆردەك دەرياغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ لوپ كىشىلىرىگە خاس سىنچى كۆزى بىلەن بىر قاراپلا سۈۋېن ھېدىننى يىراقتىنلا

تونۇۋالدى .

— ۋۇي ، «تۆرە خوجام» يەنە كېپىقاپتۇغۇ ، قاچان كەل-
گەن ؟ — ئۆردەك گەپ قىلغاچ ئاتتىن چۈشۈپ ، دەريا قىرغىقىغا قاراپ ماڭدى .

سۆبىن ھېدىن بۇ كەلگۈچىنىڭ ئۆردەك ئىكەنلىكىنى دەماللىقتا تونۇيالمىدى . ئۇ ئۆردەك بىلەن ئاخىرقى قېتىم قەشقەردە خوشلاشقاندىن بۇيان ئارىدىن ئوتتۇز ئىككى يىل ئۆتكەنىدى . سۆبىن ھېدىننىڭ ئالدىدا ئۆزىدىن بىر ياش چوڭ — يەتمىش ياشلىق ئۆردەك ئەمەس ، پېشانە — يۈزىنى گىرەلىشىپ كەتكەن تىلىم - تىلىم چوڭقۇر قورۇقلار قاپلىغان ، سوزۇنچاق يۈزىدە ئۇچتەك ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن ئۇزۇن ساقىلى ئېسىلىپ تۇرغان ، بېشىغا ئاق تىرە تەلپەك ، ئۇچىسىغا پالاستىن تىكىلگەن يەكتەك كىيگەن ، يۈز ياشلىقتەك بىر ئادەم تۇراتتى — بۇ ، ئۆردەك ئىدى ! جەمئىيەتتىنمۇ ، تەبىئەتتىنمۇ ھېچقانداق پەرۋىش كۆرمىگەن ئۆردەك ، يىللارنىڭ ئېغىر جاپا - مۇشەققىتى ئاستىدا ئەنە شۇنداق قېرىپ كەتكەنىدى . سۆبىن ھېدىن بۇ قېتىم ئۆردەك بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى تەسىراتىنى خاتىرىسىگە مۇنداپ دەپ يازدى :

*«بوۋاي قىرغاقتىن كېمىگە چۈشۈپ ئالدىمغا كەلدى . جاپالىق يىللار ئۇنىڭ ئالقىنىدا قېلىن قاداقلارنى پەيدا قىپتۇ . ئۇ ھەقىقەتەن ئۆردەك ئىدى ! مەن بۇ قەدىناس دوستۇمغا سەپسېلىپ ، يىللارنىڭ جەبىر - جاپاسى ئۇنىڭ چىرايىدا قالدۇرغان بەلگىلەرنى كۆردۇم . ئۇ بەكمۇ ياداڭغۇ ئىدى . پېشانىسىنى چوڭقۇر قورۇقلار قاپلىغان ، ساقىلى ئۇچلۇق ئېڭىكىدە ئېسىلىپ تۇراتتى… »*

سۆبىن ھېدىن قولىغا رەسىم سىزىش قەلىمىنى ئېلىپ ، شۇ يەردىلا ئۆردەكنىڭ رەسىمىنى سىزىۋالدى .

— ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ، ئىسمى سادىق ، — ئۆردەك قىرغاقتا ئىككى ئاتنى تۇتۇپ تۇرغان ئوغلىنى تونۇشتۇردى .

قويۇق ، قىرقىم قارا ساقىلى ، ئوتتۇز سەككىز ياشلىق تەمـ
ـبەل سادىقنى سۇمبات ـ سۆلەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى...
ئۆردەك ئوغلى سادىق بىلەن ئاتلىق ، سۈپىن ھېدىنلار كېمىدە يېڭىكۆلگە قاراپ يۇرۇپ كەتتى . سۈپىن ھېدىنلارنى ئۇ يەردە بېـ
ـرىگمانلار ساقلاپ تۇرماقچىدى . تەكشۇرۇش ئۆمىكىنىڭ ئىلكىدە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ يوك ئاپتوموبىلى ، بىر پىكاپى بار ئىدى . بېنزىن ۋە قۇملۇقتا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان كۈتـ
ـمىگەن ئاۋارىچىلىكتىن ساقلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئىككى يوك ئاپتوموبىلنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدا قالدۇرۇپ قويۇپ ، بېرىگمان ، شېڭ رۇيخېڭلار بىر يوك ئاپتوموبىلى ، بىر پىكاپ بىلەن ماڭغانىدى . سۈپىن ھېدىنلار يېڭىكۆلگە يېتىپ كەلگەندە ، بېرىگمانلار ئالدىراقچان كېلىپ چېدىرلارنى تىكىپ ، ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىدى . سۈپىن ھېدىن بېرىگماننىڭ يېنىدا تۇرغان ئابدۇرېھىم ئوۋچىنى كۆرۈپ تاسادىپىيلىك ھېس قىلدىيۇ ، قەۋەت خۇش بولـ
ـدى . ئابدۇرېھىم ئوۋچى كۆنچىدىن قايتىشىدا يېڭىكۆلدە قونۇپ ئۆتمەكچى بولۇپ كەلگەنىدى . بېرىگمان كىشىلەردىن ئۇنىڭ سىـ
ـۋېن ھېدىنغا مۇھىم ياردەمچى بولىدىغان ئابدۇرېھىم ئوۋچى ئىكەنـ
ـلىكىنى بىلىپ ، ئۇنى تۇتۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئۆردەك بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە خېلى يىللار بولغانىدى . ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ قىزغىن ھال ـ مۇڭدىشىپ كەتتى . ئابدۇرېھىمنىڭ كۆپ چاغلىرى تاغدا ، ئوۋچىلىقتا ، ئىلۋەسۇنلاردىن ئۆزىنى يوشۇـ
ـرۇپ ئېڭىشىپ ـ دومچىيىپ يۇرۇپ ئۆتكەچكە ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دومچەك ھەم پۈت ، بېلى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى . چىرايى ئۆردەكنىڭكىدەك ئۇنداق بەك قېرى كۆرۈنۈپ كەتمىسىمۇ ، قېرىلىق ، ھارغىنلىق ، ھالسىزلىق يەتكەنىدى . ئۇنىڭ ھەمراھ بولۇپ ، قۇمدەريانىڭ ئاخىرىغىچە بارالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ سۈپىن ھېدىننىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى ، بۇنىڭغا ئىلاج يوق ئىدى .
— دەريانىڭ غول ئېقىنىدىن چىقماي مىڭئۆرسەڭلار لوپ كۆلىگە بارىسىلەر ، — دېدى ئابدۇرېھىم ، ئۇنىڭدىن لوپ كۆلىگە

www.uyghurkitap.com

قانداق بىرىشنى سورىغان سۈپىن ھېدىنغا.

كەچتە تاماق يەپ بولۇپ، قۇمدەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كىچىك - كىچىك قەبرىستانلىقنىڭ گېپى ئېچىلغۇندى، بىرگمان سۈپىن ھېدىنغا:

— ئابدۇرېھىم ئۇۋچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆردەك كىروران بىلەن مىرەن ئارىلىقىدىكى چوڭ قۇملۇق ئىچىدە دائىرىسى كەڭ بىر قەبرىستانلىقنى كۆرۈپتىكەن، — دېدى.

سۈپىن ھېدىن خۇددى يېڭى بايقاشقا ئېرىشۋاتقاندەك ھاياجان بىلەن ئىنتىك ئۆردەككە قارىدى. بۇ گەپ راست بولىدىغان بولسا، ئۇ قەبرىستانلىق كىروران بىلەن مىرەننىڭ، جۈملىدىن مۇشۇ ئەتىراپنىڭ سىرىنى ئېچىشتا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىدى.

— راست شۇنداق قەبرىستانلىق كۆردۈڭمۇ؟! — سۈپىن ھېدىن ئۆردەكتىن تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

— راست، كۆردۈم، — ئۆردەك ئۇ قەبرىستانلىقنى بۇرۇن كىملەرنىڭ كۆرگەنلىكىنى، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە سالتاڭ قاسىم بىلەن بىر ھەپتە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاران تاپقانلىقىنى، قەبرىستاندا كۆرگەنلىرىنى، بۇنىڭغا ئون توققۇز يىل بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ بىزدىن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يالغان گەپ توقۇپ بىزنى ئالداۋاتامدىكىن دەيمەن، — دېدى بىرگمان سۈپىن ھېدىننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— سەن بۇلارنى چۈشەنمەمسەن؟ — دەپ سوراپلا بولدى قىلدى سۈپىن ھېدىن.

ئۇ لوپ كىشىلىرىنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ھەرگىز تىلىنى، دىلىنى قىڭغىر قىلىپ يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقىنى، ئادەم ئالدىمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەچكە، ئۆردەكنىڭ دېگەنلىرىگە شۈبھىسىز ئىشەندى. ئۇ ئۆردەكنىڭ يول باشلاپ ئۆزى ئېيتقان قەبرىستانلىقنى تېپىشقا ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ، ئۇنى ماقۇل كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىرگمان بىلەن شىڭ رۇيخېڭغا:

— مەن لوپ كۆلى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشۈمگە باراي، سىلەر ئۆردەك ئېيتقان قەبرىستانلىقنى تېپىڭلار، — دېدى.

ئىش شۇنداق تەقسىم قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئەتىسى سەھەردە سېۋېن ھېدىن يۇ يىنچاۋ بىلەن كېمىلىك لوپ كۆلىگە يۈرۈپ كەتتى. بېرگمان بىلەن شېڭ رۇيخېڭ موڭغۇل شوپۇر چامچانى تەرجىمانلىققا ياندۇۋېلىپ، يېڭىكۆلدىن ئۈچ ئات، ئىككى تۆگە ئىجارە ئېلىپ، بىر تۆگىگە يېمەك - ئىچمەك، بىرىگە يەم - بوغۇز ئارتىپ، ئۆردەكنىڭ يول باشلىشىدا تۆۋەنلەپ چوڭ قۇملۇققا ماڭدى. سېۋېن ھېدىن كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى بىر يىللاردا ستەين نۇسخىسىنى ئېلىپ كەتكەن قۇرۇقتاغ ئىچىدىكى قىيا تاش چەكمە رەسىملىرىنى تەكشۈرۈپ كەلگىلى كەتكەنىدى. سادىق يېڭىكۆلدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

— ياپىرىم، — دېدى شېڭ رۇيخېڭ قۇملۇق ئىچىگە ئانچە ئىچكىرىلىمەي تۇرۇپ، — موڭغۇل دالىسىدىكى قۇملۇق بۇ قۇملۇق ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەسكەنغۇ، شۇ تاپتا بۇ قۇملۇقتا بىزدىن باشقا ھاياتلىق يوققۇ دەيمەن.

بېرگماننىڭ نەزىرىدە ئۇ يۈرەكلىك، خېلى - خېلى مۇشەققەتلەر ئالدىدا ۋايساپ كەتمەيدىغان ئادەم ئىدى، ئەمما ھازىر ھە دېمەيلا ۋايساشقا چۈشكەنىدى. چېكى كۆرۈنمەس دەشت قۇملۇققا قاراپ بېرگماننىڭ ئىچىگىمۇ قورقۇنچ چۈشۈپ، ھېلىلا بىر قۇم دۆۋىسى ئارقىسىدىن قانداقتۇر بىر نەرسە چىقىپ كېلىدىغاندەك، ئېتىنى دېۋىتىپ تېزلىتىپ ئۆردەككە يېقىنلىشىۋالدى. ماڭغانسېرى قۇم دۆۋىلىرى قويۇقلىشىپ ھەم ئېگىزلەپ، ماڭماق تەسلەشكىلى تۇردى.

— قۇمدىن باشقا ھېچنېمە يوق بۇ قۇملۇقتا قەبرىستاننىڭ بولۇشىغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى شېڭ رۇيخېڭ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئەمما خوجايىن ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىڭلار دەۋاتسا.

شىڭ رۇيخېڭ بېرگماننىڭ گېپىگە قارىتا باشقا گەپ قىلمىدى . مېڭىش داۋاملاشماقتا .

ئۆردەكنىڭ ئېيتىشىچە ، قەبرىستانلىق قومۇلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئاتمىش چاقىرىمچە يىراقلىقتا ئىدى . مانا تۆت كۈن بولدى ، قەبرىستانلىقنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى . بېرگمان بىلەن شىڭ رۇيخېڭ گۇمانلىنىشقا باشلىدى .

— قەبرىستانلىق بولسىمۇ باردۇ ، لېكىن ئۇنى كۆرگەنگە ئون توققۇز يىل بوپتۇ . ھازىر ئۇ بىزنى نەگە باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەمدىغاندۇ ؟

-- بىز ئۇ قەبرىستانلىقنى يا تاپالارمىز ياكى تاپالماسمىز ، بۇ ئاشۇ قېرىغا باغلىق ، سۆيېن ئەپەندى قانداق قىلىۋاتىدىكىن ؟

بىزنىڭ سۆيېن ھېدىننى بوش چاغلىما ، قىلىمەن دېگەن ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ ، ئىشنى تۈگىتىپ ياندىمۇ تېخى ، — دېدى بېرگمان .

سۆيېن ھېدىن دەريادا توسالغۇسىز مېڭىپ ئىككى يېرىم كۈندە قومدەريانىڭ كۆلگە قۇيۇلۇش دېلتىسىغا يېتىپ باردى . ئىلگىرى تەكشۈرۈپ سىزىۋالغان كۆلنىڭ سۇ ئورنى بىلەن ھازىرقى سۇ ئورنىنى سېلىشتۇردى ، شىمالغا قانچىلىك سۈرۈلگەنلىكىنى تەكشۈردى ، ئۆلچىدى . ئاخىرى لوپ كۆلىنىڭ كۆچمە كۆللۈكىنى ، كۆچۈش دەۋرىيلىكىنىڭ بىر مىڭ بەش يۈز يىل بىلەن بىر مىڭ ئالتە يۈز يىل ئارىلىقىدا بولىدىغانلىقىنى دەلىللەپ چىقتى . بېرگمان بىلەن شىڭ رۇيخېڭ يۇقىرىقىدەك پاراڭنى قىلىشىۋاتقاندا ، سۆيېن ھېدىن نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ قايتىشقا ھازىرلىنىۋاتاتتى...

ئۆردەك بېرگمان بىلەن شىڭ رۇيخېڭنىڭ نېمە دېيىشلىرى بىلەن كارى يوق ، ئالدىغا ماڭغىنى ماڭغانىدى . ئۇ پات - پات ئېگىزرەك قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ قوياتتى ، ئۇ ماڭغان يولىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنەتتى .

5 - كۈنى چۈشكە يېقىن ئۆردەك ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى



www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە چىقىپ ئالدىغا بىر قاراپلا، بېشىنى كەينىگە بۇراپ، بېرىگمانلارغا:

— ماقاتلىققا كېپتۇق! — دەپ توۋلاپ قويۇپ، قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئۆردەكنىڭ گېپىنى چامچا بېرىگمانلارغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

بېرىگمانلار ئاڭلىغىنىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، قۇم دۆۋىسىنىڭ يامزىلىنى ئەگىپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى...

بېرىگمان بىلەن شېڭ رۇيخېڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەپسانە - رىۋايەتلەردىكىدەك بىر كۆرۈنۈش نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئەمما بۇ ئەپسانە ئەمەس، نەق رېئاللىق ئىدى، سىرلىق رېئاللىق ئىدى. تۆت تەرىپىگە كۆز يەتمەيدىغان ھالاكەت دېڭىزى بولمىش دەشت قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئۆزىلا كىشىنى: «بۇ بىر تىلسىملىق جايمۇ نېمە» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. مۇشۇنداق بىر جايدا قەبرىستانلىقنىڭ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بايقىلىشى بىر مۆجىزە. يەنە قاراڭ:

قەبرىستاننىڭ ياردىڭ تەرىپىدە قەدىمكى بىر كىچىك ئېقىن ئىزى بار. تىلسىمدەك يەنە بىر مۆجىزە شۇكى، ئېقىننىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تەرىپى پۈتۈنلەي قۇم ئاستىغا غايىب بولۇپ كېتىپ، پەقەت قەبرىستاننىڭ ئۇدۇلىدىكى قىسمىنىڭلا ئىزى ساقلىنىپ قالغان. بېرىگمان ئېقىن ئىزىغا قاراپ خىياللىرى قاناتلىنىپ، يىراق ئۆتمۈشتە قالغان ئېقىن ۋادىسىدىكى كۆكۈل دالىنى، بۈك ئورمان، توغراقلىقنى، ئېقىن قاسناقلىرىدىكى قويۇق يۇرت - مەھەللىلەرنى، توپ - توپ، ئۆيۈر - ئۆيۈر چارۋىلارنى كۆرگەندەك بولدى. قايسى چاغدىكى، قانداقتۇر بىر ئاپەت بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يالماپ يۇتۇپ كەتكەن. پەقەت ئۇ سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشنىڭ سىرلىق شاھىت يالدامىسى بولۇپ مۇشۇ قەبرىستانلىق قېلىپ قالغان.

بېرىگمان قەبرىستاندا ئاززاق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش قى-

لىپ بېقىشنىمۇ ئويلىغانىدى ، لېكىن سۋېن ھېدىننىڭ : «ئۆر- دەك بايقىغان قەبرىستانلىقنى تاپالىساقلا ، شۇنىڭ ئۆزى بىر مۆجى- زە ، ئالدىراپ قېزىش قىلمايلى[1] » دېگەن گېپى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويدى . پەقەت تەسىراتى سۈپىتىدە خاتىرىسىگە قىسقىلا قىلىپ مۇنداق دەپ يازدى :

*… « قەبرىستانغا ئۇزۇن ياغاچ بادرىلار تىكلەپ قويۇلغان بولۇپ ، بىر پارچە ئورمانلىققا ئوخشايتتى . بۇ دەل مەن ئىزدەۋاتقان نىشان بولۇپ ، بۇ قەبرىستانلىق ھەققىدە تۇنجى قېتىم ئاڭلىغىنىمە- دىن بۇيان ئىزچىل بۇ يەرنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم . مەن ئۇنىڭغا ‹5 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق › دەپ نومۇر قويدۇم . بۇ لوپنۇر چۆلىدىكى ئەڭ مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى ! شۇ قېتىملىق ھاياجانلىق ھېسسىياتىمنى قەلەم بىلەن ئىپا- دىلەشكە ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلىمەن » .*

بىرگىمانلار سۋېن ھېدىنغا مۆجىزىلىك خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ ماڭماقتا .

ئۆردەك پات - پات ئارقىسىغا — قەبرىستانلىققا قاراپ - قاراپ قوياتتى…

2006 - يىلى 3 - مارت . كورلا

① بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ كېلىشىمنامىسىدە : تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ، ئەمما ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش قىلماسلىق ، دەيدىغان ئېنىق بەلگىلىمە بار ئىدى .

[General Information]
书名=楼兰足迹  2  维吾尔文
SS号=40256974